


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى
تەرىپىدىن سكاننېرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

ئەختەم ئۆمەر

# غېرىب-سەنەم

2



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەختەم ئۆمەر

# غېرىب-سەنەم

2

# ئون سەككىزىنچى باب

توغراقلىق دەريا بويىدىكى مەھەللە. ئايشە ھۆربانۇنىڭ قولىدىكى بوۋاقنى ئالدى ـ دە، بوۋاققا قاراپ خۇشاللىقتىن ئۆمچىيىپ يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

ــ ئاخىر مۇرادىمغا يەتتىم، شاھ ئالىيلىرى ئوغۇللۇق بولدى. شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئوغۇللۇق بولغىنى شاۋاز دېگەن تېگى پەسنىڭ ھەممە رەزىل مەقسەتلىرى سۇغا چىلاشتى، تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشتى دېگەن گەپ، شاھ ئالىيلىرىنىڭ خۇشاللىقتىن يۈرىكى يېرىلىپ كېتىدىغان بولدى. ياق ... ياق ... ياق ... شاھ ئالىيلىرىنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتسە بولمايدۇ.

پەزىلەتخانمۇ خۇشاللىقتىن سۆز قىستۇرۇپ:

ــ بېشى كۆككە تاقىشىدۇ دېسىلە بولارمىكىن، شۇنداق دېمەكچىغۇ سىلى، ــ دېدى.

ــ ھە ... ھە ... ھە ... شۇ ... شۇ ... شۇنداق دېمەكچى، شۇنداق دېمەكچى، ــ دېدى ئايشە.

سايلىقتىكى جەڭ مەيدانى. خان لەشكەرلىرى بىلەن تاغ لەشكەرلىرى بىر ـ بىرىگە ھۇرپىيىشىپ، ھەيۋە قىلىشىپ تۇرۇشماقتا. شەيخ جالالىدىن بىلەن مېھرىبانۇ خانىش سۆھبەتتە ئىدى.

ــ ھە ... ئەمدى ناھايىتى ئېنىق بولدى، ئىشلار مۇنداق بولدى دېسىلە، ئەمىسە غېرىب بىلەن سەنەمچۇ؟ ــ سورىدى شەيخ جالالىدىن.

ــ ئۇلار ئاسمانغا چىقىپ كەتتىمۇ، يەرگە كىرىپ كەتتىمۇ، ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدەۋاتىمىز. دېرىكىنى ئالغىلى بولمايۋاتىدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ

بىر توپ ساۋاقداشلىرىمۇ غايىب بولدى، — دېدى خانىش.

— شاۋاز ھەممىسىنى ئۇچۇقتۇرۇۋەتمىگەندۇ؟ — دېدى شەيخ جالالىددىن.

— ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، تېپىرلاشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. ئۆتكەندە پايلاقچىلار ئۇشتىكى بىر بازاردىن سەنەمنى قاچۇرۇپ قويۇپتۇ. دېمەك، ئۇلار ھايات ئىكەن، — دېدى خانىش.

ئىلياس ئاتىسىغا كېتىدىغان ۋاقتىنىڭ بولغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ پەيتتە يىراقتىن چاڭ ـ توزان بىلەن سۈرەن ـ چۇقان سېلىپ خان لەشكەرلىرى ئات سېلىپ كەلدى.

— خوش خانىش ئايىم، سىلىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. ئوردىغا قايتىپ كەتسىلە.

شەيخ جالالىددىنلار شۇنداق دەپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى. تاغ لەشكەرلىرى تېزلىك بىلەن ئاتلىرىغا مىنىپ شامالدەك غايىب بولدى. قورشاۋدىكى خان لەشكەرلىرى نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. قوغلاپ كەلگەن خان لەشكەرلىرى تاغلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن ئات سالغانچە بوراندەك ئۆتۈپ كەتتى. مېھرىبانۇ خانىش دېدەكلىرى بىلەن ھاڭۋېقىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

شاھ ئوردىسى. شاھ ھۇجرىسىدا خىيالالا ئەسلىگە كېلىپ ساقىيىپ قالغان ھالەتتە پەي ياستۇققا يانپاشلاپ چىلىم تارتماقتا ئىدى. ئوردىنىڭ سازەندىلىرى نەغمە قىلماقتا، ئۇسسۇلچى كېنىزەكلەر ئۇسسۇل ئويىنىماقتا. شاھ ئۇلارغا ھېرىسمەنلىك بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

نەغمە نەزمىسى:

تىلەرمەن خۇدايىمدىن دىلبىرىم ئىشقىمدا زار ئولسۇن،
مېنىڭ قەدرىم ئۆتۈلسۇن، ھۆسنىم ئىزدەپ بىقارار ئولسۇن.
ئىشەنمەي قويدى ئىشقىمغا نېتەي قېشىمغا كەلتۈرگىن،

بىر توپ ساۋاقداشلىرىمۇ غايىب بولدى، — دېدى خانىش.

— شاۋاز ھەممىسىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمىگەندۇ؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، تېپىر لاشلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. ئۆتكەندە پايلاقچىلار ئوشتىكى بىر بازاردىن سەنەمنى قاچۇرۇپ قويۇپتۇ. دېمەك، ئۇلار ھايات ئىكەن، — دېدى خانىش.

ئىلياس ئاتىسىغا كېتىدىغان ۋاقتىنىڭ بولغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ پەيتتە يىراقتىن چاڭ ـ توزان بىلەن سۈرەن ـ چۇقان سېلىپ خان لەشكەرلىرى ئات سېلىپ كەلدى.

— خوش خانىش ئايىم، سىلىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. ئوردىغا قايتىپ كەتسىلە.

شەيخ جالالىدىنلار شۇنداق دەپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى. تاغ لەشكەرلىرى تېزلىك بىلەن ئاتلىرىغا مىنىپ شامالدەك غايىب بولدى. قورشاۋدىكى خان لەشكەرلىرى نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. قوغلاپ كەلگەن خان لەشكەرلىرى تاغلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن ئات سالغانچە بوراندەك ئۆتۈپ كەتتى. مېھرىبانۇ خانىش دېدەكلىرى بىلەن ھاڭۋېقىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

شاھ ئوردىسى. شاھ ھۇجرىسىدا خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ ساقىيىپ قالغان ھالەتتە پەي ياستۇقنا يانپاشلاپ چىلىم تارتماقتا ئىدى. ئوردىنىڭ سازەندىلىرى نەغمە قىلماقتا، ئۇسسۇلچى كېنىزەكلەر ئۇسسۇل ئوينىماقتا. شاھ ئۇلارغا ھېرىسمەنلىك بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

نەغمە نەزمىسى:

تىلەرمەن خۇدايىمدىن دىلبىرىم ئىشقىمدا زار ئولسۇن،
مېنىڭ قەدرىم ئۆتۈلسۇن، ھۆسنىم ئىزدەپ بىقارار ئولسۇن.
ئىشەنمەي قويدى ئىشقىمغا نېتەي قېشىمغا كەلتۈرگىن،

كۆرۈپ ھالىم قولىن چىشلەپ، نە چاغلىق شەرمىسار ئولسۇن.
بىلا ھىجرانى ئىچرە ئاتەشى مېھنەتتە قالغاننى،
تاماشا ئەيلىسۇن رەۋشەن، جاھان كۆزىگە تار ئولسۇن.
قوشۇماڭ تۇرمىگىل تەرك ئەت غەزەپنى، ئىلتىپات ئەيلە،
گۈزەل ھۆسنۈڭنى كۆرمەككە يېڭى ئاي ئاشكار ئولسۇن.

تۇران ئايىلا ھاسىراپ ــ ھۆمۈدەپ كىرىپ مۇلازىمىنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى. مۇلازىم جىددىيلىشىپ، ئىڭىشىپ شاھنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى. كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ناخشا ــ ئۇسسۇلنىڭ مەستخۇشلۇقىدا يانپاشلاپ ياتقان شاھ كۆزىنى لاپ ئېچىپ ئۆرە ئولتۇردى ــ دە، بىردەم خىيال سۈرۈپ، بىردىن شالاڭلاپ كەتكەن ساقىلىنى سىلاپ خىرىلداپ كۈلدى، ئاخىرىدا تىزىغا شاپىلاقلاپ، تېلىقىپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن بوغۇق ئاۋازدا دېدى:

ــ ۋاھ ... ۋاھ ... ۋاي ... ۋاي ... ۋاي ... شەيخ جالالىدىن، ۋەزىر ئەزەمنى ئەجەب جايلاپسەن، ئەجەب رەسۋا قىپسەن ... ھا ... ھا ... ھا ... ھا ... سەن تۇزكور شەيخكە ئۆچ بولسامۇ ... ھازىر ئەجەب كۆڭلۈمدىكى ئىشنى قىلىپسەن... قىلغان ئىشىڭ بىردىنلا كۆڭلۈمگە يېقىپ قالدىيا ... بوپتۇ، ئۇ يالغان مەلىكىنى بولاپ كەتكەن بولسا ... شاۋاز يەنە يالغان مەلىكە ئىزدەپ نەلەردە سەرسان بولۇپ، ئوغا يۇتۇپ يۈرەر؟ ھەي ... ھەي ... شاۋازنىڭ ئۇسال بولغاندىكى ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋاتىدۇ. ھا ... ھا ... ھا ... ئورا كۆزلىرى تېخىمۇ ئولتۇرۇشۇپ، كۆزلىرى قېرى مۇشۈكنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ، چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەندۇ ... ساقاللىرى دىردىيىپ ... ھا ... ھا ... ھا ... ۋاي ... ۋاي ... ئەجەب جايلاپسەن، تۇزكور شەيخ. ئەمدى غەزنەۋىلەرگە نەدىن سەنەم تاپارسەن، شاۋاز؟ بولمىسا ... ھا ... ھا ... ھا ...

كەڭ كەتكەن سايلىق. شاۋاز يېنىدىكى نۆكەرلەرنى قامچىلاپ، تەلۋىلەرچە ۋارقىرىدى:

— هۇ نان قېپىلار، كېرەكسىزلەر! يەڭ دېسە ئالتە پاتماننى يېيىشىسەن. بىرلىك كارغا كېلىشمەيسەن. يوقىلىش ... ھەممىڭ يوقىلىش، ھېچقايسىڭنى كۆرە كۆزۈم يوق! ...

شاۋاز سەل دەلدۈگۈنۈپ قولىدىكى قامچىسىنى ھاۋاغا، ئۇ يەر - بۇ يەردىكى پاكار غۇژمەك چۆپلەرگە ئۇرۇپ، شىلتىپ، دېدەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا جىممىدە قاراپ تۇرغان مېھربانۇ خانىشنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، بىردەم جىممىدە تۇرۇپ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سورىدى:

— مۇناپىق شەيخ ئۆزلىرىگە نېمىلەرنى بىلجىرلىدى، خانىش ئايىم؟

— ئۇ ھەممىنى دېدى ... — خانىش شۇنداق دېيىشىگە شاۋاز گەپنى بۆلۈپ سورىدى:

— ھەممىنى ... نېمىنى دېدى؟

— ئۇلار بار - يوق گەپنىڭ ھەممىسىنى شەيخكە دەپتۇ.

بىر نۆكەر ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ مەلۇمات بەردى:

— مەلۇم بولغاي، ۋەزىرئەزەم، بىز ئۇ قاراقچىلارنى قوغلاپ يېتىپ يەنە قورشىۋالدۇق. ئابدۇللا باشبۇغ ھەزرەتلىرى ۋەزىرئەزەم جانابلىرى ئەمدى خاتىرجەم بولغاي دەپ ...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، شاۋاز قامچا بىلەن نۆكەرنىڭ يۈزىگە سالدى.

— يوقال، خۇنپەر! ماڭا قۇرۇق گەپنىڭ لازىمى يوق، قۇرۇق گەپكە كانىيىمغىچە تويۇپ، سېسىق كېكىردىم. ماڭا مەلىكە كېرەك، مەلىكە! ماڭا بۇنداق قۇرۇق گەپنى كۆتۈرۈپ كەلگۈچى بولۇشما! ...

نۆكەر يۈزىنى چاڭگاللىغىنىچە تەزىم بىلەن كەينىچە مېڭىپ دېدى:

— خوپ ... خوش، ۋەزىرئەزەم.

— ئۇلار نېمىنى دەپتۇ، خانىش ئايىم؟ — سورىدى شاۋاز يەنە تەكرارلاپ.

— ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى دەپتۇ. نېمىدەپ ماڭا تەھدىت سېلىۋېرىلا، ۋەزىرئەزەم، خۇددى ئۇلارنى مەن بۇلاپ كەتكەندەك؟ مەن قانداق گۇناھ ئۆتكۈزدۇم ... ھەددىلىرىدىن ئاشمىسىلا. مەنمۇ ئاران تۇرۇۋاتىمەن. مەن يەنىلا پادىشاھنىڭ چوڭ خانىشى، سىلى ناھايىتى كەلسە ھېچ ئىشى ئۇڭ كەلمەيدىغان مۇتتەھەم ۋەزىر، ئۆزلىرىنى بىلىۋالسىلا، كىمگە گەپ قىلىغانلىرىنى بىلىۋالسىلا، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش غەزەپ بىلەن.

قۇرمىشئاتام مازىرى. شەيخ - دەرۋىشلەر ياتىدىغان ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى بىر توپ نىقابلىق ئادەملەر تېپىپ ئاچتى. بىر ئۆيدىن ساپال چىراغ يورۇقىدا قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرغان خوجا ئەسرارنى، يەنە بىر ئۆيدىن نىگارئايىم بىلەن گۈلجامالنى، يەنە بىر ئۆيدىن شېرىن ئۇيقۇدا ياتقان غېرىب بىلەن سەنەمنى تاپتى. غېرىب بىلەن سەنەم يالىڭاچ بەدەنلىرىنى يوتقان بىلەن توسۇپ ئولتۇردى.

— نېمە ئادەمسىلەر، نېمە ئىشىڭلار بار؟ — سورىدى غېرىب.

— ئىززىتىڭنى بىلىپ چىرايلىقچە كىيىمىڭنى كىيىۋال. بىز سىلەرنى تالادا ساقلايمىز. ئەمدى قېچىپ كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلما. بۇ يەردە مەلىكە ئالىيلىرى، ياندىكى ئۆيلەردە ئاناڭ ھەم خوجا ئەسرار ئەۋلىيالار بولغىنى ئۈچۈن، سەن ھەرقانچە ئېغىر گۇناھكار بولساڭمۇ، سىلەرنى شەرمىسار قىلغۇم يوق. ئۆگزە، تۆت ئەتراپ ھەممىسى قاتمۇقات لەشكەر بىلەن قورشالدى. چىرايلىقچە كىيىمىڭلارنى كىيىپ چىقىڭلار، بىز سىلەرنى ئىشىك ئالدىدا ساقلايمىز.

نىقابلىق ئادەم شۇنداق دەپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

غېرىب ئەپسۇسلانغان ھالدا:

— كىچىكىمدىن تارتىپ خۇشاللىق ياراشمايدۇ ماڭا. ئاخىر مۇراد - مەقسەتكە يەتتۇق دېسەم بۇ خۇشاللىق كېچىمۇ ياراشمىدى، — دېدى. ئۇ يەرگە چۈشۈشكە تەرەددۇتلاندى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — سورىدى سەنەم.

— نېمە قىلدىم؟ — دېدى غېرىب.

— بۇ دېگەن ئۇلۇغ جاي، بىتەرەت يەرگە دەسسەسەك تېخىمۇ كۆتۈرگۈسىز نەس باسىدۇ. بولدى، بۇ كىشىلەر ساقلاپ تۇرسا تۇرۇۋەرسۇن، كىيىملىرىڭىزنى بىتەرەت كىيمەڭ، بويىمىزنى سۇغا سالماي ئانامىلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز؟ — دېدى سەنەم.

— راست دەيسىز، سۇنى قانداق قىلارمىز؟

— مەن ئاخشام ئىككى قاپاق سۇ ئەكىرىپ قويغان. ئانام خۇشبۇي سوپۇننىمۇ بەرگەن تېخى، — دېدى سەنەم.

قۇرمىشئاتام مازىرىنىڭ سىرتىنى لەشكەرلەر ئورمانىدەك سەپراس قورشاپ تۇرغان، ئۆگزىلەردىمۇ قوللىرىدا مەشئەل تۇتقان لەشكەرلەر قاراپ تۇراتتى. تاقەتسىزلىنىپ كەتكەن قادىر سەرۋاز بۇرۇتىنى تولغاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— نېمانداق چىقمايدۇ؟ بولدى، ئۇلارنى كىرىپ ھەيدەپ چىقىش !

— خوپ، — دېدى لەشكەر.

لەشكەرلەرنىڭ قورشاۋىدا تۇرغان خوجا ئەسرار بىلەن نىگارئايىم، گۈلجامالىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى، خوجا ئەسرار گېلىنى قىرىپ يۆتىلىپ دېدى:

— سەردار ... بىز ھەممىدىن ئاۋۋال مۇسۇلمان بالىلىرى بولغىنىمىز ئۈچۈن بىتەرەت بوسۇغا ئاتلىساق بولمايدۇ، يەرگە دەسسىسەك يەر سىرقىرايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئادەتتىكى جاي ئەمەس، ئۇلۇغ ئىسلام نۇرىنى تارقىتىش يولىدا شېھىت بولغان قۇرمىشئاتام مازىرى. قۇرمىشئاتامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ جاپاكەش ئاشىق - مەشۇقنىڭ نىكاھىنى تۇنۇگۈن ئوقۇپ قويغان. بۇ ئۇلار مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكەن ۋىسال كېچىسى، ھەرقاچان ئۇلار تەرەت ئېلىش بىلەن مەشغۇل، بىردەم سەۋر - تاقەت قىلسىلا.

— خوجا ئەسرار ھەزرىتىم، — دېدى قادىر سەرۋاز، — ئۆزلىرى ئەۋلىيا سۈپەت شەيخ تۇرۇپ ئاتا - ئانىسىنىڭ

رازىلىقىنى ئالماستىن، ئەكسىچە ئۇلارنى نارازى قىلىپ قېچىپ چىققان بەگۋاش مەلىكىنى قاراقچىغا نىكاھ قىلىپ قويۇشقا قانداق كۆڭۈللىرى ئۇنىدى؟ شاھ ئالىيلىرى ئالدىدا قانچىلىك ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكلىرىنى بىلەمدىلا؟ — دېدى.

— شاھ ئالدىدا تۆت ئېغىز ھەق گەپ قىلىپ دارغا ئېسىلسام ياكى كاللام كېسىلسە ئۇلۇغ تەڭرىگە مىڭ مەرتەم شۈكۈر دەيمەن، سەردار.

بىرھازادىن كېيىن لەشكەرلەر غېرىبلارنى ئېلىپ ماڭدى. قاقاس تاغلىق يولدا ئالدى ـ كەينى، يان تەرەپتىن قاتمۇقات ئاتلىق لەشكەرلەر قورشاپ ماڭغان كۆشۈك ھارۋىدىكى خوجا ئەسرار كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە توختىماي دۇرۇت ئوقۇيتتى. يەنە بىر ھارۋىدا غېرىب پۇت ـ قولى، بويىنىغا زەنجىر سېلىنغان ھالدا ئىدى. يەنە بىر ھارۋىدا نىگارئايىم بىلەن گۈلجامال ئولتۇراتتى. سەنەم بولسا شاھانە مەپىدە بىر توپ دېدەك قىزلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا باغلاقسىز ئولتۇردى. لېكىن، بۇ مەپىمۇ قاتمۇقات ئاتلىق لەشكەرلەر قورشاۋىدا كېتىۋاتاتتى ئىدى.

شاھ ھوجرىسىدا ئاغزىدا چىلىمنىڭ جوغىسى تۇرغان ھالەتتە ئۇخلاپ قالغانىدى. تۇران ئايلا خۇشال يۈگۈرۈپ كىرىپ تووۋلىدىيۇ، ئاغزىنى تۇتۇپ توختاپ قالدى.

— شاھ ئالىيلىرى ... شاھ ئالىيلىرى، سۆيۈنچە ... خۇش خەۋەر ...

تۇران ئايلا جىممىدە تۇرۇپ قېلىۋىدى، شاھ كۆزىنى ئېچىپ دېدى:

— نېمە خۇش خەۋەر؟ سۆزلە ...

— مەلىكەم ... مەلىكە ئالىيلىرى تېپىلىپتۇ، — دېدى تۇران ئايلا.

— قايسى مەلىكە؟ راست مەلىكىمۇ، يالغان مەلىكىمۇ؟ — سورىدى شاھ.

— ھېلىقى غېرىب ... غېرىب بىلەن قاچقان مەلىكە ... راست

مەلىكە قولغا چۈشۈپتۇ ... تۇتۇلۇپتۇ. لەشكەرلەر ئەكېلىۋېتىپتۇ.
شاھ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— راستمۇ ... ھا ... ھا ... ھا ... بۇ راستمۇ؟ ئۇلار قايسى چاشقاننىڭ كامېرىغا كىرىۋاپتىكەن؟
— قۇرمىشئاتام مازىرىغا بېرىپتىكەن. شۇ يەردە قولغا چۈشۈپتۇ، — دېدى تۇران ئايلا.
— ما ئىشنى قاراڭ، بېرىۋالغان يېرىنى. ئۇ يەردە قولغا چۈشكەن بولسا قۇرمىشئاتام ئۇلارنى ئەمەس، مېنى قوللاپتۇ. ئۇلارنى قانداق تېپىپتۇ؟ — سورىدى شاھ.
— ئۇ يەرگە تاۋاپقا بارغانلاردىن بىرى ۋەزىرئەزەم جاي - جايلارغا قويۇۋەتكەن كۆز - قۇلاقلارنىڭ بىرى ئىكەن، شۇ خەۋەر قىپتۇ، — دېدى تۇران ئايلا.
بۇ چاغدا شاھ خېلىلا جانلىنىپ قالغانىدى.
تاغ باغرىدىكى لەشكەرلەر بىلەن تولغان سايلىق. لەشكەرلەر ئۇ يەر - بۇ يەردە غوزمەك بولۇپ ئولتۇرۇپ گۇلخاندا قازان قاينىتىپ گۆش، پولۇ، كاۋاپ پىشۇرماقتا. ئۇ يەر - بۇ يەرگە تىكىلگەن شاھانە چېدىرلار ئەتراپىدا ياساۋۇللار كۆزەتتە تۇرماقتا.
شاۋازنىڭ چېدىرىدا شاۋاز، جارۇپ مەۋلەۋى ھەم باشقا ئوردا ئەمەلدارلىرى داستىخاندىكى پولۇنى يېگەچ مەسلىھەت قىلىشماقتا.
— بۇ تۇزكور شەيخ جالالىدىننىڭ ئاۋارىچىلىكى تۈپەيلىدىن بىزنىڭ شەھىرى قارشىغا يېتىپ بارىدىغان ۋاقتىمىز كېچىكىپ كەتتى. ئون كۈن بولدى، ئابدۇللا بىلەن سىدىق بەگ قارلۇق تاغمۇتاغ قوغلاپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ تاشلاپ كەتكەن ئەسكى كەشى بىلەن ئۇچۇلۇقىدىن باشقا ھېچنېمىسىنى تاپالماي يۈرىدۇ ... نەس باستى ... نەس باسقاندىمۇ قاتتىق نەس باستى، بۇ قاراقچىلار ئاخىر بىزنى ئۇرۇش بالاسىغا تىقىدىغان بولدى، —

دېدى شاۋاز.

جارۇپ مەۋلەۋىمۇ ئۆز كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— شەيخ جالالىدىن دېگەن تۇزكورنىڭ خانىش ئايىمغا قىلغان گەپلىرىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بىز بىلەن سۆزلەشكۈسى باردەك قىلىدۇ. مېنىڭچە، بۇ تاغدا قاراقچىلار بىلەن مۆكىمۆكىلەڭ ئويناپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىپ ئۆزىمىزنى زەردىگۆش قىلغاندىن كۆرە، خانىش ئايىم بىلەن ئىككىمىز بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقساق، ئۇنى يۇمشىتىپ ئەيۋەشكە كەلتۈرگىلى بولار. مېنىڭچە، ئۇ ھەرقانچە باشباشتاقلىق قىلسىمۇ، ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ئۇرۇش بولۇپ نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەمنىڭ قېنىنىڭ بىكار ئېقىپ كېتىشىنى خالىماس دەيمەن.

— مەن بىر خانلىقنىڭ ۋەزىرى تۇرۇپ ئاشۇ چورۇق كىيىپ تاغ ئارىسىدا تېزەك دەسسەپ يۈرىدىغان سوكال قاراقچىلار بىلەن سۈلھى تۈزەمدىم؟ ئۇ قاراقچى بويىنىغا قىل ئارغامچا سېلىپ كېلىپ ئالدىمدا توۋا قىلىپ تىزلىنىپ، بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشىمنى تىلىشى كېرەك، — دېدى شاۋاز غەزەپ بىلەن.

— قاراقچىلار يۈزمۇيۈز ئۇرۇشۇشتىن قېچىپ تاغمۇتاغ تېكىمدەك يۈرۈپ تۇتقۇزمىسا، ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ ئالتۇندەك پۇرسەت قولدىن كەتسە، بىزنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى بىر پۇلغا يارىماي قالىدۇ. ۋەزىرئەزەم، ئەسكى بىلەن تەڭ بولساق، يۈزىمىزگە پوق چاچرايدۇ، بۇنى ئويدان ئويلاپ كۆرگەيلا، — دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.

شۇ چاغدا بۇك ـ باراقسان ئورمان بىلەن قاپلانغان تاغ ئارىسىدا شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، ئىلياس، سەپەر بايلار دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. بوۋاي ئالدىدىكى قوقاستىن كولاپ ئېلىپ كۈللىرىنى پۈۋلەپ داستىخانغا قويغان كۆمەچكە ھەممەيلەن تەڭلا قاراشتى. بوۋاي يوغان كۆمەچنى پىچاق بىلەن

تـوغـرىدى، كۆمـەچتىن قـىزىق ھور بىلـەن قـىيمىـسى تېشىـپ چىقتى.

— خان لەشكەرلىرى ھەپتە، ئون كۈندىن بۇيان بىزنى قوغلاپ يـۈرۈپ ھاردى، ئۇلارنىـڭ بۇرۇنقى سـۈر ـ ھەيۋىـسى قالمىـدى. قوغلاشتىن زېرىكتى، — دېدى سادىق بىلال.

— ئۇلار ھەيۋىسى سۇنۇپ ھالسىرىغان مۇشۇ پەيتتە ئۈستىگە باستۇرۇپ بېرىپ سۈر ـ توقاي قىلـىپ يوقـاتمامدۇق؟ — دېـدى ئىلياس.

شەيخ جالالىدىن ئالدىراپ ئىش قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

— بىـز يـوقاتمـاقـچى بولـغـانلار ئـۆز خـانلىـقـىمىـزنىـڭ لـەشكەرلىـرى. غەزنەۋىلـەر بىزگـە تـەھدىت سـېلىـپ، يـايلاق، تـاغلىرىـمىز، مال ـ دۇنـيالىرىـمىزنى بـۇلاپ تارتـىۋېلىۋاتـسا، شەھەرلىرىمىزگە قىستاپ كـېلىۋاتـسا، بىز ئـۆزئارا ئۇرۇشساق، ئاخىر بېرىپ ۋەتەن ساتقۇچ راستلا بىز بولۇپ قالمايلى، — دېدى سەپەر باي.

— ئەمـىسـە ئۇلار بىلـەن قوغلـىشـىپ يـۈرگـۈچە يـالـغـان مەلىكىسىنى تاشلاپ بېرىپ بولدى قىلمـامدۇق؟ — دېدى سادىـق بىلال.

— ئـۇنداق قىلساق ئۇلار غەزنـەۋىلەرگە يـالغان مـەلـىكـىگـە قوشۇپ شەھىرى بەلخنى بېرىۋېتىدۇ، — دېدى ئىلياس.

— ھەي، شۇنـداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ نومـۇسسىـزلار! — دېـدى سەپەر باي.

پـايانسـىـز دەشت ـ چۆل. لـەشـكـەرلـەرنـىـڭ قـاتـمـۇقـات مۇھاسىرىسىدە كېتىۋاتقان كۆشۈك ھارۋىدا ئۆرە تۇرغان غېرىـب پۇت ـ قولى، بويـنـىدىكى زەنجىرنى دەڭسەپ بېـقـىپ ناخـشـا ئېيتتى:

غېرىبتۇرمەن، يول ئاداشتىم،
خۇدا ئۈچۈن يولغا سالغىن.

مەجنۇن كەبى ھەدەيدىن ئاشتىم،
مۇرغىزارلىق كۆلگە سالغىن.

يولدا قالغان بىناۋامەن،
گاھ كۆيۈپ، گاھ يانارمەن.
يار يولىدا مەن گادايمەن،
كېچەش بىلەن يولغا سالغىن.

ساڭا ئېيتاي كۆڭۈل داغىن،
يېقىن قىلغىن يول يىراغىن.
كۆرسەتكىن بۇلبۇل باغىن،
بۇلبۇلغا ئوخشاش يولغا سالغىن.

غېرىب دەر بۇ ئاتىمنى،
ئىزھار قىلاي مۇرادىمنى.
ئىشتكىل ئەرزى ھالىمنى،
مەن غېرىبنى يولغا سالغىن.

غېرىبنىڭ ناخشىسىنى تىڭشاپ مۇڭغا پېتىپ ئولتۇرغان سەنەم بىردىنلا ئېسىنى يىغىپ مەپىنىڭ يېنىدا ناخشىغا مەھلىيا بولۇپ خىيالغا پېتىپ كېتىۋاتقان لەشكەرگە قارىدى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ناخشىغا بېرىلىپ ئولتۇرغان مەپىكەشنىڭ قولىدىن قامچىسىنى سۇغۇرۇپلا ئېلىپ، لەشكەرنى قامچا بىلەن بىرلا ئۇرۇپ ئاتتىن موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى، ئاندىن ئۆزى لەشكەرنىڭ ئېتىغا مىنىۋالدى.

ئەتراپتىكى لەشكەرلەر ئالاقزادە بولۇشتى. ئۇلار تېزلا ئېسىگە كېلىپ سەنەمنى قورشىۋالدى. قادىر سەرۋاز يالۋۇردى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، بىزنى مەجبۇرلىمىسىلا، بىزنىڭ سىلىگە قول تەگكۈزۈشكە ھەددىمىز ئەمەس، ئەمما بولالمىغاندا

ئۆزلىرىگە قول سالماي ئامالىمىز يوق.
— نوچى بولساڭ كېلىشە، جېنىمنى تىكتىم ! — دەپ ۋارقىرىدى سەنەم.
— سىلى تۆپەيلى شاھ ئالىيلىرى ئېغىر خاپىغان كېسىلى بولۇپ يىقىلدى، ھازىر ئۇ كېسەل قارا كېزىكىكە ئۆرۈلۈپ شاھ ئالىيلىرى سەكراتتا ياتىدۇ. ئاتىلىرىغا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، شاھ بىلەن خانىش ئۆزلىرىنىڭ دەردلىرىدە تۈگىشىپ كەتتى. ئۇلار مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئۆزۈنغا قالماي بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىشى مۇمكىن. ئۇلار غېرىب بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تويلىرىنى قىلىپ قويمىغانغا پۇشايمان قىلدى. ھازىر بارسىلا بەلكىم شاھ ئالىيلىرى كېسەلدىن ساقىيىپ سىلىنى مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۈزۈشى مۇمكىن، — دېدى قادىر سەرۋاز.
— سەن مېنى ئالدىما، مەن كىچىك بالا ئەمەس، — دېدى سەنەم.
— ئىشەنمىسىلە، قەسەم قىلىپ بېرەي. شاھ ئالىيلىرىنىڭ كېسىلى ئېغىر، بىر تېرە - بىر ئۆستىخان بولۇپ قالدى. ئەگەر بېرىپ كۆرگەندىن كېيىن دېگىنىم راست چىقمىسا، مېنى ئۆلتۈرەملا، چاپاملا، شاھ ئالىيلىرى ئالدىدا يەنىلا سىلىنىڭ دېگەنلىرى ھېساب، پەقەت شاھ ئاتىلىرى سىلىنى كۆرسىلا بولىدى، — دېدى قادىر سەرۋاز.
نىگارئايىم كۆشۈك ھارۋىدا تۇرۇپ ئىلتىجا قىلىپ دېدى:
— شاھ ئالىيلىرى راستلا ئېغىر كېسەل بىلەن يېتىپ قالغان بولسا، نادانلىق قىلماڭ، قىزىم.
— ئەمىسە ئانام بىلەن غېرىبجاننى ئازاد قىل.
— قېچىپ كېتەمدىكىن دەپ ئەنسىرىمىسەم باغلاشقا ھەددىم ئەمەس، — دېدى قادىر سەرۋاز.
ئورمانلىق تاغدىكى كىچىككىنە تۈز يەردە شەيخ جالالىدىن بىر توپ ئادەمگە ئىماملىق قىلىپ ناماز ئوقۇماقتا. ئىلياس

ئىتتىك كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، ئۇلارنىڭ ناماز ئوقۇپ بولۇشىنى ساقلاپ تۇردى. شەيخ جالالىدىن نامازنى تۈگىتىپ، دۇئادىن كېيىن ئىلياستىن سورىدى:

— ئۇلار يەنە ھۇجۇم باشلىدىمۇ؟

— ياق، ئۇلاردىن ئۈچ تۆگىلىك ئادەم سۇلھى قىلىش ئالامىتىنى بىلدۈرۈپ توغ كۆتۈرۈپ كەلدى. قارىساق خانىش ئايىم، جارۇپ مەۋلەۋى ھەم خانىش ئايىمنىڭ بىر دېدىكى ئىكەن، — دېدى ئىلياس.

— نېمىدەپ كەپتۇ؟ — سورىدى شەيخ جالالىدىن.

— ئەلچى بولۇپ كەپتۇ، ئۆزلىرى بىلەن سۆزلىشىدىكەن، — دېدى ئىلياس.

تاغ باغرىدا مېھرىبانۇ خانىش، جارۇپ مەۋلەۋى ھەم دېدەك مىنگەن ئۈچ تۆگە چىغىر يول بىلەن تاغ تۆپىسىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇلارنى ئالدى ـ ئارقىسىدىن بىرقانچە ئاتلىق نۆكەر قوغداپ كەلمەكتە. شەيخ جالالىدىن تاغ تۆپىسىدە ئۇلارغا جىممىدە قاراپ تۇراتتى.

بۇ چاغدا شاۋاز سايلىقتىكى چېدىرىدا قاتمۇقات كۆرپىدە پەي ياستۇققا يېنىچە يېتىپ چىلىم تارتىۋاتاتتى. ئىككى دېدەك ئۇچىسىنى تۇتىۋاتاتتى. مۇلازىم كىرىپ تەزىم قىلىپ مەلۇم قىلدى:

— ۋەزىرئەزەم، غەزنەۋىلەردىن چاپارمەن كەلدى، جىددىي مەلۇمات بار ئىكەن.

شاۋاز چېدىرىدا سۇرلۇك قېتىپ ئولتۇراتتى. غەزنەۋىلەرنىڭ چاپارمىنى قوينىدىن مەكتۇپنى ئېلىپ ئوقۇدى:

— سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن قوشۇنىمىز شەھىرى بەلخنى تىنىچ، بىر تامچە قان تۆكمەي پەتھى قىلدى. بۇ شاۋاز ۋەزىرئەزەمنىڭ دانالىقىدىن بولدى. ئەگەر يەنە ئون كۈن ئىچىدە توي كارۋىنى شەھىرى قارشىغا كەلمىسە، سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن مەلىكىنىڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمىسە، سۇلتان ئالىيلىرى شاۋاز ۋەزىرئەزەمنىڭ يولىنى قىسقارتىپ شەھىرى

قارشىغا كېلىشنى قارار تاپتى.

بۇنى ئاڭلىغان شاۋازنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

دەشت ـ چۆل يولىدا غېرىب بىلەن سەنەم كارۋاننىڭ ئالدىدا ئاتلىق ئەركىن ـ ئازادە كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىكى شاھانە مەپىدە نىگارئايىم، گۈلجامال، دېدەكلەر خۇشال ئولتۇراتتى. قادىر سەرۋاز باشلىق خان لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا قوغداپ ماڭماقتا. خوجا ئەسرارنىڭ شاگىرتى ئاتلىق يانداپ كېلىپ غېرىب بىلەن سەنەمگە سالام قىلدى.

ـــ ھەرقايسىلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئۇستازىم ھەر قايسىلىرىدىن رۇخسەت سورايدۇ، ـــ دېدى شاگىرتى. غېرىب ـ سەنەم، قادىر سەرۋازلار ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ، كارۋاننىڭ ئوتتۇرىدا تۆگىگە مىنىپ كېلىۋاتقان خوجا ئەسرارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى.

ـــ بالىلىرىم، مەن ھازىر تۆگە ئۈستىدە چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە بۇزرۇكۋارىمىز مېنىڭ قايتىشىمنى بۇيرۇدى، شۇڭا ماڭا رۇخسەت قىلساڭلار، ـــ دېدى خوجا ئەسرار.

ـــ بىز بىلەن بېرىپ شاھ ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇبارەك لەۋزىلىرى بىلەن پەند ـ نەسىھەت قىلىشقا ماقۇل بولغانىدىلىغۇ؟ ـــ دېدى غېرىب.

ـــ شاھنىڭ دىلىنى ئاللا ئېرىتكەي، ـــ دېدى خوجا ئەسرار.

ـــ ئۆزلىرىنى ئۇتۇپ قېلىشقا ئاجىزمىز، ھەزرىتىم. قادىر سەرۋاز، بۇزرۇكۋارىمىزنى ئۇزىتىپ قويۇڭلار! ـــ دېدى سەنەم.

قادىر سەرۋاز ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئورمانلىق تاغ چوققىسىدىكى ئۆڭكۈر. سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان قوش قات كۆرپىدە خانىش دېدىكى بىلەن، پەستىكى تاش ئۇستىگە سېلىنغان كىيىك تېرىسىدە جارۇپ مەۋلەۋى ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ قارشىسىدا تاش ئۇستىگە سېلىنغان ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدا شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، ئىلياس، سەپەر بايلار ئولتۇراتتى. جارۇپ مەۋلەۋى دېدى:

— ئەللەر ئارىسىدا بىھۇدە قان تۆكۈش ئىنتايىن يامان ئىشتۇر. شاۋاز ۋەزىرئەزەمنىڭ بۇ دانا تەدبىرى ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدۇ.
— تەقسىر، قۇشقاچلار جېنىدا ئۆز ئۇۋىسىنى باشقىلاردىن قورۇيدۇ. سىلى بۇ نەسىھەتلىرىنى غەزنەۋىلەر سۇلتانىغا بېرىپ قىلسىلا. ئۇلار قېرىنداش ھەم دىنداش قوشنىسىنىڭ زېمىنلىرىنى يۇتۇۋېلىۋەرسە، بىز ئاتالمىش ئۇرۇشماسلىق، قان تۆكمەسلىك سەپسەتىسى بىلەن ئۇلارغا ئالدىغىنىڭ شۇمۇ دەپ تاشلاپ بېرىۋەرسەك، بىز نەدە ياشايمىز، ئۆزلىرى بۇنى ئويلاپ باقتىلىمۇ؟ — دېدى سادىق بىلال.
شەيخ جالالىدىن ئېغىز ئاچتى:
— بىز مەككار شاۋازنىڭ ئويۇنلىرىغا ھەم غەزنەۋىلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا قاراپ تۇرالمايمىز. شۇڭا، سىلەرنىڭ يالغان مەلىكىنى قايتۇرۇپ ئەكېتىشكە بىزنى كۆندۈرىمىز دەپ ئاۋارە بولۇشۇڭلارنىڭ ئورنى يوق. بىزگە بىرلا يول بار. ئۇ بولسىمۇ، قولدىن كەتكەن يايلاق، شەھەرلىرىمىزدىن چىرايلىق نام، ياغلىما گەپلەر بىلەن كىرىۋالغان غەزنەۋىلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ، قولدىن كەتكەن زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش. شاۋازغا دەڭلار، بىز ئۇنىڭغا يالغان مەلىكىنى بەرمەيمىز ھەم ئۇنىڭ بىلەن مۆكۈشمەك ئويناپدىغانغا ۋاقتىمىز يوق. بىز ئانلىرىمىزنىڭ بېشىنى شەھىرى بەلخكە قارىتىپ توغرىلاپ قويدۇق.
شاھ ھۆجرىسىدا خېلىلا تىنىك، روھلۇق ئولتۇراتتى، قولىدا خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان مەلۇماتنامە تۇراتتى. شاھ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ دېدى:
— غەزنەۋىلەر شەھىرى قارشىغا كىرىپ بولغان بولسا، شاۋاز دېگەن كاززاپ دەرھال ئارقىسىغا يانسۇن. ئەمدى ئۇ غەزنەۋىلەرگە قىز ئەمەس، قىلىچ كۆتۈرۈپ بارسۇن! ئەگەر ئۇ ھەددىدىن ئاشسا، مەن ئۇنى ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن دارغا ئاسىمەن!

بۇ چاغدا شاۋاز سايلىقتىكى چىدىر ئالدىدا تىپىرلاپ، ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇراتتى. مەلۇماتچى نۆكەر ئىتىنى قامچىلاپ كېلىپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ سالام بەردى ـ دە:

ـــ ۋەزىر ئەزەمگە مەلۇم بولغاي، مەلىكە ئالىيلىرى قولغا چۈشۈپتۇ، ـــ دېدى.

ـــ جارۇپ مەۋلەۋىنىڭ دېگىنىدەك قاراقچىلار ئىنساپقا كەپتۇ ـ دە. ئۇھ ... خۇداغا شۈكۈر، ـــ دېدى شاۋاز.

نۆكەر سۆزىنى قايتىلاپ قاراقچىلار بۇلاپ قاچقان يالغان مەلىكىنىڭ ئەمەس، بەلكى غېرىب ئېلىپ قاچقان راست مەلىكىنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى ئېيتتى.

شاۋاز ئۇنىڭ كاچىتىغا تەستەك بىلەن بىرنى سالدى.

بۇ چاغدا غېرىب، سەنەملەر گۈزەل يايلاقتىكى هارۋا يولىدا سەپ تارتىپ كېلىۋاتاتتى. تاغ تەرەپتىن زور بىر قوشۇن سۈرەن ـ چۇقان بىلەن سەپ تارتىپ ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە خان لەشكەرلىرىنىڭ ئەتراپىنى يىراقتىن يېپىلىپ قورشىدى. غېرىب، سەنەملەر ئىزىدا توختىدى.

غېرىب، سەنەملەرنى قورشىۋالغان تاغلىق لەشكەرلەر قىستاپ يېقىنلاپ كەلدى. قوشۇننىڭ ئالدىغا قاراقاپلان بەگ چىقىپ ۋارقىرىدى:

ـــ هەي ... هوي ! ... قايسىڭ باشبۇغ، چىقە ئالدىغا ! غېرىب بىلەن سەنەمنى چىرايلىقچە ماڭا قويۇپ كېتىڭلار، بولمىسا هەممىڭلارنى بۇ يايلاقتا دەپنە قىلىۋېتىمەن !

غېرىب بىلەن سەنەم بىر ـ بىرىگە قاراشتى. غېرىب ـ سەنەم، قادىر سەرۋاز ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ قاراقاپلان بەگنىڭ ئالدىغا باردى.

غېرىب قارا قاپلان بەگكە دېدى:

ـــ بىزنىڭ غېمىمىزنى يېگەنلىرىگە يۈز مىڭ رەهمەت، قاراقاپلان بەگ ئاتا. بىز ئەمدى ئۆز رازىلىقىمىز بىلەن شاھ

ئاتمىزنىڭ ئالدىغا كېتىۋاتىمىز. ئۇ بىزنىڭ بېشىمىزنى بىر قىلىپ قويۇشقا رازى بوپتۇ.

— ھە ... ئاباس شاھ ئەمدى ئەقلىنى تېپىپتۇ. ئۇ قەدىناس دوستى — رەھمەتلىك ھەسەن ۋەزىرگە قىلغان لەۋزىدە تۇرۇشى كېرەك. قادىر سەرۋاز، سەن ئۇلارنى ئالداپ ئاپارساڭ مەن ئىككى كۆزۈڭنى كور قىلىپ، پېيىڭنى قىرقىۋېتىمەن. ئۆزۈم يايلاقتا بولغان بىلەن قولۇم ئوردابالىققا يېتىدۇ، — دېدى قاراقاپلان بەگ غەزەپ بىلەن.

— ئۇنداق قىلىشقا ھەددىم ئەمەس، پېقىر خان يارلىقىنى ئورۇندىغۇچى ئاددىي سەرۋازمەن، — دېدى قادىر سەرۋاز.

— خاننىڭ خىزمىتىگە سادىق بولغىنىڭ خوپ. ئەمما، خان ناھەق ئىشلارنى قىلغاندا، ھەقىقەت يولىدا ئىش قىلساڭ، ئاقىۋىتىڭ خەيرلىك بولىدۇ. خاننىڭ يېنىدا قارىقويۇق ئىش قىلمۇەرسەڭ بىر كۈنلەر كېلىپ ئاللا سېنى خاننىڭ قىلىچىدا جازالايدۇ، — دېدى قاراقاپلان بەگ.

— دېگەنلىرىنى يادىمدا ساقلايمەن.

— خان يەنە يۈزسىزلىك قىلغۇدەك بولسا يايلىقىمغا قېچىپ كېلىڭلار. مەن سىلەرنى مەرھۇم دوستۇم ھەسەن ۋەزىرنىڭ تەۋەررۈكى ئورنىدا كۆرۈپ جېنىم بىلەن قوغدايمەن.

— رەھمەت سىلىگە، ئاقساقال ئاتا، — دېدى غېرىب.

غېرىبلار ھايال بولماي بۇ يەردىن يۈرۈپ كەتتى.

دەريا بويىدىكى توغراقلىقتا پەزىلەتخان بۇدرۇق ئوغۇلنى ھۆربانۇنىڭ قۇچىقىدىن ئېلىپ ئەركىلەتمەكتە.

— ئارسلان تېكىن ... كۇلە، ئارسلان تېكىن ...كۇلە ...

بالا كۇلۇشنىڭ ئورنىغا قىرقىراپ يىغلىدى.

— ئىسىت، ئوردىدا بولغان بولسا ئىنىكئانىسى بولاتتى ئارسلان تېكىننىڭ، — دېدى ئايشە.

— ئۆز ئانىسىنىڭ سۈتىگە يېتەمدۇ، خەق سۈت بەرگەن بىلەن مېھرىنى بەرمەيدۇ، — دېدى پەزىلەتخان ئانا.

ئايشە قىرقىراپ يىغلاۋاتقان بوۋاقنى ھۆربانۇنىڭ قۇچىقىغا سالدى، ھۆربانۇ بوۋاقنى چىرايلىق بۆشۈككە بۆلىدى.

شاۋازنىڭ چېدىرى. مېھربانۇ خانىش، جارۇپ مەۋلەۋى جىممىدە ئولتۇراتتى. شاۋاز چىچاڭشىپ سۆزلەيتتى:

— ھۇ دەيۇز قاراقچىلار، يۈرىكىمنىڭ يوغىناپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان! مەن ئۇلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ، ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزمەيدىغان بولسام، ئادەم بولماي كېتەي! خەپ تۇزكور جالالىدىن، مەن سېنىڭ تېرەڭنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ، پوستۇڭغا سامان تىقمايدىغان بولسام ... خەپ ... خەپ ... ھېچقايسىڭ كارغا كېلىشمەيسەن.

چېدىرغا خاننىڭ خاس مەلۇماتچىسى كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— خان ئالىيلىرىنىڭ جىددىي يارلىقى: غەزنەۋىلەر جىددىي ھەربىي يۈرۈش قىلىپ شەھىرى قارشىنى بېسىۋېلىپ، سەمەرقەنتكە قاراپ قىستاپ كېلىۋاتقىنى ئۈچۈن، شاۋاز ۋەزىرئەزەم يۈرۈشتىن توختاپ دەرھال ئوردىغا قايتسۇن. جىددىي ئۇرۇشقا ئاتلانسۇن، بىردەم كېچىكتۈرسە كاللىسى ئېلىنىدۇ.

شاۋاز داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، خانىش بىلەن جارۇپ مەۋلەۋى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە ... شاھ ئالىيلىرى گەپ قىلغۇدەك بولدىمۇ؟ — سورىدى شاۋاز.

— مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ ساق - سالامەت ئوردىغا قايتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ شاھ ئالىيلىرى ناھايىتى تېز ساقايدى. شاھ ئالىيلىرى ھازىر ناھايىتى تەندۇرۇس، بۈرۈنقىدەك تەختىدە مەزمۇت ئولتۇرىدۇ، — دېدى چاپارمەن.

مېھربانۇ خانىش خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈپ ئاللاغا يۈز مىڭ شۈكۈر ئېيتتى.

ھەيۋەتلىك شاھ ئوردىسى. شاھ تەختىدە سۈر - ھەيۋە بىلەن قېتىپ ئولتۇراتتى. گەرچە ئۇنىڭ كېسىلى ئەمدىلا ياخشىلانغان بولسىمۇ، ئەمما چىرايىدىن ئۆزگىچە خاس قەتئىيلىكى، سۈر -

ھەيۋىسى روشەن بىلىنىپ تۇراتتى. ئىككى تەرەپتە ئوردىنىڭ ۋەزىر، ئەمىرلىرى سەپراس قېتىپ تۇراتتى. ۋەزىرلەر قاتارىنىڭ ئوڭ قول باش تەرىپىدە شاۋاز شاھقا يەر تېگىدىن قارىغىنىچە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەن قىياپەتتە تۇراتتى. شاھ دېدى:

— ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ رەھمىتى بىلەن مەن كېسەلدىن شىپا تېپىپ، مانا ھازىردىن باشلاپ خانلىق تىزگىنىنى قولۇمغا ئالدىم. مېنى كېسەل باسقان كۈندىن باشلاپ خانلىقنىمۇ كېسەل باستى. ۋەزىرئەزەم شاۋاز زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، خانىدانلىقىمىزنىڭ ئىشلىرى بارغانسېرى كەينىگە كەتتى. غەزنەۋىلەر بارغانچە ھەددىدىن ئېشىپ كاتتا يايلاق، شەھەرلىرىمىزنى ئارقا ـ ئارقىدىن يۇتۇۋېلىپ تويماي، بارغانچە بىزنى قىستاپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر مەن شۇنداق پەرمان جاكارلايمەنكى، ئوڭ قولاق، سول قولاق تىك تۇرۇپ ئاڭلاڭلار، پۈتۈن خانلىقتىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشقا ئاتلانسۇن! باش ۋەزىر شاۋاز بىلەن ئابدۇللا شاتىرى باشبوغ، باسقاق بەگ سىدىق قارلۇق ئورۇنباسار باشبوغ بولۇپ غەزنەۋىلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانسۇن! ئوردا ئىچىدىكى ئىشلارنى شەيخۇلئىسلام جارۇپ مەۋلەۋى ئۈستىگە ئېلىپ ئارتقۇزۇپ تۇرسۇن! مەڭلىك غىياسنىڭ ئورنىغا سالمان قول باش جېسەكچى بولسۇن! جارۇللا بوخارىنىڭ ئورنىغا راشىدىن ئەتتارى سول قول ۋەزىرلىككە تەيىنلىنىپ خانلىق لەشكەرنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتىدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەك، تەمىنات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولسۇن!

ھەربىر ۋەزىر، سىپاھنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان ھامان شۇ كىشى ئالدىغا چىقىپ ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ تەزىم بىلەن خان يارلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئەسلى سېپىگە ياندى.

— پەرمان تامام! — دېدى شاھ.

شاۋاز ئالدىغا چىقىپ شاھقا تەزىم قىلىپ:

— شاھ ئالىيلىرى ... — دېيىشىگە شاھ ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى:

— سېنىڭ مەن بىتاب بولۇپ قالغان كۈنلەردە قىلغان گۇناھلىرىڭ ئېغىر. ئەسلىدە كاللاڭنى ئېلىپ تېرەڭنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ، پوستۇڭغا سامان تىقىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا ئاساي دېگەنىدىم. لېكىن ساڭا يەنە رەھىم قىلىپ گۇناھىڭنى يۇيۇش پۇرسىتى بېرىشنى خالاپ قالدىم. شۇڭا، ھازىر سەن بۇرۇنقىدەك بۇرۇتۇمغا چالما تىزىمەن دېمەي مەن بۇيرۇغان ئۇرۇشقا ماڭ! قولدىن كەتكەن شەھەر، يايلاقلىرىمىزنى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئالدىمغا نۇسرەت قۇچۇپ كەلسەڭ، ئاندىن ئالدىمدا تىلىڭ ئۇزىرايدۇ، بۇرۇنقى نوپۇز - ئىناۋىتىڭ بولىدۇ. سەن ھازىر گەپ قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس. كاللاڭنى ئالمىغىنىمغا شۇكۇر قىلىپ، ئۇرۇشقا ئاتلان!

— خوپ، ئالىيلىرى، پەرمانبەردارمەن.

شاۋاز شۇنداق دېگىنىچە ئۇڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ باش ئەگدى.

خانىش ئايىم ھۇجرىسىدا تىت - تىت بولۇپ ئۇنى تۇتۇپ، بۇنى قويۇپ يۇرمەكتە.

— ئۆزلىرىنى بىسىۋالغايلا، خانىش ئايىم، — دېدى تۇران ئايلا.

— مەلىكەم نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ سېغىنىشتىن يۈرىكىم ئاسقىپ قېپىدىن چىقاي دېدى.

ئىشىك سىرتىدىن مەلۇماتچىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— خان ئالىيلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى!

خان سۇرلۇك ھەم جىددىي ھالەتتە ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى، خانىش ئايىم خانغا ئۆزىنى تاشلاپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

— ئۆزلىرىنى مۇنداق كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم. تەڭرىمگە يۈز مىڭ شۇكۇر، ساقىيىپىلا. سىلى مانا مۇشۇنداق

بەردەم دەسسەپ تۇرمىسىلا، ئوردىنىڭ ئىچى ھۇۋقۇشنىڭ ئۇۋىسىدەك قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىدىكەن. تەڭرىمگە يۈز مىڭ شۈكۈر، خان ئالىيلىرى، قىلغان دۇئالىرىم، ئاھىم تەڭرىمگە يېتىپتۇ. تەڭرىم دۇئايىمنى ئىجابەت قىپتۇ. تەڭرىمگە يۈزمىڭ شۈكۈر، — خانىش توختىماي يىغلىدى.

— راست دەيدىلا، — دېدى شاھ مېھرىبانىلىق بىلەن، — تەڭرى ماڭا رەھمەت قىلدى، شىپا بەردى، نەس كېسەلنى جىسمىمدىن كۆتۈردى.

— كۆز نۇرۇم مەلىكەم، جانجىگىرىم قىزىم قاچان كېلىدۇ؟ — سورىدى خانىش.

— بۈگۈن ـ ئەتىگىچە كېلىپ قالار؟

مېھرىبانۇ شاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ھۆڭرەپ يىغلاپ پۇتىنى سۆيۈپ، يۈزىگە سۈۋىدى.

— ئالىيلىرى، مەن چىدىيالمىدىم. سېغىنىشتىن يۈرىكىم يېرىلىپ لەختە ـ لەختە بولدى. قانىتىم بولسا ئۇچۇپ بېرىپ مەلىكە قىزىمنىڭ مۈرىسىگە قونسام دەيمەن. ماڭا ئىجازەت بەرسىلە. مەن قىزىمنىڭ ئالدىغا باراي، قىزىمنى بىر تىنىق بولسىمۇ بالدۇر كۆرسەم، ئىچىمدىكى ئوت بېسىقارمىكىن، بولمىسا بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىپ يۈرىكىم بەك سىقىلىپ كەتتى ...

شاھ ئاستا ئېڭىشىپ مېھرىبانۇ خانىشنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. شاھ خانىشنىڭ يۈزىدىكى ياشلىرىنى قولى بىلەن سۈرتۈپ دېدى:

— خوتۇن خەققە تەڭرىم ئاجايىپ كاتتا بىر خىسلەتنى ئاتا قىلغانىكەن. ئۇلار خاپىلىقتا ئۇچرىغاندا يىغلاپ تۇرۇپ ئىچىنى بوشىتىپ، راھەتكە چىقالايدىكەن. نېمىدېگەن كاتتا راھەت بۇ! ئەمما، بۇ كاتتا خىسلەتنى ئەر كىشىگە بەرمىگەنىكەن. قىزىمنىڭ پىراقى ئىچىمگە سىغماي ئاخىر مېنى كېسەل قىلىپ يىقىتتى. مانا سىلى مۇشۇنداق يىغلاپ يۈرۈپمۇ تىك ياشىيالىدىلا. مېنىڭ قىزىمىزغا بولغان سېغىنىشىم سىلىنىڭكىدىن ئارتۇق بولسا

ئارتۇقكى، ھەرگىز كەم ئەمەس. ئەمما، سىلىدەك يىغلاپ ئىچىمنى بوشىتالمايدىكەنمەن. مەن كىمگە يىغلايمەن، يىغلىيالايمەن، يىغلىساممۇ بولمايدۇ.

مېھربانۇ توختىماي شاھتىن ئىجازەت سورايتتى:

— ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، مېنى يولغا سالسىلا، ئالىيلىرى. مەن قىزىمنىڭ ئالدىغا باراي. قىزىمنى كۆرمىگۈچە يۈرىكىمنى ئۆرتەۋاتقان ھىجران ئازابى بېسىلمايدۇ.

— سىلىنى يولغا سېلىپ قويۇپ مەن بۇ يەردە نېمە قىلارمەن؟ قىزىمىزنىڭ ۋىسال لەززىتىدىن پەقەت سىلى راھەتكە چىقىپ، مەن بۇ يەردە تەقەززالىقتىن ئۆلەيمۇ؟ — دېدى شاھ.

— ھە ... نېمە؟ سىلىمۇ قىزىمىزنىڭ ئالدىغا بارامدىلا؟ — سورىدى خانىش.

— ئۆزۈملا باراي دېگەنىدىم، سىلى بىچارىگە رەھىمىم كېلىپ ئۆزلىرىنىمۇ بىللە ئېلىۋالاي دەپ كەلدىم.

— ھەشقاللا، ئالىيلىرى !

— سەپەرگە تەييارلىنايلى. بۇنداق قىيىنغۇچە جېنىمنى ئالساڭچۇ، تەڭرىم دەپ قاڭغىر قاقشاپ كەتكەنىدىم، تەڭرىم رەھىم - شەپقەت قىلدى، — دېدى شاھ.

خانىش شاھقا تەزىم قىلدى.

چەكسىز يايلاقتا غېرىب، سەنەملەرنىڭ كارۋىنى ئىتتىك كېتىۋاتاتتى. يىراقتىن توغ - ئەلەملەرنى لەپىلدەتكەن زور قوشۇن كۆرۈندى. ئالدىن چارلاپ كەتكەن بەش چاپارمەن ئات چاپتۇرۇپ قايتىپ كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— مەلىكە ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي ! شاھ بىلەن خانىش ئايىم ئالدىلىرىغا چىقىپتۇ.

يايلاقتا توغ - ئەلەملەرنى لەپىلدىتىپ، ناغرا - سۇنايلارنى ياڭرىتىپ كېلىۋاتقان ھەيۋەتلىك سەپنىڭ ئالدىدا ئاتلىق كېلىۋاتقان شاھنىڭ ئالدىغا ئاتلىق چاپارمەن كېلىپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، يەك تىز بولۇپ سالام بېرىپ دېدى:

— شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، مەلىكە ئالىيلىرىنى ئەكېلىۋاتقان قوشۇن كۆزگە چېلىقتى.

ئەتلەس شايىدا چۈمكەلگەن ياسىداق مەپىدە ئولتۇرغان خانىش مەپىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— نېمە ... يەنە بىر دېگىنە ... مەلىكە ئالىيلىرى قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— ئەنە كېلىۋاتىدۇ، كۆزگە چېلىقتى، — دېدى چاپارمەن.

— مەپىنى توختات ... مەپىكەش مەپىنى توختات! قېنى مېنىڭ تۇتىيا مەلىكەم، مەن قىزىمنى بالدۇرراق كۆرۈۋالاي!

مېھرىبانۇ دېدەكلەرنىڭ يۆلىشى بىلەن مەپىدىن ئالدىراپ چۈشۈپ يۈگۈرۈپ تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلدى، دېدەكلەر يۆلىدى، خانىش ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە يۈگۈردى.

— قىزىم، قىزىلگۈلدەك مەلىكەم، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى، قېنى سەن؟ كۆزۈمدىن ئۇچقان تۇتىيا قۇشۇم، قېنى سەن؟

مېھرىبانۇنىڭ كەينىدىن دېدەكلەر يۈگۈردى. يىراقتىن ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن سەنەم ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ مېھرىبانۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى، پادىشاھمۇ ئىختىيارسىز ئاتتىن چۈشۈپ، بىرقانچە قەدەم يۈگۈرۈپ ئىزىدا توختاپ قالدى، ئانا بىلەن قىزنىڭ بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ يىغلىشىپ كېتىۋاتقان ھالىغا قاراپ، كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. ناغرا - سۇناي شادىيانە كۈيگە چېلىندى. قىز - يىگىتلەر سەنەم، مېھرىبانۇ ۋە سەل ئارقىدا تۇرغان شاھنى ئوراپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ھارۋىدا ئولتۇرۇپ ناغرا - سۇناي چېلىۋاتقان نەغمىكەشلەر نەغمە توۋلىدى:

كۆزىن گۈلگۈن كۆرۈپ ھەر كىمگە ئۆزنى زار ئېتىپ بولماس،
كۆڭۈل زەخمىگە مەرھەم قويمىسا ئەپكار ئېتىپ بولماس.
ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر دىلداردىن غەم يەتمىگەن بولسا،
ئەگەر بولسا جاھان خۇرشىدى ئول، دىلدار ئېتىپ بولماس.
جاھان باغىدا ھەر يان گۈل ئۇنەر پەسلى، خازانى بار،

يۈرەك زەخمە كەبى جەننەتتە ھەم گۈلزار ئېتمىپ بولماس.
كۆكۈل سەھراسىدا ئەۋۋەل ئەزىز خار بولمىغان بولسا،
كۆكۈلدۇر بىر شاھىنشاھ، ئۇل كۆكۈلنى خار ئېتمىپ بولماس.

بوۋايىلار غەلىۋىرلەردىن ئۇچۇملاپ تىللالار چاچتى، مومايلار ئانا ـ بالىنىڭ بېشىدىن ياغاچ ئۇشتۇپ، ئادراسمانىدا ئىسرىق سالدى. سەنەم ئانىسىدىن ئاجراپ ئۆزىگە جىممىدە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان شاھ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ تىزلىنىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا دېدى:

— شاھ ئاتا ... ئەقلىسىز قىزلىرىنى كەچۈرگەيلا ...

قېتىپ قالغاندەك تۇرغان شاھ قولى بىلەن ئاستا سەنەمنى ئېگىكىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىگە قاراتتى. ئۇنىڭ سەنەمنىڭ ئېگىكىنى تۇتقان قولى دىرىلداپ تىترەپ، ساقال ـ بۇرۇتى ئارىسىدىكى قورۇپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئۇمچەيدى، كۆزلىرىدىن ياش سىرغىپ چىقىپ ساقاللىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. سەنەم شاھ ئاتىسىنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلىدى. شاھ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ جىممىدە تۇردى، قوللىرى بولسا قىزىنىڭ بېشىنى سىلىدى. غېرىب ئالىبۇرۇن ئاتتىن چۈشۈپ تىزلىنىپ ئولتۇرغانىدى ...

شاۋاز ھۇجرىسىدا يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە بېشىنى ئېگىز تەكىيىگە قويۇپ ئۇخلىغا سوزۇلۇپ ياتاتتى، پېشانىسىگە ھۆل قىلىنغان ئاق يىپەك ياغلىق قاتلاپ قويۇلغانىدى. دېدەكلەر ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى تۇتىماقتا. ھۇجرىغا ھارغىن ئابدۇللا شاتىرى كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاتا.

— كەلدىڭمۇ؟ يېنىمدا ئولتۇر. سىلەر چىقىپ كېتىڭلار.

دېدەك ـ مۇلازىملار ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. ئابدۇللا شاتىرى ئاتىسىنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— ئايىغىم تەرەپتە ئولتۇر. مەن سېنى كۆرۈپ تۇرۇپ گەپ

قىلاي. ئۆلتۈرگۈدەك ھالىم قالمىدى. روھىم چۈشۈپ، جىسمىم ئېزىلىپ، دېمىم كېسىلىپ كەتتى.
ئابدۇللا شاتىرى ئاتىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ دېدى:
— تەقدىر بىز بىلەن قېرىشقاندەك ئىشلىرىمىز پەقەت ئوڭدىن كەلمىدى. سىز مىڭ بىر جاپادا بىر ئىشلارنى ئەپۋەشكە كەلتۈرسىڭىز، ئىشلار تېزىنى باسسا مېزى چۈۋۈلغاندەك چۈۋۈلۈپ تۇردى. ئەمدى جەڭگە بار دەيدۇ. بىزگە نېمە تارتقۇلۇق بۇ؟
— بالام، چىداملىق بول، دۆلەتنى قولغا ئالماق پىلسىراتتىن ئۆتكەندىنمۇ مۈشكۈل ئىش. بۇنىڭغا چىدام، سەۋر ـ تاقەت، تەدبىر كېتىدۇ. سەل بېلى بوشلۇق قىلساڭ جېنىڭدىن ئايرىلىسەن. قېرى قوتازنىڭ سۆڭىكىدەك قاتتىق سۆڭەك بولمىساڭ بولمايدۇ، — دېدى شاۋاز.
— خان كېسەلدىن قوپۇپلا ۋارقىرىغان بىلەن خانلىقنىڭ تىزگىنى ئۆزىڭىزنىڭ قولىدا. بارلىق لەشكىرىي ئىشلار بىزنىڭ قولىمىزدا، شاھنى تۇتقۇن قىلايلى، ئاتا. ئۇ نېمىسىگە يوغانچىلىق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ قۇرۇق نامىدىن باشقا نېمىسى بار؟ ئۇ دېگەن سىزنىڭ ئالىقىنىڭىزدىكى ئادەم. ئۇ خانلىق ئىشلىرىدىن بىزنى چەتنىتىش ئۈچۈن قەستەن ئىككىمىزنى جەڭگە ھەيدەۋاتىدۇ. ئۇ بىزنى جەڭ مەيدانىدا ئۆلسۇن دېمەكچى. بىز ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ بەربىر غەزنەۋىلەرنىڭ كۈچلۈك قوشۇنى ئالدىدا قاتتىق مەغلۇپ بولىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلگۈر پادىشاھ بىزنى جەڭدە يېڭىلگەن گۇناھكار سۈپىتىدە جازالاپ كاللىمىزنى ئالىدۇ، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.
شاۋاز كۆزىنى چىمچىقلىتىۋېتىپ دېدى:
— ئوغلۇم، مەن سەندىن بارغانسېرى رازى بولۇۋاتىمەن. سەن كۈندىن ـ كۈنگە ئەقلىڭگە توشۇپ بېشىڭغا كەلگەن ھەم كېلىدىغان ئىشلارنى تەكتىگە يېتىپ ئويلىيالايدىغان، يىلتىزىنى

تېپىشقا تىرىشمىدىغان بوپسەن. مېنى خۇش قىلدىڭ. يېقىندىن بۇيان تولا خاپىلىقتا دۇچار بولساممۇ، سەندىن خۇشاللىق، تەسەللى تاپىدىغان بولۇپ قالدىم.

— خان تاجى بىلەن ئالتۇن شەمشەر ئىشىدا ماختىغاندەك مېنى يۇڭ توقماق بىلەن توقماقلاپ، مۇزدا ئولتۇرغۇزۇپ يەلپۈمەيۋاتقانسىز - ھە، ئاتا؟ بۇنداق قىلغاندىن مېنى ئېسىپ قويۇپ تۇزغا چىلانغان قامچا بىلەن بىر كېچە ساۋىغىنىڭىز ياخشى ئىكەن. مەن ھېچ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيۋاتقان لايغەزەل تۇرسام، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— ياق ... ياق ... ئۇنداق دېمە. بولدى، بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەت. ھازىر نان تېگىدىغان نەق گەپنى دېيىشەيلى.

— مېنىڭچە، ھازىرنىڭ ئۆزىدە شاھنى مەخپىي تۇتقۇن قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىڭىزنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇنى يەنە بۇرۇنقىدەك ئۆزىڭىزنىڭ سىزغان سىزىقىڭىزدىن چىقمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈڭ، ئۇ بۈگۈن سىزگە چوڭچىلىق قىلدى، ھاقارەت قىلدى، ئاتا، مەن بۇنىڭغا پەقەت چىدىيالمىدىم، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— ياق ... ياق ... چىدامىلىق، سەۋر - تاقەتلىك بول، ئوغلۇم. بەزىدە كەلگۈسىدىكى چوڭ غەلىبە ئۈچۈن ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئارقىغا نەچچە قەدەم چېكىنىپ، شاھقا يول قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. سەن دېگەن ئىشلارنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا ئورۇندىغىلى بولىدۇ. ئەمما، ھازىر بىز خەقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالدۇق. شاھ كېسەل كۈنلەردە شاۋاز ئۆزى بىلگەننى قىلىپ، غەزنەۋىلەرگە ساتقۇنلۇق قىلدى، دېگەن گەپلەر تولا. ئەگەر بىزنى ئۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقى سەۋەبلىك شاھنى تۇتقۇن قىلساق ياكى ئۇرۇشتىن باش تارتساق، ئاران تۇرغان خالايىق بۇ ئىشلارنى بىزدىن كۆرۈپ ئىسيان كۆتۈرىدۇ. ئىسيان چىقسىلا ئىچكى - تاشقى دۈشمەننىڭ ئارىسىدا خانلىق

كېمىسى سۇغا غەرق بولىدۇ، ــ دېدى شاۋاز چۈشەندۈرۈپ.

ــ خاننىڭ ئاغزى بىلەن ئۇرۇش يارلىقىنى قايتۇرساق ... ــ دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

ــ ئۇنىمۇ بىزدىن كۆرىدۇ، شۇڭا ھەرە ئۇۋىسىغا ياغاچ تىقىپ بولمايدۇ، ــ دېدى شاۋاز.

ــ ئۇنداقتا خاننى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپلا ...

ــ ئىشنى بۇزما. بۇنداق خاننى ئاسان تاپقىلى بولمايدۇ. خان يىقىلسا خانلىق تەختىنى تالىشىدىغان خان ئەۋلادىدىن مىڭى چىقىپ بىزنى، تەختنى، خانلىقنى ھالاك قىلىدۇ. بىزنىڭ ھازىر خان يارلىقى بويىچە ئۇرۇش قىلماي باشقا ئامالىمىز يوق، ــ دېدى شاۋاز.

ــ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدىغانلىقىمىز كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرسا ...

ــ ياق، ياق، خەلقىنىڭ بۇ ئۇرۇشقا رايى كۈچلۈك. بارلىق ۋىلايەت، قەبىلە، ئۇرۇقلار ئۇرۇش قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ. بۇ خەلقىنىڭ گېپىنىڭ بۇنداق بىر يەردىن چىققىنىنى كۆرۈپ باقمىغانمەن. بۇنداق بىر نىيەتكە كەلگەن ئەلنى ھەرقانچە كۈچلۈك دۈشمەنمۇ ئالدىراپ مەغلۇپ قىلالمايدۇ. بىز مەغلۇپ بولۇشىمىز مۇمكىن، ئەمما ئاسان مەغلۇپ بولمايمىز، ــ دېدى شاۋاز.

ــ بىز خەق ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنى ھىندىستان يولىدا توسۇۋېلىپ مەغلۇپ قىلغان دېگەن گەپكە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. بىراق، ھازىر غېرىب بىلەن سەنەم تۇتۇلۇپ ئوردىغا ئېلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. خان بىزنى ئۇرۇشقا يولغا سېلىپ قويۇپ، بولار ئىش بولدى دەپ تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىۋەتسە، بىز تولۇق مەغلۇپ بولغان بولىمىز، ئاتا. بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز كۆپۈككە ئايلىنىدۇ، ــ دېدى ئابدۇللا.

ــ ھە ... مانا ئەمدى مەن كۈتكەن نەق گەپنى دېدىڭ. مەن سېنى مۇشۇ گەپنى قاچان تېشەر دەپ ئولتۇرغان. بۇ مۇمكىن

بولمايدىغان ئىش. خان بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ. ئىشلار سەن دېگەندەك ئاددىي ئەمەس، — دېدى شاۋاز.

— بۇنىڭغا ئەجەب كەسكىن جاۋاب بەردىڭىز. سىز خاننىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى قانداق بىلىسىز؟

— شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، — دېدى شاۋاز جىددىي تەرزدە، — ياغما قەبىلىسىنى مەركەز قىلغان خان جەمەتى بىلەن ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلار كۆپ چىقىدىغان چىگىل قەبىلىسىنىڭ ئىزچىل ھالدا مەخپىي ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىغا ئۇزاق جاھان بولدى. ھازىرقى شاھ ئەسلىي چىگىل قەبىلىسىدىن چىققان خانىشتىن تۇغۇلغاچقا، خانلىق ھوقۇقى ھېسابتا چىگىللارنىڭ قولىدا، بۇنىڭغا بۇ خانلىقنى قۇرغان ياغما قەبىلىسى چىدىمايدۇ. شاھ ئەينى چاغدا ھەسەن ۋەزىرنى ئىزچىل چىگىل قەبىلىسىدىن دەپ بىلىپ كەلگەچكە، كەلگۈسىدە تەخت ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قولىغا ئۆتسە، خانلىق تىزگىنى يەنىلا چىگىللارنىڭ قولىدا بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئەمما، كېيىن ھەسەن ۋەزىرنىڭ چىگىل ئەمەس، ياغما ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خاتا ئىش قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىزچىل بۇ ئىشنى ئاغزىدىن چىقارمىسىمۇ كۆڭلىدە ھوقۇق كەلگۈسىدە يەنە ياغمىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالىدۇ، دەپ غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ توپىغا قارشى تۇرۇپ كەلدى.

— شاھ ھەسەن ۋەزىرنىڭ چىگىللاردىن ئەمەس، ياغما ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ ـ دە، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— بۇ ئىنس ـ جىن بىلمەيدىغان مەخپىيەتلىكنى مانا مەن ئەقىل ـ پاراستىمگە تايىنىپ ئىگىلىگەن، — دېدى شاۋاز.

— ھەسەن ۋەزىرنى ھەممە ئادەم چىگىللاردىن دەپ بىلىدۇ، — دېدى ئابدۇللا.

— ئۇنىڭ چىگىللاردىن ئەمەس، ياغما ئۇرۇقىدىن ئىكەنلىكىنى پەقەت شاھ بىلەن مەنلا بىلەتتۇق، مانا ئەمدى سەنمۇ بىلدىڭ.

— بۇنى ھەسەن ۋەزىر ئۆزى بىلەتتىمۇ؟ — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.
— ئەلۋەتتە بىلىدۇ. ئەمما، ئۇ ئۆزىنى پۇختا يوشۇرالىغان، شەيتاندىن ئۆتە ھىيلىگەر ئىدى. ئۇنىڭ چىگىللاردىن بىرمۇ تۇغقىنى يوق. ئەمما، ياغمىلار ئارىسىدا نۇرغۇن تۇغقانلىرى بار. ئۇ ھەتتا تۇغقانلىرىغىمۇ ئۆزىنىڭ ياغمىلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلىندۇرمىگەن، — دېدى شاۋاز.
— شاھ شۇ سەۋەبتىن سەنەمنى غېرىبقا بېرىشكە قارشى، شۇنداقمۇ؟
— ئەلمىساقتىن تارتىپ خان جەمەتى ئىچىدە تېگى ـ تەكتى، ئۇرۇق ـ جەمەتىنى سۈرۈشتۈرۈپ توي قىلىش ھەم ھوقۇق تۇتقۇزۇش ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن، — دېدى شاۋاز.
— بىزنىڭ قەبىلىمىزچۇ، ئاتا؟ — دېدى ئابدۇللا.
— خان ئائىلىلىرى چىگىل بولغاچقا، بىزنىڭ قەبىلىمۇ چىگىل. شۇڭا، شاھ مەلىكىنى ساڭا ياتلىق قىلىشقا مايىل. سىر مانا مەشەدە.
— ئۇنداقتا مەن مەلىكىنى ئېلىشتىن خاتىرجەم بولسام بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق. بىز بىر قەدەم چېكىنىپ تۇرۇپ خاتىرجەم ئولتۇرۇشقا بارايلى. ئاۋامنىڭ غەزنەۋىلەرگە قارشى رايىدىن پايدىلىنىپ ئۇرۇش قىلساق، تەڭرى بىزگە نۇسرەت بەرسە، خەلقئالەم ئالدىدا يۈزىمىز يورۇق بولۇپ، شاھ ئالدىدا تىلىمىز ئۇزۇرايدۇ. سېنىڭ مەلىكىگە ئۆيلىنىپ شاھقا كۈيئوغۇل بولۇشۇڭ، كەلگۈسىدە تەختكە چىقىشىڭ جەزملىشىدۇ. پىتنىخورلارنىڭمۇ ئاغزى تۇۋاقلىنىدۇ، — دېدى شاۋاز.
— شۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرنى تارتىپ يۈرگۈچە بالدۇرراق مۇشۇنداق قارارغا كەلگەن بولساق بولماسمىدى، ئاتا؟
— ھازىرمۇ ئۇرۇش بولمايدىغان ئىش بولسا ئامالسىزلىقتىن تاپقان بۇ يولدىن يېنىشقا تەييارمەن، — دېدى شاۋاز.

— نېمىشقا؟

— بۇ ئۇرۇش، ئۇردا خەزىنىسىنى قۇرۇقدىغاندىن باشقا، ئاتاڭنىڭ سەن ئۇچۇن توپلىغان مەخپىي خەزىنىسىنىمۇ قۇرۇقداپ، بىزنى قۇرۇق سۆكەن قىلىپ قويىدۇ، ئوغلۇم.

— سىز بىلەن مېنىڭ ئايىغىمىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرسا يەنە يىغىۋالارمىز، ئاتا؟

— ئەمدى بۇنداق خەزىنە توپلاشقا ئۆمرۈم يەتمەسلىكى مۇمكىن، ئوغلۇم. شاھ ئوردا خەزىنىسىنىڭ قانداق قۇرۇقدالغانلىقىنى، مېنىڭ خەزىنەمنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما خەزىنىنىڭ ئالىقىنىمدا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا، ماڭا ئۇرۇشقا ماڭ دەپ ھۆركىرەيدۇ.



# ئون توققۇزىنچى باب

ھەيۋەتلىك شەھەر سېپىلىنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىكى ئېگىز تۆر، بۇ يەردە بىر توپ ئادەم بۇرغا تارتماقتا. سېپىل دەرۋازىسى ئېچىلىپ تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن ھەيۋەتلىك ئاتلىق قوشۇن جەڭ كىيىملىرىنى كىيگەن شاۋاز، ئابدۇللا شاتىرى، سىدىق بەگ قارلۇقلارنىڭ كەينىدىن سەپ ـ سەپ بولۇپ چىقىپ كەلدى.

شاھ ئېگىز سېپىل راۋىقىدا سۈرلۈك قىياپەتتە ئۇلارنى كۈزەتمەكتە. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۈرغان خالايىقنىڭ ئىچىدىكى بوۋايلار دۇئا قىلىشىپ، مومايلار ئىسرىق سالماقتا. قىز ـ چوكانلار قاپاق، سوغىلاردىن نوگايغا سۇ ئېلىپ لەشكەرلەرنىڭ ئىزىغا چاچماقتا. مومايلار كۆز يېشىنى ئاق لېچەكلىرىنىڭ ئۇچىدا سۈرتۈپ ئۆزئارا ھال ـ مۇڭ قىلىشاتتى. باللار سەپراس ئاتلىق كېتىۋاتقان سۈر ـ ھەيۋىلىك قوشۇننىڭ ئىككى تەرىپىدە تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىپ لەشكەرلەرنى دوراپ سەپ تارتىپ، تەڭ دەسسەپ مېڭىپ ئويناشماقتا. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشمەكتە.

ئوردا ئىچى. سەنەم ھۇجرىسىدا ئانىسى مېھرىبانۇ خانىش بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— جېنىم قىزىم، ئوردىدا ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك راھەتتە ياشايتتىڭ. يەي دېسەڭ، كىيەي دېسەڭ، ئېسىل نازۇ ـ نېمەتلەر، شاھەنە كىيىم ـ كېچەكلەر ئېشىپ ـ تېشىپ تۇراتتى. تاغ ـ دالادا مۇساپىر بولۇپ، گادايلارچە ياشاپ قانچە قىينالغانسەن، ـ ھە؟ سېنى ھەر ئويلىسام، يىغلاپ ـ قاقشاپ، كۆز ـ يېشىم قۇرۇپ، قان يىغلىدىم، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— خانىش ئانا، تەبىئەت نىماداق گۈزەل، مەن تاغ ـ دالىلاردا

ئەركىن ـ ئازادە ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئۆيىنىدىم، شۇڭا كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى مىڭ كېچە ـ كۈندۈز سۆزلەپمۇ تۈگىتىپ بولالمايمەن.

— ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن يەرلەردە ئاچ، سوغۇق دالادا قونالغۇسىز قالغانسەن؟ — دېدى خانىش.

— ئوردىدىن چىقماي جاھاننىڭ بۇنچىلىك كەڭرى ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىكەنمەن. تۈرلۈك ئادەملەرنى، ھەرخىل شەھەر، يۇرتلارنى كۆرۈپ كۆزۈم ئېچىلدى. مەدرىسىدە ئۆگەنگەنلىرىمدىن جىق نەرسىلەرنى ئۆگەندىم، ئانا. كۆڭلۈمدىكى يار بولسا، تېرىقنىڭ زاغرىسى بولسا دېگەن ناخشىنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز؟ — دېدى سەنەم.

— جانجىگەر قىزىم، سەن ... ناشايان ئىشلارنى قىلمىغانسەن؟ — دېدى خانىش بەختىيارلىق ئىچىدىكى ئەندىشىسىنى يوشۇرالماي.

— ئانا سىزمۇ مەندەك چاغدا شاھ ئاتام بىلەن كۆيۈشكەن بولغىيدىڭىز؟

— مەن ئاتاڭغا ئون ئۈچ ياشتا چۈشكەن. ئۇ ئىشلارنى نەدىن بىلەي. ئانىسىغىمۇ شۇنداق دەمدۇ، بەڭۋاش قىز؟

— بىز ئاللىقاچان ھالال نىكاھلىق ئەر ـ خوتۇن بولۇپ بولدۇق.

مېھرىبانۇ سەنەمنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى ـ دە، قاراپ تۇرغان دېدەكلەرنى چىقىرىۋەتتى.

— بۇ گەپنى ھەرگىز ئېغىزىڭغا ئالغۇچى بولما، بۇ ئىشنى شاھ ئاتاڭ ھەرگىز ئۇقۇپ قالمىسۇن، — دېدى مېھرىبانۇ.

سەنەم ئۈندىمىدى.

ئوردا ئالدى. قولىدا گۈلدەستە كۆتۈرگەن غېرىب ئوردا دەرۋازىسىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ ئەمدىلا قاراۋۇللارنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇشىغا، ئوردا ئىچىدىن بىر توپ ياساۋۇللار چىقىپ ئۇنى باسماقداپ تۇتۇپ ئەكىرىپ كەتتى.

شاھ ئۇردىسى. شاھ تەختىدە سۈر ـ ھەيۋە بىلەن قېتىپ ئولتۇراتتى. مەلۇماتچى مەلۇم قىلدى:
— شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، گۇناھكار غېرىب كەلتۈرۈلدى.
شاھ باش لىڭشىتتى. ھۆددىچى ۋارقىرىدى:
— گۇناھكار غېرىب ئېلىپ كىرىلسۇن!
ياساۋۇللار چەمبەرچاس باغلانغان غېرىبنى ئەكىرىپ تىزلاندۇردى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھ ئاتا، ماڭا نېمىشقا بۇنداق قىلىلا؟
— سەن تېخىچە قىلغان گۇناھىڭنى بىلمەمسەن؟ سەن تاغ قاراقچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ماڭا قارشى ئىسيان كۆتۈردۈڭ، گۆدەك مەلىكىنى ئازدۇرۇپ، سەرسان قىلىپ مېنىڭ جېنىمنى ئالغىلى تاس قالدىڭ. مەن سېنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرۈپ بېقىپ قاتارغا قوشتۇم، ئۇردىدا تەربىيىلەپ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتىم. يامان كېسەلگە گىرىپتار بولغىنىمدا داۋالاتسام، سەن مېنىڭ نادان مەلىكەمنى ئازدۇرۇپ قاچتىڭ، — دېدى شاھ.
— شاھ ئاتا، بىز ...
شاھ غېرىبقا سۆزلەشكىمۇ يول قويماي:
— بولدى گەپ قىلما، سەن بىلەن ئارتۇق سۆزلىشىدىغانغا ئاغزىم يوق. سەن ھازىرلا بۇ خانلىقتىن يوقال! ئاناڭنى ئېلىپ، بىساتىڭنى كۆتۈرۈپ كۆزۈمدىن يىت! سېنى دەشتى قىپچاققا ئۆچ يىللىق سۈرگۈن قىلدىم. سۈرگۈن مۇددىتىڭ توشمىغۇچە ئۇردابالىققا ئاياغ باسقۇچى بولما! ئەسلىي سېنىڭ گۇناھىڭ دارغا ئېسىشقا لايىق گۇناھ ئىدى. كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرساڭ، مەرھۇم ئاتاڭ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ كېتىدىكەن، ھەسەن ۋەزىرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن مەن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن. سەن ئۇردابالىقتىن دەرھال يوقال!
شۇنىڭدىن كېيىن، نۆكەرلەر غېرىبنى سۆرەپ ئاچىقىپ كەتتى.
شاھ ھۇجرىسىدا چاكارنىڭ چىراغ تۇتۇپ بېرىشى بىلەن

خەرىتە كۆرمەكتە. ھۇجرىغا ئەلپازى يامان سەنەم، يىغلاپ كۆزلىرى ئىششىغان مېھرىبانۇ خانىش ھەم دېدەكلەر كىردى.

— شاھ ئاتا، سىلى تېخىچە غېرىبقا يامان كۆزدە قاراۋاتامدىلا؟ غېرىبنى جازالىسىلا، مېنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ تەڭ جازالىسىلا.

— مۇلازىم - دېدەكلەر ھەممىڭلار چىقىپ كېتىڭلار!

ھەممىسى تەزىم قىلىشىپ قول باغلاپ، كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

— قىزىم، خانلىق ھازىر دۈشمەننىڭ ئېغىر تەھدىتىدە قالدى.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، غېرىب ...

— ئەجەبا، سىزگە بىر غېرىبنىڭ مۇھەببىتى بولسىلا بولامدۇ؟ سىزگە ئاتا - ئانا ، بۇ ۋەتەن كېرەك ئەمەسمۇ؟ ۋەتەن ئېغىر خەۋپ ئاستىدا قالغاندا سىز يەنىلا شۇ ئىشق - مۇھەببەتنىڭ كويىدا يۈرەمسىز؟ تۇمەنلىگەن بوز يىگىتلەر خوتۇن - قىزلىرىنى تاشلاپ ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندى. نۇرغۇن ناتىۋان قىزلار قان يىغلاپ يىگىتلىرىنى جەڭگە ئۇزاتتى. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە نېمىگە ھېساب؟ سىز ئاتىڭىزنى، ئانىڭىزنى ئويلاپ قويدىڭىزمۇ؟ سىز كەتكەندىن كېيىن مەن سىزنىڭ دەرد - ھەسرىتىڭىزدە گۆر ئاغزىغا بېرىپ قايتىپ كەلدىم. شۇ سەۋەبلىك خانلىق ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالدى. نەزىرىڭىزدە ئاتا - ئانىڭىز بارمۇ، يوق؟ سىزگە غېرىبلا بولسا بولامدۇ؟ سىز بىر غېرىب ئۈچۈن، ئاتا - ئانىڭىز ھەم خانلىقنى گۆرگە تىقماقچىمۇ، نە ۋاقىتچە بىغەرەزلىك قىلىسىز؟ مەھمۇد غەزنەۋى سىزنى خوتۇنلۇققا سورىۋىدى، بەرمىسەك خانلىققا ھۇجۇم قىلدى. سىزنى خەققە بەرمەسلىك ئۈچۈن تۇمەنلەپ يىگىتلەر جېنىنى پىدا قىلىپ ئۇرۇشقا ئاتلاندى. مۇشۇنداق پەيتتە غېرىب بىلەن ئىككىڭلارنىڭ توينى قىلىپ قويساق، غەزنەۋىلەر بىزنى مازاق

قىلدى دەپ تېخىمۇ غالجىرلاشمامدۇ؟

شاھنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن سەنەم بوشاپ يىغلامسىراپ دېدى:

— شاھ ئاتا، بىز غېرىب بىلەن ئاللىقاچان ...

شاھ سەنەمنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— بولدى سۆزلىمەڭ، ئىككىڭلارنىڭ ئىشىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان. سىزدە سەۋر - تاقەت دېگەن نەرسە بولسۇن. ماقۇل، مەن سىلەرنى مۇرادىڭلارغا يەتكۈزەي. مەن غەزنەۋىلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا جەڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىگەچ سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى قىلىپ قوياي. شۇنىڭغىچە غېرىب سۈرگۈن نامى بىلەن دەشتى قىپچاقتا پاناھلىنىپ تۇرسۇن. سىلەرنىڭ شۇنىڭغا سەۋر - تاقىتىڭلار يوقمۇ؟ ھازىر بۇ ئۇرۇش ھەم ئوردا ئىچىدىكى ئىشلار سىزنىڭ ئوردا ئىشلىرىنى يولىغا سېلىۋېلىشىمغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشىڭىزگە باغلىق بولۇپ قالدى. مەن سىزنىڭ ماڭا پۇرسەت بېرىشىڭىزنى، سەۋر - تاقەتلىك بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن. قىزىم، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. مەن سىزگە يالۋۇراي.

شاھنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، سەنەم ئاتىسىغا قاراپ بوشىشىپ ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى.

— جېنىم قىزىم، ئاتىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، بىزگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، — دېدى مېھرىبانۇمۇ.

سەنەم خېلىلا پەسكويىغا چۈشتى - دە، كەينىگە ياندى. ئۇ غېرىب بىلەن كۆرۈشۈپ كەلمەكچى بولدى. ئۇ كېنىزەك ۋە ياساۋۇلىنىڭ ھەمراھلىقىدا پەلەمپەي بىلەن زىندانغا چۈشتى. غېرىب زىنداننىڭ تۆمۈر پەنجىرىسىگە چاپلىشىپ تۇراتتى.

— ئەسسالام، غېرىبجان.

— سەنەمجان، بىلدىڭىزمۇ؟ مېنى قىپچاق چۆلىگە پالىدى، — دېدى غېرىب.

— مەن شاھ ئاتام بىلەن سۆزلەشتىم، — دېدى سەنەم.

— مېنى قىپچاق دالاسىغا ئەمەس، جەڭگە ئەۋەتسۇن. مەن سۈرگۈنلۈكتە ئەمەس، جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈشنى خالايمەن، — دېدى غېرىب.

— شاھ ئاتامنىڭ سىزنى شاۋاز ۋە ئابدۇللانىڭ قېشىغا ئەۋەتكۈسى يوق ئىكەن.

— ئۇستازىمىز شەيخ جالالىدىنلار شاۋازدىن بۇرۇن شەھىرى بەلخ ئەتراپىدا غەزنەۋىلەرگە قارشى ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش قىلىۋېتىپتۇ. مەن شۇ يەرگە بارىمەن.

— ياق، غېرىبجان، ئاتامنىڭمۇ، مېنىڭمۇ سىزنى جەڭگە ئەۋەتكۈمىز يوق. ئاتام ماڭا ۋەدە قىلدى. سىزنى ئۈچ يىللىق سۈرگۈن نامى بىلەن دەشتى قىپچاقتا پاناھلىنىپ تۇرسۇن دەيدۇ. ئۇنچە ئۇزاق ۋاقىت سۈرگۈندە تۇرۇشىڭىزغا سىزنىڭمۇ، مېنىڭمۇ سەۋر - تاقىتىمىز يوق. ئۇرۇش ئاخىرلاشقان ھامان شاھ ئاتام كاتتا توي بېرىپ بىزنى مۇراد - مەقسىتىمىزگە يەتكۈزۈشكە ۋەدە بەردى، — دېدى سەنەم.

— شاھ ئاتىڭىز رەھمەتلىك ئاتامغىمۇ ۋەدە بەرگەن، ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگىلى بولارمۇ؟

— شاھ ئاتامغا خۇددى سىزدەكلا دېگەنىدىم، ئۇ مېنى ئىشەندۇردى. ھازىر سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى قىلىش خانلىقنى ئەجەللىك مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ، غەزنەۋىلەر تېخىمۇ غالجىرلاشسا، شاۋازلارنىڭ ئىرادىسى تەۋرىنىدۇ، ھەتتا ساتقۇنلۇق قىلىشتىن يانمايدۇ دەيدۇ شاھ ئاتام، — دېدى سەنەم.

غېرىب ئۈيچان تۇرۇپ قالدى.

شاھ ھۇجرىسىدا بەلخنىڭ قېچىپ كەلگەن ھاكىمى مىرزا ياسىن بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى.

— غەزنەۋىلەر راست شۇنچىۋالا كۈچلۈكمۇ؟ — سورىدى شاھ.

— ئۇ نېمىلەر نەدىمۇ پىتنە - پاساتچىلار دېگەندەك ئۇنداق كۈچلۈك بولسۇن، — دېدى مىرزا ياسىن، — ئۇلارنىڭ پىتنە - پاساتچىلىرى، مەدداھ - ۋائىزلىرى شەھەر - شەھەرلەرگە بېرىپ

قوروق تېرە تاراقشىتىپ ۋەھىمە تارقىتىدىكەن. ئۇلارنىڭ نەدىمۇ ئۇچ يۈز مىڭ ئاتلىق قوشۇنى بولسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشنا ئەللەرمۇ ئۇلار بىلەن يامانلىشىپ ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنىڭ ھالىنى قويماپتۇ. ئوردا ئىچىمۇ تىنچ ئەمەس ئىكەن. مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ھەرقايسى خوتۇنلىرىدىن بولغان بالىلىرى ئۆزئارا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، بىر - بىرى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالاشقاچقا، ۋەلىئەھدىلىككە كىمنى تەيىنلەش مەسىلىسىدە مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ بېشى قېتىپ قاپتۇ، — دېدى.

— ھىم ... بەتبەختلەرنىڭ تېشى قاتتىقتەك تۇرغان بىلەن ئىچى كاۋاك دېسىلە.

شاھ شۇنداق دەۋاتقاندا مەلۇماتچى كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، خانىش ئايىم بىلەن مەلىكە ئالىيلىرى ھوزۇرلىرىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى.

— كىرسۇن !

خانىش ئايىم بىلەن مەلىكە سەنەم كىرىپ، شاھقا تەزىم قىلدى. مىرزا ياسىن ئورنىدىن تۇرۇپ خانىش بىلەن مەلىكىگە تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خانىش ئايىم، مەلىكە ئالىيلىرى، پېقىر بەلخ ھاكىمى مىرزا ياسىن بولىمەن. بەلخنى غەزنەۋىلەر تارتىۋالغىنى ئۈچۈن، شاھىمىدىن پاناھ تىلەپ ئوردابالىقىقا بېشىمنى ئېلىپ كەلدىم. پېقىر يالاڭ ئاياغ، پەقىرانە ھالغا چۈشۈپ قالغاچقا، ئىككى قولۇمنى بورنۇمغا تىقىپ كەلدىم. پېقىرنىڭ بىئەدەپلىكىنى كەچۈرگەيلا، — دېدى مىرزا ياسىن.

— نىيەتلىرى تېگىل بولدى، ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت.

— ئىجازەت قىلغايلا، شاھىم، مەن ئەمدى ئارتۇقلۇق قىلىمەن. مەن چىققاي، ئالتۇن ۋاقىتلىرى ئىچىدىن ۋاقىت چىققاندا پېقىر ئۆزلىرىنى زىيارەت قىلغىلى كېلىمەن، — دېدى مىرزا ياسىن.

شاھ قولىنى چاۋاكلىدى.

— قايسىڭلار بار؟

قىرىق بەش ياشلاردىكى يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئىشىك ئاغىسى قەمبەر ئەلى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ كىردى:

— لەببەي، شاھىم!

— بەلخ ھاكىمى مىرزا ياسىن غەزنەۋىلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىشىنى خالىماي ھوزۇرىمىزغا كەپتۇ. بىز ئەقىدىنى ئۇنتۇمىغان، سادىق ھەم ئاقىل ئەمىرلىرىمىزنى بېشىمىزدا كۆتۈرىمىز. ئۇنى شامالباغقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، بالا - چاقىلىرىغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى شاھ.

— بالا - چاقام يوق، ئۇلار مەن بىلەن مۇساپىر بولۇشنى خالىماي يۇرتتا قالدى، — دېدى مىرزا ياسىن.

— ئەمىسە ئوردىدىكى يېڭى كېنىزەكتىن ئىككىنى توقاللىققا بېرىڭلار، خىزمىتىنى قىلسۇن. شامالباغنىڭ ئىسمى ھازىردىن باشلاپ ياسىنباغ دەپ ئاتالسۇن!

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى، — دېدى قەمبەر ئەلى.

— بۇنچە كاتتا ئىلتىپاتلىرىغا لايىق ئەمەس ئىدىم، شاھىم. جېنىم تېنىمدە بولسىلا ئىلتىپاتلىرىغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇشقا تىرىشىمەن، ئالەمپاناھ، — دېدى مىرزا ياسىن.

— مەن چاقىرتقۇچە ئوبدان ئارام ئالغايلا، تەقسىر.

شاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا مىرزا ياسىن تومەن مىڭ تەشەككۈر ئېيتىپ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. تەقەززالىق بىلەن ئاران تۇرغان سەنەم دېدى:

— شاھ ئاتا، غېرىبجاننىڭ ئانىسى نىگارئايىم ياشىنىپ قالدى. قىپچاق چۆلىنىڭ ئاپتىپىغا چىدىيالمايدۇ، رەھىم قىلىپ ئۇنى سۈرگۈندىن ئازاد قىلغان بولسىلا.

شاھ بېشىنى لىڭشىتتى.

غېرىبنىڭ غېرىبانە ھويلىسى. نىگارئايىم يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇپ، گۈلجامالنىڭ چېچىنى تاراپ، قىرىق كوكۇلا قىلىپ ئۆرۈمەكتە. ھويلىغا ياساۋۇللار،

ئاندىن مېھرىبانۇ خانىش بىلەن سەنەم كىردى، سەنەم يۈگۈرۈپ بېرىپ نىگارئايىمنىڭ باغرىغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلىدى.

— نىگارئايىم ئانا ... ئاجىز قىزىڭىزنى ئەپۇ قىلغايسىز؟ مەن كېرەكسىز ئىكەنمەن، غېرىبنى قۇتقۇزۇشقا كارغا كەلمىدىم.

— مەلىكە بىلەن ئىككىمىز ئۆزلىرىنى شاھتىن تىلىۋالدۇق.

— شاھ ئاتام سىلىنى سۈرگۈنلۈكتىن ئازاد قىلدى، ئانا. ئۇرۇش ئاخىرلاشقان ھامان غېرىبجاننى سۈرگۈندىن ئازاد قىلىپ تويىمىزنى قىلىپ قويىدىغان بولدى.

نىگارئايىم كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ دېدى:

— خانىش ئايىم، مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە، شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت. مەن قېرىپ قالدىم، تۆت كۈنلۈك ئۆمرۈم قالدى، پۇت ـ قولۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. ئوغلۇمدىن ئەمدى ئايرىلسام ئۇنى قايتا كۆرەلمەي يۈرىكىم لەختە بولۇپ ئۆلىمەن. ئوغلۇم نەدە بولسا مەن شۇ يەردە بولۇپ، ئۇنىڭ ئايىغىدا جان بەرسەم دەيمەن. شۇڭا، مەن ئوغلۇمدىن ئايرىلماسلىقنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ سەپەر تەييارلىقىدا تۇرىمەن. خانىش ئايىم ۋە مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتقىنىغا يۈز مىڭ رەھمەت. خاپا بولماي شاھ ئالىيلىرىغا دېگەيلا، مېنى ئوغلۇم بىلەن بىللە يولغا سالغان بولسا. ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ بۇ يەردە نېمە تاپارمەن؟ ئوغلۇم چۆلدە بولسا چۆلدە، تاغدا بولسا تاغدا يۈرسەم رازىمەن.

— مېنى خىجىللىقتا ئۆلتۈرمەڭ، ئانا. مەنمۇ ئۆز قىزىڭىزغۇ، مەنمۇ غېرىبجاندەك ھالىڭىزدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن، — دېدى سەنەم.

— گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالمىسىلا، مەلىكە قىزىم. ئوغلۇم بىلەن دوزاخقا كىرسەم خۇشالمەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ جەننەتتە قالسام ئىچىمگە دوزاخ ئازابى كىرىۋالىدۇ. مەن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولاي، خۇش بولاي، مېنى ئوغلۇمدىن

ئايرىمىغايسىلەر، — دېدى نىگارئايىم.

سەنەم يەنە نىگارئايىمغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

— بالىنىڭ ئوتى يامان، ئۇنى ئانا بولغۇچى بىلىدۇ.

بىر ئازدىن كېيىن مېھرىبانۇ خانىشلار خوشلىشىپ ياندى.

شەھەر ئىچىدە پۈت - قولى زەنجىرلەنگەن غېرىب كوشۇك هارۋىدا، ئاق لېچەك سالغان نىگارئايىم بىلەن گۈلجامال توگىدە ماڭدى. ئاتلىق ياساۋۇللار ئۇلارنىڭ ئالدى - ئارقىسىدىن قوغداپ ماڭدى. جاكارچى ئالدىدا مېڭىپ جاكارلىدى:

— ئەيىۋھەنناس، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئاۋامۇ خاس ! شاھ ئالىيلىرى تاغ قاراقچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىسيان كوتۈرگەن، مەلىكە ئالىيلىرىنى ئازدۇرغان گۇناھكار غېرىبنى قىپچاق چولىگە ئۇچ يىللىق سۈرگۈن قىلدى ! ئەلگە ئىبرەت بولسۇنكى، كىمكى تاغ قاراقچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرسە ئاقىۋىتى مانا شۇنداق بولىدۇ !

غېرىبنى ئېلىپ ماڭغان كوشۇك هارۋا سېپىل تۈۋىدىكى يول بىلەن ماڭدى، سەنەم سېپىل ئۈستىدە پەيدا بولۇپ پەسكە قاراپ يىغلاپ تۇۋلىدى:

— غېرىبجان، خوش ! مەن سىزنى ساقلايمەن ... بىر ئۈمۈر ساقلايمەن، سىزنى ئاللاغا تاپشۇردۇم !

— سەنەمجان ! ... ئۇزاقتا قالماي چوقۇم قايتىپ كېلىمەن، مېنى ساقلاڭ ! — دېدى غېرىبمۇ.

سەنەم ناخشا ئېيتتى:

بۈندىن كېتەر بولدۇڭ سەن قىپچاق چولىگە،
غېرىب، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
ئاللا سالدى جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
غېرىب، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

غېرىبمۇ ناخشا ئېيتتى:

مېنى كەتتى دەپ، يارىم، بولما سەرگەردان،
يىغلىما، جانىم سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.
قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ، ھەرگىز سولمىغىل،
يىغلىما، جانىم سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.

سەنەم:

بۇندىن كېتەر بولساڭ تاغلار تۇماندۇر،
بىر جامالىڭ كۆرمەككە يار، ئارزۇ مەندىدۇر.
سەن كەتكەندە ماڭا ئاخىر زاماندۇر،
غېرىب، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

غېرىب:

سېنىڭدىن مەن، يارىم، جۇدا بولغۇچە،
بىتاقەتلىك قىلما قايتىپ كەلگۈچە.
ۋەدەمگە تۇرارمەن ۋاقتىم يەتكۈچە،
يىغلىما، جانىم سەنەمجان، كەتسەم كېلۇرمەن.

سەنەم:

نەچچە كۈن تارتارمەن سېنىڭ جەبىرىڭنى،
قىنىپ سەيرى قىلالمىدىڭ باغى بەھرىمنى.
رازى ئىدىم بۈگۈن ئالساڭ جانىمنى،
غېرىب، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
٢

غېرىب:

يارىم كەتتى دەبان يىغلاپ ئولتۇرما،

قىزىلگۈلدەك رەڭگىرويۈڭ سولدۇرما.
دوستلار بىلسۇن، دۈشمەنلەرگە بىلدۈرمە،
يىغلىما، جانىم سەنەمجانىم، كەتسەم كېلۈرمەن.

غېرىب دەرلەر: ئىلاجىم يوق كەتمەككە،
شۇم پەلەك يېزىلدى جۇدا ئەتمەككە.
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ قانلار يۇتماقكە،
يىغلىما، جانىم سەنەمجان، كەتسەم كېلۈرمەن.

سەنەم:

سەنەم دەرلەر: جاپا بىلەن جەبرەم بار،
چىن ئاشىقمەن، يول ئۈستىدە قەبرەم بار.
بۈندىن كەتسەڭ ئۈچ يىلغىچە سەۋرەم بار،
غېرىب، سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

غېرىب:

غېرىب ئېيتۇر: تەقدىر شۇنداق بولمىسا،
ئەجەل يېتىپ شۇم پەيمانىم تولمىسا،
جانىم چىقىپ تېنىم چۆلدە قالمىسا،
يىغلىما، جانىم سەنەمجان، كەتسەم كېلۈرمەن.

يولىنىڭ چېتىدە تۇرغان خالايىقلار ئارىسىدىن مومايلار سېۋەت، بوغچىلاردا نان، تۇخۇم، مېۋىلەرنى كۆشۈكتىكى غېرىب بىلەن تۆگىدىكى نىگارئايىمغا يوللۇق تۇتۇپ، كۆز يېشى قىلىپ خوشلاشتى. سەنەم دېدىكى ئارقىلىق بىر تېرە ھەميان ئالتۇن تەڭگىنى غېرىبقا چۇشۇردى.

ئوردا ئىچى. شاھ ھۇجرىسىدا يوغان خەرىتىنى گىلەم سېلىنغان سۇپا ئۈستىگە يېيىپ قويۇپ چىلىم تارتقاچ ئايلىنىپ

يۇرۇپ كۆرۈۋاتاتتى. تۇران ئايلا ھاسىراپ كىرىپ كەلگىنىچە مەلۇم قىلدى:

— شاھ ئالىيلىرى ... شاھ ئالىيلىرى ...

شاھ خەرىتىدىن بېشىنى كۆتۈرمەستىن ئاچچىقلىنىپ ۋارقىرىدى:

— زېھنىمنى چاچما، ئۇششاق گەپلەرنى ماڭا مەلۇم قىلما دەپ قانچە دېدىم، گەپ ئاڭلىمايدىغان قىبرى، يوقال !

— خوپ، شاھ ئالىيلىرى ... بىراق ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلمىساق بولمايدىغان مۇھىم ئىش بار ئىدى، — دېدى تۇران ئايلا.

شاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ جىددىي سورىدى:

— نېمە ئىش؟

— مېھرىبانۇ خانىش ئايىم ئۆزلىرىنى دەرھال مەلىكە سەنەمنىڭ ھۇجرىسىغا بىر كېلىپ - كەتسە دەيدۇ، — دېدى تۇران ئايلا.

— مەلىكە بىرنېمە بوپتۇمۇ؟

— مەلىكە ئالىيلىرى ھوشىدىن كېتىپتۇ.

شاھ تارتمۇۋاتقان چىلىمنى غەزەپ بىلەن پارپىنىڭ بېشىغا تاشلىدى - دە، ۋارقىرىدى:

— قانچە قېتىم دېدىم، گەپنى قىسقا، مېغىزلىق قىل دەپ. تىلىڭنى چاينىغۇچە مەلىكە ھوشىدىن كەتتى دېسەڭ بولمامدۇ، جەددال ؟!

شاھ سۆزلىگەنچە خەرىتىنىمۇ يېتىقلاپ دەسسەپ چىقىپ كەتتى. پارپا يۇمىلاپ قوپۇپ پادىشاھنىڭ كەينىدىن مۇشت تەڭلەپ، ئېڭىكىنى خەپلەپ تۇرۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن ئالالمىغان دەردىنى تۇران ئايلانىڭ يوتىسىغا تېپىپ ئالدى. تۇران ئايلا ئۇنى ئۇرماقچى بولۇپ قوغلىدى، يېتىشەلمەي ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. پارپا تۇران ئايلانىڭ يوغان گەۋدىسى ئاستىدا يوقاپ كەتتى. ئۇ تۇران ئايلانىڭ كۆڭلىكىنى ئۆرۈپ چاترىقىدىن چىقىپ

ئىككى بارمىقىنى ئاغزىغا تىقىپ ئىسقىرتىپ سەكرىدى.
چەكسىز چۆل يولى. غېرىبلارنىڭ مەھبۇس كارۋىنى كېتىۋاتاتتى. قوغداپ ماڭغان قىرىق ياشلاردىكى ياساۋۇللار باشلىقى نىزامىدىن غېرىبقا ۋارقىرىدى:
— ھەي ... ھەي ... پالاندى! شەھەردىن چىققاندا تولا غەزەل توۋلاپ قولاق ـ مېڭەمنى پاك قىلىۋەتكەنىدىڭ. ئىنس ـ جىننى باغلاپ قويسا تۇرمايدىغان، ھەتتا چۆل تورغىيىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان بۇ چۆلدە سېنىڭ زۇۋانىڭنىمۇ ئاڭلىغىلى بولماس بولۇپ كەتتىغۇ ئەمدى؟! غەزەلچى دېگەن داڭقىڭ جاھانغا پۇر كەتكەن بولغاندىكىن، ماۋۇ چۆلدە بىزنى زېرىكتۇرمەي غەزەل توۋلا!
— ھەي ياساۋۇل، ناخشا ئاڭلىغۇڭ بولسا بۇنچىۋالا قايناپ كەتمەي چىرايلىق دېمەمسەن؟! — دېدى غېرىب.
— ھىم، ساڭا ياخشى گەپ لازىممىدى؟!
نىزامىدىن ئېتىنى هارۋىغا يېقىنلىتىپ كېلىپ غېرىبنىڭ بېشىغا قامچا بىلەن سىلىپ ۋارقىراپ تىللىدى:
— مەن ئەزەلدىن سەندەك پالاندى ئوغرى، گۇناھكارلارغا سىلى، ئۆزلىرى دېگەن ئادەم ئەمەس! سەن ئۆزۈڭچە مەندىن ياخشى گەپ تىلەۋاتامسەن، ئۆزۈڭنى كىم دەپ چاغلاپ قالدىڭ؟! بىلىپ قوي، سەن بىر رەزگى مەھبۇس. مەن زېرىكسەم، سەندەك ئاسىي مۇناپىقلارنى قامچىلاپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىدىغان ئادەممەن!
— ئۇنداق بولسا ئىچ پۇشۇقۇڭ چىققۇچە قامچىلاپ ئىچ پۇشۇقۇڭنى باس، نامەرد خۇمسى! — دېدى غېرىب.
نىزامىدىن تېخىمۇ جۇدۇنى تۇتۇپ غېرىبنىڭ باش ـ كۆزىنى قامچا بىلەن ساۋاشقا باشلىدى، نىگارئايىم يىغلاپ ۋارقىراپ، تۆگىدىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ تىزلىنىپ يالۋۇردى:
— مەن خۇش بولۇپ قالاي، ياساۋۇل بېگىم، مەن خۇش بولاي، مەن تىلىۋالاي، رەھىم قىلسىلا. ئوغلۇمنى ئۇرغۇچە مېنى

ئۇرسىلا. ئوغلۇمنى ئۇرغان قامچا ماڭا تەگسۇن ... خوش بولاي، ئوغلۇمنى تىلىۋالاي.

غېرىب ئانىسىغا ۋارقىرىدى:

— ئانا، يالۋۇرماڭ ! بۇ قارا كۆڭۈل، يۈرىكى تاشتەك قاتقان مەخلۇققا يالۋۇرغاندىن ئۆلگەن ياخشى !

— هە ... يۈرىكى ئاق ئوغلۇڭ تېخى قامچامغا تويماپتۇ. سەن قېرىمۇ ئالدىرىماي تۇر، ساڭىمۇ بار بۇ قامچا تېخى !

نىزامىدىن باش - كۆزى قان بىلەن بويالغان غېرىبنى تاشلاپ تىزلىنىپ يالۋۇرۇۋاتقان نىگارئايىمنىڭ باش - كۆزىگە قامچا بىلەن سالدى. گۈلجامال چىرقىراپ يىغلىدى. غېرىب ۋارقىرىدى:

— هەي نامەرد مەلئۇن، سېنىڭ ئاناڭ يوقمۇ، بىر قېرى موماينى ئۇرغىلى قولۇڭ قانداق باردى؟! سېنى تۇغقان، ئوغۇل بالا دەپ شۇمەك سالغان ئاناڭغا لەنەت ! سېنى ئانا تۇغماي، جىن - ئالۋاستى تۇغقانمۇ؟ سەن يەتتە باشلىق يالماۋۇزدىن ئايرىدە بولغانمۇ؟!

نىزامىدىن نىگارئايىمنى تاشلاپ، غېرىبقا ئېتىلىپ كېلىپ قامچا بىلەن يەنە باش - كۆزىگە سىلىپ تىللىدى:

— مەن هارامدىن بولغان، جادۇگەر تۇغقان، يوتقان تېشىدىن بولغان، دادامنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن، قانداق؟!

نىزامىدىن غېرىبنى تېخىمۇ غالجىرلىق بىلەن ئۇرغىلى تۇرغاندا، چىدىيالمىغان ياش ىىر نۆكەر نىگارئايىمنى يۆلىگەن بولۇپ قولىقىغا پىچىرلىدى، شۇئان نىگارئايىم بوغچىسىنى چۇۋۇپ ئىچىدىن تەڭگە قاچىلانغان تېرە خالتىنى چىقىرىپ ۋارقىراپ يالۋۇردى:

— ياساۋۇل بېگىم، مانا بۇ تىللالارنى ئۆزلىرىگە هەدىيە قىلاي، ئوغلۇمغا، بىزگە رەهىم قىلسىلا، ئوغلۇمغا رەهىم قىلسىلا !

نىزامىدىن شۇئان توۋلىدى:

— هە؟ ... هە ... مانا ئەمدى ئەقلىڭگە كەلدىڭ، رودۇپاي قىرى. يىگىرمە يىل خانىغا ئىشلەپ ئون تال تەڭگەم يوق، سەن پالاندىلارغا كىم قويدى بىر هەميان ئالتۇن تەڭگە خەجلەشنى؟

نىزامىدىن نىگارئايىم تىزلىنىپ تۇرۇپ تەڭلىگەن تىرە هەميانىنى هىجىيىپ تارتىۋالدى.

بۇ چاغدا سەنەم هۇجرىسىدا هالسىز ياتاتتى، شاھ كىردى. سەنەم شاهنى كۆرۈپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. مېھرىبانۇ خانىش يىغلاپ ئولتۇراتتى.

— نېمە بوپتۇ؟ — سورىدى شاھ.

— بىلەلمىدۇق؟ گېلىدىن هېچنېمە ئۆتمەيدۇ، تۈنۈگۈندىن بېرى هېچنېمە يېمەيدۇ، — دېدى مېھرىبانۇ.

شۇ چاغدا سىرتتىن تۇران ئايلا كىرىپ ئىمامنىياز پەيزۇللانىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

— دەرهال كىرىپ مەلىكىنىڭ كېسىلىنى كۆرسۇن ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى شاھ. خانىش بولسا سەنەمنىڭ كارىۋىتىنىڭ چىمىلدىقىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئىمامنىياز پەيزۇللا كىرىپ تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم مۆھتەرەم شاھ ئالىيلىرى، خانىش ئايىم، پېقىر خىزمەتلىرىگە كەلدىم.

— مەلىكىنىڭ هالى نېمە؟ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرسىلە، تەقسىر، — دېدى شاھ.

— خوپ، ئالەمپاناھ.

تۇران ئايلا سەنەمنىڭ قولىنى چىمىلدىق ئىچىدىن چىقىرىپ ئاق يىپەك ياغلىقنى بىغىشىغا قويۇپ بەردى. ئىمامنىياز پەيزۇللا پەم بىلەن سەنەمنىڭ تومۇرىنى تۇتتى، بىردەم كۆزىنى يۇمۇپ جىم تۇرغاندىن كېيىن:

— يەنە بىر قولىنى تۇتۇپ كۆرەي، — دېدى.

ئۇ سەنەمنىڭ يەنە بىر قولىنىڭ تومۇرىنى بايىقىدەك تۇتتى، قورۇق يۆتىلىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن قىينىلىپ دېدى:

— شاھ ئالىيلىرى ... هە ... مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ كۆزى

بىلەن تىلىنى كۆرۈپ بېقىشقا ئىجازەت بەرگەن بولسىلا.
— تومۇرىدىن بىلەلمىدىلىمۇ، تەقسىر؟
— مەلىكىنىڭ كېسىلىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلماق مۇشكۈل كېلىۋاتىدۇ، كەرەملىك شاھىم.
— بوپتۇ كۆرسىلە، — دېدى شاھ.
ئىمامنىياز پەيزۇللا ئېھتىيات بىلەن سەنەمنىڭ كۆز جىيەكلىرىنى قايرىدى، ئاندىن تىلىنى كۆردى.
— ئالىيلىرى، خانىش ئايىم پېقىرنىڭ مەلىكە ئالىيلىرىدىن ئىككى كەلىمە سۆز سورىشىغا ھەمدەم بولسا، بىز باشقا ئۆيدە تۇرۇپ تۇرساق، خانىش ئايىم پېقىرغا شۇ سۆزنى سوراپ يەتكۈزسە بولارمۇ؟
شاھ تېۋىپقا بىردەم تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن خانىشقا قارىدى، خانىشمۇ تېڭىرقاپ قارىدى.
— قېنى تەقسىر، خانىشقا دېسىلە.
ئىمامنىياز پەيزۇللا ئېھتىيات بىلەن خانىشنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. خانىشنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئېچىلىپ، قولى بىلەن ئاغزىنى تۇتۇۋالدى.
— بىز ئەمدى باشقا ھۇجرىغا چىقىپ تۇرساق، شاھ ئالىيلىرى، — دېدى ئىمامنىياز.
شاھ، ئىمامنىياز، تۇران ئايلا ۋە چۆرە - دېدەكلەر چىقىپ كەتتى.
پايانسىز چۆل. غېرىبنى يالاپ ئېلىپ ماڭغان نىزامىدىن باشلىق ياساۋۇللار بىر تۈپ قېرى سۆگەتنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇشتى. ئاتلىرىنىڭ بېشىغا توۋرىنى كىيدۈرۈپ بوغۇز بەردى. ئۆزلىرى داستىخاندىكى ناننى يەپ، تولۇملىرىدىن سۇ ئىچىشتى. غېرىب بولسا ئاپتاپتا كۆشۈك ھارۋىدا ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتتى. ئۇنىڭ يېنىدا نىگارئايىم مىنگەن تۆگە چۆكتۈرۈلگەن، تۆگە يېنىدا نىگارئايىم جايىنامازدا دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇردى. گۈلجامال ئانىسىنىڭ پېشىدە قورۇپ كەتكەن

لەۋلىرىگە بىگىز بارمىقىنى تەگكۈزۈپ، نان يەپ، سۇ ئىچىۋاتقانلارغا تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. غېرىب قۇرۇپ گەز باغلاپ چاك ـ چاك يىرىلغان كالپۇكلىرىنى يالاپ ئازاب بىلەن ناخشا توۋلىماقتا. ئۇنىڭ يۈزىدىكى قامچىنىڭ يارىسى ئىششىپ يىرىڭلاپ كەتكەندى.

يىر كارامەت ئەيلەگىل، بىدەستە بىقۇۋۇلمەن بۇ كۈن،
ئۆمرۈم ئۆتتى ۋادەرىخا، كۆرسەڭ گۇمراھمەن بۇ كۈن.
يول خەتەر، مەنزىل يىراق، بىزارلىقتا ئۆتتى ئۆمۈر،
گاھ ئارىپ، گاھ مۆمىن، گاھ تەرسا مەن بۇ كۈن.
ھېچ بىلمەستىن ئۆزۈمنى قايسى ئەلنىڭ ئوغلىمەن،
گاھى ۋاسىل، گاھىدا مەھرۇمى دەرگاھىمەن بۇ كۈن.
غېرىب ئىنشائى دىل كۆپتۇر، قانى ئۆمۈر دەرازى،
خەلق ئېيتۇرلەركى، مەن مەشغۇلى سەۋدامەن بۇ كۈن.
زۇلفۇڭ سەۋداسىدىن كۆڭلۈم پەرىشاندۇر بۇ كۈن،
يار ۋەسلىنى كۆرمەي يەر بىلەن يەكساندۇر بۇ كۈن.

غېرىب ھالسىزلىنىپ كۆشۈك هارۋا ئىچىدە يىقىلىپ يېتىپ قالدى، نىزامىدىن ۋارقىرىدى:

— ھەي پالاندى ... ناخشاڭنى توختاتماي توۋلا، بولمىسا ساڭا بېرىدىغان سۇ، نان يوق.

نىگارئايىم ئورنىدىن قىيىنلىپ تۇرۇپ كۆشۈك هارۋا ئىچىدىكى ھالسىز ياتقان غېرىبقا قاراپ قويۇپ، يىغلاپ يالۋۇردى:

— خۇدا رازىلىقى ئۈچۈن بولسىمۇ ئازراق سۇ بىلەن نان بەرسىلە، ياساۋۇل بېگىم. ئوغلۇم ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتا ئىسسىق ئۆتۈپ ئۆلۈپ كەتمىسۇن.

— مەن ئۇ پالاندىنىڭ ناخشىسىغا قانمىسام، ئۇنىڭغا نان

بىلەن سۇ نەدە؟ ئۇ يەنە توختىماي ناخشا ئېيتسۇن، ئۇ ناخشا ئېيتسا قەپەستىكى بۇلبۇل سايرىغاندەك كۆڭلۈم ئېچىلىدۇ. بېرىپ دە، ئۇ ناخشىنى ئېيتسۇن، ئاندىن سۇ بىلەن نان بېرىمەن، — دېدى نىزامىدىن.

— بىر قاچا سۇ بىلەن بىر بۇردا نان بەرسىلە، ئوغلۇم مادارىغا كېلىۋېلىپ ئاندىن ناخشا ئېيتىپ بەرسۇن، ياساۋۇل بېگىم.

— ئۇنداقتا بىر قاچا سۇ بىر تىللا، بىر بۇردا نان ئىككى تىللا، — دېدى نىزامىدىن.

— بار - يوق تىللانىڭ ھەممىنى ئۆزلىرىگە بەردىم، ياساۋۇل بېگىم، مەندە ئەمدى پۇل يوق، — دېدى نىگارئايىم.

— يالغان گەپ قىلىپ مېنى ئالداپ بولالمايسەن، قېرى، ماڭا بەرگىنىڭ مەلىكە ساڭا يوللۇق تۇتقان تىللا، سېنىڭ بوغچاڭغا تۈگكەن تۈگۈنچەكلىرىڭ بار تېخى. ئاۋۇ ئالتۇن زىرەڭمۇ پۇلغا ھېساب، — دېدى نىزامىدىن.

— ئالتۇن زىرەم كېرەك بولسا بېرەي.

نىگارئايىم ئالدىراپ قۇلىقىدىن ئالتۇن زىرىسىنى ئېلىپ بەردى. نىزامىدىن ئۇنى دەڭسەپ كۆرۈپ، يېنىدىكى نۆكەرگە بېشى بىلەن ئىشارەت قىلدى. نۆكەر تېرە تۇلۇمدىن بىر قاچا سۇ تۆكۈپ، بىر نان بىلەن بەردى. نىگارئايىم خۇشال بولۇپ، سۇنى ئېلىپ غېرىبنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

سەنەمنىڭ ھۇجرىسى. سەنەمنىڭ قېشىدىن ياندىكى ھۇجرىغا يېنىپ چىققان مېھرىبانۇ خانىش ئىمامنىياز پەيزۇللاغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى، ئاندىن خانىش شاھنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئىمامنىياز شاھنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇردى.

— ھە تېۋىپ تەقسىر، گەپ قىلسىلا، قىزىم نېمە كېسەل ئىكەن؟ — سورىدى شاھ.

ئىمامنىياز قورقۇپ يۆتىلىپ، گېلىنى قىرىپ دېدى:

— شاھ ئالىيلىرى، ئېيتاي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، دېمەي دېسەم دىلىم ... ئەڭ ياخشىسى بۇ ... بۇ گەپنى ئۆزلىرىگە خانىش

ئايىم دېگەن بولسا، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

شاھ گۇمان نەزىرى بىلەن بىر خانىشقا، بىر تېۋىپقا قاراپ ۋارقىرىدى:

— تولا ئىچىمنى سىقماي گەپ قىلىڭلار!

خانىش قورقۇمسىراپ تۇرۇپ شاھنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. شاھنىڭ كۆزى چاچراپ چىقىپ كەتكۇدەك بولۇپ، چىشلىرى كىرىشىپ، ئالدىدىكى چاي شىرەسىگە مۇشت بىلەن قاتتىق ئۇردى. پىيالە سەكرەپ ئىچىدىكى چاي تۆكۈلدى.

— يالغان ! خۇنپەر، نېمە دەۋاتىسەن؟ مەن سېنىڭ زۇۋانىڭنى دارغا تارتمايدىغان بولسام ...

شاھ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىمامنىيازنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ ئېلىپ، بوغۇلۇپ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى:

— سەن بەتبەخت تېۋىپ، يالغان گەپ قىلما، سەن ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان كالۋا ! مەن مۇشۇ گېپىڭ ئۈچۈن سېنى تىلىڭدىن دارغا ئاسىمەن. جاللات ... جاللات ... ماۋۇ خۇنپەرنى تىلىدىن باغلاپ دارغا ئېسىڭلار!

ئىمامنىياز قورقۇنچتا پۇت ـ قوللىرىنىڭ جېنى قالماي ئىزىغا يىقىلدى، جاللاتلار كېلىپ ئىمامنىيازنى باسماقداپ سۆرەپ ماڭدى.

— ماڭا ئۇۋال بولدى، ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا، شاھ ئالىيلىرى. باشقا كاتتا تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ مېنىڭ ھۆكۈمىم خاتا چىقسا، مېنى دارغا ئاسسىلا مەن رازى، خان ئالىيلىرى ... ماڭا ئۇۋال بولدى ... ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا ... خانىش ئايىم، ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىغاي، پېقىرنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكەن بولسىلا، — دېدى ئىمامنىياز.

— توختاڭلار ... توختاڭلار ...

خانىشنىڭ گېپى بىلەن جاللاتلار توختىدى.

— تېۋىپ ھەزرەتتىن سەۋەنلىك ئۆتۈلگەن بولۇشى مۇمكىن،

ئەمما گۇناھ يوق، ئۇنى ئالدىراپ جازاغا تارتمىغايلا. ئۇنىڭ شىپالىق قولى ئۆزلىرىنى تەندۇرۇس ھالەتكە كەلتۇردى، ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسى كىچىك ئەمەس. ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكەيلا، — خانىش شاھقا مۆلدۈرلەپ يېلىندى.

— ئۇنى قويۇۋېتىڭلار ... ھە ... راست، سەن تېۋىپ مېنى داۋالاپ ساقايتقانىدىڭ ـ ھە، لېكىن ... لېكىن ... سېنىڭ ھازىر دېگەنلىرىڭ يالغان، — دېدى شاھ.

— ھەممىنى بىلگۈچى ئۇلۇغ تەڭرىمدۇر، شاھ ئالىيلىرى، بەندە ئازغۇچىدۇر. بەلكىم ئازغاندىمەن. مەلىكىنى بىر مەزگىل كۆزىتىپ يەنە تەكشۈرۈپ ئاندىن بىرنېمە دەي. مېنىڭ مۇشۇ تىلىم، مۇشۇ ئالدىراڭغۇ قاپاق كاللام ئۆزلىرىنى خاپا قىلدى، مېنى كەچۈرگەيلا، ماڭا ئىلتىپات قىلغانلىرىغا يۈزمىڭ رەھمەت، ئالىيلىرى، — دېدى ئىمامنىياز.

— ھە ... ھە ... ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ. راست، سەن يەنە تەكشۈر، دورا بەر، بىر قانچە زامان كۆزەت، ئاندىن گەپ قىل!

— تەنتەكلىكىمنى ئەپۇ قىلغايلا، ئالىيلىرى، — دېدى ئىمامنىياز.

دەشت ـ چۆلدە نىزامىدىن بىر قاچا سۇنى كۆشۈك ئىچىدىكى كالپۇكلىرى چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتكەن غېرىبقا تەڭلىدى، غېرىب قولىنى تەڭلىسە تارتىۋالدى، غېرىب جىممىدە ئولتۇرسا يەنە تەڭلىدى، غېرىب ئالمىدى.

— ئاله پالاندى، ئالمايسەنغۇ، سەن قايسى ھالىڭغا مېنىڭ قولۇمنى قايتۇرىسەن ؟! سەن مېنىڭ ئالدىمدا نېمىتىڭ؟ سەن پالاندى گۇناھكار، ئاسىي قەلەندەر تېخى مېنىڭ قولۇمنى قايتۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ؟... ئاله ... يەنە ئالمايدىغان بولساڭ مەن سېنى چۆلدە سۇسىز، ئاچ قويۇپ، ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ ئۆلتۈرىمەن، ئاله! — دېدى نىزامىدىن.

— ئالغىن ئوغلۇم، ياساۋۇل بېگىمنىڭ قولىنى قايتۇرما، ئالغىن ... ئالغىن ... ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. بۇ چۆلدە بىھۇدە

جان قىيناپ ئۆلۈپ كەتسەڭ ... مەن قانداق قىلىمەن؟ مەندىن بالدۇر ئۆلۈپ كەتسەڭ، مېنى كىم يەرلىكىمدە قويىدۇ؟ بالام، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، ئالە، — دەپ يالۋۇردى نىگارئايىم.

غېرىب يەنە قولىنى سوغا تەستە تەڭلىدى، كۆزلىرىدىن تارامالاپ ياش چىقىپ كەتتى. نىزامىدىن قاچىنى يەنە تارتىۋالدى، غېرىبنىڭ قولى بوشلۇقتا قالدى، نىزامىدىن تاۋاقنى يەنە تەڭلىدى. بۇ قېتىم غېرىب نىزامىدىننىڭ قولىنى بېغىشىدىن تۇتۇۋالدى ــ دە، ھۆركىرىگىنىچە ئۇنىڭ قولىنى كۆشۈك ئىچىگە تارتىپ تولغاپ، باش ــ كۆزىنى كۆشۈك ياغىچىغا ئۇرۇۋەردى. نىزامىدىن توڭگۇزدەك چىرقىراپ كەتتى. ئولتۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقان مۆلازىملار ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كېلىپ بولغۇچە، غېرىب نىزامىدىننىڭ مەيدىسىگە قاتتىق تەپتى، نىزامىدىننىڭ ئاغزىدىن قان يېنىپ كۆزلىرى ئالىيىپ قالدى. باشقا نۆكەرلەر قىلىچ شىلتىپ بولغۇچە غېرىب كۆشۈككە ئۆزىنى قاتتىق ئۇرۇپ، كۆشۈك ياغىچىنى سۇندۇرۇپ يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشتى ــ دە، يۇمىلاپ قوپۇپ، قولىدىكى زەنجىرلەر بىلەن قىلىچلىق نۆكەرلەرگە تاقابىل تۇردى. ئېتىلىپ كەلگەن نۆكەرنىڭ قىلىچىنى زەنجىر بىلەن بىر ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ قىلىچىنى قولىغا ئېلىۋالدى. ئىككى نۆكەرنى كەينى ــ كەينىدىن قىلىچلاپ يەر چىشلەتكەندىن كېيىن، قالغان ئۈچ نۆكەر ئېتىغا مىنىپ قېچىپ كەتتى. غېرىب دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ نۆكەرلەرنىڭ داستىخىنىدىكى تۇلۇمنى ئېلىپ سۇنى غورتۇلدىتىپ ئىچتى. ئاندىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ دەلدۈگۈنۈپ كېلىپ ھاڭقىيىپ ئىزىدا ئولتۇرۇپ قالغان ئانىسىغا تۇلۇمدىن سۇ ئىچكۈزدى. ئانىسى ئېسىگە كېلىپ نىمە ئىش دەپ ئەتراپقا قارىغۇچە، غېرىب ھالسىز جىممىدە ياتقان گۈلجامالنى يۆلەپ ئاغزىغا سۇ تېمىتتى. ئانىسى ئوغلىنى كەينىدىن ئۆمىلەپ كېلىپ قۇچاقلىدى.

چاھارباغدىكى گۈللۈك راۋاق. سەنەم قولىدىكى كىتابنىڭ قۇرلىرىغا قاراپ ئولتۇرماقتا. كىتابنىڭ قۇرلىرى ئورنىدا

غېرىبنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈپ تۇرغان ھالىتى نامايان بولدى، سەنەم كۆزىنى يۇمۇپ راۋاقنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ خىيالغا پېتىپ ناخشا ئېيتتى. سەنەم ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرىمىغا كەلگەندە، ھۆ تۇتۇپ بولالماي قالدى. گۈللۈك ئارىسىغا مۆكۈنۈپ ناخشا ئاڭلاپ ئولتۇرغان دېدەك قىزلار سەنەمنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. يىراقتىن كېلىۋاتقان مېھرىبانۇ خانىش ئالدىراپ سەنەمنىڭ يېنىغا كەلدى. سەنەم ھە دەپ قۇرۇق ھۆ قىلىپ قىينالدى. دېدەكلەر ئالاقزادە بولۇشۇپ سەنەمنىڭ دۈمبىسىنى يېنىك شاپىلاقلىدى ھەم سىلىدى. مېھرىبانۇ خانىش قىزىغا قاراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— جان قىزىم، مەلىكەم، نېمە بولغانسىز؟ نېمە ئىش بۇ؟

— مەلىكە ئالىيلىرى كۆڭلۈم تارتمىدى دەپ ھېچ نەرسە يېمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، ئاچلىقتىن كۆڭلى ئاينىپ قالدىمىكىن دەيمەن، — دېدى دېدەك.

— مەلىكەم، جان قوزام، بىرنەرسە يېمىگىنىڭىز بولماپتۇ. كۆڭلىڭىز ئاينىپ قاپتۇ، نېمە يېسىڭىز بىرنېمە يەڭ.

سەنەم ھالسىزلانغان ھالدا ئۆزىنى خانىشنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ ئۆرە تىنىپ تۇرۇپ دېدى:

— خانىش ئانا ... ئاغىچا ئانامنى نەگە يوق قىلدىڭلار؟ ئاغىچا ئانام ھالىمغا يېتەتتى، ئۇنىڭدىن دىلىم سۇ ئىچەتتى ... ئۇنى تېپىپ بەرسەڭلار! ئاغىچا ئانامنى زادى نەگە يوقاتتىڭلار؟

خانىش يەرگە قاراپ تۇرۇپ گۇناھكارلارچە دېدى:

— شاۋاز سىزنىڭ قېچىپ كېتىشىڭىزنى ئۇنىڭدىن كۆرۈپ، ئۇ بىچارىگە ئۇۋال قىلدى.

— قانداق بولدى؟ ئۇنى زىندانغا تاشلىدىمۇ؟ — سورىدى سەنەم ئەنسىزلىك بىلەن.

— ئىشقىلىپ، ئۇنى يوق قىلدى، نەگە يوقاتتى، بىلمەي قالدۇق، — دېدى خانىش.

— مەن زىندانلارنى ئاختۇرىمەن، ھەممە يەرنى ئىزدەيمەن.

سەنەم يۇلقۇنۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، بېشى قېيىپ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، كېنىزەكلەر يۆلىۋالدى.

دەريا بويىدىكى توغراقلىق مەھەللە. ھويلىدىكى تال بارىڭ ئاستىدىكى گىلەم سېلىنغان يوغان كات ئۈستىدە ھۆربانۇ، ئايشە، پەزىلەتخانلار ئارسلان تېكىننى ئەركىلىتىپ قولدىن - قولغا ئېلىپ ئويناتماقتا. دېدەك بۆشۈكنىڭ لاتىسىنى يەڭگۈشلەپ تەرەت قاچىسىنى ئادالاپ بۆشۈك راسلاۋاتاتتى. شۇ چاغدا بىر توپ خان لەشكىرى ھويلىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇلارنى قورشىۋالدى. بوۋاق قورقۇپ كېتىپ قىرقىراپ يىغلىدى.

نىياز ھاكىم قەسرىدە بەگ، نۆكەرلىرىنىڭ سۈرلۈك سەپراس تۇرۇشى بىلەن ئۈز كۈرسىدا قېتىپ ئولتۇراتتى. قارا چۈمبەللەرگە پۈركەنگەن پەزىلەتخان، ئايشە، بالا كۆتۈرگەن ھۆربانۇلارنى لەشكەرلەر ھەيدەپ كىردى. ھۆربانۇنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاق توختىماي قىرقىراپ يىغلايتتى. قىرى ھاكىمنىڭ بېشى ئاغرىپ بىئارام بولۇپ دېدى:

— ھەي ... جادۇگەر خوتۇن، بالاڭنىڭ زۇۋانىنى ئۆچۈر!

— بالامنى يىغلاتقان سەن بولغاندىكىن، نوچى بولساڭ سەن ئۆچۈر!

ھۆربانۇنىڭ گەپلىرىدىن تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ھاكىم تېرىكىپ ئالدىدىكى توقماقنى شىرەگە ئۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ھۇ جادۇگەر، سەن تېخى مەن بىلەن جاۋابلىشىۋاتامسەن ؟!

ۋەلى بايۋەچچە باشلىق يەتتە جېسەكچىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشتۈڭ. خاننىڭ باجگىرىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قانچىلىك ئېغىر گۇناھلىقىنى بىلىشەمسەن؟ مەن ھەممىڭنى تاش - كېسەك ئېتىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيمەن. ئاچقىڭلار بۇ ئالۋاستىلارنى ! جۈمە مەسچىتىنىڭ ئالدىدا جۈمە كۈنى تاش - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈڭلار ! ئاۋۇ ھارامدىن بولغان يېتىمەكنى مەسچىتكە

ئاچىقىپ ساۋاب ئىزدەپ يۈرگەن سېخىيدىن بىرىنىڭ بېقىۋېلىشىغا ياكى بالا يۈزى كۆرمىگەن شەقىقىدىن بىرىگە بېرىڭلار، بېقىۋالسۇن!

نىياز ھاكىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ياساۋۇللار ئۇلارنى ھەيدەپ تارتقۇشلاپ سىرتقا تارتتى.

شۇ ئارىدا ئايشە ۋارقىرىدى:

— ھەي پوق ساقال ھاكىم، كۆزى كور قېرى! سەن نوچى بولساڭ پادىشاھىئالەمنىڭ خانىشىنى ۋە ئۇنىڭ شاھزادىسىنى ئۆلتۈرۈپ باقە قېنى! پادىشاھ سېنىڭ يەتمىش پۇشتۇڭغىچە قاڭغىر قاقشىتىپ ئۆلتۈرمەيدىغان بولسا ماۋۇ ساق قولىقىمنى كېسىپ بېرىمەن. بىلىپ قوي، بۇ پادىشاھ ئالىيلىرى پۈتۈن ئەلگە ئىزدەپ چاپارمەن ئەۋەتكەن، ئىزدەپ تاپالمايۋاتقان كىچىك خانىش ھۆربانۇ بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ شاھزادىسى ئارسلان تېكىن. ئىشەنمىسەڭ بۇنى كۆر ...

ئايشە كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى سۆكۈپ، كۆك رەڭلىك بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن خانلىق دەستەكنى چىقاردى. ھاكىم باشلىق بارلىق ئەمەلدار ـ بەگلەر ئېغىزلىرى ئېچىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ھاكىمنىڭ كاتىپى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئايشەنىڭ قولىدىكى خانلىق دەستەكنى ئالماقچى بولدى. ئايشە ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئۆزى كېلىپ دېدى:

— سەنلەرنىڭ خانلىق دەستەكنى تۇتۇش ئەمەس، كۆرۈشكىمۇ سالاھىيىتىڭ توشمايتتى. ئامالسىز كۆرسىتىۋاتىمەن. مانا كۆر، كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ كۆرۈش! كۆرۈپ بولۇپ بىزنى دەرھال ئوردابالىققا، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا يەتكۈزۈپ، كىچىك خانىشنى تاپقانلىق ئىنئامىنى ئېلىشقا ئاتلىنىش!

نىياز ھاكىم قاتتىق چۆچۈدى. ئۇ تېگىرقىغىنىچە ئايشەنىڭ قولىدىكى دەستەكتىكى يوغان ئالتە بۇرجەكلىك خان مۆھرىنى ھەم خانىنىڭ ھۆسنخەت بىلەن يېزىلغان ئىسمىنى كۆردى ـ دە،

ۋوجۇدىنى تەر بېسىپ كەتتى.
بۇ چاغدا شاھ ھۇجرىسىدا چىلىم تارتىپ يانپاشلاپ ياتقىنىچە نەغمە ئاڭلاپ، قىزلارنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرمەكتە ئىدى.

ئىتلار قاۋىشار گادايىنى كۆرسە،
ئاشىق سۆيۈنەر بالانى كۆرسە.
كۆپ نالە قىلۇر سەھەردە بۇلبۇل،
گۇلنىڭ يۈزىدە سابانى كۆرسە.
پەرۋانە ئۇرار ئۆزىنى چىراغقا،
ئوتنىڭ يۈزىدە خۇدانى كۆرسە.
مەقسەتكە يېتۇر نەۋائى شۇ دەم،
مەھشەر كۈنلىرى مۇستاپانى كۆرسە.

مېھربانۇ خانىش پەم بىلەن كىرىپ شاھنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ـ دە، قۇلىقىغا پىچىرلىدى. شاھ كۆزىنى پاللىدە ئېچىپ ئايىغىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزلارغا تىلىنى چىقىرىپ، كۆزىنى قىسىپ، قاش ئېتىپ ياتقان پارپىنىڭ بېشىغا تەپتى. پارپا يۈملاپ قوپۇپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى. شاھ ھەممىسىنى ئاچىقىپ كەت دەپ ئىشارەت قىلدى، پارپا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۇسسۇلچى قىزلارنى، ناخشا توۋلاۋاتقان نەغمىكەشلەرنى قوللىرىنى شىلتىپ، يەرگە تېپىپ قوغلاپ چىقىپ كەتتى. قول باغلاپ بىر چەتتە تۇرغان تۇران ئايلامۇ ئىشارەت قىلدى. بارلىق مۇلازىم، نۆكەر، دېدەكلەرمۇ قول باغلاپ تەزىم قىلىپ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ھۇجرىدا شاھ بىلەن مېھربانۇ خانىش قالدى. شاھ قاپىقىنى تۈرۈپ:
— يەنە بىر دېسىلە، نېمە دەپ جۆيلۈيدىلا؟ — دېدى.
— ئالىيلىرى، تېۋىپنىڭ ھۆكمى توغرىدەك تۇرىدۇ. قىزىمىزنىڭ بويىدا بار ئىكەن.
شاھ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ساقىلىنى

چاڭگاللاپ، پۇتىغا پۇتلاشقان چىلىمنى تېپىپ تاشلاپ ۋارقىرىدى:

— بۇ نېمە تارتقۇلۇق ئەمدى؟ قىز بالا دېگەن زادى تۆگە گۆشى بىرنېمە، ئۇزۇن تۇرسا سېسىيدۇ. قىزىڭ تۇگمىشىپتۇ، بىزنى رەسۋايىئالەم قىپتۇ. ما خاپىلىقنى كۆر ئەمدى. ياق ... ياق ... ياق ... ئۇنىڭ بالىسى بولسا بولمايدۇ، ئۇ دېگەن مەلىكە.

بۇ چاغدا سەنەم ئالدى ـ كەينىدە مەشئەل تۇتقان نۆكەر ۋە دېدەك قىزلارنىڭ ھەمراھلىقىدا زىندانغا قەدەم باسقانىدى. ئۇ زىندان پەلەمپىيدىن چۈشۈپ، پەستىكى كارىدوردا ئىككى تەرەپتىكى زىندان ۋادەكلىرىگە چاپلىشىپ ئۇزىگە قوللىرىنى تەڭلەۋاتقان جۇل ـ جۇل كىيىملىك، باش ـ كۆزلىرى مەينەت، چاچ ـ ساقال باسقان مەھبۇسلارغا قورقۇنچ ھەم يىرگىنچ بىلەن قاراپ ماڭدى. مەھبۇسلار نالە قىلىشتى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، بىزگە رەھىم ـ شەپقەت قىلغايلا. مەلىكە ئالىيلىرى، بىزگە رەھىم ـ شەپقەت قىلغايلا ...

سەنەم كېتىۋېتىپ يەنە كۆڭلى ئېلىشىپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى. بىرقانچە مەھبۇس ئۇنىڭغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

— ھا ... ھا ... ھا ... مەلىكە ئالىيلىرى ھامىلىدار ئىكەن، سىزنىڭ بولۇپ قاپتۇ، ئاسماندىن چۈشكەن پەرىزاتتەك، ئەتىۋار مەلىكىنى بوغاز قىلىپ قويغىنى قانداق تەلەيلىك ئەبلەختۇ؟ قاراڭلار، ئۇنىڭ قاشتېشىدەك سۇزۇك بويىنىغا ... ھا ... ھا ... — دېدى بىر مەھبۇس.

— ئۇنىڭ ئاق قۇنىڭ بويىنىدەك بويىنىنى قايسى ئامەتلىك خۇنپەر گىرە سېلىپ تولغاپ، ۋاي جېنىم، تاتلىقىم دېگۈزگەندۇ؟ ھا ... ھا ... ھا ... — دېدى يەنە بىر مەھبۇس.

گۇندىپاي يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنى قامچىلىدى.

— ئۇرماڭلار ... مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىڭلار. شاھ ئاتامغا ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى سەنەم.

گۇندىپايلار، ياساۋۇللار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، تارتىنىشىپ

تۇردى. سەنەم گۇندىپاي بىلگە ئېسىۋالغان ئاچقۇچىنى تارتىپ ئېلىپ يەنە ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئاچە ئىشىكنى، ئۇلارنى زىنداندىن ئازاد قىلدىم. شاھ ئاتامغا ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن.

گۇندىپاي تارتىشىپ، تەستە زىندان ئىشىكلىرىنى ئاچتى. مەھبۇسلار بىر ـ بىرىنى قىستىشىپ، ئىتتىرىشىپ ئىشىكلەرگە پاتماي، ياساۋۇل، گۇندىپايلارنى ئىتتىرىشىپ، ھەتتا سەنەمنىمۇ ئىتتىرىپ تامنىڭ تۈۋىگە قاپلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. سەنەم زىنداننىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى، گۇندىپاي، ياساۋۇللار ئۇنىڭغا ئەگەشتى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، ئىچكىرىگە ماڭغانسىرى سېسىق ھەم پىت ـ بۈرگە يامان، ئادەمگە تېزلا چاپلىشىۋالىدۇ. تېخىمۇ كۆڭۈللىرىنى ئېلىشتۇرۇپ ئۆزلىرىنى بىسەرەمجان قىلىدۇ، — دېدى زىندان بېگى.

— ئاغىچا ئانامنى تېپىپ بەر، ئۇ قەيەردە؟ — سورىدى سەنەم.

— ئەمدى ئىچكىرى تەرەپتە ئايال مەھبۇس يوق، بولسا مەن ئاچىقىپ سىلىگە كۆرسىتەتتىم، — دېدى زىندان بېگى.

— ئەمىسە ئاغىچا ئانام نەدە؟

— كەچۈرگەيلا، مەلىكە ئالىيلىرى، ئاغىچا ئانا زىندانىمىزدا يوق، — دېدى زىندان بېگى.

— ئەمىسە ئۇ نەگە كەتتى؟ — سورىدى يەنە سەنەم.

— بۇنى مەن بىلمەيدىكەنمەن.

— سەن بىلمىسەڭ، ئەمىسە كىم بىلىدۇ؟ يەنە ئېيتىپ بەرمىسەڭ، مەن زىندانىڭدىكى ھەممە مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىۋېتىپ شاھ ئاتامغا سېنى چاقىمەن.

زىندان بېگى تىزلىنىپ ئۆزىنى كاچاتلاپ يالۋۇردى:

— ماڭا رەھىم قىلغايلا، مەلىكە ئالىيلىرى، مەن راستىنلا بىلمەيمەن. بىلگەن بولسام سىلىگە مىڭ مەرتەم دەپ بېرەتتىم،

راست بىلمەيدىكەنمەن. ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن. مېنىڭ چۆچۈرىدەك ئالتە بالام بار. ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا ... مەن راستىلا بىلمەيمەن ...

مەلىكە سەنەمنىڭ يەنە كۆڭلى ئېلىشىپ، ئاغزى - بۇرنىنى ئېتىپ كەينىگە يېنىپ چىقىپ كەتتى.

چۆل يولى. يولغا يېقىن سۆگەت تۈۋىدە غېرىب جېنىدىن ئايرىلغان نىزامىدىننىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ ئاچقۇچنى ئېلىپ، ئاۋۋال قولىدىكى ئىشكەلنى، ئاندىن پۇتىدىكى ئىشكەلنى ئاچتى - دە، ئۇنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ تېرە ھەميانىنى ئېلىپ ئانىسىغا بەردى. ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى ئېلىپ سۆگەتنىڭ سايىسىگە كەلدى - دە، تۇلۇمدىكى سۇنى قاچىغا تۆكۈپ ئانىسىغا ئىچۈردى، قورقۇپ كېتىپ ئانىسىنىڭ ئېتىكىگە بېشىنى تىقىۋالغان گۈلجامالنى پەپىلەپ ئۇنىڭغا سۇ ئىچۈردى، نان يېگۈزدى.

— ئەمدى قانداق قىلارمىز، بالام؟ پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ. ئەمدى ئاران تۇرغان شاھ يەنە ۋەدىسىدىن يېنىۋالارمۇ؟ ئۈچ يىل قىينالساقمۇ قىينىلىپ ئوردابالىققا شاھنىڭ ئالدىغا بارساق چىرايلىق تويۇڭلارنى قىلىپ مۇراد - مەقسىتىڭلارغا يەتسەڭلار، خاتىرجەم كۆز يۇمسام بولماسمىدى؟

نىگارئايىم شۇنداق دەپ گۈلجامالنى قۇچاقلاپ بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— ئۆزۈڭنى ئۇپراتمىغىن، ئانا. شاھنىڭ كۆڭلىدە نېمە بار، ئۆزى بىلەن خۇدا بىلىدۇ. مەن بۇ گۇندىپاينىڭ ئەلپازىدىن شاھنىڭ كۆڭلىدە بىر يامان نىيەت بارلىقىنى پەملەپ قالدىم. بولمىسا گۇندىپاي بۇنچىۋالا قاپ يۈرەكلىك بىلەن بىزنى بوزەك قىلىپ خورلىمايتتى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قارىسام بىزنى قىيناپ ئۆلتۈرىدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ شۇنچە سەۋر - تاقەت قىلسام ئۇ ھەددىدىن ئاشتى. بابا يىقىلغانچە ياتسام ئەمدى ئىككىنچىلەپ ئورنۇمدىن تۇرالمايدىغىنىمغا كۆزۈم

يەتكەنىدى.

غېرىبىنىڭ گەپلىرىدىن نىگارئايىم بىردىنلا سەگەكلىشىپ دېدى:

— بالام، بۇ يەردىن چاپسان بىر تەرەپكە ماڭايلى. قېچىپ كەتكەنلەر ئادەم باشلاپ كېلىپ قالمىسۇن يەنە.

— ئۇلار بىر كۈن ئاتلىق ماڭسا ئاندىن ئادەم بار يەرگە بارالايدۇ، ئانا. ئۆزلىرى كېلىشكە پېتىنالمايدۇ، قورقماڭ!

— ئەمدى نەگىمۇ بارارمىز؟ شاھنىڭ ئالدىغا بولغان ئەھۋالنى دەپ بارامدۇق يا؟ — دېدى نىگارئايىم.

— ئەمدى سىلىنىڭ گۈندىپايلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كەلدۇق، دەپ ئالدىغا بارامدۇق؟

— ئەمىسە نەگە بارىمىز؟

— مېنىڭچە، بىز ئۇستازىم شەيخ جالالىدىنلارنى ئىزدەپ بارايلى! ئۇلارنىڭ يېنىدىن باشقا ئوبدان پاناھگاھ يوق، — دېدى غېرىب.

— بۇ گەپنى ئىككىنچىلەپ ئېغىزغا ئالغۇچى بولما، ئوغلۇم. بۇ سېنى تاغ قاراقچىلىرىنىڭ شېرىكى دەپ ئاران تۇرغان شاھقا دەستەك بولۇپ بېرىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن تويۇڭلارنى قىلىپ قويۇشتىن يېنىۋالىدۇ، — دېدى نىگارئايىم.

— ھازىر بەرىبىر بولىدىغان ئىش بولدى. شاھنىڭ ئالدىدا يەنىلا گۇناھكارمەن، ئانا. ئاڭلىسام، ئۇلار ھازىر غەزنەۋىلەر بىلەن جەڭ قىلىۋېتىپتۇ. شاھمۇ ئۇلارنى بۇرۇنقىدەك يامان كۆرۈپ كەتمەس دەيمەن. مەنمۇ ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ جەڭگە قاتنىشاي، شاھنىڭ ئالدىدا گۇناھىم يەڭگىللەر، ھەتتا يۇيۇلۇپ كېتەر.

— شاۋازلا بولىدىكەن، شەيخ جالالىدىنلار تاغنى يۆتكەپ بەرسىمۇ شاھ ئۇلارنى كەچۈرمەيدۇ. ھەرگىز ئۇلارغا قوشۇلغۇچى بولما، بالام. مەن سېنىڭ جەڭگە قاتنىشىشىڭنى خالىمايمەن. مېنى رازى بولسۇن دېسەڭ، مەن ئۆلگەندە مېيىتىمنى ئۆز قولۇڭ بىلەن يەرلىكىمدە قوي، گۆرۈمدە خاتىرجەم ياتاي. ئاندىن نېمە

قىلساڭ مەيلى. مەن سىنى جەڭگە ئەۋەتمەيمەن.

— ئەمسە قاراقاپلان بەگنىڭ يېنىغا بارايلى. ئاشۇ يايلاقتا تۇرايلى، — دېدى غېرىب.

— ياق، شاھ بىزنى قىپچاق چۆلىگە پالىدى. بىز شۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرمىساقمۇ، ئۇرۇش توگىگۈچە تۇرۇپ شاھنىڭ ئالدىغا بارايلى! مېنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدىم سەن بىلەن سەنەمنىڭ تويىنى كۆرۈش، ئاندىن ئاتاڭنىڭ ئالدىغا، ئۇ دۇنياغا يۈزۈم يورۇق بېرىش، — نىگارئايىم مىشىلداپ يىغلىدى.

— شاھ بىقارار ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنى سۈرگۈن قىلىشتىكى نىيىتى يامان تۇرىدۇ. سىز دېگەندەك شاۋازلا ھايات بولىدىكەن، شاھ شەيخ جالالىدىن بىلەن ئەپلەشمەيدۇ، مەلىكە بىلەن مېنىڭ تويۇمنى قىلىشقىمۇ قوشۇلمايدۇ، — دېدى غېرىب.

— شاھنىڭ بىقارارلىقىغا مەنمۇ ئىشىنىمەن، گەپلىرىڭ ئورۇنلۇق. شاۋاز بولسا سەنەمنى ئابدۇللاغا ئېلىپ بېرىش نىيىتىدىن يانمايدۇ. ئەمما، بىرلا ئۈمىد سەنەمنىڭ ساڭا، سېنىڭ مەلىكە سەنەمگە بولغان كۆڭلۈڭلار. خۇدا سالغان بۇ ئوتنى بەندە ئۆچۈرۈپ بولالمايدۇ. ئاللا رىزقى ـ نىكاھىڭلارنى بىر قىلغان بولسا ھېچقانداق بەندە سىلەرنى ئايرىپ بولالمايدۇ. مەلىكە سەنەم ساڭىمۇ، ماڭىمۇ قار ـ يامغۇر يىغلاپ ئۈچ يىل ساقلايمەن، ئاتامنىڭ سۆزىگە بۇ قېتىم بىر ماقۇل دەيلى دەپ يالۋۇردى. بىز ئۈچ يىل قىپچاق چۆلىدە ياشاپ ئاندىن شاھنىڭ ئالدىغا بارايلى. مەلىكە سەنەمنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايلى، بالام. سەنەمنىڭ لەۋزىنى ئالغىن، ئوغلۇم، سەنەم ئۈچۈن چۆلدە ئۈچ يىل ياشايلى!

— سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز، سەنەمنىڭ تىلىكى شۇ بولسا بىز چۆلدە ئۈچ يىل ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياشىساقمۇ مەن چىدايمەن، ئانا. ئەمما، ئۇرۇش قاچان توگەيدۇ؟ ئۈچ يىلدا توگەمدۇ ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىنمۇ بۇنى شاھمۇ،

باشقىسىمۇ بىلمەيدۇ. بۇ خۇددى تۆگە قۇيرۇقى يەرگە چۈشكەندە دېگەنگە ئوخشاش گەپ. شاھقا ئىشەنگىلى بولمىسىمۇ، سەن بىلەن سەنەمنىڭ ئىلتىجاسى ئۈچۈن مەن ئۈچ يىل چۆلدە تۇرۇشقا رازى، ئانا، — دېدى غېرىب.

— بىز قىپچاق چۆلىدە ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن ئورداباللىقا بارايلى، ئوغلۇم.

گۈلجامال ئانىسىنىڭ ئېتىكىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— ئانا، بىزنىڭ چۆلدە ئۈچ يىل تۇرغىنىمىزغا ئۇلار قانداق ئىشىنىدۇ؟ ھېلىقى قاچقان گۇندىپايلار چوقۇم ياخشى گەپ قىلىپ بارمايدۇ. شاھ بىزگە ئىشەنمەيدۇ.

نىگارئايىم گۈلجامالنى قۇچاقلاپ مەڭزىگە سۆيۈپ دېدى:

— شاھ بىزگە ئىشەنمىگەن بىلەن، ئاۋۋال ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللا، ئاندىن مەلىكە بىزگە ئىشىنىدۇ. بىزگە ئارامخۇدا، خاتىرجەم ياشاپ باقمىغىلى ئۇزاق بوپتۇ. بىز بىر ئارامخۇدا كۈن كەچۈرۈپ باقايلى، باللىرىم، — دېدى نىگارئايىم.

— بوپتۇ ئانا، سىزلا رازى بولىدىغان بولسىڭىز قىپچاق چۆلىدىن پاناھلانغۇدەك جاي تېپىپ شۇ يەردە ياشايلى.

ئۇلار ئورنىدىن قوزغالغاندا، بىر توپ قاغا - قۇزغۇنلار نىزامىدىننىڭ، يەنە ئىككى ئۆلۈكنىڭ بېشى ئۈستىدە ئۈچۈپ غاقىلداشقىلى تۇردى. نىگارئايىم بىلەن گۈلجامال تۆگىگە، غېرىب نىزامىدىننىڭ ئېتىغا مىنىپ ئالدىراپ مېڭىپ كېتىشتى.

# يىگىرمىنچى باب

قەدىمىي شەھەرنىڭ سېپىل دەرۋازىسىدا بورغا چېلىنىپ پاياندار سېلىنغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە رەققاسلار ئۇسسۇل ئوينىدى، خالايىق يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قىستىلىشىپ تۇرۇپ تاماشا كۆردى. نىياز ھاكىم باشلىق يامۇلنىڭ قازى - قۇززات، بەگلىرى كاتتا بېزەلگەن ھارۋىدا ھۆربانۇ، ئايشە، پەزىلەتخانلارنى تەزىم قىلىپ ئۇزاتماقتا. كەڭرى ھارۋىدا دېدەك قىزلار ئالاھىدە ياسالغان بۆشۈكتىكى بوۋاق ھەم خانىش باشلىق ئاياللارنىڭ ئەتراپىدا قول باغلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئۈچ ئايال بولسا ئېسىل پەرەنجىلەر ئارىسىدا ئولتۇردى، مومايلار ئىسرىق سالدى، بوۋايلار تەڭگە چاچتى، چوكانلار قاپاق نوگايلاردا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن سۈزۈك سۇلار چېچىشتى.

يارىم سېنىڭ مەھەللەڭگە ئويناي دەپ كەلدىم.
چاڭقاپ كەتكەن يۈرەكنى قاندۇراي دەپ كەلدىم.
باغلىرىڭدا بىللە ئويناپ كۈلەي دەپ كەلدىم،
ئايرىلماسقا مەڭگۈ بىللە ئۆتەي دەپ كەلدىم.
سېنى دېدىم، سېنى دېدىم، كەچتىم بۇ جاندىن،
يۈرەك - باغرىم پارە - پارە، كۆز يېشىم ئاندىن.

شاھانە بېزەلگەن ھارۋىنى ئالدى - كەينى ۋە يانلىرىدىن ئاتلىق لەشكەرلەر سەپ تارتىپ قوغداپ ماڭدى. نىياز ھاكىم باشلىق بەگ - ئەمىرلەر ئۇلار خېلى ئۇزاپ كەتكۈچە كەينىدىن تەزىم بىلەن ئەگەشتى، ئاندىن ئۇھ دەپ پېشانە - بويۇنلىرىدىكى

تەرنى سۈرتتى.

شاھ ھۆجرىسى. شاھ بىلەن خانىش يالغۇز ئولتۇراتتى. شاھ ساقىلىنى تۇتاملاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— بۇ رەسۋاچىلىق سىرتقا يېيىلىپ كەتسە، مەلىكە تۇغسا بولمايدۇ، ئۇنى يوق قىلماق كېرەك.

— نېمە دەيدىغانلا، كىمنى يوق قىلىمىز، قىزىمىزنىمۇ؟ ۋاي يۈرىكىم! — دەپ نالە قىلدى مېھرىبانۇ خانىش.

— ھۆ كاللىسىنى قاغا چوقۇۋالغان خوتۇن، كىم مەلىكىنى يوق قىلىمىز دەپتۇ، قىزلىرىنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى دەۋاتىمەن، — دېدى شاھ.

تۇران ئايلا كىرىپ تەزىم قىلىپ دېدى:

— شاھ ئالىيلىرى ھەم خانىش ئايىمغا مەلۇم بولغاي. ھۆربانۇ خانىش بارچۇق شەھىرىدە تېپىلىپتۇ. شۇ سەۋەبلىك بارچۇق ھاكىمى چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ. ھازىر ھۆربانۇ خانىش دۇنياغا كۆز ئاچقىلى تۆت ئاي بولغان شاھزادە ئارسلان تېكىننى ئېلىپ دەبدەبە بىلەن ئوردابالىقىقا، شاھىمىز ئالدىغا كېلىۋېتىپتۇ.

شاھ بىلەن خانىش تەڭلا ئاغزىنى ئېچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى.

ئەمدى گەپنى شەيخ جالالىدىنلاردىن ئاڭلايلى. شەھەرى قارشىنىڭ سېپىل دەرۋازىسى ئالدىدا شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، ئىلياس، سەپەر باي باشچىلىقىدىكى تاغ باتۇرلىرى تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرۈشۈپ سەپراس تۇرماقتا. سېپىل ئۈستىدە ساناقسىز خەلق — ئەر - ئايال، قېرى - ياش، باللار قارشىپ تۇرۇشتى. دەرۋازا ئالدىدىكى خەندەك كۆۋرۈكى چۈشۈرۈلۈپ دەرۋازا ئېچىلدى. دەرۋازىدىن قارشى شەھىرىنىڭ سەكسەن ياشتىن ئاشقان شەيخۇلئىسلامى ئەختەرىدىن داموللا باشلىق بىر توپ ئۆلىما، مويسىپىتلەر شەھەر دەرۋازىسىنىڭ يوغان

ئاچقۇچىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئەختەردىن داموللا دېدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شەيخ جالالىدىن ھەزرەتلىرى، قۇرۇق سۆلەت غەزنەۋىلەر ئۆزلىرى بىلەن شەھەر سىرتىدا توقۇز مەرتەم ئېلىشىپ پاخشە بولۇپ شەھەرنى تاشلاپ قاچتى. شەھىرى قارشى پۇقرالىرى تاجاۋۇزچىلارنى شەھىرىمىزدىن قوغلاپ چىقارغان ئۆز خانلىقىمىزنىڭ باتۇر ئوغلانلىرىغا شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرىدۇ. ئۆز شەھىرىڭلارنىڭ دەرۋازىسى سىلەرگە ئوچۇق.

شەيخۇلئىسلام يوغان ئاچقۇچنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تەزىم بىلەن شەيخ جالالىدىنغا تەڭلىدى. شەيخ جالالىدىن ئاتتىن چۈشۈپ، شەيخۇلئىسلامنىڭ قولىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ بوينىغا ئېسىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. شۇئان سىپىل ئۈستىدىكى كىشىلەر شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلىشتى. ناغرا - سۇنايلار چېلىنىپ سىپىل ئۈستىدە ئۇسسۇل باشلاندى. شەيخ جالالىدىن باشلىق تاغلىقلار قوشۇنى شەھەر دەرۋازىسىدىن ھەيۋەت بىلەن كىردى، خەلق كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئېلىپ تەنتەنە قىلدى.

چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوستانلىق. بۇلاق ئەتراپى، چىرايلىق ياۋا گۈللەر ئۆسكەن ئوتلاق، ئوتلاقنىڭ ئايىغىدا سۆگەت تاللار، جىگدىلەر ئۆسكەن، گۈل - گىياھلار، دەرەخلەر شامالدا يېنىك يەلپۈنۈپ تۇراتتى. يىراق چۆلدىن ئات چاپتۇرۇپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەلگەن غېرىب خۇشاللىقتىن بېشىدىكى چىرايلىق سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى قىستۇرۇپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە، بۇلاققا دۈم يېتىپ تۇرۇپ سۇ ئىچتى، بېلىدىكى بەلۋېغىدىن قېتىپ كەتكەن ناننى ئېلىپ بۇلاققا تاشلاپ، قايتىدىن ئېتىغا مىندى - دە، بىر تۆپىلىككە چىقىپ يىراقتىن تۆگە بىلەن كېلىۋاتقان ئانىسى بىلەن سىڭلىسىغا قارىدى، ئاندىن بېلىدىكى يېشىل تاۋار بەلۋاغنى يېشىپ پۇلاڭلاتتى. قايتىپ كېلىپ بۇلاق سۈيى ئېقىپ گۈل - چىمەنلىك ئارىسىغا

قىسىلىپ قالغانناننى ئېلىپ ھوزۇرلىنىپ يېگەچ ئېتىنى سوۋۇتۇش ئۇچۇن ئالدىرىماي ئايلاندۇردى. ئاڭغىچە تۆگە ئۇستىدە قارا تەرگە چۆمگەن نىگارئايىم قاقاس تۆپىلىكتە پەيدا بولۇپ، پەستىكى چىرايلىق يېشىللىقنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن يىغلىۋەتتى. گۈلجامال خۇشال ۋارقىرىدى:

— ھوي... ھوي... نېمىدېگەن چىرايلىق يايلاق بۇ... ھوي... ھوي... ئەجەب چىرايلىقكەن.

— ئۇھ خۇدايىم، قاقاس چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇكنىڭ كۆزىدەك ئەجەب چىرايلىق بىر يايلاققا ئۇلاشتۇردۇڭ. كۆزلىرىمگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ ھەم چەكسىزدۇر. تەڭرىم، شەپقىتىڭگە يۈز مىڭ شۈكۈر، — دېدى نىگارئايىم.

گۈلجامال چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ:

— ئانا، ئاغزىم قۇرۇپ زەھەردەك ئاچچىق بولۇپ كەتتى. ئەمدى تۇلۇمدىكى سۇدىن ئىچسەم بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

نىگارئايىم گۈلجامالنىڭ بېشىنى سىلاپ جاۋاب بەردى:

— بولمامدىغان قىزىم، قانچىلىك ئىچسەڭ شۇنچىلىك ئىچ... ياق... ياق... توختا، ئىسسىقتا كاللام قايناپ ئىشلىمەس بولۇپ قاپتۇ... قارا، ئاۋۇ چىرايلىق بوستانلىقتىكى مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى ئىچمەي، ئىسسىپ پۇراپ قالغان تۇلۇمدىكى سۇنى ئىچەمسەن؟ چوھ تۆگە، چوھ، چىداپ بىر يۈگۈره. سەنمۇ ئەمدى بۇلاق سۈيىدىن قېنىپ ئىچىپ، راھەتكە چىقىدىغان بولدۇڭ، چىدا.

تۆگە بوستانلىققا قاراپ جانلىنىپ، يىغلىغاندەك بورقىراپ يۈگۈردى.

— راست ئانا، بىچارە تۆگە ئەجەب چىداملىقكەن، سۇ ئىچمىگىلى بەش كۈن بولدى، — دېدى گۈلجامال.

— خۇدايىم تەشنالىقنىڭ سەۋر - تاقىتىنى يەتكۈچە بەرگەن ئېسىل جانىۋار - دە، بۇ، — نىگارئايىم قىزىنىڭ سۆزىنى

تەستىقلىدى.

— بۇ يەر بەك چىرايلىقكەن، مەشەدە تۇرۇپ قالايلى، ئانا...

— مېنىڭ كۆزۈمگىمۇ جەننەتتەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ، قىزىم، — دېدى نىگارئايىم.

ئۇلار بىردەمدىلا بۇلاق بويىغا يېتىپ كەلدى.

سەنەم جانلىنىپ كەتكەندى. ئۇ ھۇجرىسىدا خۇشاللىقتا كىچىك بالىدەك سەكرەپ سۆزلىمەكتە:

— ۋاي... ۋاي... ئەجەب ئوبدان بولدى، مەن مۇرادىمغا يەتتىم، ماڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىق يوق... ھوي... مەن ئانا بولىدىغان بولدۇم! ھوي... ئاللا تىلىكىمنى ئىجابەت قىپتۇ. مەن تۇغىمەن، تۇغۇپ ئۇچ يىل ئوماق ئوغلۇم بىلەن دادىسى غېرىبجاننى ساقلايمەن. غېرىبجان كەلسە ئوماق ئوغلى «دادا!» دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقسا، ئۇ ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ قالسا، مەن ئۇنىڭغا دەپ بەرسەم، ئۇ خۇشاللىقتىن ئوغلىنى باغرىغا باسسا، مەن نېمىدېگەن بەختلىك، ھوي... ھوي...

سەنەم خۇشال سەكرەپ، ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى، مېھرىبانۇ خانىش ئۇنىڭغا دېدى:

— قىزىم، ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟! خەلقئالەم ئالدىدا بىر قىز بالا ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق رەسۋاچىلىق بولامدۇ؟ بىر تال ئەتىۋار مەلىكە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقىسىز ياتۋاش ئەر بىلەن قېچىپ كېتىپ ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ دېسە، بۇنىڭدىن ئارتۇق ئاھانەت بولامدۇ؟ ساراڭ بولدىڭىزمۇ، نىكاھسىز قورساقتا قالغان بالىنى قايسى يۈزىڭىز بىلەن تۇغىسىز؟ شاھ ئاتىڭىزنىڭ يۈزىنى يەرگە ئۇرماقچىمۇسىز؟ شاھ ئاتىڭىز بىلەن مەن خەقنىڭ يۈزىگە قايسى يۈزىمىز بىلەن قارايمىز؟ ئاتىڭىز بىلەن مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنىڭ بىر بۇرجىكىدە بارمۇ، يوق؟ بىز سىزنىڭ غېرىب بىلەن قاچقىنىڭىزنى يوشۇرالماي ئاۋارە. سىزنىڭ قاچقىنىڭىز سەۋەبىدىن بىرمۇنچە ئادەم بىھۇدە جېنىدىن جۇدا بولدى. ئاغىچا ئانىڭىزمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى.

— ھە... ئاغىچا ئانامنىمۇ ئۆلتۈردىمۇ قاتىللار؟ — سەنەم تاققىدە توختاپ ئانىسىنى ئىككى مۇرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىشلەپ سورىدى، — ئاغىچا ئانام نېمە گۇناھ ئۆتكۈزدى؟

— بۇنى مەندىن سورىماي، شاۋازدىن سوراڭ. ئۇ چاغدا شاھ ئاتىڭىز خۇدىنى بىلمەي كېسەل ياتسا، مەنمۇ سىزنىڭ دەردىڭىزدە قويغان ـ تۇتقىنىمنى بىلمەي گاراڭ بولۇپ يۈرسەم، ئوردىدا نېمە ئىشلار بولدى، نەدىن بىلەي؟ ھەممىنى شاۋاز ئالىقىنىدا پىرقىراتتى، — دەپ چۈشەندۈردى خانىش.

— سىلەر مىڭ يوشۇرغىنىڭلار بىلەن غېرىبجان ئىككىمىزنىڭ قاچقىنىنى خەلقئالەم ئالدىدا ئاللىقاچان بىلىپ كەتتى. ئۇنى خەق پەقەت ئاغزىدىن چىقىرالمىغانلىقى ئۈچۈنلا سىلەر مەخپىي دەپ ئويلامسىلەر؟ خەق پەقەت قىلىچتىن قورقۇپلا ئىچىگە تىنىپ يۈرۈشىدۇ، — دېدى سەنەم.

— ئەمىسە نىكاھسىز قورساق كۆتۈرگەن بالىنى قايسى يۈزىڭىز بىلەن تۇغماقچىسىز؟

— كىم دەيدۇ نىكاھسىز دەپ، بىز نىكاھ قىلدۇق، نىكاھ قىلغاندىمۇ مەشھۇر قۇرمىشئاتام مازىرىنىڭ شەيخى خوجا ئەسرار ئەۋلىياغا نىكاھ ئوقۇتتۇق. غېرىبجان بىلەن ئىككىمىزنىڭ بالىسى دېگەن ھالال، پاك نىكاھتىن بولغان بالا. بىزنىڭ نىكاھىمىزنى ئوقۇشنى بىز بېرىشتىن بۇرۇن قۇرمىشئاتام بۇزرۇكۋار ھەزرىتى خوجا ئەسرار ئەۋلىياغا چۈشىدە پەرمان قىلغانىكەن. بىزنىڭ نىكاھىمىزغا كاتتا ئەۋلىيالارنىڭ نەزىرى چۈشكەن...

خانىش ئاغزىنى تۇتقىنىچە سەنەمگە قاراپ قالدى.

قارشى شەھىرىنىڭ دەرۋازىسى سىرتىدا ئابدۇللا شاتىرى باشلىغان بىر توپ خان لەشكىرى دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى، سىپىلدىكى تاغ لەشكەرلىرىنىڭ قاراۋۇلى قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ پەسكە سىنچىلاپ قارىدى.

بۇ چاغدا ئەختەرىدىن شەيخۇلئىسلامنىڭ بېغىدا كاتتا زىياپەت

بولۇۋاتاتتى. سورۇننىڭ تۆرىدە شەيخ جالالىدىن بىلەن ئەختەرىدىن شەيخۇلئىسلام، خىلمۇ خىل سۇلتان باشلىق شەھىرى قارشىنىڭ ئۆلىما، ئالىم، پازىل، بەگ تۆرىلىرى سۆھبەتتە ئولتۇراتتى. ئىلياس ئاستا كېلىپ شەيخ جالالىدىننىڭ قولىغا پىچىرلىدى. شەيخ جالالىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايىغا جىددىي تۈس كىرگۈزۈپ دېدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شەھىرى قارشىنىڭ مۆتىۋەرلىرى، كاتتا ئىلتىپات بىلەن بىزنى تاغلىق، سەھرالىق كۆرمەي كۈتۈۋالغىنىڭلارغا رەھمەت. بىزنىڭ شەھىرى قارشىدىكى رىزقى - نېسىۋىمىزنىڭ ۋاقتى - سائىتى مەشەگىچە ئوخشايدۇ، خان لەشكەرلىرى يېتىپ كەپتۇ. شۇڭا، بىز شەھىرى قارشىنى خان لەشكەرلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئېتىمىزنىڭ بېشىنى شەھىرى بەلخكە قارىتىپ سەپەرگە ئاتلىنىمىز. بىزگە كۆرسەتكەن زور ئىلتىپات ھەم ھۆرمەت - ئېھتىراملىرىڭلارغا مىڭ مەرتەم رەھمەت.

ئەختەرىدىن شەيخۇلئىسلامۇ ۋەزمىن ئاھاڭدا دېدى:

— شەيخ جالالىدىن ھەزرەتلىرى، ئۆزلىرى خاندىن ئازار يەپ، تاغلاردا كۆپ رىيازەت چەكتىلە. ئالىم ھەم پازىل دۆلەت ئۇستازى، ئىلىم ھەم دىندا كامالەتكە يەتكەن كاتتا ئالىم ئىدىلە. ھالا بۈگۈن تاغ، جەزىرىدە قوشۇن تارتىپ جەڭ بىلەن بولدىلا. خان لەشكەرلىرى تەييار شەھەرگە كىرىپ قەھرىمان بولماي، شەھىرى بەلخكە بېرىپ، ئۇ شەھەرنى ئۆزلىرىدەك جەڭ بىلەن ياۋنىڭ قولىدىن ئالغاي. ئۆزلىرى بىر مەزگىل ساپ ھاۋالىق شەھىرىمىزدە ئارام ئېلىپ، ئىلىم نۇرلىرىدىن تولۇق بەھرىلەنمەي غەپلەتتە قالغان بىز پېقىرلارنىڭ دىللىرىغا چىراغ ياققايلا.

— پېقىرنى زىيادە ماختىۋەتتىلە، ئىلتىپاتلىرىغا كۆپ رەھمەت! بىزنىڭ مەقسىتىمىز خان لەشكەرلىرى ھەم خان بىلەن شەھەر تالىشىپ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش ئەمەس، زېمىنىمىزدىن

ياۋلارنى قوغلاپ چىقىرىپ خانلىقنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە، ئاۋامنىڭ ئەمىنلىكىگە تۆھپە قوشۇش. شۇڭا، بىز شەھەرنى خان لەشكەرلىرىگە چىرايلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىپ سەپەرنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرىمىز. ئاللا خالىسا نۇسرەت قۇچقان كۆڭلەردە دىدار ـ مۇلاقاتتا بولۇشقا پۇرسەت بولغاي! — دېدى شەيخ جالالىدىن.

شەھىرى قارشى سېپىلى ئۈستىدە تۇرغان شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، ئىلياس، سەپەر بايلار پەستىكى ئابدۇللا شاتىرى باشلاپ كەلگەن خان لەشكەرلىرىگە قارىدى.

— بۇ نان قېپىلار مۇشۇ پېتى بىرقانچە كۈن تۇرسا دەيمەن، — دېدى سادىق بىلال.

— ئابدۇللا شاتىرى نېمىسانداق تەلەيلىك يارىتىلغان بولغىيدى؟ ئۇ دائىم تەييارغا ھەييار بولىدۇ، — دېدى ئىلياس.

— تەييارتاپلىقنى تەلەي دەپ ئارزۇلاش كۈپۈرلۈق. جاھاندىكى ئەڭ پەس ئادەم تەييارتاپ ئادەمدۇر، خۇدا ئۇرغان ئادەم ئىشسىز قالغان ئادەمدۇر، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

شەھىرى قارشىنىڭ ياش ھاكىمىنىڭ زىياپەتخانىسى. قارشىنىڭ ھاكىمى خىلىل سۇلتان، شەيخۇلئىسلام ئەختەرىدىن قۇززات سەبرى ۋە باشقا ئىمىر ـ بەگلەر پاياندازنىڭ ئىككى تەرىپىدە قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ شاۋاز، ئابدۇللا شاتىرى، سىدىق بەگ قارلۇق قاتارلىق خانلىق ۋەزىر ـ سىپاھلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۇلارنى تۆرگە باشلىدى. شاۋازلار غادايغان ھالدا ئۇلارغا نەزەر كۆزلىرىنى سالماستىن تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى. داستىخانلارغا ئالىي نازۇنېمەتلەر تىزىلدى، نەغمىچىلەر نەغمە قىلىپ، گۈزەل جۇۋانلار ئۇسسۇلغا چۈشتى. شوخ جۇۋانلارنىڭ يىلاندەك تولغىنىپ، مىڭ خىل نازۇكەرەشمە بىلەن كۆز تاشلاپ، قاش ئېتىپ، كۆزنى ئوينىتىشلىرى ئابدۇللا شاتىرنى مەپتۇن قىلىۋالدى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا گۈزەل جۇۋانلارغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. بۇنىڭدىن شاۋازنىڭ سەپراسى

ئۆرلەپ قوروق يۆتىلىپ قويدى، ئابدۇللا شائىرى چۆچۈپ ئېسىگە كەلگەندەك بولدى.

دىلبەرىمنىڭ ئۆلتۈرەرگە قاشى ـ ياسى ئۆزگىچە،
مەرھەمىدۇر ئۆزگىچە، كۆڭلۈم ياراسى ئۆزگىچە.
مىڭ بالا يۈزلەنسە ۋەھىمىم يوق، نە كەلسە رازىمەن،
ھېچبىر ئاشىق كۆرمىگەن ئۇنىڭ بەلاسى ئۆزگىچە.
روزىغارىمدۇر قارا، ھەرگىز ئاقارماس تۈن كەبى،
كۆز قارارىم ئۆزگەدۇر، كۆزى قاراسى ئۆزگىچە.
سەرۋى گۇللەر ئۆزرە قۇمرى، بۇلبۇل ئېيتقايلار سانا،
دىلبىرىم، بۇلبۇللىرىنىڭ زىكرۇ ساناسى ئۆزگىچە.
ئۆزگىلەر قىلسا جاپا، مېھرۇ ۋاپا كۆرسەتسە ھەم،
ئۆزگىدۇر جەبرى، ئۇنىڭ مېھرۇ ۋاپاسى ئۆزگىچە.
ھەر كىشىنىڭ دورىسى باشقا، تېبىبى ھەم بۆلەك،
ئىشق دەردىنىڭ داۋاسى ھەم غىزاسى ئۆزگىچە.
ئۆزگە دىلبەرلەر ئىزىدىن كەتمىگەي كۆز قارىچۇقى،
چۈنكى ئۇ دىلبەر ئىزىنىڭ تۇتىياسى ئۆزگىچە.

شۇ چاغدا ئابلىز شەيتان سىرتتىن كىرىپ ئاستا يانداپ بېرىپ شاۋازنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ئاندىن شاۋاز پەس ئاۋازدا سورىدى:
— بۇ راستمۇ؟
— ئورداباللىقتىن ھازىر مەلۇماتچى كەلدى، — دېدى ئابلىز شەيتان.
— ئۇنداق بولسا بۇ خۇشاللىق ئىكەنغۇ؟ — دېدى شاۋاز.
— غېرىب دېگەن يەر يۈتقۇرنى قىپچاق چۆلىگە ئۈچ يىللىق سۈرگۈن قىپتۇ، — دېدى يەنە ئابلىز شەيتان.
— ھە... شاھ ئالىيلىرى خېلى كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش

قىپتۇغۇ، بۇ ئەقىل ئۇنىڭ كاللىسىغا قانداقلارچە كەلگەندۇ؟ بۇمۇ بوپتۇ، ساراڭ مەلىكە جىدەل چىقارمىغانمىدۇ؟ — دەپ سورىدى شاۋاز.

— خان ئالىيلىرى ئۇنى غېرىب ئۇچ يىللىق سۈرگۈننى تۈگىتىپ كەلسە تويۇڭلارنى قىلىپ قويىمەن، دەپ ئالداپ كۆندۈرۈپتۇ، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— مەلىكە ماقۇل بوپتۇمۇ؟

— ماقۇل بوپتۇ.

— ھە، تەلۋىلىكى بېسىلىپ يۇمشاپتۇ - دە، بەلەن ئىش بوپتۇ، ئۇچ يىلغىچە بىز نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ ئۈلگۈرىمىز. ياللا، يۈرىمىكى قەتلە شۈكۈر! يېقىنىدىن بۇيان مەن خۇشال بولىدىغان ئىشلار تۆپە - تۆپىلەپ كەلگىلى تۇردى. بۈگۈن خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق بولىدىغان كۈن ئىكەن، — دەپ كېرىلدى شاۋاز. ئابلىز شەيتان يەنە:

— كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان خەۋەرمۇ بار، — دېدى.

— نېمە خەۋەر؟

— دەي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ.

— دەۋەر، ئىچىمگە ۋەسۋەسە سالماي.

— مەلىكە... ھا... ھامىلىدار ئوخشايدۇ.

ئابلىز شەيتاننىڭ بۇ گېپىدىن شاۋاز چۆچۈپ كەتتى:

— نېمە؟... ھىم... راست بۇ... بۇ قاملاشمىغان گەپ ئىكەن. بۇ گەپ سىرتقا چىقىپ كەتسە بولمايدۇ، بۇ پىتنە - پاساتنى ۋاقتىدا يىغىشتۇرۇپ مەلىكىنىڭ پاك نامىنى قوغداش كېرەك. بولمىسا كېيىن ئۇنى مەن قانداق كېلىن قىلىمەن؟

— خان ئالىيلىرىمۇ بۇ ئىشنى يىغىشتۇرۇشنىڭ كويىدىكەن، خان ئالىيلىرى يولىنى ئىزدەۋېتىپتۇ، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— مەن پەرەز قىلغان ئىش بولماي قالمايدۇ. غېرىب دېگەن لەقۋا مەلىكىنى ھامىلىدار قىلىپ ئۈلگۈرۈپتۇ - دە، — دېدى شاۋاز.

— ئۇ ئاللىقاچان سەللىمازا ساقىيىپ تەندۇرۇس ئادەم بوپتۇ.

يۈلتۈز يايلىقىدا قاراقاپلان بەگ بىلەن چېلىشىپ ئۇنىڭ تاغىقىنى يەرگە پاتۇرۇپتۇ، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— قاراقاپلان بەگ يانپېشى يەرگە تەگمىگەن داڭدار چېلىشچى. غېرىب دېگەن پالەچنىڭ ئۇنى يېڭىشى تۈگمىنى تۈگمىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ دېگەندەك قۇرۇق گەپ، ئەقىلگە سىغمايدۇ، — دېدى شاۋاز.

— دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيدىغان گەپ ئىكەن، ئەمما بۇنىسى راست، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— غېرىبنى ئىلاھلاشتۇرىدىغان بۇنداق پىتنە ـ ئىغۋانىمۇ يوق قىلىش لازىم. يوقات بۇنداق گەپلەرنى! مۇھىمى مەلىكىنىڭ قورسىقىدىكىنى ۋاقتىدا يىغىشتۇرماق لازىمدۇر، — دېدى شاۋاز. ئابلىز شەيتان بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇردا ئىچى. سەنەم ھۇجرىسىدا دېدەك قىز كۆمۈش پەتنۇستا تۇتۇپ بەرگەن قىزىل ئۈرۈكنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىككى قولىدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي يېدى. دېدەك قىزنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كۆلگۈسى كېلىپ كەتتى. تۇران ئايلا ئەنسىرەپ پەتنۇسنى دېدەك قىزنىڭ قولىدىن ئاستا تارتىۋالدى. سەنەم پەتنۇسقا ئېسىلىۋالدى.

— نەگە ئاپىرىسەن، مەن تېخى تويمىدىم؟

— مەلىكە ئالىيلىرى، بۇ ئاچچىق ئۈرۈكنى بۇنداق جىق يەۋالسىلا بولمايدۇ، — دېدى تۇران ئايلا.

— نەدە ئاچچىق ئۈرۈك، ماڭا ھېچ ئاچچىق بىلىنمەيۋاتىدۇ. بۇنى مەندىن تارتىۋالغۇچە بېرىپ باغۇەن بوۋايغا دەڭلا، ماڭا ئۈرۈكنىڭ ئالىلىقاچان پىشىپ بولغىنىنى ئەۋەتىپتۇ، تازا ئاچچىق غورىدىن بىر سىۋەت قېقىپ بەرسۇن، — دېدى سەنەم.

— قورساقنى...

تۇران ئايلا ئەمدى گەپ قىلاي دېيىشىگە سەنەم:

— تولا پەتىۋا چىقارماي، مەن دېگەننى قىلساڭلار قىلىڭلار، بولمىسا چاھارباغقا ئۆزۈم بارىمەن، — دېدى.

— خوپ مەلىكە ئالىيلىرى، خان ئالىيلىرى ھەم خانىش ئايىم ئۆزلىرىنى ھۇجرا بوسۇغىسىدىن چىقمىسۇن دېگەن. بىزگە رەھىم قىلسىلا، ئەگەر سىلى ھۇجرىدىن چىقىپ كەتسىلە بىزگە ياخشى كۈن يوق، — دېدى تۇران ئايلا.
— ئەمىسە مەن دېگەننى قىلىڭلار... ھە ئەكىرگەن بۇ گۈللىرىڭلار نېمانداق پۇرىمايدۇ؟ ماڭا، ئەڭ خۇش پۇراقلىق قىزىل ئەتىرگۈلدىن ئەكىرىڭلار، — دېدى سەنەم.
تۇران ئايلا دېدەككە تاپىلىدى.
ھارغىن ئاتلىق قوشۇنلارنىڭ ھىمايىسىدە ھۆربانۇلارنىڭ ياسىداق ھارۋىسى شەھەر دەرۋازىسىغا كەلدى. ھۆربانۇ بىلەن ئايشە خۇشاللىقتا كۆكسىنى تولدۇرۇپ تىنىپ يىغلىۋەتتى. ھۆربانۇ بۆشۈكتە ئۇخلاپ ياتقان بوۋاقنى سۆيۈپ كەتتى.
بۇ چاغدا شاھ ھۇجرىسىدا مېھرىبانۇ خانىش ۋە تېۋىپ ئىمامنىياز پەيزۇللا بىلەن سۆھبەت قىلىۋاتاتتى.
— تېۋىپ ھەزرەتلىرى، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەلىكە سەنەم قورسىقىدىكى بالىنى يوقاتمىسا بولمايدۇ. بۇ ماڭا نى ئات، نى نومۇس؟ شۇڭا ھەر ئامال بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى يىغىشتۇرماق لازىمدۇر. پادىشاھنىڭ قىزى توي قىلماي تۇرۇپ قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپ قويسا، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق رەسۋاچىلىق بولامدۇ؟ بۇنداق شەرمىسار بولغىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى ياكى ئوردابالىقتىن چاپاننى دولامغا تاشلاپ چىقىپ كەتسەم بولىدۇ، — دېدى شاھ.
— بۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن مەلىكە ئالىيلىرى، بىزنىڭ شەربەت دورىلىرىمىزنى بىز دېگەن بويىچە ئىچىشى شەرت، بولمىسا ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى چۈشۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئىمامنىياز پەيزۇللا.
— مەلىكە بىلمەي قالسا تاماقىغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىپ يوقاتامالا؟ — دېدى شاھ.
— ئۇنداق ئۆتكۈر، كۈچلۈك دورا جاننى ئېلىشى مۇمكىن،

ئۇنى مەلىكىگە ئىشلىتىپ بولمايدۇ، ئالىيلىرى.

— بالىنى چۈشۈرىدىغان دورىنى قانچە كۈن ئىچىشى كېرەك؟ — سورىدى شاھ.

— كەم دېگەندە ئۈچ كۈن، ھەر ئىچكەندە چوڭ ئاپقۇردا بىرنى ئىچىدۇ، — جاۋاب بەردى ئىمامنىياز پەيزۇللا.

— خانىش ئايىم بالىنىڭ ئانىسى بولغاندىكىن، ئۇنى ئۆزى كۆندۈرسۇن. مەن ئاتىسى تۇرۇپ قىز بالىغا نېمە دەيمەن؟ ھەي قىز بالا دېگەن بالا ئەمەس، باشقا بالا ئىكەنغۇ. بىر قىز بالىنىڭ دەردى بىر خانلىقنىڭ دەردىدىن ئېغىر ئىكەنغۇ. قىزى جىق ئادەم قانداق قىلىدىغاندۇ؟ — دېدى شاھ.

— يەتتە قىزى بار ئادەمگە دوزاخ ھارام دېگەن گەپ شۇ. شاھ ئالىيلىرى، — دېدى خانىش ئېھتىيات بىلەن. — ھازىر مەلىكىنى بۇ ئىشقا ماقۇل كەلتۈرۈش تولا ئېغىر، تېۋىپنىڭ بىرەر يېڭى، مەخپىي چارە - ئامالى بىلەن قورسىقىدىكى بالىنى يوقىتىدىغان بولساق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن يانمايدۇ. ئۇنىڭغا دېمىگەن گېپىم قالمىدى. ئۇنىڭ جاھىللىقى ئۆزلىرىنىڭ جاھىللىقىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، ھەرگىز كەم ئەمەس.

شۇ ئەسنادا مەلۇماتچى كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي! ھۆربانۇ خانىش شاھزادە ئالىپ تېكىننى ئېلىپ كەلدى. ناغرا - سۇناي، داقا - دۇمباق بىلەن قارشى ئېلىش مۇراسىمى قىلىپ كۈتۈۋالامدۇقكىن؟

شاھ قولىدىكى غاڭزىسىنى مەلۇماتچىغا غەزەپ بىلەن ئېتىپ ۋارقىرىدى:

— ھۇ كالۋا، ئەقىلسىز ھايۋان! مېنى ئوردىدىن قېچىپ كەتكەن خانىشى بالا كۆتۈرۈپ كەلسە، ئالدىغا ناغرا چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ چىقىپ خوتۇن قىپتۇ، دېگەن ئاھانەتكە قويماي دەمسەن؟! يوقال! ئاپلا ماۋۇ ئىشنى، ئەمدى ئەقلىمگە كەلگىنىمنى، مەن ئۇنى تۇتماڭلار، كارىڭلار بولمىسۇن، تۇتۇۋالساڭلارمۇ ئوردىغا ئەكەلمەي ئىزىدا يوق قىلىڭلار دەپ

نېمىشقا پەرمان قىلمىدىم؟ تازنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن دېگەن شۇ. بىر ئۆمۈر بالىغا تەقەززا بولسام بالا بەرمىگەن خۇدايىم، مانا بالىغا توي دېگەندەك قانداق بالىلارنى بېرىۋاتىدۇ ئەمدى؟

مېھرىبانۇ خانىش شاھقا دېدى:

— كۆپۈرلۈق سۆزلىمىسىلە، خان ئالىيلىرى، توۋا دېسىلە. شۈكۈر دېسىلە، خۇدانىڭ بىر ئورۇنلاشتۇرۇشى بار.

— خانىش ئايىم ھەق گەپ قىلدى، شاھ ئالىيلىرى. ئاللا ھەممىنى بىلگۈچى ھەم ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. — دېدى ئىمامنىياز پەيزۇللا.

— تۆكۈرۈۋەتكەن تۆكۈرۈكۈمنى قايسىدۇر شامال ئۇچۇرۇپ كېلىپ يەنە ئاغزىمغا، يۈزۈمگە سۈۋۈغىلى تۇردىغۇ. قېرىغاندا نېمە كۆرگۈلۈك بۇ ئەمدى؟ بۇ يېنىمغا قارىسام بەڭۋاش خوتۇن بىر بالىنى كۆتۈرۈپ كەلسە، يەنە بىر يېنىمغا قارىسام قىزىم يەنە بىر بالا تۇغمەن دەيدۇ. ئاھ خۇدا، مېنى شۇنداق رەسۋا قىلامسەن؟ ئالدىڭدا نېمە سەۋەنلىك - خاتالارنى ئۆتكۈزگەن بولغىيدىم. قانداق غەپلەتلەر بىلەن بۇ نەس كۈنگە قالدىم؟ — دېدى شاھ.

قاقاس چۆلدىكى بوستانلىق. غېرىب بۇلاقنىڭ ئايىغىدىكى سۆگەتلەرنىڭ شاخ - بادرىلىرىنى كېسىپ ئەكېلىپ ئۇلاردا چاقىقانغىنا بىر ئۆينى توقۇپ ياسىدى. تامنى لايدا سۇۋاپ قىلىنلاتتى. ئۇ پوت - قوللىرى، يۈز - كۆزلىرى لاي ھالەتتە ئۆينى سۇۋىغاچ ناخشا توۋلىماقتا، گۈلجامال ئۇنىڭغا لاي ئېلىپ بەرمەكتە، نىگارئايىم بۇلاق بويىدىكى داڭقانغا چۆپ تاشلىماقتا، ئۇ ئوغلىنىڭ ناخشىسىغا مەھلىيا بولۇپ قازان قايناپ تاشسىمۇ تۇيماي قالدى. غېرىبنىڭ ناخشىسى:

ئۆزۈمنىڭ شەھىرىدىن كەتسەم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
غېرىبلىق دەشتىدە يۈرسەم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
قېنى قوۋمۇ قېرىنداشىم، بۇ يولدا بولسا يولداشىم،

كۆزۈمدىن ئاققۇزۇپ ياشىم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
مۇھەببەت شەربىتى ئىچتىم، قازاندەك قاينىدىم، تاشتىم،
بۇ پانىي دۇنيادىن كەچتىم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
چۇشۇپتۇر باشىمە سەۋدا، نىگارىم ئىشقىدىن غوۋغا،
ئۆزىگە ئەيلىدى شەيدا، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
بۇ مىسكىن، زار غېرىبىڭنىڭ كىشى ھالىنى سورىمايدۇ،
بۇ يەردىن باش ئالىپ كەتسەم مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

گۈلجامال ئاكىسىنىڭ غەزىلىگە لاي قوللىرى، لاي پاچاقلىرى بىلەن ئۇسسۇل ئوينىدى، بۇنى كۆرۈپ نىگارئايىممۇ، غېرىبىمۇ زوقلىنىپ كۈلۈشتى. بىردىنلا غېرىبنىڭ كۆزى تاللىق ئارىسىدا خاتىرجەم ئوتلاپ يۈرگەن كېيىككە چۈشۈپ قالدى، ئۇ پەم بىلەن تامدىن پەسكە چۈشۈپ، بىساتلىرى ئارىسىدىن ئوقياسىنى ئېلىپ تاللىق ئارىسىغا پەملەپ كىردى ـ دە، ئۆزىنى ئەپلىك يوشۇرۇپ ئوقيانى ئوبدان بەتلەپ ئاتتى. ئوق كېيىكنىڭ بوينىغا تېگىپ بىرقانچە قەدەم تاقلاپ يىقىلدى، گۈلجامال بۇنى كۆرۈپ سەكرەپ كەتتى:
— ھوي... ھوي... گۆش يەيدىغان بولدۇق ! گۆش يەيدىغان بولدۇق... ھوي... ھوي... كېيىك گۆشى يەيدىغان بولدۇق !
ھۆربانۇ خانىش ئوردىغا داغدۇغىسىز ئەكىرىلگەنىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھۇجرىسىغا ئۇ ۋە پەزىلەتخان، بوۋاقنى كۆتۈرگەن ئايشە ھەمدە باشقا دېدەكلەر كىردى. ھۆربانۇ خانىش ھۇجرىدىكى ئۆز پېتى تۇرغان ھەربىر نەرسىگە سېغىنىش ھەم تويماسلىق بىلەن قاراپ دېرىزىلەردىن چىرايلىق چاھارباغقا سەپسالدى.
ئۆيگە تۇران ئايلا كىرىپ مەلۇم قىلدى:
— ئەسسالام مېھمانلار، مېھرىبانۇ خانىش ئالىيلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى.
ئۇنىڭ كېيىنىڭ ئايىغى چۈشمەيلا مېھرىبانۇ خانىش كىرىپ كەلدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خانىش ئالىيلىرى، بەخۇۋاش قۇللىرى

كەلدى...

ھۆربانۇ قائىدە بويىچە تەزىم قىلدى. مېھرىبانۇ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى. ئاندىن سىڭغىنىشىمۇ ھەم قىزنىڭمۇ بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى. مېھرىبانۇ خانىش كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ دېدى:

— قارىغىنا قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭنى ! ئادەمنى شۇنداقمۇ قورقۇتامسەن؟ ھەرنېمە بولسا تىنچ ـ ئامان كەپسەن.

ھۆربانۇ مېھرىبانۇ خانىشنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ ھۆڭرەپ يىغلىدى.

ئايشە تەزىم قىلىپ سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خانىش ئايىم، گۇناھكار ئايشەنى ئەپۇ قىلغايلا. مەن بارلىق گۇناھنى مانا مۇشۇ پاقلاندەك شاھزادە ئۈچۈن بېشىمنى قولتۇقۇمغا قىسىپ تۇرۇپ قىلدىم.

ئايشە قۇچىقىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بوۋاقنى مېھرىبانۇ خانىشقا تەڭلىدى. مېھرىبانۇ خانىش بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى، ئاندىن ئايشەگە باشتىن ـ ئاياغ زەن سالدى.

پەرىلەتخانمۇ تەزىم بىلەن دېدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خانىش ئايىم، ئاددىي مەزلۇم پۇقرالىرى پەرىلەتخاننىڭ سالامىنى ئىلىك ئالغايلا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خۇش كەپلا، ھارمىغايلا ئاچا، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

ھۆربانۇ پەرىلەتخان ئانىنى تونۇشتۇردى:

— خانىش ئانا، مانا بۇ پەرىلەتخان ئانام، مەن ئوردىدىن چىقىپ ئېغىر كۈنلەرگە قالغاندا، خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاش ماڭا مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، مېنى ئۆيلىسام قورققۇم كېلىدىغان توقۇناق بالالاردىن ساقلىدى، باش ـ كۆزۈمنى سىلىدى. مېنى دەپ ئۇنىڭ خاتىرجەم ئائىلىسى ۋەيران بولدى، مەن ئۈچۈن ئەللىك بەش يىللىق مۇرەببىسى جىننىدىن ئايرىلدى.

— سەن ئايشەنىڭ كەينىگە كىرىپ ئاز ئادەمنى ۋەيران، سەرسان قىلدىڭمۇ، بىزگە سالغان كۈلپەتلىرىڭ ئاز بولدىمۇ؟ — دېدى مېھرىبانۇ خانىش ھۆربانۇغا، ئاندىن پەزىلەتخان ئانىغا تەشەككۇر ئېيتتى، — ئۆزلىرىگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت، قىلغان ياخشىلىقلىرى بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار.

— ئۇنداق دېمىسىلە مېھرىبانۇ خانىش ئايىم، مەن ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن قىزىمغا خۇدايىم ئاسماندىن تاشلاپ بەرگەندەك تاسادىپىي ئېرىشىپ، كېچە - كۈندۈز خۇدايىمدىن تىلىگەن تىلىكىمگە يېتىپ، مېنى ۋەيرانە كويغا سالغان مۇناپىقتىن مانا مۇشۇ قىزىم ئارقىلىق ئىنتىقامىمنى ئالدىم. مانا ئەمدى بۇ ئامانەتنى ئۆزلىرىگە خاتىرجەم تاپشۇردۇم. ئەمدى ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق. گۆرۈمدە ساق - سالامەت ياتىدىغان بولدۇم، قىلغانلىرىمغا رازىمەن.

پەزىلەتخان شۇنداق دەپلا ئىزىغا گۈپپىدە يىقىلدى، دېدەكلەر پايپېتەك بولۇپ يۆلىۋالدى، ئۇنى كۆتۈرۈپ كات ئۈستىدىكى كۆرپىدە ياتقۇزدى. پەزىلەتخان جىمجىت قېتىپ ياتاتتى، چىرايىدىن بىرخىل مەمنۇنىيەت، خاتىرجەملىك چىقىپ تۇراتتى. ھۆربانۇ خانىش ئۇنىڭغا ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كەتتى. خانىش مېھرىبانۇ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى.

كېچە، شاھ ھۇجرىسى. شاھ قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، چوڭقۇر خىيال بىلەن دېرىزىدىن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قارىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا شەيخۇلئىسلام جارۇپ مەۋلەۋى، باش قازى قۇربانىنياز داموللا، ئەرشىدىن داموللا، سەئىد پازىل، ئىمامنىياز پەيزۇللا، رەھمىتۇللا يەركەندى قاتارلىق ئاقساقاللار قول باغلاپ تۇرۇشاتتى.

— ھەرقايسىڭلار كۆپ كىتاب كۆرگەن، كۆپ جاھان كەزگەن، كۆپنى بىلگەن مويسىپىت زاتلار. بېشىم قېتىپ كەتتى. ئاقىلانە مەسلىھەت بېرىڭلار. ئوردىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن، مانا ئەمدى يەنە شاھزادە بۇ دەپ بىر ئوغۇل بوۋاقنى كۆتۈرۈپ كەلگەن

خانىشنى نېمە قىلماق لازىم؟ ئۇ ئوغۇل بۇۋاقنى شاھزادە دەپ ئېتىراپ قىلامدىم، يوق؟ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. مەن سىلەرنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن جاۋاب بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن !

موزىسىپىتلەر يەر تېگىدىن بىر ـ بىرىگە قاراشتى، جاروپ مەۋلەۋى گېلىنى قىرىپ دېدى:

— كىچىك خانىشنىڭ ئوردىدىن چىقىپ كېتىپ بالا كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكى ئەل ئارىسىغا تارقالغاندىن بۇيان ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا، مۇشۇ پاراڭ.

— ئەل نېمە دەيدىكەن؟ — سورىدى شاھ.

جاروپ مەۋلەۋى ئاۋۋال سۆز ئالدى:

— شاھ بۇ خانىشنى دارغا ئېسىشى كېرەك. بۇ شاھنىڭ يۈزىگە داغ چۈشۈردى، خانلىقنىڭ شان ـ شەرىپىنى يەرگە ئۇردى. بۇ بالىنى شاھزادە دەپ ئېتىراپ قىلسا شاھ خەلقئالەم ئارىسىدا تېخىمۇ رەسۋا بولىدۇ، شاھ بۇنداق خانىشنى تاش ـ بوران قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، نومۇسىنى ئاقلىشى كېرەك دەيدىغانلار كۆپ ئىكەن.

رەھمىتۇللا يەركەندىمۇ ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئاۋام خەلق دېگەن قوينىڭ پادىسىغا ئوخشايدۇ، ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ، شاھىمىز ئۆمۈر بويى ئوغۇل پەرزەنت كۆرمەي مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئاللانىڭ رەھمىتى، ئىنايىتى بىلەن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. بۇ شاھىمىزنىڭ بىردىنبىر ئەركەك پۇشتى، خانلىقنىڭ ئۈمىد نۇرى، ئىزباسارى. ئۇنى كوچىدىكى يالغان ـ ياۋىداق، پىتنە ـ پاساتقا ئىشىنىپ ئۇنداق ئاسانلا ئۇيان ـ بۇيان قىلساق بولمايدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن قۇربان نىياز داموللا ئېغىز ئاچتى:

— ئەلنى بوش چاغلاپ بولمايدۇ، ئەل قوزغالسا تەخت قوزغىلار دېگەن گەپ بار. ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ بالاساغۇن خەلق دېگىنىمىزغا، خاقان دېگىنىمىزدىكى كېمىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر كېمە

دېڭىز دولقۇنىغا قارشى سەپەرگە قوزغالسا كېمە دېڭىزغا غەرق بولىدۇ، دېگەن. ئەلىنىڭ رايىغا باقماي ئىش تۇتقان بىلەن خانلىقتا ئىچكى يېغىلىق چىقىشى مۇمكىن.

سەئىد پازىل سورىدى:

— ئۆزلىرىچە بولغاندا خانىش ھەم بوۋاقنى ئېتىراپ قىلماسلىق كېرەكمۇ؟

قۇربانىنىياز ئېغىز ئاچقۇچە رەھمىتۇللا يەركەندى دېدى:

— خانىش ئوردىدىن چىقىپ كەتكەندە ھامىلدارلىقى ئېنىق تۇرسا. ئۇ بالىنى ساق - سالامەت يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇزۇش ئۈچۈن ئوردىدىن چىقىپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— بۇنىڭغا كىم گۇۋاھ بولالايدۇ؟ — دېدى ئەرشىدىن داموللا.

— بۇنى شاھىمىز ھەم چوڭ خانىش بىلىدۇ. ئايشەنىڭ شاھقا قالدۇرغان خېتى بار، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— ئايشە ئوردىدىكى دېدەكلەرنىڭ غوجىدارى، ئۇ نېمىگە ھېساب؟ خەق ئۇنى ئېتىراپ قىلامدۇ؟ شەرىئەت بويىچە بىر ئىشقا گۇۋاھلىق بېرىشتە تۆت خوتۇن بىر ئەرگە باراۋەر كېلىدۇ. بۇ ئىشقا ئۈچتىن ئارتۇق ئەر گۇۋاھ بولمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇۋاھچىلار ھۆر ئادەم بولۇشى كېرەك. چۆرە - دېدەكلەر غوجىدارى گۇۋاھلىققا يارىمايدۇ، — دېدى ئەرشىدىن داموللا.

— قازى ھەزرەتلىرى، ئۇلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلماق كېرەك؟ — دېدى سەئىد پازىل.

قۇربانىنىياز دامولla ئېغىز ئاچتى:

— ھازىرقى ئەلنىڭ رايى بويىچە بولغاندا خانىش ھەم بالىنى ئېتىراپ قىلىشقا بولمايدۇ. خانىش بىلەن ئايشەنى تاش - بوران قىلىپ، بوۋاقنى يېتىم - يېسىر بالىلار قاتارىدا خەير - ساخاۋەتخانىدا بېقىش خەقنىڭ ئۆپكىسىنى باسىدىغان ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل.

— ئەمما، مەن... ئۇنى ئوغلۇم، نەسلى - نەسەبىم دەپ بىلسەمچۇ؟ — دېدى شاھ.

— شۇغىنىسى، خەلقىئالەم سىلىنى ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن دەپ بىلىدۇ، — دېدى ئىمامنىياز پەيزۇللا.
— بۇ ئىشتا خەقنى ئىشەندۈرۈش، خەقنىڭ رايىغا بېقىش بەك مۇھىم، شاھ ئالىيلىرى، — دېدى جارۇپ مەۋلەۋىمۇ.
— بالا ھەقىقەتەن خان ئالىيلىرىدىن تۇغۇلغان تەقدىردىمۇ خەقنىڭ كۆڭلىدە شەك بولغان ئەھۋالدا، بالىنىڭ كېيىنكى تەقدىرى يامان بولغۇسىدۇر، مەسىلەن، بالىنى خانىنىڭ ۋەلىئەھدىسى دەپ ئېلان قىلغاندا، خەق بۇنىڭغا قايىل بولمىسا ئۇنىڭ ئاقىۋىتى خەيرلىك بولماي قالارمىكىن؟ — دېدى سەئىد پازىل.
— بالىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئالىيلىرى، — دېدى قۇربانىياز داموللا.
— شاھ ئالىيلىرى، بۇ يەڭگىلتەكلىك بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان ئىش ئەمەس. ئوبدان ئويلىنىپ، بار مەسلىھەت ئىش قىلىش، يەتتە ئۆلچەپ بىر كەسمەكلىك ئەڭ ئاقىلانىلىكتۇر، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.
— ھازىر پۈتۈن ئەلنىڭ كۆزى مۇشۇ ئىشقا تىكىكلىك. شاھ ئالىيلىرى، بۇ ئىشنى كەسمىسەك، خەق ئۆكتە قوپىقىلى ئاران تۇرىدۇ، — دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.
— بۈگۈنچە بولدى قىلىڭلار، بېشىمغا نەيزە سانجىلغاندەك بولۇۋاتىدۇ، ئارام ئالاي، — دېدى شاھ بىردىنلا.
ئاقساقاللار پەرىجىلىرىنى سۆرەپ چىقىپ كېتىشتى.
ھۇجرىسىدا قارىلىق كىيىم بىلەن بۆشۈك تەۋرىتىپ خىيالچان ئولتۇرغان ھۆربانۇنىڭ يېنىغا قارىلىق كىيىم كىيگەن ئايشە كىردى:
— خانىش ئالىيلىرى، مەلىكە ئالىيلىرى يوقلاپ كەلدى.
سەنەم يۈگۈرۈپ كىرىپ ھۆربانۇ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.
— كىچىك ھامما، ھارمىغايسەن، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ

كېتىپسەن.

سەنەم يەنە بۆشۈكتىكى بوۋاقنى سۆيۈپ ئەركىلەتتى.

— پاھ... نېمانداق چىرايلىق بالا تۇغدۇڭ، بالا تۇغۇشقا ئۈستىكەنسەن، قارا، قاشلىرى شاھ ئاتامنىڭ نەق ئۆزى، مانا ماۋۇ قۇلاقلىرىنىڭ ئوخشاپ كەتكىنىنى، قاراشلىرىچۇ تېخى. بۇرنى بەكرەك ئوخشاپتۇ. شاھ ئاتامنىڭ ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپتۇ...

سەنەمنىڭ ئەركىلىتىشلىرىدىن بوۋاق يىغلىدى. دېدەكلەر بالىنى بۆشۈكتىن يېشىپ قوللىرىغا ئېلىشىپ، پايپېتەك بولۇپ ئەركىلىتىشتى.

— سىلى بەك ئاق كۆڭۈل، مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى ئايشە.

سەنەم بىلەن ھۆربانۇ خېلىغىچە مۇڭداشتى.

گۇگۇم پەيتى. سەنەم بىر توپ كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاستا راۋاققا يېقىنلاپ كېلىپ شاھ ئاتىسىنىڭ يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىقىپ يۈزىدە توختاپ قالغان يېشىنى قولياغلىقىنى چىقىرىپ سۈرتتى. شاھ ئەندىكىپ كۆزىنى ئاچتى.

— ھە... سىزمىدىڭىز، قاچانلاردا كەلدىڭىز؟ — دېدى شاھ.

— مانا ھازىرلا، شاھ ئاتا... مۇبارەك بولغاي، سىلىنى قۇتلۇقلايمەن، بىر ئۆمۈر ئوغۇل يۈزى كۆرەرمەنمۇ دەپ ئارزۇ قىلاتتىلە، نەق تېرىلىرىنى كىيىپ تۇغۇلۇپتۇ. بەك ئوماق، بەك چىرايلىقكەن، — دېدى سەنەم.

— ھە... سىزمۇ كۆردىڭىزمۇ؟ — سورىدى شاھ.

— ھە... ئە... كۆردۈم.

شاھ جانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە شۈكلەپ قالدى.

— خەقنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىسىلا، ئاتا، — دېدى سەنەم.

شاھ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

— شاھ بولماق مۈشكۈل، قىزىم، سىز ئاۋام پۇقراغا ئىگە بولغاندەك، پۇقرامۇ ئۆز نۆۋىتىدە شاھقا ئىگە بولۇۋالىدىكەن.

ئۇقىرا ئۆزىگە ئىگە بولالماي شاھنىڭ ئاغزىغا قارىغاندەك، شاھمۇ بەزىدە ئۆزىگە ئىگە بولالماي ئاۋامنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالىدىكەن.

شۇ سۆز بولۇۋاتقاندا يېڭى تەيىنلەنگەن ئەللىك ياشلاردىكى ھوشۇر جىسەكچى كېلىپ شاھقا سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھ ئالىيلىرى.

— كېچىدە نېمىدەپ كەلدىڭ؟

جىسەكچى مەلىكىگە قاراپ، ئەپسىز ھالدا دۇدۇقلىدى:

— ئالىيلىرى... ئايىرىم... ئايىرىم... دېسەم... بولاتتى.

— دەۋەر، تىلىڭنى چاينىماي دەۋەرگىن.

— غېرىب... ئۇ... سورگۇندە بىزنىڭ ياساۋۇللارنى ئۆلتۈرۈپ... قېچىپ كېتىپتۇ، — دېدى ھوشۇر.

سەنەم ئاغزىنى تۇتۇپ ئىچىگە تارتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە؟... ھە... نېمە دەيسەن، قېچىپ كېتىپتۇ؟ — دېدى سەنەم.

— ھۇ بەتنىيەت... گەدەنكەش... ئۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئىسيانكار، ئۆزىنىڭ ئېشىغا توپا ساپتۇ... ئۆز گۇناھى ئۆزىگە. — دېدى شاھ.

— ياق... ياق... شاھ ئاتا... ئۇ... ئۇ ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ... ئۇ ھەرگىز قاچمايدۇ. — دېدى سەنەم.

— بولدى، تولا ئاقلىماڭ، كىرىپ ئۇخلاڭ. ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشى سىزگە تۇغرا بىلىنىدۇ. ئۇ تېرىغان ھەر خاپىلىقلارنى ئاقلىتىپلا كەلدىڭىز، بولدى بەس ئەمدى، — دېدى شاھ.

سەنەم ئىتتىك ھۇجرىسىغا ياندى.

ھۆربانۇ خانىشنىڭ ھۇجرىسى. بوۋاق تۇختىماي قىرقىراپ يىغلىماقتا. ھۆربانۇ خانىش بالىغا ئەمچەك سالدى. دېدەكلەر بىلەن ئايشە ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇشتى. ھۇجرىغا تۇيۇقسىزلا شاھ ئۆزىنىڭ خاس نۆكىرى بىلەن كىرىپ كەلدى. ھەممىسى ھودۇقۇپ تەمتىرەپ شاھقا تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھ ئالىيلىرى، گۇناھكار ئاجىزەلىرىنى كەچۈرگەيلا، — دېدى ھۆربانۇ.

كەينىدىن ئايشەمۇ سالام قىلىپ دېدى:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا، شاھ ئالىيلىرى، مەن ئۆزلىرىگە سوۋغات ئەكەلدىم.

شاھ ئۇن ـ تىنسىز ھالدا ھۆربانۇغا بىردەم تىكىلىپ تۇردى ـ دە، ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ قۇچىقىدا تۇرغان بوۋاقنا سىنچىلاپ قارىدى، قارىغانسېرى قىزىقىپ قارىدى ...

بۇ يەردىن يانغان شاھ ئۇيقۇدا ياتقان مېھرىبانۇ خانىشنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. مېھرىبانۇ خانىش ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ بولغۇچە، دېدەك كىرىپ چىراغ ياقتى.

— بولدى، چىراغ ياقما، چىقىپ كەت!

شاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دېدەك تەزىم قىلىپ ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى. مېھرىبانۇ خانىش شاھقا ئورۇن راسلىدى.

— بۇ كېچىدە ئۇخلىماپتىلىغۇ، ئالىيلىرى؟ — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— ئىككى بالا بېشىمنى ئاغرىتىپ زادىلا ئۇخلاتمىدى.

— قايسى ئىككى بالا؟ — سورىدى خانىش.

— ھۆربانۇنىڭ قۇچىقىدىكى بالا بىلەن قىزىڭنىڭ قورسىقىدىكى بالا، مەن بۇ ئىككى بالىنىڭ غەلۋىسىدىن قانداق قۇتۇلىمەن؟ ئويلىسام تەختىمسەراغا چۈشۈپ كېتىمەن.

— مەنمۇ ھېچ بىلەلمىدىم، بىر قارىسام ھەر ئىككىسى بىزنىڭ يۈرەك پارىمىز، بىر قارىسام بۇ بالىلار بىزگە ئوشۇق خاپىلىقتەك تۇيۇلىدۇ، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— مەلىكە سەنەمنىڭ تۇغىمەن دېگەن، جاھىللىقىنى دېمەمسەن. تېخى ئىككىسىنىڭ كېلىشىۋالغانلەك ئوردىدىن تەڭ غايىب بولۇپ، يەنە بىردىن بالىنى كۆتۈرۈپ تەڭ پەيدا بولغىنى ئارتۇق بولدى. بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى، — دېدى شاھ.

— بامداتقا ئەزان چىقىشقا ئاز قالدى، كېسەلدىن يېڭى

قوپتىلا، بۇنداق ئۇخلىماي ئۇھ تارتىپ يۈرۈۋېرىپ ئۆزۈڭلۇپ قالمىسىلا يەنە. بىر دەم يېتىپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالسىلا. خۇدا بىر يولغا سالا، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— مېنى قەستەن ئاچچىق يۇتۇپ ئۇخلىمايۋاتىدۇ دەمسەن، بۇ ئۆيقۇلار نەگە قاچتى؟ ئۆيقۇم كەلمىگەنچە بۇ ئىش كاللامغا كىرىۋېلىپ مېڭەمنى قوچۇۋەتتى، — دېدى شاھ.

بىر ئازدىن كېيىن شاھ مۈگدەشكە باشلىدى.

شەھىرى قارشىنىڭ سېپىلى. شاۋاز بەگ، ئەمىرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا سېپىل ئۈستىنى ئايلىناۋاتاتتى. ئابلىز شەيتان ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— ۋەزىر ئەزەم، جىددىي مەلۇمات.

— بەلخ تەرەپتىنمۇ؟ — سورىدى شاۋاز.

— يوقسۇ، ئوردابالىق تەرەپتىن، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— نېمە ئىش؟

— جانابلىرىغا خاس مەخپىي مەلۇمات ئىكەن، ئالىيلىرى، — دېدى ئابلىز شەيتان.

شاۋاز ئابلىز شەيتاننى ئەگەشتۈرۈپ ھۇجرىسىغا قايتتى.

چەكسىز ئورمان بىلەن قاپلانغان تاغ. شاھ نۆكەر - ياساۋۇللار بىلەن ئاتلىق شىكارغا چىققانىدى. شاھ ئوقيانى بەتلەپ ئوركۈپ ئۇچقان قىرغاۋۇلغا ئاتتى، يا ئوقى ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قىرغاۋۇلغا قادالدى - دە، قىرغاۋۇل ئورمان ئارىسىغا چۈشتى. شاھنىڭ ئوۋچىلىرى قوللىرىدىكى ئوۋ ئىتلىرىنى قويۇپ بەردى. ئوۋ ئىتلىرى ئورمان ئىچىگە بەس - بەس بىلەن قاۋاپ ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى. شۇ چاغدا بىر نۆكەر خۇشال ھالدا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— خۇش خەۋەر... سۆيۈنچە... شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي... شەھىرى قارشى پەتھى قىلىنىپتۇ. خان لەشكەرلىرى شەھىرى قارشىنى ئىلكىگە ئاپتۇ.

— ۋاھ... ھە... ھە... كۆز قورقۇنچاق، قول باتۇر دېگەن شۇ.

ھە... غەزنەۋىلەرنىڭ قۇرۇق ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلۇپتۇ. كۆڭلۇم زادى ھەق گۇۋاھلىق بېرىدۇ. نۇسرەت بىزگە كېلىدىغاندەك تۇيۇلغان، مانا مەن ئويلىغاندەك بوپتۇ. بەش تەڭگە بىلەن بىر تون - سەرپاي سۆيۈنچە بېرىڭلار! — دېدى شاھ.

— خان ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ھەشقاللا. ئابدۇللا شاتىرى جانابلىرى باشلىغان قوشۇن شەھىرى بەلخكە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، — دېدى نۆكەر.

— ھە، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە. پەرمان، خانلىقتا ئۈچ كۈن بايرام قىلىنسۇن، ھەربىر شەھەردە يۈزدىن تۆگە سويۇلۇپ خەلقىئالەمگە بەزمە - باراۋەت قىلىپ بېرىلسۇن! ھەر شەھەرنىڭ زىندانىدىن توقسان گۇناھكار ئازاد قىلىنسۇن! ھەر بىر يۇقىرادىن ئۈچ كۈن باج - ئالۋان خالاس قىلىنسۇن! بارلىق مەسچىت - مەدرىسىلەردە بۇ قېتىمقى جەڭدە شېھىت بولغانلارغا ئاتاپ خەتمىقۇرئان، تىلاۋەت قىلىنىپ، غازىلارغا ئامانلىق تىلەنسۇن. بارلىق ئۆلىما - تالىپلارغا خانلىق خەزىنىدىن بەش تەڭگىدىن ھەدىيە قىلىنسۇن! — دەپ پەرمان قىلدى شاھ.

بۇ چاغدا شاۋاز خاس ھۇجرىسىدا ئۈزىنى كاچاتلاپ، ساقىلىنى سىقىمداپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ سۆزلەۋاتاتتى.

— ئەستاغپۇرۇللا شەيتان، ما كېلىشمەسلىكنى، ھۆربانۇ ئوغۇل تۇغۇپ بالىنى ئېلىپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ، مەلىكە ھامىلىدار بولۇپ كەپتۇ، نېمانداق بىر - بىرىدىن دەھشەت، سېسىق گەپلەر بۇ... بۇ... بۇ... بۇنداق بولسا بولمايدۇ، يامان بوپتۇ. بۇنى ۋاقتىدا يىغىشتۇرماق كېرەك. شاھنىڭ ئەتراپىدىكى پوق ساقال نان قېپىلار نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ؟ مەن ئۇلارنى قارانچۇق بولۇشقا قويغانمۇ؟

— ئۇلارمۇ كۆچەپ سەۋەب قىلىۋېتىپتۇ. شاھمۇ دەمال بىر قارارغا كېلەلمەي تېڭىرقاپ قاپتۇ، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— ماڭا قۇرۇق گەپ ئەمەس، ئەمەلىي ئىش كېرەك. ھۇ نان كور ئوغرىلار! لەقۋالار! ھەممىڭ كارغا كەلمەسلەر. ئوردىدا زادى

ئۆزۈم بولمىغۇچە ھېچ ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ.

شاۋاز سۆزلەۋاتقاندا سىرتتىن مەلۇماتچى كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— جانابىي ۋەزىرئەزەمگە مەلۇم بولغاي، قاراقچىلار قوشۇنى شەھىرى بەلخنى قورشىۋاپتۇ، غەزنەۋىلەر شەھەر دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىپ، جەڭگە چىققىلى ئۇنىمايۋېتىپتۇ. ئابدۇللا شاتىرى جانابلىرى ئوتتۇز پەرسەخ يىراقلىقتىكى مۇرغاب دەرياسى بويىدا بارگاھ قۇرۇپ يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر غەزنەۋىلەر شەھەردىن جەڭگە چىقسا، قاراقچىلارغا ھەمدەم بولامدۇق يوق، دېگەن مەسىلىدە بىر قارارغا كېلەلمەي ئۆزلىرىدىن يوليورۇق سوراپ، چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ.

— ھىم، ئابدۇللاغا دەڭلار، ناھايىتى ئوبدان يەردە پۇختا بېكىنىپ ياتسۇن. ھەرگىز قاراقچىلارغا ھەمدەم بولۇشقۇچى بولمىسۇن. بولسا قاراقچىلار غەزنەۋىلەر قولىدا يەر بىلەن يەكسان بولسا، شۇ تاماشىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرسەك دەيمەن. غەزنەۋىلەر غەلىبە قىلسا ئاندىن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا كىرىمىز. غەزنەۋىلەر مەغلۇپ بولسا قاراقچىلارنىڭ قولىدىن شەھەرنى تاپشۇرۇۋالىمىز، — دېدى شاۋاز.

— قاراقچىلارنىڭ ئاش - ئوزۇق، يەم - خەشەكلىرى يېتىشمەي قىينىلىۋېتىپتۇ. ئۇلارغا ئازراق ياردەم قىلساق بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى نۆكەر.

— بىر تال دان، بىر باغ بېدە بېرىشكە بولمايدۇ، — دېدى شاۋاز.

نۆكەر شاۋازنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ قايتتى.

سەنەم ھۇجرىسىدا ھەسرەت چېكىپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتاتتى:

— غېرىبجان، نېمىشقىمۇ ياساۋۇللارنى ئۆلتۈرۈپ قاچقانسىز؟ شاھ ئاتامنى ئۈچ يىل سۈرگۈنلۈكتىن قايتىپ كەلسىڭىز تويىمىزنى قىلىپ قويۇشقا ئاران تەستە

كۆندۈرگەنىدىم. ئۆزىڭىزمۇ بۇنىڭغا قايىل بولغانىدىڭىزغۇ؟ نېمىشقىمۇ ئۇنداق قىلغانسىز، نېمىشقا يېرىم يولغا بارغاندا نىيىتىڭىزدىن يانغانسىز، نېمە سەۋەبتىن شۇنداق قىلغانسىز؟ ...

ئۇ ئاخىر ھەسرەت بىلەن ناخشا ئېيتتى.

بۇ چاغدا چۆلدىكى بوستانلىقتا بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقچىلارنىڭ قىرغىقىغا نىگارئايىم بىلەن گۈلجامال قوناق تېرىماقتا ئىدى. يېڭى پوتكەن ئۆيدىن ئوقياسىنى ئاسقان غېرىب چىقىپ ئاتنى توقۇدى ـ دە، لەمپىنىڭ تۆۋرۈكىگە باغلاپ قويۇپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

ـــ ئانا، نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟

ـــ ئاتىنىڭ قونىقىدىن ئازراق ئەكېلىپ ئېرىقنىڭ قىرلىرىغا تېرىپ قويۇۋاتىمىز. رىزقى ـ تەلىيىمىز بولسا كۆزگىچە قوناق بولۇپ قالىدۇ، بۇ چۆلدە نەدىن ئاش ـ ئوزۇق تاپىمىز، ئۆزىمىز يېسەكمۇ، ئاتقا بەرسەكمۇ بولار دەيمەن.

ـــ خۇدايىم ياخشى تىلەكلىرىڭىزگە يەتكۈزگەي. ئەمما، بىز نەچچە كۈنلۈك يەردىن بولسىمۇ بېرەر يۇرت، بازارنى تېپىپ ئۆزىمىزگە يىل بويى يەتكۈدەك ئاش ـ ئوزۇق تېپىپ كېلىپ ياشىمساق، بۇ يەردە بۇلاق سۈيى بىلەن ئوۋغا تايىنىپلا ياشىغىلى بولمايدۇ، ـــ دېدى غېرىب.

ـــ بولسا سېغىن كالا، قوي، ئۆچكە دېگەندەك مال ـ چارۋىدىنمۇ بېقىپ قويايلى، بالام.

ـــ مەن بۇ يەردىن كەتسەم، سىلەر يالغۇز قالساڭلار ئەنسىرەيدىكەنمەن. بىللە ئېلىپ باراي مىكىن دەپمۇ ئويلاۋاتىمەن، ـــ دېدى غېرىب.

ـــ بىزدىن ئەنسىرىمىگىن، بالام، بىزگە خۇدايىم بار، سېنىمۇ ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ـــ پات كەلگىن، ئاكا، ھايالشىپ قالساڭ مەن قورقىمەن، ـــ دېدى گۈلجامال.

ـــ سىلەرنىمۇ ئاللا پاناھىدا ساقلىغاي.

غېرىب ئانىسى ھەم سىڭلىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى ـ دە، ئېتىغا مىنىپ مېڭىپ كەتتى.
شەھەردىكى تار كوچىدا ئادەملەر ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئەرەنچە كىيىنىپ قارا سەللە ئوراپ كۆزىنىلا ئوچۇق قويغان سەنەم بىر ئىشىكنى قاقتى، ئىشىكنى بىر موماي ئاچتى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، موما.
— كىمنى ئىزدەيسىز بالام؟ — دېدى موماي.
— سۇلايماننى ئىزدەيمەن.
— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟
— مەن سۇلايماننىڭ خانلىق مەدرىسىدىكى ساۋاقدىشى.
— ھە... مۇنداق گەپ، شاھنىڭ قىزى بىلەن بىللە ئوقۇغان بىر توپ باللار بىر يىل بۇرۇن بىراقلا ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى. خەقلەر باللىرىنى ئىزدەپ ـ سورىشىپ ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ئاسمانغا چىقىپ كەتتىمۇ، يەرگە كىرىپ كەتتىمۇ، بىلەلمىدۇق. ئاڭلىساق، شاھنىڭ قىزى بىلەن بىللە قاچقانمىش. كېيىن ئاڭلىساق، شاھنىڭ مەلىكىسى بىلەن غېرىب قولغا چۈشۈپ قاپتۇمىش، ئەمما مېنىڭ نەۋرەم قاتارلىق بىر توپ باللار يوقمىش. خەقلەر ئۇستازى تاغ قاراقچىلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ شۇ تاغقا چىقىپ كەتتىمىكىن، دەپ گۇمان قىلىشتى. خەق يامان ئىكەن. تاغ قاراقچىلىرى ئارىسىدىنمۇ باللارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىپتۇ، ئۇ يەردىنمۇ چىقماپتۇ. تۇتۇلۇپ زىندانغا تاشلانغانمىكىن دەپ دېرەكلىسە، ئۇ يەردىنمۇ چىقماپتۇ. خەقلەر ئۇلارنى شاۋزلارنىڭ ئادەملىرى يىغىشتۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ دېيىشىۋاتىدۇ. سىز نەۋرەمنىڭ خانلىق مەدرىسىدىكى ساۋاقدىشى بولسىڭىز، سىز بار بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە نەۋرەم سۇلايماننى بىلەرسىز؟
سەنەم مومايىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېتىپلا قالدى.
شاۋاز ھۇجرىسىدا ئابلىز شەيتان بىلەن شاھمات ئوينىماقتا.

— ئويلىسام، ھازىر مەن شەھىرى قارشىدا تۇرماي دەرھال ئۇردىغا قايتىپ بەڭۋاش مەلىكىنىڭ قورسىقىدىكى ئاپەتنىڭ يىلتىزى بىلەن ھۆربانۇ خانىشنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنى بىر تەرەپ قىلمىسام بولمىغۇدەك، — دېدى شاۋاز.

— شەھىرى بەلخ پەتھى قىلىنىشقا ئاز قالدى. ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىككى شەھەرنى غەزنەۋىلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋالغانلىقلىرىدىن ئىبارەت كاتتا تۆھپە ئۆزلىرىنىڭ شاھ ھەم خانلىق ئالدىدىكى ئىناۋەت - ئابرۇيلىرىنى بىراقلا ئۆستۈرىدۇ. سىلىنى ئۇرۇش قىلماستىن قورقۇپ شەھەر - يايلاقلارنى غەزنەۋىلەرگە قوش قوللاپ تۇتتى دەپ ئارقىلىرىدىن پىتنە - پاسات تېرىغان مۇتتەھەملەرنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىدۇ، ھەتتا شاھنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان گۇمانىي قاراشلىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ. ئۆزلىرى شەھىرى بەلخنى پەتھى قىلغۇچە باشلامچىلىق تىزگىنىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرغانلىرى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە شەھىرى قارشىدىن بەلخكە قاراپ ماڭغانلىرى تۈزۈك. ئۆزلىرى جەڭ مەيدانىدا تىك تۇرۇپ بەرسىلە ئىشلار يەنە باشقىچە بولىدۇ. ئاڭلىسام، ساماۋارخانىدىكى پىتنىخورلار جەڭنى شەيخ جالالىدىن باشلىغان تاغ باتۇرلىرى قىلسا، خان لەشكەرلىرى تەييارغا ھەييار بولدى، دەپ پىتنە قىلىشىۋېتىپتۇ. مەن ئۆزلىرىنىڭ شەھىرى بەلخكە يېقىن يەردە چېدىر تىكىپ باشلامچىلىق تۇغىنى شۇ يەردە جەۋلان قىلدۇرۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئابلىز شەيتان.

شاۋاز شاھىمات تاختىسىنى غەزەپ بىلەن ئۆرۈۋېتىپ ساقىلىنى سىقىمداپ قايناپ سۆزلەپ كەتتى:

— پىتنىخورلار ساماۋارخانىدا نېمە دېيىشسە دېيىشسۇن، ھاڭگا ئىشەكنى تۇغدۇرىدىغان ئۇ مۇناپىقلار نېمىنى دېمەيدۇ؟! ھىم، خەپ توختاپ تۇرۇش ! مەن سەن بىكار تەلەپ چايخور ئوغرىلارنىڭ ئەدىپىنى بەرمەيدىغان بولسام، قايسىڭ بار؟!

— لەببەي ۋەزىرئەزەم ! — دېدى نۆكەر.

— شەھىرى قارشىنىڭ ھاكىمى خېلىل سۇلتاننى باشلاپ كەل. ھە يەنە قاراقچىلارنىڭ ئالدىغا شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇلارغا قوش قوللاپ تۇتقان ھېلىقى شەيخۇلئىسلامنىڭ ئېتى نېمىتى؟

— ئەختەرىدىن قۇززات سەبرى، — دېدى ئابلىز شەيتان جاۋاب بېرىپ.

— ئادەمنىڭ تىلى كەلمەيدىغان ئارغامچىدەك ئۇزۇن ئېتى بار ئۇ قېرى جوھۇتنىمۇ تېپىپ كېلىڭلار! قاراقچىلارنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قوياي! — دېدى شاۋاز.

— خوپ ئالىيلىرى، — دەپ كەينىگە ياندى نۆكەر.

— پىتنىنىڭ ئاچچىقىدا شالۋۇرنى ئوچاققا سېلىپ بولمايدۇ. خېلىل سۇلتان بىلەن شەيخۇلئىسلام خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئادەملەر ئىكەن. ئۇلارغا ئازار يېتىپ قالسا جانابىلىرىنىڭ ئوبرازىغا داغ تېگىپ قالارمىكىن، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— ئۇنداقتا مەن نېمە قىلسام توغرا قىلغان بولىمەن؟

— ئۇلارغا چىرايلىقچە شەھىرى قارشىنىڭ تەرتىپلىرىنى بىرقۇر تاپىلاپ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى شەھىرى بەلخكە قارىتىپ سەپەرگە چىقماق سىلى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق ھەزرىتىم، — دېدى ئابلىز شەيتان مۇغەمبەرلىك بىلەن.

— مېنىڭ ھازىرلا ئورداباللىققا قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ بارغۇم بار، ئەس - يادىم ئوردىدا قالدى، — دېدى شاۋاز.

— ھازىر جەڭ مەيدانىدىن دەرھال ئوردىغا قايتىسىلا خانىمۇ سىلىنى قىزغىن قارشى ئالمايدۇ ھەم ئارقىلىرىدىن ئۆزلىرىگە زىيانلىق پىتنە - پاسات كۆتۈرۈلىدۇ، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— ھەرقانداق پىتنە - پاساتقا پەرۋايىم پەلەك. مەن ئۈچۈن ھازىر ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن غەزنەۋىلەر ئەمەس، ئوردىدا پەيدا بولغان ئىككى بوۋاق. غەزنەۋىلەر دېگەن سىرتتىن كەلگەن

دۈشمەن. ئۇنى مۇشۇ خەلق ئۆزى يېڭىدۇ. ھەممىدىن يامان دۈشمەن ئۆز ئىچىمىزدە. ئوردىدا ساقلىنىم ئاستىدىن ئۇنۇپ چىققان دۈشمەن سەل بىخەستەلىك قىلسام جېنىمنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدۇ. مەن ئۇلارنى يوقاتمىسام، ئۇلار مېنى يوقىتىدۇ، — دېدى شاۋاز.

ئابلىز شەيتان بېشىنى لىڭشىتتى.

ئوردا ئىچى. ئايشە ھۆربانۇ خانىشنىڭ ھۇجرىسىدا بوۋاقنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ بوۋاقنى پەپىلىگەچ، چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ بېشىنى سىلىپ، چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ھۆربانۇغا دېدى:

— پەزىلەتخان ئانام بىز ئوردىغا بالدۇر كېلىپ خاتا قىپتىمىز. ئەسلىدە ھازىر كەلمەيدىغان ئىش ئىكەن دېگەنىدى.

— پەزىلەتخان ئانام كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا سىلەرنى ئىگەڭلەرگە تاپشۇرۇپ بەرمىسەم كۆزۈم ئوچۇق كېتىپ قالىمەن دەپ يۈرگەننىڭ ئۈستىگە قولغا چۈشۈپ قالدۇق، — دېدى ھۆربانۇ.

— ئۇلارغا ئۆزىمىزنى ئاشكارىلىمىساق بوپتىكەن، — دېدى ئايشە.

— ئاشكارىلىمىساق ھېلىقى باجگىرنىڭ خۇنى ئۇچۇن بىزنى ئۆلتۈرەتتى. بىز بۇ يەرگە ئۆزىمىز كېلىۋالمىدۇق، — دېدى ھۆربانۇ.

— ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى، شاھ شاھزادىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ، خۇشال توي ئويناپدىغان بولدۇق دېسەم، ئەكسىچە بالا زارلىقىدا قاغجىرىغان شاھ ...

— ئەسلىي بىز ئىشنى خام ئويلاپتىمىز. شاھىنلا ئويلاپ، ئەتراپتىكىلەرنى ئويلىماپتىمىز. شاھىنىڭ ئوغلىنى بوينىغا مىندۇرگۇسى بار، ئەمما خەق بۇ بالىنىڭ شاھىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيۋاتىدۇ، — دېدى ھۆربانۇ.

— شاھىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى كۆرگەنلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىز

پاساتلىرى ئالدىدا تېگىرقاپ قېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئايشە.

— ئەمدى نېمە كۆڭلەرنى كۆرەرمىز ئايشە؟ مەن ئۆزىمىزدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

— ئاللا پاناھىدا ساقلار، ئاسانلىق بېرەر.



# يىگىرمە بىرىنچى باب

دەريا بويىدا نۆكەرلەر گۈلخان يېقىپ، ئاتلىرىنى يېتىلەپ يۈرۈپ كۆزەتچىلىك قىلماقتا. شاۋاز بىلەن ئابلىز شەيتان دەريادا سۇ ئۈزمەكتە. ئىككىسى نۆكەرلەر كۆزەتتە تۇرغان قىرغاقتىن يىراقلىشىپ دەريا ئوتتۇرىسىدىكى قۇملۇق دۆڭگە چىقىپ قۇمدا دۈم يېتىپ كۇسۇرلاشتى.

— سەن دېگەندەك مەن ئوردابالىقتا بارمىسام بولامدىغاندۇ؟ — دېدى شاۋاز.

— جانابىي ۋەزىرئەزەم ئوردىغا قايتىپ كەتكەنلىرىدىن كۆرە، مەشەدە تۇرغانلىرى ياخشى. ئوردىغا بارمايمۇ مەشەدە تۇرۇپ قوللىرىنى سوزسىلا ئوردىنىڭ قايسى بۇلۇڭىغا يەتمەيدۇ؟ مەشەدە تۇرۇپ نېمە قىلىمەن دېسىلە قايسى مەقسەتلىرى هاسىل بولمايدۇ؟ جانابلىرى، ئوردىغا بېرىپ ئىشلارنى ئۆيان - بۇيانغا قىلغاندىن كۆرە، مەشەدە تۇرۇپ ئۆياق - بۇياققا قىلسىلا پىتنىخورلارنىڭ ئارقىلىرىدىن گەپ تاپىدىغانغا باهانىسى قالمايدۇ. چۈنكى، سىلى بەلخ سەپىرىدە، جەڭ ئۈستىدە. ئوردىغا بارمىسىلا قوشلاپ پايدا، بارسىلا قوشلاپ زىيان، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— بۇ گەپلىرىڭ ئورۇنلۇق. يېقىندىن بېرى خېلى توغرا گەپ قىلىدىغان بولدۇڭ. مەن سەندىن رازى بولۇپ قېلىۋاتىمەن.

— دېگەنلىرىچە ئەمەس. ئەمما، ساداقەت بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىۋاتىمەن، تەقسىر.

— مەلىكىنىڭ ئىشىنى ناهايىتى ئېهتىيات بىلەن ئوبدان پەملەپ، چوڭقۇر دىتلاپ قىلمىساق بولمايدۇ، — دېدى شاۋاز.

— هازىر ھۆربانۇنىڭ ئىشىنى پۇتتۇرۇشنىڭ ئالتۇندەك پەيتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بالىسى شاھنىڭ بالىسىمۇ، ئەمەسمۇ دېگەن تالاش - تارتىش دەرگۇمان دوقمۇشىدا. بۇ ھۆربانۇنىڭ بالىسىغا قول سېلىشنىڭ ئەڭ كاتتا پۇرسىتى. مانا بۇ قار ياغقاندا قۇشقاچ تۇتۇش دېگەن چارىدۇر، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— دۇرۇس گەپ قىلدىڭ، ئۇنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرماق كېرەك.

— بۇ ۋاقىت يەنە غېرىب دېگەن تېجىمەل سولتەكنى جايلاشنىڭ ئالتۇندەك پۇرسىتى. ئۇ قىپچاق چۆلدە خاننىڭ ياساۋۇللىرى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتتى. نەگە قاچتى، نېمە قىلدى، ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۆلۈك - تىرىكلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇ مۇشۇ يوقالغانچە كۆزدىن يىتسە، بۇنى كىم سىلىدىن كۆرىدۇ. شاھمۇ، گادايمۇ، مەلىكىمۇ ياكى شەيخمۇ، ھېچكىم ئۆزلىرىدىن كۆرمەيدۇ. ئىشلارنىڭ ئۆزلىرىگە بۇنداق خوپ كەلمىكى ئاسانمۇ؟

ئابلىز شەيتاننىڭ گەپلىرىدىن شاۋاز ناۋات شۇمگەندەك بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— راست، راست دېدىڭ، ئالتۇندەك گەپ قىلدىڭ. مۇشۇ گېپىڭ ئۈچۈن مەن سېنى ھازىردىن باشلاپ سول قول ۋەزىرىم دەپ بىلىمەن. پەيتى كەلگەندە رەسمىي ئېلان قىلىمەن. ئەمما، سەن ھازىرقى دەقىقىدىن باشلاپ ئوردىدا مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىم، سىرداش دوستۇم، ياۋنى يېڭىشتىكى ئۆتكۈر شەمشىرىم.

شاۋاز ئابلىز شەيتاننى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى.

— ۋەزىرئەزەمنىڭ ئىلتىپاتىغا كۆپ رەھمەت، پېقىر دېگەن يەرلىرىدىن چىقمىشقا تىرىشىمەن، — دېدى ئابلىز شەيتان خۇشامەت قىلىپ.

— ۋاھ ... راست، غېرىب دېگەن سولتەك مۇنداقمۇ يانپاشقا چىقامدۇ؟ ئۇنى تازا كۆتۈرۈپ سېلىشنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق پەيتى بولمايدۇ. سەن بارغانچە كۆڭلۈمدىكى گەپنى تېپىپ

قىلىۋاتىسەن، ھەتتا مەن ئويلاپ ئۆلگۈرمىگەن ئىشنى تېپىۋاتىسەن. ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ھەرىكەتكە كەلمەك كېرەك، — دېدى شاۋاز.

— بۇ ئىشلار ئىنس - جىن بىلمەيدىغان دەرىجىدە ئىنتايىن پۇختا، مەخپىي بېجىرىلىشى كېرەك. ئەڭ قابىل، سادىق، ئەمما خەق تونۇمايدىغان ئادەملەرنىڭ قولىدا پۈتسۇن. بولسا بۇ ئىشلارنى قىلىدىغانلار ۋاقتى كەلگەندە خەق ھەرگىز جانابىلىرىغا باغلاپ ئويلىيالمايدىغان ئادەملەردىن تەشكىللەنسە ئوبدان بولاتتى.

— دۇرۇس ئېيتىسەن، مەن ئادەم تاللايمەن.

— كۆپ ئادەم كېرەك ئەمەس.

— بولدى سۆزلىمە، يۈر، كېتەيلى.

شاۋاز بىلەن ئابلىز شەيتان كەينى - كەينىدىن دەرياغا سەكرىدى.

دەشت - چۆلدە غېرىب ئېتىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. يىراق بوستانلىق باغرىدىكى پاكار ئۆيلەردىن ئۆرلەۋاتقان تۈتۈن كۆرۈندى. قارا تەرگە چۆمگەن، كالپۇكلىرى قۇرۇپ گەز باغلىغان غېرىبنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىدلىك تەبەسسۇم پەيدا بولدى - دە، خۇشاللىقتا ۋارقىرىپ، ئېتىنى ئېدىرلىققا قاراپ چاپتۇردى. ئات تاغدىن پەسكە قويۇندەك چېپىپ چۈشتى، تاغ ئارىسىدا مال بېقىۋاتقان پادىچى بالا ئۈنىگىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قالدى. ئاخىر غېرىب بوستانلىق ئىچىدىكى بازارغا يېتىپ كەلدى. ئۇ قارا سەللىسىنىڭ پەتلىسى بىلەن ئاغزى - بۇرنىنى يۆگىۋالغىنىچە ئېتىنى يېتىلەپ قايناق بازارنى ئارىلىماقتا. ئۇ قاتار تاغار، سوكەنلەردە قاچىلىنىپ تۇرغان بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، ئارپا، تېرىقلارنى، ياغلىق قاپاقلاردا ياغلارنى كۆردى، باھاسىنى سوراپ سودىلىشىپ باقتى. كېلىشەلمىگەننى سېتىۋېلىپ تاغارلاپ بۇغداي، قوناق، گۈرۈچنى ھامالغا كۆتۈرتۈپ ماڭدى.

سەنەم ھۇجرا دېرىزىسىدىن چاھارباغقا قاراپ ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ھۇجرىغا مېھرىبانۇ خانىش كىرىپ ئۇنى ئۆزىگە قارىتىپ قۇچاقلىدى.

— خانىش ئانا، شاھ ئاتامغا دېسىڭىز، غېرىب نەلەردە قاڭقىپ يۈرۈيدۇ، ئۇنى ئىزدەپ باقساق، ئۇنى تاپساق.

— قىپچاق چۆلى چەكسىز چۆل. ئۇنى نەدىنمۇ تاپارمىز، قىزىم؟

— مەن ئەنسىرەۋاتىمەن، ياساۋۇللارنىڭ سۆزىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، گۇمانلىنىۋاتىمەن.

مېھرىبانۇ خانىش سەنەمدىن نېمىشقا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى سورىدى.

— غېرىبجان ماڭا ۋەدە بەرگەن، ئۇ ئاتامنىڭ ئۆزىنى ئۈچ يىللىق سۈرگۈنگە پالىغىنىغا رازى بولغان. سۈرگۈندىن كەلگەندىن كېيىن ئاتامنىڭ تويىمىزنى قىلىپ قويىدىغىنىغا ئىشىنىپ، ئۆز رازىلىقى بىلەن كەتكەن. قانداقچە يېرىم يولدا ياساۋۇل باشلىقىنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كېتىدۇ؟ بۇ يەردە بىر ئويۇن بار، — دەپ چۈشەندۈردى سەنەم.

— سىز غېرىبقا شۇنچە ئىشىنەمسىز؟

— ئەمىسە غېرىبقا ئىشەنمەي، ئاشۇ بىر توپ نان قېپى گۇندىپايلارغا ئىشىنەمتىم. بۇنىڭدا بىر سۇيىقەست بارمىكىن دەيمەن، چوقۇم شۇنداق.

— قىزىم، سىز شاھ ئاتىڭىزغا ئىشەنمەمسىز؟

— شاھ ئاتام غېرىبنى دۈشمەندىنمۇ يامان كۆرىدۇ، شاھ ئاتام سۇيىقەست پىلانلىمىغان تەقدىردىمۇ ياساۋۇللارنىڭ ھەممىسى شاۋازنىڭ غالچىلىرى. ئۇلار بىرەر يامانلىق قىلمىغانمىدۇ؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دەپ بولمايدۇ.

— بۇنداق گۇمانخورلۇق قىلماڭ، قىزىم، گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ.

— غېرىبجان ھەققىدىكى خەۋەر كەلگەندىن بېرى شاھ ئاتام

بۇ ئىشقا ئانچە پەرۋا قىلمىدى. غېرىبجان ئۇچۇن مەن ھەرقانداق ئادەمدىن گۇمانلىنىشقا ھەقلىق.

— ھازىر شاھ ئاتىڭىزنىڭ ئەس - يادى ھۆربانۇنىڭ بالىسى بىلەن سىزنىڭ قورسىقىڭىزدىكى بالىدا قېلىپ، بېشى ئايلىنىپلا كەتتى، غېرىب ھەققىدىكى خەۋەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. سىز ئاتىڭىزنى بۇنداق ئويلىسىڭىز بولمايدۇ، ئۇ ھەر ئىش قىلسا ئوچۇق - ئاشكارا قىلىدۇ، سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىدىغان تەبىئىتى يوق. سىز مەندىنمۇ، ئاتىڭىزدىنمۇ گۇمانلىنىپ بىزنى دۈشمەن قاتارىدا كۆرسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنىڭ دوستىڭىز كىم؟ — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— پادىشاھلار ئۆز مەقسىتى ئۇچۇن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ.

— ئاتىڭىزنى مەن ئوبدان چۈشىنىمەن، قىزىم، ئاتىڭىز بىلەن مەندىن ئۇنداق بىھۇدە گۇمانلانماڭ. ئادەم بالىسى ئۇچۇن پاك تەڭرىدىن قالسا ئاتا - ئانىسى ئەڭ كۆيۈمچان ئەمەسمۇ؟ بىزنىمۇ دۈشمەن ئورنىدا كۆرسىڭىز، سىزگە جاھاندا بىرلا ئاشۇ غېرىب بولسا بولامدۇ؟

— سىلەرنىڭ بىردىنبىر غېمىڭلار پادىشاھلىق تەختى، ئۇ تەختنى ماڭا باغلايسىلەر. ئۇنى مەن ئارقىلىق كۆڭلۈڭلەردىكى ئادىمىڭلار ئابدۇللاغا بەرمەكچى. تەختنىڭ مەن ئارقىلىق غېرىبقا ئۆتۈپ كېتىشىنى خالىمايسىلەر، غېرىب خۇددى خانلىق تەختنىڭ، خانىدانلىقنىڭ دۈشمىنىدەك ئۇنى غەزنەۋىلەردىنمۇ يامان كۆرىسىلەر، — دېدى سەنەم رەنجىش بىلەن.

— جۆيلىمەڭ، ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق. بولمىسا، ئەينى چاغدا ئاتىڭىز مەرھۇم ھەسەن ۋەزىر بىلەن ئەھدىلىشەمتى؟

— ئاتام شۇ چاغدىكى ئەھدىلەشكىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمىسەممۇ، ئەمما شاھ ئاتامنىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئامال بار شۇ ئەھدىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشقىنى، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئاقىۋەتتە غېرىبقا

بارغانچە ئۆچ بولۇپ كەتكىنى بۇنىڭ دەلىلى.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەسەن ۋەزىر ئاتىڭىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن سىرداش دوستى ئىدى.

— ھەسەن ۋەزىر ئاتامنىڭ ئەڭ يېقىن سىرداش دوستى تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىر تال ئوغلى ئاتامنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ سەت كۆرۈنىدىغان ئادىمى بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ.

— ئۇ ئەگەر ئاتىڭىزنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دوست تارتىشمىغان بولسا ھەرگىز ئۇنداق بولمايتتى.

— ئۇلار ئاتامنىڭ دۈشمىنى ئەمەس، ئەسلىدىكى دوستلىرى. ئاتامنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىپ، تەڭرى يولىنى تۇتۇپ، ئەلنى ھەق يولغا باشلاپ، خانلىقنى توغرا يولغا سالغۇچىلار. ئاتام بىر توپ شەيتانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قېلىپ، توغرا يولدا ماڭغۇچىلارنى ئۆزىگە دۈشمەن سانىۋالدى.

— مەن ۋە سىز شاھنىڭ ئايالى ۋە قىزى. بىز ئاتىڭىزنىڭ ئەڭ يېقىنى. شۇڭا، بىز ئاتىڭىزنىڭ دۈشمىنىنى دوست تارتساق، ئاتىڭىزغا ئاسىيلىق قىلغان بولىمىز، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش جىددىي تەرزدە.

— ئىشقىلىپ، سىلەر ھەر باھانىلەر بىلەن غېرىبنى مەندىن ئايرىشنىڭ كويىدا يۈرۈۋاتىسىلەر، مەقسىتىڭلار غېرىبنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشىدىن ھەزەر ئەيلەش. سىلەر تەختنى ئابدۇللاغا بەرسەڭلار كۆڭلۈڭلەر ئارام تاپىدۇ. سىلەر ماڭا ئەمەس، تەختكە كۆڭۈل بۆلىسىلەر دېگىنىم شۇ. مەن يۈرىكىم لەختە - لەختە قان بولۇپ ئۆلسەممۇ سىلەرنىڭ ئەس - يادىڭلار يەنىلا تەختتە، — دېدى سەنەم.

— سىزنىڭ بەختىڭىز دەل ئاشۇ تەختتى دۆلەتتە. دۆلەت دېگەن بىر قوۋم، بىر ئۇرۇقنا ئاللا تەرىپىدىن مۇشۇ دۇنياغا قۇرۇپ بېرىلگەن جەننەت. ئەگەر بۇ جەننەتنى قولدىن بېرىپ قويساق، شۇ مىنۇتتىن باشلاپ بىز ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ تىرىك دوزىخىلىرىغا ئايلىنىپ قالىمىز.

— ئەجەبا، غېرىب بۇ جەننەتنىڭ ئەزاسى بولسا بولمامدىكەن؟ مېنىڭ تەختى ـ بەختىم، بىزنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتنىڭ تەختى قولدىن كېتىپ، ئابدۇللانىڭ قولىغا ئۆتسە، جەننەت بىزنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتنىڭ قولىدا بولامدۇ؟ — سورىدى سەنەم.

— بۇ شاھ ئاتىڭىزنىڭ ئارزۇسى.

— ئۇنداقتا بۇ تەخت، بۇ بەختتىن مەن ۋاز كەچتىم. غېرىب بىلەن دوزاختا كىرىشكە رازىمەنكى، ئابدۇللا بىلەن جەننەتتە قالمايمەن. ئاتامغا دەڭ، ئۇنىڭغا خۇدايىم ئالتۇندەك ئوغۇل بەردى. تەخت ۋارىسى دېگەن شاھ جەمەتىدىكى ئەركەكلەردىن بولۇشى كېرەكقۇ؟ ئەنە ئاتام ئوغۇللۇق بولدى. مېنى بۇ غوۋغادىن قۇتقۇزۇپ، غېرىب بىلەن ئامان ـ ئېسەن ياشىغىلى قويۇڭلار، — دېدى سەنەم كەسكىنلىك بىلەن.

خانىش بېشىنى چايقاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

خانىشنىڭ ھۇجرىسى. شاھ مېھرىبانۇ خانىشنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى، مېھرىبانۇ خانىش ئەسنەپ دۇرۇت ئوقۇپ سۈف ـ كۈچ قىلىپ شاھقا ئوت كۈچۈرمەكتە. شاھ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئاستا دېدى:

— سەنەم ئويلىغاننى ئەجەب مەن ئويلىمايمەنمۇ؟ ئەسلىدە تازا مېنىڭ كۆتكەن يېرىمدىن چىققانىدى. ئەمما، بۇ ئوغۇلنى ھېچكىم ئېتىراپ قىلمىسا، بىرمۇ ئادەم مېنىڭ ئوغلۇملۇقىنى تەن ئالمىسا، مەن ئۇنى قانداقمۇ تەخت ۋارىسى، شاھزادە دەپ ئېلان قىلالايمەن؟ مېنىڭ سەنەمدىن باشقا بالامنىڭ بارلىقىغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. ھەتتا ئۆزۈممۇ، سەنمۇ مېنىڭ پۇشتۇمدىن بالا بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمىز.

مېھرىبانۇ خانىش سۆز باشلاپ:

— ئايشەنىڭ خەتلىرى، گەپلىرى ... — دېيىشىگىلا شاھ خانىشنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

— ئۇ دېگەن بىر ئايال قول. قول ـ دېدەكلەر قاچان خەقلەر ئالدىدا ئادەم قاتارىدا كۆرۈلگەن؟ ئۇنىڭ گېپى ھەم ئۆزى كىمنىڭ

ئالدىدا نېمىگە ئۆتەتتى؟ قۇلنىڭ گېپىنى كىم ھېسابقا ئالدۇ؟ — دېدى.

— دېمىسىمۇ، بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ ئەمەس، دەل مۇشۇ كۇنلەردە ھېچقانداق خانىش، توقاللار قورساق كۆتۈرمەي، ئوردىدىن قاچقان بىر خانىش سىرلىق ھالدا پادىشاھتىن قورساق كۆتۈرۈپ ئوغۇل تۇغدۇم دېسە...

— ئەمما... ھۆربانۇ ئوردىدىن قېچىشتىن بۇرۇنقى ئىشلار... بالىنىڭ ماڭا شۇ دەرىجىدە ئوخشاپ تۇغۇلۇشى، ئۇ بالىغا نىسبەتەن مېھرىمىنىڭ قوزغىلىشى مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى، — دېدى شاھ.

— پەرزەنتكە بولغان تەشنالىق سىلىدە بۇنداق تۇيغۇنى پەيدا قىلىشى ئېنىق، ئەگەر نەۋرىلىرى تۇغۇلسا ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كېتىدىلا...

مېھرىبانۇ شۇنداق دېيىشىگە، شاھ شاققىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ چەكچىيىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ئاغزىڭنى يۇم، ھارامدىن بولغان نەۋرەمدىن قايسى يۈزۈم بىلەن نەۋرەم بار دەپ پەخىرلەنگۇدەكمەن؟!

— نىكاھ ... — مېھرىبانۇ خانىش شۇنداق دەپ ئېغىز ئېچىشىغا، شاھ يەنە:

— ئاتا - ئانىسى بېشىدا تۇرۇپ رازىلىق بەرمىگەن نىكاھ قانداقمۇ نىكاھ بولسۇن، ئۇنىڭ نىكاھىغا قايسى ئەركەك گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپتۇ؟ نىرۋامغا تېگىپ مىجەزىمنى قوداڭشىتما. سەپرايىم تېشىپ ئاران تۇرغاندا ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ ئۇنىڭ قورسىقىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ پاك مەلىكە دېگەن نامىنى ساقلاپ قالالمىسام مەن بۇنداق شاھلىقتىن ۋاز كېچىپ، چاپىنىمنى دولامغا سېلىپ، سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە رازىمەنكى، يۈزۈمنى پۇلۇدەك قىلىپ، شاھلىق سەلتەنىتىمدە رەسۋالارچە ئولتۇرمايمەن، — دەپ چالۋاقاپ كەتتى.

ئەمدى گەپنى غېرىبتىن ئاڭلايلى. غېرىب دەشت - چۆلدە

تاغار ئارتىلغان ئۈچ تۆگە، ئىككى كالا، بەش ئېشەك ۋە بىرمۇنچە قوي ئۆچكىنى ھەيدەپ كەلمەكتە. غېرىب ئېتى بىلەن بىردە ئۇلاغ كارۋىنىنىڭ ئالدىغا ئۆتسە، بىردە ئارقىسىدىن ھەيدىدى. ئاتنىڭ ئالدىغا ئارتىلغان خۇرجۇندىن بىر ئالا بويۇن كۆچۈك بېشىنى چىقىرىپ ئەتراپقا غىڭشىپ قاراپ قويدى، غېرىب ناخشا توۋلاپ ماڭدى:

سېنىڭ دەردىڭگە دىلبەر، جاھاندا ھېچ داۋا بارمۇ،
يېتىپتۇ ھەلقۇمىغا جانىم، مېنىڭدەك بىداۋا بارمۇ؟
سەنەم، ئىشقىڭ مېنىڭ ئاخىر بۇ ئۆمرۈمنى خازان ئەتتى،
يۈرەك پارە، كۆزى ياشلىق، مېنىڭدەك بىناۋا بارمۇ؟
ئەگەر مەھشەر كۈنى چىقسام سېنىڭ ئىشقىڭدا داد ئەيلەپ،
قىيامەت قازىسى بولساڭ، سېنىڭدەك دادخا بارمۇ؟
ئوقۇبان «لەيلى ـ مەجنۇن»، كىشى ئاڭلاپ بۇ قىسسەمنى،
كۆيۈپ ھىجرىڭ بىلەن ئۆلگەن مېنىڭدەك مۇپتىلا بارمۇ؟

تۆگىگە ئارتىلغان يۈكنىڭ ئۈستىدىكى قۇمىغا سولانغان توخۇلار قاقاقلاپ غېرىبنىڭ ناخشىسىنى ئۈزۈپ قويدى. غېرىب ئارقىسىغا قاراپ تۆگىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياندىشىپ ئەگىشىپ كېلىۋاتقان تۈلكىنى كۆرۈپ ئوقياسىنى ئېلىپ ئاتتى، ئۇ تۈلكىنىڭ غىڭشىپ يىقىلىشى بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان تۈلكىلەر قاچتى.

تاغ ئارىسىدىكى شاۋازنىڭ چېدىرى. شاۋاز ناھايىتى ئېگىز، بەستلىك كەلگەن، چىرايىدىن ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرغان ئادەمگە ئون تىللا بەردى.

— ئېتىم ناسىر، خەق مېنى ناسىر لومپا دەيدۇ، — دېدى ئۇ ئادەم.

— سەن قىپچاق چۆلىدىن غېرىبنى تاپ. ئۇنى ئىزىدا ئۇجۇقتۇرۇپ، كاللىسىنى مەخپىي ئېلىپ كەلسەڭ، يەنە قىرىق

تىللا ئالسەن. ئەگەر ئۇنىڭ جېنىنى ئالالمىساڭ، مەن سېنىڭ كاللاڭنى ئالىمەن، — دېدى شاۋاز تەھدىت ئارىلاش.

— مەن دېگەن نى - نى نوچىلارنىڭ كاللىسىنى ئالغان ئادەممەن. ھازىرغىچە خەقنىڭ كاللىسىنى ئالدىم، مېنىڭ كاللام تېخى بويىنۇمدا، — دەپ مەمەدانلىق بىلەن دېدى ئۇ.

ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرغان ئابلىز شەيتان قوشۇمچە قىلدى:

— بۇ قېتىم ئالىدىغان كاللا بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنى ئېلىش ئاسان ئەمەس. ئەگەر سەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالالمىساڭ، ئۇ سېنىڭ بويىنۇڭنى قۇشقاچنىڭ بويىنىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋېتىدۇ.

— ھازىرغىچە ئۇنداق ئەركەك دۇنياغا تۆرەلمىدى، — دېدى ناسىر لومپا كۆرەڭلىك بىلەن.

— ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي جېنىڭدىن ئايرىلساڭ، ئۆز گۇناھىڭ ئۆزۈڭگە. ھەتتا كېيىن بۇ ئىش خەلقئالەمگە ئاشكارىلىنىپ قالسىمۇ، بىز سېنى تونۇمايمىز، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— بولدى ھېساب، يانغاق موزاينىڭ گۆشىنى يېگەن ئوغۇل بالا ئەمەسمەن، مەرد ئادەممەن. ئۆلسەم ئۆز ۋابالىم ئۆزۈمگە، — ناسىر لومپا شۇنداق دەپلا چوڭ - چوڭ دەسسەپ كېتىپ قالدى.

قۇرۇق تاغ چوققىسىدا شاۋاز ئابلىز شەيتان ۋە بىرقانچە نۆكەر بىلەن ئاتلىق تۇرۇپ تاغنىڭ پەس تەرىپىدىكى دەريا ۋە دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدىكى يېشىل بوستانلىققا نەزەر سالماقتا. ئابلىز شەيتان شاۋازنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ۋەزىر ئەزەم جانابلىرى، ئىشەنچلىك چاپارمەن تاغ باغرىدا ئۆزلىرىنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

شاۋاز ئاتتىن چۈشۈپ ئابلىز شەيتاننىڭ يول باشلىشى بىلەن پىيادە يۈرۈپ تاغنىڭ يانباغرىدىكى يوغان قورام تاشنىڭ دالدىسىغا كەلدى. ئۇ يەردە بېشىغا قارا سەللە ئورىغان، ئۇچىسىغا قارا تون كىيگەن، سول كۆزى جىرتاق، قارا ئات

يېتىلىۋالغان بىر ئادەم تۇراتتى.
— ۋەزىرئەزەمگە سالام قىل... بۇنىڭ ئېتى ئەلەم باي، لەقىمى شەپەرەڭ. خەق ئەلەم شەپەرەڭ دەيدۇ، — دېدى ئابلىز شەيتان.
— ۋەزىرئەزەم بولسا ئۆزىگە، مەن پۇلنى تونۇيمەن، سالام قەرزىم يوق.
ئەلەم شەپەرەڭ شۇنداق دېيىشىگە شاۋاز قاپىقىنى تۈردى - دە، ئۇنىڭ باش - ئايىغىغا بىردەم زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن ئابلىز شەيتانغا قارىدى.
— ئۇنىڭ ئاغزى قاتتىق، لېكىن دېگەن ئىشنى جايىدا پۈتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ دېگىنىنى بەرسەڭ ئۇمۇ بىزنىڭ دېگىنىمىزنى قىلىدۇ.
ئابلىز شەيتان سۆزىنى تۈگەتكەندە شاۋاز بېشىنى لىڭشىتتى.
— دېگىنىڭدەك بولسۇن.
ئابلىز شەيتان شۇنداق دەپ قوينىدىن بىر ھەميياننى چىقىرىپ ئەلەم باي شەپەرەڭگە قارىتىپ تاشلىدى. شەپەرەڭ ھەميياننى كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ بوغقۇچىنى يېشىپ، ئىچىدىن بىر دانە تىللا چىقىرىپ چىشلەپ باقتى.
— مەكتۇپنى بەر، — دېدى ئەلەم باي.
— بۇ مەكتۇپ ئىنتايىن مەخپىي. بىر ئامال قىلىپ ئوردا تېۋىپى ئىمامنىياز پەيزۇللانىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇر. ئۇ ئوقۇپ بولۇپلا كۆيدۈرۈۋېتىسۇن. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەي، قولغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولساڭ، مەكتۇپنى چايناپ يەۋەت. بۇ مەكتۇپ ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان بولسا تېرەڭنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ پوستۇڭغا سامان تىقىمەن، — دېدى ئابلىز شەيتان.
— جاۋابىنى ئېلىپ كېلەمدىم؟ — سورىدى ئەلەم باي.
— ئەلۋەتتە، شامالدەك بېرىپ بوراندەك يان، ھايالشىپ قالساڭ بولمايدۇ، — دېدى ئابلىز شەيتان.
دەشت - چۆلدە غېرىب ھارۋىسىنى ھەيدەپ مېڭىۋاتقاننىڭ

ئۈستىگە ئالدى تەرەپتىن دولىسىغا ئوقيا سانجىلغان بىر شىر
ھاسىراپ يۈگۈرۈپ چىقتى. شىر غېرىبنى كۆرۈشى بىلەن
غالجىرلىشىپ ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلدى. غېرىب ئوقياسىنى
ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئاڭغىچە ئات ئۈركۈپ كېتىپ غېرىب
ئاتتىن ئۇچۇپ كەتتى. ئات كىشنىگىنىچە قېچىپ كەتتى، غېرىب
ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە شىر غېرىبنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ
سول مۈرىسىدىن چىشلەپ، مەيدىسىنى، يۈزىنى تاتىلاپ بولدى.
غېرىب ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىن خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ شىرنىڭ
قارنىغا تىقتى. شىر بىر ھۆركىرەپ ئورنىدىن تۇردىيۇ، گۈپ
قىلىپ غېرىبنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ جان بەردى. غېرىب
ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە سەللىسىنىڭ پەتلىسى بىلەن يۈزىنى
توسۇۋالغان بىر توپ ئاتلىق ئادەملەر ئۇشقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭ
ئەتراپىنى ئوراپ توختىدى. غېرىب يۈز ـ كۆزلىرى، مەيدىسى
تاتىلانغان، سول مۈرىسىدىن قان ئاققان ھالەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ
ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ قارىدى. ئۇلاردىن بىرى ئېتىدىن سەكرەپ
چۈشۈپ شىرنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىپ قويۇپ، شىرنىڭ
دولىسىدىكى يانىڭ ئوقىنى سۇغۇرۇۋالدى ۋە زىل ئاۋازدا
غېرىبتىن سورىدى:

— ھەي يىگىت، سەن ئوۋچىمۇ؟

— ھازىر يولۇچىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى غېرىب.

— بۇ شىرنى بىز قوغلاپ يۈرگىلى ھەپتە بولدى، ئۇنى بىز
ئوۋلىدۇق، بۇ ئوقنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ بىزنىڭ نۇرغۇن چارۋا ھەم
ئادەملىرىمىزنى يەپ كەتكەن. شۇڭا بىز ئۇنى ئاپىرىپ ئەل ـ
جامائەتكە كۆرسىتىپ، ئۇلارنى خۇش قىلماقچى، سەن بۇنىڭغا
رازىمۇ؟ — دېدى ئوۋچى.

— ئۆلۈك شىرنى مەن نېمە قىلاي، سىلەر ئەكېتىپ، ئەلنى
خاتىرجەم قىلىدىغان ئىشلار بولسا مەن مىڭ مەرتەم رازى.
جېنىمنىڭ ئامان قالغىنىغا خۇشالمەن.

قۇلا ئات مىنگەن بىرى كېلىپ قويىنىدىن بىر ھەميانىنى

چىقىرىپ غېرىبقا تەڭلەپ دېدى:
— جاسارەتلىك، باتۇر يىگىت ئىكەنسىز، بۇنى ئېلىڭ.
— بۇ نېمە؟ — سورىدى غېرىب.
— بۇ سىزنىڭ ھەقىقىڭىز بولسۇن، بىز سىزنى بىكارغا ئىشلەتكەن بولۇپ قالمايلى.
— مەن بۇ يەردە ھېچكىمگە ئىشلىمىدىم، جېنىمنى قۇتقۇزدۇم، مەن ئۇنى ئۆلتۈرمىسەم، ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ، — دېدى غېرىب.
— بۇ شىرنى كىم ئۆلتۈرسە، شۇنىڭغا بىر ھەميان ئالتۇن بېرىشكە ۋەدە قىلغانمىز، — دېدى ئوۋچى.
— ئۇ ۋەدىنى مەن ئاڭلىمىغانىكەنمەن. بولدى، تونجى ئوقنى كىم ئاتقان بولسا شىرنى شۇ ئۆلتۈرگەنگە ھېساب بولسۇن. ئۇ ئوق شىرغا تەگمىگەن، شىر ھالسىرىمىغان بولسا بەلكىم ئۇ مېنى يەۋەتكەن بولار ئىدى، — دېدى غېرىب.
— بۇ ئوقنى مەن ئاتقان، ئەمما ئۇ ئۆلمەي قاچقانتى، — دېدى ئوۋچى.
— بەلكىم بىلىكىڭنىڭ كۈچى بار ئوغۇل بالىنىڭ ئوقى بولغان بولسا ئۆلەر بولغىيدى، — دېدى غېرىب.
— مېنى بىلىكىمنىڭ كۈچى يوق دېمەكچىمۇ سىز؟
— ياق... ياق... خاپا بولماڭ. مەن ياسالمىلىقنى بىلمەيدىغان تۈز ئادەممەن. ئۆزىڭىزنى ئەرلەردەك ياسىغان بولسىڭىزمۇ چېنىڭ قاپسىز، مېنىڭ يوگەنسىز تىلىمنى كەچۈرگەيسىز، — دېدى غېرىب.
— ھىم، تۇتۇقلار ئىززىتىنى بىلمەيدىغان بۇ بىئەدەپنى! ماڭا تىل تەگكۈزۈشكە نېمە ھەددىڭ؟!
كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۇلار سالما تاشلاپ غېرىبنى چەمبەرچاس باغلىدى.
— ماڭا ئۇۋۇال قىلماڭلار، مەن بىر مۇساپىر يولۇچى. مېنىڭ قېرى ئانام بىلەن كىچىك سىڭلىم چۆلدە ئاچ - ئۇزۇقسىز،

باشپاناھسىز قالدى، ئۇلار ماڭا قاراشلىق، سىلەر مېنى يولدىن قويساڭلار يولۇمغا قاراپ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىمدۇ، — دەپ ئۆتۈنۈپ سورىدى غېرىب.

— يالغانچىنىڭ قويروقى بىر تۇتام، ئېلىپ مېڭىڭلار!

ئوۋچىلار ھەش - پەش دېگۈچە غېرىبنى ئاغزىغا لاتا تىقىپ، بېشىغا تاغار كىيدۈرۈپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى. غېرىبنىڭ يېتىراپ كەتكەن تۆگە، كالا، ئېشەك، قوي، ئۆچكىلىرىنى ئوۋچىلار يىغىپ بىللە ھەيدەپ كەتتى. غېرىبنىڭ ئۇركۈپ كەتكەن ئېتى قايتىپ كېلىپ ئۇلارغا ئەگەشتى، ئاتنىڭ ئالدىدىكى خۇرجۇندا بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان كۈچۈكى غىڭشىپ قاۋاپ ماڭدى.

بۇ چاغدا سەنەم بىر توپ كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا سېپىل ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ ئاستا قەدەم باسماقتا ئىدى. سېپىل دەرۋازىسىدىن كىرىپ - چىقىۋاتقانلارغا، سېپىل تۈۋىدىكى ھارۋا، ئېشەكلەر بىلەن ئۇياق - بۇياققا ماڭغان يولۇچىلارغا قاراپ ئۇنىڭ كۆزىگە غېرىبنىڭ سۆرگۈنگە ماڭغاندىكى كۆشۈكتە تۇرۇپ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ناخشا ئېيتقان كۆرۈنۈشى كۆرۈندى - دە، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلۇپ، ئىختىيارسىز ناخشا ئېيتتى:

بۇلبۇلى بىچارىمەن، ئەي گۈلىستانىم، قايدىسەن؟
يىلاندەك تولغانىمەن، روھى رەۋانىم، قايدىسەن؟
يىغلىماقتىن قالمادى باغرىمدا قانىم، قايدىسەن؟
ئەي پىدا بولسۇن ساڭا بۇ تەندە جانىم، قايدىسەن؟
جان قۇشۇمنىڭ مەنزىلى، ئارامى جانىم، قايدىسەن؟

لەيلى زۇلفىنى كۆرسەتىپ، قىلدى جۇن دەۋاسىنى،
مەن ئۇنىڭ دەردى بىلەن بولدۇم جاھان ئاۋارىسى.
ئۇنىڭ ئۇچۇن مەن بولۇپ خەلقى جاھان ئەپسانىسى،

شەمئى يۈزىنى كۆرسىتىپ قىلدى مېنى پەرۋانىسى،
يار غېرىبتىن ئايرىلىپمەن، بوستانىم، قايدىسەن؟

ئىشق ئوتىدىن دەربەدەر قىلدىم، نىگار خارىمەن،
ئوت تۇتاشىپ بارىدۇر، كۆيدى دىلىم ناچارىمەن.
بار يېرىلىڭ مەندىن يوشۇرما، ئاشىقى دىدارىمەن،
شېرىن ـ شېكەر لەبىڭدىن ھەر سەھەر خۇمارىمەن،
گەر شىپا تاپماس، قىلاي خىزمەت، رەۋانىم، قايدىسەن؟

بۇلبۇل ئىدىم، گۈلىستانىمدىن جۇدا قىلدى پەلەك،
ئۆتكۈزۈپ ئۆمرۈم تەشنالىقتا گەدا قىلدى پەلەك،
مەن نە قىلدىم، مۇنچە رۇزۇمنى سىياھ قىلدى پەلەك،
رۇزى ئەۋۋەلدىن مېنى بەختى قارا قىلدى پەلەك،
مۇپتىلا بولدۇم ساڭا، ئەي يارى جانىم، قايدىسەن؟

دەشت ـ چۆلدىكى كىچىككىنە بوستانلىق. نىگارئايىم بىلەن گۈلجامال ئېگىز قاقاس تۆپىلىككە چىقىپ يىراقلارغا تەلمۈرمەكتە. گۈلجامال ئانىسىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇپ قولىنى ئاغزىغا سېلىپ يىغلامسىرىدى:
— ئانا... ئاكام نېمانداق كەلمەيدىغاندۇ؟
— خاتىرجەم بول، بالام، ئاكاڭ چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنى خۇدايىم ساقلايدۇ. خۇدايىم شۇنچە جانلىقلارنى ئاچ قويماي باققان يەردە بىزنى ئاچ قويمايدۇ. چوقۇم بىزگە يەيدىغان نەرسە تېپىلىدۇ. يۈرە، بىز ئورمان ئارىسىغا كىرىپ باقايلى.
ئانا ـ بالا ئىككىيلەن قاقاس تۆپىلىكتىن ئاستا يېتىلىشىپ چۈشۈپ، ئىككى قىبىشىدا ياۋا گۈللەر ئۆسكەن ئېرىقنى بويلاپ ئورمان ئارىسىغا كىردى. باشتا سۆگەتلىك، كېيىن جىگدىلىك ئۇچرىدى. قويۇق شوخىلىق جىگدىلەر ئارىسىدىن قىرغاۋۇل ئۇچۇپ كەتتى.

— قىزىم، مەن دېمىدىممۇ، خۇدايىم بىزنى ئاچ قويمايدۇ دەپ، قارا ئاۋۇ نان جىگدىلەرگە.

نىگارئايىم خۇشاللىقتىن كۆزلىرىگە ياش ئالغان هالدا كۇمۇش رەڭ يوپۇرماقلار ئارىسىدا مەرۋايىتتەك جۇلالىنىپ تۇرغان جىگدىلەرنى كۆرسەتتى.

— ئانا، ماۋۇ نېمە؟ — سورىدى گۈلجامال.

قويۇق جىگدىلەرنىڭ شىۋاقلىرى ئارىسىدىكى چىرايلىق ئۇۋىدا بىرمۇنچە تۇخۇم تۇراتتى.

— تۇخۇم... تۇخۇم... بۇ قىرغاۋۇل تۇخۇمى ئىكەن، قىزىم. ئەنە ئاۋۇ قىرغاۋۇل تۇخۇمىنى بىزدىن قىزغىنىپ يىراق كەتمەي تۇرىدۇ. خۇدا بىزگە بۇ يەردە نۇرغۇن رىزىق ساقلاپتۇ، قىزىم.

نىگارئايىم شۇنداق دېگىنىچە ئاستا ئولتۇرۇپ قىزغاۋۇل تۇخۇملىرىنى پەملەپ ئېلىپ ئېتىكىگە سالدى، دەل شۇ چاغدا تۆگىنىڭ بوزلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تۆگە بوزلاۋاتىدۇ، يۈرە قىزىم، تۆگىمىزگە نېمە بولدى، قاراپ باقايلى. ئاكاڭ قايتىپ كەلدىمۇ تېخى.

نىگارئايىم شۇنداق دەپ ئېتىكىدىكى تۇخۇملارنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ گۈلجامالنى يېتىلەپ ئورمان ئىچىدىن ئالدىراپ چىقتى - دە، ئۆيىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ هەيران قالدى. تۆگە بوتىلاقلىغان بولۇپ، بوتىلىقىنى يالاۋاتقانىدى. گۈلجامال خۇشال بولۇپ سەكرىدى.

— هوي... تۆگەمىنىڭ بالىسى بولدى...

— توۋا... ئەسلىدە بوغاز تۆگە ئىكەن - دە، هېچبىر بوغاز ئەمەستەك تۇراتتى، — دېدى نىگارئايىم.

تۆگىنىڭ بوتىلىقى تەمتىرەپ يۈرۈپ ئانىسىنى ئەمدى.

— هەر نېمە بولسا تۆگىنىڭ بالىسى بولدى، ئەمدى تۆگە بالىسى بىلەن ئويناپ زېرىكىپ قالمايدىغان بولدى، — دېدى گۈلجامال خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي.

— ئەي خۇدا، شەپقىتىڭگە يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر، خۇدايىم

بىرەي دېسە رەھمەتتى بىلەن بېرىدۇ. بىز ئەمدى غېرىبجان كەلگۈچە تۈگە سۈتى ئىچىپ، تۇخۇم، جىگدە يەپ جان ساقلىيالايمىز، — دېدى نىگار ئايىم.

بۇ چاغدا غېرىب يىراق بىر ئەلگە ئەكېتىلگەندى. ئۇلار ئۇنى ئاپىرىپ زىندانغا تاشلاپ، كۆزىدىكى لاتىنى يەشتى، باغلاقتىن بوشىتىپ، ئاغزىدىكى لاتىنى ئېلىۋەتتى. غېرىب دەمال بىرنەرسىنى كۆرەلمەي، بىردەم تېڭىرقاپ، باغلانغان قولىنى ئۇۋۇلاپ، ئۇيۇشقان پۇتلىرىنى سىلىكىدى. سېمىز بىر موماي غېرىبنىڭ مورىسى، يۇزى ۋە مەيدىسىدىكى قان قاتقان يەرلەرنى ئىسسىق سۇدا ھۆل قىلىنغان ماتادا سۈرتتى.

— مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ سىلەر كىم؟ نېمىشقا مېنى سولايسىلەر؟

مومايمۇ، گۇندىپايلارمۇ غېرىبنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمىدى. غېرىب زەردە بولۇپ ئىككى گۇندىپاينىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى، ئۇلار ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ گەپ قىلمىدى.

— بالام، ئۆزۈڭنى ئۇپراتما، جاھاندا سەۋەبسىز ئىش بولمايدۇ، ۋاقىت - سائىتى كەلمىگۈچە ئۇنىڭ سىرىنى بىلىپ بولمايدۇ. ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، ھازىر مەن بىلەن ماڭ، يۇيۇنۇپ ئېرىغدالغاندىن كېيىن قورسىقىڭنى توقلاپ ئاندىن ئەھۋالنى بىلەرسەن.

موماي شۇنداق دەپ غېرىبنى يېتىلەپ ماڭدى.

موماي غېرىبنى ھاممامغا ئەكىرىپ، ياغاچ تۇڭدىكى ئىسسىق سۇ، ماتا، سوپۇنلارنى كۆرسىتىپ دېدى:

— ئوغلۇم، ئوبدان يۇيۇنۇۋال. يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ماۋۇ كىيىملەرنى كىيگىن، كونا كىيىمىڭنى كىيمە. ساتىراش كىرىپ چاچ - ساقىلىڭنى ياساپ قويىدۇ، مورەڭدىكى يارىغا جىق سۇ تەگكۈزمە. ئىنسان دائىم غۇسۇل تاھارەت بىلەن يۇرسە، نەس باسمايدۇ، ئىشلىرى ئوڭغا تارتىدۇ.

موماي شۇنداق دەپ چىقىپ كەتتى.

غېرىب يۈيۈنۈپ بولۇپ ماتا بىلەن ئەۋرىتىنى يۆگەپ پەردىنى قايرىپ چىققاندا، ئۇستۇېشى پاكىز بىر بوۋاي ئۇستىرىنى كاپلىغاچ دېدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئوغلۇم، غۇسۇل قىلىپ بولدىلامۇ؟

— ئۆزلىرى كىم بولىدىلا؟ — سورىدى غېرىب.

— ھە، مەن ساتىراش، سىلىنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى ياساپ قويای دەپ ساقلاپ تۇردۇم. مانا ماۋۇ يەردە ئولتۇرسىلا.

بوۋاي غېرىبنى يېتىلەپ ئەكېلىپ ئاپئاق ماتا سېلىنغان بىر كۇرسقا ئولتۇرغۇزۇپ ئېگەكلىرىنى ئاۋايلاپ ئۇۋۇلاپ، سوپۇن سۈركىگەچ دېدى.

— كاساپەت شىر يۈزلىرىنى خېلى جىق تاتىلاپتۇ.

غېرىب گەپ قىلماستىن كۆزىنى يۇمدى.

ھەر خىل چىرايلىق گۈللەر ئېچىلغان باغدىكى بۈلاق بويىدا يەردىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، ئۇزۇن ـ ئۇزۇنغا ياسالغان پېشايۋانلىق يول. پېشايۋاننىڭ نەقىشلىك تۈۋرۈكلىرىگە ھەر خىل قۇشلار سولانغان قەپەسلەر ئېسىلغان، ياغاچ يولغا ئوتقاشتەك گىلەملەر سېلىنغانىدى. يېڭى كىيىم كىيگەن غېرىبنى موماي ئەنە شۇ پېشايۋانلىق يول بىلەن باغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى راۋاققا باشلاپ كەلدى. راۋاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاكار تاماق ئۇستىلىگە نان ۋە ھەر خىل مېۋە، قەنت ـ گېزەكلەر تىزىلغانىدى. چىرايلىق ياسانغان بىر توپ دېدەك، مۇلازىملار تۆت تەرەپتە غېرىبقا قول باغلاپ تەزىم قىلىپ تۇرۇشتى. غېرىب ھەيرانۇھەس بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— ئوغلۇم، قولىڭىزنى چايقاپ، داستىخانغا مەرھەمەت قىلغايسىز، — دېدى موماي.

بىر مۇلازىم ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا كۆتۈرۈپ كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ غېرىبنىڭ قولىغا سۇ بەردى، يەنە بىر مۇلازىم ئۇزۇن ئاق يىپەك ياغلىقنى قولىنى سۈرتۈشكە بەردى.

— غوجام بالام، قېنى كۆرپىگە مەرھەمەت.

غېرىب يەتتە قات تاۋار كۆرپە ئۈستىدە قاملىشىپ ئولتۇرالماي چۆكۈپ كەتتى.

— قېنى ئوغلۇم، ئۆز ئۆيلىرىدىكىدەك قورۇنماي بەھوزۇر ئولتۇرۇپ مەزەگە باقسىلا، — دېدى موماي.

غېرىب مومايىنىڭ گېپى تۈگىشىگە داستىخاندىكى ناننى ئۆزى سۇندۇرۇپلا ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېيىشكە باشلىدى. دېدەك قىزلار بىر - بىرىگە قاراپ پىخىلداپ كۈلۈشتى. غېرىب ئۇلارغا پەرۋا قىلماستىن قولىغا چىققاننى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالماپ يۇتۇپ يۆتىلىپ كەتتى. قىزلار ۋىلىقلاپ كۈلدى، موماي يۆتىلىپ گېلىنى قىردى، قىزلار شۈك بولدى، بىر قىز ئالدىراپ - تېنەپ غېرىبقا چاي قۇيدى. ئىككىسى كېلىپ غېرىبنىڭ دۈمبىسىگە يەڭگىل مۇشتىلىدى. غېرىب گېلىدىكى چالا چاينالغان ناننى تەستە يۇتتى ۋە كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

— ئاغزىمغا گىياھ سالمىغىلى ئىككى كۈن بولدى، چوڭ ئانا. ئاچ كۆزلۈكۈمنى كەچۈرگەيلا.

— ھېچقىسى يوق، ئوغلۇم، ئاچنىڭ دەردىنى ئاچ قالغان بىلىدۇ. يەۋەرسىلە. ئەمما، ئالدىرىماي ئاز - ئازدىن يېسىلە، چايمۇ ئىچسىلە. بىراقلا قاپلاپ يەۋالسىلا قورساقلىرىدا پەيدا بولۇۋالغان ئاچ يەل مەيدىلىرىدە تەتۈر تۇرۇۋېلىپ جانلىرىنى قىيناپ قويىدۇ، — دېدى موماي مېھرىبانلىق بىلەن.

— خۇددى ئانامدەك گەپ قىلدىلا، چوڭ ئانا، ئانام دائىم شۇنداق دەيدىغان. راست، ئانام بىلەن سىڭلىم دەشت - چۆلدە ئاچ يۈرىدۇ. مەن بولسام بۇ يەردە كاتتا داستىخاندا. مېنى ۋاقتىدا يولغا سالساڭلار، ئانامنىڭ ھالىغا يەتسەم بولار ئىدى، — دېدى غېرىب.

— خۇدا ياراتقان بەندىسىنى رىزقى - نېسىۋىسى بىلەن بىللە يارىتىدۇ، — دېدى موماي.

— يەيدىغان ھېچنېمە يوق. ئۇلار چۆلدە نېمە يەۋاتقاندۇ؟

ئەس ـ يادىم شۇلاردا قالدى، ـــ دېدى غېرىب.

غېرىبنىڭ بۇنداق كۆيۈملۈكلۈكىدىن تەسىرلەنگەن مومىاي دېدى:

ـــ ۋاپادار ئوغۇل ئىكەنلا، بالام. بەندىنىڭ يەيدىغان رىزقى تۈگمەيدۇ. قاقاس چۆل ئەمەس، جەننەتتە بولسىمۇ خۇدا ئۇنىڭغا ئۆز رىزقى بولمىسا ئالدىدىكى ئوخشىغان بەتتە پولۇنىمۇ يېگۈزمەيدۇ. دېمەك، خۇدا ئانىلىرى بىلەن سىڭىللىرىنى ئاشۇ چۆلگە تاشلىغانىكەن، ئۇلارنى ھەرگىز رىزقسىز قويمايدۇ. خۇدانىڭ كارامىتى كۆپ، داستىخىنى كەڭرى، بەندىسىگە ھەرخىل يوللار بىلەن رىزق ـ نېسىۋە ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، سىلى ئۇلاردىن ئەنسىرىمىسىلە...

داستىخانغا ھورى چىقىپ تۇرغان بىر لېگەن پولۇ كەلتۈرۈلدى. غېرىبنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، ئاغزىغا سېرىقسۇ يىغىلىپ كەتتى.

دەشت ـ چۆلدىكى بوستانلىق. نىگارئايىم تۈگمىنى پەپىلەپ تۇرۇپ، چاترىقىغا قىسىۋالغان ياغاچ چېلەككە ساغماقتا، گۈلجامال بولسا تۈگمىنىڭ ئالدىدا بوتىلىقمىنى تۇتۇپ بېرىۋاتاتتى.

شۇ چاغدا ناسىر لومپا باشلىغان بىر توپ ئاتلىق كىشىلەر قاقاس تۆپىلىكتە پەيدا بولدى ـ دە، بوستانلىققا قاراپ كەلدى. بوتىلاقنى ئەركىلىتىۋاتقان گۈلجامال ئۇلارنى كۆرۈپ، ئانىسىنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ تارتىپ دېدى:

ـــ ئانا... بىرمۇنچە ئادەملەر كېلىۋاتىدۇ.

نىگارئايىم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئاتلىق كىشىلەرگە ئەنسىز قارىدى. ئۇلار ئارىسىدىن يولدا قېچىپ كەتكەن ئۈچ گۈندىپاي ھىجىيىپ ئالدىغا چىقتى.

ئۇلار نىگارئايىمنى ئۆيىگە ھەيدەپ كىردى. ئاندىن ناسىر لومپا نىگارئايىمنى سوراق قىلدى:

ـــ ئوغلۇڭ نەگە كەتتى؟ چىرايلىق دېگىن، بولمىسا ساڭىمۇ، ئوغلۇڭغىمۇ كۈنىنىڭ سېرىقى يوق.

— ئوغلۇمنىڭ بار يېرىنى بىلگەن بولسام بۇ يەردە ساقلاپ ئولتۇرماي ئالدىغا باراتتىم. ئوغلۇم ماڭا ئاش - ئوزۇق ئەكەلگىلى بازار ئىزدەپ كەتكەن. بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىمىغان بولسا كېلەر چېغى بولدى. مانا بۇ ئۈچ ياساۋۇل گۇۋاھ، ئوغلۇم ھەرگىز ھېلىقى نىزامىدىنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى. ئۇ نائەھلى ئوغلۇمنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى. شۇڭا، ئوغلۇم ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. خاننىڭ ئۈچ يىل چۆلگە سۈرگۈن قىلغىنىغا ئوغلۇممۇ رازى، مەنمۇ رازى بولغان يەردە قانداق قىلىپ ئوغلۇم ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ؟ مانا كۆرۈۋاتىسىلەر. بىزدە غەيرىي نىيەت بولغان بولسا، بۇ چۆلدە تۇرماي بىرەر شەھەر ياكى بازارغا ماكانلىشىپ ياشىساق بولار ئىدى. ئەمما، بىز خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى يەنىلا لايىق بىلىپ مۇشۇ چۆلدە ياشىماق بولدۇق، — دېدى نىگارئايىم چۈشەندۈرۈپ.

— خاننىڭ ياساۋۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ قاچقان ئادەمنى خان تۇتۇشقا پەرمان چىقىرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، بۇ چۆلنى ئوبدان پاناھ جاي دەپ بىلىپ يوشۇرۇنغانسىلەر؟ بولدى، ئاز گەپ قىل، — دېدى ناسىر لومپا قوپاللىق بىلەن. نىگارئايىمدىن ئۆزى كۈتكەن سۆزگە ئېرىشەلمىگەن ناسىر دەرەخ سايىسىگە جاي راسلىتىپ ئۆزىنى تاشلىدى.

ئەمدى گەپنى غېرىبتىن ئاڭلايلى. باغدىكى كاتتا راۋاقتا غېرىب ئالدىدىكى بىر لېگەن پولۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يەپ بولدى، ئاندىن چىنىدىكى قېتىقنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. دەل شۇ چاغدا بىر توپ كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەتلەس كۆڭلەكلىك، ئۇزۇن چاچلىرىنى قىرىق كوكۇلا قىلىپ ئۆرۈپ قىزىل مەخمەل دوپپا كىيگەن، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس بىر ساھىبجامال قىز يېتىپ كەلدى. راۋاقتىكى ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشتى، غېرىب چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتىيۇ، ئەمما تەزىم

قىلمىدى. موماي دېدى:

— ئوغلۇم، بىزنىڭ قۇندۇز دۆلىتىنىڭ مەلىكىسى بەرنا خانقىز سىزنى يوقلاپ ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلدى، تەزىم قىلغايسىز.

غېرىب ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ بېشىنى سەل ئېگىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك مەلىكە ئالىيلىرى، پېقىر قاراخانىيلار دۆلىتىدىن قىپچاق چۆلىگە سۈرگۈن قىلىنغان پالاندى غېرىب بولىمەن، سالامىمنى ئىلىك ئالغايلا.

— ئوغلۇم غېرىب، بىزنىڭ ئەلدە قېرى - ياش، ئەر - ئايال ھەممە پۇقرانىڭ بەرنا مەلىكىگە تەزىم بىلەن سالام قىلىشى بەلگىلەنگەن. تەزىم قىلمىغانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ، — دېدى موماي چۈشەندۈرۈپ.

— ئۇنىڭسىزمۇ مەن تۇتقۇن قىلىنغان مەھبۇسمەن، ھازىر كاللام بوينۇمدا تۇرغان بىلەن جېنىم سىلەرنىڭ ئالقىنىڭلاردا. بىزنىڭ ئەلدە خوتۇن خەقنىڭ بېشى كۆككە تاقاشسىمۇ ئەر كىشىنىڭ ئانىسىدىن باشقا ئايالغا باش ئېگىشى مەنئى قىلىنغان. مەن ھازىر تەزىم قىلسام - قىلمىسام ھەر ۋاقىت كاللامدىن ئايرىلىشىم كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

غېرىب سۆزلەۋاتقاندا، بەرنا مەلىكە تەبەسسۇم قىلىپ يېقىملىق ئاۋازدا دېدى:

— ئۇچۇق ھەم راست سۆزلۈك مەردانە يىگىت ئىكەنسىز، گېپىڭىز ماڭا قىزىق تۇيۇلۇۋاتىدۇ. راست، راست سۆزلۈك ئىكەنسىز دېسەم ھەممە راست گەپنى قىلغان ئوخشايمەن دەپ ئۆزىڭىزچە خۇشال بولۇپ كەتمەڭ، ئىسمىڭىزنى راست ئېيتمىدىڭىز.

مەلىكە بەرنا شۇنداق دېگەچ مۇلازىملار ئەكەلگەن ئالتۇن كورستا غېرىبنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى، دېدەكلەر مەلىكىنى يەلپۈپ ھەم چىۋىن قوروپ تۇرۇشتى.

— يالغان ئىسمىنى دەپ نېمە قىلاي، راست ئىسمىمنى دېمەي، باشقا ئىسمىنى دەپ سىزدىن نېمىگە ئېرىشەي؟ مېنىڭ سىزدىن ھېچ تەمەيىم يوق. ئاچلىقتىن زارىقىپ كەتكەنىدىم. ئىلتىپات قىلىپ ئالدىمغا قويغان ئېسىل تائاملىرىڭىزغا رەھمەت! — دېدى غېرىب.

— ئاچ قويمىغۇچە تاماقنىڭ قەدرىگە، ئازاب تارتمىغۇچە ئىززەت - ھۆرمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيسىز. شۇنداق قاملاشقان ئوغۇلغىمۇ مۇساپىر، غېرىب دەپ ئىسىم قويامدۇ؟ قايسى ئاتا - ئانا ئوغلىغا غېرىب دەپ ئات قويىدۇ؟ — دېدى مەلىكە بەرنا.

— مەن تۇغۇلغان كۈننىڭ ئەتىسى، ئاتام مېنىڭ تۇغۇلغانلىق خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاپلا بالا - قازاغا ئۇچراپ، «بىچارە ئوغلۇم، تۇغۇلۇپلا ئاتاڭنىڭ يۈزىنى كۆرمەي تۇرۇپ يېتىم بولىدىغان، غېرىب قالىدىغان بولدۇڭ» دەپ جان ئۈزۈپتىكەن. شۇڭا، ئانام رەھمەتلىك ئاتامنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ماڭا ئىسىم قىلىپ تاللاپتىكەن. ئاتامنىڭ ھەم ئانامنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتكەنمۇ ياكى مەن تۆرىلىشتىن بۇرۇنلا پېشانەمگە غېرىب - مۇساپىرلىق پۈتۈلگەنمۇ، تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە غېرىب - مۇساپىرلىق كوچىسىدا، خەقنىڭ ئىشىكىدە بويۇن قىسىپ، تۇل ئانامنىڭ كۆز يېشى، ھەسرەت - نادامىتى ئىچىدە چوڭ بولدۇم، — دەپ ئىنچىكە چۈشەندۈردى غېرىب.

— تۇل خوتۇننىڭ يېتىم ئوغلى، غېرىبانە چوڭ بولغان ئادەمدە شىر ئوۋلىغۇدەك يۈرەك نېمە ئىش قىلسۇن؟ ئۇ دېگەن كاتتا تەربىيە كۆرۈپ يېتىلگەن، تاغ يۈرەك، ئېسىلزادە ئائىلىدە ئۆسكەن باھادىر ئەزىمەتنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش. سىز تولا ئۆزىڭىزنى يوشۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، — دېدى مەلىكە بەرنا تەۋازۇ بىلەن.

— مەن شىر ئوۋلىغۇچى ئەمەس. شىر ئوۋلىغاننى چۆچەك - رىۋايەتلەردىن ئاڭلىغانمەن، ئەمما ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقمىغان، شىر ئوۋلاش نىيىتىممۇ يوق. مەن پەقەت ماڭا خىرىس

قىلىپ، جىنىمنى ئالماق بولغان يىرتقۇچتىن ئۆزۈمنى قوغداپ قالماقچى بولغان.
— بىزنىڭ قۇندۇز ئېلىدە يىرتقۇچ ھايۋان تولا، بولۇپمۇ شىر كۆپ. سىز ئۆلتۈرگەن شىر بارلىق شىرلارنىڭ پادىشاھى، ئەڭ غالجىر ئەركەك شىر. ھەمىشە پۇقرالارنى پاراكەندە قىلىپ، كۈندە بولمىسىمۇ ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر ئادەمنى يەپ كېتەتتى. بىزنىڭ ئوۋچىلار بۇ شىر بىلەن ھەپىلەشكىلى ئۈچ يىل بولغان. بىزنىڭ نۇرغۇن ئوۋچىلار جېنىدىن ئايرىلغان. مېنىڭ ئاشۇ شىرنى ئوۋلاپ باھادىرغا ئايلانغۇم بار ئىدى. ئەمما، بۇ شان ـ شەرەپ سىزگە نېسىپ بولدى، — دېدى مەلىكە بەرنا.
— مېنىڭ باتۇر بولغۇم يوق، بۇنداق شان ـ شەرەپ ماڭا كېرەك ئەمەس. ئانام ۋە سىڭلىم بىلەن پاتىراق كۆرۈشۈپ خاتىرجەم ياشاش ئىستىكىدىمەن. مەن بۇ يەردە كاتتا مېھمان بولۇپ، سىزدەك گۈزەل مەلىكە بىلەن سۆھبەتتە بولۇۋاتىمەن. شۇ تاپتا، بىچارە ئانام بىلەن سىڭلىم دەشت ـ چۆلدە نېمە يەپ، نېمە ئىچىپ ئۆلتۈرغاندۇ؟ ئۇلار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتمىسە بولاتتى. ئەگەر ماڭا ياخشى نىيىتىڭىز بولسا مېنى ھازىرلا ئازاد قىلىڭ، يامان نىيىتىڭىز بولسا ھازىرلا كاللامنى ئېلىڭ. ئانام بىلەن سىڭلىمدىن ئەنسىرەش ئازابىدىن يا تىرىك قۇتۇلاي، ياكى ئۆلۈپ ئۇلارنى خۇداغا تاپشۇرۇپ قۇتۇلاي، — دېدى غېرىب سورلۇك تۇستە.
بۇ چاغدا غېرىبنىڭ ئانىسى ناسىرنىڭ قولىغا چۈشكەنىدى. ناسىر لومپا بۇلاق بويىدىكى دەرەخ سايىسىدە يېرىم يالىڭاچ ھالدا خورەك تارتىپ ئۇخلىماقتا. بىر چاپارمەننى كېلىپ ئۇنى تۇرتۇپ ئويغاتتى.
— غوجام... بەگ غوجام... بىر توپ لەشكەر بىز تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ.
ناسىر كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تەستە كۆزىنى ئېچىپ سورىدى:
— بىر توپ لەشكەر؟

— ھەئە، بىر توپ لەشكەر، — دەپ سۆزىنى قايتىلىدى چاپارمەن.
— نەنىڭ بىر توپ لەشكىرى ئىكەن؟ — سورىدى ناسىر.
— بىلمىدىم، — دېدى چاپارمەن.
ناسىر لومپا ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىككى چاپارمەننى ئىگارئايىمغا قاراشقا قالدۇرۇپ، قالغان بەش چاپارمەن بىلەن قاقاس تۆپىلىككە چىقتى. ئۇلار بىر توپ ئاق سەللە، ئاق تونلۇق لەشكەرلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.
— نېمە ئادەمسىلەر؟ — سورىدى ناسىر لومپا.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بىز قۇندۇز ئېلىنىڭ لەشكەرلىرى. بىز غېرىبنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى ئىزدەپ كەلدۇق، — دېدى لەشكەر بېشى.
— ئۇنداقتا غېرىبنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى ناسىر لومپا.
— ئۇ بىزنىڭ خانىمىڭ ھۇزۇرىدا، — جاۋاب بەردى لەشكەر بېشى.
— ئۇ بىر قاچقۇن پالاندى، بىز ئۇنى قىپچاق چۆلىگە پالىساق، ئۇ سىلەرنىڭ خانىڭلارنىڭ ھۇزۇرىدا نېمە ئىش قىلىدۇ؟
— ئۇ چۆلدە ياۋۇز شىرنى ئۆلتۈرۈپ، بىزنىڭ شاھنىڭ زور ھۆرمىتىگە نائىل بولدى، — دېدى لەشكەر بېشى.
— ئۇنى قانداق قىلماقچى سىلەر؟ — سورىدى ناسىر.
— بۇنى بىز بىلمەيمىز، خان ئالىيلىرى ئۆزى بىلىدۇ، — دېدى لەشكەر بېشى.
— غېرىبنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسى بىزنىڭ قولىمىزدا، بىزنىڭ خانىمىز بىزنى ئۇنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى، — دېدى ناسىر.
بۇ چاغدا باغدىكى كاتتا راۋاقتا غېرىب بىلەن مەلىكە بەرنا مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. جېسەكچى ۋارقىرىدى:

— خان ئالىيلىرى كەلدى!

سەكسەن ياشتىن ھالقىغان خىزىر سۈپەت سەئىد ئەخمەتخان چۈرە - دېدەكلەرنىڭ يۆلىشى بىلەن خاس نۆكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قەدەم تەشرىپ قىلدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى، غېرىبمۇ تەزىم قىلدى. مەلىكە بەرنا غېرىبنىڭ تەزىم قىلغىنىغا پىسىڭگىدە كۈلدى.

— قۇندۇز ئېلىنىڭ بۈيۈك خاقانى سەئىد ئەخمەتخان ئالىيلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى، ئوغلۇم، — دېدى ھېلىمخان موماي.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خان ئالىيلىرى، قاراخانىيلار ئېلىنىڭ گۇناھكار قۇلى پېقىر غېرىب ئۆزلىرى بىلەن دىدار - مۇلاقاتتا بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكىنىمدىن بېشىم كۆككە يەتكەندەك خۇشالمەن، — دېدى غېرىب.

— ماڭا يېقىن كەلگىنە، باھادىر ئوغلۇم. سەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەي.

غېرىب شاھقا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغالغاندا، ھېلىمخان موماي غېرىبقا پىچىرلاپ ئۆگەتتى:

— غېرىب ئوغلۇم، بىزنىڭ رەسىم - قائىدىمىز بويىچە خان ئالىيلىرى بىلەن قولىغا سۆيۈپ تەزىم قىلىپ كۆرۈشكىن، شۇنداق قىلساڭ خان ئالىيلىرى ھەم بارلىق پۇقرالار خۇش بولىدۇ.

غېرىب ھېلىمخان مومايىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى.

— ھە، قوللىرىڭنىڭ پەنجىسى يوغان ئىكەن، ھەقىقىي باھادىرنىڭ قولى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. ياش ۋاقتىمدا مېنىڭ قوللىرىممۇ مانا مۇشۇنداق ئىدى، بەستىممۇ سېنىڭكىدىن زور ئىدى، ئوغلۇم. قېرىپ پەيلىرىم بوشاپ يىگلەپ كەتتىم.

چاكارلار يولۋاس تېرىسى سېلىنغان ئالتۇن تەختنى ئەكېلىپ شاھنى ئولتۇرغۇزدى. سەئىد ئەخمەتخان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاڭلىسام، سەن قاراخانىيلارنىڭ گۇناھكار مەھبۇسى

ئىكەنسەن. قاراخانىيلار بىزدىن زور ھەم كاتتا ئەل بولسىمۇ، بىزنىڭ شاھىڭلار بىلەن بولغان دوستلۇقىمىز ئوبدان، بىز ئۇلارنى ھۆرمەتلەيمىز، ئۇلارمۇ بىزنى ھۆرمەتلەيدۇ. ئاڭلىسام، سېنى قىپچاق چۆلگە پالىغانىكەن، مەن ئۇنىڭدىن سېنى تىلىۋالاي دەيمەن. بۇ يەردە قېلىشنى خالامسەن، ئوغلۇم؟

— بىئەدەپلىكىمنى كەچۈرگەيلا، خان ئالىيلىرى. ئانام بىلەن سىڭلىم چۆلدە قالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىدىن خەۋىرىم يوق. ئانامنىڭ خىزمىتىدە بولۇش، ئۇنى رازى قىلىش مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ زور ئارزۇيۇم، — دېدى غېرىب.

— مەن چۆلنىڭ تۆت تەرىپىگە تۆت مىڭ لەشكەر ئەۋەتتىم، ئۇلار كەتكىلى ئىككى كۈن بولدى. ئۇلار ئەتىگىچە غېرىبنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

مەلىكە بەرنانىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ غېرىب خۇشاللىقتىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بۇ گەپلىرى راستمۇ، مەلىكە ئالىيلىرى؟ مەن ئۆزلىرىگە باش ئۇرۇشقا رازى، — دېدى غېرىب مىننەتدارلىقىنى بىلدۇرۇپ.

— ئېلىڭىزنىڭ ئەر كىشى ئايال كىشىگە باش قويماسلىق ئادىتىنى ساقلاڭ.

مەلىكە بەرنانىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ سەئىد ئەخمەتخان كۈلۈپ كەتتى:

— مېنىڭ مەلىكەم ئوغۇلغا بەرگۈسىز قىز بولدى، ئۇ خانلىق ئىشلىرىنى ئوغۇل بالىدەك ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇپ كېتىدۇ.

— ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ ئۇچۇق دەۋېرەي، پادىشاھنىڭ مەلىكىلىرى شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، بىزنىڭ شاھنىڭ مەلىكىسىمۇ مۇشۇنداق، — دېدى غېرىب.

— سىزنىڭ شاھىڭىزنىڭ مەلىكىسىمۇ مەندەك چىرايلىق ھەم باتۇرمۇ؟ — سورىدى مەلىكە بەرنا.

— ھەئە، بەك ئوخشايدىكەنسىلەر.

— ئۇمۇ مەندەك جەڭ ماھارەتلىرىنى بىلەمدۇ؟ شىر ئوۋلاشقا چىقالامدۇ؟ مەن نۇرغۇن ئەللەرنىڭ مەلىكىلىرىنى كۆردۈم، ساپلا ئەركە ـ نايناق، سالقىن شامالدا ئاغرىپ قالىدىكەن. پادىشاھ مەلىكىلىرى ئارىسىدا ھەم چىرايلىق، ھەم باتۇر مەلىكە پەقەت مەن بىرلا، — دېدى مەلىكە بەرنا ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ.

سەئىد ئەخمەتخان كۈلۈپ كەتتى:

— قىزىمنىڭ بىرلا ئاجىزلىقى بار، ئۇ بولسىمۇ سەل ماختانچاق. خەق ماختاپ تۇرسا خۇشال بولۇپ كىچىك بالىدەك ئۇچۇپ كېتىدۇ. ماختىمىسا ياكى خاپا بولۇپ قالىدۇ، ياكى مانا مۇشۇنداق ئۆزىنى ئۆزى ماختايدۇ، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.

— ماختىنغۇچىلىكى بار ئىكەن، — دېدى غېرىب.

— ھە، ماۋۇ گېپىڭىز لايىقىدا بولدى. ھېلىقى چاغدا شىرغا ئاتقان ئوقۇمنى ماختىغان بولسىڭىز مەن سىزنى باغلاپ ئەمەس، ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭىز بىلەن بېشىمغا گۈل قىلىپ قىسىپ ئەكېلەتتىم. مېنى كەمسىتتىڭىز. شۇڭا، سىزنى ھېلىغۇ شىر ئوۋلاپسىز، تاغ يۆتكىگەن پالۋان بولسىڭىزمۇ، سىزدەك يىگىتتىن ئۆننى تاغىرىمغا سېلىپ يۈرىمەن دەپ تاغارغا سېلىپ ئۆلىغان مالنى ئەكەلگەندەك ئەكەلدىم، قانداق؟ — دېدى مەلىكە بەرنا ئاپتاپتەك ئېچىلىپ.

— خۇيىڭىزنى بىلگەن بولسام شىرنى ئۆلتۈرگىنى مېنىڭ خەنجىرىم ئەمەس، سىزنىڭ ئاتقان ئوقىڭىز خېنىم دەيتتىم. مېنى تۇتۇپ، باغلاپ ئەكەلگەندىن تارتىپ مانا ھازىرغا قەدەر مەن سىزنى تازا ئۇچىغا چىققان مۇتتەھەم مەلىكە ئىكەن دەپ بىلگەن. ئەمدى ماختانچاق مەلىكە دېسەم ئوشۇق كەتمەس، — دېدى غېرىب.

— بۇ گەپنى يەنە بىر دەپ بېقىڭا قېنى، يالىڭاچلاپ ئوشۇقىڭىزدىن ئېسىپ قويۇپ پاشىغا تالىتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

مەلىكە تېرىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ رەسمىي قىزىرىپ سۆزلەپ كەتتى. غېرىب كۈلكىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئەپۇ سورىدى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، مەن گۇناھكار قۇلنى كەچۈرگەيلا. مەن پالاكەت ئۆزۈمنىڭ كىم بىلەن گەپلىشىۋاتقىنىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، مېنى كەچۈرگەيلا. خان ئالىيلىرى، مەن بىئەدەپلىك قىلدىم.

— ياغلىما گەپلەردىن سېسىق كېكەرگەن ئادەممەن، ئوغلۇم. سەن ئەركىن، ئوچۇق سۆزلۈك، مەردانە يىگىت ئىكەنسەن. مەن سېنى بارغانچە ئۆز كۆرۈپ قېلىۋاتىمەن. ياش ۋاقتىمدا مەنمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاش ئىدىم. مەن ئەتراپىمدا پەقەت مۇشۇ قىزىمنىڭلا ئوچۇق - يورۇق، راست گېپىنى ئاڭلىيالايمەن. قالغانلارنىڭ ھەممىسى خۇشامەت گەپ قىلىپ مېنى ھارغۇزۇۋېتىدۇ، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.

— مەنمۇ شۇ، ئاتا. ئۇنىڭ راست سۆزلۈكىنى دېمىسەم، ماڭا قىلغان ھۆرمەتسىزلىكى، يۈزسىزلىكى ئۈچۈن بەش قېتىم كالىلىسىنى ئېلىپ بولىدىغان يەرگە يەتتى، — دېدى مەلىكە بەرنا.

غېرىب قايتا كەچۈرۈم سورىدى. مەلىكە بەرنا تاتلىق كۈلدى.

ئىمامنىياز پازىل خاس ھۇجرىسىدا جىنچىراغ يورۇقىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغاندا مۇلازىم كىرىپ دېدى:

— ھەزرىتىم، بىر ئادەم مۇھىم ئىش بىلەن كەلدىم دەيدۇ.

— كىمكەن؟ — سورىدى ئىمامنىياز.

— دەپ بەرگىلى ئۇنىمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى مۇلازىم.

— نېمىشقا؟

— ھەزرىتىمنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەندە دەيمەن دەيدۇ، — دېدى مۇلازىم.

ئىمامنىيازنىڭ سەپراسى تۇتۇپ ۋارقىرىدى:

— قانداق نېمە ئۇ؟! بولدى، كەتكۈزۈۋەت، كىملىكىنى دېمىسە كۆرۈشمەيمەن، كەتكۈزۈۋەت!

— خوپ، — دەپ چىقىپ كەتتى مۇلازىم.

مۇلازىم دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقتى - دە، يۈزىنى يۆگىۋالغان

ئەلەم بايغا ۋارقىرىدى:

— يوقال، كەت! ھەزرىتىمنىڭ سەن بىلەن كۆرۈشكۈسى يوق ئىكەن! سەن ئۆزۈڭنى سىرلىق، پىنھان تۇتۇپ قانچىلىك نېمىدىڭ؟ سەن ھەزرىتىمنىڭ چىشىغا تېگىپ سەپراسىنى ئۆرلىتىپ مىجەزىنى قوداڭشىتىپ قويدۇڭ، ئەمدى ئىككىنچى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن دەپ خام خىيال قىلما! ھەزرىتىم سەن ھە دېسەڭ كۆرۈشۈپ تومۇر تۇتقۇزۇپ كېتىدىغان چار بازارچى تېۋىپ ئەمەس، خان ئوردىسىنىڭ تېبابەت ئۇستازى!

— سەن ھازىرلا كىرىپ غوجاڭغا دە، ئەگەر مەن بىلەن كۆرۈشمىسە كېيىن ئۇ خاننىڭ ئەركىسى بولۇپ كەتسىمۇ، مەن بىلەن كۆرۈشمىگەنگە پۇشايمان قىلىدۇ. زىيان تارتىدىغىنى مەن ئەمەس، غوجاڭ بىلەن سەن. سىلەر يەنە كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرەمسىلەر ياكى ئۇ دۇنياغا ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن سەپەر قىلامسىلەر؟ — دېدى ئەلەم باي.

مۇلازىم ئىمامنىيازنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ئىمامنىياز ساقىلىنى سىقىمداپ خىيال سۈردى، ئاندىن مېھماننى كىرسۇن، دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى.

ئىمامنىياز مېھمانخانىسىدا تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. مۇلازىم يۈزىنى ئورىۋالغان قارا سەللە، قارا تونلۇق ئەلەم بايىنى باشلاپ كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھەزرىتىم، ئۆزلىرى بىلەن دىدار ـ مۇلاقاتتا بولماق شەھىرى بەلختىن كەلمەكتىمنىمۇ تەس بولدى. بوسۇغا داۋانلىرى نېمانداق ئېگىز؟ — دېدى ئەلەم باي.

— ئۆزلىرى كىم بولىلاكىن؟ — دېدى ئىمامنىياز.

— مېنى ئەۋەتكەن ئادەم ھەزرەتلىرىگە دەيدىغان گەپنى تۆت تام، ھەتتا ئوڭ قۇلىقىغا گەپ قىلساڭ سول قۇلىقى ئاڭلىمىسۇن دەپ ئەۋەتكەن، — دېدى ئەلەم باي.

ئىمامنىياز ئەلەم باينىڭ باش ـ ئايىغىغا قاراپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئىككى نۆكەر بىلەن مۇلازىمغا ئىشارەت قىلدى.

ئۇلار چىقىپ كەتتى. ئەلەم باي تونىنىڭ ياقىسىنى سۆكۈپ پۈكلەنگەن مەكتۇپنى چىقاردى.
— بۇ ۋەزىرئەزەم شاۋاز ئالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئەۋەتكەن قەتئىي مەخپىي مەكتۇپى. بۇنى كۆرۈپ بولۇپلا كۆز ئالدىمدا كۆيدۈرىلا، ئاندىن قالغان گەپنى دېيىشىمىز، — دېدى ئەلەم باي.
ئىمامنىياز خەتنى ئېلىپ كۆرۈپ بىردەمگىنە تورۇپ جىنچىراغقا تۇتۇپ كۆيدۈردى.
— ئەمدى كەتسەم بولامدۇ؟ — دېدى ئەلەم باي.
— ئەتە كەچ، دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئۆيۈمگە كېلىپ، جاۋابىمنى ئېلىپ كەتسىلە، — دېدى ئىمامنىياز.
— خوپ، ئەتە كېلەي، ئەمما ئىشلار بۇگۈنكىدەك بولمىسۇن.
— ئەتە ئۆزلىرىنى كاتتا كۇتۇۋالىمەن، — دېدى ئىمامنىياز.
ئەتىسى، ئىمامنىياز پەيزۇللانىڭ مېھمانخانا ئۆيى. ھەر خىل نازۇنېمەتلەر بىلەن تولغان داستىخان ئەتراپىدا ئەلەم باي بىلەن ئىمامنىياز پەيزۇللا ئولتۇراتتى. دېدەك بىر پىيالە چاينى پەتنۇسقا قويۇپ ئەلەم بايغا تۇتتى، ئەلەم باي چاينى ئالدى.
— قېنى چايغا مەرھەمەت، — دېدى ئىمامنىياز.
ئەلەم باي چاينى ئوتلاپ، مەزەلەردىن يېگەچ ئولتۇردى. ئىمامنىياز ئىشىك ئالدىدا، پەگاھتا قول باغلاپ تۇرغان مۇلازىم ھەم دېدەكلەرگە چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىمامنىياز ئۆز قولى بىلەن ئەلەم باينىڭ پىيالىسىگە چاي قۇيۇپ دېدى:
— قېنى تەقسىر، مەزەدىن ئالغاچ، ۋەزىرئەزەم جانابلىرىنىڭ ھال ئەھۋالىدىن پېقىرنى خەۋەردار قىلسىلا ...
— پېقىر ئۇ زاتنى كۆرگەندە ...
ئەلەم باي سۆزىنى باشلاپلا «غىق» قىلىپ ھېق تۇتۇپ ئاغزىدىن قان چاچراپ، كۆزى ئالىيىپ يانغا قىيسىيىپ يىقىلدى.
— مېنى كەچۈرگىن، بۇرادەر. ۋەزىرئەزەم سەندىن ئەۋەتكەن

خېتىدە مۆشۆنداق بۆيرۆپتىكەن، شۆنداق قىلمىسام پەرمانغا خىلاپلىق قىلغان بولىمەن. پەرۋەردىگار، بۆ مېنىڭ قولۇم ئەمەس، ۋەزىرئەزەمنىڭ قولى. قىلغان گۆناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن، ــ دەپ ئورنىدىن تۆردى ئىمامنىياز.



كۆردى. گۈلجامال خۇشال بولۇپ ۋارقىرىدى:

— ئانا ... ئانا ... غېرىبجان ئاكامنى كۆردۈڭمۇ؟ !

— كۆردۈم، قىزىم، كۆردۈم.

نىگارئايىم لېچەكنىڭ يۇرجىكى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى.

شاھانە قەسىردە غېرىب بىلەن نىگارئايىم يىغلىشىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— جېنىم ئانا ... بەختىۋاش ئوغلۇڭنى ئەپۇ قىلغىن !

— بارمۇ سەن ئوغلۇم بۇ دۇنيادا، ھەرنېمە بولسا ساق ئىكەنسەن.

— غېرىب ئاكا، سىڭلىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟ — دېدى گۈلجامال غېرىبقا ئېسىلىپ.

— كەل سىڭلىم، مەن سىلەرنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي.

سەئىد ئەخمەتخان شاھ بىلەن مەلىكە بەرنا ئۇلارنىڭ كۆرۈشۈشلىرىگە زوقلىنىپ قاراپ تۇردى، ناسىر لومپا بولۇتتەك تۇتۇلۇپ سۇرلۇك قاراپ تۇردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئانا. باھادىر ئوغۇللىرى يېنىدا مەنمۇ بار، مەن مەلىكە بەرنا، ئاتام قۇندۇز خانلىقىنىڭ شاھى سەئىد ئەخمەتخان، — دەپ ئۆزلىرىنى تونۇشتۇردى مەلىكە بەرنا.

— ئەسسالام سەئىد ئەخمەتخان شاھ ئالىيلىرى، مەلىكە بەرنا خېنىم، ئوغلۇمغا قىلغان شەپقەت - ھىممەتلىرىگە، بىزگە قىلغان غەمخورلۇقلىرىغا يۈزمىڭ رەھمەت، — دېدى نىگارئايىم.

— بۇلار مېنىڭ ئانام نىگارئايىم، سىڭلىم گۈلجامال بولىدۇ.

نىگارئايىم بىلەن گۈلجامال شاھ ۋە مەلىكىگە تەزىم قىلدى.

— بەكمۇ ۋاپادار ھەم باتۇر ئوغۇل تۇغۇپلا، ئانا. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەيدىغان بىرلا گېپى بار. ئۇ بولسىمۇ ئانا. مېنىڭ خانىش ئانام ئالەمدىن ئۆتكەن، مېنىڭ ئاتاممۇ، ئاناممۇ مانا مۇشۇ ياشانغان ئاتام. مەن ئويلاپ باقسام ئاتامنىمۇ - ئانامنىمۇ بۇنداق كۆپ يادلاپ كەتمەيدىكەنمەن، — دېدى مەلىكە بەرنا.

— خۇدايىم بالىنىڭ ئىنساپىنى بەرمىسە ئاتا - ئانىسىنى

خۇدانىڭ ئۇرغىنى شۇ. بالا دېگەننى ئەركىلىتىدىغان، ئەركە ئۆگىتىدىغان ئىش ئەمەس ئىكەن. بالاڭنى بىر قېتىم ئەركىلەتكىنىڭ ئۇنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن بولۇشقا بىر قەدەم ئىتتىرگىنىڭكەن، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.

— پاھ ... شاھ ئاتامنىڭ ئاغزىغا گەپ سېلىپ بەردىمۇ نېمە؟ — دېدى مەلىكە بەرنا ئەركىلەپ.

شۇ ئەسنادا ئوردا مۇلازىمى تائام تەييار بولغىنىنى مەلۇم قىلدى.

سەنەمنىڭ ھۇجرىسى. مېھربانۇ خانىش سەنەمنىڭ چاچلىرىنى ئۆز قولى بىلەن تاراپ قىرىق ئۆرۈمە قىلىپ ئۆرۈمەكتە. ياندا تۇران ئايلا ھەم كېنىزەك ـ دېدەكلەر ئەينەك تۇتۇپ، قول باغلاپ تۇرماقتا.

— خانىش ئانا ... كۆڭۈللىرىگە كەلسىمۇ دەي، سىلى چېچىمنى تارىغاندا ئاغرىمايدىغان تارىغاندەك راھەتلىنەلمەيدىكەنمەن، — دېدى سەنەم.

مېھربانۇ خانىش ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ دېدى:

— ياشلىقىمنى، ھۆسنۈمنى ساقلايمەن دەپ بالا مېھرىنى ئىنىكئانىغا بېرىۋەتكىنىمگە ئۆمۈر بويى پۇشايمىنىم بار، قىزىم. ياشلىق، چىراي دېگەن ئادەمنى ھامان تاشلاپ كېتىدىكەن. ئادەم دېگەن ياش ۋاقتىدا ئەخمەق بولىدىكەن، تۇتۇپ قالالمايدىغان ياشلىقنى دەپ ئۆزىنىڭ يۈرەك باغرىنى يېرىپ چىققان بالىسىنى خەقنىڭ قۇچىقىغا تاشلاپ بېرىپ بالىنىڭ مېھرىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن. ئاخىر ياشلىقمۇ، بالا مېھرىمۇ يوق، قۇرۇق قول قالىدىكەن. بالا ئانا مېھرىگە تازا موھتاج ۋاقتىدا كىمنى ئەمگەن بولسا ئانا مېھرىنىمۇ خۇدايىم سۈت بىلەن بىللە شۇنىڭغا بېرىدىكەن. بالىمۇ ئانىغا بولغان مۇھەببىتىنى سۈت بەرگەن ئانىسىغا بېرىدىكەن. بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەندە ئادەم ئاللىقاچان كېچىكىدىكەن.

مېھربانۇ خانىشنىڭ گەپلىرى ئاخىرلىشىشىغا سەنەم دېدى:

— ئاغىچا ئانامنى شۇ سەۋەبتىن يامان كۆرۈپ يوقىتىۋەتتىڭلارمۇ، خانىش ئانا؟

— يوقسۇ قىزىم، بۇ ئىشتا مېنى ھەم خان ئاتىڭىزنى ئەيىبلىسىڭىز بىزگە ئۇۋال بولىدۇ، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش جىددىي يوسۇندا.

— ئەجەب قاپىقىم تارتىشىپ كەتتى، — دېدى سەنەم بىردىنلا.

— قايسى قاپىقىڭىز؟

— سول قاپىقىم باشتا تارتقان، ئوڭ قاپىقىممۇ ئەگىشىپ تارتىۋاتىدۇ.

— يارىشا قىزىم، يارىشا.

تۇران ئايلا باشلىق بارلىق كېنىزەك، دېدەكلەرمۇ «يارىشا» دەپ تەكرارلىدى. سەنەم قولىنىڭ ئۇچىنى قاپىقىغا تەگكۈزۈپ سۆيدى.

— ئوبدان ئۇخلىيالمىغان چاغدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بولمىسا سامان چاپلامدۇقىيا، — دېدى تۇران ئايلا.

سەنەم زارلاپ كەتتى:

— بولدى، غېرىبجان نەلەردە نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟ نىگارئاي ئانام، كىچىككىنە گۈلجامال دەشتى قىپچاقنىڭ ئىسسىقىغا چىدىيالارمۇ؟ ئۇلار ھايات بولسىلا بولاتتى. غېرىبجان نېمىشقا ياساۋۇل باشلىقىنى ئۆلتۈرۈپ قاچقانسىز؟ قورسىقىمدا بالىڭىز بارلىقىنى بىلگەن بولسىڭىز ئۇنداق قىلماس بولغىيمىدىڭىز؟ بالىڭىز بارلىقىنى بىلسىڭىز بۇ يەردىن ئايرىلىشقا چىدار بولغىيمىدىڭىز؟ بېشىڭىزغا ھەرقانداق ئېغىر كۈلپەت كەلسىمۇ چىدايتتىڭىز ـ ھە؟ مەن قورقۇۋاتىمەن، قورقۇۋاتىمەن، ئاتىنىڭ تەقدىرى بالىغا ئۇدۇم بولۇپ قالامدۇ نېمە؟

— نېمە دەۋاتىسىز، نېمىدەپ جۆيلۈيدىغانسىز، قىزىم؟ — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— غېرىبجانىنىڭ ئاتىسىمۇ ئوغلىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن. مەن قورسىقىمدىكى بالامنىڭ تۇغۇلماي تۇرۇپ يېتىم بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، — دېدى سەنەم يىغلامسىراپ.

— ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتمەڭ، قىزىم، نېمانداق تاقىقا - تۇققا گەپ قىلىسىز؟ قايسى ئاتىنىڭ، قايسى بالىنىڭ گېپىنى قىلىدىغانسىز؟ — دېدى خانىش، ئاندىن كېنىزەكلەرگە قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلەر قاراپ تۇرماي بۇ يەردىن چىقىپ كېتىڭلار، مەلىكە ياخشى ئۇخلىماي قالايمىقان جۆيلۈيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ھەممە كېنىزەك، دېدەكلەر تەزىم قىلىپ چىقىپ كېتىشكە تەرەددۇتلاندى.

— سىلەر نېمە گەپلەرنى ئاڭلىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى خانىش ئۇلاردىن.

— بىز ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدۇق، كۆرمىدۇق، خانىش ئايىم، — دەپ جاۋاب بەردى كېنىزەكلەر.

سەنەم كۈلۈپ كېتىپ:

— نېمانداق ئەخمەقلىق قىلىدىغانسىلەر، خانىش ئانا؟ مەن ھەممىنى ئۇلارغا دېدىم. ئۇلار ھەممىنى بىلىدۇ، سىلەر يوشۇرۇپ بولالمايسىلەر، — دېدى.

— قول سۇنسا يەتكۈدەك ئىچىدە، قىزىم، بۇ بالىنى تۇغۇش نىيىتىڭىزدىن يېنىڭ. سىز تېخى ياش، خەلقئالەم ئالدىدا كاتتا توي مەرىكىڭىزنى قىلىپ بەرگەندىن كېيىن تۇغىسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز.

— بۇ ماڭا خۇدايىم بەرگەن ئەڭ كاتتا نېمەت، زور خۇشاللىق، مېنىڭ ئاللاغا زار - زار يىغلاپ تىلەپ، بەسى مۇشكۈلدە ئېرىشكەن خۇشاللىقىمنىڭ يالدامىسى. مەن ئۇنى تۇغىمەن. نۇغقاندىمۇ ئۆزۈم باقىمەن، ئۆزۈم ئېمىتىمەن، قۇچىقىمدىن بىردەم ئايرىمايمەن، ھەتتا سىزگىمۇ تۇتقۇزمايمەن.

چۈنكى، قورسىقىمدىكى بالامغا بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دۈشمەن، ھەتتا شاھ ئاتامىۇ، خانىش ئانامىۇ دۈشمەن. بالامنىڭ دوستى پەقەت مەن. سىلەر غېرىبقا بىر ئۈچ بولساڭلار، بالامغا مىڭ ئۈچ. بالام، سەن ئاتاڭغا ئوخشاپ قالمىساڭ بولاتتى. ئاتاڭ غېرىبمۇ تۇغۇلماستا دۈشمەنلىك بولۇپ قاپتىكەن. ئاتاڭنىڭ دۈشمىنى بىر بولغان بولسا، مانا سېنىڭ دۈشمىنىڭ مىڭ بولدى ... ئاھ خۇدا، پاك پەرۋەردىگار، بالامنى، قورسىقىمدىكى بالامنى پاختىنىڭ ئارىسىدا چوغنى ساقلىغاندەك ساقلىغايسەن. پەقەت سەنلا پاناھىڭدا ساقلىساڭ، پۈتۈن يەر يۈزى بالامغا دۈشمەن قوپسىمۇ ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ ... خۇدا، تىلىكىمنى ئىجابەت قىلغايسەن.

سەنەم ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى، مېھرىبانۇ خانىشمۇ سەنەمنى قۇچاقلاپ يىغلىدى.

— نېمە دەيدىغانسىز، قىزىم؟ نېمىدەپ بىزدىن بۇنچىۋالا يامانلايدىغانسىز؟ سىزگە ئاتا ـ ئانا بولغانغا گۇناھكار بولدۇقمۇ؟ سىزگە دۈشمەن بولدۇقمۇ ئەمدى؟ بىزنى شۇنچىۋالا يامان كۆرۈپ كېتەمسىز؟ ئەمدى بىزمۇ ھەممىنى سىز ئۈچۈن، سىزنىڭ بەختىڭىز ئۈچۈن قىلىۋاتىمىزغۇ.

— سىلەر ئۆز تەختىڭلار ئۈچۈن بالاڭلارنىڭ بەختىنى، خۇشاللىقىنى خانىۋەيران قىلىۋاتىسىلەر. دۈشمەنلىك قىلىۋاتىسىلەر. مەن سىلەرگە بالا بولغىنىمغا يۈز مىڭ پۇشايمان يەۋاتىمەن، ھەسرەت ـ نادامەتتە قان يىغلاۋاتىمەن. مەن پادشاھنىڭ بالىسى بولماي پادىچىنىڭ قىزى بولغان بولسام خاتىرجەم غېرىبقا تېگىپ، خاتىرجەم ئوچىقىمغا تېزەك قالاپ، ئۆچكە سۈتىگە زاغرامنى چىلاپ يەپ، بالامنى باقماسمىدىم ...

سەنەم شۇنداق دەپ تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە شاھى ئابباس كىرىپ كەلدى ـ دە، دېدى:

— پاھ، ئانا ـ بالا ئىككىڭلار نېمىگە هازا ئېچىۋاتىسىلەر؟ ئانا ـ بالا مۇشۇنداق هال ـ مۇڭ بولۇپ قانغۇچە يىغلىشىۋالسىمۇ

ئىچى بوشاپ، دەردۇ غەملەردىن خالاس بولۇپ بەسى راھەتكە چىقىدۇ. بۇ يىغا ـ زارىڭلارغا مېنىمۇ قوشۇۋالامسىلەر؟ مەنمۇ تازا بىر يىغلاپ ئىچىمدىكى دەردۇ غەملەردىن قۇتۇلاي ...

شاھنىڭ سۆزى تۈگىشىگە مۇلازىم ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىپ مەلۇم قىلدى:

ـــ شاھ ئالىيلىرى ! شاھ ئالىيلىرى، يامان بولدى !

ـــ نېمە يامان بولدى؟ تىلىڭنى چاينىماي گەپ قىلە، ـــ دېدى شاھ.

ـــ شۇ ... شۇم ... خەۋەر ... دېسەم تىلىم كۆيىدۇ ... ھۆربانۇ ... ھۆربانۇ ... خانىشنىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ كەلسەملە ... شاھ ... شاھزادە ... شاھزادە ...

مەلۇماتچى گەپنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يىغلاپ ئۆزىنى يەرگە تاشلىۋەتتى.

شاھ، مېھرىبانۇ خانىش، سەنەملەر ئالدىراش ھۆربانۇنىڭ قەسرىگە قاراپ ماڭدى، يىراقتىنلا ھۆربانۇ خانىشنىڭ يىغا ـ زارى ئاڭلاندى. ئۇلار ئىتتىك قەسرگە كىردى، ھۆربانۇ خانىش تولا يىغلاپ ئۈنى پۈتكەن، ئايشە بىر تەرەپتە ئۆزىنى كاچاتلاپ يىغلىماقتا. كېنىزەك، دېدەكلەرمۇ ھەر تەرەپتە، بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدا يىغلىماقتا. شاھنى كۆرگەن ھۆربانۇ خانىش ئۈنىڭغا ئېسىلىپ يىغلىدى:

ـــ مانا بولدىمۇ، شاھ ئالىيلىرى؟ ... ئوغلۇمدىن ئايرىلدىم، ئوغلۇم تۈگەپ كەتتى ... ئەمدى كۆڭۈللىرى تىندىمۇ، مۇرادلىرىغا يەتتىلىمۇ؟ ... ۋاي ئىسىت بالام، ئاتىسىنىڭ مېھرىگە قانمىغان، ئاتىسىنىڭ بالىسى بولالمىغان، ئىززەت تاپمىغان ئوغلۇم ! ھۆرمەت تاپمىغان ئوغلۇم ! سېنى شۇنچە جەبىر ـ جاپالار بىلەن توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ ئىتىنىڭ كۈنىنى كۆرۈپ، بىرمۇنچە ئاق كۆڭۈل، سېخىي ئادەملەرنىڭ ياردىمىدە مىڭ ئۆلۈمدىن، بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ تۇغسام، ئەجرىمگە يارىشا رەھمەتكە ئېرىشمىگەن

ئوغلۇم ! ۋاي رەھمەتلىك ئوغلۇم ! ۋاي رەھمەتلىك تۇراخۇن ھاجىم دادا ! ۋاي رەھمەتلىك پەزىلەتخان ئانا ! ... ۋاي بىچارە ئايشە ! ... قىلغان ئەجرىڭ كۆيدىغۇ ئايشە ...

مېھرىبانۇ خانىش ئاستا ھۆرىبانۇنى مۈرىسىدىن تۇتۇپ پەپىلىدى. ھۆربانۇ مېھرىبانۇ خانىشنى قۇچاقلاپ يىغلىدى.

— ۋاي خانىش ئانا ... سىلى مېنىڭ ھامىمام، ئانام، مېنى بېقىپ قاتارغا قوشقان ئانام ئەمەسمۇ؟ شاھقا كىچىك خانىش بولساڭ بەختىڭ كېلىدۇ، مېنىڭ ئايىغىمدا خىزمىتىمنى قىلىسەن دېگەن ئەمەسمۇ؟ مەن بۇ بالىغا مىڭ بىر تەقەززالىقتا ئېرىشكەن ئەمەسمۇ ... ۋاي بالام ...

ھۆربانۇ خانىش يىغلاپ تېلىقىپ قالدى، ئۇنى ئىچكىگە چۆشۈپ ھوشىدىن كەتتى. دېدەك، كېنىزەكلەر كېلىپ ئۇنى يۆلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ ئاغزىدىن كۆپۈك ياندى. بىر چەتتە ئۇنىسىز قول باغلاپ يەرگە قاراپ تۇرغان ئىمامنىياز پەيزۇللا كېلىپ ئۇنىڭ چېكىسىنى، تۇمشۇقىنى ئۇۋۇلىدى. ھۆربانۇ خانىش خارت قىلىپ تىندى، لېكىن ئۇنى ئىچكىگە چۆشۈپ گەپ قىلالمىدى.

سەنەم يۈگۈرۈپ بېرىپ بۆشۈكتە سۇرەتتەك قېتىپ ياتقان بوۋاققا قاراپ، چىدىيالماي لەۋلىرىنى چىشلەپ يىغلىۋەتتى.

— ئېيتە، بالا قانداق ئۆلۈپ كەتتى؟ — سورىدى سەنەم.

— ئا ... ئاخشام .... ئاخشام ... بۆشۈكتە بىر ئۇبدان ئۇخلىغانىدى ... كېچىچە ئەجەب يىغلىماي تىنچ ئۇخلىدى دەپتۇق ... ئەتىگەن يەنە ئويغانماي ئۇخلاۋەردى ... نېمانداق ئويغانمايدىغاندۇ دەپ قارىساق ... قېتىپ قاپتۇ. ھۆ ... ھۆ ... ھۆ ... ۋاي شور پېشانەم ... ۋاي شور پېشانەم ... بۇ چوقۇم ... سۇيىقەست ... كىچىك بالىدا نېمە گۇناھ؟ ... نېمە پوق يېدىم ... شاۋازنىڭ قولى ئۇزۇن ئىكەن، ئۇ شۇنچە يىراقتا تۇرۇپمۇ زەھەرلىك قولىنى سالدى ... ھۆ ... ھۆ ... — دەپ نالە قىلدى ئايشە.

— ئاغزىڭنى يۇم، ... قېرى دەللە؟!

شاھ شۇنداق دېگىنىچە ئاستا بۆشۈككە يېقىنلاپ كېلىپ سۇرەتتەك قېتىپ، خۇددى ئۇخلاۋاتقاندەك ياتقان بوۋاققا قاراپ كۆزىنى يۇمدى. سەنەم قاراپ چىداپ تۇرالماي يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىغىنىچە قېچىپ چىقىپ كەتتى. شاھ ئاستا ئېڭىشىپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بوۋاقنىڭ يۈزىنى سىلاپ، ساقاللىق يۈزىنى بوۋاقنىڭ يۈزىگە سۈۋاپ پېشانىسىگە سۆيدى.

ئەمدى گەپنى غېرىب تەرەپتىن ئاڭلايلى. سەئىد ئەخمەتخان شاھ سارىيىدا سۆزلىمەكتە ئىدى. ناسىر لومپا ئالدىدا تىك تۇرۇپ ئاڭلىماقتا.

— سەن بېرىپ ئاباباسخانغا دېگىن، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئۇزاق يىللىق قەدىناس ئاغىنىلەردىن. بىز ئۆزئارا يايلاق تالاشماي، مال تالاشماي، شۇنچە يىللارنى تىنچ - ئامان ئۆتكۈزدۇق. قول ئاستىمىزدىكى پۇقرالار ئۆزئارا يايلاق، مال تالىشىپ سوقۇشسىمۇ بىز ئاتا بولۇپ كېلىشتۇردۇق. بەزىدە بىزنىڭ ئەلنىڭ مال - چارۋىسى سىلەرنىڭ يايلاققا ئۆتۈپ كېتىپ قالىدىغان، بەزىدە سىلەرنىڭ بىزگە ئۆتۈپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇراتتى. بۇ دېگەن بۈيۈك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان ئاسايىشلىق ئىشلار. شۇنچە مال - دۇنيا، تاغ، دەريا، يايلاقنى تالاشماي، بىر مەھبۇسنى تالىشىپ ئارازلىشىپ قالساق بولماس، بۇ مەھبۇسنى مەن تىلىۋالاي.

— دېگەنلىرى بەرھەق، شاھى جاھان. ئەمما، قۇللىرى بۇ كاتتا سۆزلىرىنى شاھىمىزغا يەتكۈزۈشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، — دېدى ناسىر لومپا.

— مەن شاھى ئاباباسقا ئالتۇن مۆھرىمنى بېسىپ مەكتۇپىمنى ئەۋەتىمەن.

سەئىد ئەخمەتخان شۇنداق دېيىشىگە، ياندا قول باغلاپ تۇرغان غېرىب دېدى:

— پېقىر لايىق بولمىسامىمۇ شاھ ئالىيلىرى ئالدىدا بىر

كەلمە سۆز قىستۇرسام، بىئەدەپلىك بولماس. ئىجازەت قىلغان بولسىلا، شاھ ئالىيلىرى.
— سۆزلەڭ، پالۋان ئوغلۇم، قۇلىقىم سىزدە، — دەپ ئىجازەت بەردى سەئىد ئەخمەتخان.
— ئەلۋەتتە، شاھ ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك ئالتۇن مۆھۈرلۈك مەكتۇپىنى كۆرسە شاھى ئابباس مەندەك بىر گۇناھكار مەھبۇسىدىن كېچىپ ئۆزلىرىگە ھەدىيە قىلىۋېتىدۇ. ئەمما، پېقىر قۇللىرى ئۆز ئېلىمنىڭ پالاندى مەھبۇسى بولساممۇ، جانابلىرىنىڭ كاتتا ھۆرمەت ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولدۇم.
— ئىسسىق چىراي بالا ئىكەنسەن، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.
— شاھى جاھاننىڭ بۇ كاتتا ھۆرمىتى ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ، مېنى ياخشىلىق قىلغاننى بىلمەيدىغان بىغەرەز ئىكەن دەپ قالمىغايلا، ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرگەيلا. مېنىڭ ھۇزۇرلىرىدا پادىشاھتەك ھۆرمەتكە نائىل بولۇپ، راھەت ـ پاراغەتتە ياشىغىنىمدىن ئۆز ئېلىمنىڭ پالاندى گۇناھكارى، مەھبۇسى بولۇپ، چۆللەردە ئاچ ـ تىوق رىيازەت چەككىنىم ئەلادۇر. مېنى ئۆز ئېلىمنىڭ ئادەملىرىگە تاپشۇرۇپ بەرگەيلا ...
سەئىد ئەخمەتخان چىرايى تۇتۇلۇپ، قاپىقى تۈرۈلۈپ بىردەم شۈكلەپ كەتتى. بەرنا مەلىكە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى:
— غېرىب، نادانلىق قىلماڭ، ئۆز ئېلىڭىزنىڭ بۇ ئادەملىرى ھېچبىر خاننىڭ لەشكەرلىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنىڭ پەيلى بۇزۇقلۇقى بەتبەشىرە چىرايىدىن چىقىپ تۇرىدۇ. سىزنى ئۇلارغا بەرگەنلىك قوينى بۆرىگە تاپشۇرغانلىق بولىدۇ. مەن ئانىڭىز بىلەن سۆزلەشتىم، ئۇمۇ بۇلارغا دەرگۇمان بىلەن قارايدىكەن، ئوغلۇم مەشەدە قېلىشىنى ئىختىيار قىلسا مەن قالاي، ئوغلۇم نەدە بولسا مەن شۇ يەردە بولىمەن دەيدۇ. مۇشۇ يەردە قېلىڭ، بۇ خانلىقنىڭ ئوردا، چاھارباغلىرىنىڭ ئىشىكى سىز ئۈچۈن ئوچۇق. ئۇ يەرگە بارسىڭىز پىت ـ بۈرگە بىلەن تولغان قاراڭغۇ

زىندان سىزنى كۆتۈپ تۇرىدۇ.

مەلىكىنىڭ گېپىگە ئۇلاپ غېرىب ئۆز ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى:

— مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ سۆزلىرى ھەقتۇر. مەن تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە ئۆز ئېلىمدە خورلۇق كۆچىسىدا چوڭ بولۇپ، تاپقان خۇشاللىقىمدىن تارتقان كۈلپەتلىرىم كۆپ بولدى. بارسام-لا زىندانغا تاشلىنىشىم ئېنىق، ھەتتا مېنى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، بۇ كاتتا ئوردىنىڭ راھىتىدىن مەن يەنىلا ئۆز ئېلىمنىڭ پىت - بۈرگە بىلەن تولغان زىندانىنى ئەۋزەل بىلىمەن. سىلەرنىڭ كاتتا خەيرخاھلىق، ساخاۋەتىڭلاردىن كۆرە ئۆز ئېلىمدە دارغا ئېسىلىپ ئۆلۈشنى ئارتۇق كۆرىمەن.

— پاھ، سىزدەك مەردانە يىگىتنى كۆرۈپ باقماپتىمەن.ئەمما، ياخشى ئويلىنىڭ، غېرىب، — دېدى مەلىكە بەرتا.

— مەلىكە ئالىيلىرى، مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇسىڭىز مەيلى. ئەمما، مېنى مەسخىرە قىلماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى غېرىب.

سەئىد ئەخمەتخان ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— قىزىم، بولدى بەس. پالۋان يىگىت دۇرۇس ئېيتىدۇ. بىز مەيلى قايسى ئەلدە بولسۇن مۇنداق ساداقەتلىك، ئالىيجاناب، پەزىلەتلىك ئىنسانلارنى ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئالتۇنغا بەرگۈسىز روھىنى ھىمايە قىلىشىمىز كېرەك. يارايسەن، ئوغلۇم. مەن ساڭا قايىل بولدۇم. ماڭىمۇ، مېنىڭ ئېلىمگىمۇ ساڭا ئوخشاش تاغ يۈرەك ئەزىمەتلەر كېرەك. سەن ئىختىيار قىلغان بۇ تاللاش ئادەتتىكى ئادەملەر مەڭگۈ چۈشەنمەيدىغان، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدىغان تاللاش. مېنىڭ ساڭا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى. مېنىڭ ياش ۋاقتىمغا تېخىمۇ ئوخشىدىڭ. مەن سېنى كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇزىتىمەن.

سېپىل دەرۋازىسى ئۈستىدە ناغرا - سۇناي ساداسى ياڭراپ، دەرۋازا ئېچىلىپ سەئىد ئەخمەتخان شاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر، ئەمىر،

سەردارلىرى، شاھانە تون كىيدۈرۈلگەن غېرىب ۋە ئۇنىڭ ئانىسى، سىڭلىسى، ئاندىن ئۇلارغا ياندىشىپ ماڭغان ناسىر لومپا ۋە ئۇنىڭ ئىپسىل تونلار كىيگەن چاپارمەنلىرى چىقتى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى خالايىقلار تەنتەنە قىلىپ ئۇلارنىڭ باشلىرىغا گۈل بەرگىلىرىنى چاچتى، قىز - يىگىتلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا شوخ ئۇسسۇل ئوينىدى.

سەئىد ئەخمەتخان غېرىبقا بىر ھەميان تىللا ھەدىيە قىلدى ھەم ناسىر لومپا باشلىق ياساۋۇللارغىمۇ بەشتىن تىللا يوللۇق تۇتتى، ئاندىن ۋەزمىن ئاھاڭدا دېدى:

— ماغدۇرۇم بولغان بولسا سېنى ئات بىلەن بىر كۈنلۈك يولغىچە ئۇزىتىپ بارغاچ مۇڭداشقۇم بار ئىدى ئوغلۇم. ئەستاغپۇرۇللا، بۇ قېرىلىق، پۇت - قولۇمنىڭ ماغدۇرى يوق، مەن سېنى مەشەگىچە ئۇزىتىدىغان بولدۇم.

— ھېلىمۇ كۆپ كايىدىلا، شاھ ئالىيلىرى، پېقىر قۇللىرى بۇنچىۋالا قىلىشقا ئەرزىمەيمەن، كۆپ رەھمەت، بۇيۈك تەڭرىمدىن ئۆزلىرىگە سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن.

سەئىد ئەخمەتخان غېرىبنى قۇچاقلاپ بۇقۇلداپ يىغلىغىنىچە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئوغلۇم، بىز ئەمدى مۇشۇ خوشلاشقانچە كۆرۈشەلمەيمىز، مېنىڭ تۆت كۈنلۈك ئۆمرۈم قالدى. مەن سېنى ئۆز ئوغلۇم بولغان بولسا قانچىلىك سۆيۈنەر ئىدىم، دەپ كەتتىم. مەن سېنى كويئوغۇل قىلىۋېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم، خەيرىيەت، ئاللا نېسىپ ئەتمىگەن ئىشقا بەندىنىڭ ئامالى يوق ئىكەن. ئەمما، ئىچىمگە بىر ئوت، ھەسرەت - نادامەتنى سېلىپ قويۇپ كېتىدىغان بولدۇڭ، خەير، قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھتا كۆرۈشەرمىز.

غېرىبمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ خىجىللىق بىلەن دېدى:

— ئەدەپسىزلىكىم ئۈچۈن ئىنتايىن خىجىل ھەم ئۆزرىلىكمەن، شاھ ئاتا. مەن ئۆمرۈمدە سىلىدەك بىر ئۇلۇغ

ئاتىنىڭ مېھرىنى كۆرمەي چوڭ بولغانمەن.
— ئۆز ئېلىڭدە ئارام تاپالماي، دىلىڭ ئازار يەپ قالدىغان ئىش بولسا خاتىرجەم كېلىۋەرگىن. مېنىڭ ئىشىكىم ھەرقاچان ساڭا ئوچۇق، — سەئىد ئەخمەتخان شاھ جېكىلىدى.
— خوپ شاھ ئاتا، مەن مەلىكە ئالىيلىرىنى خاپا قىلىپ قويدۇم. ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ خوشلاشماقچىدىم، ئەپسۇس، ئۇنى كۆرەلمىدىم. مېنىڭ ئۈزرە، سالامىمنى يەتكۈزۈپ قويغايلا.
— ئۇنىڭ سۆزى قوپال، دىلى نازۇك، ئەمما كۆڭلى سۇنۇق. ئۇمۇ ئانىسى يوق، بىر ئاللا قىز، ئالدى - كەينىدە قېرىندىشى يوق. پەمىچە، ئۇ سەندىن ناھايىتى زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەندەك، ھازىر قانىتى سۇنغان قۇشتەك ئېغىر ئازاب - ئىزتىراپتا قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەن سېنى قويۇۋەتمەكچى بولغان كۈندىن تارتىپ ئۇ ماڭىمۇ كۆرۈنمەي يۈرىدۇ، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.
— مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ زور ئۈمىدىنى ھەم ئۆزلىرىنىڭ كاتتا ئىلتىپاتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئاجىز كەلگىنىم ئۈچۈن ئۆزۈممۇ خىجىللىق ئازابىدا ئۆرتەنمەكتىمەن، شاھ ئاتا.
— بولدى ئوغلۇم، رىزقى پېشانە، تەقدىر - قىسمەت ئاللا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. بەندە ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. يولغا چىققان مېھماننى يولدىن قويماسلىق كېرەك دەيدۇ. بولدى، ئاتلانغىن، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. ئاقىۋول بولغاي، ئامىن، — دۇئاغا قولىنى كۆتۈردى سەئىد ئەخمەتخان شاھ.
ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈردى، شۇنىڭدىن كېيىن سەئىد ئەخمەتخان ناسىر لومپىغا يۈزلىنىپ:
— غېرىبىنى سىلەرگە تاپشۇردۇم، شاھى ئابباسقا سالامىمنى يەتكۈزگەيسىلەر. غېرىبىنىڭ ھەرقانداق ئېغىر گۇناھى بولسىمۇ ئۇنى دوستلۇقىمىزنىڭ ھەق - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەپۇ قىلغاي. ئۇ ھازىر سىلەرگە مەھبۇس بولغان بىلەن مەن ئۈچۈن ئەزىز مېھمان. شۇڭا، مېنىڭ تەۋەيىمدە ئۇنىڭغا مەھبۇس قاتارىدا

مۇئامىلە قىلماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر ئۇنىڭغا چېقىلغۇدەك بولۇپ قالساڭلار مەنمۇ سىلەرنى مېھمان قاتارىدا كۆرمەيمەن.

— خوپ ئالىيلىرى، قىممەتلىك يولىيورۇقلىرىنى ئەستە ساقلايمىز، — دېدى ناسىر.

— سىلەرنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، نىگارئاي خانىم. تۇتۇپ قالالمىغىنىمدىن ئىنتايىن خىجىلمەن، باھادىر يىگىتكە ئانا بولغانلىقلىرىغا ئاپىرىن ئېيتىمەن، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان شاھ يەنە.

نىگارئايىممۇ ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈردى:

— كاتتا دۆلەتلىرىنىڭ سايىسىنى كۆردۇق، شاھ ئالىيلىرى، كۆپ رەھمەت.

غېرىبلار يولغا چىقتى. نىگارئايىم بىلەن گۈلجامال تۆگىگە مىندى. غېرىب ئاتقا مىنىپ ئىختىيارسىز سېپىل ئۈستىگە قارىدى. سېپىل ئۈستىدە تورزدەك ياسانغان مەلىكە بەرنا ئۇلارغا قاراپ تۇرغان بولۇپ، غېرىب قارىغان ھامان كۆزدىن غايىب بولدى. غېرىبنىڭ كۆزىگە مەلىكە بەرنا سەنەمدەك كۆرۈنۇپ كېتىپ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى، كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قايتا قارىغاندا سېپىل ئۈستىدە ھېچكىم كۆرۈنمىدى. غېرىب ئېتىنى قامچىلاپ قايتا - قايتا قارىدى، ئەمما مەلىكە قايتا كۆرۈنمىدى، غېرىب بىر ئاز خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ئېتىغا قامچا سېلىپ ئوردىدىن يىراقلاپ كەتتى.

قەبرىستانلىقتا قارىلىق كىيىم كىيگەن ھۆربانۇ، ئايشە ۋە بىرمۇنچە كېنىزەك، دېدەكلەر پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا نۆكەرلەر مەشئەل تۇتۇپ قاراپ تۇردى. پەزىلەتخانىنىڭ قەبرىسى يېنىدا بوۋاقنىڭ كىچىك قەبرىسى بار ئىدى. پېشقەدەم ئۆلىما چىرايلىق خەتمىقۇرئان قىلدى، مۇڭلۇق قىرائەتنىڭ مۇڭىدىن ئېزىلىپ ھالى قالمىغان ھۆربانۇنىڭ ئۈنى يۇتۇپ ئاۋازى چىقماس بولۇپ قالغانىدى. قىرائەتتىن كېيىن ئۇ بالىسىنىڭ

قەبرىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ نادامەت بىلەن يىغلىدى:
— ۋاي بىتەلەي ئوغلۇم، ۋاي بەختسىز ئوغلۇم، ناھەق ئۆلۈپ كەتتىڭ ئوغلۇم ... ۋاي رەھمەتلىك پەزىلەتخان ئانا ! ۋاي مېنى قوغداپ، ئوغلۇمنى قوغداپ پۈتۈن ئائىلىسىنى ۋەيران قىلغان پەزىلەتخان ئانا ! ۋاي تۇراخۇن ھاجىم ئاتا، ئوغلۇمنى سىلەرگە ئەۋەتتىم ! ۋاي، ئوغلۇمنىڭ جېنىنى ئالغان يەردە مېنىڭ جېنىمنىمۇ ئالساڭ بولمامدۇ؟! ۋاي، مېنى مۇنداق دەردكە مۇپتىلا قىلغۇچە مېنىمۇ ئوغلۇم بىلەن ئېلىپ كەتسەڭ بولماسمىدى؟!
ئۆلىما ھۆربانۇغا تەسەللى بېرىپ دېدى:
— بۇنداق يىغلاش ئاللانىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىققانلىق، گۇناھ بولىدۇ، سەۋر قىلىسىلا، خانىش ئايىم.
— ۋاي مەن چىدىمىدىم، ۋاي مەن چىديالمىدىم، ئوغلۇمغا چىدىمىدىم، ئىچىمگە بىر ئوت كىرىۋالدى، بۇ ئوتنى قانداق ئۆچۈرەرمەن؟!
ئايشە باشلىق كېنىزەك، دېدەكلەر ھۆربانۇنى يۆلىدى. ھۆربانۇ يەنە قەبرىگە ئۆزىنى تاشلاپ قوپقىلى ئۇنىمىدى. ئايشە بۇقۇلداپ يىغلاپ كېنىزەك ـ دېدەكلەر بىلەن ھۆربانۇنى يۆلەشتۈرۈپ سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ ماڭدى، نۆكەرلەر كەينىدىن ئەگەشتى.
بۇ چاغدا خاس ھۇجرىسىدا شاھ بىلەن مېھربانۇ خانىش سۆكۈنات ئىچىدە ئولتۇراتتى. شاھ مېھربانۇغا قارىدى، مېھربانۇ تەسۋى سىيرىپ كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇردى.
— ئىچىمنى سىقماي گەپ قىلسىلا، ئەجەبمۇ قاملاشمىغان ئىش بولدىغۇ، — دېدى شاھ.
— ئىشەنمەي دېسە ئۆزلىرىنىڭ تىرىلىرىنى كىيىپلا چۈشۈپتىكەن ئۇ نارەسىدە رەھمەتلىك، ئىشەنمەي دېسە ئەجەبا شۇنچە يىللاردىن بېرى ھېچقانداق خانىش، توقال، دېدەكلەر ھامىلدار بولماي، ئاچامنىڭ قىزى ھۆربانۇ سىلىدىن ھامىلدار بولارمۇ؟ ئايشەنىڭ دېگىنى بويىچە شاۋاز بىلەن ئىمامنىياز پازىل

شۇنداق ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتكەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئاشۇنداق خاسىيەتلىك دورىسى بارمىدۇ؟ ئايشەنىڭ گېپى قانچىلىك راستتۇ؟ — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— پۈتۈن ئىشلارنى مالىمان قىلغان ئاشۇ ئايشە دېگەن جەددال، سەن ھۆرىبانۇنى ئۆزۈڭ بېقىپ، تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان. ئۇ بالىسىغا چىدىمايلا قاپتۇ. ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ ئوبدان تەسەللى بەر، سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلايدۇ، — دېدى شاھ.

— ئۇ ئوغلۇم سۇيىقەستتىن كەتتى دەپ ھەممە ئادەمدىن گۇمانلىنىپ يۈرىدۇ. بىر ئوبدان بالا راست نېمانداق تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ؟ راست سۇيىقەست بارمىدۇ؟

— بالىغا كىم قەست قىلار؟ — دېدى شاھ.

— ھۆرىبانۇ بىلەن ئايشەنىڭ تىللى بويىچە يەنىلا شاۋاز قىلىدۇ، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— شاۋاز ... شاۋازلا دەيدۇ. ئۇ شەھىرى بەلختە ئۇرۇش قىلىۋاتسا، بالىغا قانداق قەست قىلىدۇ؟

— ئوردىنىڭ ئىچى ـ تېشى ئۇنىڭ قېقىۋەتكەن قوزۇقلىرى، تاپان ـ تۇزاقلىرى بىلەن تولغان، ئۇنى قەست قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

شاھ بىر ئاز بوشاپ، ئويلىنىپ تۇرۇپ دېدى.

— بۇغۇ راست، ئەمما بۇ ئىشنى كىم قىلار؟ قايسىسى راست، قايسىسى يىتنە ـ پاسات، بىلىپ بولمايدۇ.

— راست. بۇ ئوغۇل ئىبتىراپ قىلىنسا مەلىكە سەنەمنى ئەمرىگە ئالىدىغان ئادەمنىڭ ۋەلىئەھدىلىكى كۆپۈككە ئايلانامدۇ؟ ئۇلارنىڭ شاۋازدىن گۇمانلىنىشقا ھەققى بار، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— گۇمانلانغان بىلەن ئىش پۈتەمدۇ، قولغا چىقىدىغان ساپاق بارمۇ؟ ئۇ بالىنى مەن ئىبتىراپ قىلمىدىم. شاۋاز ئەقىللىق ئادەم، ئىبتىراپ قىلىنمىغان بالا ئۇچۇن بەتنامغا قېلىشنى خالىمايدۇ، — دېدى شاھ.

— ھەممە ئادەم تاش سانسا، شاۋازنىڭ قوۋم سانايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا. ئۇ سىلى، بىزدىن چوڭقۇر ئويلايدۇ. قىلنى قىرىق يارىدىغان ئادەم ئۇ، — دېدى مېھرىبانۇ.

شاھ ئاھ ئۇرۇپ قويدى.

سەنەم ھۇجرىسىدا چىمىلدىق ئىچىدە تىزىنى قۇچاقلاپ، ئېڭىكىنى تىزىغا تىرەپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش تامچىلىرى مەڭزىدە توختاپ قالغانىدى. «ھۆربانۇنىڭ ئوغلى ئوماق ئوغۇل ئىدى. بىگۇناھ، نارەسىدە بالا ... ئۇنى ئوردا نابۇت قىلدى. ئوردا رەھىمسىز ئالۋاستى ئۇۋىسىغا ئوخشايدىكەن. ئۇ ئالۋاستى كىم؟ شاھ ئاتاممۇ؟ ياق، خانىش ئاناممۇ؟ ياق ... ياق ... ئۇلارنى ئۇنداق دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ. بالا چاغلىرىمدا ئالۋاستى ئۇۋىسى قورقۇنچلۇق تاغ ئۆڭكۈرى، ئەسكى تاملىق، ئادەم ئاياغ باسمىغان جاڭگال ـ توقايلاردا بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئەمدى مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك ئوردا ـ قەسىردە ئالۋاستى ئۇۋىسى بار ئىكەن. شاھ ئاتام، خانىش ئانىلارنى يۇتۇنلەي ئالۋاستىلار ئورىۋاپتۇ. بىچارە بالىنى شۇ ئالۋاستىلار يەپ كەتتى. ئۇنىڭ بالىسىنى يەپ كەتكەن ئالۋاستى مېنىڭ بالامنىمۇ ... ھە ...» خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە سەنەم ئەندىكىپ بېشىنى شاققىدە كۆتۈردى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

قۇملۇقتا گۈلخان ئەتراپىغا تۆت چېدىر تىكىلگەن. بىر چېدىر ئوتتۇرىغا تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا غېرىب، ئانىسى، سىڭلىسى ياتتى، ئۇنى قورشاپ تىكىلگەن ئۈچ چېدىردا ناسىر ۋە ئۇنىڭ نۆكەرلىرى ياتتى. سىرتتا ئىككى قاراۋۇل ئات ـ تۆگىلەرنى ئايلىنىپ كۆزەتچىلىك قىلىۋاتاتتى، بىردىنلا بۆرىلەر پەيدا بولۇپ ئۇلارنى قورشىۋالدى. بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرىدىن ئاتلار كىشنەپ، چاپچىپ تۇرالمىدى. ناسىر ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى يېرىم يالىڭاچ چېدىرلىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى، غېرىبمۇ چىقتى. بۆرىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان يېشىل نۇرلاردىن نۆكەرلەر

ۋەھىمىگە چۈشتى.

— بىز نۇرغۇن بۆرىنىڭ قورشاۋىدا قاپتۇق، بېگىم، — دېدى نۆكەر.

— قورقۇۋاتامسەن، توخۇ يۈرەك، نان قېپىپى؟! بۆرە دېگەن ئوتتىن قورقىدۇ. ھەرقانچە جىق بولسىمۇ كېلەلمەيدۇ، — دېدى ناسىر.

— گۈلخاننى چېدىرلارنىڭ ئەتراپىغا نەچچە يەرگە كۆپەيتەيلى، — دېدى غېرىب.

— قالايدىغاننى قالاپ بولدۇق. ئەمدى پاچىقىڭنى قالامدۇق، پالۋان يىگىت؟ تازا بىر چىش كولىغۇدەك چاۋار تېپىلمايدىغان يەرنى قونالغۇ قىپتۇق، — دېدى ناسىر.

— قۇمنىڭ دۈمبەل جايلىرىنى كولىساق قاقشال ئۈچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

غېرىب شۇنداق دەپ ئۇ يەر - بۇ يەرنى كولىدى. بىر يەردىن يوغان بىر تال يۇلغۇن كۆتىكى چىقتى. قالغان نۆكەرلەرمۇ ئۇ يەر - بۇ يەرنى كولاشقا باشلىدى. نىگارئايىم بىلەن گۈلجامالمۇ چىقتى.

— ئانا، سىلەر گۈلخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېرىڭلار، ھەرھالدا قولۇڭلارغا بىردىن ئەپلىكرەك كالتەكتەك بىرنەرسە ئېلىپ گۈلخاندا ئۈچىنى كۆيدۈرۈپ تۇرۇڭلار، تاسادىپىي بۆرىلەر ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ قالسا، تەڭلىسەڭلار يېقىن كېلەلمەيدۇ، — دېدى غېرىب.

— ھەي، ئانىسى ئوغۇل بالا دەپ شۇمەك سالغانلار، بۇ يەردە بۆرە قاچان بىزگە ھۇجۇم قىلاركىن دەپ ساقلاپ ئولتۇرغۇچە بىز ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ قوغلىۋېتىپ خاتىرجەم ئۇيقۇمىزنى ئۇخلىمامدۇق؟ — دېدى ناسىر.

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، ئۇلار بەك ھىيلىگەر ھەم ۋەھشىي، ئۇلار بىزنىڭ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلىشىمىزنى كۈتۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىز ھۇجۇم قىلساق، ئۇلار ھەر تەرەپكە پىتىراپ قاچىدۇ. ھەربىرىمىز ھەر تەرەپكە قوغلاپ

چېچىلغان پۇرسەتتە باشقا تولپىرى بىزنىڭ ئاتلارغا ھۇجۇم قىلىپ بىزنى ۋەيران قىلدۇ، — دېدى غېرىب.

— بۇ يەردە مېنىڭ دېگىنىم ھېساب. سەن دېگەن مېنىڭ قول ئاستىمدىكى ماۋۇ نۆكەرلەرچىلىكمۇ سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەسسەن. سەن ئۆزۈڭنى كىم چاغلاپ قالدىڭ؟ قېرىپ مېڭىسى كولدۇرلاپ قالغان قۇندۇز شاھى يىراقتا قالدى، ئەمدى تامبىلىڭغا پاتماي قالغان ئەتىۋار غېرىب ئەمەسسەن. ئەمدى سەن بىر لەنىتى قەلەندەر پالاندى، مەھبۇسسەن. سېنىڭ ئاقساقاللىقىڭ مېنىڭ چىشىمنى قېرىشتۇردى. ساقال تاراپ گېپىمنى ياندۇرغان ئادەمگە قاتتىق ئۆچمەن. سېنىڭ ھۆرۈ - پۆرۈ دەيدىغان ھەققىڭ يوق. يىگىتلەر، ھەممىڭلار بىردىن مەشئەلنى ئېلىپ ئېتىڭلارغا مىنىپ بۆرىلەرنى قوغلاڭلار. ھەممىمىز بۆرە قوغلايمىز. غېرىب سەنمۇ بىز بىلەن ئاتلان ! شىر ئوۋلىغان پالۋانغا بۆرە ئوۋلاش دېگەن توشقان ئوۋلىغاندەك ئاسان چۈشىدۇ، ئاتقا مىنىڭلار! — دېدى ناسىر.

— بۇ يەردە ئانام بىلەن سىڭلىمنى يالغۇز تاشلاپ ماڭامدىم؟ ئۇلارنى يالغۇز تاشلاپ ماڭسام بولمايدۇ، سىلەر قوغلاڭلار. مەن بۇ يەردە ئانامنى قوغداپ تۇراي، — دېدى غېرىب.

— سەن بايا ئاناڭغا بىرمۇنچە ئۆگەتتىڭغۇ؟ — دېدى ناسىر لومپا.

— ئۇ دېگەن مەن ئانامنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان پەيتتىكى گەپ، — دېدى غېرىب.

— بىزدىن بىر ئادەم قالسۇن. سەن بىز بىلەن ماڭ ! بولمىسا تېخىمۇ چىشىمنى قېرىشتۇرۇپ قويىسەن. مەن بىلەن تولا گەپ تالاشقان ئادەمنى يامان كۆرىمەن.

— بارغىن ئوغلۇم، سېنى ھەم بىزنى پاك تەڭرىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدى نىگارئايىم.

— دېگەنلىرىمنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ، ئانا. بىز ھايالشىماي كېلىمىز.

غېرىب ئېتىنىڭ تۆش بېغىنى تارتىپ مىندى، ناسىر لومپىمۇ ئاتقا مىندى، ھەممىسى بىردىن مەشئەلنى ئېلىپ ئۇشقىرتىپ ماڭدى، غېرىبمۇ قاراڭغۇلۇقتا قاراپ ئېتىنى چاپتۇردى. ناسىر لومپا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئات سالدى. نىگارئايىم ئوغلىنىڭ كەينىدىن دۇئا قىلىپ قالدى. گۇلجامال قورقۇنچتا ئانىسىنىڭ ئېتىكىگە يۈگىنىپ تۇگۇلۇپ قالدى. نىگارئايىم يالغۇز قالغان تۆگىسىنى يېتىلەپ گۇلخانغا يېقىن يەرگە ئەكەلدى. ئۇنى بېقىپ قالغان نۆكەر ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن ئات سالدى.

— ھوي ... بالام، سەن بىز بىلەن تۇرىدىغان بولغان ئەمەسمۇ؟ — دېدى نىگارئايىم.

— سىزنى خۇدايىم ساقلايدۇ، بۇ يەردە بۆرە قالمىدى، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى نۆكەر.

يېقىنلا قۇم چوقىسىدا بىر يالغۇز بۆرە ھۇۋلىماقتا. نىگارئايىم چۆچۈپ، گۇلجامالنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، كۆيۈۋاتقان گۇلخاندىن بىر تال كالتەكنى ئالدى ـ دە، قۇم چوقىسىدا ئاسمانغا قاراپ ھۇۋلىغان بۆرىگە قورقۇنچ ئىچىدە قارىدى.

شاھى ئاباسىنىڭ خانىسى. شاھ ھۇجرىسىدا سۇرلۇك ھالدا جىممىدە كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. پارپا شاھنى ئۆرە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىكى چىلىمنىڭ جوغىسىنى تارتتى، شاھ چىلىمنىڭ جوغىسىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىر قولىدا پارپىنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇۋالدى. پارپا ئاغرىققا چىدىماي چىرقىراپ تولغىنىپ كەتتى.

— قايسىڭ بار؟

— لەببەي شاھىم!

— ماۋۇ رودۇپاينى كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار! زىندانغا تاشلاڭلار! مەن بۇنى سېغىنىمغۇچە كۆزۈمگە كۆرسەتمەڭلار! مېنى خاتىرجەم بىرنەرسىنى خىيال قىلغىلى قويماي دائىم زېھنىمنى چاچىدۇ بۇ سالجا، يوقال!

ياساۋۇل پارپىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، تۇزاقتا چۈشكەن توشقاننى كۆتۈرگەندەك ئېلىپ ماڭدى. پارپا تىترەكلەپ پىلتىڭلاپ ۋارقىراپ يالۋۇردى:

— ماڭا ئۇۋال بولدى، شاھىم ! ماڭا ئۇۋال بولدى !

— ساڭا ئۇۋال قىلغان ئادەم مەن ئەمەس، ئاناڭ، كىم سەندەك مىتە قۇرتنى تۇغسۇن دەپتۇ؟

شۇ چاغدا ئىمامنىياز پەيزۇللا قول باغلاپ تەزىم بىلەن كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھ ئالىيلىرى، پېقىرنى كېچىدە قانداق كاتتا خىزمەت بىلەن چاقىردىلاكىن؟ — دېدى ئۇ.

— ئولتۇرسىلا، تېۋىپ ھەزرەتلىرى. سىلىنىڭ بىر قوللىرى ئىپار، يەنە بىر قوللىرى زەھەر، شۇنداقمۇ؟ — دېدى شاھ ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ.

ئىمامنىياز قورقۇنچتىن چەكچىيىپ، لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

— شاھ ئالىيلىرى ... مەن ... مەندىن نېمە سەۋەنلىك سادىر بولدىكىن؟

ئۇ تاتىرىپ، لاغىلداپ تىترەپ، پۈت - قولىدا جان قالماي ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى.

— مېنىڭ بىگۇناھ، بەختسىز ئوغلۇم ...

شاھنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاۋازى چىقماي قالدى.

بۇ چاغدا ھۆربانۇ خانىش ھۇجرىسىدا بۆشۈككە قاراپ قېتىپ ئولتۇراتتى. ئاق شايى كۆڭلەكگە سىغماي قالغان كۆكسى چىڭقىلىپ سۈت ئېقىپ كۆڭلەكنىڭ مەيدىسىنى ھۆل قىلىۋەتكەندى. ئايشە يىغلاپ ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ دېدى:

— ئوبدان قىزىم ... ھۆربانۇ ... كۆڭلىڭىزنى تېخى ھازىرلا يەڭگۈشلىگەن ... بالىنى ئويلاۋەرسىڭىز سۈت

كېلمۇېرىدۇ. ئۇنداق ئىچىڭىزگە سېلىۋېرمەڭ. سىزنىڭ تېخى ئون گۈلىڭىزنىڭ بىرى ئېچىلمىدى. كىچىكسىز، خۇدايىم بۇيرۇسا تېخى تۇغىسىز. سىزنىڭ يەنە پاقلاندەك قوشماق ئوغۇل تۇغۇشىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل، ئايىغىمدىن شامال ئۆتۈپ تۇرسىلا مەن سىزنى نائۇمىد قويمايمەن.

— راستىمۇ؟ راستىمۇ، ئايشە؟ سەن راست گەپ قىلىۋاتامسەن؟ — دېدى ھۆربانۇ.

— راست خانىش، راست، مەن دېگىنىمنى قىلماي قويمايمەن. ھەي قىزلار، ياغاچ قاچا ئەكېلىڭلار، سۇتنى سېغىۋېتەيلى. بۇنداق ئېقىپ كېتىۋەرسە كۆكسى ئاغرىپ قالىدۇ، بولدى، ئويلىماڭ، خانىش قىزىم.

— مېنى ساغامسىلەر؟ ئۇنداق بولسا مەن تەييار بولاي.

ھۆربانۇ كۆڭلىكىنى ياقىسىدىن تارتىپ يىرتىپ تاشلىدى.

— ياق ... ياق، كىيىملىرىنى يىرتىمىغايلا، خانىش ئايىم.

ئايشە ھۆربانۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، ھۆربانۇ قوللىرىنى بىر سىلكىپلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ بېشىدىن ياغلىقنى ئېلىپ تاشلاپ، يىرتىلغان كۆڭلىكىنى يەنە يىرتىپ سېلىۋېتىپ، ئىچ كۆڭلىكىنىمۇ يىرتقىلى تۇردى. ئايشە ھۆربانۇنى قۇچاقلىۋالدى. ھۆربانۇنىڭ بىر يۇلقۇنۇپلا چىرقىراپ سىلكىشى بىلەن ئايشە ئەسكى تاغاردەك قاڭقىپ ئوڭدىسىغا چۈشتى. ھۆربانۇ ئايشەنىڭ يىقىلىشلىرىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدى.

— ھا ... ھا ... ھا ... ھوي ... ھوي ... ماڭا كۈچۈك يەتمەيدۇ ... ماڭا كۈچۈك يەتمەيدۇ ... ھوي ... ھوي ... قانداق؟

ئايشە ۋارقىراپ كەتتى:

— ھەي قىزلار، قاراپ تۇرماي خانىشنى تۇتۇۋېلىڭلار! ھاڭۋېقىپ تۇرماڭلار!

بىر توپ كېنىزەكلەر قورقۇشۇپ ئاستا كېلىپ ھۆربانۇ خانىشنى قورشىۋالدى. ھۆربانۇ قوللىرىنى قالايمىقان شىلتىپ، تاتىلاپ، ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىدى. يەنە ئىچ كۆڭلىكىنىڭ

ياقىسىنى يىرتقىلى تارتتى. شۇ چاغدا ئايشە ھۆربانۇغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۇنى بېسىۋالدى. ئىككىسى پومداقلىشىپ كەتتى. قىزلار نېمە قىلارىنى بىلمەي چۇرقىراشتى. ياساۋۇللار يۈگۈرۈشۈپ كىردى.

بۇ چاغدا سەنەمنىڭ ھۇجرىسىدا سەنەم بىلەن مېھرىبانۇ خانىش پاراڭلاشماقتا ئىدى.

— ھەرگىز تۇغمەن دېگەن گەپنى قىلماڭ، قىزىم. ماقۇل، مەن سىز خۇشال بولىدىغانلا ئىش بولسا ھازىردىن باشلاپ سىز تەرەپتە تۇرۇپ، شاھ ئاتىڭىزنى غېرىبنى تاپتۇرۇپ كېلىپ تويۇڭلارنى چىرايلىق قىلىپ بېرىشكە كۆندۇرەي. سىز تويدىن كېيىن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىز. شۇنىڭدىن كېيىن تۇغسىڭىز خەلقىئالەم ئالدىدا شاھ ئاتىڭىزمۇ، سىزمۇ، مەنمۇ رەسۋا بولمايمىز. يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ. پىتنە ـ پاساتچىلارنىڭ ئاغزى تۇۋاقلىنىدۇ. توي قىلماي تۇرۇپ شەنىمىزگە داغ چۈشۈرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمىغايسىز، شاھ ئاتىڭىزنى، جەمەتىمىزنى شەرمىسار، رەسۋايىئالەم قىلمىغايسىز، بىزگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— غېرىبنى نەدىن تاپىسىلەر، ئۇ قەيەردە؟ مەن سىزگە، گېپىڭىزگە ئىشەنمەيمەن، خانىش ئانا. مېنى ئالداۋاتىسىز، سىز پەقەت بىر بىچارە ئانا. سىز ھازىرغىچە بىرەر ئىشنى روياپقا چىقارغان ئەمەسسىز. كىم گەپ قىلسا شۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىدىغان، شۇنىڭ راست ئوخشايدۇ دەپ، ئارىدا گاڭگىراپلا يۈرىدىغان بىچارە ئانىسىز. سىزدە ئەزەلدىن ئېنىق مەۋقە بولۇپ باققان ئەمەس. بىرەر قېتىممۇ شاھ ئاتامنى بىرەر ئىشقا كۆندۈرەلىگەن ئەمەسسىز. شاھ ئاتام يەنە نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەن، دەپ ھۆركىرىسە، ماڭا قىلغان ۋەدىڭىزنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭ رايىغا قاراپ ئۆچكە يېغىدەك ئېرىپ كېتىسىز.

— مەلىكە قىزىم، مەن بۇ قېتىم ...

— مېھرىبانۇ خانىش، — تۇران ئايلا ۋارقىراپ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كىردى، — خانىش ئايىم، خانىش ئايىم، چاتاق بولدى ...چاتاق چىقتى ...

خانىش ئورنىدىن تۇردى.

— نېمە بولدى؟

— ھۆربانۇ ... ھۆربانۇ خانىش ... — دەپ سۆزلىيەلمەي تۇرۇپ قالدى تۇران ئايلا.

ھۇجرىسىدا چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، يۈزى تاتىلىنىپ قىيما ـ چىيما بولغان ھۆربانۇ خانىشنى تۇۋرۈككە باغلاپ قويۇشقانىدى. كۆزلىرى قورقۇنچلۇق چەكچەيگەن، ئاغزىدىن كۆپۈك ھەم شالىق ئېقىپ تۇرغان ھۆربانۇ خانىش شاھ، مېھرىبانۇ، سەنەم ھەم باشقىلارغا قاراپ خىرىلداپ كۈلدى. تىترەپ ئاران تۇرغان ئىمامنىياز پەيزۇللا يېقىن كېلىشكە ئاغزىنى تۆگە بوتىلىغاندەك قىلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە شالىنى چېچىۋەتتى. ئىمامنىياز قورقۇپ كەتتى. مېھرىبانۇ خانىش يېقىنلاشسا، ئىتتىنى دوراپ ھاۋشىپ قورقۇتۇۋەتتى، مېھرىبانۇ خانىش قورقۇپ كېتىپ تۇرۇپ قالدى. ھۆربانۇ خانىش بۇنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلدى. سەنەم مېھرىبانۇ خانىشنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى.

شاھ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ۋارقىرىدى:

— ياساۋۇل !

— لەببەي شاھىم.

— مېنى مۇشۇ كويغا سالغان ماۋۇ ئىككى مۇناپىقنى كۆزۈمدىن يوقات !

شاھ ئايشە بىلەن ئىمامنىيازغا قولىنى شىلتىدى. ياساۋۇللار ئىمامنىياز پەيزۇللا بىلەن ئايشەنى باسماقداپ سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى.

ئايشە نالە قىلىپ يالۋۇردى:

— شاھ ئالىيلىرى ... شاھ ئالىيلىرى، ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا ! ماڭا ئۇۋال قىلمىسىلا !

ئىمامنىياز پەيزۇللا بولسا ئۈلۈكتەك سۆرۈلۈپ ماڭدى.
كېچە، پايانسىز قوملۇقتا مەشئەل كۆتۈرگەن بىرقانچە ئاتلىق نۆكەر غېرىبنىڭ ئالدىدا ئۇشقىرتىپ ئات چاپتۇرۇپ ماڭدى، غېرىب ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاتلىق ئەگەشتى. ئارقا تەرەپتىن بۆرە هۇۋلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، غېرىب دەرهال ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئاتنى ئارقىسىغا بۇرىدى، ئارقىسىدىن كەلگەن ناسىر لومپا قىلىچىنى سۇغۇرۇپ غېرىبقا دېۋەيلىدى.
— يولۇمنى توسما، مېنىڭ مەقسىتىم بۆرە ئوۋلاش ئەمەس، ئانام بىلەن سىڭلىمنى بۆرىدىن قوغداش، — دېدى غېرىب.
— مېنىڭ مەقسىتىم سېنىڭكى بىلەن ئوخشىمايدۇ، سەن مېنىڭ دېگىنىم بويىچە بۆرىنى قوغلاۋەر، بىزمۇ ھەم شۇ، — دېدى ناسىر.
— راست گېپىڭنى قىل، قورسىقىڭدىكى غۇمۇڭ زادى نېمە؟ ئاچچىق ئۈچىيىڭدە بىرنەرسە بار، — دېدى غېرىب.
— هازىر دېمەيمەن، بىردەمدىن كېيىن بىلىپ قالىسەن.
غېرىب ئېتىنى ئالدىغا دېۋىتىپ دېدى:
— ئەمىسە هەر ئىش بولسا مەن ئانامدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن بىلەي!
ناسىر بىردىنلا قىلىچىنى غېرىبنىڭ كانىيىغا تىرەپ دېدى:
— سەن چىرايلىقچە بۆرىنى قوغلا. بولمىسا مەن سېنى بۆرىگە تاشلاپ بېرىمەن. جېنىڭ ئامان بولسا ئاندىن ئاناڭنى قوغدىيالايسەن.
— ماقۇل، مەن بۆرە قوغلاي، هازىر بۆرە ئالدىمىزدا ئەمەس، ئارقىمىزدا هۇۋلاۋاتىدۇ.
— يالغان گەپ قىلما، مەن قەيەردە دېسەم بۆرە شۇ يەردە بولىدۇ، — دېدى ناسىر.
غېرىبنىڭ دېگىنىدەك، بۆرىلەر قوتراپ نىگارئايىملار تەرەپكە كېلىۋالغان بولۇپ، نىگارئايىم بىلەن گۈلجامالنى قورشاپ، ھەدەپ هۇۋلاشماقتا ئىدى. نىگارئايىم ئىككى قولىدا يوغان ئىككى

مەشئەلنى تۇتۇۋېلىپ قايسى بۆرە يېقىن كېلەي دېسە شىلتىپ ۋارقىرىدى. بۆرىلەر يېقىن كېلىشكە پېتىنالماي، ئۇنى ئايلىنىپ هۇۋلاشتى، گۈلجامال ئانىسىنىڭ ئېتىكىگە چاپلىشىپ تۇرۇپ بىر تال مەشئەلنى ئىككى قولىدا ئانىسىغا ئەگىشىپ شىلتىدى. ئۇلارنىڭ تۆگىسى بولسا يەرگە قېقىلغان قوزۇقنى تارتىپ توختىماي بوزلاپ كەتتى. نىگارئايىم ئوتنى شىلتىغاچ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— غېرىب ... بالام غېرىب ... بۇ يەرگە كېلىڭلار! ... بۆرە بۇ يەردە ! ... بۆرە بۇ يەرگە كەلدى ! ...

غېرىب بولسا قۇملۇقتا ناسىر بىلەن تىركەشمەكتە ئىدى.

— بىلىپ قوي ناسىر، جېنىمدىن كەچسەم كېچىمەنكى، ئانامنى بۆرىگە تاشلاپ بەرمەيمەن. سېنىڭمۇ ئاناڭ بار بولغىيدى. شۇ تاپتا مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟ بويۇڭ تۆگىدەك، پارچىلىسا مەندەك ئادەمدىن بەشى پۈتىدىكەن. ئەمما، سەن ئەركەك تۈكى يوق، نامەرد ئادەم ئىكەنسەن. ئادەمگە پۇل بولسىلا بولامدۇ؟ پۇل ئۈچۈن شۇ بوي - بەستىڭ بىلەن نامەردلەرگە غالچا بولغاندىن هامماللىق قىلىپ هالال ياشىساڭ بولماسمىدى؟ ئىسىت، سەندەك بويى بولۇپ ئىتقا ئوخشاش ياشىغاندىن مەن بولسام ئىشتانبېغىمغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالاتتىم. سەن نوچى ئەر بولساڭ شۇ بويۇڭ بىلەن جادۇگەر خوتۇندەك هىيلە - مىكىر ئىشلەتمەي، راست گەپ قىلىپ نىمە قىلساڭ مەن رازى.

— ئون پاتمان يەرگە قىغ بولغۇدەك گەپ قىلدىڭ. خۇنپەر، ئاغزىڭ سېسىق نېمىكەنسەن. مەن ساڭا راست گەپ قىلىپ ئوغۇل بالىچىلىق قىلىپ قوياي، مەقسىتىم سېنى ئۆلتۈرۈش، مەن سېنى ئۆلتۈرگىلى كەلگەن، — دېدى ناسىر.

— هە، مەن بۇنى ئاللىقاچان پەملىگەن، كۆڭلۈڭدىكى راست گەپنى مانا ئەمدى دېدىڭ. مېنى مەردلىك بىلەن ئۆلتۈرەمسەن ياكى نامەردلىك بىلەن ئۆلتۈرەمسەن؟ — سورىدى غېرىب.

— مەردلىكتىن تولا سۆزلەيدىكەنسەن. بولدى، ئوغۇل بالىچىلىق، ئىككىمىز ئېلىشايلى، سەن يەڭسەڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ بېرىپ ئاناڭنى قۇتقۇز، مەن يەڭسەم سېنى ئۆلتۈرۈپ ئاناڭنى بۆرىدىن قۇتقۇزاي، قانداق؟

— تالىشىپ ئۆلتۈرىدىغان ۋاقىت يوق، بولدى ھېساب، پېشانەمگە پۇتۇلگەننى كۆردۇم. ئوۋچىنىڭ ئوقياسى بولسا، كېيىكنىڭ خۇداسى بار. ئوۋچى خوجايىنى ئۈچۈن ئوۋلىسا، كېيىك جېنىنى قوغداش ئۈچۈن قاچىدۇ، — دېدى غېرىب.

— ئەگەر مەن يېڭىلسەم سەن نامەردلىك قىلىپ كەينىمدىن تىغ ئۇرما.

ناسىر شۇنداق دەپ چاپارمەنلىرىنىڭ قىلىچىدىن بىرنى ئېلىپ غېرىبنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، قىلىچ قۇمغا سانجىلدى. غېرىب قىلىچنى ئالدى، ئىككىسى قىلىچۋازلىققا چۈشتى.

گۈلخان يېنىدىكى بۆرىلەرنىڭ قورشاۋىدا قالغان نىگارئايىم، قولىدىكى چوغنى ھەر تەرەپكە پۇلاڭلىتىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. بۆرىلەر كۆپىيىپ تېخىمۇ قۇتراشقا باشلىغان چاغدا تۆگە يەرگە سانجىلغان قوزۇقنى يۇلۇۋېلىپ قاچتى. بىر توپ بۆرە تۆگىنىڭ پاچاقلىرىغا يامىشىپ، قوغلاپ كەتتى. يەنە بىر توپ بۆرە بولسا نىگارئايىملارنى ئايلىنىپ كەتمىدى. نىگارئايىمنىڭ قولىدىكى چوغنى شىلتىپ، ۋارقىرىغۇدەك دەرمانى قالمىغاندا قارا تون كىيگەن، سەللە پەتلىسىدە يۈزىنى نىقابلاپ كۆزىنىلا ئوچۇق قويغان بىر توپ ئاتلىق كىشىلەر ئۇشقىرتىپ يېتىپ كەلدى، بۆرىلەر ئاتلىقلارنى كۆرۈپ قېچىپ كەتتى. نىگارئايىم نىجاتلىققا ئېرىشكىنىدىن خۇشال بولۇپ يىقىلدى.

— غېرىبجان ... بالام ... ئاخىر كەلدىڭلارمۇ، ئۇھ ... تەڭرىمگە شۈكۈر!

— ئانا ... ئانا .... غېرىبجان ئاكا، ئانام يىقىلىپ قالدى.

گۈلجامال ئانىسىنىڭ بېشىنى يۆلەپ قۇچىقىغا ئالدى. نىگارئايىم ھالسىز كۆزلىرىنى ئېچىپ گۈلجامالغا رازىمەنلىك

بىلەن قاراپ كۆلۈمسىرىدى، گۈلجامال قورقۇپ يىغلاپ كەتتى.

بۇ چاغدا غېرىب بىلەن ناسىر قۇملۇقتا پومداقلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئېگىز قۇم چوققىسىدىن چوڭقۇر ئويمانلىققا يۇمىلىشىپ چۈشتى. ناسىر غېرىبنى بېسىپ توختىدى، غېرىب ئوڭدا يېتىپ تۇرۇپ ناسىرغا بىر كاللا قويدى. ناسىر تۇمشۇقىنى تۇتۇپ بولغۇچە غېرىب ئۇنى قورسىقىغا بىر تېپىپ ئوڭدا چۈشۈرۈۋېتىپ بېسىۋالدى. ناسىر غېرىبنىڭ ئاستىدا ئوڭدا يېتىپ ئىنجىقلاپ دېدى:

— بولدى سەن يەڭدىڭ، كومشىرىمنى ئېزىۋەتتىڭ، كاساپەت. بېشىڭ ئادەمنىڭ بېشىمۇ، تۆگەمنىڭ تېشىمۇ؟ ئايلىنىپ كېتەي دېدىم، بولدى قىل.

غېرىب ئورنىدىن تۇردى.

— پالۋان ئىكەنسەن، ھازىرغىچە بىر كىمنىڭ ئاستىغا چۈشكەن ئەر ئەمەس ئىدىم. قېرىلىق يەتتىمۇ ياكى خۇدا نۇسرەتنى ساڭا بەردىمۇ، ئىشقىلىپ، مەن يېڭىلدىم. مېنى قىينىماي ئۆلتۈر، — دېدى ناسىر.

— ياق، مەن سېنى ئۆلتۈرمەيمەن. بىھۇدە ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەمنى خۇدا ئۇرىدۇ. مېنىڭ مەقسىتىم سېنى ئۆلتۈرۈش ئەمەس، ئانامنى قۇتقۇزۇش، — دېدى غېرىب.

— مەنغۇ ئەمدى بۇنداق ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، ھەرەمگە بېرىپ توۋا قىلىمەن. ئەمما، شاۋاز سېنى ھامان ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى ناسىر ھاسىراپ.

— سېنى شاۋاز ئەۋەتىپتۇ - دە؟ — سورىدى غېرىب.

— سەن مەندىن بۇنى سورىما، مەن دېمەي، ئەمما ئۆزۈڭ ئويلاپ تېپىۋال.

گۈلخان ئەتراپىدا نىگارئايىم ئۆزىنى يۆلەپ يۈزىگە چاپلاشقان قۇمنى سۈرتكەن نىقابلىق سەللىلىكنى ئوغلۇم غېرىبمىكىن، دەپ خاتىرجەم كۆزىنى يۇمۇپ يېتىپ دېدى:

— ئۇھ ... قورقۇپ جان - ئىمانىم چىقىپ، خۇدۇمنى

يوقىتاي دېگەندە كەلدىڭ، بالام. بۆرە قوغلىدىم دەپ شۇنداق ئۇزاققا كېتەمسەن؟ بۆرە بۇ يەردە قېلىپ سىلەر نېمىنى قوغلاپ كەتتىڭلار؟ ناسىرباي سېنى مەجبۇرلاپ ھەيدەپ ماڭدى. بىزگە قاراشقا قويۇپ كەتكەن ھېلىقى بەتبەختمۇ بىزنى تاشلاپ كەينىڭلاردىن كەتتى ... يائالla غېرىب بالام، جان تۇمشۇقتا يەتكەندە ئاران كەلدىڭ. خۇداغا شۈكۈر ...

نىقابلىق سەللىلىكلەر جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن نىگار ئايىم چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، كەينىگە داجىپ سورىدى:

مەلىكە بەرنا نىگارئايىمغا تونۇشلۇق بەردى.

— سىلەر ... سىلەر كىملەر؟

شۇ چاغدا غېرىب ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ گۈلخان يېنىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ گۈلخان يېنىدىكى بىر توپ ئاتلىق كىشىلەرنى كۆرۈپ، غەزەپ بىلەن قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ يېقىنلاپ كەلدىيۇ، كۆلۈپ تۇرغان نىگارئايىم بىلەن مەلىكە بەرنانى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— مەلىكە بەرنا خېنىم ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قۇتقۇزمىغان بولسا بىزنى ئاللىقاچان بۆرە يەپ بولاتتى، بالام، — دېدى نىگارئايىم.

غېرىب نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى، ئارقىسىدىن ناسىر ھەم ئۇنىڭ ئادەملىرى يېتىپ كەلدى.

— بۆرىنى قوغلاپ ئارىمىزدىكى غايىۋانە دۈشمەنلىكنىمۇ بۆرە بىلەن تەڭ قوغلىۋەتتۇق. مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە ناھايىتى خۇشالمەن ... ئەزىز مېھمىنىڭلارنى قولۇڭلارغا تاپشۇرۇپ بېرەي. مەن ئۇنى شاھقا تاپشۇرۇشقا ئەمەس، يامان نىيەت بىلەن سىلەردىن ئالغاندىم. خۇدا ساقلىغان ئادەمنى بەندە ھەرنېمە قىلىپمۇ يوقىتالمايدىكەن. مەن نىيىتىمدىن ياندىم. غېرىب ئۇكا، جېنىمنى ئالساڭ ئال، بولمىسا بىزنى كەتكىلى قوي، — دېدى ناسىر.

— مېنىڭ سىلەر بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتىم يوق. يولۇڭلار

ئوچۇق، ئىنساپچىلارغا رەھمەت، — دېدى غېرىب.
ناسىر ئاتقا مىنىپ دېدى:
— غېرىب، سەن ئۆزۈڭگە ھېزى بول، مەن شاھىنىڭ نىيىتىنى بىلمەيمەن، ئەمما شاۋاز سېنى بوش قويمايدۇ، بىز كەتتۇق.
ناسىرلار شۇنداق دەپ ئادەملىرىنى باشلاپ كېتىپ قالدى.
— تەقدىرگە تەن بېرىڭ، غېرىب، رىزقىڭىز بىزدە ئوخشايدۇ، يەنە ماڭا ئەسىرگە چۈشتىڭىز. سىز شېرىنى يەڭگەنلىكىڭىز، مەن بۆرىنى قورقاتتىم. ئىززىتىڭىز بىلەن بىزدە قالمىسىڭىز سىز ھامان خەۋپتىن قۇتۇلالمىغۇدەكسىز، — دېدى مەلىكە بەرنا.
— ئانامنى بۆرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالغىنىڭىزغا يۈز مىڭ رەھمەت. مېنى قىيامەتكىچە قايتۇرۇپ بولغۇسىز جىق قەرزگە بوغۇۋەتمەي ئەمدى ئىزىمغا چۈشمىسىڭىز، — دېدى غېرىب.
— قانداق بىغەرەز يىگىتسىز، سۆيىقەست بىلەن تولغان، بۆرىنىڭىزغا ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان ئېلىڭىزگە يەنىلا بارماقچىمۇ سىز؟ — دېدى مەلىكە بەرنا تېرىكىپ.
— يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن يانماپتۇ دەيدىغان گەپ بار. مەن يەنىلا ئۆز ئېلىمگە قىلغان سەپىرىمدىن يانمايمەن، — دېدى غېرىب.
— ئۇ يەردە سىزنى دار كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۆز ئايىغىڭىز بىلەن دار ئالدىغا بارماقچىمۇ سىز؟
— ئەجەلى توشمىغان چىۋىن قىرىق يىل قىرغىندىمۇ ئامان قاپتۇ دەيدىغان ئاتىلار سۆزى بار. ئىنساننىڭ قاياققا يول ئېلىشى رىزقىنىڭ سۆرىشىدۇر. پېشانەمگە ئۆلۈم پۈتۈلگەن بولسا، يەيدىغان رىزقىم تۈگىگەن بولسا دارغا ئېسىلارمەن، بولمىسا ھايات قالارمەن، — دېدى غېرىب جاۋابەن.
— مەن ھەممىنى بىلدىم. ھىم، سىزنى باتۇر قىلىۋەتكەن،

سىزنى سۆرەپ كېتىۋاتقىنى قانداقتۇر ئۆز ئېلىڭىزگە بولغان چەكسىز ساداقىتىڭىز ئەمەس، زالىم پادىشاھنىڭ ئەركە نايناق قىزى ئىكەنغۇ؟ ئەجەبا، ئۇ شۇنچە گۈزەلمۇ، مەندىن چىرايلىقمۇ؟ ئاڭلىسام، ئۇنىڭ چىرايى مېنىڭ ئالدىمدا تايىنلىق ئىكەنغۇ، — دېدى مەلىكە بەرنا.



# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

تاغدىكى بۇك ـ باراقسان ئورمانلىق. ئورمان ئارىسىدىكى شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىدا سەنەم بىر توپ كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئاتلىق ياساۋۇللار قوغداپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇلار قىلىچ، ئوقيا ئېسىشقانىدى. سەنەمنىڭ كۆز ئالدىغا ئەينى چاغلاردا غېرىب، سۇلايمان، ئوسمان، ئىلياس، مايسەم، خەدىچە، بۇۋىنۇر قاتارلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن بۇ يەردە ئات چاپتۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىغان كۆرۈنۈشلەر كەلدى. دەريا قىرغىقىدا قىز ساۋاقداشلىرى بىلەن چاچلىرىنى تاراپ، جىگدە يېلىمى سۇۋاپ قىرىق ئۆرۈمە قىلىپ ئۆرۈگەن كۆرۈنۈشلەر، غېرىب باشچىلىقىدىكى ئوغۇل ساۋاقداشلىرىنىڭ قەدىمي تاپان كېمىدە ئۆرە تۇرۇپ، دەريادىن ئارا سانجىپ بېلىق تۇتقان، ئۆزى چاچ ئۆرۈگەچ ئۇنىڭغا قاراپ خىيال بىلەن ناخشا توقۇلغان مەنزىرىلەر كۆڭۈل ئېكرانىدا زاھىر بولدى. سەنەم ئاتتىن چۈشۈپ يېرىمى سۇغا چىلىشقىلىق تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.

— تاشتا ئولتۇرسىلا بولمايدۇ، مەلىكە ئالىيلىرى، يېكەنداز سالاي، — دېدى دېدەك.

— مېنى ئاۋارە قىلماي، بىردەم تىنچ قويۇڭلار، سىلەر مەندىن نېرى كېتىڭلار، مېنىڭ يالغۇز ئولتۇرغۇم بار، — دېدى سەنەم.

— مەلىكە ئالىيلىرى ... — دەپ تۇران ئايلا ئەمدى گەپ باشلىشىغا:

— كىم مېنى ئارتۇق گەپ قىلدۇرىدىكەن كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىمەن، — دېدى سەنەم تېرىكىپ.

تۇران ئايلا گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇپ ھەممىسىنى يىراق كېتىشكە ئىشارەت قىلدى ـ دە، ئۆزىمۇ يىراقلىدى.

ــ ھېچكىم كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولمىسۇن. مەن بۇ يەردە ئۆزۈم يالغۇز بىردەم تۇراي.

ــ سۇغا چۆمۈلمەكچى بولسىلا ...

سەنەم يەنە تۇران ئايلانىڭ گېپىنى بۆلدى:

ــ كاسىلدىما، كىم ساڭا سۇغا چۆمۈلمەن دېدى، يوقال !

ئۇلار يىراقلاپ بۇك ـ باراقسان ئۆسكەن ياۋا گۈللەر ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. ياساۋۇللارمۇ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يىراقلاپ ئورمانلار ئارىسىغا تارقىلىپ كەتتى. سەنەم ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمدى: بىر ـ بىرىگە سۇ چېچىشىپ، چاچ تاراشقان ساۋاقداشلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇ تاش ئەتراپىدىن ئۇلارنى ئىزدىدى. قىرغاقتا قۇمساڭغۇ توپا ئارىسىدا بىر پۇچۇق تارغاق كۆرۈندى. سەنەم گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ تارغاقنى قولىغا ئالدى، دەرھال كۆز ئالدىغا مايسەم كەلدى.

ــ ۋايجان ... ۋاي چېچىم ... ۋاي جېنىم ... نېمانداق قىلىسەن؟ چاچ تاراۋاتامسەن، چېچىمنى يۇلۇۋاتامسەن؟

مايسەم ۋايجانلاپ يىغلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ــ خاپا بولما مايسەم ... مەن يامان نىيەتتە قىلمىدىم، ــ دېدى سەنەم.

ــ ئەركە مەلىكە چاچ تاراپ باقمىغاچقا بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ چېچىنى كېنىزەك، دېدەكلەر تارىغاچقا ... خاپا بولما، مايسەم چىدا ـ ھە، ــ دېدى خەدىچە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ.

مايسەم يىغلاپ كەتتى، سەنەم قولىغا قاراپ قورقۇپ چەكچىيىپ كەتتى، قولىدىكى تارغاق ئوتتۇرىدىن سۇنغان بولۇپ، ئۇچى تەرەپ مايسەمنىڭ چېچىدا قالغان، يېرىمى سەنەمنىڭ قولىدا ئىدى. بۇنى كۆرۈپ خەدىچە ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلدى، سەنەممۇ كۈلۈپ كەتتى. يىغلاۋاتقان مايسەم سەنەمنىڭ قولىدىكى تارغاقنىڭ پۇچۇقىنى كۆرۈپ كۈلۈۋەتتى. سەنەم

مايسەمنىڭ بېشىدىكى پوچوق تارغاقنى ئېلىش ئۈچۈن ئېسىلدى، مايسەم «ياق» دەپ بېشىنى ئەپقاچىمەن دەپ تاشقا پۇتلىشىپ سەنتۈرۈلۈپ سۇغا ئوڭدا چۈشۈپ كەتتى. سەنەممۇ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ مايسەمنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇلار سۇدا پومداقلىشىپ بىر - بىرىگە سۇ چېچىشتى. خەدىچە قىردا تۇرۇپ دەسلەپتە قورقۇپ كېتىپ چىرقىرىدى، كېيىن ئىككىسىنىڭ بىر - بىرى بىلەن سۇ چېچىشىپ ئوينىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئاغزىنى تۇتۇپ جاراڭلىق كۈلدى. يىراقتا تاپان ھەيدەپ بېلىق تۇتۇۋاتقان غېرىبلار ئۇلارغا قاراپ زوقلىنىشتى. سەنەم بىلەن مايسەم بىردىنلا توختىماي كۈلۈۋاتقان خەدىچەنى قىرغاقتىن سۇغا تارتىپ چۈشۈپ باستى، ئۇلار سۇ چېچىشتى.

— مايسەم، بايا سەن يامغۇردا قېلىپ سىڭىرى تارتىشىپ قالغان ئۆچكىدەك ۋارقىراپ، چىرقىراپ كەتتىڭ، — دېدى خەدىچە.

— راست دېدىڭ، سەنەم چاچ تارىماي، پادىچىدەك ئۆچكىنىڭ تىۋىتىنى تارىسا بولغۇدەك، ھا ... ھا ... ھا ... — دېدى مايسەم.

— مېنى ئەمدى جاڭگالدا ئۆچكە باقىدىغان پادىچىغا چىقىرىۋەتتىڭمۇ؟

— مانا ئەمدى ھەممىمىز يامغۇردا قېلىپ سىڭىرى تارتىشىپ قالغان ئۆچكىگە ئوخشاپ قالدۇق. ئۆچكىدەك تازا ۋارقىراپ مەرەيلى، سەن تىۋىت تارا ! — دېدى خەدىچە.

ئۇلار يەنە بوغۇشۇپ، بىر - بىرىنى سۇغا چۆمدۈرۈشتى، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندىن كېيىن، تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ھالسىز ئولتۇرۇشتى.

— مايسەم كېلە، پوچوق تارغاقتا مەن چاچ تاراي، كېيىمىمىز قۇرۇغۇچە سەنەم ناخشا ئېيتسۇن. كۆڭلەك بەدىنىمىزگە چاپلىشىپ تۇرسا ئوغۇللار ئالدىدا سەت تۇرىدۇ، قارا كۆكسىمىزگە، كېيىكنىڭ تۇمشۇقىدەك چىقىپ قاپتۇ، — خەدىچە نازلىق ئىما قىلدى.

— راست، بۇنى كۆرسە، ئوغۇللار كېيىك ئوۋلايمىز دەپ ...

كۆكسىمىزگە ئوق ئاتمىسۇن ... ھا ... ھا ... ھا ... — دېدى مايسەم.

— ھۇ يۈزى قېلىن، يۈزى قېلىن ... داپشاق ... — دېدى سەنەم.

— ھەممىدىن غېرىب ئۇستا مەرگەن، ئاتقان ئوقى سەنەمنىڭ كۆكسىگە قادىلىدۇ ... ھا ... ھا ... — دېدى خەدىچە ئۇنى تېخىمۇ تېرىكتۈرۈپ.

— ھەممىڭ يۈزى قېلىنلار، — دېدى سەنەم.

— ئالە، پۇچۇق تارغاقتا سەن ئۆچكە تىۋىتى تارا ...

مايسەم شۇنداق دەپ بېشىدىكى سۇنۇق تارغاقنى ئېلىپ سەنەمگە ئاتتى، سەنەم بېشىنى يانغا بۇرىۋالدى، تارغاق ئۇچۇپ كەتتى.

— ھە ... سەنەم، سەن ئۆچكىدەك مەرە، مەن چاچ تاراي، ھېلى ئوغۇللار كەلگۈچە كۆڭلىكىمىز قۇرۇسۇن، — دېدى خەدىچە.

— غېرىب يۈگۈرۈپ كېلىدىغان ناخشا ئوقۇماي، كەلمەيدىغىنىنى ئوقۇ، — دېدى مايسەم.

سەنەم سۇغا قاراپ كۆلگىنىچە ئېسىگە كەلدى. پۇچۇق تارغاقنى كۆكسىگە بېسىپ سۆيۈپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— شۇ چاغدا ئوقۇغان ناخشامنى ئوقۇسام سىلەر كېلەرسىلەرمۇ؟ سىلەر ھازىر نەدە؟ قەيەرلەرگە قاڭقىپ كەتكەنسىلەر؟ قەدىردانلىرىم، ناخشامنى ئاڭلىساڭلار كېلەرسىلەرمۇ؟ مېنى تاشلاپ نەلەرگە كەتتىڭلار؟

سەنەم شۇ چاغدىكى ناخشىنى ئېيتتى.

ھاياجاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى.

ئۇردا ئالدىدىكى كەڭ سەينا. جازا مەيدانىدا خالايىقلار قىستىشىپ تۇرۇشاتتى. ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ يۈزىگە قارا سۈرتۈلگەن ئىمامنىياز ۋە ئايشە ياساۋۇل، جاللاتلارنىڭ قاتمۇقات قورشاۋى ئىچىدە دار ئالدىغا ئېلىپ بېرىلدى.

قۇربانىنياز قازى ئورنىدىن تۇرۇپ يۆتىلىپ ھۆكۈمنى

ئوقۇدى:

— ئوردىدا سۈيىقەست پىلانلاپ، شاھنى چەكسىز ئىزتىراپ، يامان كويلارغا سالغان بۇ ئىككى ئاسىي گۇناھكار دارغا ئېسىلسۇن !

سەئىد پازىل ئېتىكاپخانىسىدا تەسۋى سىيرىپ، كۆزىنى يۇمۇپ دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇراتتى. مۇلازىم كىرىپ ئالدىراپ مەلۇم قىلدى:

— خەلپىتىم ... خەلپىتىم ... مەلىكە ئالىيلىرى كەلدى.

سەئىد پازىل لاپ قىلىپ كۆزىنى ئاچتى.

— ئەجەب تۇيۇقسىزلا ...

سەئىد پازىلنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۇشۇپ بولغۇچە سەنەم دېدەكلىرى بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ كۆزىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان چۈمپەردىسىنى ئېچىۋېتىپ دېدى:

— خەلپىتىم، ئالدىن خەۋەرلەندۈرمەيلا كەلگەنلىكىم ئۈچۈن تولىمۇ ئۆزرىلىكمەن.

سەئىد پازىل سەنەمنىڭ يۈزىگە قارىماسلىق ئۈچۈن يەرگە قارىۋېلىپ تەزىم قىلدى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، بىتۇيۇق كەلگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئالدىلىرىغا چىقىپ ھۆرمەت بىلدۈرەلمىدىم. پېقىر قېرىنى كەچۈرگەيلا.

— ھەزرەتلىرى، نېمە ئىشقا كەلگىنىمنى ھەرقاچان پەملەپ بولدىلا. بۇ يەردە سىلى بىلەن خاس سۆھبەتتە بولۇشنى ئىزدەپ تۇيۇقسىز كەلدىم. ئۆزلىرىگە مالال كەلمىسە، ئارتۇق ئادەملەردىن خالىي بولغىلى بولارمۇ؟ — دېدى سەنەم.

— مەلىكە ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ئىختىيار قىلسىلا پېقىر قۇللىرى خىزمەتلىرىگە ھەرقاچان ھازىردۇرمەن، — سەئىد پازىل ماقۇللۇق بىلدۈردى.

— مەن ئۆزلىرىدىن بېشارەت ئىزدەپ كەلدىم، — دېدى سەنەم.

سەئىد پازىل مۇلازىملارنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى، سەنەممۇ دېدەك ۋە كېنىزەكلىرىگە ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتتى.

ھەممىسى تەزىم بىلەن چىقىپ كېتىشتى.

— ھەزرىتىم، غېرىبنىڭ ئۆلۈك - تىرىكى ھەققىدە قۇرئىنى سېلىپ باقسىلا، — دېدى سەنەم ئىلتىجا بىلەن.

سەئىد پازىل كۆزىنى يۇمۇپ بىردەم ئولتۇردى، ئاندىن بىردىنلا كۆزىنى ئېچىپ دېدى:

— غېرىب ھايات ئىكەن، ئەمما ئالدى - كەينىدە خەتەر كۆپ، بىر خەتەردىن قۇتۇلسا يەنە بىر خەتەرگە يولۇقۇپ تۇرىدىكەن. بىر كاتتا ئادەم ئۇنى ئۆلتۈرمەن دەيدىكەن. يەنە بىر كاتتا ئايال قوغدايمەن دەپ ئاۋارە ئىكەن. ئۇ ئايال غېرىبقا ئاشىق ئىكەن.

— غېرىبچۇ؟ — سورىدى سەنەم.

— غېرىب گاڭگىراپ قاپتۇ.

سەئىد پازىلنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ سەنەم چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە:

— ئۇ ھاياتلا بولسا خۇداغا شۈكۈر، گاڭگىراپ قالغان ئادەمنى ئۆز يولىغا سېلىۋالغىلى بولىدۇ، — دېدى

— ھېلىقى ئايال غېرىبنى قاتتىق تۇتۇۋاپتۇ، غېرىب ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ سىلىگە بالدۇرراق يېتىشنى ئىستەيدىكەن. ئەمما، شۇ ئايالدىن قۇتۇلالمايۋېتىپتۇ، — دېدى سەئىد پازىل.

سەنەمنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ:

— مېنىڭ سۇلايمان، ئوسمان قاتارلىق ساۋاقداشلىرىم نەگە غايىب بولغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇلار بىلەن قىيامەت كۈنى دىدارلاشقىلى بولغۇدەك، مەلىكە ئالىيلىرى، — دەپ جاۋاب بەردى سەئىد پازىل.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سەنەمنىڭ كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياشلار تۆكۈلدى.

دەريا بويىدىكى شاھانە چېدىر ئەتراپى گۈلخانىلار بىلەن يورۇتۇلغان، ئۇنىڭ ئەتراپىغا يەنە ئۇششاق چېدىرلار قۇرۇلغان، بۇ يەردە نۇرغۇن قاراۋۇل، ياساۋۇللار تىنىك تۇرۇپ كۆزەتچىلىك قىلماقتا ئىدى. شاۋاز چېدىردا ئابلىز شەيتان بىلەن يوغان ئاپقۇردا قىمىز ئىچىشمەكتە. ئۇ خۇش كەيپ بولغان ھالدا ئالدىدىكى داستىخاندىكى پۈتۈن پىشۇرۇلغان قوي گۆشىدىن كېسىپ يېگەچ دېدى:

— باتۇر تەڭرىقۇت قىزا، قىمىز، قىز بولسا ئەر كىشى قېرىمايدۇ دەپتىكەندۇق، ھا ... ھا ... ھا ...

شاۋاز شۇنداق دېيىشىگە مەلۇماتچى كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— ۋەزىر ئەزەم ئاليىلىرىغا مەلۇم بولغاي! ئوردا تەرەپتىن چاپارمەن كەلدى. ئوردىدىن قاچقان كىچىك خانىش ھۆربانۇنىڭ ئىزىراپ قىلىنمىغان ئوغلى تۇيۇقسىز چاچراپ كېتىپ خانىش ساراڭ بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىشلارنى ئايشە بىلەن تېۋىپ ئىمامنىياز پەيزۇللادىن كۆرگەن پادىشاھ ئۇلارنى دارغا ئېسىپتۇ.

شاۋاز گۆش يېگەچ دېدى:

— بەرھەق، پادىشاھ دۇرۇس ئىش قىپتۇ. ھەممە خاپىلىقنى تېرىغان قېرى جادۇگەر ئايشە ئۆلۈمگە لايىق ئىدى. پادىشاھ ئورنىدا مەن بولغان بولساممۇ شۇنداق قىلماي قويمايتتىم. ئىمامنىياز پەيزۇللا قانداق بولۇپ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قالغاندۇ؟ ئۇ بىچارە تېۋىپ شاھنى كېسەلدىن قۇتقۇزغان قولى شىپالىق، مۆمىن ئادەم ئىدى.

— بۇ تەرىپىنى ھېچكىم ئېنىق بىلمەيدىكەن، — دېدى مەلۇماتچى.

— غېرىبتىن خەۋەر بارمۇ؟ — سورىدى شاۋاز.

— ھازىرچە يوق، — دەپ جاۋاب بەردى مەلۇماتچى.

— شاھقا جاۋابەن مەلۇمات يەتكۈزۈڭلار، بەلخنى قورشاپ ياتقىلى بەش ئاي بولۇپ ئاشتى. غەزنەۋىلەر قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ، يېڭىلىق يوق. بىز ئۇلارنىڭ ئىچىملىك سۇ،

ئاش ـ ئۇزۇقىنىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ يېتىۋاتىمىز، ــ دېدى شاۋاز.

مەلۇماتچى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شاۋاز دېدى:

ــ بۇ گەپ قىزا، قىمىز، قىزدەك يېقىشلىق بولدى، ھا ... ھا ... ھا ...

ئابلىز شەيتان ئەقىل كۆرسىتىپ گەپ قىستۇردى:

ــ مەلىكە سەنەمنىڭ قورسىقىدىكىنى ۋاقتىدا يىغىشتۇرماق كېرەك ئىدى، ۋاقىت سوزۇلۇپ كەتسە خەلقىئالەمگە پۇر كېتىشى مۇمكىن.

ــ مېنىڭ ئىچىمنى ئۆرتەۋاتقىنىمۇ مۇشۇ ئىش بولۇپ قالدى.

ــ شاھقا بولغان بېسىمنى كۈچەيتمەك زۆرۈردۇر.

شاۋاز بىلەن ئابلىز شەيتان يەنە ئاللىنېمىلەر توغرۇلۇق كۇسۇرلاشتى.

چەكسىز كەتكەن باياۋان. قۇياشنىڭ ئوتلۇق تەپتى زېمىننى قىزدۇرماقتا. كارۋان يولىدىن بىر ئۇن يېتىم يىراقلىقتىكى بۈككىدە شاخلىغان قارىياغاچنىڭ ئاستىدا مەلىكە بەرنا بىلەن غېرىب پاراڭلاشماقتا ئىدى.

ــ بوپتۇ، ۋەتىنىڭىزگە يول بولغاي، سىز ۋەتەننى جېنىڭىزدىن ئەزىز بىلىدىكەنسىز، سۆيىدىكەنسىز، ئەگەر ۋەتەن سىزنى سۆيمەي قالسا، سىز ئۈچۈن دەرۋازىمىز ھامان ئوچۇق.

ــ ئانامنىڭ تۈگىسىنى بۆرە يەپ كەتتى. مۇمكىن بولسا بىر ئات بەرگەن بولسىڭىز.

ــ ئات سىلەردىن ئايلانسۇن. ئەمما، قۇملۇق ئۇزۇن، يۇك، سۇ ئېلىشتا يەنىلا تۆگە بولمىسا سەپەرنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرماق مۇشكۈل. بىز يەنىلا سىلەرگە تۆگە بېرەيلى.

مەلىكە بەرنا شۇنداق دەپ ئۇزۇن ئۆتمەي مۇلازىم مىنىشكە بىر تۆگە، يۇك ـ تاق، ئوزۇق، سۇ قاچىلانغان تۇلۇم ئارتىلغان

يەنە بىر تۆگە ـــ جەمئىي ئىككى تۆگە يېتىلەپ كەلدى.

ـــ بىزگە كۆيۈنگىنىڭىز ئۈچۈن ئاللا سىزگە كۆيۈنگەي، ـــ دېدى غېرىب.

ـــ ئۇلۇغ تەڭرىم، بەختىڭىزنى بەرگەي، مەلىكە ئالىيلىرى، ـــ دېدى نىگار ئايىم.

ـــ قولۇمدىكى بەخت قۇشۇمنى ئۇچۇرۇۋېتىۋاتسام، ئەمدى ماڭا بەخت نەدە تۇرۇپتۇ؟ ماقۇل، سىلەرگە ئاقىيول بولسۇن، ـــ دەپ قۇت تىلىدى مەلىكە بەرنا.

غېرىبلار سەپەرگە ئاتلاندى.

شەھىرى بەلخىنىڭ سېپىلى ئۈستىدە قاتار گۈلخانلار يېقىلغان، لەشكەرلەر مەشئەل كۆتۈرۈپ ئۆياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشەتتى، ئاتلىق لەشكەرلەر پات ـ پات سېپىل ئۈستىدە ئات چاپتۇرۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

پەستە شەھەر سېپىلىنى چۆرىدەپ چېدىرلار تىكىلگەن ھەم چېدىرلار ئەتراپىدا گۈلخانلار يېقىلىپ، مەشئەل كۆتۈرگەن لەشكەرلەر ئاتلىق، پىيادە ئۆياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشەتتى. ئېگىز بىر تۆپىلىك ئۈستىدە ئات مىنگەن شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، ئىلياس، سەپەر بايلار پاراڭلاشماقتا ئىدى.

ـــ ئۇستاز، شەھرى بەلخنى قورشاپ ياتقىلى يېرىم يىلدىن ئاشتى، غەزنەۋىلەر جاھىللىق بىلەن يېتىۋالدى، ئۇلارنىڭ ئاش ـ ئوزۇقى، سۈيى تۈگەپ بولغۇچە بىزنىڭ تۈگەپ قېلىشىمىز. شاۋاز، ئابدۇللالار بولسا بىزگە بېرىدىغان ئاش ـ ئوزۇق، يەم ـ خەشەكنى قىسىپ قويۇۋاتىدۇ، ـــ دېدى سادىق بىلال.

ـــ ئەگەر ئابدۇللانىڭ كۈچلىچە بولسا، غەزنەۋىلەر بىر كېچىدە چىقىپلا بىزنى تىرىپىرەن قىلىۋەتسە ياكى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتسە دەردى چىقار ئىدى، ـــ دېدى ئىلياس.

ـــ مۇشۇنداق تۇرۇۋەرسەك ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولسا، غەزنەۋىلەر شەھەردىن چىقىپ، ئابدۇللا ئارقا تەرىپىمىزدىن

قىسسىپ بىزنى يەۋەتمەيدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ، — دېدى سەپەر باي.

— سەۋر قىلايلى، سەۋر قىلساق غورىدىن ھالۋا پۇتىدۇ، كۆڭلۈمگە بىر جىن كىرىۋاتىدۇ. شەھەرگە كىرىدىغان دەريا سۈيىنى ئۈزۈۋەتتۇق. شەھەردىكى كۆل - قۇدۇقلار ئاللىقاچان قۇرۇپ كېتىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇلار ھېچبىر سۇسىزلىق دەردى تارتقاندەك ئەمەس، شەھەرگە سۇ كىرىدىغان مەخپىي سۇ يولى بارمۇ، قانداق؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— بۇنىمۇ بىرنېمە دەپ بولمايدۇ، مەن ئىزچىلارنى ئورۇنلاشتۇراي. شەھەر ئەتراپىنى كۆزىتىپ باقسۇن، — ئىلياس شۇنداق دەپ كېتىپ قالدى. ئۇ كېتىشىگە بىر چاپارمەن كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— خەلپەمگە مەلۇم بولغاي، بىر توپ ئادەم غېرىبىتىن خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ.

شەيخ جالالىدىن بىلەن سادىق بىلال بىر - بىرىگە قارىدى.

— قېنى ئۇ ئادەم؟ — سورىدى شەيخ جالالىدىن.

ناسىر سالام بېرىپ يېتىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھەزرىتى شەيخ ئۇستاز.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ناسىر ئاتتىن چۈشۈپ ئېگىلىپ سالام قىلغاچقا، شەيخ جالالىدىنمۇ ئاتتىن چۈشۈپ سالام قايتۇردى، سادىق بىلال بىلەن سەپەر باي ۋە باشقا سەركەردىلەرمۇ ئاتتىن چۈشتى.

ئورداباغلىق ئىچىدىكى قەبرىستانلىق. پەزىلەتخاننىڭ قەبرىسىگە چاپلاپ قويۇلغان ئارسلان تېكىننىڭ قەبرىسى ئالدىدا شاھى ئاباس ئۆزى خەتمىقۇرئان ئوقۇپ، كۆزى ياش يۇقى ھالدا دۇئا قىلدى، دۇئا قىلىۋېتىپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

سۇبھى مەزگىلى. سەنەم ھۇجرىسىدا ياساۋۇلنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ ئەرەنچە ياساندى - دە، پەم بىلەن

دېرىزىدىن تەييارلاپ قويغان ئارقان ئارقىلىق پەسكە چۈشتى. چۆپلەر ئارىسىدىن نەيزە بىلەن قالقاننى ئېلىپ قاراۋۇللاردەك ئايلىنىپ كۆزەتچىلىك قىلدى، بىر توپ ياساۋۇل سەپراس بولۇپ ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتتى. سەنەم ئېگىز قورۇق تامغا قارماق تاشلاپ قارماقنىڭ ئارغامچىسىغا يامىشىپ تامدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

مېھرىبانۇ خانىش ھۇجرىسىدا ئۇخلاۋاتقاندا دېدەك قىز ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىپ، خانىشنىڭ بېشىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى ئويغاتتى.

ـــ خانىش ئايىم ... خانىش ئايىم ...

خانىش ئويغىنىپ سورىدى:

ـــ نېمە، نامازغا ئەزان چىقتىمۇ؟ تاڭ ئاتتىمۇ؟

دېدەك ھودۇقۇپ تەسلىكتە جاۋاب بەردى:

ـــ ياق ... ياق ... يامان بوپتۇ ... تۇران ئايلا كەلدى ...

ـــ نېمە بولدى؟ ـــ سورىدى خانىش.

ـــ مەلىكە ئالىيلىرى ... ئۇ ...

دېدەك گەپنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يىغلىدى. تۇران ئايلا قار ـ يامغۇر يىغلاپ كىرىپ دېدى.

ـــ خانىش ئايىم ... بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا ... مەن غەپلەتتە قاپتىمەن، مەن ئامانەتلىرىنى ساقلىيالمىدىم.

ـــ تىلىڭنى چاينىماي گەپ قىلە !

تۇران ئايلا يېنىدىن تۇمارچە پۈكلەنگەن بىر خەتنى چىقاردى.

ـــ مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ ياستۇقى ئۈستىدە مانا بۇ خەت تۇرىدۇ. ئۆزى ئاقتىمۇ، كۆكتىمۇ يوق.

ـــ سەن نەگە كەتكەن؟

ـــ مەلىكە ئالىيلىرى ياتار چاغدا ماڭا زەپەر چاي دەملەپ بەر دەپ بۇيرۇدى. كەچتە زەپەر چاي ئىچسىلە ئۇخلىيالماي قالارلىمۇ دېسەم، دىلىم تارتىپ قالدى دېدى، دەملەپ بەردىم. ئۆزى ئىچىپ بىللە ئىچەيلى دەپ ھەممە كېنىزەك، دېدەكلەرگە بىر پىيالىدىن ئۆز قولى بىلەن قۇيۇپ بەردى. ئىچىپلا ھەممىمىز ئۇخلاپ

قاپتوق، — دېدى تۇران ئايلا.

— ئۆزى ئېچتى دېدىڭ، ئۆزى ئوقۇماپتىمۇ؟ — سورىدى خانىش.

— بۇنى بىلەلمىدۇق، ئەمما ھەممىمىز ئوقۇلاپ قاپتۇق. ئويغانساق مەلىكەم يوق.

خانىش تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن خەتنى ئاچتى، تۇران ئايلا شامداننى يېقىن تۇتۇپ بەردى، خانىش خەتنى ئوقۇدى:

*«ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھ ئاتا، خانىش ئانا:*

*سىلەرنى ھەم ئۆزۈمنىمۇ ئاللاغا تاپشۇردۇم، ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز، ئۆلسەك قىيامەتتە مەھشەرگاھتا كۆرۈشەرمىز. ئاتا ـ ئانىنى قاقشاتقۇچى ئوبدان كۈن كۆرمەيدۇ، دەپ تەلىم بېرەتتى ئۇستازىمىز. مېنىڭ سىلەرنى قاقشاتقۇم بولمىسىمۇ، ئەمما ئىچىمدىكى بىر ۋەسۋەسە مېنى ئارام تاپقۇزمىدى. سىلەرنىڭ ئويلىغىنىڭلار بىلەن مېنىڭ ئويلىغىنىم بىر يەردىن چىقمىدى. ئويلاپ كۆرسەم ئاز كۈندە مېنىڭ ئاقىۋىتىم ھامائاچام ھۆربانۇ خانىشنىڭ كۈندىنىمۇ بەتتەر بولغۇدەك. ئۇردا مېنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمىنىم بىلەن تېخى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بالامنى يەپ كەتكۈدەك. مېنىڭ قارنىمدىكى بالامنى ساق ـ سالامەت يەڭگىپ، ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپ كۆرۈپ، باغرىمغا باسقۇم بار. بۇ ئىشلىرىم سىلەرگە كۆتۈرۈپ بولالمىغۇسىز ھار كېلىدىكەن. شۇڭا، تىرىككە ئۆي، ئۆلۈككە گۆر تېپىلار، دەپ ئوردىدىن چىقىپ كەتتىم. شۇڭا، سىلەر مەندەك بىر قىزىڭلارنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەيسىلەر. سىلەرنى بۈيۈك تەڭرى پەرزەنتسىزلىك تەقدىرىگە دۇچار قىپتىكەن. چۈنكى، ئىنسانىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچى ئۇلۇغ تەڭرىم سىلەرنىڭ بالىدىن ئوردىنى، تەختنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭلارنى بىلىپ بولغانىكەن. ئەمما، مەن بالامنى، تۇغۇلمىغان بالامنى ياخشى كۆرىمەن. چۆل ـ جەزىرىلەردە*

*سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن غېرىبىنى ئىزدەيمەن، بەلكىم ئۇنى بىر ئۆمۈر تاپالماسلىقىم مۇمكىن. تاكى پۇت - قولۇمنىڭ مادارى ئۈزۈلگۈچە ئىزدەيمەن. تاپالمىسام بالامنى نان تىلەپ بېرىپ بولسىمۇ بېقىپ تىنچ - ئامان چوڭ قىلسام، شۇنىڭغا شۈكۈر دەيمەن. ئادەم ئۈچۈن ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلىپ شۇنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرمەكتىن ئارتۇق بەخت، خالىمىغان ئىشنى قىلىشتىن ئارتۇق بەختسىزلىك بولماس. مەن مۇشۇ ئىشنى خالىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن. سىلەر قاقشاپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنساڭلار، مەن يامان كۈنگە قالسام، خەققە قول - دېدەك بولارمەن ياكى تىلەمچى بولۇپ ياشارمەن ۋە ياكى زىندانلاردا ياتارمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن ئوردىدىكى راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن ئەۋزەل بىلىندى. مەندەك ئەقىلسىز قىزىڭلارنى ئۇنتۇپ كەتسەڭلار، كۆڭلۈڭلاردىن چىقىرىۋەتسەڭلار يېنىكلەپ، ئاخىرقى ئۆمرۈڭلارنى خاتىرجەم ئۆتكۈزەلەيسىلەر.*

*بەڭۋاش قىزىڭلار سەنەم.»*

خانىش ئاخىرقى قۇرلارنى ئوقۇپ بولۇپ پېشانىسىگە ئۇرۇپ، نالە قىلىپ دېدى:

— ۋاي مېنىڭ تەتۈر پېشانەم، ۋاي مېنىڭ شۇم پېشانەم، ماڭا بىردەم خاتىرجەملىك يوقمۇ؟ ماڭا بۇ نېمە تارتقۇلۇق ئەمدى؟ شاھقا مەلۇم قىلدىڭلارمۇ؟

— شاھ ئالىيلىرىنىمۇ ئىزدەپ بارمىغان ساراي - قەسىر، خانىش، توقال، دېدەكلەرنىڭ ھۇجرىلىرى قالمىدى، ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق، — دېدى تۇران ئايلا.

— بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ ئىلدام بولۇڭلار، ياساۋۇللار كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ قايتۇرۇپ كەلسۇن!

خانىش شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردىيۇ، ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتتى.

ياساۋۇللار ئوردا دەرۋازىسىدىن شىددەت بىلەن ئات چاپتۇرۇپ چىقتى. ئىككى نۆكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتلىق ئالدىرىماي كېلىۋاتقان، ئاغزى ـ بۇرنىنى قارا سەللىسىنىڭ پەتلىسىدە يۆگىۋالغان شاھ ئادەتتىكى ياساۋۇلنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغاچقا، ئاتلىق ياساۋۇللار ئۇلارغا پەرۋا قىلماي شامالدەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. شاھ يېنىدىكى نۆكەرلەرگە دېدى:

— ئۇلار كېچىدە مېنى ئىزدەپ ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتمىگەندۇ؟ كېچىدىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىمامدۇ ئادەم؟

شاھ ئاتلىق ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. نۆكەر، مۇلازىم، دېدەكلەر شاھنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلدى.

— شاھ ئالىيلىرى، چاتاق بولدى! چاتاق بولدى! — دېدى مۇلازىم.

شاھ ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ سورىدى:

— نېمە چاتاق بولدى؟

— مېھرىبانۇ خانىش ئايىم خۇدىنى بىلمەي ياتىدۇ، — دېدى مۇلازىم.

شاھ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ھۇجرا تەرەپكە يۈگۈردى، مۇلازىم، دېدەكلەر شاھنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. شاھ بىر پەردە يۆتىلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى، مۇلازىملار يۆلىدى.

مېھرىبانۇ خانىش ھۇجرىسىدا خۇدىنى بىلمەي جىمىمىدە سوزۇلۇپ ياتاتتى. سەكسەندىن ئاشقان تېۋىپ مۇسا خارەزىمى خانىشنىڭ بىغىشىغا قويۇلغان يىپەك ياغلىق ئۈستىدىن تومۇرىنى تۇتماقتا. شاھ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىپ خانىشنىڭ باش تەرىپىگە باردى. مۇسا خارەزىمى باشلىق ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ شاھقا تەزىم قىلدى. شاھ پەرۋايى پەلەك ھالدا خانىشنىڭ باش تەرىپىگە ئېگىشىپ تۇرۇپ ھال سورىدى:

— مېھرىبانۇ ... سىلىنى تەندۇرۇس، چىدامىلىق قەدىناسىم دېسەم، ئەمدى سىلىگە نېمە بولدى؟ سىلى دەسسەپ تۇرمىسىلا مەن يىقىلىپ قالىمەن. ئەمدى يىقىلسام ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن.

مېنىڭ قىرىق ئۈچ يىللىق قەدىناسىم، سىردىشىم، مۇڭدىشىم، خۇشاللىقىمنىمۇ، خاپىلىقىمنىمۇ تۆكىدىغان دەردخانام، سىلى بولمىسىلا بولمايدۇ. ئۇنداق قىلمىسىلا، مېنى تاشلاپ كەتمىسىلە ... مەن ھەرگىز سىلىدىن كېيىن قېلىشنى خالىمايمەن !

مېھرىبانۇ خانىش چوڭ بىرنى تىنىپ ھوشىغا كەلدى. كۆزىنى ئېچىپلا، شاھقا ئېسىلىپ يىغلىدى.

— شاھ ئالىيلىرى ... دەردىمگە داۋا بارمۇ؟ ماڭا قىزىمنى تېپىپ بەرسىلە، مەلىكە سەنەمنى تېپىپ بەرسىلە، مەن قىزىمدىن ئايرىلىپ قانداق ياشايمەن؟ ھۆ ... ھۆ .... ھۆ ...

شاھ ئەتراپىدىكىلەرگە قارىدى، تۇران ئايلا شاھقا سەنەمنىڭ خېتىنى بەردى. شاھ خەتنى قولىغا ئالماستىن، خانىشقا ھەم ئەتراپىدىكىلەرگە يەنە بىر قۇر قارىدى.

— ئوقۇپ باقسىلا ... بۇ خەتنى ئوقۇسىلا، قىزلىرىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ باقسىلا، قىزلىرى يەنە بىزنى تاشلاپ قېچىپتۇ. ئۇ ئەمدى بىزدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ قېچىپتۇ. مەن بۇ دەردىمنى كىمگە ئېيتىمەن؟ بۇ دەردىمنى كىمدىن ئالىمەن؟

شاھ تىترەپ تۇرۇپ خەتكە قارىدى.

چۆل يولىدا غېرىب ئېتىنى مېڭىشىغا قويۇۋەتكەندى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۆگە بىلەن نىگارئايىم كېلىۋاتاتتى، گۈلجامال ئاكىسىغا توۋلىدى:

— ئاكا ... ئۇشىنىڭ بازىرىدىن ئالغان دۇتارىڭنى چېلىپ ناخشا ئېيتىپ ماڭە، ماڭسا ـ ماڭسا تۈگىمەيدىغان چۆلدىن زېرىكتىم، ناخشاڭنى سېغىندىم.

غېرىب ئارقىسىغا قاراپ كۈلدى، ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ كېلىپ يۈك ئارتىلغان تۆگىنىڭ ئۈستىگە تېڭىپ قويغان دۇتارنى ئاتتىن چۈشمەستىن ياندىشىپ كېتىۋېتىپ يېشىۋالدى، ئاندىن دۇتارنى سازلاپ تەڭشىدى.

— چۆلدە غەزەل ئوقۇساڭ ئۇسساپ ئاسان چاڭقايسەن، سۇنى

تېجەيلى، بالام.

— مەن ئىچىدىغان سۈيۈمنى ئاكامغا بېرەي، مەن چىدايمەن، — دېدى گۈلجامال.

— سىڭلىمنىڭ گېپىنى يىرغۇم كەلمەيدۇ، ئانا، چۆلنىڭ زېرىكىشلىكلىكىگە ناخشا بولمىسا بولمايدىكەن.

غېرىب ئاتنى ئۆزىنىڭ مېڭىشىغا قويۇۋەتتى ـ دە، دۇتارىنى چېلىپ ناخشا باشلىدى:

چۈشتى سەۋدايى مۇھەببەت باشىمگە،
ئار ئېتىپ ئاما كېلۇرلەر قاشىمگە.
مەن مۇھەببەت كويىدا قان يىغلىدىم،
يەتتە ئىقلىم غەرق بولدى ياشىمگە.
سەجدە ئەيلەر زاھىد ئول مېھراب ئارا،
مەن قىلۇرمەن سەجدە ئەگمە قاشىمگە.
مۇھتەسىپ تۆكتۈردى ساقى بارىنى،
يەتمىدى ئەقلى مېنىڭ سىرداشىمگە.
كۈندە يۈز مىڭ جەبرى قىلساڭ ئۆرگىلەي،
قوي قاراپ غەم يۈكىنى بەرداشىمگە.
مەن غېرىب سەرسانىنى ھەيران ئېتىپ،
نە سەۋەبتىن كەلمىدىڭ بىر قاشىمگە.

غېرىب ناخشىدىن توختىدى، گۈلجامال بوينىغا ئېسىۋالغان كىچىك تۇلۇمنى ئاكىسىغا تەڭلىدى.

— ئاكا ... مانا سۇ، ئۇسسىغان بولساڭ قېنىۋېلىپ يەنە بىرنى ئېيتقىنا.

— بولدى قىزىم، بولدى، ئاكاڭنى ئارامىدا قوي، — دېدى نىگارئايىم.

— مەن ئاكامنىڭ ناخشىسىغا قانمىدىم، بۇ قېتىم يەنە بىرنى ئېيتىپ بەرسۇن، ئاندىن ھەرگىز دېمەي، — دېدى گۈلجامال

ئەركىلەپ.

— تېخى ئۇسسىمىدىم، سىڭلىم. ئۆزۈمنىڭمۇ يەنە ئېيتقۇم بار، يەنە بىرنى ئېيتاي، — دېدى غېرىب.

غېرىب يەنە ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

ئالمىدىن رەڭدار ئىدىم،
رەڭگىمنى سارغايتتى پىراق.
ئوڭ يېنىمدا ئوت كۆيەدۇر،
سول يېنىمدا ئىشتىياق.

ئىشتىياقنى تارتا ـ تارتا،
ھېچبىر مادارىم قالمىدى.
رو چىۋىندەك سارغىيىپ،
ئۇچارغا ھالىم قالمىدى.

رو چىۋىن بولسا كىشى،
ئۇچسا قاناتىنى سوزۇپ.
بۇ كۆڭۈل قانداق چىدايدۇ،
يارىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ؟

تاغ ئىچىدىكى ئورمانلىقتا ئەرەنچە كىيىنگەن سەنەم تار يول بىلەن ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كېتىۋاتماقتا. ئورمان ئارىسىدىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان، ھۇۋقۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. سەنەم ھەر تەرەپكە ئەندىكىپ قاراپ، ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇردى.

بەلخ ئەتراپى. چېدىر ئىچىدە شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، سەپەر بايلار قارشىسىدا ئولتۇرغان ناسىر بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.

— مۇنداق دېگىن، غېرىبلار قوندۇز تەرەپتىن يەنە بىزنىڭ

ئەلگە بارماقچى، قوندوز مەلىكىسى ئۇنى قوتقۇزۇۋالدى؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— بەرھەق، ئۇ ئوردابالىققا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ھالى خەتەر ئىچىدە، ئۇنىڭغا شاۋاز قول سالىدۇ، — دېدى ناسىر.

شەيخ جالالىدىن ساقىلىنى قوللىرىدا تاراپ دېدى:

— ئەمدى ئىگارئايىم بىلەن ئۇنى يېنىمىزغا ئەكېلىۋالماي بولمىدى، ئۇنىڭغا ئادەم ماڭدۇرايلى، ئىلياس بارسۇن! — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئىلياس قوشۇندىن ئايرىلسا ئىشىمىز ئاقسايدۇ، ئۇستاز، ئۇنىڭدىن باشقىسى بارسۇنمىكىن.

ئۇلار ئۇنداق مەسلىھەت قىلىشىپ، بۇنداق مەسلىھەت قىلىشىپ، ئاخىر يەنىلا ئىلياسنى ئەۋەتىدىغانغا كېلىشتى.

بەلخ شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى شاۋازنىڭ بارگاھى. شاۋاز چېدىرىدا پەي ياستۇققا يانپاشلاپ چىلىم تارتقاچ كۆن مۇقاۋىلىق قېلىن كىتابنى كۆرمەكتە. چېدىرغا ئابلىز شەيتان كىرىپ دېدى:

— ۋەزىرئەزەم، چاتاق بوپتۇ!

— نېمە چاتاق بوپتۇ، قاراقچىلار بەلخنى بېسىۋاپتىمۇ؟

— بىزنىڭ ناسىر لومپا غېرىبنى ئىزدەپ بارغۇچە ئۇ پالاندى قوندوز خانى سەئىد ئەخمەتخاننىڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئۇلار قائىدە بويىچە ئۇنى بىزنىڭ ناسىر لومپىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئەمما، ئۇ يېرىم يولدا قول سېلىپ بولغۇچە سەئىد ئەخمەتخاننىڭ جەڭ ماھارىتىدە توشقان ئەركەكزەدەك مەلىكىسى قوشۇن تارتىپ كېلىپ غېرىبنى بۇلاپ كېتىپتۇ. ناسىر لومپا ئەسىرگە چۈشۈپتۇ، كېيىن كەڭچىلىككە ئېرىشىپ ئالدىمىزغا كېلىشكە پېتىنالماي بىر ئادىمىدىن دۇئايى سالام ئەۋەتىپ، ئۆزى ھەرەم تەرەپكە كېتىپ قاپتۇ، — دېدى ئابلىز شەيتان.

شاۋاز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ھۇ يارىماس ناكەس! سەن ئۇ ناسىر لومپىنى قولىدىن

ھەر چوڭ ئىشلار كەلگەن، كارامەت باتۇر ئادەم دەۋاتمامتىڭ؟
— ئۇ بۇرۇن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان. ئەمما، بۇ دورەم نېمە بولدى، ئىشى ئۇڭدىن كەلمىگەن چېغى، ۋەزىرئەزەم، — دېدى ئابلىز شەيتان.
— باغلاقتىكى ئىت ئۇۋغا يارىماپتۇ دېگەن شۇ ـ دە. دېمەك، غېرىب ھازىر قۇندۇزدىكى سەئىد ئەخمەتخاننىڭ قولىدا دە، — دېدى شاۋاز.
— شۇنداق ھەزرەتلىرى.
— بولماپتۇ، قۇندۇزغا ئادەم ئەۋەتەيلى. غېرىبنىڭ ئورمىسىنى ھازىر ئورمىساق، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، دان چېچىلىپ كېتىپ خامان ئالالمايدىغان ئىش بولىدۇ. بىزگە سامان ئەمەس، دان كېرەك، — دېدى شاۋاز.
— ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە بولغاچ ئادەم تاللىماق تەس ئىكەن تەقسىر، ئۆزلىرى ... — دېدى ئابلىز شەيتان.
— ئۆزۈم ساقلىمىنى سۆرەپ بارامدىمەن؟ بۇ ئىشنى سەن بىر قوللۇق جۆندىمىسەڭ، بۇ يەردىكى ئىشنى ئىگىچە سىڭلىڭ قىلامدۇ، توخۇ پوقى؟ تولا سەپرايىمنى ئۆرلەتمە!
شاھ ئوردىسى. شاھ تەختىدە غەزەپ ھەم سۇر بىلەن ئولتۇراتتى. جارۇپ مەۋلەۋى، راشىدىن ئەتتارى، شاكىر باي جېسەكچى، رەھمىتۇللا يەركەندى قاتارلىق ئوردىنىڭ ۋەزىر، ئەمىر، سىپاھلىرى قول باغلاپ تۇراتتى.
— ھەي شاكىر باي!
— خوش ئالىيلىرى، — دېدى شاكىر باي ئالدىغا چىقىپ تەزىم قىلىپ.
— سەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ — سورىدى شاھ.
— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، ئالىيلىرى، پېقىر غەپلەتتە قاپتىمەن، پېقىرنى غەپلەت بېسىپتۇ، — دەپ يېلىندى شاكىر باي.
— قامچا كەلتۇر!

— شاھىنىڭ غەزىپى چېكىگە يەتكەندە ئۆزى قامچىنى قولىغا ئالىدىغان ئادىتى بار ئىدى. شاھىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن نۆكەر قامچا ئەكېلىپ ئىككى قوللاپ تەزىم بىلەن قامچىنى شاھقا سۇندى، شاھ قامچىنى ئېلىپ پەسكە چۈشۈپ، شاكىر باي جىيەكچىنىڭ باش ـ كۆزىگە بىرقانچىنى سالدى.

— سەن ئوردىنى باقمەن دېمەي ئىشەك باقساڭ بولغۇدەك، بۇنى كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار! ئاچىقىپ ئەللىك دەررە ئۇرۇپ، چۆلگە ھەيدىۋېتىڭلار! پاشا تالاپ ئۆلتۈرسۇن بۇ دەيۈزنى ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى شاھ.

ياساۋۇللار شاكىر باي جىيەكچىنى سۆرەپ ئاچىقىپ كەتتى. جىيەكچى جېنى چىقىپ كەتكەندەك بوشىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆلۈكتەك سوزۇلۇپ قالغانىدى.

شاھ تەختكە كېلىپ ئولتۇرۇپ، قامچىنى شىلتىپ تۇرۇپ دېدى:

— ھەرقايسى ۋەزىر ـ ئەمىرلەر، دانا مەسلىھەت بېرىڭلار! مەلىكە ئوردىدىن يەنە قېچىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنى ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىپ خاتىرجەم تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى نېمە؟

ئەمىر ـ ۋەزىرلەر قول باغلاپ سۈكۈتتە باش ئېگىپ تۇرۇپ بەرىنىڭ تېگىدىن بىر ـ بىرىگە قاراشتى. جارۇپ مەۋلەۋى قۇرۇق يۆتىلىپ، گېلىنى قىرىپ ئالدىغا چىقىپ دېدى:

— پېقىر قۇللىرىنىڭ دەڭسىمەي قىلغان گەپلىرىنى قىرىلىقتىن مېڭىسى قوداڭشىپ قېلىپ تاقا ـ تۇقا سۆزلەۋاتىدۇ دەپ ئەيۈ قىلغايلا، ئالىيلىرى. مەلىكە ئالىيلىرىنى ئوردىدا تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى غېرىب دېگەن تېجىمەلنى ئوردىدا تۇتۇپ تۇرۇشتۇر. ئۇ خاتىرجەم بولمىسا مەلىكە ئالىيلىرىمۇ خاتىرجەم تۇرالمايدىكەن. ئىنەكنى باغلاپ قويسا موزاي يىراققا كەتمىگەندەك، غېرىب دېگەن بۇ بىرنېمە مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ ئېمىزگۈسى بولۇپ قاپتۇ. بىز ئۇنى ئەپلىك ئۇسۇل بىلەن يېنىمىزدا تۇتۇپ تۇرمىساق، ئۆزلىرىنىڭ باشلىرى ساقايمايدۇ.

جارۇپ مەۋلەۋىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن راشىدىن ئەتتارىمۇ ئالدىغا چىقىپ دېدى:

— غېرىبنى ئوردىغا ئەكىرگەنلىك مەلىكە ئالىيلىرى بىلەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق. بۇ شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ، خەلقىئالەم ئالدىدىمۇ ئوردىنىڭ نوپۇزىغا داغ چۈشۈرىدىغان ئىشتۇر.

— ئۇنى ئوردىدا بىرەر ئىشقا مەشغۇل قىلىمىز، ئەمما مەلىكە ئالىيلىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان پۇرسەت بەرمەيمىز، نازارەت ئاستىدا ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلەيمىز، خۇددى كالىنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي باققاندەك، — دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.

— قاچانغۇچە شۇنداق قىلىپ بولغىلى بولار؟ — سورىدى راشىدىن ئەتتارى.

— تاكى ئۇلار بىر - بىرىدىن سوۋۇغۇچە، — دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.

— ئىت غالجىرلاشسا تامغا سەكرەپتۇ دېگەندەك، ئۇلارنى بۇنداق قىلغانچە ئەدەپ بىزگە ئاراملىق بەرمەيدۇ، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— هازىر ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىمايلى، مەلىكە نەدە؟ ئۇنى قانداق تېپىپ كېلىمىز؟ نەق گەپنى قىلىڭلار، — دېدى شاھ.

— بىز ھەر تەرەپتىن مەلىكە ئالىيلىرىنى ئىزدەش بىلەن بىللە غېرىبنىمۇ ئىزدەيلى. قايسىسىنىلا قولغا چۈشۈرسەك، ئۇلار بىر - بىرىگە تارتىشىپ ئوردىغا قايتىپ كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى رەھمەتۇللا يەركەندى.

— رەھمەتۇللا يەركەندى، ھازىردىن باشلاپ خانلىقنىڭ باش جېسەكچىلىكىنى ئۈستىلىرىگە ئېلىپ مەلىكە بىلەن غېرىبنى ئىزدەپ تاپسىلا. ئەگەر قىرىق كۈن ئىچىدە ئۇلارنى ئالدىمغا ھازىر قىلالمىسىلا كاللىلىرىنى ئالىمەن! — دېدى شاھ.

— خوپ ئالىيلىرى، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

راشىدىن ئەتتارى پىخىلداپ كۈلۈپ، يەر تېگىدىن قاراپ پىچىرلىدى:

— نان تېگىدىغان گەپنى قىلغانغا تويدىلىمۇ، تەقسىر؟

— ئېغىزىڭ بوش بولسا بېشىڭغا بالا بوپتۇ، دېگەن شۇ. تەڭرىتائالا رەسۋاچىلىقنىڭ جازاسىدىن ساقلاپ دوست ـ دۈشمەننىڭ ئالدىدا خارۇزار قىلماس، ئاسايىشلىق بېرەر، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

ئورداباليق جامائەسىنىڭ ئالدى ئادەم بىلەن تولغانىدى. لەشكەرلەر يوغان قەغەزگە يېزىلغان خانلىق پەرماننى ئەكېلىپ مەسچىتنىڭ تېمىغا چاپلىدى. خالايىق ھەر تەرەپتىن كېلىپ تامدىكى پەرماننى ئوقۇدى:

*«خان ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى، مەلىكە ئالىيلىرى شىكارغا چىقىپ غايىب بولۇپ كەتتى. مەلىكىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەنلەرگە ئەللىك تىللا، تېپىپ كەلگۈچىلەرگە يۈز تىللا ئىنام بېرىلىدۇ!»*

بىردەمدىن كېيىن جېسەكچى يەنە بىر ئېلاننى چاپلىدى.

*«خان ئالىيلىرى شۇنداق پەرمان جاكارلايدۇكى، پالاندى غېرىب قىپچاق چۆلدە سۇرگۈن قىلىنغان جايدىن ياساۋۇللارنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كەتتى. ئۇنى تۇتۇپ كەلگۈچىلەرگە يۈز تىللا ئىنئام قىلىنىدۇ.»*

بۇ چاغدا ئەرەنچە كىيىنگەن سەنەم چۆل يولىدا ئات ئۈستىدە قىينالغىنىچە كېتىۋاتاتتى. بىركەمدە يىراقتىن بىر يالغۇز مەھەللە كۆزىگە چېلىقتى. ئۇ قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ تۇرۇپ، يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ شۇ تەرەپكە ماڭدى.

رەھمىتۇللا يەركەندىنىڭ جېسەكچى مەھكىمىسى ئالدىدا بىر

توپ نۆكەر، ياساۋۇللار تىك تۇرۇپ رەھمىتۇللا يەركەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماقتا.

— پادىشاھ ئالىيلىرى ماڭا قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت بەردى، مەن سىلەرگە بىر ئاي مۆھلەت بېرىمەن. ئەگەر بىر ئاي مۆھلەت ئىچىدە غېرىب بىلەن سەنەمنى ئالدىمغا ھازىر قىلمىساڭلار كاللاڭلارنى ئالىمەن. كاللاڭلار ئېلىنىشتىن قورقۇپ مۇشۇ چىققانچە قايتىپ كەلمەيدىغان بولساڭلار، مېنىڭ كاللام ئېلىنىشتىن بۇرۇن سىلەرنىڭ خوتۇن - بالىلىرىڭلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىمەن ياكى قۇل بازىرىدا قۇللۇققا سېتىپ، ئاندىن ئۆزۈمنىڭ كاللىسىنى پادىشاھنىڭ ئېلىشىغا تاپشۇرىمەن، بىلدىڭلارمۇ؟

— بىلدۇق ! — دەپ جاۋاب بەردى نۆكەرلەر. رەھمىتۇللا يەركەندى يەنە تاپىلىدى:

— ئىسىڭلاردا بولسۇن، سىلەر ئۈچتىن بۆلەك بولۇپ، ھەممە يەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇڭلار. شەھەر - شەھەرلەردە، بارغان - تۇرغان يەرلەردە پادىشاھنىڭ پەرمانىنى مەسچىت، چايخانا تاملىرىغا چاپلاڭلار. خەقنى سۈيۈنچە، ئىنئامغا قىزىقتۇرۇڭلار. پەمىچە، غېرىب يىراقتا بولسىمۇ، مەلىكە ئالىيلىرى يىراققا كېتەلمىدى. شۇڭا، مەلىكە ئالىيلىرى بالدۇر قولغا چۈشۈشى مۇمكىن. قايسىسى بالدۇر قولغا چۈشسە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ يەنە بىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

ئېلاننى كۆرگۈچى خالايىقلار ئارىسىدىكى كۆلا كىيگەن ئۇزۇن چاچلىق، بىر كۆزى كور ئادەم ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «بۇ بولىدىغان سودا ئىكەن.»

جامائە ئالدىدا ئېلاننى كۆرۈپ بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ھېلىقى بىر كۆزلۈك سوپى يايداق ئىشەككە مىنىپ جەزىرىدىكى قەدىمىي مازارلىققا كەلدى. ئۇ يوغان قەدىمىي گۈمبەز ئىشىكىدىن ئىشەكتىن چۈشمەستىن كىرىپ كەلگەندە بىر - بىرىدىن رەزگى، بىر - بىرىدىن مەينەت، چاچ - ساقاللىرى

ئۆسۈپ چىگىشلىشىپ كەتكەن بىر توپ سوپى ـ ئىشانلار گۈمبەز ئىچىدە چىلىم تارتىپ نەشىنىڭ مەستخۇشلۇقىدا قالايمىقان سوزۇلۇپ ياتاتتى. تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆڭلىكىدىكى پىتلارنى بىقىۋاتقان بىر دەرۋىش بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن سورىدى:

— ھە ئابلا كور، شەھەردىن نېمە يېڭىلىق ئەكەلدىڭ؟

— كاتتا يېڭىلىق، كاتتا سودا تاپتىم. باي بولۇپ كېتىدىغان بولدۇق ... يۈز تىللا ... ھەي ... ھەي ... كىم يۈز تىللاغا شېرىك بولىدۇ؟ — دېدى ئابلا كور.

ھەممە سوپى ـ دەرۋىشلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئارىدىكى بىر قېرى دەرۋىش سورىدى:

— نېمە يۈز تىللا؟ سەن قارىغۇنىڭ مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالمىغاندۇ؟

— مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغانلار مەندىن نېرى تۇرسۇن، مەن خاننىڭ پەرمانىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — دېدى ئابلا كور.

— سەن بىر كورمەت، سېنى خاتا كۆرمەيدۇ دەپ كىم دەيدۇ؟ — دېدى قېرى دەرۋىش.

ئابلا كور قوينىدىن يىرتىلغان، پۇرلىشىپ كەتكەن قەغەزنى چىقىرىپ قېرى دەرۋىشنىڭ يۈزىگە ئاتتى.

— مانا كۆرە، كۆزى ئوچۇق قارىغۇ، كىم كور ئىكەن، كىم ساق ئىكەن، ھازىرلا بىلىسەن!

ھەممە سوپى ـ دەرۋىشلەر ئېغىلدىكى ئېچىرقىغان ئۇلاغ ئېغىلغا تاشلانغان ئوتقا يوگۇرگەندەك قەغەزگە ئولاشتى. ئابلا كور ئېشىكىنى ئىشكىتىن چىقىرىۋېتىپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك خورۇلدىتىپ چىلىم تارتىپ ئولتۇرغان ئىبراھىم دىۋانىنىڭ يېنىغا كېلىپ، تامغا يۆلەندى ـ دە، چىلىمنى ئېلىپ دېدى:

— خاننىڭ پەرمانىنى كۆرمەمسەن؟!

— خاننىڭ پەرمانى بىلەن نېمە كارىم، مەن سېنى تونۇيمەن،

خۇدا سېنىڭ يامانلىقىڭنى بەندىلەر كۆرۈپ تونۇۋالسۇن دەپ بىر كۆزۈڭنى كور ياراتقان. ئەمما، سەن بارلىق ئىككى كۆزلۈكلەر كۆرەلمىگەننى كۆرەلەيسەن. مەن ساڭا ئىشىنىمەن. بۇ قېتىم راست باي بولارمىزمۇ؟ — دېدى ئىبراھىم دىۋانە.

— بىز ئۇ كالۋا پادىشاھ تاپالمىغان رەسۋا مەلىكە بىلەن ھېلىقى مەجنۇن ئاۋارىنى تاپالايمىز. كالۋا پادىشاھ بىزدىن ئۇلارنى ئىككى يۈز تىللاغا ئالىدىكەن. بىز ئىككى يۈز تىللاغا ئېرىشسەك نېمىشقا باي بولالمايمىز؟ — دېدى ئابلا كور.

— سېنىڭ كۆرىدىغىنىڭمۇ، بىلىدىغىنىڭمۇ دائىم توغرا چىقىدۇ. بىز شاۋازغا لەشكەر بولۇپ بەلخكە ئۇرۇشقا بارغان بولساق، جېنىمىزنىمۇ تۈزۈك باقالماي، بەدىنىمىزدە قېنىمىزنى شوراپ تويۇپ سەمرىپ كەتكەن پىتلارمۇ بىزنى تاشلاپ يامانلاپ كېتەتتى، — دېدى ئىبراھىم دىۋانە.

— پىتلار يامانلاپ كېتىپ بولغۇچە غەزنەۋىلەرنىڭ ئوقىدا سېسىق جېنىڭ چىقىپ، تەنلىرىڭ ئاتلىرىنىڭ ئايىغىدا چەيلىنىپ - يەنجىلىپ، ئۆلۈكۈڭ دالادا قاغا - قۇزغۇنغا يەم بولۇپ، بىچارە پىتلار چۆل - جەزىرىدە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتەتتى، ھا ... ھا ... ھا ... — كۈلدى ئابلا كور.

ئۇلار ھايال بولماي قوزغىلىشتى.

چۆل - جەزىرىدە غېرىبلار قۇم - بوران دەستىدىن ئاران ماڭماقتا. ئۇلار توپا - تۇماندا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيتتى، بوران تۆگە ئۈستىدە گۈلجامالنى چىڭ قۇچاقلاپ ئولتۇرغان نىگارئايىمنىڭ ئاق لېچەكنى ئۇچۇرتۇپ كەتتى. نىگارئايىم ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن گۈلجامالنى چىڭ قۇچاقلاپ ئولتۇردى. غېرىب ئۇلارنىڭ ئالدىدا بولغاچقا، بۇلارنى كۆرمىدى، سەزمىدى.

تۇساتتىن يوغان بىر تور كېلىپ غېرىبنىڭ بېشىغا كېيىلىپ، ئۇنى ئاتتىن يۇلۇپ چۈشۈردى. غېرىب تېپىچەكلەپ تور ئىچىدىن چىقىپ بولغۇچە، قارا سەللىسىنىڭ پەتلىسىدە يۈزىنى يۆگىۋالغان بىر توپ ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنى

تاشلاپ ئۇنى باسماقداپ تۇتۇۋالدى.

سۆگەتلىك يالغۇز هويلا. يىگىتچە ياسانغان سەنەم هويلىنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى ـ دە، قېرى سۆگەتنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويۇلغان نوگاينى ئېلىپ سۆگەتنىڭ تۈۋىدىكى سۈزۈك سۇلۇق كۆلدىن سۇ ئېلىپ ئىچتى. هويلىدىن ئاق لېچەك سالغان بىر موماي چىقىپ سەنەمگە سىنچىلاپ قاراپ دېدى:

ــ هارماڭ چىرايلىق يىگىت، بىزنىڭ كۆلنىڭ سۈيى تاتلىق.

سەنەم چۆچۈپ كەينىگە قاراپ، ئۆزىگە سۆزلەۋاتقان مومايىنى كۆرۈپ سالام بەردى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم چوڭ ئانا، ئۇسسۇزلۇقتا چىدىيالماي، ئۆزلىرىدىن بىسوراق سۈيىڭىزنى ئىچىپ قويدۇم.

ــ دۇنيادا ئادەم ئۈچۈن هاجەتمەننىڭ ئاچقان، ئۇسسىغان يېرىدىن چىقماقتىن خۇشاللىق ئىش بولمايدۇ، بالام؟ سۇنىمۇ سوراپ ئىچەمدۇ؟ سۇ دېگەن خۇدانىڭ، بۇ يەردىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر مۇشۇ كۆلنىڭ سۈيىدە تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ ئۆتىدۇ، ــ دېدى موماي.

ــ ياخشى كۆڭۈللىرىگە رەھمەت، موما، ــ دېدى سەنەم.

ــ ئۇسسىغان ئادەم هېرىپ ئاچىدۇ، مېنى مەينەت قېرى دېمىسىڭىز، خالىسىڭىز هاردۇق ئېشى ئېتىپ بېرەي، پۇت ـ قولىڭىزنى سۇنۇپ هاردۇق ئېشى ئىچىۋېلىپ، هاردۇق چىقىرىپ، ئاندىن مېڭىڭ، ــ دېدى موماي.

ــ رەھمەت موما، تازىمۇ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭىز. ئەمما، هاردۇق ئېلىپ ماڭسام قونغۇدەك ئۆتەڭ ياكى بازارغا يەتكۈچە، يولدا كەچ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن.

ــ هازىر توختىماي ماڭسىڭىزمۇ هامان كەچ قالىسىز، يات كۆرمىسىڭىز مەشەدە قونۇپ مېڭىڭ، ــ دېدى موماي مېھرىبانلىق بىلەن، ــ مەن بۇ يەردە يالغۇز، ئوغلۇم شەھەرگە كەتكەن، ئۈچ كۈنسىز كېلەلمەيدۇ. ئۆيۈم پاكىز، پىت ـ بۈرگە چېقىۋالارمىكىن دەپ ۋايىم يېمەڭ. سىزگە تۇتمىغان تاۋار

يوتقان - كۆرپە سېلىپ بېرىمەن.
— ئوغلىڭىز ئۈچ كۈنلۈك يولغا كەتكەنمۇ؟ — سورىدى سەنەم قايتىلاپ.
— قارىغا، قىز بالىدەك ھودۇقۇپ، تارتىنىپ كەتكىنىڭىزنى. ئوغۇل بالا تۇرۇپ نېمىدىن قورقاتتىڭىز؟ مېنىڭ ئوغلۇم ئۇۋچى، قوپال بولغان بىلەن قائىدە - يوسۇنلۇق، شەھەر كۆرگەن، ئەسكىلەردىن ئەمەس، — دېدى موماي.
— شۇنداقمۇ؟ — دەپلا قويدى سەنەم.
موماي ئۇنى ئۆيگە باشلىدى، ئاندىن يېگۈدەك نەرسە تەييارلاشقا تۇتۇندى.
مەلىكە بەرنا ھۇجرىسىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ھېلىمخان موماي كىرىپ مەلۇم قىلدى:
— مەلىكە ئالىيلىرى، قاراخانىيلار پايتەختى ئوردابالىققا ئەۋەتكەن سودا كارۋانلىرىمىزدىن چاپارمەن كەلدى.
مەلىكە بەرنا كىتابتىن شاققىدە بېشىنى كۆتۈردى - دە، كىتابنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.
— قېنى چاپارمەننى باشلاپ كىرىڭ، — دېدى ئۇ.
ھېلىمخان ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، ئۇزۇنغا قالماي ئېگىز بوي، ساقاللىق بىر يىگىتنى باشلاپ كىردى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم مەلىكە ئالىيلىرى، — دەپ سالام بەردى يىگىت.
مەلىكە بەرنا شۇئان ئۇنىڭدىن نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىنى سورىدى.
— شاھى ئاببىاسنىڭ مەلىكىسى ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئۇنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە يۈز تىللا بېرىمىز دەپ شاھى پەرمان جاكارلاپتۇ. غېرىبنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگىمۇ يۈز تىللا بېرىمىز دەپ پەرمان چىقىرىپتۇ، — دېدى يىگىت.
— غېرىب تېخى يولدا ئىكەن - دە، ئىچىم پۇشۇپ زېرىكىپ ئولتۇرغۇچە مەنمۇ قاراخانىيلار شاھىدىن يۈز تىللا ئىنئام ئالمايمەنمۇ! ئىككى يۈز تىللا ئالامدۇق تېخى؟! قاراخانىيلارنىڭ

مەلىكىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ باقاي، ئۇ زادى قانچىلىك چىرايلىقكىن؟ — دېدى مەلىكە بەرنا.

— مەلىكە بەرنا خېنىم، شاھ ئالىيلىرى ياشىنىپ قالدى. بەك يىراق سەپەرگە ئاتلانمىغانلىرى خوپ. ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، ئۆزلىرى بۇ يەردە بولمىسىلا بولمايدۇ، — دېدى ھېلىمخان موماي.

— خۇدايىم ساقلار. ھەرقانداق كۈن كەلسە، ئۆزلىرىدەك دانىشمەن مومام دەسسەپ تۇرسىلا ئاسمان ئۆرۈلۈپ، يەرلەر يېرىلسىمۇ خانلىق ئىشلىرى ئىزىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ، — دېدى مەلىكە بەرنا.

— مەنمۇ شاھ ئالىيلىرىغا ئوخشاشلا قېرىپ قالدىم، قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەيمەن، ئەس - ھوشۇم جايىدا ئەمەس. ماڭا ئىجازەت قىلغان بولسىلا، يۇرتۇمغا قايتىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ يېنىدا ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئۆمۈر بويى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى ئاللادىن تىلەش ئارزۇيۇم بار ئىدى، — دېدى ھېلىمخان موماي.

— سىلىگە خانلىقنىڭ ئىشلىرى ئېغىر كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن، ئەمما ئوردىدا ئۆزلىرى دەسسەپ تۇرمىسىلا بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرى ئىشەنگەن ياردەمچىلەردىن تاللاپ ئىشقا قويۇپ، ئۇلارغا ئەقىل ئۆگىتىپ، ئۆزلىرىنى ئامال بار ئارام ئالدۇرىدىغان ئىش قىلسىلا. ئارامىنىمۇ، ئىبادەتنىمۇ مۇشۇ ئوردىدىلا قىلسىلا. سىلى ئۆمۈر بويى ئوردىدا يۈردىلە، ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداشلىرىدىن كۆرە، ئوردا سىلىگە يېقىن. بالا - چاقىسى يوق ئادەم ئۇزاقتىن بېرى ئىزدىمىگەن تۇغقانلاردىن پاناھلىق ئىزدەپ بارسىلا، ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىدە ئۆزلىرىنى غېرىبسىندۇرۇپ قويىلا. ئاتام بىلەن مەن سىلىنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى بولىمىز. ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا مانا مەن سىلىنى ئانامنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ يۆيۈپ - تاراپ، يەرلىكلىرىدە چىرايلىق قويىمەن. مۇشۇ ئارىدا ئۆزلىرى دەسسەپ

تۇرۇپ بەرسىلە، شاھ ئاتام ئىككىمىز خاتىرجەم بولىمىز، ئىشلار ئۆز قېنىدا يۈرۈشۈۋېرىدۇ. شۇنداق بولغاي ! — دېدى مەلىكە بەرنا.

ھېلىمخان تەزىم قىلىپ دېدى:

— مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ زور ئۈمىد ۋە ئىلتىپاتىغا كۆپ رەھمەت. ياشىنىپ قالغىنىم، پۇت - قولۇمنىڭ مادارى يوقلۇقى، ئەس - ھوشۇمنىڭ جايىدا بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئوردا ئىشلىرى ئاقساپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ، ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىرەپ، شۇ كويلاردا بولغانىدىم. شاھ ئالىيلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇنچىلىك زور ئۈمىدى ھەم ئىشەنچى بولغان يەردە مەن ئەمىن تاپىسام بولمايدۇ - دە. ئەمىسە مەن خاتىرجەم ئۆز ئىشلىرىم بىلەن بولاي، مەلىكە ئالىيلىرى.

مەلىكە بەرنا ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى، ئاندىن ھېلىمخان مومايغا ئۆزىنى شىكارغا چىقىپ كەتتى، دەپ قويۇشىنى ئېيتتى.

— خۇدايىم شىكارلىرىدا كۆزلىگەن ئولجىغا ئېرىشكەيلا، — دېدى ھېلىمخان موماي.

دەشت — قۇملۇق. بوران پەسىيىپ توپا - تۇمان بېسىقىپ، ئەتراپ سۈزۈلگەنىدى. نىگارئايىم بىلەن گۈلجامال كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى، غېرىب كۆرۈنمىدى. نىگارئايىم تۆگىنىڭ چۇلۇۋرىنى تارتىپ توختىتىپ، ئەندىكىپ ئەتراپقا قاراپ توۋلىدى:

— غېرىب ... غېرىبجان ئوغلۇم، قېنى سەن؟ !

— غېرىب ئاكا ! غېرىب ئاكا !

ئانا - بالا ئىككىيلەن ھەر تەرەپكە قاراپ توۋلىدى، چەكسىز چۆلدە ھېچقانداق سادا ئاڭلانمىدى.

— ئاكاڭ بوراندا ئېزىپ قالدىمۇ نېمە؟ كەينىمىزگە يېنىپ ئىزدەيلى، قىزىم، — ئۇلار تۆگىسىنى كەينىگە ياندۇرۇپ ماڭدى.

غېرىب بولسا سوپىلارنىڭ قولىغا چۈشكەنىدى. قاقاس تاغلىق ئىچىدە چەمبەرچاس باغلانغان، ئاتقا مىندۈرۈلگەن غېرىبنى ئابلا

كور، ئىبراھىم دىۋانە قاتارلىق ئوتتۇز ـ قىرىقچە سوپى ـ دەرۋىش ئاتلىق ئالدى ـ كەينىدىن قوروۇقداپ ئېلىپ ماڭدى. غېرىبنىڭ پۇت ـ قوللىرى قاتمۇقات قىل ئارغامچىدا چىڭ باغلىنىپ، كۆزى قارا لاتا بىلەن تېڭىۋېتىلگەن بولغاچقا، ئات ئۈستىدە قىمىر قىلالماي ئولتۇراتتى.

— سىلەر كىم، مېنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟ — سورىدى غېرىب.

ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ كېتىۋاتقان سوپى دېدى:

— زۇۋانىڭنى يىغىپ جىم ماڭ! — دېدى.

— سىلەر كىم؟ — دەپ يەنە سورىدى غېرىب.

— بىز كىملىكىمىزنى ئۆزىمىزمۇ بىلمەيمىز، بەك بىلگۈڭ بولسا زۇۋانىڭنى چىقارماي روھىڭدىن سورا، خۇدادىن سورا، خۇدايىم بىزنىڭ كىملىكىمىزنى دەپ بېرىدۇ، — دېدى سوپى.

— سىلەر مېنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟

— بارسا كەلمەس يەرگە.

— ئانام بىلەن سىڭلىم قېنى؟

— ئاناڭ بارمىدى؟

— خۇپسەنلىك قىلماڭلار، ئانام بىلەن سىڭلىمنى نېمە قىلدىڭلار؟

— يەنە گەپ قىلساڭ، ئاغزىڭغا پايتىمامنى تىقىپ قويىمەن، پايتىمامنى يۇمغىلى قانچە يىل بولدىكىن، ئۇنىڭ پۇرىقىدىن پىت ئۆلىدۇ. يەنە گەپ قىلامسەن، پايتىمامنى زۇۋانىڭغا كەپلەپ قويامدىمەن؟

غېرىب جىم بولۇپ، پۇت ـ قولىنى قىمىرلىتىپ باقتى، مىدىرلىيالمىدى.

— سېنى باغلىغان قىل ئارغامچا مىدىرلىغانسېرى چىڭىپ بارىدىغان ئارغامچا، سەن ئۇنىڭدىن مىڭ يىلدىمۇ بوشىنالمايسەن، ئاسىي گۇناھكار.

— مەن تەرەت سىندۇرىمەن، — دېدى غېرىب.

— تەرەتنى ئۆزۈڭ دېگەنىدە ئەمەس، بىز دېگەندە قىلىسەن، قىسسىپ ماڭ، — دېدى سوپى گۈلىيىپ.

دەشت ـ چۆلدە نىگارئايىملارنىڭ تۆگىسى لوپۇلداپ مېڭىپ چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوستانلىققا قاراپ يۈگۈردى.

— ۋاي ئانا ... قاراڭ، بىزنىڭ ھېلىقى مەھەللىگە كېلىپ قاپتۇق ... ھېلىقى بىزنىڭ ئۆي، غېرىبجان ئاكام ياسىغان ئۆي ... — دېدى گۈلجامال.

— خۇدايا، توۋا قىلدىم ... راست بىز ئايلىنىپ نەگە كېلىپ قالدۇق؟ راست شۇ ئىكەن، — دېدى نىگارئايىم.

ئۆلارنىڭ تۆگىسى بوزلاپ ئۇدۇل بولاققا بېرىپ سۇ ئىچتى، تاللىق ئارىسىدىن بوزلاپ بوتىلاق چىقتى.

— ۋاي ئانا ... بىزنىڭ بۇرۇنقى تۆگىنىڭ بالىسى ئۆلمەپتۇ ... ھايات ئىكەن، ئۇ بىچارە قانداق ياشىغاندۇ؟

— خۇدايىم ساقلىسا ھەر يەردە ھەر خىل سەۋەب بىلەن ساقلايدۇ، قىزىم. توۋا قىلدىم، راست ئۆلمەپتۇ بىچارە، — دېدى نىگارئايىم.

ئەمدى گەپنى سەنەمدىن ئاڭلايلى. دەشت ـ چۆلگە جايلاشقان خىلۋەت مەھەللىدىكى مومايىنىڭ ئۆيى. موماي چىرايلىق تاۋار يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئەكىرىپ ئاق كىگىز سېلىنغان سۇپا ئۈستىگە تاشلىدى. سەنەم ئۇنى سالماقچى بولدى.

— ياق بالام، ياق، ئوغۇل بالا دېگەننىڭ خوتۇن خەق قىلىدىغان ئىشلارغا ئارىلاشمىغىنى خوپ. بولمىسا ئوغۇل بالىنىڭ ئەركەكلىكى ئۆپراپ، ئاز ـ ئازدىن كۆزگە كۆرۈنمەي سولۇپ مېڭىپ، بارغانچە ئەرلىك سالاپىتىدىن ئايرىلىپ، ئاخىر بېرىپ ئەركەكلىكى يوقالغان ياۋاشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. خوتۇنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ قالىدۇ. قارىسا ئەر كىشىدەك تۇرغان بىلەن خوتۇن خەق شامال، ئېتى ئەر كىشى، قىلىقى ئايال بولۇپ قالىدۇ. ئوغۇل بالا دېگەن ئوغۇل بالىدەك بولمىقى لازىم. مەدداھ ـ ۋائىزلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىسام، ئاخىرقى زاماندا ئەر

بىلەن خوتۇننىڭ پەرقى تۇگەپ، ئايال خەق ئەرلەردەك كوچا ـ كويائىلاردا ئىچىپ ـ چېكىپ ئويناپ يۈرەرمىش. ئەرلەر خوتۇنلاردەك ئۆزۈن چاچ قويۇپ، ئۆيدە بالا بېقىپ، تۆشۈككە ئۆتۈپ، كىر ـ قات يۇيۇپ، تىكىش تىكىپ، خوتۇنى ئويناپ كەلگۈچە يوتقان ـ كۆرپە سېلىپ ئېغەك يۆلەپ ساقلاپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالارمىش. ئۇ چاغدا ئايالار ئەرلەرنى كۆڭلى تارتماس بولۇپ، ئايالار ئايالار بىلەن ئىچى پۇشۇقى قىلارمىش ... سىز تېخى ياش، چىرايلىق بالا ئىكەنسىز، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، نازۇك بالا بولۇپ قاپسىز. ھەرگىز تۆشۈك بېشىغا — قازان ـ قومۇچقا يېقىن كەلمەڭ. ئەركەك دېگەن جەڭگە يارىتىلغان. خوتۇن خەق قازان بېشىغا، ئۆيگە يارىتىلغان. ئەر كىشى خوتۇن كىشىنىڭ قىلىدىغان ئىشىغا ئارىلىشىپ قالغان كۈنى زامان ئاخىرى بولىدۇ... — دەپ ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا چۇشەندۇردى موماي.

سەنەم ئىختىيارسىز ئەسنىدى.

— ھە، مەن بۇ چۆلدە گەپلىشىدىغان ئادەم يوق، بىر كىم كەلسە مۇشۇنداق ئاغزىمنىڭ پەجمى يوق سۆزلەپلا كېتىمەن، مېنىڭ ئېتىم سارىخان. ئوبدان ئۇخلاڭ بالام، سىزنىڭ ئېتىڭىز نېمە ئىدى؟ — سورىدى موماي.

سەنەم ھودۇقۇپ، كېكەچلەپ تەسلىكتە:

— غې ...غېرىب، — دېدى.

— ھە ... ھە ... چىرايلىق ئوغۇلغا ئەجەبمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان ئاتنى قويۇپتىكەن ئىگەكىم. غېرىب بالام، قورققۇڭىز كەلمەس، — دېدى موماي.

— ھە ... ياق، ياق، — دېدى سەنەم.

— قورقسىڭىز ئاۋۋال ئايەتلكۇرسىنى، ئاندىن قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەدنى ئوقۇپ ھۈرەپ ياتسىڭىز قورقمايسىز، قارا باسمايدۇ. سىزگە تۆتمىغان يېڭى يوتقان ـ كۆرپە سېلىپ بەردىم، خۇداغا ئامانەت.

— بۇ گەپتىن ياندىم، مەن تەلەپ قىلغاندىكىن غەزەل ئوقۇساڭ بولىدۇ، — دېدى.

— ئەمىسە كۆزۈمنى ئېچىۋەت، كۆزۈمدىن تېگىمقىنى ئېلىۋەتسەڭ ئوقۇيمەن، — دېدى غېرىب.

ئابلا كور ئىشارەت قىلدى، ياندىشىپ كېتىۋاتقان قاراقچى غېرىبنىڭ كۆزىنى ئېچىۋەتتى.

— سىلەر كىمنىڭ ئادەملىرى؟ — سورىدى غېرىب.

— گەپ سورىماي غەزىلىڭنى ئوقۇ، بولمىسا كۆزۈڭنىمۇ، ئاغزىڭنىمۇ ھېلىقىدەك قىلىمىز. ئىشقىلىپ، سېنى ئۇ دۇنياغا ئۇزاتقىلى كېتىۋاتىمىز، — دېدى ئابلا كور.

غېرىب ناخشا ئوقۇدى:

مەن نەيلەيىن نازۇك قولۇم باغلاندى،
يار جامالىن كۆرمەي ئۆلەر ئوخشايمەن.
قاراقچىلار ئۆلتۈرمەككە چاغلىدى،
يار جامالىن كۆرمەي ئۆلەر ئوخشايمەن.

بۇ جېنىمغا قەست بولدى قاراقچى ئاپەت،
بۇندىن قۇتۇلمىقىم يوقتۇر سالامەت.
گويا بولدى ماڭا رۇزى قىيامەت،
يار جامالىن كۆرمەي ئۆلەر ئوخشايمەن.

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

شاھ ئۇردىسى. مېھرىبانۇ خانىش ھۇجرىسىدا جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يىغلىماقتا.

— ئېھ ئۇلۇغ، قۇدرىتى چەكسىز، پاك پەرۋەردىگار! شۇ قىزىمنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ ئۇنى شۇ كۈيۈك ۋەسۋەسىسىدىن قۇتقۇزغايسەن. ئۇلۇغ ئاللا، ئۇنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. پاختىنىڭ ئارىسىدا چوغنى ساقلىغاندەك ساقلىغايسەن. ئۇلۇغ ئاللا، ئۇنى يېنىمغا كەلتۈرۈپ بەرگەيسەن. ماڭا دۇنيالىقتا بىر تال قىز بالا بېرىپسەن. شۇ قىز بالىنىڭ خاپىلىقىدىن قۇتقۇزغايسەن، ئۇلۇغ ئاللا.

مېھرىبانۇ خانىش شۇنداق دەپ جاينامازنىڭ ئۈستىگە دۈم يىقىلىپ ھۆكۈرەپ يىغلىدى. ھۇجرىغا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ كىرگەن شاھ ئىزىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى ـ دە، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە چوڭ خانىغا چىقىپ كۆرسىدا ئولتۇرۇپ سەئىد پازىلنى چاقىرتتى.

شاھ تەرىپىدىن چاقىرتىلغان سەئىد پازىل سەل نېرىدا — پەگاھتا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. شاھ ئۇنى سۆزلەشكە بۇيرۇدى. سەئىد پازىل كۆن مۇقاۋىلىق قېلىن كىتابقا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئەزمىسىنى ئېزىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەلىكە ئاللىيلىرىنىڭ نىيىتى ... غېرىبىنى تاپماق ئىكەن، غېرىبىنى تاپالمىغان تەقدىردە ... بىرەر پىنھان جاي تېپىپ شۇ يەردە سالامەت يەڭگىشنى مەقسەت قىلىدىكەن ...

— كالۋا ... بىغەرەز ... ئۇ ئۇنداق قىلسا ھەرگىز بولمايدۇ، ئۇ قانداق تۇغىدىكەن؟ ئەرگە تەگمەي تۇغۇش دېگەن بىر ئەلنىڭ پادىشاھىنىڭ ئارزۇلۇق مەلىكىسىنىڭ ئىشى بولىدىمۇ ئەمدى؟

بەكرەك قارىسىلا كىتابۇللاغا، تەقسىر. ئۇ بەخۋاش قايسى كامارغا كىرىۋاپتۇ؟ بىزنىڭ نانكورلار ئۇنىڭ بار يېرىنى تاپالامدىكەن؟

شاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ساقىلىنى تۇتاملاپ، قولىنىڭ دۈمبىسىنى قاپساپ تۇتۇپ بىرھازا سۆزلىدى.

ئەمدى گەپنى غېرىبتىن ئاڭلايلى. چوڭ بىر كۆلچەككە سۇ تامچىپ تۇرىدىغان ئۆڭكۈرنىڭ تورۇسىغا ئاغزىغا لاتا تىقىلىپ، كۆزى تېڭىۋېتىلگەن غېرىب يوغان تور تاغارغا سېلىنىپ ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىدە گۈلخان يېقىلغان، گۈلخاندا پۇتۇن قوينىڭ گۆشى كاۋاپ قىلىنىۋاتاتتى. بىر ـ بىرىدىن بەتبەشىرە سوپى ـ دەرۋىشلەر چىلىم تارتىشىپ، چۆگۈندىن ھېجىرلارغا چاي قۇيۇشۇپ ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ مەسلىھەتلەشمەكتە ئىدى.

— ھازىر ئالدىراپ خوش بولۇپ كەتمەيلى، چوجىنى كۈزدە سانىماق كېرەك. پېتىر ناندىن قىل ئالماق، پادىشاھتىن پۇل ئالماق تەس. گەپ بۇ بىر تاغار گۆشنى پادىشاھ بىلەن قانداق قىلىپ يۈز ئالتۇنغا تېگىشىشتە. ئۇنى شۇنداقلا بەرسەك، ئېلىۋېلىپلا سەن قەلەندەرنى كىم كۆردى، دەپ پۇلنى بەرمەي كۆتىمىزگە تېپىپ قوغلىۋەتسە، بىز پادىشاھنىڭ ئۈستىدىن كىمگە ئەرز قىلالايمىز؟ كىممۇ پادىشاھتىن پۇلىمىزنى ئېلىپ بېرىدۇ؟ — دېدى ئابلا كور.

ئىبراھىم دىۋانىمۇ گەپ قىستۇردى:

— خاننىڭ ئاغزى مايمۇن، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ بولمايدۇ، كۆتىمىزگە تېپىش بىر نۆرە، ماقۇل دەپ ئەكىرىپ زىندانغا تاشلىۋەتسە كۆرۈك، زىنداندا پىت ـ بۈرگىگە يەم بولۇپ ئۆلۈپ تۈگەيمىز.

— ئالتۇن، پۇل، مال ـ دۇنيانى قوغلاشقان ئادەمغۇ ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ. بۇ دۇنيالىقتا پادىشاھنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ، ئۆز يولىغا كېتىۋاتقان ئادەمنى تۇتۇپ، بېشىمىزغا پىت تېرىپ نېمە قىلىمىز؟ بىز سوپى ـ دەرۋىشلەرگە بايلىقنىڭ نېمە كېرىكى؟ — دېدى بىر دەرۋىش.

— بىز نادان، ئەخمەق خەققە بۇ دۇنيا مەئىشەتنىڭ، مال ـ دۇنيانىڭ كېرىكى يوق، دەپ ۋەز ئېيتىمىز. خەق راست ئوخشايدۇ، دەپ گول بولۇپ تۇرىدۇ. بىز يىغىمىز، بىز ئۇلارنىڭ سىرتىدا. بىزگە پۇل، مال ـ دۇنيا كېرەك. بىز مال ـ دۇنيا توپلاپ ئەتراپىمىزغا تېخىمۇ كۆپ مۇرىت توپلايمىز. ۋاقتىنىۋاق كەلگەندە خانلىق تەختىنى قولغا ئالىمىز. پادىشاھنىڭ ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن پۇل كېرەك، سەن بەڭگىنىڭ كاللىسىدا چىلىم تارتىشتىن باشقا نېمە بار؟ — دېدى ئابلا كور.

— بىز قولىمىزدىكى غېرىبنى ئوبدان يەرگە يوشۇرۇپ تۇرۇپ، خانلىقنىڭ يېڭى تەيىنلەنگەن باش جېسەكچىسى رەھمىتۇللا يەركەندى بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئىشنى قىلايلى، — دېدى ئىبراھىم دىۋانە.

— بىزنىڭ ئەڭ پىنھان ماكانىمىز مۇشۇ، مەشەدىن باشقا نەگە ئاپىرىمىز؟

— ئىش ئەپلەشسە ئىشنى پۈتتۈرىدىغان، بولمىسا جاننى ئەپقاچىدىغان ئەپچىل جاي مۇشۇ، — دېدى ئابلا كور.

— ئاڭلىسام ئۇ بۇرۇن پالەچ بولۇپ ساقايغانىكەن، ئۇ بۇنداق قاتتىق باغلاقتا يېتىۋەرسە، يەنە قوپالماس بىر زەمبىل گۆش بولۇپ قالامسۇن؟ مېنىڭچە، ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى ئانچە ـ مۇنچە بوشىتىپ قويساقمىكىن، — دېدى ئىبراھىم دىۋانە.

— ئەخمەق بولما، مەن ئۇنى بىكاردىن تور تاشلاپ تۇتمىدىم. ئۇ دېگەن يۇلتۇز يايلىقىدىكى قاراقاپلان بەگنى يەڭگەن باتۇر چەۋەنداز، ئۇ سەل بوشىنىۋالسا، ھېچقايسىمىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيمىز، — ئابلا كور گۆلەيدى.

— بۇنداق باغلاقتا قويۇۋەرسەڭ، ئۇ راستلا پالەچ بولىدۇ، قوپالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى پادىشاھ ئالامدۇ؟ — دېدى ئىبراھىم دىۋانە.

— ئۇنىڭ چارىسىنى قىلساق بولىدۇ، — دېدى ئابلا كور.

قۇندۇز شەھىرى، قىستا ـ قىستاڭ بازار. ئۇچ ئېشەككە ئوتۇن ئارتىپ، ئوتۇنچى قىياپىتىدە ياسانغان ئىلياس بىلەن

ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى ئىشەكلىرىنى ھەيدەپ بازار ئارىلىماقتا. ئۇلار تار كوچىدىكى كىچىك بىر مەسچىت ئالدىدا پاكىز قىرىغان بىر بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ئاندىن ئىشەكلىرىنى مەسچىت چېتىدىكى ئىشەك باغلايدىغان مومىغا باغلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى مەسچىت ئالدىدىكى قېرى ئۈجمىنىڭ سايىسىدىكى سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى.

پالچى بوۋاي ۋارقىرىدى:

— ھەي ... ھەي ... ئوتۇنچى بالا، ئوتۇننى ساتامسىلەر؟

— ساتىمىز، — دېدى ئىلياس.

— ئوتۇن ساتىدىغان ئادەم ئوتۇن بازىرىغا بارماي، بۇ يەردە نېمە قىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدى پالچى بوۋاي.

— ئوتۇن بازىرىنى تاپالماي، مەشەدە بىردەم دېمىمىزنى ئېلىۋالايلى دەپ ئولتۇرغان، — جاۋاب بەردى ئىلياس.

— بىكار ئولتۇرغۇچە بىكار ئىشلە دەپتىكەن، پال سالدۇرمامسىلەر؟ دانىيال ئەلەيھىسسالامنىڭ پالىنى ئاچىمەن، — دېدى پالچى بوۋاي.

— ھەققى قانچە؟ — دەپ سورىدى ئىلياس.

— ئاران بىر تەڭگە، بىر تەڭگىگە نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىۋالالايسىلەر.

ئىلياس ئورنىدىن تۇرۇپ بەلۋېغى بىلەن يۈز - بويۇنلىرىدىكى تەرنى سۈرتۈپ، پالچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ دېدى:

— بىر تەڭگە بېرىمەن، دەپ باقسىلا، مەن ئوتۇنۇمنى نەرخى ناۋاسىغا چىقىرىپ ساتالامدىكەنمەن؟

پالچى بوۋاي بېيىت بىلەن جاۋاب بەردى:

گەپنى قىلغىن ئۇققانغا،
جان قېرىنداش تۇغقانغا.
نادان بىلەن سىرداشساڭ،
چورۇق بىلەن كىرەر يوتقانغا.

— پاھ، قالتىس شائىر ئىكەنلىغۇ، — دېدى ئىلياس.
— سەن دوپپامغا جىگدە سالىمەن دېمە، يىگىت. سەن ئوتتۇنچى ئەمەس ئىكەنسەن، نۇرغۇن چوڭ ئىشلارنى قىلغانسەن، ئادەممۇ ئۆلتۈرگەنسەن. سەن يىراق يەرلەردىن يېقىن بىر ئادىمىڭنى ئىزدەپ كەپسەن؟ — دېدى پالچى بوۋاي.
ئىلياس ئەتراپقا ئەندىكىپ قاراپ، ئۇنىڭدىن بۇنى قانداق بىلگەنلىكىنى سورىدى.
— قانداق بىلگىنىمنى دەپ بەرسەم، مەن نېمە ئىش قىلىمەن؟ قېرىغان چېغىمدا تىلەمچىلىك قىلىشنى ھار ئېلىپ، جان بېقىش ئۈچۈن تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بۇ ئىشنى قىلىۋاتىمەن. ئاللانىڭ جازاسىدىن رەھمىتى كەڭرى، ئاللا مەن تاشلاندۇق قېرىنى ئەپۇ قىلار دەيمەن.
— ئاللا مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ھەم ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. توۋا قىلسا ئامالسىزلىقتا قىلغان گۇناھلىق ئىشلارنى ئاللا كەچۈرىدۇ.
— ئېيتسىلا ئاتا، قانچە تەڭگە بەرسەم مېنىڭ ئىشىمنىڭ ئاقىۋىتىدىن بېشارەت بېرىپ، ئاندىن بۇ كۆپۈرانە ئىشنى تاشلاپ باشقا يول تۇتىلا؟ — ياندۇرۇپ سورىدى ئىلياس.
— ئوتتۇز تەڭگەم بولسا سېنىڭدەك ئېشەك سېتىۋېلىپ، جاڭگالدىن تۇز ئەكېلىپ تۇز سېتىپ جاھاندارچىلىق قىلاتتىم. شەھەردە ماڭا ئوخشاش بوۋايلار تۇزچىلىق قىلىدۇ.
— بولدى ھېساب، مۇشۇ ئۈچ ئېشەكنى ئوتۇنى بىلەن سىلىگە بەردىم، ئوتۇننى سېتىپ ئۇنىڭدىن كېيىن تۇزچىلىق قىلسىلا.
— سەن ئىزدەپ كەلگەن ئادەم بۇ شەھەردە يوق. ئۇ بۇ شەھەردىن چىقىپ چۆلدە بىر توپ بەتنىيەت خەسىسلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، ھازىر ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋاتىدۇ، — دېدى پالچى بوۋاي.
— ئۇلار ئۇنى نېمە قىلماقچى؟ — سورىدى ئىلياس.
— ئۇنى بىر ئەلنىڭ كاتتىسىغا ساتماقچى.

ئىلياس ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.
دەشت ـ چۆلدىكى سارىخان موماينىڭ يالغۇز مەھەللىسى. بىر توپ خانلىق لەشكەرلىرى مەھەللىنى قورشاپ كەلدى. ئىشىك ئالدىدىكى سۆگەتكە باغلاپ قويغان ئات قاتتىق كىشنىدى، سارىخان موماي ئالدىراپ تالاغا چىقتى. ئۇنىڭغىچە سەنەممۇ ئۆيدىن چىقتى، خان لەشكەرلىرى ئۇلارنى قورشىۋالدى، سەنەم يېنىدىن شەمشىرىنى چىقىرىپ بولغۇچە ئات ئۈستىدە تۇرغان بىرى سالما تاشلاپ ئۇنىڭ ئىككى قولىنى گەۋدىسىگە چاپلاپ قىمىر قىلالماس قىلىپ قويدى، يەنە بىر لەشكەر قۇچاقلاپلا بېشىدىكى سەللىسىنى ئېلىۋەتتى. سەنەمنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ چىقىپ مۈرىسىنى بىر ئالدى. شۇئان لەشكەر بېشى ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ تەزىم قىلدى.
ــ مەلىكە ئالىيلىرى، سىلىنى ئاخىر تاپتۇق، بىزنى كەچۈرگەيلا. بىز پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن سىلىنى ئىزدەپ ئاران تاپتۇق، سىلىنىڭ بۇ يەردىلىكلىرىنى بىلمەستىن تەۋەككۇل قىلغاندۇق.
ــ ھۇ پەس، ئىت رودۇپايلار ... مېنى قويۇۋېتىش! قانچە پۇل بەرسەم، مېنى كۆرمىدۇق دەپ قويۇۋېتەمسىلەر؟ ــ دېدى سەنەم.
لەشكەر بېشى جاۋاب بېرىپ:
ــ بىزگە پۇل كېرەك ئەمەس، مەلىكە ئالىيلىرى، بىزنى ئەئلىكتە قويمىغايلا، ــ دېدى.
ــ مېنى باغلاقتىن بوشات، مېنى باغلاشقا نېمە ھەددىڭ؟! ــ سەنەم يەنە ۋارقىرىدى.
ــ ئۆزلىرىنى مىڭ مەرتەم باغلاقتىن بوشاتقۇمىز بار. ئەمما، سىلى لەشكىرىي ماھارەتتە ئون ئەردىن قېلىشمايلا. بىز سىلىنى ئاران تاپقاندا باغلاقتىن بوشىتىپ، يەنە قولدىن چىقىرىپ قويۇشقا بېشىمىز ئون ئەمەس، مەلىكە ئالىيلىرى. ئۆزلىرىنى پەقەت پادىشاھ ئالىيلىرىلا باغلاقتىن بوشاتقاي! ئېلىپ مېڭىڭلار! ــ دېدى لەشكەر بېشى.

سارىخان ھەيرانۇھەس بولغان ھالدا:
— مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ، ئويغۇممۇ؟ — دېگىنىچە تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قالدى.
ئەمدى گەپنى غېرىبتىن ئاڭلايلى. قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە غېرىبنىڭ بوينىغا، قولىغا، پۇتىغا يوغان ئىشكەل سېلىنغان، زەنجىرنىڭ بىر غولاچ كەلگۈدەك ئۇچى ئۆڭكۈر تېمىدىكى تۆمۈر قوزۇققا باغلانغانىدى. غېرىب زەنجىرنى تارتقۇشلاپ باقتى، ئەمما زەنجىرلىك تۆمۈر قوزۇق مىدىر - سىدىر قىلمىدى، غېرىب ناخشا ئېيتتى:

سەنەمجانىم، سېنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۈنلەر يامان بولدى،
يۈسۈپ كەبى زىلەيخا دەپ مەنزىلگاھىم زىندان بولدى.
غەم پىراق بىرلە تولۇپمەن، ھىجرىڭدە بىمار بولۇپمەن،
سارغىيىپ گۈلدەك سولۇپمەن، رەڭگى روھىم سامان بولدى.
سادىق ئىدىم مۇھەببەتكە، باغرىم تولدى جاراھەتكە،
قالدىم يامان دەرد - كۈلپەتكە، قۇتۇلماغىم گۇمان بولدى.
غېرىب دەرلەر مىسكىن باشىم، تىنماي ئاقۇر كۆزدىن ياشىم،
قۇدۇق ئىچرە يار - يولداشىم يىلان بىرلە چايان بولدى.

زىنداندا ئوخشاش ئۆڭكۈر تۈگۈلۈكىدىن ئاغزىدا ساپال كومزەكنىڭ بېغىنى چىشلىگەن بىر دەرۋىش ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشۈپ، كومزەكنى غېرىبنىڭ ئالدىغا قويغاچ دېدى:
— راست ئىشق دېڭىزىغا غەرق بولغان، بىچارە، مەجنۇن غەزەلخان ئىكەنسەن. خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسى مېكىياننىڭ تۇخۇمىغا ئوخشاش نېمە. سەن خوتۇننىڭ ئىشقىغا بېرىلگۈچە، ئاللانىڭ ئىشقىغا بېرىلسەڭچۇ ! خوتۇن كىشى دېگەن تېگى - تەكتىدىن ئەرنىڭ دۈشمىنى. مۇشۇ گاداي جېنىڭدا پادىشاھنىڭ مەلىكىسىگە كۆيدۈم - پىشتىم دەپ يۈرگۈچە، ئاۋام خوتۇندىن بىرنى ئالغان بولساڭ، ساڭا مۇشۇ كۈن يوق. مەن ساڭا ئىبراھىم دىۋانىنىڭ بىر قوشىقىنى دەپ بېرەي، ئاڭلىۋالساڭ ھەرقاچان ئۇنىمۇ ئاھاڭغا سېلىپ غەزەل قىلىپ ئېيتىسەن.

ئات دۈشمەنى قامچا بولۇر،
ئۈستىدە بولغاچ بىلىنمەس.
ئەر دۈشمىنى خوتۇن بولۇر،
يېنىدا بولغاچ بىلىنمەس.

— ماڭا سالغان ئىشقنى سەن مەڭگۈ چۈشەنمەيسەن، — دېدى غېرىب.

— خۇدانىڭ ئىشقى مەڭگۈلۈك، خوتۇننىڭ ئىشقى بىر كۈنلۈك، سەن ئۇنى چۈشەنمەيسەن، — دېدى دەرۋىش.

ھۆربانۇ خانىشنىڭ ھۇجرىسىدا ھەممە نەرسە قالايمىقان، يىرتىق، ۋەيرانە ھالەتتە ئىدى. ئۇ چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق چەكچەيگەن پېتى قورۇق بۆشۈكنى تەۋرەتمەكتە. بىر دېدەك پەم بىلەن كېلىپ يەرگە تاشلانغان ياستۇقنى ئالماقچى بولۇپ ئېڭىشتى، ھۆربانۇ شۇئان چاچراپ تۇرۇپ دېدەكنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ تالاپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن دېدەك چىرقىرىدى. باشقا دېدەكلەر كېلىپ ئۇلارنى ئاجرىتالماي چۇرقىرىشىپ تارتىشتى.

ئەمدى سەنەمگە كېلەيلى. چۆل يولىدا خان لەشكەرلىرى كۆشۈك ھارۋىغا سولانغان سەنەمنى قاتمۇقات مۇھاسىرىدە ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئالدىنئالا ئوردىغا مەلۇمات بېرىش ئۈچۈن تار، يالغۇز ئاياغ يول بىلەن چاپارمەن ماڭدۇردى. چاپارمەن ئېتىنى قامچىلاپ بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى. كۆشۈك ھارۋىدا ئولتۇرۇپ ئىچى سىقىلغان سەنەم ھەسرەت بىلەن ناخشا ئېيتتى:

ۋاھ، نە خۇشتۇر، خەستەلىكتە كۆرىسىلەر يارىم كېلىپ،
ياكى يالغۇزلۇقتا ياندا تۇرسا دىلدارىم كېلىپ.
كەلسە غەمنىڭ لەشكىرى باشىمنى ئايلاندۇرغىلى،

ۋاھ، قەتل ئەتسە ئىتلارنى دىل ئازارىم كېلىپ.
بۇ كۆڭۈلنى بارچە غەملەردىن خالاس ئەتسە ئىدى،
بىر نەزەر قىلماق بىلەن ئول شوخ خۇنخارىم كېلىپ.
ئەي سەنەم نەچچە ۋاق بەرداش بېرىپ، تاقەتتە بول،
مەرھەمەت ئەيلەر زۇلۇم يەتكەندە غەمخارىم كېلىپ.

يىراقتىن بىر توپ لەشكەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى، لەشكەر بېشى قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ سىنچىلاپ قارىدى.
— نۆكەر ! — دېدى لەشكەر بېشى.
— لەببەي سەركەردەم ! — دېدى نۆكەر.
— سەن ئىككى ئادەم بىلەن ئالدىغا بېرىپ قاراپ باق، نېمە ئادەملەركىن؟ — دەپ بۇيرۇق قىلدى لەشكەر بېشى.
— خوپ، يۇرۇڭلار !
ئاتلىق ئۈچ نۆكەر ئالدى تەرەپكە ئات چاپتۇردى.
شاھ ھۇجرىسىدا يانپاشلاپ يېتىپ كۆزىنى يۇمۇپ چىلىم تارتماقتا. دېدەكلەر ئۇچىسىنى، پۇتىنى تۇتماقتا. مېھرىبانۇ خانىش ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ھۆكرەپ يىغلاپ ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى:
— شاھ ئالىيلىرى ... ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن... ماڭا رەھىم قىلسىلا ! بۇنداق چىلىم تارتىپ يېتىۋەرمەي ماڭا قىزىمنى تېپىپ بەرسىلە ! مەن سىلىدىن خۇش بولاي. ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولاي ! ماڭا قىزىمنى تېپىپ بەرسىلە !
شاھ غەزەپ بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، ئاياغ تەرەپتە چىلىمنى تۇتۇپ تۇرغان پارپىنى بىر تېپىپ يۇملىتىۋەتتى.
— مەن قانداق قىلىمەن؟ ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتتىم. ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن ياكى يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكەن بولسا ئامال يوق، يەر يۈزىدىلا بولسا ئادەملىرىم ئۇنى چوقۇم تاپىدۇ. سېنىڭچە بولغاندا، مەنمۇ چۆل - جەزىرە، تاغ - دالالاردا سەرسان بولۇپ يۈرەيمۇ ئەمدى؟ سەن تەقەززا بولساڭ، مەن

بولماپتىمەنمۇ؟ مەلىكە يالغۇزلا سېنىڭ قىزىڭمىدى؟ مەن ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمەسمۇ؟ — دېدى.
مېھرىبانۇ خانىش ئۇنىڭ ئايغىغا يىقىلىپ پۇتىنى قۇچاقلاپ يىغلاشقا باشلىدى:
— خان ئالىيلىرى، ماڭا رەھىم قىلسىلا ... قىزىمنى تېپىپ بەرسىلە ... مەن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولاي، مەلىكەمنى كۆزۈمگە كۆرسەتسىلە...
— ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ خوتۇننى ...
چاپارمەن كىرىپ سالام قىلىپ مەلۇمات بەردى:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھ ئالىيلىرى، خانىش ئايىم ... خۇش خەۋەر ... سۆيۈنچە.
مېھرىبانۇ شاپپىدە بېشىنى كۆتۈردى.
— سۆيۈنچەڭگە نېمە ئالساڭ ئېلىپ نەق گەپنى قىل، مەلىكىنىڭ خەۋىرىمۇ؟ — دەپ تەقەززالىق بىلەن سورىدى شاھ.
— ھەئە، مەلىكە ئالىيلىرىنى تاپتۇق.
— ھە ... ھە ... تاپتىڭلارمۇ؟
خانىش يۈگۈرۈپ كېلىپ چاپارمەنىنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ سورىدى:
— مەلىكە قېنى ... مېنىڭ قىزىم قېنى؟ ئۇ نەدە؟
شاھ خۇشاللىقتىن خۇدىنى يوقاتقان خانىشنىڭ قولىنى چاپارمەنىنىڭ ياقىسىدىن ئاجرىتىپ سورىدى:
— سۆزلە، ئۇلار قېنى؟
— ئۇلار كېلىۋاتىدۇ، مېنى ئالدىن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى.
چاپارمەن ھاسىراپ ئاران شۇ گەپنى دەپ بولۇپ پۇت - قولىنىڭ مادارى قېچىپ يىقىلدى. مۇلازىملار پايپېتەك بولۇپ چاپارمەننى كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كەتتى.
رەھمىتۇللا يەركەندى بىر توپ ئاتلىق ياساۋۇللار بىلەن ھارغىن ھەم سالپايغان ھالدا قەسىرگە كىرىپ ئاتتىن چۈشتى، چاكارلار يۈگۈرۈپ ئالدىغا چىقىپ ئاتنى قولىدىن ئالدى. باشقا

ياساۋۇللار ئاتخانا، ياساۋۇللار ئۆيى تەرەپكە كەتتى. قەسىرنىڭ پېشايۋان ئاستىدىكى قاتار ئىشىكلىرىدىن رەھمىتۇللا يەركەندىنىڭ ئۈچ خوتۇنى دېدەكلىرى بىلەن ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ خوتۇنلىرىنى سىلكىپ تاشلاپ پېشايۋان پەلەمپىيىدە ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا تۇتۇپ تەزىم قىلىپ تۇرغان مۇلازىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىدىن دۇبۇلغىسىنى ئالدى، ئۇنى مۇلازىم ئالدى. ئۇ ئاق ماتا تۇتۇپ تەزىم بىلەن تۇرغان دېدەكنىڭ قولىدىكى ماتانى تارتىپ دېگۈدەك ئېلىپ زەردە بىلەن قولىنى يۇدى.

— ئەمىر ھەزرىتىم، پادىشاھ ئالىيلىرى بەلگىلەپ بەرگەن مۆھلەتكە يەنە توققۇز كۈن قالدى، بىرەر يىپ ئۇچى بارمۇ؟ — سورىدى چوڭ خوتۇنى.

— بۇ كۈنلەرنى سەن سانىمىساڭمۇ كۆڭلۈمگە ئايان، ناھايىتى كەلسە كاللامنى ئالار، يەيدىغاننى يەپ، ئىچىدىغاننى ئىچىپ، كىيىدىغاننى كىيىپ بولدۇم. قىرىق يىل ئۆي تۇتۇپمۇ كەيپىياتىمغا قاراپ بىلمىدىڭمۇ، بىغەرەز خوتۇن؟ سېسىپ قالغان جېنىم بەربىر پىشىپ قالدى، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

چوڭ خوتۇنى ھۆ تارتىپ يىغلىدى، ئىككى كىچىك خوتۇنى ئەگىشىپ ھازا ئېچىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئەمىر ھەزرىتىم ... ۋاي مەن قانداق قىلاي، مۆرەبىسىم؟ ۋاي شور پېشانەم ... ۋاي تەتۈر پېشانەم ... قېرىغاندا نېمە كۈن كەلدى بېشىمغا؟ ... نېمە دېگەن كېلىشمەسلىك بۇ، ۋاي مەن بۇ دەردىمنى كىمگە تۆكەي؟ ... ۋاي مەن بۇ دەردىمنى كىمدىن ئالاي؟ ... ۋاي مەن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ بىر قوشۇق قانلىرىنى تىلىۋالاي ... ۋاي مەن سىلىنى تىلىۋالاي ... ياكى مۆھلەتنى ئۇزارتىپ بېرىشنى تىلەي.

رەھمىتۇللا يەركەندى قاتتىق ۋارقىرىدى:

— بولدى بەس، زۇۋانىڭنى ئۆچۈرۈش ! مەن تېخى ھايات،

ئۆلمىدىم، نېمىگە هازا ئېچىشىسەن؟ بېشىمنى ئاغرىتماي يوقىلىش كۆزۈمدىن! يوقىلىش، ئۆيلىرىڭگە كىرىپ كېتىش!

خوتۇنلار قورقۇنچتا جىمجىت بولۇشۇپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆي ـ ئۆيلەرگە كىرىپ كېتىشتى. پېشايۋاندا ئۆچىسىدىكى جەڭ كىيىملىرىنى سېلىۋەتكەن رەھمەتۇللا يەركەندى ئىچ كىيىملىرى بىلەن قالدى. ئۇ دېدەك قىز تەڭلىگەن ئاق شاپاقدوپپىسىنى كىيىپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ كۆزىنى يۇمۇپ ئاسمانغا قارىدى، پېشايۋانغا ئېسىپ قويۇلغان قەپەسلەردىكى تورغاي، تۇمۇچۇقلار بەس ـ بەستە سايرىدى. ئۇ كۆزىنى لاپ قىلىپ ئېچىپ قەپەسلەرگە خۇددى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئىنچىكىلەپ قارىدى.

— قايسىڭ بار؟

— لەببەي، ئەمىر ھەزرىتىم! — دەپ تەييار بولدى مۇلازىم.

— ئاۋۇ قەپەسلەرنى ئالدىمغا كەلتۈر! — دېدى رەھمەتۇللا يەركەندى.

— خوپ، ھەزرىتىم!

مۇلازىم ئالدىدىكى تورغاي بار قەپەسنى ئەكەلدى. رەھمەتۇللا يەركەندى قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، تورغاي ئۇياق ـ بۇياققا ئۇچۇپ قونۇپ قەپەسنىڭ ئىشىكىدىن چىقمىدى. رەھمەتۇللا يەركەندى قەپەسنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىنى پەسكە قىلىپ سىلكىدى، لېكىن تورغاي يەنىلا قەپەستىن چىققىلى ئۇنىمىدى. رەھمەتۇللا يەركەندى قولىنى قەپەسنىڭ ئىچىگە تىقىپ تورغاينى ئېلىپ ئالىقىنىدا تۇتۇپ تۇردى. تورغاي يەنە ئۇچماستىن قاراپ تۇردى. رەھمەتۇللا يەركەندى ئاغزىدا ئۇشقىرتىپ ئۈركۈتتى، تورغاي يەنىلا ئۇچماي سايراپ تۇردى. ئاسمانغا ئاتقاندى، شۇندىلا تورغاي ئۇچۇپ كەتتى. يەنە قايتىپ كېلىپ ئۆگزىنى ئايلاندى.

— قەپەستىكى قۇشلارنى قويۇۋېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى رەھمەتۇللا يەركەندى.

— خوپ، ئەمىر ئالىيلىرى ... ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋېتەمدۇق؟ — سورىدى مۇلازىم.

— ھەئە، بىرىنىمۇ قالدۇرماي قويۇۋېتىڭلار ، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— ئۇلارنى ئۆزلىرى ئاتايىن يىراق - يىراقلاردىن تۇتقۇزۇپ ئەكەلدۇرۇپ ئاران تەستە كۆندۇرگەن، ناھايىتى قىممەت توختىغان قۇشلار ئىدى، — دېدى مۇلازىم.

— قىممەت بولسىمۇ مەيلى، بىرىنى قويماي قويۇۋەت !

— ئىسىت، بىر - بىرىدىن چىرايلىق سايرايدىغان قۇشلار ئىدى، — دېدى مۇلازىم.

— ئۇلار خۇشاللىقتىن سايرىمايدىكەن، قەپەسكە سولىنىپ قالغانلىقىنىڭ ئازابىدىن سايرايدىكەن. ھازىردىن باشلاپ بارلىق مۇلازىم - دېدەكلەرنىمۇ ئازاد قىلدىم، سىلەرمۇ خالىغان يېرىڭلارغا بېرىپ ئۆزۈڭلارنىڭ كۆنىنى ئۆزۈڭلار ئېلىڭلار. خالىغانچە دەڭلار، ھەققىڭلارنى بېرىمەن. ھەممىسىگە خەۋەر قىل. مەن ماڭا چاكار - دېدەك بولۇپ خىزمىتىمنى قىلغان ھەربىرىنى رازى بولغۇچە مال، پۇل - پۇچەك بېرىپ قۇللۇقتىن ئازاد قىلىمەن.

رەھمىتۇللا يەركەندىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن مۇلازىم تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىپ دېدى:

— ئەمىر ھەزرىتىم، ماڭا رەھىم قىلسىلا، مەن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن، مەن ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىپ كۆنۈپ قاپتىمەن، بۇ قورۇغا كۆنۈپ قاپتىمەن. مەن بۇ يەردىن ھەرگىز كەتمەيمەن، مېنىڭ بارارغا جايىم، باش تىققارغا ئۆيۈم، پۇت قويارغا يېرىم، ماڭا كۆيۈنىدىغان بىرەر يېقىن قېرىندىشىم يوق.

— مەن سىلەرنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلدىم، سىلەر ھۆر ئادەمگە ئايلاندىڭلار. نەگە بارساڭلار، نەدە تۇرساڭلار، نېمە دېسەڭلار بولىۋېرىدۇ. سەن ھۆر ئادەم، مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىمەن دېمەي ئۆز ئالدىڭغا نېمە ئىش قىلساڭ بولىۋېرىدۇ، —

دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— مېنىڭ ئۆزلىرىدەك بىر خوجايىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىن، يۇگۇر - يېتىملىكتىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دېدى يەنە بىر چاكار.

— مەن پۇل - مال بېرىمەن. يەر تېرىساڭ، مال باقساڭ ياكى باغ قىلىپ باغۋەنلىك قىلساڭ، بىرەر ھۈنەر - كەسىپ، تىجارەت قىلساڭمۇ بولىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— مېنى ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، ھەزرىتىم، مېنىڭ قولۇمدىن باشقا ئىش كەلمەيدۇ. مەن سىلىدىن، بۇ قورۇدىن ئايرىلسام ئاچ - يالىڭاچ قالىمەن. مېنىڭ ئۆزلىرىدىن ئايرىلغۇم، باشقا ھەرقانداق ئىش قىلغۇم يوق. مەن سىلىنىڭ قول - چاكارلىرى بولۇپ كۆنۈپ قاپتىمەن. مەن ئۆلگۈچە سىلىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىشقا رازى. مېنى ھەرگىز قوغلىمىسىلا، قوغلايمەن دېمىسىلە ... مەن خۇش بولۇپ قالاي.

مۇلازىم شۇنداق دەپ رەھمىتۇللا يەركەندىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، يالۋۇرۇپ ھۆڭرەپ يىغلىدى. رەھمىتۇللا يەركەندى ياقىسىنى تۇتۇپ، ئاچچىق كۈلۈپ دېدى:

— توۋا، ئەستاغپۇرۇللا، توۋا قىلدىم خۇدايىم، كۆنۈپ قېلىش نېمىدېگەن يامان - ھە؟! قول ئادەم قۇللۇققا كۆنۈپ قالسا، ئۇنى ھۆر ئادەمگە ئايلاندۇرۇش ئۇچۇنمۇ، ھۆرلۈككە كۆندۈرۈشكىمۇ ئەجىر كەتكۈدەك.

شۇ چاغدا ھويلىغا چاپارمەن ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ كەلدى - دە، ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، تەزىم قىلىمەن دەپ يىقىلىپ چۈشتى. ئاندىن ئۇ تەستە بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

— خۇش خەۋەر، ئەمىر ئالىيلىرى، مەلىكە سەنەم قولغا چۈشتى.

— ھە ... راستىمۇ؟ سۇبھانالla ... توۋا، ئىبادەتلىرىمنى نېمىدېگەن تېز ئىجابەت قىلغانسەن. يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر ... بۇرۇن تاغ ئايلانساڭ، ھازىر باغ ئايلىنىپ كېلىپ كۆرسىتىدىغان

بولدۇڭ، پاك پەرۋەردىگار، — دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

پۇتكۈل قورۇنىڭ ئىچى خۇشاللىققا چۆمدى.

ئوردا سىپىل دەرۋازىسىدىن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئاتلىق نۆكەرلىرى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېھرىبانۇ خانىش ئولتۇرغان شاھانە بېزەلگەن مەپە ھەم قورۇقچىلار چىقىپ كەلدى. خۇشاللىقتىن چىرايىغا نۇر يۈگۈرۈپ، ياشىرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغان مېھرىبانۇ خانىش سەنەمنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىق ياساۋۇللار قوغداپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە يۈكىنىپ ئولتۇرغان تۇران ئايلا خۇشال دېدى:

— مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا دېگەن شۇ.

خانىش ئايىم قارىسىلا، مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتا ياشىرىپ كەتتىلە. كۆز تەگمىسۇن، بوشراق خۇشال بولسىلا.

خانىش خۇشاللىقتىن دېدى:

— ھازىر قانىتىم بولسا ئۇچۇپ بېرىپ قىزىمنىڭ ئالدىغا چۈشسەم، بېشىم كۆككە يېتەتتى.

بىراق، سەنەم تەرەپتە ئويلىمىغان ئىش يۈز بەردى. چۆلدە سەنەمنى ئېلىپ ماڭغان خان لەشكەرلىرى بىلەن قارشى تەرەپتىن كەلگەن يۈزلىرىنى قارا سەللىسىنىڭ پەتلىسى بىلەن ئورىۋالغان لەشكەرلەر دوقۇرۇشۇپ قالدى. خان لەشكەرلىرىنىڭ بېشى ئامىر سەئىد ۋارقىراپ دېدى:

— ھەي ... ھەي ... سىلەر نېمە ئادەملەر؟ مەيلى سىلەر خان لەشكىرى ياكى سودا كارۋىنى، قاراقچى بولۇڭلار، ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلاركى، سىلەر ئالدىدا توغرا تۇرۇۋالغىنىڭلار قاراخانىيلار ھامىيسى شاھى ئاباسىنىڭ ئوردا كارۋىنى. بىلمەستىن تۇرغان بولساڭلار ئەمدى ئاتلىرىڭلاردىن چۈشۈپ تىزلىنىپ گۇناھىڭلارنى تىلەڭلار ـ دە، ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار. بولمىسا ھېلى بىلمەپتىمىز، ئۇقماپتىمىز دېسەڭلار

كىچىكىسىلەر. دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ گۇناھىڭلارنى تىلەڭلار!
قارشى تەرەپتىن بىرى ئېتىنى ئالدىغا دېۋىتىپ چىقىپ ۋارقىرىدى:
— سىلەر خان لەشكەرلىرى بولساڭلار بىزمۇ خان لەشكەرلىرى، بىز خاننىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمىنى ئىزدەپ يۈرىمىز. شۇڭا، ئالدىمىزغا ئۇچرىغان ھەرقانداق ئادەم ياكى كارۋاننىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ، ئاندىن يول بېرىمىز!
ئامىر سەئىد سەل يۇمشاپ:
— ھە ... ئۇنداقتا ئۆز ئادەملەر ئىكەنمىز. بىزمۇ دەل خاننىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمىنى ئىزدەپ چىققانلارمىز، بىز ھازىر ئۇنى تېپىپ ئوردىغا ئېلىپ كېتىۋاتىمىز، — دېدى.
— قايسى ئەتىۋارلىق ئادىمنى تاپتىڭلار، غېرىبنىمۇ؟ — دەپ سورىدى لەشكەر.
ئامىر سەئىد جاۋاب بېرىپ:
— ياق، بىز مەلىكە ئالىيلىرىنى تاپتۇق. ئۇنى ھازىر ئوردىغا ئاپىرىپ شاھ ئالىيلىرىغا تاپشۇرىمىز، — دېدى.
— ئۇنداقتا كاتتا خۇشاللىق ئىش بوپتۇ، سىلەر تەلەيلىك قوشۇن ئىكەنسىلەر، خاندىن ئىنئام ئېلىش كاتتا شەرىپى سىلەرگە نائىل بوپتۇ. سىلەردەك ئامەتلىك قوشۇنغا يول بېرەيلى. سىلەرنى تەبرىكلەيمىز. ھەممىمىز ئاتتىن چۈشۈپ سىلەرنى ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۆزىتىپ قويىمىز. ئاندىن بىز داۋاملىق چۆلنى ئاختۇرۇپ غېرىب دېگەن پالاندىنى ئىزدەيمىز. سىلەرنى قۇتلۇقلايمىز. زەپەر قۇچقان قوشۇنغا مۇبارەك! سەركەردە نامىشەرىپىڭىز كىم بولىدۇ ؟ — دېدى سەركەردە.
— پېقىر ئوردا قورۇقچى لەشكەرلىرىنىڭ بېشى ئامىر سەئىد بولىمەن، سىلەرنىڭ سەردارىڭلار كىم؟ — دېدى ئامىر سەئىد ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن.
— بىزنىڭ سەركەردىمىز ھۆدەيچى لەشكەرلەر بېگى نىياز ئەلەم بولىدۇ، — دېدى لەشكەر.

— ھە ... ھە ... تونۇيمەن، نىياز ئەلەم جانابلىرىنى تونۇيمەن ... بىھۆرمەتلىك بوپتۇ، — دېدى ئامىر سەئىد.

قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاتلىرىدىن چۈشتى - دە، ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ ئوتتۇرىدا يول ئېچىپ، باشلىرىنى ئېگىپ، ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ، سول قولىدا ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرۇشتى. ناغرا - سۇنايچىلىرى شادلىق كۈيى ياڭراتتى. ئامىر سەئىد خۇشال بولۇپ قوشۇنى مېڭىشقا ئىشارەت قىلىپ ئۆزى ئالدىدا مەغرۇر ماڭدى.

ئەمدى رەھمىتۇللا ھەققىدە ئازراق توختىلىمىز. رەھمىتۇللا يەركەندى خۇشال ھالدا ئېتىغا مىنىپ نۆكەرلىرى بىلەن ئالدىراپ دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى، قاراۋۇل دەرۋازىنى ئاچتى. دەرۋازا ئالدىدا پاكار، سەت بىر ئېشەكنى مىنگەن جۇلدۇر كېيەن دەرۋىش توغرا تۇرۇۋالغان بولۇپ، دانە - دانە قىلىپ دېدى:

— ھەق دوست ئىللاللا، غېرىبنىڭ قەدىمى يەتتى، بالانىڭ قەدىمى يەتمىگەي! سەدىقە بالانى يەر، توۋا گۇناھنى يەر! مەن غېرىب - مۇساپىرغا بىرنى بەرسەڭ، بۈيۈك تەڭرىتائالا ساڭا مىڭنى بەرگەي، تۈگىمەس خەزىنە بەرگەي، چىققان دۆۋەڭ ئېگىز بولۇپ، مەرتىۋەڭ تېخىمۇ ئۆسكەي!

— قاراپ تۇرماي ئۇ رازى بولغۇچە تىلىگەن نەرسىسىنى سەدىقە قىلىڭلار! دەرۋىش ھەزرەتلىرى، مەن ئالدىراش سەپەرگە ئاتلاندىم. قەسىرىمدىكى مۇلازىملىرىم سىلىنى رازى قىلىدۇ، يولۇمنى توسمىسىلا، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— پېقىر مىسكىنگە ھېچكىمنىڭ سەدىقىسى ئەمەس، ئالىي سەردار رەھمىتۇللا يەركەندى ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆز قولى بىلەن بەرگەن ئىنئام، نەزىرىسى كېرەك، — دېدى دەرۋىش.

— بۇ قەسىردىكى ھەممە نەرسە مېنىڭ، مۇلازىملارنىڭ بەرگىنىمۇ مېنىڭ، مەن ئالدىراش سەپەرگە ئاتلاندىم، شۇلار بەرسىمۇ مەن بەرگەنگە ئوخشاش. مېنى ئالدىراش يولدىن

توسمىسىلا، دەرۋىش غوجام، ــ دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.
دەرۋىش يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:
ــ ئالدىرىغان سەپەر خەيرلىك بولمايدۇ. ئالدىرىغان نەدە دېسە، ئالدىرىمىغانىنىڭ كەينىدە دەپتىكەن. سىلى ئالدىراپ كېتىپ قىلىپ كېيىن پۇشايمانغا قالمىسىلا يەنە.
قاراۋۇللارنىڭ غەزىپى كېلىپ، دەرۋىشنى ئىشەكتىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ تامغا نىقتاپ، ئىشەكنى چەتكە تارتتى. ئىشەك جاھىللىق بىلەن ئىزىدا تۇرۇۋالدى، بىر قاراۋۇل ئالدىدىن، يەنە بىرى كەينىدىن ئۇرۇپ تەپسىمۇ تۇرۇۋالدى. قاراۋۇل تامغا چاپلىشۇەتكەن دەرۋىش پىخىلداپ كۈلۈپ دېدى:
ــ ئۇ دېگەن مېنىڭ ئىشىكىم، مېنى نارازى قىلساڭلار زور زىيان تارتىسىلەر. سەپىرىڭلار پۇشايمان بىلەن ئاخىرلىشىدۇ ـ دە، كېيىن مېنى ئىزدەپمۇ تاپالمايسىلەر. مەن ئەمدى بۇ دەرۋازىغا ھەرگىز ئاياغ باسمايمەن. مېنى تەڭرى سىلەرنى خاتا سەپەردىن توسۇپ توغرا يولغا باشلاشقا ئەۋەتكەن. سىلەر تەڭرىنىڭ سىلەرنى خاتا يولدىن توغرا يولغا باشلايدىغان ئادىمىنى كۆزگە ئىلماي رەنجىتىۋاتىسىلەر.
رەھمىتۇللا يەركەندى ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ دەرۋىشنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى ئېگىپ سالام قىلدى.
ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەرۋىش ھەزرەتلىرى، ئەتىگەندىكى مۇشتىتىن يانىما دەپتىكەن، دەي دېسەم ھازىر كۈن پېشىندىن قايرىلغان چاغ. قائىدە بويىچە چۈشكە قالغان قەلەندەرگە سەدىقە ـ نەزىر بېرىلمەيدۇ. ئەمما، مەن ئۆمرۈمدە سەدىقە ـ نەزىرنى ئايىغان ئادەم ئەمەسمەن. مال ـ دۇنيانى ئەمەس، سېخىيلىقنى، مەردلىكنى دوست تۇتقان ئادەم بولغاچقا، چۈش پېشىنگە قالغان قەلەندەرنى قوغلاڭلار دېگەن سۆزگە خىلاپ ھالدا ئۆزلىرىگە سەدىقە، نەزىر بېرىۋاتىمەن، ــ دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.
ــ پېقىر بۇ يەرگە سەھەر كەلگەن، ئەمما مەن سىلىنىڭ

قارىلىرىنى كۆرمىگۈچە دەرۋازىغا يولۇماي تۇردۇم. سىلىنى كۆرگەندىن كېيىن كەلسەم دەرۋازا سىرتىدىكى قاراۋۇللار مېنى يېقىن يولاتمىدى، ساقلاپ تۇردۇم. چۈش پېشىنگە قالغانىنىڭ گۇناھى ئۇلارغا تەۋەدۇر، سەردار ھەزرەتلىرى، — دېدى دەرۋىش.

رەھمىتۇللا يەركەندى جاۋابەن:

— قاراۋۇللار پېقىر ـ مىسكىنلەرنى سەدىقە بېرىپ يولغا سالالىتتى. ئۇلار ... — دېيىشىگە، دەرۋىش ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— ئۇلار شۇنداق قىلماقچى بولغان، مەن ئۇنىمىدىم. خۇددى ھازىرقىدەك مېنىڭ ئۆز قوللىرىدىن سەدىقە ئالغۇم بار.

نۆكەر ۋارقىرىغىنىچە دەرۋىشنىڭ ئالدىغا دېۋىنىپ دېدى:

— مۇتتەھەم دەرۋىش، نېمانداق ھالىڭ يوغان نېمە سەن؟ قەلەندەر دېگەنىڭمۇ مۇشۇنداق يوغانچىلىق قىلغىنى بارمۇ؟ ئەدىپىڭنى بېرىپ ئۆزۈڭگە تونۇتۇپ قويىدىغان دىۋانە ئىكەنسەن!

— تىلىڭ قۇرۇپ كەتسۇن دەپ دۇئايى ئىبادەت قىلسام بولار ئىدى، ئىش ئۇقماس نادان بالا ئىكەنسەن، گۆدەك بولغىنىڭ ئۈچۈن مەن گەپلىرىڭنى كۆڭلۈمگە ئالمايمەن. ئەمما، بىلىپ قال، نادان بالا، سېنىڭ نۆكەرلىكىڭدىن مېنىڭ قەلەندەرلىكىم ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم خان، ئۆزۈم ئۈچۈن ئىشلەپ ئۆزۈم ئۈچۈن تېپىپ يەيمەن. ئاستىمدىكى قوتۇر ئېشىكىمنىڭ تىزگىنى ئۆزۈمنىڭ قولىدا، سەن ئېسىل ئات مىنگەن سۆلەتلىك نۆكەر بولغىنىڭ بىلەن غوجاڭ ئۈچۈن ئىشلەپ، غوجاڭ ئۈچۈن قاۋايدىغان، بوينى باغلانغان ئىت سەن. سەن ئۆزۈڭنى تونۇۋال. مەن ئاللىبۇرۇن ئۆزۈمنى تونۇپ بولغان ئادەممەن، — دېدى دەرۋىش.

نۆكەر قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئېتىلدى، رەھمىتۇللا يەركەندى ئۇنى توسۇپ دېدى:

— بولدى بەس، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال! پېقىر ـ مىسكىنلەرگە

قوپاللىق قىلما ! چوڭى بېشىنى ئاچسا، كىچىكى قوڭىنى دېگەن شۇ، سەن جىم تۇر!

دەرۋىش پىخىلداپ كۈلۈپ دېدى:

— مانا قارا، ئۆزۈڭنى تونۇۋال، يىگىت. سېنىڭ غوجاڭ تۇر دېسە تۇرماي، ئاغزىڭنى يۇم دېسە يۇمماي ئامالىڭ يوق. مەن بىر قەلەندەر تۇرۇپ غوجاڭنى توسۇپ ئاتتىن چۈشۈردۈم. ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاشقا مەجبۇر، مەن يەنىلا سەندىن كاتتا مەن، مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم پادىشاھ، سەن قۇلدۇرسەن.

— دەرۋىش ھەزرەتلىرى، مەنمۇ ئۆزۈمنى ئاران بېسىپ تۇرۇۋاتىمەن. مانا بۇ بەش تەڭگىنى ئېلىپ مەندىن رازى بولۇپ، مېنى يولدىن توسمىسىلا. مەندىن باشقا ھەرقانداق ۋەزىر، ئەمىر سىلىگە مەندەك يول قويمايدۇ.

رەھمىتۇللا يەركەندى شۇنداق دەپ تەڭلىگەن بەش تەڭگىنى دەرۋىش ئالماي قولىنى ئىتتىرىۋەتتى. ئاران تۇرغان رەھمىتۇللا يەركەندىنىڭ غەزىپى تۇتۇپ، قۇيقا چاچلىرى تىكىلىشىپ، ساقاللىرى تىترەپ كەتتى ۋە غەزەپتىن دېدى:

— مانا ئۆز قولۇم بىلەن تەڭلىگەن تەڭگىنىمۇ ئالمىدىلا، رازى بولمىسىلا قولۇمدا خان شەمشىرى بار، خانلىقنىڭ چوڭ ئىشىغا دەخلى قىلغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا ھوقۇقلۇقمەن. مېنىڭ مۇھىم ئىشنى تاشلاپ سىلى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرۇشۇمنىڭ ئۆزىمۇ كاللا كېتىدىغان زور گۇناھ، ئەمدى مەندىن رەنجىمىسىلە !

رەھمىتۇللا يەركەندى قولىدىكى تەڭگىلەرنى پىرقىرىتىپ چۆرۈۋېتىپ يېنىدىن قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالدى، دەرۋىش يەنە دېدى:

— خەيرىيەت، غورىدىن ھالۋا پىشاي دېگەندە كوزىنى چاقىدىغان بولدىلا. بوينۇمنى تۇتۇپ بېرەي، ئەمما ئۆلۈشتىن بۇرۇن بىر كەلىمە سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئاندىن چاپسىلىمۇ كىچىكمەيلا. نادان ۋەزىر. مەن سىلىدىن سەدىقە ئالغىلى ئەمەس،

يوز تىللا ھەققىمنى ئالغىلى كەلگەن.

رەھمىتۇللا يەركەندى ئىگىز كۆتۈرگەن قىلىچىنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ - ئېچىپ بېشىنى سىلكىۋېتىپ سورىدى:

— نېمە، يەنە بىر دېگىنە قەلەندەر، يوز تىللا، مەندە يوز تىللا ئېلىشىڭ بارمۇ؟

دەرۋىش جاۋابەن دېدى:

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ. ئەسلىدە سىلى يوز تىللا ھەققىمنى بېرىپ مېنى رازى قىلىپ، شان - شەرەپ چوققىسىدا تۇرۇپ خەقنى چاۋاك چالدۇرۇپ، شەرەپ قۇچۇشنى ئەۋزەل بىلسىلە خوپ ئىدى. ئەمما، ھازىر مەندەك بىر قەلەندەر دەرۋىشنىڭ پىت باسقان كالىمىسىنى ئالسىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇن باشلىرىنى يەنە توققۇز كۈندىن كېيىن خان شەمشىرى بىلەن كاۋا توغرىغاندەك توغراپ ئىتقا تاشلاپ بېرىدىغانلىقىنى ئاڭقىرالمايۋاتىدىلا. بايا دەرۋازا ئىچىدىلا ئۆز باشلىرىنىڭ غېمىدە ئىدىلە، مانا ئەمدى دەرۋازا ئىچىدىكى بىلەنلا مۇرىلىرىدىكى كاللىلىرىنى ئۇنتۇدىلا. قارىسام، كاللىلىرى جايىدا تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، يەنە بىر قارىسام، بۇرۇن كاللىلىرى بارمىدى، يوقمىدى دەپ سورىغۇم كېلىدۇ.

رەھمىتۇللا يەركەندى جىممىدە چەكچىيىپ دەرۋىشنىڭ ئاغزىغا قېتىپ قالغاندەك قارىدى. غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، كۆك كۆزلىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، قىزىل - سېرىق ساقاللىرى تىترەپ، قىلىچ تۇتقان قوللىرى دىرىلداپ كەتتى. دەرۋىش گېپىنى داۋام قىلدى:

— قارىسام ئەقىللىرى تولۇق كېسىلىپ كېتىپتۇ. باشلىرى ئادەم كاللىسىنىڭ ئايدىڭدىكى كۆلەڭگۈسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. سىلى خەلقئالەمگە پۇر قىلغان، كىمكى مەن ئىزدىگەن ئادەمنى تۇتۇپ ئەكېلىپ بەرسە، يوز تىللا بېرىمەن دېگەن خان

پەرمانىنى مەنمۇ ئوقۇغان. ھازىر ئۆز يوللىرىغا ئات سالسىلا توققۇز كۈندىن كېيىن سايىسى بار، ئۆزى يوق كاللىلىرىدىن راست جۇدا بولىلا. ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ، مېنىڭ قوتۇر ئېشىكىمنىڭ كەينىدىن ماڭسىلا كاللىلىرى ئامان قېلىپ شاھلىرىنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىلا، بۇ كاتتا قەسىر ـ سارايدا يەنە بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم ياشايلا. گەپلىرىمنى، مەقسەت ـ مۇددىئالىرىمنى ئەمدى چۈشەندىلىمۇ؟

— ئۆمرۈمدە ھېچكىمدىن ئاڭلاپ باقمىغان ھاقارەتنى سەن قەلەندەر دەرۋىشتىن ئاڭلىدىم، بۇ خورلۇق ئۆمرۈمگە يېتىدۇ، ئەمما...

— بۇيۇك تەڭرىتائالانىڭ تەڭشىكى كارامەتتۇر. بىر توپ نار تۆگىنىڭ تۇمشۇقىدىكى چۇلۇكى قوتۇر ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇلغىنىنى كۆز ئالدىلىرىغا كەلتۈرسىلە، ئىچلىرى ئاچچىق بولمايدۇ، — دېدى دەرۋىش.

— خوپ، دەرۋىش، گېپىڭ راستمۇ؟ غېرىب سەندە، مەندىن يۈز تىللا ئالامسەن؟ — دېدى رەھمەتۇللا يەركەندى بىردىنلا.

— مېنىڭ جېنىم تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا كۆڭلۈمنىڭ سىرىقىنى كۆرۈپ ياشىغۇم بار، پادىشاھ ھەم ئۇنىڭ ۋەزىر، ئەمىرلىرى بىلەن چاقچاقلاشقۇم يوق، — دېدى دەرۋىش.

— غېرىب دېگەن بىر باھادىر، يېڭىلمەس چەۋەنداز. سەن بولساڭ بىر قەلەندەر دەرۋىش. ئەگەر مېنى ئالدايدىغان بولساڭ گۆشۈڭنى بىر توغرامدىن كېسىپ قىيناپ جېنىڭنى ئالىمەن. سەن قانداق قىلىپ غېرىبنى تونۇيسەن؟ — دېدى رەھمەتۇللا يەركەندى.

— ھەرقانداق ئېگىز ئۇچقان بۈركۈتنىڭمۇ يەرگە قونمايدىغىنى بولمايدۇ. ئۆزلىرى پىلنىڭ ئوسۇرغىنىنى كۆرگەنمۇ؟ مەن بىر قەلەندەر دەرۋىش، ئەمما مەن بىر ئەلچى، — دېدى دەرۋىش.

— گېپىڭ راستمۇ؟ گېپىڭ راست بولسا يۈز تىللانى قىل

خۇرجۇنغا سېلىپ ئۆشنەڭگە ئارتىپ ساڭا ئەگىشىپ بارىمەن، يالغان بولسا سېنى ئۆلتۈرۈپ گۆرۈڭگە ئوت قويىمەن.

ئەمدى ئامىر سەئىد تەرەپكە كېلەيلى. دەشت ـ چۆلدە ئامىر سەئىدنىڭ لەشكەرلىرى ئاغرا ـ سۇناي ساداسى ئىچىدە بېشىنى ئېگىپ ھۆرمەتتە تۇرغان لەشكەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن مەغرۇر ئۆتتى. ئۇلار ھۆرمەتتە تۇرغان لەشكەرلەرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تۇرغان لەشكەرلەردىن تۆتى ئۆزلىرىنىڭ ھارۋىسىدىكى يوغان ياغاچ كۇبقا تۇلۇملاردىن سۇ قۇيۇپ تولدۇرۇپ ئىككى نوگايدا سۇ ئېلىپ نۆۋەت بىلەن ئىچتى، ئاندىن يەنە ئىككى نوگاي سۇنى ئېلىپ ئۆز سەركەردىسى «نىياز ئەلەم» بىلەن ئامىر سەئىدكە تۇتتى. «نىيازئەلەم» ئېغىز ـ بۇرنىدىكى سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى ئېلىۋېتىپ نوگاينى ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ دېدى:

ــ پېقىر قېرى لەشكەر ئامەتلىك، ياش، شىجائەتلىك سەردارنىڭ مەلىكە ئالىيلىرىنى تاپقانلىق شان ـ شەرىپىنى قۇتلۇقلايمەن. مۇبارەك بولغاي ! دەشت ـ چۆلدە چاڭقاپ كەلگەن سەركەردىگە بىر نوگاي سۇ تۇتۇپ بولسىمۇ چاڭقاشلىرىغا دال بولاي دەيمەن.

ئامىر سەئىد ئۆز ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى:

ــ پېقىر ئالدىلىرىدا بالىمەن. تۆھپىكار سەركەردىنىڭ داڭقىنى كىچىكىمىزدىن ئاڭلاپ چوڭ بولغان، ئۆزلىرىنى يىراقتىن كۆرگەنمەن. پېقىرغا بۇ چۆلدە قىلغان ئىلتىپاتلىرى مەن ئۈچۈن يۈز تۆگە سويۇپ بەرگەن زىياپەتتىن ئەلا.

ــ كۆڭۈللىرىگە شەك كەلمەسلىكى ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزۈم ئىچەي.

«نىياز ئەلەم» نوگايدىكى سۇنى چار كۆتمەك ساقىلىغا ئېقىتىپ ئىچتى.

ــ ئۆزلىرىمۇ چەكسىز چۆلدە يەنە سەپەر قىلىدىغان تۇرسىلا بىزگە قىلغان ئىلتىپاتلىرىغا قانداقمۇ شەك كەلتۈرەيلى.

ئامىر سەئىد شۇنداق دەپ نوگايدىكى سۇنى تەشنالىق بىلەن

ئىچتى ھەم لەشكەرلەرگە ئىشارەت قىلدى. لەشكەرلەر سەپتىن چىقماستىن نوگايدىكى سۇنى نۆۋەت بىلەن ئىچىپ ئۆتتى. ياغاچ كۆبتىكى سۇ ئاز قالغاندا «نىياز ئەلەم»نىڭ لەشكەرلىرى تۇلۇملارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تولدۇرۇپ تۇردى. نۆۋەت سەنەمگە كەلگەندە ئۇ سۇ ئىچىشنى رەت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. بارلىق لەشكەرلەر ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن «نىياز ئەلەم»:

— غەلىبە - نۇسرەتلىرىڭلار ياراشقاي! — دېدى.

— سىلىگىمۇ نۇسرەت بىلەن قايتقىلى نېسىپ بولغاي. خۇداغا ئامانەت.

ئۇلار پاتىھە قىلىپ خوشلىشىپ يوللىرىغا راۋان بولۇشتى.

ئەمدى رەھمىتۇللا يەركەندى تەرەپكە كېلىمىز. قۇرۇق تاغ يولىدا دەرۋىش ئېشىكى بىلەن غىتىلداپ ماڭماقتا. ئۇنىڭ كەينىدىن رەھمىتۇللا يەركەندى باشلىغان خان لەشكەرلىرى ئىسسىق تەپتىدىن ماڭغۇدەك ھەپسىلى يوق ئاران ماڭاتتى. رەھمىتۇللا يەركەندى ئېتىنى دېۋىتىپ دەرۋىش بىلەن تەڭقۇلاق بولۇپ ماڭدى.

— دەرۋىش ھەزرەتلىرى، بۇنداق مېڭىپ سىلى دېگەن مەنزىلگە قاچان يېتەرمىز؟ — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— ئادەمدە تاقەت بولمىقى لازىمدۇر. سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن، — دېدى دەرۋىش.

— ئېشەكلىرىنى ئاتقا ئالماشتۇرۇپ سەپەرنى تېزرەك ئاخىرلاشتۇرايلى، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— مەن بۇ قولىقى يۇمشاق ھەمراھىمنى تاشلاپ ئات مىنەرمەنمۇ؟

— ئۇنى مۇشۇ چۆلدىن تېپىۋالاملا؟ — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— بۆرە يەپ كەتمىسىلا - ھە؟!

— دەرۋىش ھەزرەتلىرىنى ئاتقا مىندۇرۇڭلار!

— ئاتقا مىنىشىمنىڭ شەرتى بار، — دېدى دەرۋىش.

— خوش، قېنى دېسىلە، ھەزرەتلىرى.

— لەشكەرلىرى مۇشۇ يەردە قالىدۇ. ئۆزلىرى ياراغ ئالماي مەن بىلەن بىرىپ غېرىبنى كۆرىلا، مەن كېتىمەن، سىلى قالىلا، كېيىن لەشكەرلەرنى ئاپىراملا ياكى ئۆزلىرى غېرىبنى ئېلىپ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلەملا، ئۆزلىرى بىلسىلە.

— شۇنداق بولسۇن، كېلىشتۇق. سىلەر مەشەدە توختاپ يۈت ـ قولۇڭلارنى سۇنۇپ، ئاتلارنى بوغۇزلاندۇرۇپ تۇرۇڭلار...

لەشكەرلەر ئاتتىن چۈشۈپ قالدى. دەرۋىش تىللا سېلىنغان خۇرجۇننى تېقىمى ئاستىغا باستۇرۇپ، ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇردى، رەھمىتۇللا يەركەندى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېتىغا قامچا سالدى.

پايانسىز دەشت ـ چۆل. سەنەمنى ئېلىپ ماڭغان ئامىر سەئىدنىڭ لەشكەرلىرى ئات ئۈستىدە مۈگدەپ كۆزلىرىنى ئاچالماي، ئاتتىن چالما تۆكۈلگەندەك ئارقا ـ ئارقىدىن پوكۇلداپ چۈشۈپ يەردە سوزۇلۇپ ياتتى. قوشۇن چۇۋۇلۇپ ئاتلار ئىگىسىز قالدى. ئالدىدا كېتىۋاتقان ئامىر سەئىدمۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ بېشىنى قانچە قېتىم سىلكىسىمۇ ئەپلەشمەي، قوشۇنغا قاراپ گەپ قىلىشقا تەمشەلسىمۇ، ئاغزىدىن گەپ چىقماي يەرگە يىقىلدى. سەنەم بۇ ئىشلارغا ھەيران قېلىپ سەگەكلىشىپ ئەتراپقا قارىدى.

دەشت ـ چۆلدە ئاستا كېلىۋاتقان «نىياز ئەلەم»نىمۇ ئۇيقۇ باستى. بۇنى كۆرگەن يانداپ كېتىۋاتقان مەلىكە بەرنا يۈزىدىكى نىقابنى ئېچىپ نۆكەرگە دېدى:

— ماۋۇ يالغان نىياز ئەلەمگە بىھوش دورىسىنىڭ كۈچىنى كېسىدىغان دورا تەرياقنى ئىچۈرۈڭلار! تۆتىڭلار ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئارقىمىزدىن يېتىڭلار، قالغانلار مەن بىلەن يۈرۈڭلار!

مەلىكە بەرنا سەللىسىنىڭ پەتلىسى بىلەن ئاغزى ـ بۇرنىنى يۆگەپ، ئاتنى قامچىلاپ شىددەت بىلەن چاپتۇرۇپ ماڭدى. قوشۇن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قۇيۇندەك چاپتى.

«نىياز ئەلەم» ئاتتىن يىقىلدى، تۆت نۆكەر ئۇنىڭ بېشىنى

يۈلەپ، لاتىغا ئۇرالغان ئۇندەك دورا تەرياقىنى «نىياز ئەلەم»نىڭ ئاغزىغا تۆكۈپ، تولۇمدىن سۇ تۆكۈپ ئىچۈردى، سۇ ئۇنىڭ ساقاللىرىغا سىڭىپ كەتتى.

ئامىر سەئىدنى يىقىتقانلار مەلىكە بەرنانىڭ ئادەملىرى ئىدى. دەشت ـ چۆلدە مەلىكە بەرنا باشلاپ كەلگەن قوشۇن ساينىڭ تېشىدەك سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئامىر سەئىد قوشۇنىنى قورشاپ كېلىپ، ئۇدۇل سەنەمنىڭ ھارۋىسىغا يېقىنلاشتى. قېرى ھارۋىكەش سۇ ئىچمەكچىدە ساق ئىدى، ئۇ يېنىدىن قىلىچىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

— مەلىكە ئالىيلىرىغا چېقىلغۇچى بولۇشما، قېرى جېنىمنى سەنلەرگە تىكىپ قويدۇم!

مەلىكە بەرنا ھارۋىكەشنىڭ قولىدىكى قىلىچنى قامچا بىلەن بىرنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى. ھارۋىكەش ئېڭىشىپ ئۇنى ئالاي دېگۈچە بىر لەشكەر قىلىچنى ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭ كانىيىغا تىرىدى، سەنەم كۆشۈك ئىچىدە تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ئەركەك بولساڭلار قېرى ئادەمگە چېقىلماڭلار!

مەلىكە بەرنا يۈزىنى ئېچىپ سەنەمگە يۈزلىنىپ دېدى:

— مەنمۇ سىزگە ئوخشاش، مەلىكە سەنەم، بىزنىڭ قېرى ئادەمگە ھەم سىزگىمۇ چېقىلىش نىيىتىمىز يوق.

— سىلەر كىم، نېمە قىلماقچىسىلەر؟ — سورىدى سەنەم.

— مۇرادىغا يېتەلمەي، چۆللەردە سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنى مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزەي دەپ كەلدىم. مەلىكە سەنەم، ئات مىنەلەمسىز؟ — دېدى مەلىكە بەرنا.

— سىز كىم؟

— سىزگە مېنىڭ كىملىكىم ئەمەس، مەشۇقىڭىز غېرىب كېرەكقۇ؟

— ئۇ نەدە؟ — سورىدى سەنەم جانلىنىپ.

— قورقماڭ، ئۇ مېنىڭ قولۇمدا. مېنىڭ سىلەرنى مۇراد ـ مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزۈشتىن باشقا خىيالىم يوق، — دېدى مەلىكە بەرنا.

— راستمۇ، ئۇ ھاياتمۇ؟
سەنەم خۇشاللىقتىن يىغلىۋەتتى.
— ماۋۇ كۆشۈكنىڭ قۇلۇپىنى چېقىڭلار، — دېدى مەلىكە بەرنا.
— ياق، ئاچقۇچ ھارۋىكەش بوۋاينىڭ قولىدا بار. بوۋا، خاپا بولماي ئاچقۇچنى ئۇلارغا بەرسىڭىز. ئۇلار مېنى غېرىبنىڭ يېنىغا ئاپىرىدىكەن، — دېدى مەلىكە سەنەم.
— ھە ... بۇ راست بولسا ئوبدان گەپ ئىكەن، ئۇنداقتا سىلەرنىڭ نىيىتىڭلار بىزنىڭكىدىن خېلى تۈزۈك ئىكەن، مەلىكە ئالىيلىرىنى سىلەرگە تاپشۇراي، ئەمما بىرمۇنچە ئادەمنى بىھۇدە ئۆلتۈردۈڭلار ـ دە.
— ئۇلارنى ئۆلتۈرمىدۇق، بوۋاي. ئۇلارنى ساقلاپ ئەسىرگىچە ئولتۇرسىڭىز تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىدۇ. ئۇلارغا بىزدىن سالام دەڭ. ئۇلار ھازىر تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ.
— سىلەرنى كىمكەن دېسە نېمە دەيمەن؟ — دېدى بوۋاي.
— بىر ئايال بىلەن قىرىق قاراقچى دەڭ، — دېدى مەلىكە بەرنا.
ئەمدى گەپنى دەۋرىشتىن ئاڭلايلى. قۇرۇق تاغ ئارىسىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە دەرۋىش ئاتتىن چۈشۈپ:
— سەردار ھەزرەتلىرى، كەلدۇق، ئاتتىن چۈشسىلە، — دېدى.
ئۆڭكۈر ئاغزى ئۈستىدىن گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن تاش ـ تۇپىلاردا توسۇلۇپ قالغانىدى. ياندىكى تۆپىلىك بىلەن ئۆڭكۈر ئۈستىگە چىققاندا بىر غۇلاچ كەڭلىكتىكى تۆشۈك كۆزگە چېلىقاتتى. دەرۋىش ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدىكى قورام تاشقا باغلاپ، ئۆڭكۈر تۆپىسىگە ماڭدى، رەھمەتۇللا يەركەندى ئۇنىڭغا ئەگەشتى.
بۇ چاغدا قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە زەنجىر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان غېرىب ئۆڭكۈر تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ھەسرەت بىلەن ناخشا ئېيتماقتا ئىدى:

كىمگە قىلدىم بىر ۋاپاكىم، يۈز جەپاسىن كۆرمىدىم،
كۆرگۈزۈپ يۈز مېھرى، مىڭ دەردۇ بەلاسىن كۆرمىدىم.
كىمگە باشىمنى پىدا قىلدىمكى، باشىم قەسىدىغە
ھەر تەرەپتىن يۈز تۈمەن تىغ، ئىنتىھاسىن كۆرمىدىم.
كىمگە كۆڭلۈم ئەيلىدى، مېھىر ـ مۇھەببەت پاشىكىم،
ھەر ۋاپاغا يۈز جاپا، ئۇنىڭ جازاسىن كۆرمىدىم.
كىمگە سالدىم كۆز قاراۋۇئاقىنى كۆز ياش ئارا،
قان ئارا پىنھان كۆزۈم، ئاقۇقاراسىن كۆرمىدىم.

ئۆڭكۈر تۈگۈلۈكىدىن ئاۋۋال دەرۋىش، ئاندىن رەھمىتۇللا يەركەندى ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ چۈشتى.

— مانا سىلى ئىزدەپ يۈرگەن ئاشىق غېرىب، — دېدى دەرۋىش.

— يا پاناھ، تۇۋا قىلدىم، پاك پەرۋەردىگار، شۇنچە باھادىر ئەزىمەت قانداق بولۇپ پىتلىق دەرۋىشكە ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى؟ — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— ئاللانىڭ كارامىتى تولا، يىگىننىڭ تۆشۈكىدىن تۆگىنى ئۆتكۈزگەندەك، بىرلىرى ئىنسان ئەقلى سىغدۇرالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا قادىر، — دېدى دەرۋىش.

ئۆڭكۈر ئالدىدا ئابلا كور، ئىبراھىم دىۋانە باشلىق نىقابلانغان ئاتلىق دەرۋىشلەر پەيدا بولۇپ، باغلاقتىكى ئاتنىڭ ئۇچىسىدىكى قىل خۇرجۇننى ئالدى. ئابلا كور خۇرجۇننىڭ ئىزمىسىنى يېشىپ ئىچىدىكى تىللالارنى ئېلىپ كۆردى ـ دە، خۇرجۇننى ئۆزىنىڭ ئېتىنىڭ دۇمبىسىگە ئارتىپ ئىشارەت قىلدى. دەرۋىشلەر باغلاقتىكى ئاتلارنى ئېلىپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى.

ئۆڭكۈر ئىچىدە رەھمىتۇللا يەركەندى ئاچقۇچلارنى ئايرىپ ئىشكەلىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىش بىلەن بولۇۋاتقاندا، دەرۋىش ساڭگىلاپ تۇرغان ئارغامچىغا يامىشىپ تۈگۈلۈكتىن چىقىپ كەتتى.

— خەير، خۇداغا ئامانەت، — دېدى دەرۋىش.
— توختا، دەرۋىش! — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.
— ئارىمىزدا توختىغۇدەك ئىش قالمىدى.
دەرۋىش شۇنداق دېگەچ ئارغامچىنى تارتىۋالدى.
— ئارغامچىنى تارتىۋالما، ئۇنى ئېلىۋالساڭ بۇ ئۆڭكۈردىن قانداق چىقىمىز؟
— سىلەر دېگەن لەشكىرىي ماھارەتتە يېتىلگەن چەۋەندازلار، ئىككى ئادەم مۇرەڭلەرگە دەسسىشىپ بولسىمۇ چىقىپ كېتىسىلەر، — دېدى دەرۋىش.
— بويىمىز يەتمەيدۇ!
— سىلەر بارمىغاندىكىن لەشكەرلەر ھامان سىلەرنى ئىزدەپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاسان تېپىشى ئۈچۈن ئۆڭكۈر ئالدىغا تېزەكتە ئىس چىقىرىپ، كولايمنى ئۆڭكۈر ئالدىغا قويۇپ كېتىمەن. ئۆڭكۈر ئالدىغا ئادەم كەلسە شەپە پەيدا بولىدۇ. ۋارقىراڭلار، ئاڭلايدۇ!
دەرۋىش شۇنداق دەپ تۇڭلۇكتىن غايىب بولدى.
دەرۋىش ئۆڭكۈردىن چىقىپ كولاسىنى سېلىپ ئىسقىرتتى، ئاتلىق بىر دەرۋىش بىر توقۇقلۇق ئاتنى ئەگەشتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار دۆۋىلەكلىك تېزەككە چاقماق تاشنى چېقىپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ قويۇپ، ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ كېتىپ قالدى.
دەشت ـ چۆل. سەنەم چىرايلىق توقۇلغان ئاتقا مىندى. ئاندىن مەلىكە بەرنا ئۇنى ياندىشىنۇرۇپ، ياساۋۇللارنى ئەگەشتۇرۇپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى، بوۋاي ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن دۇئا قىلىپ قاراپ قالدى.
بۇ چاغدا دەشت ـ چۆلدە ئىلياس بىلەن ئىككى ھەمراھى بىر قورام تاشنىڭ دالدىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇلار ئاتلارنى بېشىغا توۋرا كىيدۇرۇپ، بوغۇز يېيىشكە قويۇپ، ئۆزلىرى ئاق ياغلىقنى داستىخان قىلىپ يايدى ـ دە، قېتىپ كەتكەن توقاچلارنى ئوشتۇپ قويۇپ، بىر چاڭگال قارا ئۆزۈم بىلەن نان يېگەچ تۇلۇملىرىدىن سۇ ئىچتى.

يىراقتىن پەستىكى ئېدىر تەرەپتىن ئىككى ئاتلىق دەرۋىش ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

— ئۆزىمىزنى دالدىغا ئېلىپ تۇرايلى، ئالدىمىزغا كەلگەندە توسۇمىز.

ئىلياسلار شۇنداق دەپ ئاتلىرىنى ھەم ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تۇردى. ئىككى ئاتلىق دەرۋىش خاتىرجەم ھەم خۇشال ھالدا بۇلار تەرەپكە قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋەردى.

سايلىقتا ئامىر سەئىد ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى قالايمىقان يېتىپ خورەك تارتىپ ئۇخلىماقتا. ھارۋىكەش بوۋاي لەشكەرلەرنىڭ ئاتلىرىنى ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بەش ـ ئالتىسىنىڭ بېشىنى ئۆزئارا چېتىپ يىغماقتا. يىراقتىن داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ سۇناي بىلەن شاھى ئابباس باشلىغان ھەيۋەتلىك قوشۇن يېتىپ كەلدى. ھارۋىكەش بوۋاي يىراقتىنلا شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈكۈنۈپ تەزىم قىلدى، شاھنىڭ يېنىدىكى نۆكەر سورىدى:

— نېمە ئادەمسەن؟ ئاۋۇ سايىنىڭ تېشىدەك سوزۇلۇپ ياتقان لەشكەرلەرگە نېمە بولدى؟

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھ ئالىيلىرى، مەن ئوردا مۇھاپىزەت قوشۇنىدا ھارۋىكەشمەن، بۇ ياتقانلار شاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بويىچە مەلىكە ئالىيلىرىنى ئىزدەپ تاپقان لەشكەرلەر، — دېدى بوۋاي.

— نېمە ... نېمە ئىش بولدى، مەلىكە قېنى؟ — سورىدى شاھ جىددىي تەرزدە.

— دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، شاھ ئالىيلىرى، خان لەشكەرلىرى قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان بىر توپ قاراقچىلار مەلىكە ئالىيلىرىنى بۇلاپ كەتتى، — دېدى بوۋاي.

— نېمە، قاراقچىلار بۇلاپ كەتتى؟

— شەيخ جالالىدىننىڭ ئادەملىرىمۇ؟ ئۇلار بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇلار بەلخ تەرەپتە تۇرسا؟ — دېدى شاھ.

— ياق ... ياق ... ئۇلار ئەمەس. بۇ قاراقچىلار ئاتامانى چىرايلىق بىر ئايال ئىكەن، تېخى ياشلا جۇۋان، قىزمۇ

خۇدايىم، — دېدى بوۋاي.

— قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئايال ئىكەن؟ ئايال قاراقچىنىڭ كۆچى شۇنچە زورمىكەن، بىزنىڭ شۇنچىۋالا لەشكەرلىرىمىزنى قىرىۋەتتى؟

— ياق ... ياق ... پادىشاھ ئالىيلىرى، ئۇلار ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن بىزنىڭ لەشكەرلەرگە بىھوش دورىسى ئىچۈرۈۋەتتى، ئۇلار ئۇخلاۋاتىدۇ.

شاھى ئاباسنى يەنە غەم باستى.

ئۆڭكۈرگە سولىنىپ قالغان غېرىب بىلەن رەھمىتۇللا يەركەندى ئۇستىگە چىقىشنىڭ ئامالىنى قىلماقتا ئىدى. رەھمىتۇللا يەركەندى ئۆزى ئولتۇرۇپ، غېرىبنى مۈرىسىگە دەسسىتىپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ يەنە ئىزىغا ئولتۇرۇۋالدى، غېرىب يىقىلىپ چۈشتى.

— كۆتۈرەلمىدىلىمۇ، تەقسىر؟ — دېدى غېرىب.

رەھمىتۇللا يەركەندى بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ دېدى:

— راست گەپ قىلسام، خاتا ئىش قىپتىمەن. مەن سېنى تۇتقىلى چىققان خاننىڭ باش جېسەكچىسى تۇرسام، سېنى باشتا تۇتۇلۇكتىن چىقارسام، سەنمۇ ئاۋۇ دەرۋىشتەك مېنى ئۆڭكۈرگە تاشلاپ قېچىپ كەتسەڭ. مەن مۇشۇ ئۆڭكۈردىن چىقماي ئۆلسەم بولىدۇ.

— مەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا گۇناھىمنى تىلەپ كېتىۋاتقىنىمدا، بۇ قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم. مېنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىدىغان ئادەمنى تاشلاپ قاچامدىم؟ — دېدى غېرىب.

— ئادەملەردە ئىشەنچ قالمىدى، ئىشىنىپ بولمايدۇ. كەل، مەن چىقاي، مەن چىقسام سېنى تارتىۋالىمەن.

غېرىب ئولتۇرۇپ بەردى، رەھمىتۇللا يەركەندى كېلىپ غېرىبنىڭ مۈرىسىگە دەسسىدى. غېرىب ئاستا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، ئۇ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ پولاڭلاپ يىقىلىپ چۈشتى. غېرىب ئۇنى يۆلىدى، رەھمىتۇللا يەركەندى ۋايساپ

كەتتى:

— ۋاي ... ۋاي ... ۋاي قولۇم، ۋاي قولۇم بولـمىدى، قولـۇم چاتاق بولدى.

ئۇنىڭ ئوڭ قولى بىغىشىدىن سۇنۇپ كەتكەنىدى. غېرىب تۇتۇپ تاڭماقچى بولدى، رەھمىتۇللا يەركەندى تۇتقىلى قويماي توختىماي ۋايسىدى.

رەھمىتۇللا يەركەندى بىلەن غېرىبنى ئۆڭكۈرگە تاشلاپ قويۇپ ماڭغان ئىككى دەرۋىش قاقاس تاغ ئارىسىدىكى سايلىقتا خۇشال ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقاندا، ئالدىدىن تۇيۇقسىز ئىلياس چىقىپ ئۇلارنى توسىدى. ئىككى دەرۋىش كەينىگە يانماقچى بولۇشىغا ئارقا تەرەپتىن ئىلياسنىڭ ئىككى يىگىتى ئوقيانى بەتلەپ تۇردى.

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ قاراقچى بولساڭلار ئوقىتىمىز ئوخشاش ئىكەن، ئەمما بىزگە چېقىلساڭلار بالاغا قالىسىلەر، بىز ناھايىتى زور قوشۇن. مۇشۇ قورۇق تاغ بىزنىڭ ئىلكىمىزدە، قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر. ھازىر ئىككىمىزدە ئاستىمىزدىكى ئاتتىن باشقا ھېچنېمە يوق، — دېدى دەرۋىش.

— بىز سىلەرگە چېقىلمايمىز، بىرنەرسە سورايمىز، — دېدى ئىلياس.

— تەڭگە سورىساڭلار يوق، — دېدى دەرۋىش.

— ياق، ئادەم سورايمىز. سىلەر بىر ئاتلىق ئەر بىلەن ئۇنىڭ تۆگە مىنگەن ئانىسى ھەم سىڭلىسىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دېدى ئىلياس.

— سىلەر ئۇنىڭ نېمىسى؟ — سورىدى دەرۋىش.

— تۇغقانلىرى، — دەپ جاۋاب بەردى ئىلياس.

— ساڭا راستىنى دەي، چەۋەنداز، ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسى چۆلدە قالغان، ئۇلارنىڭ ھازىر نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئەمما، غېرىبنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىمەن.

— نەدە؟

— شاھى ئابباس ئۇنىڭ بار يېرىنى دەپ بەرگەنلەرگە يۈز تىللا بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان، بىز شۇ يۈز تىللانى ئالغىلى كېتىۋاتىمىز، — دېدى دەرۋىش.

— بىزدە يۈز تىللا يوق، ئەللىك تىللا بېرەيلى، — دېدى ئىلياس.

— ئۇنداقتا ئەڭ ياخشىسى شاھى ئاbباسنىڭ ئالدىغا بارساق بولغۇدەك.

ئىلياس قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالدى.

— قېنى قايسى جېنىڭ بىلەن خانىمنىڭ ئالدىغا بارىدىكەنسەن؟ مەن بىر كۆرۈپ باقاي.

دەرۋىشلەر كەينىگە ھەم ئالدىدىكى ئىلياسقا قاراپ قويۇپ دېدى.

— ماقۇل، ئەللىك تىللا بولسىمۇ بولسۇن، ئەمىسە لەۋزىڭدە تۇر.

— بۇ خەۋەرنى ماڭىمۇ، شاھقىمۇ ساتساڭ قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئىلياس.

— مەن شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغۇچە سەنمۇ قاراپ تۇرماسسەن؟

— بوپتۇ، ئەللىك تىللا بولسۇن.

ئىلياس يېنىدىن بىر ھەميان تىللانى ئېلىپ دەرۋىشكە قارىتىپ تاشلىدى، دەرۋىش ھەميانىنى تۇتۇۋېلىپ بوغقۇچىنى يېشىپ ئالدىغا بىر قانچىنى تۆكۈپ قاراپ باقتى، ئاندىن ھەميانىنى بوغقۇچىنى چىگىپ قوينىغا سېلىپ دېدى:

— قارا، ئاۋۇ تاغنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىسنى كۆردۈڭمۇ؟

— ئاۋۇ تۈتۈننىمۇ؟

— ھەئە، ئاشۇ تۈتۈن مەن ئوت ياققان كالا تېزىكىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. شۇ يەرگە بارساڭ، بىر ئۆڭكۈر بار. غېرىب شۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە. ئۇ ئۇستا غەزەلخان ئىكەن. مەن ئۇنىڭ غەزىلىگە كۆنۈپ قالغان، ئىچىم پۇشسا ماڭا غەزەل ئوقۇپ

بېرەتتى، — دېدى دەرۋىش.
— سەن ئۇنى شۇ يەرگە سولاپ قويدۇڭمۇ؟
— مەنلا ئەمەس، بىز بىر توپ ئادەم ئۇنى ئەسىرگە ئېلىۋالغان.
— مەن ساڭا قانداق ئىشىنىمەن؟ — دېدى ئىلياس.
— سەن غىرىبنىڭ تۇغقىنى بولساڭ بۇنى تونۇيسەن.
دەرۋىش بوينىدىن ئۈچ بۇرجەك تۇمارنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى بىر بۆرە ئوشۇقى بىلەن كۆزمۇنچاقنى كۆرسەتتى. ئىلياس يېقىن كېلىپ قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدى.
— سەن بۇنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالدىڭ، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى ئىلياس.
— ھەئە، ئەمىسە ئۇ ئۆزى بېرەمتى؟
— ئەمىسە مەنمۇ سەندىن تارتىۋالاي.
— ئۇنى بوينۇمغا ئاسقاندىن بېرى ئىشلىرىم خېلى ئوڭغا تارتقان، — دېدى دەرۋىش.
— ئەمدى مېنىڭ ئىشلىرىم ئوڭغا تارتقاي. سەن خاننىڭ ئالدىغا بالدۇر بېرىپ قالساڭ، مېنىڭ ئىشىمغا كاشىلا قىلىسەن. شۇڭا، بۇ تاغلار ئۆزۈڭنىڭ بولغاندىكىن پىيادە ماڭغىن، ئاتلارنىمۇ مەن ئەكېتەي، — دېدى ئىلياس.
— مەن ئەزەلدىن پىيادە قېلىپ باقمىغان، — دېدى دەرۋىش.
— ئاتتىن چۈش، ساڭا چوقۇم مىنگۈدەك بىرنېمە ئۇچرايدۇ، — دېدى ئىلياس.
دەرۋىشلەر ئاتتىن چۈشتى، شۇ چاغدا يانىدىكى بىر تاغ چوققىسىدا دەرۋىشنىڭ ئېشىكى ھاڭرىدى.
— قارا، ئىشىڭ يەنە ئوڭغا تارتتى، — دېدى ئىلياس.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

پايانسىز كەتكەن دەشت ـ چۆل. شاھى ئابباس غەزەپ بىلەن ئامىر سەئىدنى تەپتى. ئامىر سەئىد ئىنجىقلاپ بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، يەنە يىقىلىپ، ئۆرۈلۈپ ئۇيقۇغا كەتتى. شاھى ئابباس تېرىكىپ بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى:

— ئورنۇڭدىن تۇر ھوي، لامەزەللە، بىر ئايال قاراقچىنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ سالپىيىپ ياتقۇچە ئىشتانبېغىڭغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ، بەتبەخت؟ خەق بەرگەن سۇنى ئىچكۈچە ئېشەكنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچسەڭچۇ، ھۇ لايغەزەل.

شاھانە مەپىدىن چۈشكەن مېھرىبانۇ خانىش ھۇ تارتىپ يىغلاپ كېنىزەكلەرنىڭ يۆلىشى بىلەن تەمتىلەپ مېڭىپ دېدى:

— ۋاي تاتلىق مەلىكە قىزىم، ۋاي ئوماق مەلىكەم ... سەن ماڭغان يەرلەرنى كۆزۈمگە سۈرتۈۋالاي، قايسى توپىغا دەسسىدىڭ پۇرنۇۋالاي، قايسى توپىغا دەسسىدىڭ مەڭزىمگە يىقىۋالاي ... ۋاي مېنى پىراقىڭدا يورىكى ئېقىپ ئۆلسۇن دېدىڭمۇ، قىزىم؟ ... ۋاي مېنى تولا يىغلاپ كۆزىنىڭ يېشى قۇرۇپ كور بولسۇن دېدىڭمۇ، قىزىم؟ ... ۋاي تولا يىغلاپ زۇۋانى تۇتۇلۇپ ئۆلسۇن دېدىڭمۇ، قىزىم؟ ... ۋاي ئاتا ـ ئانىسىنى داغدا قويغان قىزىم ... ۋاي ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ قاچقان قىزىم ... ۋاي ئاتا ـ ئانىسىدىن قاراقچىلارنى ئەتىۋار بىلگەن قىزىم، ۋاي ئوردىدىكى مەئىشەتتىن چۆل ـ باياۋاندىكى مۇشەققەتنى خوپ كۆرگەن قىزىم ...

شاھ ۋارقىراپ مېھرىبانۇنىڭ يىغىسىنى توختاتتى:

— بولدى بەس، زۇۋانىڭنى ئۈچەر! نېمىگە ھازا ئاچىسەن؟ ئەر قاراقچىلار يەتمىگەندەك ئايال قاراقچى پەيدا بولدىمۇ ئەمدى؟ زامان ئاخىرى بولدىمۇ؟ ئاڭلىمىغان، كۆرمىگەن ئىشلار پەيدا بولدىغۇ

ئەمدى. بۇ ئايال قەيەردىن پەيدا بولغاندۇ ئەمدى؟

هارۋىكەش بوۋاي ئۆز پەرەزلىرىنى ئېيتىپ:

— گەپ ـ سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن ئافغان گادۇكلىرىدەك، چىراي ـ شەكلى كەشمىرلىكلەرگە ئوخشاپ كېتىدىكەن، شاھ ئالىيلىرى، — دېدى.

شاھ ساقىلىنى تۇتاملاپ خىيال بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە دېدى:

— ئافغان گادۇكلىرى، كەشمىرلىك دە.

ئەمدى گەپنى سەنەمدىن ئاڭلايلى. قۇندۇز مەلىكىسى بەرنانىڭ چاھاربېغى. سەنەم چاھارباغنىڭ ياغاچ تاختايلىق پايانداز سېلىنغان يولىدا كېتىۋېتىپ پېشايۋان تۈۋرۈكلىرىدىكى ئېسىل نەقىشلەرگە، ھەر خىل قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا مەپتۇن بولدى. پېشايۋان تۈۋرۈكلىرىگە يەنە ھەرخىل چالغۇلارمۇ ئېسىلغانىدى. سەنەم ساتار ئېسىلغان تۈۋرۈككە ئاستا يېقىنلاپ بېرىپ ساتارنى ئېھتىيات بىلەن ئالدى. ۋادەك سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ ساتارنى سازلاپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى: «بۇ گۈزەل مەلىكىنىڭ ئوردىسىدا غېرىب نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغاندۇ؟ بار بولسا ... مېنىڭ ناخشا ـ سازىمنى ئاڭلىسا بۇ يەرگە چىقار.» سەنەم ساتارنى چېلىپ راك مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېيتتى:

ساتارىم تارىغە جان رىشتەسىدىن تار ئېشىپ سالسام،
ئانىڭكىم نالەسىدىن بىۋەپانىڭ كۆڭلىنى ئالسام،
مۇقام چالىپ، مۇقام ئېچرە، مۇقامنى دىلغا جا قىلسام،
مۇھەببەت كويىغە سالسا، ئۇنىڭ ئالدىدا مەن چالسام.
مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينىيۇ ئەجەم دەرلەر،
بۇلاردىن يۇقارىكىم پەردەئى باياتنى چالسام.
باياتنى ھەقتائالا يادىدا چالسام ئۇزۇلدۇرمەي،
كۆڭۈلنىڭ بىناۋا بولغانىنى بىلسەم، ناۋا چالسام.
ئارالاپ چالسام ئۇششاقنى، غەزەلنى راكقا يەتكۈزسەم،

شەبىستانى سەھەرلەردە مۇشەۋۋەرەك، پەنجىگاھ چالسام.
ئىراقى چەبىيات، ئۆزھالدا پەيزىكىم يېتەر بولسا،
تىلەپ خۇرشىدى ۋەسلىن سۇبھى دەمدە چارگاھ چالسام.
يېتىپ ۋەسلىگە ھىممەتنىڭ جۇدالىق تاغىدىن ئۆتسەم،
ئىچىپ ۋەسلىڭ شارابىدىن قىلىپ تەڭكەش سىگاھ چالسام.
كەل، ئەي غېرىب، قەدەھ سۇنغىل، بولايلى مەستى مۇستەغرەق،
بىر ئىلىگە كاسەئى تەمبۇر، بىر ئىلىگە جامى مەي ئالسام.

قاقاس تاغ ئارىسىدىكى ئۆڭكۈر ئاغزى. ئىلياس ئۆڭكۈر ئالدىدىكى ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقان تېزەك دۆۋىسى يېنىدىكى دەرۋىشنىڭ كۇلاسىنى سەسكىنىپ تۇرۇپ قولىغا ئالدى. پۇراپ بېقىپ سەسكىنىپ كەتتى ـ دە، قۇسۇۋەتكىلى تاس قېلىپ تۇتەۋاتقان تېزەكنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.
— بايىقى تىرىك پېتى سېسىپ كەتكەن دەرۋىشنىڭ نەق ئۆزى پۇراۋاتىدۇ، يۇرۇڭلار، ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ باقايلى، — دېدى ئىلياس.
ئىلياس بىلەن ئىككى ھەمراھى ئاتلىرىنى يېتىلەپ ئۆڭكۈر ئۈستىگە چىقىشتى. ئۆڭكۈر تۇڭلۈكىدىن چاشقانلارنىڭ چىرىلداشقان، شەپەرەڭلەرنىڭ ۋىژىلداپ ئۇچۇشقان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاتلار ئۈركۈپ كىشنىدى. ئىلياس مەشئەلگە ئوت ياقتى ـ دە، مەشئەلنى ئۆڭكۈر تۇڭلۈكىدىن ئىچىگە تىقىپ ۋارقىرىدى:
— ئادەم بارمۇ ... ئادەم بارمۇ؟
ئۆڭكۈر ئىچىدىن ئەكس سادا ئاڭلاندى.
ئۆڭكۈرنىڭ ئاستىدىكى رەھمىتۇللا يەركەندى بىلەن ھالىدىن كەتكەن غېرىب غۇۋا ئوت يورۇقىنى كۆرۈپ، ئىلياسنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن ئاتنىڭ كىشنىگىنىنى ئاڭلاپ سەگەكلەشتى.
— بىر كىم ۋارقىراۋاتىدۇ. ئادەمنىڭ ئاۋازى ... ئاتمۇ

كىشىنەۋاتىدۇ ... بىزنىڭ ئادەملەر ئىزدەپ كېلىدۇ دېمىدىمۇ؟ ئۇلار كەلگەن ئوخشايدۇ ... ۋاي بىز بۇ يەردە ... بۇ يەردە ئادەم بار! ... بىزنى قۇتقۇزۇڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى رەھمەتۇللا يەركەندى.

— ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە... ئادەم بار!

غېرىب شۇنداق دېگىنىچە بار ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتتى.

زۇلمىڭ بىلەن قابا پەلەك كۆزدە ياشىم قان ئەيلىدى،
يۇسۇپ كەبى زىلەيخادەك جايىم زىندان ئەيلىدى.
ھەركىم ئەگەر سۆيسە ئۇنى، سۆيەر كۆرۈپ ئاخىر ئۇنى،
ئىسمائىلدەك بىر كۈن مېنى بىر يولى قۇربان ئەيلىدى.
قېنى ئول ھەزرىتى ئادەم، قېنى ئول سەرۋىرى ئالەم،
رۇسۇلغا بولغاي ئول ماتەم، ئۇلارنى گىريان ئەيلىدى.
ھەركىم ئاڭا كۆڭۈل باغلاپ، كېچە ـ كۈندۈز كۆيۈپ يىغلاپ،
بۇلبۇل بوستاننى داغلاپ، گۈللەرنى خازان ئەيلىدى.

ئىلياس بېشىنى ئۆڭكۈرنىڭ تۈڭلۈكىگە تىقىپ ۋارقىرىدى:

— غېرىب ! غېرىب ! مەن سېنى ناخشاڭدىن تونۇدۇم. غېرىب، ھاياتمۇ سەن؟ مەن ئىلياس !

غېرىب ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ئىلياس ! ... ئىلياس ! ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟! خۇدايىم سېنى مېنى قۇتقۇزغىلى ئەۋەتتىمۇ؟ !

— سېنى قانداق ئاچىقىلى بولىدۇ؟ — دېدى ئىلياس.

— ئارغامچا تاشلا، ئارغامچا ! — دېدى غېرىب.

— سەل تەخىر قىل، مانا ھازىر ...

ئىلياس ئۆڭكۈر ئىچىگە ئارغامچا ساڭگىلاتتى. رەھمەتۇللا يەركەندى ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— ئۇلار سېنىڭ قاراقچى دوستلىرىڭ ئىلياسلار بولمىسۇن يەنە؟

— دەل شۇلار، ئۇلار قاراقچى ئەمەس. ھازىر ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ۋەتەن ئۈچۈن بەلختە ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، — دېدى غېرىب.

— توۋا قىلدىم خۇدايىم، ما تەڭرىنىڭ كارامىتىنى كۆرمەمدىغان. ئاۋۇ جاھاننىڭ بىر چېتىدىكى قاراقچىلار ئاسماندىن چۈشكەندەك كېلىپ، ماۋۇ تاغنىڭ كەينىدە قالغان لەشكەرلىرىمىزنىڭ كەلمەيۋاتقىنىنى، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— خۇدانىڭ ھېكمىتى چەكسىز، ئىنساننىڭ ئەقلى ئۇنىڭغا يېتىپ بولالمايدۇ. يوقنى بار، بارنى يوق قىلىدىغان خۇدايىم بۇ ئىشنى ئاللىقاچان بەندىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان، — دېدى غېرىب.

— غېرىب، سەن قالتىس خاسىيەتلىك ئادەم ئىكەنسەن. بىر قارىسام بەختسىز، تەلەيسىزدەك كۆرۈنسەن. بېشىڭغا كەلگەن قىسمەتلەرگە قارىسا، بېشىڭغا چۈشكەن كۈلپەتلەردىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ. ئەمما، يەنە سېنى تەلەيسىز دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، مانا مۇشۇنداق يامان دوقمۇشلاردا تەڭرى سېنى ئۆز كارامەت ـ قۇدرىتى بىلەن ساقلايدۇ، قۇتقۇزىدۇ، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بالا ـ قازادىن خالىي بولالمايدۇ، ئەمما ئۇلانى خۇدا پاناھىدا ساقلايدۇ. قېنى كەلسىلە. سىلى ئاۋۋال چىقسىلا، — دېدى غېرىب.

— ياق، ئۇلار سېنىڭ دوستلىرىڭ، ئۇلار سېنى قۇتقۇزغىلى كەلگەن. ئاۋۋال سەن چىق، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— بۇ يەرگە مېنى تونۇش ئۈچۈن قۇتقۇزغىلى كەلگەنىدىلە. شۇڭا، سىلى ئاۋۋال چىقسىلا.

غېرىب شۇنداق دەپ ئارغامچىنى رەھمىتۇللا يەركەندىنىڭ بېلىگە باغلىدى ھەم يۇقىرىغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ئارغامچىنى ئاۋايلاپ تارتىڭلار! ھازىر مېنىڭ ھەمراھىم

رەھمىتۇللاكام چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ قولى سۇنغان، ئۇنى ئاۋايلاڭلار !

— بىلدىم، تارتتۇق ئەمىسە !

غېرىب رەھمىتۇللا يەركەندىنى يۆلەپ يۇقىرىغا چىقىرىشىپ بەردى.

دوستلىرى غېرىبنىمۇ ئۆڭكۈر ئىچىدىن تارتىپ چىقاردى، ئىككى قەدىناس قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كۆرۈشتى، بىر - بىرىگە تويماي سىنچىلاپ قاراشتى.

— دوستۇم ئىلياس، بارمۇ سەن؟ ئۇستازىم تىنچ - ئامانمۇ؟ توۋا، ئون يىل كۆرۈشمىگەندەك ئۆزگىرىپ چوپچوڭ ئادەم بولۇپ قاپسەن، — دەپ سورىدى غېرىب.

— ئۆزۈڭمۇ ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟ نىگار ئايىم ئانام، گۈلجامال تىنچ - ئامانمۇ؟ سېنى شۇنچىلىك سېغىندۇق، دېگىنىز ئاستىدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىزدىدۇق. كاج پەلەك بىزنى دىدارلاشتۇرمىدى. شۇنچە گەپلەر، سىرلار يىغىلدى، قانچە كېچە - كۈندۈز دېيىشسەك تۈگىمەيدۇ. سەن قانداقلارچە بۇ ئىنسان ئايىغى تەگمەيدىغان قۇرۇق تاغ ئارىسىدىكى پىنھان ئۆڭكۈرگە بەنت بولۇپ قالدىڭ؟ — دېدى ئىلياس.

— سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، سىلەردىن ئايرىلغاندىن بېرى كۆرگەن كۈنۈمنى ئەسلىسەم ئۆزۈمنى مىڭ ياشقا كىرگەندەك ھېس قىلىمەن. ھازىرقى نەق گەپنى قىلىشايلى، يېنىڭلاردا يېگۈدەك بىرنېمە بارمۇ؟ — دېدى غېرىب.

— بار، بار، قاتتىق سەپەر توقچى بار، — دېدى ئىلياس.

— ئاله، ھەرقاچان سۇمۇ باردۇ؟ ھەسەل تېتىيدۇ، ئاله ! — دېدى غېرىب.

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ، يىگىت، ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدۇق. تاماق يېمەس بولۇپ قالغان ئادەمنى سولاپ قويسا يەپ تويماس قىلىۋېتىدىغان يەر ئىكەن بۇ، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— مۇشۇ قاراڭغۇ سېپىق يەردە يەمسەن، پەسكە چۈشۈپ يېمەمسىلەر؟ — دېدى ئىلياس.

— بۇرنىمىز كۆنۈپ قالغان يەر بۇ. بىزگە ساپ ھاۋادىن كۆرە، قورساقنى ئاززاق ئەستەرلىۋالساق شۇ كۇپايە، پۇت - قولغا جان كىرسە ئاندىن پەسكە چۈشەيلى، — دېدى غېرىب.

ئىلياسلار بەلۋاغلىرىنى داستىخان قىلىپ نانلارنى ئۇشتۇپ قويدى. ئاندىن تۇلۇملىرىدىن ئاپقۇرلىرىغا سۇ قۇيدى. غېرىب بىلەن رەھمەتۇللا يەركەندى ئۆزئارا ئىلىك - بېقىك دەپ تەكەللۇپمۇ قىلماستىن نانلارنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالماپ يۇتۇشقا باشلىدى.ھەر ئىككىسى قۇرۇق ناننى ئالدىراپ يۇتۇپ يۆتىلىپ، قېقىلىپ كەتتى. ئىلياسلار ئۇلارنىڭ دۈمبىسىگە مۇشتلاپ سۇ ئىچۈرۈپ يۆتىلىنى ئاران تەستە توختاتتى. جۇدەپ ساقال باسقان چىرايى تونۇغۇسىز مەينەتلىشىپ كەتكەن غېرىبقا قاراپ ئىلياسنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

يۇيۇنۇپ - تارىنىپ يېڭى شاھانە كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيگەن سەنەم تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ مەلىكە بەرنا خۇشخۇيلۇق بىلەن تەكلىپ قىلغاچقا، ئۇنىڭ چىرايلىق چاھارباغقا بىللە چىققانىدى.

— ئۆزىڭىز قۇندۇز شاھىنىڭ مەلىكىسى ئىكەنسىز، مېنى بۇ يەرگە ئالداپ ئەكېلىشىڭىزدىكى مەقسىتىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى سەنەم.

— سىزنى ئۆلتۈرۈپ غېرىبنى قولغا كەلتۈرۈش، — دېدى بەرنا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مانا ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەن، ئۆلتۈرۈڭ.

— سىزنى ئۇنداق ئاسان ئۆلتۈرۈۋەتسەم بولمايدۇ، — دېدى بەرنا.

— ئەسلىدە مېنى ئاشۇ چۆلدىلا ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز ئاۋارە بولمايتتىڭىز ئەمەسمۇ؟

— سىزنى مەندىن قانچىلىك ئارتۇقتۇ، بىر كۆرەي،

مۆڭدىشاي دەپ قىزىقتىم. مەن نېمە قىلغۇم كەلسە شۇنى قىلىپ ئۆسكەن قىزمەن. كۆڭلۈم نېمىنى تارتسا شۇنى قىلىمەن، — دېدى مەلىكە بەرنا.

— مانا كۆردىڭىز، كۆرۈپ قانغانسىز.

— تايىنلىق ئىكەنسىز، غېرىب سىزنىڭ قەيېرىڭىزگە ئاشىق بولغاندۇ؟ — دېدى بەرنا.

— ھەسەتخور ئىكەنسىز، بەلكىم غېرىبنىڭ ماڭا ئاشىق بولغىنىغا ھەسەت قىلىۋاتقاندۇرسىز. ئەگەر غېرىبنىڭ كۆزى بىلەن قارىغان بولسىڭىز ئۇنىڭ نېمىشقا ماڭا ئاشىق بولغانلىقىنى بىلەلەيتتىڭىز، ئەمما بۇيۇك تەڭرى سىزگە ئۇنداق كۆزنى بەرمىگەن. كۆز دېگەن مېڭە، يۈرەك قوشۇلۇپ تەڭ كۆرمىسە بىرنەرسىنى تىقسىمۇ كۆرمەيدۇ، — دېدى سەنەم.

— ئۇنداق بولسا غېرىبنى سىزنىڭ كۆزىڭىزدە كۆرۈپتىمەن - دە، — دېدى بەرنا.

— ياق، مېنىڭ كۆزۈمدىمۇ كۆرەلمەيسىز. ماڭا بەرگەن كۆزنىمۇ خۇدايىم سىزدىن ئايىغان. چۈنكى، مېنىڭ كۆزۈم بۇ دۇنيادا غېرىبتىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ، ھېچ نەرسە كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ.

— غېرىبچۇ، ئۇمۇ سىزنى ئاشۇنداق كۆرەلەمدۇ؟

— ھەئە، شۇنداق كۆرەلەيدۇ. مەن كۆرگەندىن ئارتۇق كۆرسە كۆرىدۇكى، ھەرگىز كەم ئەمەس.

— سىز بەك بىچارە ئىكەنسىز. بىر چوڭ خانلىقنىڭ مەلىكىسى بولغان بىلەن ئوتۇنچى ياكى پادىچىنىڭ قىزىچىلىك ئەركىڭىز يوق ئىكەن، — دېدى مەلىكە بەرنا.

— مېنىڭ سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، سىز ھەممىگە ئېرىشەلىگەن بىلەن خانلىقىڭىزدىكى بىرەر قاسساپ ياكى موزدوزنىڭ ئوغلى سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالماپتۇ ياكى شۇنچە يىگىتلەر ئىچىدە سىز بىرەرىنى ياخشى كۆرۈپ قالماپسىز. بىر قىز بالا ئۈچۈن بىرەر يىگىتنىڭ ياقتۇرۇشىغا

ئىرىشەلمەسلىكتىن زىيادە بىچارىلىك بولمايدۇ، — دېدى سەنەم.
بەرنا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:
— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ ماڭا ئاشىق - بىقارار بولۇپ ياقا يىرتىپ، زار - زار يىغلاپ بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ ئۆلگەنلەر، سەرسان بولۇپ چىقىپ كەتكەن يىگىتلەر كۆرمىدىڭ، بىراق مەن ئۇلارنى تىرنىقىمغىمۇ تەڭ قىلمايمەن، پەرۋايىم پەلەك.
— ئۇلارنى سىزگە راست كۆيگەن ئاشىقلار دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلار سىزگە پادىشاھنىڭ مەلىكىسى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن كۆيگەندۇ، سىزگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن كۆيگەندۇ، — دېدى سەنەم.
— سىز ئەۋلىيا ياكى جادۇگەر بولمىسىڭىز، بۇنى قانداق بىلىسىز؟ — دېدى بەرنا.
— چۈنكى بىر يىگىت بىر قىزنى غەرەزسىز ياخشى كۆرسە، سۆيسە ئۇ قىزدىمۇ چوقۇم ئۇ يىگىتكە نىسبەتەن مۇھەببەت قوزغىلىدۇ. يالغان ئاشىقلار مىڭ تاغنى يۆتكىسىمۇ، سىلەردەك پەرۋايى پەلەك يۈرىدۇ، — دېدى سەنەم.
— ئۇنداقتا، غېرىب ماڭا ئاشىق، شۇڭا مەندە ئۆمرۈمدە ئەرلەرگە نىسبەتەن كۆرۈلۈپ باقمىغان يېقىملىق بىر سېزىم پەيدا بولدى. ئۇ ماڭا شۇنچە ئاشىق - بىقارار بولسىمۇ ۋىجدانلىق يىگىت بولغاچقا، سىزگە يۈز كېلەلمەستىن ئازابلىنىپ يۈرىدۇ. سىز بىزنىڭ ئارىمىزغا چۈشكەن مىتە، — دېدى بەرنا ئاچچىق قىلىپ.
— راست گەپ قىلىڭ، ئۇ نەدە، سىزگە قانداق يولۇقتى؟ — دەپ جىددىيلىشىپ سورىدى سەنەم بىردىنلا.
— ئۇ مەشەدە، يېنىمىزدىلا. ئۇ ھازىر سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمايۋاتىدۇ، — دېدى بەرنا.
— بار يېرىنى دەڭ، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمەن. ھېچبولمىسا قورسىقىمدا بالىسى بارلىقىنى ئۇنىڭغا دەيمەن، — دېدى سەنەم.

— نېمە، سىز ئېغىر ئاياغما؟
— ھەئە، بىز ئاللىقاچان ئەر - ئايال بولغانمىز. مەن ئۇنىڭ نىكاھلىق ئايالى.
— سىز ئۇنىڭغا خوتۇن ئەمەس، بېشىغا بالا، نۇرغۇن تۈگىمەس كۈلپەتلەرنى سالغان. مەن بولسام ئۇنىڭغا تىنچ، راھەت تۇرمۇش، پادىشاھلىق تەختىنى بەخشەندە قىلماقچى. سىز ئۇنى ھەقىقىي ياخشى كۆرسىڭىز، ئېرىم ئوبدان ياشىسۇن دېسىڭىز ئۇنىڭغا ئېسىلمىۋالماڭ، بالام بار دەپ پەش قىلىپ ئۇنى ئازابلىماڭ، — دېدى بەرنا.
— بىزدە كۆڭۈلمىدىكى يار بولسا، تېرىقنىڭ زاغرىسى بولسا دەيدىغان گەپ بار. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانامدىن، تاجۇتەخت، دۆلەتمەندىن ۋاز كەچكەن قىزمەن. ئۇ سىزنىڭ ئۇ بەخشەندە قىلماقچى بولغان تاجۇتەختىڭىزگە خۇشتار ئەمەس. ماڭا راست گەپ قىلىڭ، ئۇ قەيەردە؟ سىز بىزنى نېمە قىلماقچى؟
— ئۇ زىنداندا، خالىسام سولايمەن، خالىسام ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىمەن، خالىسام كۆڭلۈمنى ئاچىمەن.
— مۇتتەھەملىك قىلماڭ. سىزگە ئۆز پۇقرالىرىڭىز ئارىسىدىن بىرەر يىگىت تېپىلمىدىمۇ، شۇلارنى نېمە قىلىسىڭىز قىلىڭ. ئەمما، بىزگە بۇنداق ھۆرمەتسىزلىك، بىھايالىق قىلسىڭىز خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ. خۇدا راۋا كۆرمىگەن ئىش خەيرلىك بولمايدۇ، — دېدى سەنەم.
شۇ چاغدا مۇلازىم كىرىپ مەلىكە بەرنانى شاھ ئالىيلىرىنىڭ چاقىرتىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بەرنا باغدا سەنەمنى قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.
ئابلىز شەيتان باشلىغان شاۋاز ئەۋەتكەن بىر توپ خانلىق لەشكەرلىرى چۆلدە ئالدىرىماستىن كېتىۋاتاتتى. ئالدىن چارلاپ كەتكەن بىر ئاتلىق چاپارمەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ مەلۇم قىلدى:
— سەردار جانابلىرى، ئالدىمىزدا بىر توپ ئاتلىقلار كۆرۈندى.

— يوشۇرۇنۇڭلار، ئۇلار يېقىنلاپ كەلسۇن!

ئۇلار قورام تاشلارنىڭ ئارقىسى ۋە چاتقاللارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇندى. بىردەمدىن كېيىن ئابلا كور، ئىبراھىم دىۋانىلەر باشلىغان دەرۋىش ـ قەلەندەرلەرنىڭ ئاتلىق توپى يېتىپ كەلدى. ئابلىز شەيتان ئىككى نۆكىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئابلا كورنىڭ دىۋانىلەر توپى چۆچۈپ توختىدى. ئۇلار ئۆزئارا سالام قىلىشقاندىن كېيىن، ئابلىز شەيتان:

— ئالدىڭلارغا بىر ئاتلىق يىگىت بىلەن تۆگە مىنگەن موماي ئۇچرىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بىز چۆل ـ جەزىرىدە ئۇقەت كويىدا يۈرگەن كارىۋانمىز. شۇڭا، ھەربىر قەدىمىمىز، ھەربىر تىنىقىمىزمۇ خېلى پۇلغا توختايدۇ، — دېدى ئابلاكور.

— راست كۆرگەن بولساڭلار، قانچە پۇل دېسەڭلار بېرىمىز، — ئابلىز شەيتان ھىجايدى.

— ئىككى يۈز تەڭگە بېرەمسىلەر؟

— بېرىمىنى بەرسەك بولارمۇ؟ — دېدى ئابلىز شەيتان.

— كەم بولار، ئۇ ئاتلىق يىگىت بىلەن تۆگىلىك ئايالنىڭ چۆلدە ئىزدەپ يۈرگەن ئوغقىنى جىق ئىكەن، — دېدى ئابلا كور.

— ئۇلار ناھايىتى مۇھىم ئادەمدەك قىلىدۇ ياكى زور بايلىق يوشۇرغان بولۇشى مۇمكىن. سېنى نەرخىنى ئاز دەپ قويىدى دەپ قورسىقىم ئاغرىپ تۇراتتى. بولدى بۇلار بىلەن سودىلاشمايلى. ئۇلارنى ئىزدەيدىغانلار يەنە ئالدىمىزغا ئۇچرايدۇ، — دېدى ئىبراھىم دىۋانە.

ئۇلار شۇنداق دەپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— بوپتۇ، يۈز ئەللىك تەڭگە بولسۇن، ماقۇل دەڭلار، بىزنىڭ پۇلىمىز ئاز، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— دوپپىمىزغا جىگدە سالما، دۇنيادا تەڭرىدىن قالسا پادىشاھنىڭ خەزىنىسىنىڭ ھېسابى يوق. سەن بىزگە بىرنى بەرسەڭ شاھىڭدىن نەچچە ھەسسە قوشۇپ ئۇندۇرۇۋالايسەن، —

دېدى ئابلاكور.
— مېنى خاننىڭ ئادىمى دەپ كىم دەيدۇ؟ — دېدى ئابلىز شەيتان ھەيران بولۇپ.
— ئۇنداق بولمىغان تەقدىردە سەن ئىزدەۋەتقان ئادىمىڭنى تۇتۇپ ئۇردىغا ئاپىرىپ خانغا سېتىپ پايدا ئېلىشنىڭ كويىدا يۈرگەن ئادەم سودىگىرى بولۇشۇڭ مۇمكىن.
— سىلەر بۇ گەپنى نېمىشقا خانغا سېتىپ پايدا ئالمايسىلەر؟
— بىز پادىشاھ بىلەن سودىلىشىشنى راۋا كۆرمەيمىز. چۈنكى، پادىشاھلار بىلەن سودا قىلىپ پۇلدىن پايدا ئالغانلار جىنىدىن، جىنىدىن پايدا ئالغانلار پۇلىدىن زىيان تارتىدۇ، — دېدى ئابلا كور.
— بوپتۇ، دېگىنىڭلاردەك بولسۇن، ئىككى يۈز تەڭگە بېرەي، — دېدى ئابلىز شەيتان.
— بولدى، سەن بىلەن سودىلاشمايمەن. مەن ئۆزۈمنى كور دېسەم، كۆزى ئوچۇق كور سەن ئىكەنسەن. سېنى بازار ئوۋلىسا بولغۇدەك، — ئابلا كور گۆلەيدى.
— ئەركەك بولغاندىكىن گېپىڭدىن يانما.
— ئەركەكلىكىنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدىڭ، ئۈچ يۈز تەڭگە بەر ئەمىسە، — دېدى ئابلا كور.
— بوپتۇ بېرەي، يەنە گەپ قىلسام بۇ گېپىڭدىنمۇ يېنىۋالما.
ئابلىز شەيتان تېقىمىغا باستۇرۇلغان قىل خۇرجۇننى ئېلىپ نۆكەرگە بەردى.
— ئۈچ يۈز تەڭگە ساناپ بەر. بۇ ئىنىم تەڭگە ساناپ بولغۇچە سىلەر ئۇنىڭ بار يېرىنى دېگەچ تۇرساڭلار.
ئىبراھىم دىۋانە ئاچ كۆزلۈك بىلەن:
— تەڭگىلەرنى سانىماي، ئاشۇ خۇرجۇنىڭ بىلەن شۇنداقلا بەرگىن، ئاندىن دەپ بېرىمىز، — دېدى.
— بوپتۇ، كېلىشتۇق، — دېدى ئابلىز شەيتان.
— ئاغزىمدىن چىقىپ بولغۇچە ساقلىمىغا ياماشتى دەپ، مەن

دەپ بولغۇچە سەن ماقۇل بولدۇڭ، ئەمما بىز تېخى كېلىشمىگەندۇق. ھازىر ئويلاپ باقسام، مېنىڭ ھەمراھىم مەندىن ئەقىللىق ئىكەن. ماڭا سېنىڭ گېپىڭدىن كۆرە بۇ ھەمراھىمنىڭ گېپى ياقتى. بۇنىڭدىن كېيىن سودىنى سەن قىلساڭ بولغۇدەك. بولدى، خۇرجۇندىكى تەڭگىدىن ئۈچ يۈزنى ساناپ بولغۇچە ۋاقتىمىز يوق. سەن ساناپ ئولتۇرماي شۇنداقلا بېرىۋەتسەڭ، ھەممىمىز ئاسانلا ئۆز يولىمىزغا راۋان بولغۇدەكمىز، ـــ دېدى ئابلا كور.

ئابلىز شەيتان ئېتىنى ئالدىغا دېۋىتىپ، نۆكەرنىڭ قولىدىكى قىل خۇرجۇننى ئېلىپ ئابلا كورلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ـــ بەك ئىنساپسىز ئىكەنسىلەر. بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى كۆرە كۆزۈم يوق. بۇنى ئېلىپ ھېلىقى گەپنى دەڭلار.

ـــ بىزنىڭمۇ سېنى يەنە كۆرگىمىز يوق، ـــ دېدى ئىبراھىم دىۋانە.

ئاتلىرىغا مىنىپ خۇشال كېتىۋاتقان ئابلا كور، ئىبراھىم دىۋانە قاتارلىق دەرۋىشلەرنى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك بىر توپ خان لەشكەرلىرى چەمبەر شەكلىدە قورشاپلا ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئاتلىرىدىن موللاق ئاتقۇزدى. يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقيا ئوقىدا سوپى ـ دەرۋىشلەر قىيا ـ چىيا قىلىشىپ ئوجمە تۆكۈلگەندەك تۆكۈلدى. ئابلا كور مۈرىسىگە سانجىلغان ئوقتىن يىقىلماي ئېتىنى چاپتۇرۇپ بۆسۈپ قاچتى، ئابلىز شەيتان يېنىدا تۇرغان نۆكەرنىڭ قولىدىن نەيزىنى ئېلىپ ئاتتى، نەيزە ئۇچۇپ بېرىپ ئابلا كورنىڭ دۈمبىسىگە سانجىلدى. ئابلا كور ئېتىدىن موللاق ئېتىپ چۈشتى، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بىر توپ سوپى ـ دەرۋىشلەر قىرىلىپ سايىنىڭ تېشىدەك بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىدە يېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئىگىسىز قېلىپ ئۇيان ـ بۇيانغا مېڭىشىپ، يەرنى چاپچىپ، ئۆلۈكلەرنى يۇراپ كىشنەپ قويۇپ تۇردى.

ـــ پۇلغا ئامراق ئادەمنى بالا قوغلاپلا يۈرىدۇ. بىر خۇرجۇن

تەڭگىنى قەلەندەر سوپىلارغا بېرىۋېتىدىغان ئابلىز شەيتان تېخى تۇغۇلمىدى، يۇرۇڭلار، ماڭايلى.

ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى. بىر ئېگىز تۆپىلىكتە ماراپ ياتقان دەرۋىش بىلەن شاگىرتى بىر ئېشەككە تەڭ مىنىپ پەسكە چۈشتى، ھەر ئىككىسىنىڭ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرى ئىششىپ، يۈزلىرى تارتىشىپ، ئاغىزلىرى ئۈمچەيگەندى. بىردەمدە بىر توپ قاغا ـ قۇزغۇنلار پەيدا بولۇپ ئۆلۈكلەرنىڭ ئۈستىدە چۆرگىلەپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

تاش، توپىدا تىنىپ كەتكەن ئۆڭكۈر ئاغزىدا غېرىب بىلەن رەھمىتۇللا يەركەندى قورسىقى تويۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى، ئىلياسلار ئۇلارغا ئەگىشىپ دۇئا قىلدى.

— خۇداغا يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر، يەيدىغان رىزقىمىز بار ئىكەن، — دېدى غېرىب.

— شۇنداق قىلىپ، سەن يەنە بىز بىلەن ماڭماي شاھى ئاپباسنىڭ ئالدىغا بارامسەن؟ — دېدى ئىلياس.

— مەن شاھ بىلەن پۈتۈشكەن، مەلىكە سەنەممۇ مېنىڭ يولۇمغا تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ. شاھى ئاببلس بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلدۈرمىسەم پەرمانغا خىلاپلىق قىلغان بولۇپ قالىمەن. شۇڭا، مەن ئوردىغا بېرىپ، شاھ بىلەن مەلىكە سەنەمنى ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەرلەندۈرۈشۈم كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا ئىشلار ئوڭ بولىدۇ. سەندىن تىلەيدىغىنىم مۇشۇ چۆلدە نەدىن بولمىسۇن ئانام بىلەن سىڭلىمنى تېپىپ ئېلىپ كەتكىن. مەن شاھى ئاپباس بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن مېنى جەڭگە ئەۋەتىشىنى ئۆتۈنىمەن. شۇ ئارقىلىق شاھ گۇناھىمدىن كەچسە ئەجەب ئەمەس، — دېدى غېرىب.

— شاھى ئاپباس سېنىڭ گېپىڭگە كۆنۈشى ناتايىن، ھامان ئۇنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنەلمەيسەن، — دېدى ئىلياس.

— شاھتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمىسىمۇ، سەنەم مەن ئۈچۈن خۇدايىمدىن قالسا زور ئۈمىد، مەن ئۇنىڭ ياردىمىدە سىلەرنىڭ

ئاراڭلارغا بېرىشنى قولغا كەلتۈرىمەن، — دېدى غېرىب.
— ئاتاملار مېنى بۇ يەرگە پەقەت سېنى قۇتقۇزۇشقا ئەۋەتكەن، سەن ئۇنداق دېسەڭ رايىڭغا باقماي باشقا ئامالىمىز يوق. نىگارئايىم ئانامنى هايات بولسىلا تاپالايمەن. ئەمما، بىز بەلختە غەزنەۋىلەر بىلەن ئۇرۇشۇۋاتىمىز، ئۆلۈم قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا، تۇرمۇشىمىز جاپالىق. ئاناڭ قىينىلىدۇ هەم بىز بىلەن خەتەر ئىچىدە ياشايدۇ، — دېدى ئىلياس.
— ئانام بىلەن سىڭلىم يېنىڭلاردا تۇرسا مەن خاتىرجەم بولىمەن. مەنمۇ ئۇزاققا قالماي ئارقاڭدىن بارىمەن، — دېدى غېرىب.
— مۇنداق بولسۇن، هازىردىن باشلاپ مەن ئاناڭ بىلەن سىڭلىڭنى ئىزدەپ تېپىشقا ئاتلىناي. نەدە تۇرۇشنى ئاناڭ ئۆزى تاللىسۇن، مەن بىلەن ماڭسا خاتىرجەم بىر ماكانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي. سېنى رەهمەتۇللا يەركەندى هەزرەتلىرىگە تاپشۇراي، — دېدى ئىلياس.
— مەن سەن توغرۇلۇق يامان گەپنى كۆپ ئاڭلاپ، ساڭا ئۆچ بولۇپ كەتكەندىم، ئادەمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، سىردىشىپ، هال ـ مۇڭ بولۇشمىغۇچە چۈشەنگىلى بولمايدىكەن. بىر ئوبدان ئوغلۇق بالا ئىكەنغۇ بۇ، — دېدى رەهمەتۇللا يەركەندى ئىلياسنى كۆرسىتىپ.
— هەزرىتىم، ئۆزلىرى ئاتا يوللۇق ئادەم. مەن دانىشمەنلەر سۆهبىتىدىن ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ ئادەمنى سەپەر بىلەن پۇل ـ مالدا سىنا، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ ئادەملىك تونىنى پىچ دېگەن پەند ـ نەسىهەتلىرىنى ئاڭلىغانمەن. ئاقساقاللىق قىلغىنىمنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، — دېدى ئىلياس.
— دۇرۇس، ئاتا هېكمىتى بەرهەق گەپ، مەن بۇ هېكمەتنى ناهايىتى ئۇلۇغلايمەن، — دېدى رەهمەتۇللا يەركەندى.
ئۆتكۈر ئالدىغا رەهمەتۇللا يەركەندىنىڭ لەشكەرلىرى تولۇپ كەتكەندى. ئۇلار غېرىب ۋە ئىلياسلارنى تۇتماقچى بولدى،

رەھمىتۇللا يەركەندى توسۇپ قويدى. غېرىب بىلەن ئىلياس قۇچاقلىشىپ كۆز يېشى قىلىپ خوشلاشتى.

— دوستۇم، ئانام بىلەن سىڭلىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئۇستازىمغا سالامىمنى يەتكۈزگىن، مەن ئۇزاققا قالماي ئالدىڭلارغا بارىمەن، — دېدى غېرىب.

ئىلياسلار ئاتلىنىپ بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى.

— سەردار ھەزرەتلىرى، مېنى باغلىسىلا! — دېدى غېرىب.

— يىگىت، سىز ئەسلىدە ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن شاھنىڭ ئالدىغا گۇناھىڭىزنى تىلەپ كېتىۋاتقان ئادەم ئىدىڭىزغۇ، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى غېرىبنى ئىززەتلەپ، — مانا ئەمدى مەن شاھنىڭ ئالدىغىچە سىزگە ھەمراھ بولۇپ، شاھ ئالدىغا سىزنى ساق - سالامەت ئاپارسام بولىدىغان بولدى. قېنى ئاتقا مىنىڭ، بىز بىللە ماڭىمىز. دوستىڭىز سىزگە ئىككى ئات قالدۇرۇپ كەتتى، قېنى مىنىڭ.

— ئەسلىي قائىدە بويىچە ئۆزلىرى مېنى شاھ ئالدىغا باغلاپ ئاپارغانلىرى تۈزۈك ئىدى، — دېدى غېرىب.

— باغلاش - باغلىماسلىقنى شاھ ئالدىغا بارغاندا شاھ ئۆزى بىرنەرسە دېسۇن، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

غېرىب ئاتقا مىندى.

شاھ كۇتۇپخانىسىدا پەي ياستۇققا يۆلىنىپ، كۆزىنى يۇمۇپ يانپاشلاپ يېتىپ چىلىم شورىماقتا، ئۇنىڭ ئايىغىدا ئەرشىدىن ھۆكۈما بىلەن سەئىد پازىل كىتابقا قاراپ مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى.

— قېنى سۆزلەڭلار، مېنىڭ قىزىم ھاياتمىكەن، ئامان - ئېسەنمىكەن؟ — دەپ سورىدى شاھ.

— سەرتان يۇلتۇزى ھەمەل بۇرجىدا بولغاندا پادىشاھنىڭ كۆڭلى يايراپ، خۇشاللىق ئىشلار كۆپ بولغاي. مۇشكۇل ئىشلىرى ئاسان بولۇپ دىلى سۆيۈنگەي، خۇش خەۋەرلەر ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرغاي. بۇغداي، قوناق مىسالى دانلىق زىرائەتلەر

ھوسۇلى بەرىكەتلىك بولۇپ، يۇرتتا ئەرزانچىلىق، مەمۇرچىلىق بولغاي. ئەل ئەمىن تېپىپ، خەلق خاتىرجەم، باياشاتلىق ئىچىدە ياشىغاي، ــ دېدى ئەرشىدىن ھۆكۈما.

ــ پاھ ... پاھ ... نېمانچە بىر ـ بىرىدىن ئوبدان گەپلەر بۇ! كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئوبدان گەپلەرنى دەپ مېنى ئالدىماي ئاتقانلا، تەقسىر؟ ــ دېدى شاھ.

ــ يوقسۇ، شاھ ئالىيلىرى، ئەتراپلىرىدا خىزمەت قىلغانلار ئارىسىدا ھازىرغىچە مېنىڭ بېشىمنىڭ ئامان بولۇشى ئۆزلىرىگە سادىق بولۇپ، سىلىنى يالغان گەپ قىلىپ ئالدىمىغانلىقىمدىن دەپ بىلىمەن. ھېلىغۇ بىر بېشىم بار ئىكەن، ئون بېشىم بولسىمۇ، كىتابتا نېمە بولسا شۇنى سۆزلەيمەن. ئاشۇرمايمەن، كەملەتمەيمەن، ئىشقىلىپ، ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى كۆپ، ــ دېدى ئەرشىدىن ھۆكۈما.

ــ سىلى نېمە دەيلا، مەۋلانا سەئىد پازىل؟

ــ مەلىكە ئالىيلىرى نۇرانە بىر قەسىردە تىنچ ـ ئامان، ئاسايىشلىق بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ، خۇددى بىزنىڭ ئوردىدا تۇرغاندەك. ئەمما، يەنىلا كۆڭلى ئەمىن تاپماپتۇ. خۇشاللىقىدىن كۆرە، غەم ـ قايغۇسى كۆپ، ئەمما ناھايىتى ئامان ـ ئېسەن، ــ دېدى سەئىد پازىل.

ــ سىلەر بېرىپ خانىشنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇڭلار، بولسا ئۇنىڭغا تېخىمۇ تەسەللى بولىدىغان گەپلەر بولسا دەۋېرىڭلار، ــ دەپ بۇيرۇدى شاھ.

ئەرشىدىن ھۆكۈما بىلەن سەئىد پازىل ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

سەنەم بىلەن بەرنا بىر ھۇجرىدا مۇڭداشماقتا. بەرنا ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى:

ــ سىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پاناھ جاي مانا مۇشۇ ئوردا. مەن سىزنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ھەرنېمىلەرنى دەپ باقتىم، سىز خۇدايىمنىڭ ئەڭ بەختلىك بەندىسى ئىكەنسىز. قىز بالا ئۈچۈن

بەخت دېگەن ئېسىل ئەردىن كېلىدۇ. قىز بالا ئۇچۇن يۈرىكىنى ھەم ئۆزىنى بەخشەندە قىلىدىغان كۆڭلىدىكىدەك ئەرگە ئېرىشىشتىن ئارتۇق بەخت بولمايدۇ؟ مەن غېرىبقا ئاشىق، ئەمما ئۇ ماڭا قىلچە نەزەر كۆزىنى سالمىدى، پەرۋامۇ قىلمىدى. مەن ئەمدى ئەرگە تەگمەيمەن. ھاياتىمدا بىر قاراش بىلەن دىلىمنى ئېرىتىپ ئۆزىگە رام قىلغان ئەر شۇ ئىدى. مېنىڭ مەلىكىلىك سالاھىيىتىم ھەم قىزلىق ئىززەت - نەپسىم ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى. مەن قاتتىق يەرگە ئۇرۇلدۇم، غۇرۇرۇم پايخان بولدى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى غېرىبقا بولغان ئىشق - مۇھەببىتىم ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس. ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈش، ئىككىڭلارنىڭ مۇراد - مەقسىتىڭلارغا يەتكىنىڭلارنى كۆرۈش مەن ئۇچۇن بىرخىل ئازابلىق تەسەللى بولىدۇ. مەن ھازىردىن باشلاپ سىلەر ئۇچۇن بەجانىدىل خىزمەت قىلىمەن.

سەنەم بۇ گەپلەردىن خۇشاللاندى.

— رەھمەت، مەلىكە ئالىيلىرى، ئۇقۇشماسلىقتىن قىلغان بىئەدەپلىكلىرىمنى كەچۈرۈڭ.

— مېنىڭ سىزدىن ئۆتۈنىدىغان ئىككى تىلىكىم بار، — دېدى مەلىكە بەرنا.

— قېنى، ئېيتىڭ.

— بىرى، سىز بۇ يەردە يەڭگىپ، بالىڭىز ھەم ئۆزىڭىزنى ئۆز ئېلىڭلاردا بىخەتەر دەپ قارىغانغا قەدەر يېنىمدا تۇرسىڭىز. سىز ئۇچۇن ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك پاناھ جاي مۇشۇ، بۇ يەردە سىزگە ھەم بالىڭىزغا ھېچكىم دۈشمەنلىك قىلمايدۇ. غېرىب مەيلى نەدە بولسۇن ھامان سىزنى بۇ يەرگە ئىزدەپ كېلىدۇ. يەنە بىرى ... يەنە بىرى ... — بەرنا گېپىنىڭ داۋامىنى قىلىشقا قىينالدى.

— قىسىلماي سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى سەنەم.

— ئەگەر غېرىب ئۈستىڭىزگە يەنە خوتۇن ئالماقچى بولسا،

مېنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالسا، جان دەپ تەييارمەن.

سەنەم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، دېرىزە ئالدىغا بېرىپ قۇشلار زوق ـ شوخ بىلەن سايرىشىۋاتقان، رەڭدار كېپىنەكلەر گۈللەر ئارا ئۇچۇشۇپ يۈرگەن باغقا نەزەر سالدى.

— ۋاقىت ـ سائىتى كەلگەندە ئۇنى غېرىب ئۆزى قارار قىلغاي، — دېدى سەنەم.

— بۇنى دەپ دىلىڭىزنى چىگىپ قويغىنىم ئۈچۈن ئىنتايىن خىجىلمەن.

— خىجىل بولماڭ، كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن. ئەگەر غېرىب كىچىك خوتۇنلۇق بولۇشنى خالاپ قالسا، ۋەدە بېرىمەنكى، ئۇ سىز بولىسىز، — دېدى سەنەم.

— ئۆزى خالىمىسىچۇ؟ — دېدى بەرنا.

— ئەگەر ئۇ ئۆزى خالىمىسا، مەندە نېمە ئامال دەيسىز؟

— سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام، مەن سىزگە ياردەم قىلىپ غېرىبنى كىچىك خوتۇن ئېلىشقا كۆندۈرەتتىم.

— مېنىڭ ئاجىزلىقىمنى كەچۈرۈڭ، خۇددى ھازىرلا راست شۇنداق بولىدىغاندەك مەن جاھاندا بارمۇ، يوق بولۇپ كېتىۋاتىمەن.

— مەن سىزنى ئازابلىماقچى ئەمەسمەن.

— بىچارە شاھ ئاتام بىلەن خانىش ئانامغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئۇلار نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟

— ئۇنداق بولسا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى سىزنىڭ بۇ يەردە تىنچ ـ ئامان تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزدىن خەۋەرلەندۈرەيلى.

— ياق ... ياق ... ياق ... ئۇلار بىلسىلا مېنى ئەكېتىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. ئۇ چاغدا مەن بۇ بالامنى سالامەت يەڭگىيەلمەيمەن، يەڭگىسەممۇ ئوردىغا پاتقۇزالمايمەن، — دېدى سەنەم.

— ئەمىسە قانداق قىلساق بولار؟

— ھازىرقى ئەڭ زۆرۈر ئىش غېرىب بىلەن ئانىسىنى

تېپىشتۇر.

— بۇ چاغقىچە ئۇلار سىلەرنىڭ ئوردىغا يەتتىمىكىن دەيمەن، — دېدى بەرنا.

— ئىزدەپ باقساق، — دېدى سەنەم.

— ئەمدى سىز ئۇزاق سەپەرگە چىقىسىڭىز بەرداشلىق بېرەلمەيسىز، سىزگە تىنچلىق، جىمجىتلىق كېرەك.

— مەن ئۇلاردىن ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن.

— مەن دەشت - چۆلگە ھەم سىلەرنىڭ ئاستانەڭلەرگە ئادەم ئەۋەتەي، ئۇلار ئەھۋالنى ئۇقۇپ كەلسۇن، — دېدى مەلىكە بەرنا.

— ئەگەر يولدا ئۇچرىسا ئۇلارغا مېنىڭ مەشەدە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى دېسۇن، ئۇلار خەۋىرىمنى ئاڭلىسىلا كېلىدۇ، مانا بۇ بەلگە.

سەنەم بوينىدىكى تىلتۇمار بىلەن قولىدىكى نىگارئايىم سېلىپ قويغان ئۈزۈكنى چىقىرىپ بەردى.

ئەمدى گەپنى نىگارئايىمدىن ئاڭلايلى. دەشت - چۆل ئوتتۇرىسىدىكى بۇلاق بويىدىكى كىچىككىنە تاللىقتا نىگارئايىم تۆگىسىنى ساغماقتا، تاللىق ئارىسىدىن گۈلجامال كىچىككىنە بىر كېيىك بالىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ئانا... ئانا... بۇ بىچارە ئانىسىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ، بۇ بىچارىنى بىز بېقىۋالايلى، بولمىسا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدۇ.

— بالام، كېيىك بالىسىنى پەقەت ئۈچ كۈن ئېمىتىپلا قىيامەتتە كۆرۈشەيلى دەپ تاشلاپ كېتەرمىش، — دەپ چۈشەندۈردى نىگارئايىم.

— نېمانداق باغرى تاش ئانىدۇ، — دېدى گۈلجامال.

— سىزنىمۇ...

نىگارئايىم شۇنداق دەپلا ئاغزىنى تۇتۇپ قالدى.

— مېنى ھەرگىز تاشلاپ كەتمەڭ جۇمۇ. بەك قورقۇۋاتىمەن، — دېدى گۈلجامال.

— سىزنى تاشلاپ كەتكىلى يۈرىكىم قانداق چىدايدۇ، بالام؟

مەن ھەرگىز سىزدىن ئايرىلمايمەن.
شۇ چاغدا ئېگىز قاقاس تۆپىلىكتە بىر ئېشەككە مىنگەن ئىككى دەرۋىش پەيدا بولۇپ، پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى.
— ئانا ... ئانا ... ئادەم كېلىۋاتىدۇ.
— ئۇلار نېمە ئادەملەردۇ؟ — دېدى نىگار ئايىم.
— ئىككىسى كىچىككىنە بىر ئېشەككە مىنىۋالغانغا قارىغاندا ئۇلار باغرى تاش ئەسكى ئادەملەردەك قىلىدۇ. ھېچبولمىسا، بىزنىڭ تۆگىلىرىمىزنى بۇلاپ كېتەرمىكىن ... — دېدى گۇلجامال.
— ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتمەڭ، قىزىم.
گۇلجامال كېلىپ نىگار ئايىمنىڭ باغرىغا تاشلاندى.
ئەمدى شاۋازدىن گەپ ئاچايلى. شاۋاز چېدىرىدا خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. چېدىرغا ئابدۇللا شاتىرى بىلەن سىدىق بەگ قارلۇق كىرىپ كەلدى. شاۋاز چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ تەكىيە ئاستىدىن قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاتا!
— يېرىم كېچىدە نېمىدەپ كەلدىڭلار؟ — دېدى شاۋاز.
— خۇش خەۋەر ئاتا، تاغ ئوغرىلىرى شەھرى بەلخنى پەتھى قىپتۇ، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.
— نېمە، شەھرى بەلخنى پەتھى قىپتۇ؟
شاۋاز سەپرايى تېشىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— مۇشۇمۇ خۇش خەۋەر بولدىمۇ، شۇنىڭغا خۇش بولامسەن؟ شەھرى بەلخ ھامان بىزنىڭ شەھىرىمىزغۇ، بولسا تاغ ئوغرىلىرى جەڭدە قىرىلىپ تۈگىگەن بولسا، مەن شۇنىڭغا خۇش بولاتتىم، شەھرى بەلخ ھامان بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتەتتى، — دېدى شاۋاز.
— بىز تېخى جانابلىرىنى خۇش بولامدىكىن دەپتۇق. مىڭنى قىلسا ئۇلار باسمىچىلارنى يەتمىش كۈن قورشاپ يېتىپ، ئاخىر شەھرى بەلخنى ئۇلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالدى، — دېدى سىدىق

بەگ قارلۇق.

شاۋاز قوللىرىنى ئىشقىلاپ مىڭىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىلەر ئۇلارنىڭ غەلىبىسىدىن خۇش بولۇپ كەتمەڭلار. سىلەر بۇرنۇڭلارنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىكەنسىلەر. ئۇ قاراقچىلار ئەمدى غەزنەۋىلەرنى مەغلۇپ قىلدۇق دەپ كۆرەڭلەپ ئىشتىنىغا پاتماي، خورىكى ئۆسۈپ بىزنى تېخىمۇ كۆزگە ئىلماس بولۇپ كېتىدۇ. ئاخىر بىرىپ ئۇلار ئىت ئۆگزىگە چىقسا ئىگىسىنى تونۇماپتۇ دېگەندەك، بېشىمىزغا بالا بولىدۇ. غەزنەۋىلەرنى بويسۇندۇردۇق، شاۋازنى بويسۇندۇرالمىدۇق دەپ بىز تاش ساناپ بولغۇچە جالالىدىن قۇم سانايدۇ. ھازىر شەھىرى قارشىنى شەيخ جالالىدىن باشلىغان تاغلىقلار ئالسا شاۋازنىڭ خانلىق قوشۇنى تەييارغا ھەييار بولدى دەيدىغان پىتنە - پاساتلار ھەممە ئادەمنىڭ ئاغزىدا بار، ھەتتا بۇ پىتنە - پاساتلار ئوردابالىققا يېتىپ بىرىپ شاھى ئاباسىنىڭ قۇلىقىغىچە كىرىپتۇ. بارلىق شان - شەرەپ تاغ ئوغرىلىرىغا مەنسۇپ بولۇپ، خەقنىڭ كۆڭلى شۇلارغا مايىللاشسا، بىز ئېشەك باقامدۇق؟

— شۇڭا، بىز كېچىچە قوشۇن تارتىپ بېرىپ شەھەرنى قاراقچىلارنىڭ قولىدىن ئۆتكۈزۈۋالساق دېگەن نىيەتتە كەلدۇق، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— ئۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ — سورىدى شاۋاز.

— خەق ئۇيقۇسىنى ئېچىپ بولغۇچە بىز تاغلىقلارنىڭ قولىدىن شەھەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئۇلارنى ھېراتقا يورۇش قىلىشقا يولغا سالايلى. ۋەزىرئەزەم، شۇنداق قىلساق پىتنىخورلارغا قۇيرۇق تۇتقۇزمايمىز. ھېچبولمىسا، خەق خان قوشۇنى بىلەن تاغلىقلار ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ شەھەرى بەلخنى بىرلىكتە پەتھى قىپتۇ دەيدۇ، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

— كېچىچە شەھەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قاراقچىلار ئۇنامدۇ؟ — دېدى شاۋاز.

— ئۆلاردىن چاپارمەن كەلدى. شەھەرنى خان لەشكىرى ئۆتكۈزۈۋالسا، بىز دەرھال غەزنەۋىلەرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ شەھىرى ھىراتقا قاراپ ئاتلىنىمىز دەپتۇ، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— پاھ ... ئۆلارنىڭ روھى بەك كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتىغۇ، مېنىڭ پەرىزىمدىن باشقىچىغۇ، — دېدى شاۋاز.

— مېنىڭچە، ئۇبدان ئىشنىڭ بالدۇر بولغىنى ياخشى. بىزنىڭ ھەم شەھەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ھەم ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ شەھىرى ھىراتقا قاراپ ئاتلانمىقىمىز خوپ، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

— ئاڭلىساق، شەھىرى ھىراتنىڭ مۇداپىئەسى بەك پۇختىمىش، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— نۇسرەت بىزگە يۈزلەنگەن بۇنداق ئالتۇندەك پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، قولدىن كەتكىنىگە ئون بىر يىل بولغان شەھىرى ھىراتنى قايتۇرۇۋالساق، خانلىقىمىزنىڭ يەرگە ئۇرۇلغان شان - شەرىپى قايتا تىكلىنىپ نومۇسىمىز ئاقلىنىپ، خاندانلىقىمىزنىڭ خەلقئالەم ئالدىدىكى سۈر - ھەيۋىسى قايتا ئۆرلىگۈسى، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

— ئاڭلىساق، مەھمۇد غەزنەۋى ئۆزى شەھىرى ھىراتقا كېلىپ، بۇ ئۇرۇشقا ئۆزۈم باشچىلىق قىلىپ، قاراخانىيلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىمەن دەپ قەسەم قىپتۇ، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— شۇڭا، بۇ ئۇرۇشنى يالغۇز تاغلىقلارغا تاشلاپ قويماي، ئۇلار بىلەن ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلىپ ھىراتنى غەزنەۋىلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋالايلى. ئەگەر سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنى مەغلۇپ قىلساق، ۋەزىرئەزەم جانابلىرىنىڭ شانۇ شۆھرىتى جاھانغا تارىلىپ، سىلىگە قايىل بولماي ۋالاقلاپ يۈرگەن پىتنىخورلارنىڭمۇ ئاغزى تۇۋاقلىنىپ، شاھى ئاتىباسىنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدىكى گۇمانىي قاراشلىرى قايىللىقتا ئۆزگىرەتتى، — دېدى

سىدىق بەگ قارلۇق.
— بىز مەھمۇد غەزنەۋى بىلەن بىۋاسىتە بەل تۇتۇشۇپ غەلىبە قىلالارمىزمۇ؟ — دېدى شاۋاز.
— ھەرگىز ئارىسالدى بولمىغايلا، ۋەزىرئەزەم جانابلىرى. مەھمۇد غەزنەۋى دېگەن سوپى - دەۋرىشلىرىنىڭ جاھانغا پىتنە - پاسات تارقىتىشى بىلەن ئاتىلىپ قالغان قورۇق سۆلەت سۇلتان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوشنا ئەللەر ئۇنى ئارقا تەرىپىدىن پاراكەندە قىلىپ خورىتىپ، نۇسرەت ئۇنىڭدىن بىزگە يۈزلەندى. جالالىدىن باشلىغان تاغلىقلارنىڭ ئۇرۇش قىلغانچە روھى ئۆسۈپ ئىرادىسى كۈچىيىپ كەتتى. بىز ئۇلارغا ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلساق شەھىرى ھىراتنى قايتۇرۇۋالماي قويمايمىز. بۇ بىز ئۈچۈن كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان پۇرسەت، ئۆزلىرىنىڭ شان - شەرىپى ھەم ئابدۇللا شاتىرى جانابلىرىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.
— بوپتۇ، تەلىپىڭلار بويىچە ھازىرلا شەھىرى بەلخنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، تاغلىقلارنى غەزنەۋىلەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا بۇيرۇڭلار! شەھىرى ھىراتنىڭ ئىشىنى مەن يەنە ئويلاپ كۆرەي، — دېدى شاۋاز.
ئوردابالىق، شاھ ئوردىسى. شاھى ئابباس ھوجرىسىدا پەي ياستۇققا يۆلىنىپ يېتىپ كۆزىنى يۇمۇپ، سول قول ۋەزىر راشىدىن ئەتتارى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى.
— سىلى دەپ باقسىلا، ۋەزىرئەزەم، مەلىكىنى بۇلاپ قاچقان قاراقچىلارنىڭ ئايال باشلىقى زادى كىمدۇ؟ — دېدى شاھ.
راشىدىن ئەتتارى بىرئاز تۇرۇۋېلىپ:
— ئويلاپ زادىلا ئەقلىم يەتمىدى، شاھ ئالىيلىرى. ئاغزىمغا چىش چىقىپ ئايال قاراقچى، قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئايال ئىكەن دېگەننى ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. بۇ يېقىن ئەتراپتا ئۇنداق ئىشلارنى ھېچكىم ئاڭلىمىغانىكەن. مۇسۇلمان ئەللەردە تارىختىن بۇيان

ئايال قاراقچى چىققان ئەمەس. ئۇلارنى ھىندى ياكى پەرەڭ تەرەپلەردىن كەلگەنلەرمىدۇيا دېگۇم كېلىدۇ، — دېدى.

شۇ چاغدا نۆكەر كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، دۆلەتباغ قەسرىنىڭ ياساۋۇللار بېگى ئامىر سەئىد كەلتۈرۈلدى.

— ئىجازەت !

ئامىر سەئىد كىرگەنچە شاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ قار - يامغۇر يىغلىدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھى جاھانىم، مەن ئىش كۆرمىگەن، نادان قۇللىرىڭ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا ! پېقىر ئۆلۈمگە لايىق گۇناھقا پاتقان بولسامۇ، ماڭا گۇناھىمنى يۇيۇش پۇرسىتى بەرگەيلا. مەن ئۆلۈمگە لايىق، ئەمما ماڭا كەڭچىلىك قىلغايلا.

— ئېيتە، ساڭا يولۇققان ئادەملەر كىملەر؟ ھىندىلاردىنمۇ؟ — دېدى شاھ.

— يوقسۇ، شاھ ئالىيلىرى، ئۇلار نەق بىزنىڭ قوۋمدىكىلەردىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىمىرلىرى نىياز ئەلەم ئىكەن، — دېدى ئامىر سەئىد.

— سەن نىياز ئەلەمنى كۆرگەنمۇ؟ — دېدى شاھ.

— كۆرگەن، شاھ ئالىيلىرى.

— سۆزلىشىپ باققانمۇ؟

— يىراقتىن كۆرگەن، ئەمما سۆزلىشىپ باقمىغان، — دەپ جاۋاب بەردى ئامىر سەئىد شاھقا.

— نىياز ئەلەمنى چاقىرىڭلار! — دېدى شاھ.

— نىياز ئەلەم شاھ ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا مەرھەمەت قىلغاي ! — دېدى ھۆدەيچى.

قەددى - قامەتلىك، چار ساقال، ئەللىك بەش ياشلاردىكى نىياز ئەلەم گۇس - گۇس دەسسەپ شاھ ھۇزۇرىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلىپ

دېدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھ ئالىيلىرى، نەزەرباغ قەسرىنىڭ باش ئەمىر لەشكىرى نىياز ئەلەم خىزمەتلىرىگە تەييار.

— ئەمىر لەشكەر نىياز ئەلەم، بۇ سەركەردىنى ئۆزلىرى كۆرگەنمۇ؟

شاھ ئامىر سەئىدنى كۆرسەتتى. نىياز ئەلەم ئامىر سەئىدنىڭ باش ـ ئايىغىغا سىنچىلاپ قاراپ ئوڭايسىزلىنىپ:

— كەچۈرگەيلا، شاھ ئالىيلىرى، قەيەردىدۇ كۆرگەندەك قىلىمەن، تونۇش چىراي، ئەمما ئېنىق ئېسىمگە ئالالمىدىم، — دېدى.

— مۇشۇ بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە دالا سەپىرى ياكى شىكارغا چىققانمىدىلە؟ — دەپ سورىدى شاھ.

— يوقسۇ، شاھ ئالىيلىرى. مەن ھەپتە ـ ئون كۈندىن بېرى چىشىم ئاغرىپ، يۈزۈم ئىششىپ كېتىپ ئىزىمدا ياتتىم، ھەتتا ئۆيۈمنىڭ ھويلىسىغىمۇ چىققۇدەك بولالمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى نىياز ئەلەم.

— يالغان، شاھ ئالىيلىرى، مەن سۆزلەشكەن ئادەم دەل مۇشۇ. ئاۋازى، گەپ ـ سۆزىدىن تارتىپ نەق ئۆزى. مەن بىلەن سۆزلىشىپ مېنى قىلتاققا دەسسەتكەن ئادەم دەل مۇشۇ، — دېدى ئامىر سەئىد.

شاھ بىلەن راشىدىن ئەتتارى بىر ـ بىرىگە قاراشتى، نىياز ئەلەم ھەيرانۇھەس بولۇپ ئامىر سەئىدكە تىكىلدى.

— ياش سەركەردە، مەن نەدە، قاچان، نېمە ۋەجىدىن سىلىنى قىلتاققا دەسسەتتىم؟ — دېدى نىياز ئەلەم. شۇ چاغدا:

— ھېلىقى ھارۋىكەش بوۋاينى كەلتۈر ! — دېدى شاھ.

— ھارۋىكەش بوۋاي شاھ ھۇزۇرىغا مەرھەمەت قىلغاي !

ھۇجرىغا ھارۋىكەش بوۋاي قورۇنۇپ، تىترەپ كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھ ئالىيلىرى، پېقىر قۇللىرىغا رەھىم ـ شەپقەت قىلغايلا، — دېدى بوۋاي.

— كۆزلىرىنى ئوبدان ئېچىپ نىياز ئەلەم سەردارغا زەن سېلىپ قارىسىلا، ھېلىقى كۈنى سىلەرگە سۇ بەرگەن كىشى نىياز ئەلەم سەردار شۇمۇ، ئەمەسمۇ؟ — سورىدى شاھ.

ھارۋىكەش بوۋاي تازا زەن سېلىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق قارىدى.

— سەردار، قوللىرىنى چىقارسىلا، كۆرۈپ باقسام رۇخسەتمىكىن، — دېدى بوۋاي.

نىياز ئەلەم ھار ئالغاندەك بولۇپ شاھقا قارىدى، شاھ ئەمر قىلدى.

— كۆرۈپ باقسىلا بولىدۇ. نىياز سەردار، قوللىرىنى چىقارسىلا كۆرۈپ باقسۇن ! — دېدى شاھ. نىياز ئەلەم سول قولىنى كۆرسەتتى.

— خاپا بولماي يەنە بىر قوللىرىنى چىقارغان بولسىلا سەردارىم ، — دېدى بوۋاي.

نىياز ئەلەم ئاچچىقتىن ئۆرتىنىپ ئۆزىنى ئاران باسقان ھالدا يەنە بىر قولىنى چىقاردى، بوۋاي نىياز ئەلەمنىڭ قولىنى كۆرۈپلا دېدى:

— سەردارىمىز بىلەن ئۇ ئادەم ئوخشايدىكەن، ھەتتا بىر - بىرىنى پەرق قىلماق تەس ئىكەن، ئەمما، ئۇ ئادەم سەردارىمىز نىياز ئەلەم ئەمەس.

— ئۇ ئادەمنىڭ نىياز ئەلەم ئەمەسلىكىنى قانداق پەرق قىلدىلا؟ — دەپ سورىدى شاھ.

— ئۇ ئادەمنىڭ ئوڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقى يوق. مەن بۇنى ھېلىقى كىشى سەردارىمىز ئامىر سەئىدكە سۇ تۇتقان چاغدا كۆرگەن، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي.

— ئۇنداقتا نېمىشقا شۇ چاغدىلا ئامىر سەئىد سەركەردىگە بۇ ئىشنى تىنىپ قويمىدىلا؟ — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— مەن بۇرۇن نىياز ئەلەم سەردارنىڭ قولىنى كۆرمىگەچكە بۇ ئىشقا ئاجىز كەلدىم، — دېدى بوۋاي.

— ئەجەبا، ھەممە ئادەم سۇ ئىچسە ئۆزلىرى ئىچمەيلىغۇ؟ — دەپ سورىدى شاھ.

— مەن ئەزەلدىن خەق ىىكارغا بەرگەن نەرسىنى يېمەيمەن، ئىچمەيمەن، بىكارلىق نەرسىنىڭ ھامان چاتىقى بولىدۇ، دەپ قارايمەن. يېنىمدا ئۆزۈمنىڭ تۇلۇمىدا سۇ تۇرۇپ، خەقنىڭكىنى ئىچىپ نىمە قىلاي، ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈمگە يېتىدۇ، دەپ ئويلىدىم، — دېدى بوۋاي.

— نىياز ئەلەم جانابلىرى، ئۆزلىرىگە ئوخشايدىغان بىر ئادەم بىزنىڭ مەلىكە ئالىيلىرىنى بۇلاپ كېتىپتۇ. شۇڭا، بىز سىلىدىن بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمەك بولغانىدۇق، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ بۇلاپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ئەمما ئۇ قاراقچىلار بېشىنىڭ ماڭا ئوخشايدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى نىياز ئەلەم.

— شاھ ئالىيلىرى، ئۇلارنىڭ چوڭى نىياز ئەلەم سەردارىمىزغا ئوخشايدىغان ئادەم ئەمەس، ناھايىتى چىرايلىق، بىزنىڭ مەلىكە ئالىيلىرىدەك بىر پەرىزات ئىكەن، كېيىنكى ئىشلارنى شۇ پەرىزات ئۆيان - بۇيان قىلدى، — دېدى بوۋاي.

— مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايال زاتى بارلىقىنى چېلىقتۇرمىغان، — دېدى ئامىر سەئىد.

— ئۇ چاغدا ئۆزلىرى دورا بىھوشنىڭ كۈچى بىلەن ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدىلە، سەركەردەم. بىزنىڭ مەلىكە ئالىيلىرىنى خۇشال قىلىپ ئېلىپ كەتكىنى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھېلىقى ئايال. ھەممە قاراقچىلار ئۇ چىرايلىق قىزغا خوش دېسە خوش دەپ تىك تۇرىدىكەن، نىياز ئەلەم سەردارغا ئوخشايدىغىنىمۇ شۇنداق ئىكەن، — دېدى بوۋاي.

— ئۇ قاراقچىلارنىڭ ئاتامانى بىزنىڭ مەلىكىگە نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى شاھ.

— بۇنى دېيىشتىن قورقىمەن، شاھ ئالىيلىرى، — دېدى

بوۋاي.

— نېمىشقا؟

— قېرىغىنىمدا جان ئاز قالغانچە بەك تاتلىق تېتىيدىكەن، قىلىچلىرىدا بىئەجەل ئۆلمەي دەيمەن، شاھ ئالىيلىرى، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا؟

— جېنىڭدىن كەچتىم، سۆزلە بوۋاي، راست گەپ قىل.

بوۋاي تىزلىنىپ يىغلاپ كەتتى.

— راست مېنى ئۆلتۈرمەمدىلا، شاھ ئالىيلىرى؟

— تىلىڭنى چاينىماي سۆزلە، قېرى! — دېدى شاھ.

— شاھ ئالىيلىرى، ھېلىقى قاراقچىلار ئاتامانى كىچىك قىز ئىكەن. بىزنىڭ مەلىكە ئالىيلىرىچىلىك ئىكەن ... ئۇ ... نېمە دەيدۇ دېمەملا ... سىزنىڭ غېرىب دېگەن ئاشىق يىگىتىڭىز مېنىڭ قولۇمدا، مەن بىلەن يۈرۈڭ. مەن سىلەرنى مۇراد - مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزىمەن دېدى، — دەپ بولغان گەپلەرنى ئەينەن يەتكۈزدى بوۋاي.

— مەلىكە نېمە دېدى؟ — سورىدى شاھ.

— مەلىكە ئالىيلىرى بىھېساب خۇشال بولۇپ، ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈرۈپ كەتتى، — دېدى بوۋاي.

— ئەخمەق، كالۋا، خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دېگەن شۇ - دە. تونۇمىغان، بىلمىگەن بىر قاراقچىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ دوست تارتىشىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، ھېچبولمىسا، سىلەر كىم، نەدىن كەلدىڭلار، غېرىب قانداق بولۇپ سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولىدۇ، دەپ سورىشى كېرەك ئىدىغۇ؟ — دېدى شاھ.

— مەنمۇ ئالدىراپ خەقنىڭ گېپىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەمتىم، ئۇ قىزدا نېمە سېھرىي كارامەت باركىن، مەنمۇ ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە خۇددى ئامىر سەئىد سەركەردىمۇ، مەلىكە ئالىيلىرىمۇ ئىشەنگەندەك ئىشىنىپ قاپتىمەن، — دېدى بوۋاي.

— غەپلەت باسقان بىر توپ كالۋالار! رەھمىتۇللا يەركەندى

دېگەن لەقۋا نەلەردە تىمىسقىلاپ يۈرۈيدىغاندۇ ئەمدى؟ مۆھلەتنىڭ توشىدىغىنىغا ئۈچ كۈن قالدى، — دېدى شاھ.

— نىياز سەردار، ئۆزلىرىدىن سوراپ باقاي، سىلىنىڭ جەددى - جەمەتلىرى ئارىسىدا سىلىگە ئوخشايدىغان ئادەم بارمۇ؟ — سورىدى راشىدىن ئەتتارى بىر ئىشنى پەملەپ.

— كەمىنىلىرى ئويلاپ باقاي، ۋەزىرئەزەم، — دېدى نىياز ئەلەم.

— ھېلىقى كىشىنىڭ بوي - بەستى، چىراي - شەكلى، ھەتتا چار ساقاللىرى، ئاۋازىغىچە نىياز ئەلەم جانابلىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ، — دېدى ئامىر سەئىد.

— توختاڭلا ... بىر ئىش ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ ... لېكىن، بۇ مېنىڭ خىيالىم.

شاھتىن باشلاپ ھەممەيلەن نىياز ئەلەمنىڭ ئاغزىغا تەلمۈردى.

— نېمە ئىش؟ ئېسىلىرىگە كەلگەننى خىيال بولسىمۇ دەپ باقسىلا، ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى شاھ.

نىياز ئەلەم بىرئاز تۇرۇۋېلىپ ئېغىز ئاچتى ...

قاقاس تاغ ئارىسىدىكى يولدا غېرىبنى ئېلىپ ماڭغان رەھمىتۇللا يەركەندىنىڭ قوشۇنى خۇشال كېتىۋاتاتتى. رەھمىتۇللا يەركەندى بىلەن غېرىب ئاتلىرىنى يانداشتۇرۇپ سۆزلىشىپ ماڭماقتا. نۆكەر - ياساۋۇللار ئۇلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ماڭماقتا.

— شاۋاز ئوردىدىن يىراقلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن قەددىم كۆتۈرۈلۈپ، بارغانچە شاھنىڭ ئىشەنچىسىگە، ئەتىۋارلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ دورەم مەلىكە ئالىيلىرىنى تېپىشقا ۋە سىزنى قولغا چۈشۈرۈشكە شاھنىڭ مېنى بۇيرۇغىنى ھەم ماڭا زور ئىشەنچ باغلىغانلىقى، ھەم مېنى سىنىغىنى. ئەگەر مەن بۇ سىناقتىن ئۆتسەم شاھ مېنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ. شاھ بەرگەن مۆھلەت توشارغا يېقىن مەن بارلىق ئىشەنچتىن

ئايرىلىپ، كاللام كېتىدىغان بولدى دەپ ھاياتىمدىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ تۇرغىنىمدا، مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى ھەم سىزنىڭ خەۋىرىڭىز كەينى ـ كەينىدىن ئاڭلاندى. مەن تەڭرىمنىڭ مېنى رەسۋا قىلىپ شاھىنىڭ قىلىچىدا كاللامدىن بىھۇدە ئايرىمىغىنىغا يۈز مىڭ شۈكۈر قىلىپ، خۇشال بولدۇم، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— تەلەيلىك ئەمىركەنلا، شاھنىڭ خىزمىتىدە بولماق تولىمۇ مۈشكۈل. ئىشقىلىپ، بىر قېتىم قىلدىن قىيىق كەتسە، جان كېتىدىغان ئىش بولىدۇ، — دېدى غېرىب.

— بەرھەق، پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولغان كىشىنىڭ تولىمۇ سەزگۈر، زېرەك بولمىقى لازىم. بۇنى پېقىرمۇ بىلمىگەن يەردە ئەمەسمەن. شۇغىنىسى، بۇ خىزمەتنىڭ كىشىنى جەلىپ قىلىدىغان يېرىمۇ بار، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— ئۇنداق ئادەم ھەر تىنىقتا خېيىمخەتەرگە يۈزلىنىپ تۇرىدۇ، — دېدى غېرىب.

— بۇ چاغقىچە مەلىكە ئالىيلىرى ئاللىقاچان ئوردىغا ئاپىرىلىپ شاھ بىلەن خانىش ئايىمنىڭ كۆڭلى تىنغاندۇ. مەن سىزنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن شاھ تېخىمۇ شادلىنىدۇ. سىز بېشىڭىزدىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنى دېسىڭىز، مەنمۇ بار ئامال بىلەن سىز توغرۇلۇق ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ شاھنى گۇناھىڭىزدىن ئۆتۈپ، سىزگە كەڭچىلىك قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن. بولسا مەلىكە ئالىيلىرى بىلەن تويۇڭلارنى قىلىپ مۇراد ـ مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزۈشكە ئۇندەيمەن. بولمىغاندا، ئۆزىڭىزنىڭ تەلىپى بويىچە سىزنى شەھىرى بەلخ جېڭىگە ئەۋەتىشكە، گۇناھىڭىزدىن ئۆتۈشكە كۆندۈرىمەن، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— بۇنداق ھىممەت بىلەن ئاتىدارچىلىق قىلسىلا ياخشىلىقلىرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇماس ئىدىم، — دېدى غېرىب.

شۇ چاغدا ئالدى تەرەپتە بىر توپ خان لەشكەرلىرى پەيدا بولدى.

— سەردار ھەزرەتلىرى، ئالدىمىزدا بىر توپ لەشكەر پەيدا بولدى، — دېدى نۆكەر.

رەھمەتۇللا يەركەندى نۆكەرگە بېرىپ ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاپ كېلىشنى ئېيتتى.

نۆكەر: «خوپ، ھەزرىتىم» دېگىنىچە ئات چاپتۇرۇپ ئالدىغا قاراپ كەتتى.

— يۈرۈشتىن توختاپ، سەل تۇرۇپ تۇرۇڭلار، — دېدى رەھمەتۇللا يەركەندى.

— ئۆز قوشۇنىڭلاردەك تۇرامدۇ نېمە؟ — دېدى غېرىب.

— ھەرقاچان بىزنىڭ مەلىكە بىلەن سىزنى ئىزدەپ يۈرگەن قوشۇنلىرىمىز، — دېدى رەھمەتۇللا يەركەندى.

بىردەمدىن كېيىن رەھمەتۇللا يەركەندىنىڭ نۆكىرى كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— شاۋاز ۋەزىرئەزەمنىڭ يېقىنى، ئىشىكئاغىسى ئابلىز ئەمىر ئىكەن.

— ئەمىر ئابلىز ۋەزىرئەزەم شاۋاز بىلەن بىللە غەزنەۋىلەرگە قارشى جەڭگە كەتكەن تۇرسا، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ خاتا كۆرمىگەنسەن؟ — دېدى رەھمەتۇللا يەركەندى.

— يوقسۇ، جانابلىرى، ئۇ مېنى غوجاڭغا خەۋەر قىل، ئالدىمغا كەلسۇن دېدى.

نۆكەرنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماستىن ئابلىز شەيتان كېلىپ بولدى.

— ئاتتىن چۈشۈپ ماڭا سالام بەرمەي ھۆرۈ - پۆرۈ قىلىپ تىلىنى چايناپ تۇرغان كىم؟ — دېدى ئابلىز شەيتان.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەمىر ھەزرەتلىرى، مەن ئوردىنىڭ باش جىبەكچىسى رەھمەتۇللا يەركەندى بولىمەن، — دېدى رەھمەتۇللا يەركەندى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئوردىنىڭ باش جىسەكچىسى بولغانلىرىدىن خەۋەرسىز ئىكەنمىز، رەھمىتۇللا يەركەندى. ئۆزلىرى بىز ئورداباللىقتىكى چاغدا شەھەرنىڭ كىچىلىك جىسەكچى بېگى ئىدىلە، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— ئاللانىڭ رەھمىتى، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بۇ ئورۇن ھازىرچە پېقىرغا تېگىپ قالدى. تاغ يۆتكەلمەس، تەقدىر يۆتكىلىپ تۇرار، دېگەن ئاتىلار سۆزى بار ئەمەسمۇ، ئىشىكئاغىسى ھەزرەتلىرى؟ — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— پاھ، بىز غەزنەۋىلەر بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىپتىمىز، ئۆزلىرى ئورداباللىقتا خاتىرجەم مانتا يەپ يېتىپ كاتتا مەنسەپدارغا ئايلىنىپ كېتىپلا، بىلمەپتۇق. بىلگەن بولساق بوينىمىزغا ئارغامچا سېلىپ ئۆمىلەپ كېلىپ كۆرۈشەر ئىكەنمىز، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— بۇ ئاللانىڭ شاپائىتى، مەندە تۇرماس بۇ ئامەت، سەندە تۇرماس ئۇ مەينەت دەپ، يەنە كۇنلەرنىڭ بىرىدە جانابلىرىدەك پادىشاھ ھەم ۋەزىر ئەزەمنىڭ پۇت ـ قولىغا ئايلانغان مۇھىم ئاقساقاللار كاتتا مەنسەپنىڭ تاجدارى بولۇپ دەۋران سۈرىدىلا، بىز ئۇ چاغدا يەنىلا سىلىنىڭ ئاياغلىرىدا قارىساق كۆزىمىز، سوزساق قولىمىز، قىچقارساق ئۈنىمىز يەتمەي بويۇن قىسىپ قول باغلاپ قالىمىز. پادىشاھ ئالىيلىرى ھەرقاچان ھەرقايسىلىرىدەك باھادىرلار جەڭدىن كەلگۈچە ئىش ئاقساپ قالمىسۇن دەپ بىزنى ۋاقىتلىق ئوردىنى ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئارتقۇزۇشقا قويدى. قايتىپ كەلسىلە بىزنىڭ ئەرزىمەس ئورۇنغا كۆزلىرى چۈشسە، بىزدەك ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسىتىش شەرىپىگە نائىل بولالمىغان ئاقساقاللار ئۆيلىرىمىزگە قايتىپ خوتۇنىمىزنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالايمىز، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— سۆزمەن ئىكەنلا، رەھمىتۇللا يەركەندى جانابلىرى، مەدرىسىدە خەلپىتىم رەدنامىنى تولدۇرۇپ ئوقۇپ تىللىرىغا

ھۆرۈپ قويغان بولغىيمىدى. پاھ، قالتىس تاغ يۈرەك بولۇپ كېتىپلا، تەقسىر. گۇناھكار پالاندى غېرىب يانلىرىدا بەھۇزۇر تولپار مىنىپ ئولتۇرسا، مەن تېخى ئوردا سەرلەشكەر بېشىدىن بىرەرى ئوخشايدۇ دەپتىمەن. شاھ ئالىيلىرى غېرىبنى ئۆزلىرىگە ئورۇنباسار جىسەكچى قىلىپ تەيىن قىلمىغاندۇ؟ — دېدى ئابلىز شەيتان.

— يوقسۇ، ئەمىربېگىم، مەن يەنىلا بۇرۇنقى گۇناھكار پېتىم، شاھ ئالىيلىرىغا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن، مېنى مەنسەپدار بولدىمىكىن دەپ ئىچىلىرىنى ئۇۋاپ كەتمىسىلە، ياغلىرى چايقىلىپ كەتمىسۇن، — دېدى غېرىب.

— ئاغزىڭنى يۇم، پەسەندە پالاندى ! مەن ساڭا گەپ قىل دېمىدىم. سېنىڭ ماڭا گەپ ياندۇرۇپ، تىل تەگكۈزۈشكە نېمە ھەددىڭ؟! — دېدى ئابلىز شەيتان.

— پەسەندە بولغان بولسام ئاللىقاچان ساڭا ئوخشاش ئىتقا ئايلىنىپ يالاق يالاپ يۈرگەن بولاتتىم، پەسەندە بولمىغاچقا گۇناھكار بەندە بولدۇم، — دېدى غېرىب.

ئابلىز شەيتان قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ۋارقىرىدى:

— تۇتۇڭلار ماۋۇ ئىسيانكار مۇناپىقنى ! مەن يۈرىكىڭنى سۇغۇرۇۋېلىپ قېنىڭنى ئىچمەيدىغان بولسام !

ئابلىز شەيتاننىڭ نۆكەرلىرى غېرىبنى تۇتۇش ئۈچۈن ئېتىلدى، رەھمىتۇللا يەركەندى ئېتىنى ئالدىغا دېۋىتىپ ئۇلارنى توسۇپ تۇرۇپ دېدى:

— توختاڭلار ! ئىشىكئاغىسى ھەزرىتىم، ئۆزلىرىنى بېسىۋالغايلا، غېرىبقا چېقىلمىغايلا ! ئۇ پادىشاھ ئالىيلىرىغا تاپشۇرىدىغان ئامانەت. مېنىڭ ۋەزىپەم ئۇنى پادىشاھ ئالىيلىرىغا ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇشتۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ بىر تال مويىغا چېقىلىشقا بولمايدۇ ! — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى جىددىي تۇستە.

— بىر مەھبۇسنى مانا مۇشۇنداق ئەركىلىتىپ ئېلىپ ماڭغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىمۇ پادىشاھ ئالىيلىرى ئالدىدا گۇناھقا لايىق، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— كىم تۆھپىكار، كىم گۇناھكار بولىدۇ، بۇ ھۆكۈمنى پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ چىقارغىنى ئەڭ ئورۇنلۇقتۇر.

— ئەگەر ماڭا يەنە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بولسىلا، سىلىنىمۇ گۇناھكار سۈپىتىدە قولغا ئالىمەن، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— ھەددىلىرى ئەمەس، مەن ھازىر خاننىڭ باش جېسەكچىسى، ئەگەر قولغا ئېلىشقا توغرا كەلسە مەن سىلىنى قولغا ئالىمەن، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندىمۇ بوش كەلمەي.

— مەن دېگەن غەزنەۋىلەر بىلەن جەڭ قىلىپ ئۇرۇشتىن ھايات چىققان باھادىر ئەر، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— بىزدە جەڭ مەيدانىغا بېرىپ بىر تال يا ئوقى ئاتمىغان، بىر دۈشمەننى يەر چىشلەتمەي باھادىر ئاتالغانلار سامانىدەك، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

ئابلىز شەيتان قىلىچىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

دەشت ـ چۆلدىكى تاللىق بوْلاق بويى. نىگارئايىم بىلەن گۇلجامال بىر تۆگىگە، يەنە بىر دەرۋىش يەنە بىر تۆگىگە، بىرى ئېشىكىگە مىنىپ يولغا چىقتى. بوتىلاق ۋە ئۆگىتىلگەن كېيىك ئوغلىقى ئۇلارغا ئەگەشتى.

— ئانا، غېرىب ئاكام نېمىشقا ئۆزى كەلمەي بۇلارنى بىزنى ئەكېلىشكە ئەۋەتىدۇ؟ — دەپ سورىدى گۇلجامال.

— قىزىم، ئاكىڭىز نەزەربەند قىلىنغان، بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ، — دېدى نىگارئايىم.

— نەزەربەند دېگەن نېمە ئۇ؟

— سولاپ قويىدى دېگەن گەپ، قىزىم. ئاكىڭىزنى سولاپ قويىدى، — دېدى نىگارئايىم.

— ئاكامنى نېمىشقا سولاپ قويىسىلەر؟

گۇلجامالنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا تۆگىگە مىنگەن دەرۋىش جاۋاب بەردى:

— پادىشاھ ئاكىڭىزنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە يۈز تىللا بېرىمەن دەپ پەرمان چىقاردى. ئاكىڭىز سىلەر ئانام بىلەن سىڭلىمنى تېپىپ ئەكەلسەڭلار ئىككى يۈز تىللا بېرىمەن دېدى. شۇڭا، سىلەرنى ئىزدەپ تاپتۇق. سىلەرنى غېرىبقا تاپشۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىمىز، مەقسەت شۇ.

— بىزنى ئوغلۇم بىلەن تىنچ ـ ئامان دىدارلاشتۇرىدىغانلا ئىش بولسا قانچە تەڭگە ئالساڭلار رازىمەن، — دېدى نىگارئايىم.

— بۇنىڭ گېپىگە مەن ئىشەنمەيۋاتىمەن، ئانا، — دېدى گۇلجامال.

— ئاكىڭىزنىڭ خەنجىرىنى نىشانە قىلىپ كەلگەندىكىن

ئىشەنمەي بولمايدۇ، قىزىم.

گۈلجامال ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىن ئەكېلىپ پىچىرلىدى:

— ئانا، بۇلارنىڭ تەلەتىدىن شۇملۇق چىقىپ تۇرىدىكەن، شۇنداق دەپ ئاپىرىپ بىزنى يامان كۈنلەرگە قويارمىكىن دەيمەن.

— بىزنى ئۆلۈم گىردابىغا ئاپارسىمۇ، ئاكاڭ بار يەرگە بارىدىغان ئىش بولسا مەيلى، ئاللاغا تەۋەككۇل قىلىپ ماڭدۇق، قىزىم، ئاللا بىزنى پاناھىدا ساقلايدۇ. ئەگەر يەيدىغان رىزقىمىز تۈگىگەن بولسا تەقدىر ـ قىسمەتكە بويسۇنماي ئامالىمىز يوق، — دېدى نىگارئايىم.

ئەمدى گەپنى سەنەمدىن ئاڭلايلى. مەلىكە بەرنانىڭ چاھارباغىدا قورسىقى خېلىلا كۆتۈرۈلگەن سەنەم بىلەن بەرنا تۆردە تەڭ قۇر ئولتۇرماقتا. دۇتارچى قىزلار دۇتار بىلەن ناخشا ئېيتماقتا. ئۇسسۇلچى قىزلار مىڭ خىل نازۇكەرەشمە بىلەن ئۇسسۇل ئوينىماقتا.

ئاتلىرىنى ھەيدەيدىكەن
مۇز داۋان بىلەن،
بىر ياخشىنى قىينايدىكەن
بىر يامان بىلەن.

ئۆزۈڭ ئاندا بارامسەن،
مېنى مۇندا قويامسەن؟
ئۆزۈم سالغان باغچامدا
ئوينىغىلى قويامسەن؟

بۇلبۇل دېگەن بىر قۇشتۇر،
سايرىسا ئۇنى خۇشتۇر.

باغرى قان ۋاپادارلىق
ئىشق ئوتىدا بىهوشتۇر.

جان نەپەستىن چىقمىدى،
بۇلبۇل قەپەستىن چىقمىدى.
سەن يارىمنىڭ گەپلىرى
زادى ئەستىن چىقمىدى.

بەرنا سەنەمنىڭ تومپىيىپ چىققان قورسىقىنى ئاستا سىلاپ، ئاندىن تىڭشاپ قويۇپ دېدى:

— قورسىقىڭىزدىكى بۇ بالىجان ئاتىسى غېرىبقا ئوخشاش قاملاشقان يىگىت بولارمۇ ياكى سىزگە ئوخشاش ئاي يۈزلۈك، چولپان كۆزلۈك مەلىكە بولارمۇ؟

سەنەم قورسىقىنى سىلاپ، تەبەسسۇم بىلەن دېدى:

— مەيلى قايسىسى بولسا خۇدايىمنىڭ بەرگىنى، تىنچ ـ ئامان يەرگە چۈشسە خۇدايىمغا يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر دەيمەن.

— ئىسىت، مېنىڭ قورسىقىمدىمۇ غېرىبنىڭ پۇشتىدىن بىر بالام بولغان بولسا، مەنمۇ سىزدەك قورسىقىمنى مۇشۇنداق سىلاپ ئولتۇرۇپ، ئىككىمىز تەڭ يەڭگىگەن بولساق ـ ھە ! مەنمۇ سىزدەك بەختكە چۆمەلەسمىدىم، — دېدى بەرنا.

— مۇشۇنداق ئىچىڭىزنى ئۇۋاپ، بالامغا كۆزىڭىز تەگمىسۇن يەنە. مېنى تىنچ ـ ئامان يەڭگىلى قويمامسىز نېمە؟ — دېدى سەنەم چېقىشىپ.

— مېنىڭ كۆزۈممۇ، ئوتۇممۇ يامان. ئاغزىمدا دېگەن بىلەن ئىچىمدىكىنى قويۇۋېتەيمەن. مانا كۆزۈم تەگمىسۇن، تىلىم تەگمىسۇن، ئوتۇم تۇتمىسۇن جۇمۇ.

بەرنا ھەييارلىق قىلىپ سەنەمنىڭ قورسىقىنى سىلىدى، شۇ چاغدا قورساقتىكى بالا قاتتىق تەۋرىدى، ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قاراپ كىچىككىنە سۈكۈتتە تۇرۇپ، تەڭ كۈلۈشتى.

— ﭘاھ، بۇ قالتىس باھادىر يىگىتمۇ نېمە، قولۇمغا قاتتىق تېپىۋەتتى، قولۇڭنى تارت، ماڭا تەگمە دەۋاتامدۇ نېمە؟ — دېدى بەرنا.
— ئانام بىلەن مېنى تىنچ - ئامان قويامسىز قانداق دەۋاتامدۇيا؟ — دېدى سەنەم.
— ئاناڭ بىلەن سەن ئۇچۇن ئەڭ ياخشى پاناھ جاي مۇشۇ. مەلىكىگە پەقەت مەلىكىنىڭ چاھارباغى ياخشى، خاتىرجەم يات، شاھزادە، ئاز كۈندە داداڭنىمۇ بۇ يەرگە ئەكېلىپ سىلەرنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىمەن.
— بىزنى مۇراد - مەقسىتىمىزگە يەتكۈزسىڭىز خۇدايىم سىزنىمۇ مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزگەي دېگىن، ئوغلۇم. سەنەم قورسىقىغا قاراپ شۇلارنى دەپ ئۆكسۈپ يىغلاپ سالدى.
قاقاس تاغ ئارىسىدا رەھمىتۇللا يەركەندى بىلەن ئابلىز شەيتاننىڭ قوشۇنى بىر - بىرىگە قورال تەڭلىشىپ ھۇرپىيىشتى، ئابلىز شەيتان بىلەن رەھمىتۇللا يەركەندى بىر - بىرىگە قىلىچ ئۇرۇشتى. غېرىب ۋارقىراپ ئارىغا كىردى:
— مەن بىر گۇناھكار مەھبۇسمەن، مېنى دەپ ئىككى سەركەردىنىڭ ئارىسىغا ئارازلىق يەتمىگەي، ئەمىر ئابلىز، سىلىچە بولغاندا مېنى باغلاپ ئېلىپ ماڭسا توغرا بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟! — دېدى غېرىب.
— ئىشىڭنى قىل، پالاندى سولتەك! سەن تېخى ئۆزۈڭچە بىزنى ئەپلەشتۈرمەكچىمۇ؟ خاننىڭ ئىككى سەركەردىسىنى بىر پالاندى مەھبۇس ياراشتۇرماقچى، بۇ بىز ئۇچۇن ھاقارەت، سەن سولتەككە ئويۇن بوپتۇ - دە، — دېدى ئابلىز شەيتان.
— سەن نېمە دېمەكچى، مەقسىتىڭنى دە، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى «سەن»لەپ .
— مەن مەقسىتىمنى ساڭا دېمەيمەن، خانغا دەيمەن. ئەمما، سېنىڭ بىر مەھبۇسنى ئەتىۋار مېھماندەك، ھۆرمەتلەپ،

پادىشاھنىڭ ئىشكىئاغىسىغا بوھۆرمەتلىك قىلغىنىڭنى، ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ياقا يىرتىپ ئۇردا ئەمىرىگە تىغ كۆتۈرگىنىڭنى بۇ يەردىكى لەشكىرىي جامائەت كۆردى. سەن مۇشۇ ئىشنىڭ ئۇچۇنلا خاننىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزدىڭ! — دېدى ئابلىز شەيتان.

— ئۇنداقتا، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ئاتتىن چۈشۈپ تىزلىنىپ گۇناھىمنى تىلەيدىكەنمەن ـ دە! شۇنداق قىلسام كۆڭلۈڭ تىنامدۇ؟ — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— ماڭا تەزىمىڭنىڭ كېرىكى يوق. ئەگەر بۇ ئىشنى چىرايلىق تۈگىتىمەن دەيدىكەنسەن، گۇناھكار غېرىبنى چىرايلىقچە ماڭا تاپشۇر. ئۇ چاغدا مەنمۇ بۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى شاھ ئالىيلىرى ئالدىدا تىلغا ئالماي، سەنمۇ ئۆز ئىشىڭنى بۇرۇنقىدەك قىلىۋەر، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— ئۆزۈڭچە مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ، بوينۇمدىكىنى ئادەمنىڭ بېشى ئەمەس، قاپاق كۆرۈۋاتامسەن؟ ھالىڭنى ھېكىم يەيدۇ، تاياقنى يېتىم دەپ، مەنزە خاننىڭ ئالدىدىكى گۇناھكار، سەن قوش تۆھپىكار بولۇپ، شاھنىڭ كاللامنى قانداق ئېلىپ، ئۆلۈكۈمنى قانداق سازايە قىلغىنىنى كۆرۈپ تاماشا قىلماقچىكەنسەن ـ دە؟! — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى ئاچچىق بىلەن، — مېنىڭ يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ۋەزىپىمنى ئورۇنداپ شاھتىن ئىنئام ئالىدىغىنىمنى ياكى كاللامنى شاھنىڭ چامغۇر توغرىغاندەك توغرىغىنىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلانماقچىكەنسەن ـ دە.

— ئەگەر غېرىبنى چىرايلىقچە ماڭا تاپشۇرمايدىكەنسەن، بۇ جىلغىدىن ساق چىقىپ كېتىمەن دەپ ئويلىما. مەن غېرىبنى چەمبەرچاس باغلاپ ئاتقا سۆرىتىپ شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارمايدىغان بولسام، ئېتىمنى يۆتكىۋېتىمەن، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— سېنىڭ ئېتىڭنى يۆتكىۋېتىشىڭ ئاغزىڭنىڭ يېلى. مەنمۇ ساڭا دەي، ئەگەر غېرىبنى ساڭا تارتقۇزۇپ قويىدىغان بولسام

جىلغىدىن تىرىكىم چىقمايدۇكى، ئۆلۈكۈم چىقىدۇ، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

ئىككى ئەمىر قايتا قىلىچۋازلىققا چۈشتى، ئابلىز شەيتان ئۇرغان بىر قىلىچ بىلەن رەھمىتۇللا يەركەندىنىڭ قولىدىكى قىلىچ ئوتتۇرىدىن سۇنۇپ كەتتى. ئابلىز شەيتان قىلىچىنى رەھمىتۇللا يەركەندىنىڭ بېشىغا توغرىلاپ چاپتى، غېرىب چاققانلىق بىلەن يېنىدىكى نۆكەرنىڭ قولىدىكى نەيزىنى تارتىۋېلىپ نەيزە بىلەن ئابلىز شەيتاننىڭ قىلىچىنى ئۇرۇۋەتتى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرىمۇ گىرەلەشمە جەڭگە چۈشۈپ كەتتى. ئابلىز شەيتان غېرىبقا ئېتىلىپ قىلىچ ئۇردى. غېرىب نەيزە بىلەن تاقابىل تۇردى. ئابلىز شەيتان يەنە بىر قىلىچ چاپقاندا غېرىب نەيزە بىلەن ئابلىز شەيناننىڭ قىلىچ تۇتقان ئوڭ قولىغا قاتتىق ئۇرۇپ، قىلىچنى ئۇچۇرۇۋەتتى. غېرىب ئاتتىن سەكرەپ چىقىپلا ئابلىز شەيتاننى قۇچاقلاپ ئاتتىن پەسكە چۈشۈرۈپ پومداقلاشتى. غېرىب كۈچەپ ئابلىز شەيتاننى بېسىپ قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ ئورنىدىن تىك تۇرغۇزدى، ئۇ قولىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي تولغىنىشىپ كەتتى.

— خەپ توختاپتۇر، پالاندى، مەن سېنىڭ بوينۇڭنى قۇشقاچىنىڭ بويىنىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋەتمەيدىغان بولسام! — دېدى ئابلىز شەيتان.

— لەشكەرلىرىڭگە پەرمان قىل، بىھۇدە ئۇرۇشنى توختاتسۇن! — غېرىب بۇيرۇق قىلدى.

ئابلىز شەيتان گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى، غېرىب ئابلىز شەيتاننىڭ قولىنى تېخىمۇ قايرىپ تاغاققا چىقاردى، ئابلىز شەيتان قاقشاپ كەتتى. ئابلىز شەيتاننىڭ بىرقانچە نۆكىرى غېرىبنى قىلىچ تەڭلەپ قورشىۋىدى، رەھمىتۇللا يەركەندى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى قورشىدى. غېرىب بىر قولىدا خەنجىرىنى چىقىرىپ ئابلىز شەيتاننىڭ كېكىردىكىگە پاتۇرۇپ ۋارقىرىدى.

— ئادەملىرىڭگە دە، ياراغ تاشلىسۇن، بولمىسا سېنى بوغۇزلايمەن !

ئابلىز شەيتان ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— بولدى، ئۇرۇشماڭلار، ئۇرۇشماڭلار ! ...

— ئۇلارغا دە، ياراغنى تاشلىسۇن ! — غېرىب ۋارقىرىدى.

— بولدى، قورالنى تاشلاڭلار!

ئابلىز شەيتاننىڭ لەشكەرلىرى قورال تاشلىدى. رەھمىتۇللا يەركەندىنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى يىغىۋېلىپ، ئاتلىرىدىن چۈشۈرۈپ ئاتلىرىنىمۇ تارتىۋالدى، غېرىب ئابلىز شەيتاننى باغلىدى.

— تىزلان، مۇناپىق !

غېرىب ئۇنىڭ گەدىنىدىن بېسىپ رەھمىتۇللا يەركەندىنىڭ ئالدىغا تىزلاندۇردى.

— مېنىمۇ باغلاپ بۇ مەلئۇن بىلەن بىللە شاھنىڭ ئالدىغا ئاپارسىلا، ھەزرىتىم، — دېدى غېرىب.

— بۇ ... بۇنداق قىلساق؟

— بۇنىڭ بىلەن ئىككىمىزنى تەڭ باغلاپ ئاپارمىسىلا بۇ مۇناپىق شاھ ئالدىدا سىلىنىڭ تىللىرىغا ئىشەك باغلايدىغان ئىش بولمىسۇن، مېنى باغلىغانلىرى تۈزۈك ئىكەن. مېنى باغلىسىلا، ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن پايدىلىق، — دېدى غېرىب.

رەھمىتۇللا يەركەندى بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمىسە تۈزۈت قىلمىدىم، باغلاڭلار !

نۆكەرلەر غېرىبنىمۇ باغلىدى، ئابلىز شەيتان مەسخىرە ئارىلاش دېدى:

— ئەسلىدە سەن مۇناپىقمۇ ئالىلقاچان تاغ ئوغرىلىرى بىلەن تىلىنى بىر قىلغان ئاسىي مۇناپىق ئىكەنسەن. خەپ، سېنى بىلمەپتىمىز، خاننىڭ ئالدىدا سېنى رەسۋا قىلمايدىغان بولسام ...

رەھمىتۇللا يەركەندى بۇيرۇق قىلدى:

— بۇ بەتبەختنىڭ ئاغزىغا پايتىما تىقىڭلار!

بىر نۆكەر ئولتۇرۇپ چورۇقىنى سېلىپ، پايتىمىسىنى چىقىرىپ ئابلىز شەيتاننىڭ ئاغزىغا تىقىپ قويدى.

— يولغا چىقايلى! — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

ھەممىسى قوزغىلىشتى.

ئەمدى گەپنى شاھ تەرەپتىن ئاڭلايلى. شاھ ھۇجرىسىدا سول قول ۋەزىرى راشىدىن ئەتتارى، نىياز ئەلەم، ئامىر سەئىدلەر بىلەن جىددىي سۆھبەتتە ئىدى.

— قېنى سۆزلىسىلە، ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى شاھ.

— دېيىشكە بىئەپ گەپ بولسىمۇ، قورۇنماي دەۋەرسىلە. چۈنكى، بۇ ئىش مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى. قانداق گەپ بولسا دېمىسىلە بولمايدۇ، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— رەھمەتلىك ئاتام جان ئۈزۈش ئالدىدا ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى دەپ بەرگەن: ئەسلىدە مەن ئانامدىن قوشكېزەك تۇغۇلغانىكەنمەن. بىز تۇغۇلغان يىلى ئاتام رەھمەتلىك شەرلىكتىن قاچتى دېگەن جىنايەت بىلەن زىندانغا تاشلانغانىكەن. ئانام ئەسلىي كەشمىرلىك بولۇپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىمىزنى بىللە بېقىشقا ئامالسىز قېلىپ مېنى موماغا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇكامنى ئېلىپ تاغىسىنىڭ سودا كارۋىنى بىلەن كەشمىرگە كېتىپتىكەن. مېنى موماي بېقىپ چوڭ قىلغان. بۇنىڭدىن توققۇز يىل بۇرۇن قوندۇزدىن كەلگەن سودا كارۋىنىدىكى بىر كىشى ئۆيۈمگە ئاتامنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ كەلدى ھەم مېنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر پەستىن كېيىن مېنى قۇچاقلاپ: «راست شۇ ئىكەنلا، ئوخشايدىكەنلا!» دەپ يىغلاپ كەتتى ھەمدە قوندۇزدا ماڭا ئوخشايدىغان بىر ئىنىم بارلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى بىر ئۆيدە چوڭ بولغانلىقىنى، ئانىسى ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا:

«ئورداباليقتا سىلەرنىڭ بىر ئاكاڭلار بار. ئۇنىڭ ئېتى نىياز ئەلەم. پۇرسەت بولسا شۇ ئاكاڭلارنى تېپىڭلار» دېگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بىزنىڭ باشقا ئاتىدىن بولغان ئىنىمىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىز ئۇلارنى بىر زامان ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتتۇق. ئۇلار كېيىن بىزنى قۇندۇزغا بىللە كېتىشكە كۆپ دەۋەت قىلدى. بىزنىڭ كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن يەردىن ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيمىدى. ئۇ ئادەمنىڭ دېيىشىچە، نىياز ئەلەم ئىسىملىك ئۇ قوشماق ئىنىم قۇندۇز پادىشاھىنىڭ داڭلىق سەركەردىلىرىدىن بولۇپ، ناھايىتى نۇرغۇن يايلاق، زېمىنلىرى، مال ـ دۇنياسى بارمىش، — دېدى نىياز ئەلەم.

— ھە ... مۇنداق ئىشمۇ؟ قۇندۇز پادىشاھىنىڭ سەركەردىسى ... — دېدى شاھ.

— سىلى ئۇ قوشماق ئىنىلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— ھەئە، مەن يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان، ئۇ مېنى يوقلاپ كەلمەكچىكەنمىش، — نىياز ئەلەم يەرگە قارىغىنىچە دېدى.

— ئەمما، ئۇ ئادەم خۇددى سىلىگە تېرىلىرىنى كىيدۇرۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن، سەركەردە، دەرۋەقە، ئۇ سىلىنىڭ قېرىنداشلىرى ئىكەن، — دېدى ھارۇنكەش بوۋاي.

— ئەمسە ھېلىقى قىز كىم بولىدۇ؟ — دېدى شاھ.

— ئۇمۇ مەلىكە ئالىيلىرىدەك ناھايىتى ئېسىل سۈپەت قىز ئىكەن، ئۇ چوقۇم قۇندۇز پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى، — دېدى بوۋاي.

— ماقۇل، ئۇنى قۇندۇز شاھىنىڭ مەلىكىسى دەيلى، ئەمما ئۇ بىزنىڭ مەلىكە ئالىيلىرىنى بۇلاپ كېتىپ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— راست، نېمە قىلىدىغاندۇ؟ يا ئۇ مېنىڭ يۈز تىللالىق ئىنئامىمنى ئالماقچىمىدۇ؟

شاھ شۇنداق دەۋاتقاندا مەلۇماتچى تەرلەپ ـ پىشىپ خۇشال

يۈگۈرۈپ كىردى ـ دە، تەزىم بىلەن مەلۇم قىلدى:
ـــ شاھ ئالىيلىرى، خۇش خەۋەر!
ـــ سۆزلە، نېمە خۇش خەۋەر، ـــ دېدى شاھ.
ـــ جەڭگاھتىن چاپارمەن كەلدى، شاۋاز ھەزرەتلىرى شەھىرى بەلخنى تەسەررۇپىغا ئاپتۇ. باشبۇغ ئابدۇللا شاتىرى جانابلىرى قوشۇنلارنى دەم ئالدۇرماستىن غىزنەۋىلەرنىڭ قاچقان قوشۇنىنى قوغلاپ، شەھىرى ھېراتقا قاراپ يۈرۈش قىپتۇ، ـــ دېدى مەلۇماتچى.
شاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ چاۋاك چېلىپ دېدى:
ـــ ھە ... بارىكاللا ! يا پەرۋەردىگار، ساڭا يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر! مانا دېمىدىممۇ، جەڭ قىلايلى، غەزنەۋىلەرنىڭ قۇرۇق ھەيۋىسىگە تىز پۈكمەيلى، شەرمەندە بولۇپ نومۇسسىزلارچە ياشىغۇچە ئۆرۈشايلى دېسەم، شاۋاز نىزەمبۇللا ئۇنىماي، ئۆرۈشقا بويىندىن باغلىغان ئىتتەك سۆرىلىپ ماڭغان. مانا ئەمدى بۇ يارىماس ئىت قاپلانغا ئايلىنىپ ئوۋغا توختىماي يۈگۈرەيدىغان بوپتۇ!
راشىدىن ئەتتارى باشلىق ھەممەيلەن پادىشاھنى تەبرىكلەشتى.
ـــ شاھ ئالىيلىرى، قۇتلۇق بولغاي، ياشىغايلا، خانىدانلىقلىرى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ھۆكۈم سۈرگەي ! ...
ھەممەيلەن شاھقا تەزىم قىلدى، خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن شاھنىڭ بىردىنلا ھارۋىكەش بوۋايغا كۆزى چۈشۈپ كۈلكىسى ئۆچۈپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى.
ـــ ئەمما ... شەھەرنى ئالغان بىلەن مەلىكەمنى يوقىتىپ قويغىنىمىز يامان بولدى ـ دە.
ـــ خاتىرىلىرىنى جەم قىلغايلا، شاھ ئالىيلىرى، ھەرھالدا ھازىر بىز مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ قانداقتۇر نامەلۇم قاراقچىلارنىڭ قولىدا ئەمەس، قۇندۇز پادىشاھلىقىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. قۇندۇز ئېلى ئەزەلدىن بىز بىلەن ئىنىزا ـ

جىدەلسىز قوشنا بولۇپ كېلىۋاتقان تىنچ ئەل. مەلىكە ئالىيلىرى شۇ يەردە بولسىلا ئاللا خالىسا پات پۇرسەتتە قوشۇنلىرىمىز شەھىرى بەلخنى ئالغاندەك خۇشاللىق ئۆزلىرىگە نېسىپ بولغاي، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

شۇ چاغدا يەنە بىر مەلۇماتچى كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئەمىر رەھمەتۇللا يەركەندى پالاندى غېرىبنى ئەكەپتۇ.

— ئالدىمغا ئەكىرسۇن ! — دېدى شاھ.

— باسقاق بەگ رەھمەتۇللا يەركەندى پالاندى غېرىبنى ئەكىرگەي! — دەپ ۋارقىرىدى ھۆدەيچى.

ئەڭ ئاۋۋال رەھمەتۇللا يەركەندى كىرىپ ئوڭ قولىنى سول مەيدىسىگە قويۇپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، پېقىر قۇللىرى پەرمانلىرىغا بىنائەن پالاندى غېرىبنى تۇتۇپ ھۇزۇرلىرىغا ئەكەلدىم.

باغلانغان غېرىب كىرىپ شاھقا تىزلىنىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھ ئالىيلىرى، گۇناھكار قۇللىرى غېرىبنىڭ سالامىنى ئىلىك ئالغايلا !

غېرىبنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماستىن باغلانغان ئابلىز شەيتان كىرىپ، يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ، ھۆكۈرەپ يىغلاپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرىگە شەھىرى بەلخ دىيارىدا غەزنەۋىلەر بىلەن جەڭ قىلىپ غازى بولۇپ يانغان، مانا ئەمدىلىكتە ئاسىي غېرىب بىلەن رەھمەتۇللا يەركەندىنىڭ مۇناپىقلارچە ئەسىر ئېلىشىدا باغلىنىپ كەلگەن ئىشىكئاغىسى ئەمىر ئابلىزدىن سالام.

ھەممە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، شاھ ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قالدى.

— بۇ ... بۇ ... نېمە كارامەتلەر ئۆزى، مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ ياكى راست ئىشلارمۇ بۇ؟ — دېدى شاھ.

— كۆرۈۋاتقانلىرى راست، شاھ ئالىيلىرى، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— سىلى ... سىلى ... نېمىدەپ بىزنىڭ شەرەپ قوچقان ئوردا ئىشىكئاغىسى، باھادىر ئابلىز ئەمىرنى باغلاپ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىدىلا؟ ... بولدى، دەرھال يېشىۋېتىڭلار! — دېدى شاھ.

رەھمىتۇللا يەركەندى ئېغىز ئاچقۇچە ئابلىز شەيتان قولىنى يەشكىلى كەلگەن ياساۋۇللارنى يېقىن يولاتماي دېدى:

— شاھ ئالىيلىرى، مەن ئۆزلىرىدىن ئادالەت تەلەپ قىلىمەن.

— سۆزلە ... مەن ئادالەتنىڭ ھامىيسى، ساڭا قانداق ئەرزىيەت يەتتى؟ — دېدى شاھ.

— گۇناھكار غېرىب بىلەن رەھمىتۇللانىڭ تىلى بىر، بۇلار تاغ قاراقچىلىرىنىڭ شېرىكى ئىكەن؟ — دېدى ئابلىز شەيتان.

— بۇنىڭغا قانداق ئىسپاتىڭ بار؟ — دېدى شاھ.

— ئۇلار ماڭا يولدا ئۇچراپ قالغاندا رەھمىتۇللا بىلەن غېرىب دوست تارتىشىپ تويغا ماڭغاندەك مېڭىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا پالاندى غېرىبنى شاھنىڭ ئالدىغا مۇشۇنداق باغلىماي ئېلىپ بارغىنىڭ ئاسىي گۇناھكارغا يانتاياق بولغىنىڭ دېسەم، ئۇلار گېپىمنى بىر قىلىپ مېنى ۋە قوشۇندىكىلەرنى ئەسىر قىلىپ ئەكەلدى، — دېدى ئابلىز شەيتان.

شاھ قاپىقىنى تۈرۈپ رەھمىتۇللا يەركەندىگە يۈزلەندى:

— نېمىشقا بۇنداق قىلدىلا، رەھمىتۇللا يەركەندى؟

— ئىشنىڭ جەريانىنى ئاڭلىغايلا، ھۆرمەتلىك شاھىم. غېرىب ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئالدىلىرىغا گۇناھىنى تىلەش ئۈچۈن كېلىۋاتقىنىدا سوپى ـ دەرۋىشلەر ئۇنى تۇتۇۋېلىپ بىر مەخپىي ئۆڭكۈرگە بەند قىلغانىكەن، — دەپ چۈشەندۈرۈشنى باشلىدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— نېمىشقا؟ — سورىدى شاھ.

— ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئالىيلىرى چىقارغان غېرىبنى تۇتۇش پەرمانىدا دېيىلگەن يۈز تىللانى ئېلىش ئىكەن. ئۇلار تىللا سوراپ ئالدىمغا كەلدى، مەن ئۇلارغا دېگىنىمنى بېرىپ، غېرىبنى تاپشۇرۇۋالغىلى ئۆڭكۈرگە بارسام مېنىمۇ ئاشۇ ئۆڭكۈرگە بەند قىلىپ قېچىپ كەتتى. بىز بىر كېچە ـ كۈندۈز قۇدۇقتا قالدۇق. غېرىبنىڭ دوستلىرى كېلىپ بىزنى قۇتقۇزدى، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— غېرىبنىڭ قايسى دوستلىرى؟ — سورىدى شاھ.

— ئۇلار غېرىبنى ئەكەتكىلى كەپتىكەن، ئەمما غېرىب پادىشاھ ئالىيلىرىغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ ئۇلار بىلەن كەتمىدى، ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ شاھ ئالىيلىرىنىڭ رەھىم ـ شەپقىتىگە ئېرىشىشنى ئىزدەپ كەلدى. ئەگەر ئۇنىڭدا يامان نىيەت بولسا دوستلىرى بىلەن مېنى ئۆلتۈرسە ئۆلتۈرۈۋېتەتتى ھەم كەتسە كېتىۋېرەتتى. ئەمما، ئۇ ئۇنداق قىلماي مېنى قۇتقۇزدى ھەم ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئالدىلىرىغا كەلدى، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— ئەمىر ئابلىز ئىشىكئاغىسىنى غېرىب بىلەن تەڭ باغلاپ ئەكەلگەنلىرى نېمە گەپ؟ — سورىدى شاھ.

— ئۇ غېرىبنى باغلىماپسەن دېگەننى باھانە قىلىپ، غېرىبنى ماڭا تاپشۇرسەن، غېرىبنى شاھقا مەن تاپشۇرىمەن، دېدى. مەن شاھ ئالىيلىرى غېرىبنى تۇتۇپ كېلىشكە مېنى بۇيرۇغان، سېنى بولسا غەزنەۋىلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا بۇيرۇغان. ئەگەر غېرىبنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرمىسام، مەن شاھنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغان بولىمەن. شۇڭا مەن تاپشۇرۇشۇم كېرەك، ئۇنى تۇتقان، شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭغان ئادەم مەن. ئۇنى ساڭا تاپشۇرۇپ بەرسەم، شاھنىڭ ئالدىدا سەن قوش تۆھپىكار، مەن گۇناھكار بولىدىغان ئۇنداق ئەخمەق ئەمەسمەن، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن غېرىبنى تاپشۇرمايدىغان بولساڭ، بۇ يەردە يا مەن ئۆلىمەن، يا سەن ئۆلىسەن دەپ ماڭا ھۇجۇم قىلدى.

قوشۇنلىرىمۇ بىزگە ھۇجۇم قىلدى. شۇڭا ...

رەھمىتۇللا يەركەندى سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئابلىز شەيتان گەپنى بۆلدى:

— غېرىب بىلەن ئىككىسى بىرلىشىپ مېنى ئەسىر ئېلىپ باغلىدى، شاھ ئالىيلىرى، خاندانلىق ئۇچۇن تۆھپە قوشقان باھادىرنى باغلامدۇ؟

— ئالدىمغا تاغ قاراقچىلىرىنىڭ ئاتامانىنى تۇتۇپ، ئەكەلمەي، ئوردىنىڭ تۆھپىكار ئەمىرىنى باغلاپ ئەكەلگەنلىكلىرى نېمىسى؟ — دېدى شاھ.

— تاغلىقلار شەھىرى قارشى، شەھىرى بەلخنى پەتھى قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ خانىغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۇچۇن بىر تال يا ئوقى ئاتماي چىلىم تارتىپ ئوڭدا ياتقان شاۋازغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. شۇڭا، مەن خان ئالىيلىرىنىڭ ئۇلارنى يەنە گۇناھكار دەپ قارىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى غېرىب.

— بولدى بەس، ساقال غېرىچلىما! كوچىدىكى ئۆسەك سۆزلەرنى سەن خان ئالدىدا تەپ تارتماستىن سۆزلەشكە قانداق پېتىندىڭ؟ — دېدى شاھ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ.

— بۇ ئۆسەك سۆز ئەمەس، ھەق سۆز. پادشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھەق سۆز بىلەن ئۆسەك سۆزنى پەرقلەندۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى غېرىب يەنە.

— ھۇ يېتىم ئاقساقال، بىئەدەپ، گەدىنىڭدە كۆتۈرۈپ قويىقۇسىز قاتمۇقات جىنايەت تۇرۇپ يەنە ماڭا ھاقارەت قىلغۇدەك بولدۇڭمۇ؟! بۇ تىلى زەھەرنىڭ تىلىغا چوغ يېقىڭلار! — دېدى شاھ.

— خوپ، شاھ ئالىيلىرى، پەرمانبەردارمىز!

ياساۋۇللار غېرىبنى باسماقداپ بوغۇشلىدى.

— ئەگەر تىلىمغا چوغ يېقىپ مېنى زۇۋانسىز قىلىپ قويسىلا مەلىكە سەنەم سىلىگە بىر ئۆمۈر بىر ئېغىز سۆز

قىلماسلىقى مۇمكىن، — دېدى غېرىب.

— ھە ... توختاڭلار ... راست، سۆزلە، مەلىكە سەنەم نەدە؟ مەن سېنىڭ زۇۋانىڭنى دارغا تارتىشتىن بۇرۇن ئۇنى سەندىن سورىۋالاي، — دېدى شاھ.

غېرىب ھەيران قېلىپ تۇرۇپ قالدى.

— مەلىكە سەنەم نەدە؟ مەشەدە، ئوردىدا بولمامدۇ؟ مېنىڭ بىلەن ۋەدىلىشىپ خوشلىشىپ قالغان ئەمەسمۇ؟

— سەركەردە ئامىر سەئىد ئۆزلىرىنىڭ مەلىكە ئالىيلىرىنى تاپقانلىق خەۋەرلىرىنى ماڭا چاپارمەن ئارقىلىق ئۇقتۇرغان ئەمەسمۇ؟ — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— ئۇنى بىر ئايال قاراقچى باشلىغان قاراقچىلار توپى كېلىپ ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن بۇلاپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ ئەلدە قاراقچىلارنىڭ ئايال ئاتامانى بولمايدۇ. كاللىمىز ئېلىشىپ كەتتى، — دېدى راشىدىن ئەتتارى. راشىدىن ئەتتارى سۆزلەۋاتقاندا غېرىب ئىختىيارسىز سۆزلەپ كەتتى:

— قۇندۇز پادشاھلىقى ... قاراقچىلارنىڭ ئايال ئاتامانى ...

غېرىبنىڭ قۇلاق تۈۋىدە مەلىكە بەرنانىڭ «سىزنى شۇنچىلىك ئاشىق - بىقارار قىلغان سەنەم ئاتلىق ئۇ مەلىكە مەندىن چىرايلىقمۇ؟ ئۇ زادى قانچىلىك گۈزەل، مېنىڭ بىر كۆرگۈم بار. مەن پات يېقىندا ئۇنى چوقۇم كۆرىمەن» دېگەن سۆزلىرى جاراڭلىدى.

— سەن قاراقچىلار ئارىسىدا بولمىغىنىڭ بىلەن ئۇلار بىلەن تىلىڭ بىر. دەپ باقە، قىزىمنى بۇلاپ كەتكەن ئايال قاراقچىنى بىلەمسەن؟ — سورىدى شاھ غېرىبتىن.

— ئۇنى كىم كۆردى؟ قاراقچىلارنىڭ ئايال ئاتامانىنى كىم كۆردى؟ — دېدى غېرىب.

— ئامىر سەئىد سەركەردە سىلى كۆرگەنلا ھەرقاچان؟ — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— يوقسۇ، باسقاق بەگ جانابلىرى. ئۇنى مەن ئەمەس، مەلىكە

ئالىيلىرىنى ئېلىپ ماڭغان ھارۋىنىڭ ھارۋىكەشى مانا بۇ بوۋاي كۆرگەن، — دېدى ئامىر سەئىد.

— بەرھەق، مانا مەن كۆردۈم، — دېدى ھارۋىكەش بوۋاي.

— ئۇ ياش قىزمۇ؟ مەلىكە سەنەمدەك چىرايلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى غېرىب.

— ياش قىز ئىكەن، بىزنىڭ مەلىكە ئالىيلىرى بىلەن دېمەتلىك كېلىدۇ. گۈزەللىكتە مەلىكە ئالىيلىرىدىن ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى، كەم ئەمەس، — دېدى بوۋاي.

— ئۇ مەلىكە سەنەمگە گەپ قىلدىمۇ؟ — دېدى غېرىب.

— گەپ قىلدى.

— نېمە دېدى؟ — سورىدى غېرىب.

— سىزنىڭ غېرىبىڭىز مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا، مەن بىلەن يۇرۇق، مەن سىزنى مەشۇقىڭىز بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ مۇراد - مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزىمەن دېدى.

— مەلىكە ئالىيلىرى ئۇنىڭغا ئىشەندىمۇ؟ — دەپ سورىدى راشىدىن ئەتتارى.

بوۋاي ئويلىنىۋېلىپ دېدى:

— بىزنىڭ مەلىكە ئالىيلىرى گاڭگىراپ قېلىۋىدى، ئۇ قىز قوينىدىن بىرنەرسە، ئاق يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلەكقۇ دەيمەن، شۇنى چىقىرىپ مەلىكە ئالىيلىرىغا بەردى.

شۇئان غېرىبنىڭ قۇلاق تۈۋىدە مەلىكە بەرنانىڭ: «شېرىم بىلەن ئېلىشقاندا قانغا بويالغان بۇ كۆڭلىكىڭىز ماڭا يالدامما بولۇپ قالسۇن، مەن ئۇنى قوينۇمدا ساقلايمەن» دېگەن سۆزى جاراڭلىدى.

— ئۇ كۆڭلەكنى بېرىپ نېمە ئىش قىلماقچىكەن؟ — سورىدى راشىدىن ئەتتارى.

— مەلىكە ئالىيلىرى ئۇ كۆڭلەكنى ئېلىپ ئېچىپ كۆردى، ئاندىن ئۇ قىزغا قاراپ بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىپ يۇراپ باقتى. ئاندىن بىرنەرسىنى ئېسىگە ئېلىپ كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنى

سۆكۈپ يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن بىر خەتنى چىقىرىپ كۆرۈپلا ھاياجانلىنىپ كەتتى ـ دە، رازىلىقى بىلەن ئۇ قىزغا ئەگىشىپ ئاتقا مىنىپ كەتتى، ـــ دېدى بوۋاي.

ـــ ئۇ كىم؟ ! ئېيتە يېتىم ئاقساقال !؟ ـــ دېدى شاھ.

ـــ ئۇ قۇندۇز پادىشاھى سەئىد ئەخمەتخاننىڭ مەلىكىسى بەرنا، ـــ دەپ جاۋاب بەردى غېرىب.

ـــ سەن ئۇنى قانداق بىلىسەن؟ قۇندۇز پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى نېمىدەپ مېنىڭ تەۋەيىمگە كېلىپ لەشكەرلىرىمنى ئازدۇرۇپ سەنەمنى بۇلاشقا پېتىنىدۇ؟

ـــ بۇ بىر تاسادىپىي يۈز بەرگەن ۋەقە، سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا، ـــ دېدى غېرىب.

ـــ ئۇزۇن بولسىمۇ سۆزلە، بىز يېغىلىشىپ قالساق زور ئۇقۇشماسلىق چىقىدۇ، ھەتتا ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن. بۇ نازۇك ئىشتەك تۇرىدۇ. بىرنى قالدۇرماي سۆزلە، ـــ دېدى راشىدىن ئەتتارى.

شاھمۇ غېرىبقا بىرنى قالدۇرماي سۆزلەشنى ئېيتتى.

غېرىب سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

چۆل يولى. تۆگىگە مىنگەن نىگارئايىملار ئېشەككە مىنگەن دەرۋىشنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ كەينىدە تۆگە مىنگەن يەنە بىر دەرۋىش كېلىۋاتاتتى. نىگارئايىم بىلەن گۈلجامال مىنگەن تۆگىگە يېتىم بوتىلاق بىلەن يېتىم كېيىك ئەگىشىۋالغانىدى. ئۇلار چاتقاللىق بىر دالاغا كەلگەندە يىراقتىكى قاقاس تاغ ئارىسىدىن ئۈچ ئاتلىق كىشى بۇلارغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. يېقىن كەلگەندە گۈلجامال ئۇلارنى تونۇۋالدى. گۈلجامال ئانىسىنى سىلكىشلىدى.

ـــ ئانا ... ئانا ... ئاۋۇ ئىلياس ئاكامدەك قىلىدۇ.

نىگارئايىم يۈزىنى ياپقان چۈمبەلنى قايرىپ سىنچىلاپ قارىدى.

ـــ راست ئىلياس ئاكاڭ ئىكەن ... ئۇلار ئاسماندىن

چۈشكەندەك نەدىن پەيدا بولدى ئەمدى؟ — دېدى نىگارئايىم.
— ئىلياس ئاكا ! ئىلياس ئاكا !
— گۈلجامال ... گۈلجامالمۇ سەن؟ ... نىگارئاي ئانا ...
ئىلياس ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، نىگارئايىم تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ يەرگە چۈشتى.
— بالام ئىلياس ... سەن راستىنلا ئىلياسمۇ؟ قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سېنى بالام؟ ئاسماندىن چۈشتۇڭمۇ؟
نىگارئايىم ئىلياسنى باغرىغا بېسىپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى، ئىلياسمۇ يىغلىدى. نىگارئايىم ئىلياسنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى.
— مېنىڭ سىلەرنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتقىنىمغا خېلى چاغ بولدى، ئانا ... مېنى غېرىب ئەۋەتتى، — دېدى ئىلياس.
— غېرىب ئوغلۇم ھاياتمۇ؟ ئۇ ساقمۇ، ئوغلۇم نەدە؟ — دېدى نىگارئايىم جىددىيلىشىپ .
— ئۇ ساق ـ سالامەت، ئانا، خاتىرجەم بولۇڭ ... — دېدى ئىلياسمۇ سۆيۈنۈپ.
— ئوغلۇم نەدە؟ ئۇنى ماڭا تېزرەك كۆرسەتسەڭ، ئوغلۇم.
— ئۇ ھازىر شاھى ئابباسنىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى، — دېدى ئىلياس.
— ئۇھ، خۇداغا شۈكۈر، بىزنى غېرىبنىڭ يېنىغا ئاپارغىن ! — دېدى نىگارئايىم.
— غېرىب ئاكام بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلمەي نېمىشقا شاھى ئابباسنىڭ ئالدىغا باردۇ؟ — سورىدى گۈلجامال.
ئىلياس گۈلجامالنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ دېدى:
— غېرىب ئاكىڭىز مېنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن خەۋەر ئېلىشقا ئەۋەتتى.
— ئىسىم قۇرۇسۇن، ئاتاڭ شەيخ جالالىدىن ساق تۇردىمۇ بالام؟ ئەس ـ يادىم ئۆز قايغۇم بىلەن بولۇپ ئاتاڭنى سورىماپتىمەن.
— ئاتام ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، ئاتاملار ھازىر شەھرى بەلختىن

شەھىرى ھېراتقا قاراپ جەڭگە ئاتلاندى، غېرىبنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن مەن سىلەرنى ئاتاملارنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەتكىلى كەلدىم، — دېدى ئىلياس.

— غېرىبچۇ، غېرىب قانداق قىلىدۇ؟ — دېدى نىگارئايىم.

— بىز شەھىرى بەلخنى قورشاپ تۇرغان كۈنلەردە غېرىبنىڭ خەتەر ئىچىدە قالغانلىق خەۋىرىنى تاسادىپىي ئاڭلاپ قالدۇق. ئاتام مېنى غېرىب بىلەن ئۆزلىرىنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن. مەن غېرىب بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ چۆل - جەزىرىدە ھىمايىسىز قالغانلىقلىرىنى ئۇقتۇم. غېرىب ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغىنى ئۈچۈن مېنى ئۆزلىرىنى ئىزدەشكە ئەۋەتتى، — دەپ چۈشەندۈردى ئىلياس.

— غېرىب نەدە بولسا، مەن شۇ يەردە بولىمەن. ئوغلۇم، مېنى غېرىبنىڭ يېنىغا ئاپارغىن، — دەپ ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدى نىگارئايىم.

— غېرىب پادىشاھنىڭ كەڭچىلىكىگە ئېرىشىپ قالسا ئارقىمىزدىن شەھىرى ھېراتقا قاراپ ئاتلانماقچى، — دېدى ئىلياس.

باياتىن بېرى بىر چەتتە قاراپ تۇرغان دەرۋىش گەپكە قوشۇق سالدى:

— يىگىت، بىز كۆرۈشكەنغۇ. نەچچە كۈن بۇرۇن سودىلاشقاندا ئىسمىڭنى سورىماپتىكەنمەن، ئەمدى بىلىۋالدىم، ئەسلىي سەن تاغ قاراقچىسى ئىلياس ئىكەنسەن. بۇگۈن يەنە ئىزدىگەن ئادىمىڭنى يەنە مېنىڭ قولۇمدىن ئالىدىغان بولدۇڭ.

— ئوبدان گەپ قىلدىڭ، دەرۋىش. مەن تاغ قاراقچىسى ئىلياس، بىلىۋالغىنىڭ ئوبدان بوپتۇ، — دېدى ئىلياس.

— ئۇنداقتا، بۇگۈن قانچە تەڭگە بېرىسەن؟ — سورىدى دەرۋىش.

— ئاڭلاپ قوي دەرۋىش، خوجا، قاراقچى مال ئالسا پۇل

بەرمەيدۇ. ئەينى چاغدا سەن مېنىڭ قاراقچىلىقىمنى بىلمىگەچكە، ساڭا پۇل بەرگەنىدىم. ئەمدى سەن بىلەن سودىلىشىپ پۇل بېرىپ يۈرسەم، سەن مېنى قاراقچى ئەمەس، سودىگەر ئىكەن دەپ قالامسەن؟ — دېدى ئىلياس.

— سەن مېنى رازى قىلمىساڭ، ئاقىۋىتىڭ ئوبدان بولمايدۇ، — دېدى دەرۋىش.

— قاراقچى دېگەن ئۆزىنىلا رازى قىلىپ، قالغان ئادەمنى نارازى قىلمىسا قانداق قاراقچى بولىدۇ؟ ئاچچىقىم كېلىشتىن بۇرۇن دەرھال كۆزۈمدىن يوقىلىش، بولمىسا قاراقچىنىڭ قىلىچى ئادەم تونۇمايدۇ، — دېدى ئىلياس.

— بوپتۇ ئەمىسە، يامان كۈنگە قالساڭ ئۆزۈڭدىن كۆر، — دېدى دەرۋىش.

— توختا، ماڭا ئەسكى كۆلا - جەندەڭنىڭ لازىمى يوق. مەندىن ئالغان تەڭگىنى قويۇپ كەت، — دېدى ئىلياس.

— بۇنداق قىلساڭ ئادىل بولمايدۇ، — دېدى دەرۋىش.

— بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرۈڭدە مەندەك ئادىل قاراقچىنى ھەرگىز ئۇچرىتالمايسەن. چۈنكى، مەن سېنى بۇلىمايمەن، ئۆزۈمنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋالىمەن. تېخى سىلەرنى ئاشۇ يۇڭلۇق پاكار ئېشەكىڭلارغا مىندۇرۇپ يولغا سېلىپ قويىمەن. سىلەرنى ئۆلتۈرمەيمەن. سىلەر يەنە تېخى كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ، بۇ دۇنيادا نۇرغۇن قۇۋلۇق - شۇملۇقلارنى قىلىپ، ئۇنىڭ بۆكىنى بۇنىڭغا كىيدۈرۈپ، نۇرغۇن نادان ئادەملەرنى ئالداپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا سېتىپ، ئەل ئارىسىغا ساختىلىق، ھىيلە - مىكىر تارقىتىپ، بارغانسېرى ئېغىر گۇناھقا پاتىسىلەر. جاجاڭلارنى خۇدايىم بەرسۇن دەپ، مەن سىلەرگە شۇنچىۋالا ئىشلارنى قىلىش پۇرسىتى بەرمەكچى. سىلەرنىڭ قېنىڭلاردا قولۇمنى بويىسام، بەدىنىڭلاردا جان بېقىۋاتقان نۇرغۇن پىتلار ئاچ قېلىپ ئۆلگۇدەك.

ئىلياس قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ دەرۋىشكە تەڭلىدى:

— تەڭگە قاچىلانغان ھەميانىنى قىلىچىنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ، ئىككىڭ ئېشىكىڭگە مىنىپ دەرھال يوقىلىش !

قېرى دەرۋىش قويىنىدىن ھەميانىنى چىقىرىپ ئىلياسىنىڭ قىلىچىنىڭ ئۇچىغا ئىلدى، ئۆزى بولسا ھەمراھى بىلەن بىر ئېشەككە مىنىپ ئون ـ تىنسىز يۈرۈپ كەتتى.

— ئەجەب ئۇبدان جايلىدىڭ ئېغىل پۇرايدىغان سوپى ـ دەرۋىشلەرنى. بۇلارغا يولۇققاندىن باشلاپ سېسىقچىلىقتىن كۆڭلۈم ئاينىپ گېلىمدىن غىزا ئۆتمەس بولۇپ قالغانىدى، — دېدى گۈلجامال.

ئىككى دەرۋىش بىردىنلا ئېشىكىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، قويۇنلىرىدىن خەنجەر ئېلىپ ئىلياسنىڭ كەينىدىن نەرە تارتىپ يۈگۈرۈپ كەلدى. باياتىن بېرى ئاتتىن چۈشمەستىن بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ئىككى نۆكەر ئۇلارغا سالما تاشلاپ بويۇنلىرىدىن باغلىۋالدى، دەرۋىشلەر ئوڭدىسىغا يىقىلىپ قوپۇپ تىزلىنىپ يالۋۇردى:

— بىزنى كەچۈرگەيلا، سەردار ... بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچكەيلا، بىلمەپتىمىز ... بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەيمىز.

ئىلياس ئۇلارغا قاراپ خىرىلداپ كۈلدى.

— ھەي بىچارىلەر، ھالىڭلارغا بېقىپ ئىش قىلمايسىلەر؟ سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر كەلگەن بىلەن ئەر كىشى قىلىدىغان ئىشلار كەلمەيدۇ. بوپتۇ، مەن يەنىلا گېپىمدىن يانمايمەن. سىلەرنىڭ قېنىڭلاردىن كەچتىم، — دېدى ئىلياس، ئاندىن نۆكەرلىرىگە يۈزلىنىپ بۇيرۇق قىلدى، — بۇلارنى باغلاپ ئېشىكىگە مىندۈرۈپ قويۇڭلار، ئېشەك نەگە باشلىسا شۇ يەرگە بارسۇن. ئېشەك ئۇلاردىن زېرىككەندە بىر گەپ بولار.

نۆكەرلەر ئىككى دەرۋىشنى بىر ـ بىرىگە كەينىنى قىلىپ باغلاپ، ئوڭ ـ تەتۈر مىندۈرۈپ ماڭدۇرۇۋەتتى.

ئەمدى گەپنى سەنەمدىن ئاڭلايلى. مەلىكە بەرنانىڭ

چاھاربېغى. سەنەمنىڭ قورساقلىرى خېلى كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇ چاھارباغدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭغاچ ناخشا ئېيتماقتا ئىدى:

نى گۇناھىم بار ئىدى، قىلدىڭ پەلەك ياردىن جۇدا،
ئەيلىدىڭ گويا مېنى ئول گۆھىرى جاندىن جۇدا.
ۋەسلىدىن ھەجرىگە تا تۈشتۈم، كۆيەرمەن كۈنۈتۈن.
بەندىسىنى قىلمىغىل، يا رەبكى، سۇلتاندىن جۇدا.
چاغلادىم دەردۇغەمى ئىشقىڭنىكىم، پايانى يوق،
قىلمىغىل، يا رەب، ئۇنىڭ دەردىنى دەرماندىن جۇدا.
ئەل تىلەر گۇلزارى ۋەسلىن، مەن تىلەرمەن ھىجرىنى،
بۇلبۇلى بىچارىنى سەن قىلما ئەپغانىمدىن جۇدا.
كېچەيۇكۈندۈز تىلەر يىغلاپ سەنەمجان تەڭرىدىن،
قىلمىغىل ئاخىرقى دەمدە ئۇنى ياردىن جۇدا.

مەلىكە بەرنا سەنەمنىڭ كەينىدىن كېلىپ دېدى:
— سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن ئۇستا غەزەلخان ئىكەنسىلەر. كۆڭۈل سىرلىرىڭلارنى غەزىلىڭلار ئارقىلىق بىر ـ بىرىڭلارغا تۆكۈپ مەھلىيا بولۇشقان ئوخشايسىلەر. ھەر ئىككىڭلار ئاغزىڭلارنى ئاچساڭلارلا ناخشا ـ غەزەل تۆكۈلۈپ تۇرىدىكەن.
— بىزنى ئۇستا غەزەلخان قىلغان يەنىلا بىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزگە بولغان چوڭقۇر ئاشىق ـ مەشۇقلۇقىمىز، — دېدى سەنەم سەل ئۇيالغان ھالدا.
شۇ چاغدا چاپارمەن كېلىپ مەلۇم قىلدى.
— مەلىكە ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي! بىزنىڭ ئادەملىرىمىز چۆلدە غېرىبنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى يولۇقتۇرغانىكەن، ئەمما ئۇلارنى ئېلىپ ماڭغان ئىلياس ئىسىملىك قاراقچى ئاجايىپ باتۇر پالۋان ئىكەن، ئادەملىرىمىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي ئۇلارنى قولغا چۈشۈرەلمەپتۇ.

— نېمە، ئىلياسمۇ؟ — سورىدى سەنەم.
— ئۇنى تونۇمسىز؟ — بەرنا ئۇنىڭدىن سورىدى.
— غېرىب، ئىلياس ئۇچىمىز بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ھەم مەدرىسىدە بىللە ئوقۇغان.
— ئۇ پالۋانلىقتا غېرىبتەك يامان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى بەرنا.
— غېرىبتىن قېلىشمايدۇ، ئىسىت، مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرغان بولساڭلار، بۇ يەرگە ئۇ نىگارئاي ئانامنى ئېلىپ ئۆزى كېلەتتى، — دېدى سەنەم.
— ئۇنداقتا ئۇنى ئۆزۈم قوغلاپ يېتەي. غېرىبنىڭ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىمۇ مەشەدە تۇرسۇن، — دېدى بەرنا.
— مەنمۇ سىز بىلەن باراي ئەمىسە، — دېدى سەنەم.
— ياق، ئەمدى ئات مىنىسىڭىز بولمايدۇ، — دەپ ئۇنىمىدى بەرنا.
— مەن كىچىكىمدىنلا ئات مىنىپ چوڭ بولغان.
— سىزنىڭ مەقسىتىڭىز بالىڭىزنى تىنچ ـ ئامان يەڭگىش بولغاندىكىن، ئەمدى ئات مىنىسىڭىز بالىڭىزغا دەخلىسى يېتىدۇ، ساق تۇغالماسلىقىڭىز مۇمكىن، چۆلنىڭ جاپاسى يامان، — دېدى بەرنا.
— سىز بارسىڭىز ئىلياس ئۇنىماسلىقى مۇمكىن، — دېدى سەنەم.
— غېرىبنىڭ ئانىسى مېنى ئوبدان تونۇيدۇ، بىز ئانا ـ بالا بولۇشقان.
— بوپتۇ ئەمىسە بېرىڭ، مېنىڭ ئىسمىمنى چىقارسىڭىز ئۇلار چوقۇم كېلىدۇ.
— مەن بۇرۇنقىدەك ئەرلەرچە جەڭ كىيىمىمنى كىيىپ بېرىپ، ئىلياس دېگىنىڭىز بىلەنمۇ ئېلىشىپ باقاي دەيمەن، — دېدى بەرنا كۈلۈپ.
ئەمدى گەپنى غېرىبتىن ئاڭلايلى. شاھى ئابباسنىڭ

ھۆجرىسىدا غېرىب بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرمەكتە:

— شۇنداق قىلىپ، شاھ ئالىيلىرى ئالدىغا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىلى كېتىۋاتسام مۇشۇ ئىشلارغا يولۇقتۇم.

— ھىم ... سېنىڭ بۇ ھېكايەڭ تەسىرلىك توقۇلۇپتۇ. سەن ماڭا شۇنچىۋالا ساداقەتمەن بولساڭ، گېپىمنى ئاڭلايتتىڭ. ئوردىنى بۇنچىۋالا پاراكەندە قىلىپ، ئۆزۈڭمۇ سەرسان بولمايتتىڭ، — دېدى شاھ.

— شاھ ئالىيلىرى، مەن ھەرقاچان ئۆزلىرىگە ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىش كويىدا بولدۇم، — دېدى غېرىب.

— ئوغرىلارنىڭ ھەممىسى مەن ئاق كۆڭۈل دەپ ئوغرىلىقنى ئاقلايدۇ، — دېدى شاھ.

— مەن شاھ ئالىيلىرىغا، خانىدانىمىزغا يامان نىيەتتە بولمىدىم. چۈنكى، مەن خانىدانلىقنى قوغداش ھەم قۇدرەت تاپقۇزۇشقا ئۆزىنى ئاتىغان، شاھ ئالىيلىرى بىلەن مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ خانىدانلىق ئۈچۈن زور كۈچ چىقارغان ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئوغلىمەن، — دېدى غېرىب.

بۇنى ئاڭلىغان شاھنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى.

— سەن تولا ئاتاڭ رەھمەتتىنى پەش قىلما. ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاغزىڭغا ئالغۇدەك سالاھىيىتىڭ يوق سېنىڭ. ئاتاڭنىڭ روھى قورۇنىدۇ. ئۇ سەندەك ئوغلى بولۇپ قالغىنىدىن نومۇس قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ خانىدانىمىزغا ساداقەت كۆرسىتىشتە تەڭدىشى يوق بۇرادىرىم ئىدى؛ پۈتۈن ئاۋامغا ئۆرنەك بولغان پەزىلەت ئىگىسى ئىدى. مەن سېنى ئۇز ئوغلۇمدەك تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقانىدىم. سەن ئاتاڭنى دورىمىدىڭ، ئەكسىچە ۋاپاسىز، ئاسىي بولۇپ چىقتىڭ. بۇركۇتتىن سار تۆرەلدى دېگەن شۇ. سەن ئاتاڭنى دورىغان بولساڭ مېنىڭ دۈشمەنلىرىم بىلەن دوست تارتىشىپ، ماڭا قارشى ئىسيان كۆتۈرمەيتتىڭ، خانىدانلىقنىڭ ئۈلىنى كولىمايتتىڭ، گۆدەك مەلىكىنى ئازدۇرۇپ، تاپتىن

چىقىرىپ مېنى رەسۋا قىلمايتتىڭ. ئاتاڭنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى قىلمىغان بولسام ئۇن جېنىڭ بولسىمۇ ئېلىپ قەبرەڭنى قاتۇرۇپ بولاتتىم، ھەتتا ئۆز ئوغلۇم بولساڭمۇ دارغا ئاساتتىم، ـــ دېدى شاھ.

ـــ شاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرى تاغ قاراقچىلىرى دېگەنلەر ئەمەلىيەتتە مەرھۇم ئاتام ھەسەن ۋەزىر زامانىدىن تارتىپ سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولغان سادىق ئەمىر، سەردارلاردۇر. كېيىنكى چاغلاردا ئۆزلىرى يامانلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۇلارنى ئۇردىدىن ...

غېرىب شۇنداق دېيىشىگە، شاھ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ ئۇنى سۆزدىن توختاتتى:

ـــ بولدى بەس! سەن بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق. بۇ ئېغىز غېرىبچىلايدىغان ئاقساقالنى زىندانغا تاشلاڭلار!

ياساۋۇللار غېرىبنى سۆرەپ ماڭغاندا رەھمىتۇللا يەركەندى شاھقا ئېگىلىپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىلدى:

ـــ ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇش ئارزۇسى بار ئىدى، شاھ ئالىيلىرى، ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرسەڭ.

ـــ مېنىڭ قۇندۇز ئېلىگە بېرىپ مەلىكە سەنەمنى ساق ـ سالامەت ئەكېلىپ ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىمگە پۇرسەت بەرگەيلا، شاھ ئالىيلىرى، ـــ دېدى غېرىب.

ـــ ھىم ... سەن قۇندۇز خانلىقىغا بېرىپ مەلىكە سەنەمنى ئەكېلىپ ماڭا تاپشۇرۇپ بەرگۈچە يولۇڭغا قاراپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرىدىكەنمەن ـ دە؟ سەندىن شۇنچىلىك ۋاپا ـ ساداقەتنى كۈتكىلى بولامدۇ؟ ئۈچ يىللىق سۈرگۈنگە ئەۋەتسەم، بىر ئاي بولماستىن بىر مۇنچە ئىش تېرىپ بىر ئوبدان تۇرغان مەلىكىنى مۇشۇ سەرسانچىلىققا سالدىڭ. مەن سېنى مۇشۇ تەختىم ئاستىغا ئورا كولاپ سولاپ، ئاندىن مەلىكىنى تىنچ ـ ئامان ساقلىمىسام بولمايدۇ. سەن يەنە مېنىڭ كۆزۈمنى بوياي دەمسەن؟ ـــ شاھ نۆكەرلەرگە قارىدى، ـــ ئېلىپ چىقىپ تۆمۈر قەپەسكە بەند

قىلىپ زىندانغا سېلىڭلار، كىم ئۇنى قاچۇرۇپ قويسا يەتمىش پۇشتىغىچە قۇرۇتۇۋېتىمەن، — دېدى شاھ.

— بەرھەق، ئاقىلانە قارارلىرىغا خوش مۇبارەك، ئالىيلىرى، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— ئەگەر غېرىبنى زىندانغا بەند قىلىش لازىم بولسا، پېقىرنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە زىندانغا تاشلىغايلا، ئالىيلىرى، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

شاھ غەزەپتىن بوغۇلۇپ كەتتى:

— مەن توغرا تۇرسام، مېنى غېرىبنى زىندانغا تاشلاشتىن ۋاز كېچىدۇ دەپ ئويلامىلا، رەھمىتۇللا يەركەندى؟ مەن تېخى سىلىگە بۇيرۇغان مەلىكىنى تېپىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن كاللىلىرى كېتىدۇ تېخى. ھۆرمەتلىك ئىشىكئاغىسى، ئەمىر ئابلىزنى ئەسىرگە ئالغان جىنايەتلىرى بۇنىڭ سىرتىدا تېخى. بوپتۇ، مەن تاپشۇرغان ۋەزىپىنىڭ يېرىمىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى تەلەپلىرىگە بىنائەن غېرىب بىلەن تەڭ زىندانغا مەھكۇم قىلدىم. ئەپچىقىڭلار!

ياساۋۇللار غېرىب بىلەن رەھمىتۇللا يەركەندىنى باغلاپ سۆرەپ ئاچىقىپ كەتتى.

شاھ پېشانىسىنى سۇرتۇپ ئۆز - ئۆزىگە دېدى:

— يا پاناھ، ھەممىسى ئىسيانكار بولۇپ كەتتىغۇ بۇ خەقنىڭ.

ئەرەنچە جەڭ كىيىملىرىنى كىيگەن بەرنا باشلىغان قوشۇن قوملۇقتا ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ قوملۇق چوققىسىغا چىقىپ ھەر تەرەپكە قارىدى، ئەتراپتا ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى.

— ئىزچىلار، ئۈچتىن بولۇپ تۆت تەرەپكە چېچىلىپ ئىزدەڭلار ! نىشان بايقالغان ھامان كېچە بولسا ئوت، كۈندۈز بولسا ئىس قويۇڭلار ! — دېدى بەرنا.

— خوپ، — دەپ ئىزچىلار ئۈچتىن بولۇپ ھەر تەرەپكە ئات

سېلىپ كەتتى. مەلىكە بەرنا يېنىدىكى قوشچىنىڭ قولىدىن شۇڭقارنى ئېلىپ، بېشىدىكى كۆن پوسىمىسىنى ئېلىۋېتىپ، باش - پوكانلىرىنى سىلاپ دېدى:

— شۇڭقارىم، مۇشۇ چۆلنىڭ قەيېرىدە كارۋان كۆرسەڭ، قايتىپ كېلىپ بىزنى شۇ يەرگە باشلا !

بەرنا شۇنداق دەپ شۇڭقارنى ئاسمانغا ئاتتى. شۇڭقار بوينىدىكى كىچىك ئالتۇن قوڭغۇراقنى جىلدىرلىتىپ ئۇچۇپ كەتتى.

مېھرىبانۇ خانىش ھۇجرىسىدا ھەسرەت - نادامەت چېكىپ، زار يىغلاپ ياتاتتى. دېدەكلەر ئۇنىڭ پۇت - قولىنى مۇجۇپ تۇتۇۋاتاتتى. تۇران ئايلا خانىشقا تەسەللى بەردى:

— خانىش ئالىيلىرى، ئىچىلىرىنى پۇشۇرمىسىلا. مەلىكە ئالىيلىرىنى خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ. پات يېقىندا ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىدۇ ...

مۇلازىم كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— شاھ ئالىيلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى !

مۇلازىمنىڭ گېپى ئاياغلاشماستىن شاھ خۇشال ھالدا كىرىپ كەلدى، تۇران ئايلا باشلىق بارلىق كېنىزەك، دېدەكلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى. خانىش ئورنىدىنمۇ تۇرماستىن تەتۈر قاراپ ياتتى.

— ۋوي ... مېھرىبانۇ، سىلى قېرىپ بارغانچە قۇلاقلىرى ئېغىرلاپ كەتتىمۇ ياكى مېڭىلىرى كولدۇرلاپ ئوردىنىڭ نىزاملىرىنى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟ پادىشاھ كەلسىمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇراي دېمەيدىلىغۇ. بۈگۈن مەن ئۇچۇن قوش خۇشاللىق بولدى. قارىغاندىلا، ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقتىن مەن بىلەن تەڭ بەھرىلەنگۈلىرى يوق ئوخشايدۇ. بوپتۇ، مەن قايتاي، قاچان كۆڭۈللىرى خۇشاللىق تارتسا، شۇ چاغدا مېنى ئىزدەپ بارارلا ...

شاھ شۇنداق دەپ كەينىگە ياندى، مېھرىبانۇ خانىش دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىلتىجا قىلدى:

— شاھ ئالىيلىرى، مېنى ئۆلسۇن دېمىسىلە قىزىمنىڭ خەۋىرىنى دەپ بەرسىلە، مەن ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىسام راست ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىمەن، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— پاھ ... كىم مەلىكىنىڭ خۇش خەۋىرىنى دەيدىكەن! مېنىڭ خۇشلۇقۇم باشقا، قوشۇنىمىز شەھىرى بەلخنى پەتھى قىپتۇ. قولدىن كەتكىنىگە ئون بىر يىل بولغان شەھىرى ھېراتنى ئېلىش ئۈچۈن غەزنەۋىلەرنى سۈر - توقاي قىلىپ شامالدەك يۇرۇش قىپتۇ. ئاللا خالىسا ئاز كۈندە قوشۇنىمىزنىڭ شەھىرى ھېراتنى پەتھى قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلايدىغاندەك تۇرىمىز، — دېدى شاھ.

— ئوھوش، بۇلارنىڭ مەن بىلەن نېمە چاتىقى، ماڭا قىزىم بولسىلا بولدى، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئايىغىمغا يىقىلىپ گۇناھلىرىنى تىلىسىلە، مەلىكىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلايدىلا. بولمىسا، مۇشۇنداق يىغلاپ يېتىۋېرىدىلا، — دېدى شاھ.

خانىش ئورنىدىن ئىنجىقلاپ تۇردى - دە، جالاقلاپ تىترەپ شاھنىڭ ئالدىغا يىقىلدى.

— ئالەمپاناھ، بۇ راستمۇ، راست قىزىمنىڭ خەۋىرى كەلدىمۇ؟

— ھەم.

— ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۆزلىرىگە تەزىم بەجا كەلتۈرمىگەنلىك گۇناھىمنى ئەپۇ قىلغايلا، شاھ ئالىيلىرى، ئەدەپسىزلىكىمنى دەريادەك كۆڭۈللىرىگە سىغدۇرۇۋەتكەيلا.

مېھرىبانۇ خانىش شۇنداق دەپ شاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

— مەلىكە ھازىر قۇندۇز پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا ئىكەن، ئۇنى ئېلىپ قاچقىنى قۇندۇز مەلىكىسى ئىكەن.

خانىش كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قالدى.

دەرۋەقە، بۇ چاغدا سەنەم قۇندۇز مەلىكىسىنىڭ چاھارباغىدا مېۋىسى قىزىرىپ پىشقان بىر تۈپ ئالما دەرىخىگە يۆلەنگىنىچە يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ، قىرىق كوكۇلىلىق چېچىنى چۇۋۇپ ئۆرۈگەچ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى:

كۈندە بوستان ئىچىدە
ئاھ ئۇرارمەن، يارىم يوق.
يار سىنىڭ ئىشقى ئوتۇڭدا
سارغىيارمەن، چارە يوق.

يوللىرىڭغا ئىنتىزارمەن،
كۆزلىرىمنىڭ ھالى يوق.
بۇ جۇنۇنلۇق ئالىمىدە
مەن كەبى ئاۋارە يوق.

يارسىز ئۆمرۈم مېنىڭ
مىڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق.
ئىشق ئوتىنىڭ ئالدىدا
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

سەنەمنى ئاستا ــ ئاستا ئۇيقۇ باستى. ئۇ ئىزىدىلا ئولتۇرۇپ شېرىن ئۇيقۇغا ئەسىر بولدى. كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىشقان ھامان چۈش كۆردى. چۈشىدە چەكسىز يېشىل يايلاق، يايلاقتا ھەر خىل ياۋا گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، قىزىل تاۋاردىن ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن سەنەم ناخشا ئېيتقاچ ھەر خىل گۈللەردىن گۈلدەستە تىزىۋاتاتتى. ئەتراپىدا قىزلار ئۇنىڭ ناخشىسىغا جور بولۇپ ئۇسسۇل ئوينايتتى.

چىقسام كوچىغا ئول شاھسۇۋارىم كېلىدۇ،
گۈل غۇنچىسىدەك لالە ئۇزارىم كېلىدۇ.

هەر يانغا بېقسپ، كىرپىكىنى ئوقيا قىلىپ ئېتىپ،
جانىمغا يېقىپ ئوتنى نىگارىم كېلىدۇ.
گۈلگۈن لەبىدىن ئىشق مەيىن ئېلىگە سۇنۇپ،
ئۆز مەستلىكىدىن كۆزى خۇمارىم كېلىدۇ.
هەر لەھزە رەقىبلەر سارى باقىپ يۈز ئاچار،
مەن خەستەنى كۆر، بۇ ئىشقا ئارىم كېلىدۇ.

يىراقتىن غېرىب ئاق ئېتىنى چاپتۇرۇپ سەنەمگە قاراپ كەلمەكتە. ئۇسسۇل ئوينىۋاتقان قىزلار بىردىنلا سەنەمنى ئورىۋالدى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنىڭ تويلىرى بولۇۋاتىدۇ، يۈزلىرىنى يۆگىۋالايلى! تويى بولغان قىز بۇنداق يۈزى ئوچۇق ئولتۇرسا سەت بولىدۇ، — دېيىشەتتى قىزلار.

— مېنى يۆتكىگىلى غېرىب ئەجەب ئۆزى يالغۇز كەپتۇ. قىز يۆتكىگىلىمۇ مۇشۇنداق يالغۇز كېلەمدۇ، بۇنى قانداقمۇ توي دېگىلى بولسۇن؟ — دېدى سەنەم.

— مەلىكە ئالىيلىرى، غېرىبجان سىلىنى كۆرۈشكە ئالدىراپ، ئېتىنى قامچىلاپ توي كۆچۈرگىلى كەلگەنلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. باشقىلار ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى قىزلار.

سەنەم قولىدىكى گۈلدەستىنى غېرىب كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا تۇتماقچى بولۇپ تۇرغاندا گۈللەر چېچىلىشقا باشلىدى. سەنەم قولىدىكى گۈللەرنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تۇتۇپ قالالمىدى. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز غېرىب بىلەن سەنەم ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر دەريا پەيدا بولۇپ قالدى. ئاتنى شىددەت بىلەن چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان غېرىب توختاشقا ئۈلگۈرەلمەي، ئات بىلەنلا دەرياغا چۈشۈپ كەتتى. دەريا سۈيى ئىنتايىن لاي ئىدى. بىر كەمدە دەريادا غېرىبنىڭ ئاق ئېتى كۆرۈندى، ئۇ ھەدەپ سۇ ئۈزەتتى. لېكىن، غېرىب كۆرۈنمىدى. سەنەم بار ئاۋازى بىلەن: «غېرىب!»

دەپ ۋارقىرىسىمۇ ئۇنى چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئورىۋالغان قىزلارنىڭ ئارىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— غېرىب ... غېرىب ... نەدە سىز؟

سەنەم: «غېرىب !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ھېلىمخان موماي ئۇنىڭ يېنىدا ئىككى دېدەك بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— قارا بېسىپ قالدىمۇ، قىزىم؟ سىلىنى ئالما تۈۋىدە يالغۇز ئۇخلاپ قاپتۇ دەپتى، قارا بېسىپ قالمىسۇن دەپ باشلىرىدا قاراپ تۇردۇق. ئېغىر ئاياغ چېغىڭىزدا دەرەخ تۈۋىدە يالغۇز ئۇخلىسىڭىز بولمايدۇ، قىزىم، — دېدى ھېلىمخان موماي.

— باغنى يالغۇز ئايلانغۇم كېلىپ كىرسەم ئۇيقۇ بېسىپ كەتتى. بىردەم ئۇخلاپ قالسام بىرمۇنچە قالايمىقان چۈش كۆرۈپتىمەن، — دېدى سەنەم.

— باغقا يالغۇز چىقمىسىلا، قىزىم. مەن سىلەرگە مەلىكە سەنەمنى يالغۇز قويماڭلار دەپ مىڭ قېتىم دېدىم، گەپ ئاڭلىمىغان قولىقىڭلارنى تامغا مىخلايدىغان ۋاقتىم ئاز قالدى، — دېدى ھېلىمخان موماي كېنىزەكلەرگە.

— ياق، موما، ئۇلاردا گۇناھ يوق، مەن ئۆزۈم ئۇلارنى ماڭا ئەگىشىۋالماڭلار، مېنى يالغۇز قويۇڭلار دەپ كەتكۈزۈۋەتكەن، — دېدى سەنەم.

— ئۆزلىرىنى ھەرگىز يالغۇز قويۇشقا بولمايدۇ، قىزىم. شاھ ئاتىلىرى، خانىش ئانىلىرى چاپارمەن ئارقىلىق ئۆزلىرىگە مەكتۇپ بىلەن دۇئايىسالام ئەۋەتىپتۇ، — دېدى ھېلىمخان.

— ھە ... شاھ ئاتام مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى قانداق بىلگەندۇ؟ — سورىدى سەنەم ھەيرانلىق بىلەن.

ھېلىمخان ئارتۇقچە زۇۋان سۈرمىدى.

بەرنانىڭ ئىزچىلىرى قۇملۇقتا ئاتلىق كېتىۋېتىپ ئات بىلەن

تۆگىنىڭ ئىزىنى بايقىدى. ئۇلار ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئىزلارغا سىنچىلاپ قارىدى.

ــ بۇ كونا ئىزمىدۇ؟ ــ دېدى ئىزچىلاردىن بىرى.

ــ بۇ ھېچبولمىغاندا تۆنۈگۈنكى ئىز، ــ دېدى يەنە بىرى.

ــ ئىس قويايمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئورۇق كەلگىنى.

ــ ئىس قوي، تۆنۈگۈنكى بولسۇن ياكى بۆرناكۈندىكى بولسۇن مۇشۇ ئىزنى بويلاپ ماڭساق، ئۇلارنى تاپالايمىز، ــ دېدى باشتىكىسى.

ئورۇق ئىزچى ئاتنىڭ غانجۇغىسىدىن بىر كاللەك قۇرۇق تېزەكنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئوت ياقتى.

دەشت ـ قۇملۇقنىڭ بىر چېتىدىكى ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئېقىپ كەلگەن بۇلاق سۈيىدىن ھاسىل بولغان كۆل بويىدىكى قېرى سۆگەتنىڭ سايىسىدە ئىلياس بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى ئۇخلىماقتا. نىگارئايىم سەل نېرىدا داڭقاندا گۆش قايناتماقتا. سەل نېرىراقتىكى يەنە بىر تۇپ سۆگەتكە ئاتلار باغلانغان. ئۇنىڭ نېرىسىدىكى سۆگەت تۈۋىگە تۆگىلەر چۆكتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ يېنىدا يېتىم بوتىلاق ئۆرە تۇرۇپ كۆشىمەكتە.

كۆلدىن ئوتتۇز قەدەمچە نېرىدىكى قۇم دۆۋىسىدە كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ ئىششىغان گۈلجامال قوللىرىدا قۇمنى كولاپ كېيىك بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ كۆمدى. كۆمۈپ بولۇپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. نىگارئايىم ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بېشىنى سىلىدى.

ــ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ يىغلاۋەرمىگىن، بالام، بولدى قىل. يىغا يىغىنى كەلتۈرىدۇ، ــ دېدى نىگارئايىم.

ــ يىغلىماي دېسەممۇ ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا قايناپ چىقىۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭغا كۆنۈپ قاپتىكەنمەن. ئۇنىڭغا خۇددى ئۆكام ئۆلۈپ كەتكەندەك بەك ئىچىم ئاغرىپ كەتتى، ــ دېدى گۈلجامال.

— راست دېدىڭ، بالام، مەنمۇ ئۇنىڭغا بالامدەك كۆنۈپ قاپتىكەنمەن. ئۇنىڭ گۆشىنى يېسەم بالامنىڭ گۆشىنى يېگەندەك بولىدىغاندەك تۇرىمەن، ھەرگىز گېلىمدىن ئۆتمىدىغاندەك ئەمەس، — دېدى نىگارئايىم.

— سىلەر بەك رەھىمسىزلىك قىلدىڭلار، ئۇنى نېمىشقا ئۆلتۈرسىلەر؟ — دېدى گۈلجامال.

— بالام، نېمانداق بىغەرەزلىك قىلىدىغانسەن؟ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەك، بەربىر ئۆلۈپ قالاتتى. يولدا تاشلىۋەتسەك ئۆزى ئەگىشىۋالدى. سەن ئۇنى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ كەلدىڭ. ئۇ ئاخىر جان تالىشىپ قالدى، شۇڭا ئىلياس ئاكاڭ ئامالسىزلىقتىن بوغۇزلىۋەتتى. ھارام بولغىنىدىن ھالاللاپ يېگەن ئوبدان ئەمەسمۇ؟ ئىلياس ئاكاڭلار ئاغزىنى كۆيدۈرۈپ تاماق يېمىگىلى ئون كۈندىن ئېشىپتۇ. قۇرۇق نان غاجاپ بىچارىلەرنىڭ جېنى ئاز قاپتۇ. ئۇلار مادارىغا كېلىۋالمىسا يول ئۇزۇن، چىدىيالمايدۇ. بولدى قىل، ئىلياس ئاكاڭ ساڭا يەنە بىرنى تېپىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدىغۇ، — دەپ چۈشەندۈردى نىگارئايىم.

— ئەمدى ھەرگىز باقمايمەن ... ئۆلۈپ قالسا چىدىيالمايدىكەنمەن ... ھەرگىز باقمايمەن، ئالدىمغا ئۇچراپ قالسىمۇ قارىمايمەن.

گۈلجامال شۇنداق دەۋاتقاندا كۆك قەھرىدە بىر شۇڭقار پەيدا بولدى.

— ئانا، ئاسماندىكى ئاۋۇ قۇش قۇرغۇيمۇ؟ — دەپ سورىدى گۈلجامال.

— سارمۇ، بۈركۈتمۇ، ئېنىقلىيالمىدىم، نەدە گۆشنىڭ ھىدى بولسا بىردەمدە شۇ يەرگە پەيدا بولىدىغان گۆشخور قۇش. بىز ئۆلتۈرگەن كېيىكنىڭ ھىدىنى نەلەردىن ھىدلاپ كەلدىكىن بۇ جانىۋار؟ — دېدى نىگارئايىم ئاسماندىكى شۇڭقارغا قاراپ.

شۇڭقار سايرىغىنىچە پەسلەپ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ باش

ئۈستىدە ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، كۆن پېتىشقا قاراپ ئۈچۈپ كەتتى.

قاراڭغۇ زىنداندا پۇت - قوللىرىغا زەنجىر - كىشەن سېلىنغان غېرىب بىلەن رەھمىتۇللا يەركەندى تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشماقتا.

— مېنى دەپ ئۆزلىرىنى ئوتقا ئۇرمايدىغان ئىشتى، بىھۇدە رىيازەت چېكىۋاتىدىلا، — دېدى غېرىب.

— مېنىڭچە، بۇمۇ بولىغان يېرى. بۇ ئادەم تىنىچ، خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن ئۆمرى ھەققىدە ئوبدان بىر ئويلىنىۋالىدىغان يەركەن. نادان، زالىم شاھنىڭ نەزەر - كۆزىگە ئېلىنىپ قالغان ئادەم ھامان ئۇنىڭ جۇدۇن - چاپقۇنىغا ئۇچرىماي قالمايدىكەن. شۇڭا، ئۇنداق شاھتىن يىراق تۇرغان ياخشى ئىكەن. مەن تېخى سىزنىڭ باھانىڭىزدە زىندانغا كىرىپ يېتىۋالغىنىمغا خۇش. مەن بۇگۈنكىدەك خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەي قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەي يۇرگىلى بىر ئايدىن ئاشقان، گېلىمدىن غىزا ئۆتمەيتتى. چۈنكى، مەلىكە بىلەن سىزنى تاپالمىسام پادىشاھ كاللامنى ئالاتتى. دەل شۇنىڭغا تۆت كۈن قالغاندا سىزنىڭمۇ، مەلىكە ئالىيلىرىنىڭمۇ خەۋىرى بولدى. ئۇھ، خۇداغا شۈكۈر دەپ پۇت - قولۇمغا جان كىردى. لېكىن قارىسام، مەن سىز بىلەن بۇ يەرگە كىرمىسەم، مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ ئىشى يەنە ئادا بولماي بېشىمغا مالامەت تېشى ياغىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ يەر نېمىدېگەن خاتىرجەم، تويمىساممۇ ئاچ قالمايدىكەنمەن، گەدىنىمدە ھېچقانداق ئېغىر مۇشكۇلات يوق، ياتساملا بولىدىكەن. ئەمدى بۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، ئۆزۈم ۋە دۇنيا ئىشلىرى ھەققىدە ئويلىنىۋالاي، جاھاندارچىلىقنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قازا قىلغان نامازلىرىمنىڭ نەپلىسىنى ئۆتۈۋالاي. ئەمدى ماڭا تازا تىنىچ ئىبادەت قىلىشنىڭ ئالتۇندەك پۇرسىتى كەلدى، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— قۇللۇق بەندە ئارزۇلايدىغان ئىش ئەمەس، جانابلىرى.

جاھاندا تۇتقۇنلۇقتىن ئۆتە بەختسىزلىك بولماس. ئادەم بېشىغا ھەرقانچە تاغدەك ئىشلار كەلسىمۇ، ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىپ، كۈن كۆرۈپ، ئەركىن ـ ئازادە ياشىغانغا يەتمەيدۇ، — دېدى غېرىب.

— پادىشاھنىڭ تۈگىمەس خىزمىتى ماڭا كېچە ـ كۈندۈز، ئۇھ دەپ بىردەم پۇت ـ قولۇمنى سۇنغۇدەك ئارام بەرمىگەچكە، مەن مۇشۇ زىندانغا قامىلىپ جاھاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن خالىي، تىنچ ياشاشنى خالاپ قالدىم. بۇ يەرگە كىرمىسەم، مەلىكە ئالىيلىرىنى ئىزدەپ يەنە نەلەردە سەرسان بولۇپ يۈرىمەن؟ مەن ھازىر جان قايغۇسىدىن ئازاد بولدۇم، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— جاھاننىڭ جاپاسىدىن قېچىپ ئۆلۈۋېلىش ياكى مۇشۇنداق تەركىي دۇنيا بولۇۋېلىشنىڭ ئۆزى ئادەمنى ئادىمىلىك ئورنىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، بۇنى ھەتتا ئاللامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. ھاياتلا بولىدىكەنمىز، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ياشىشىمىز كېرەك.

رەھمىتۇللا يەركەندى رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ دېدى:

— پاھ ... پاھ ! كارامەت ئېسىل گەپ بولدى، ھەقىقەتەن مەردانە ئوغلان ئىكەنسەن. توغرا، ھاياتقا كۆلۈپ قارايلى.

— ھەئە، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى غېرىب.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

سەنەمنىڭ بەرنا قەسىرىدىكى ھۇجرىسىدا دېدەك ئالتۇن پەتنۇسقا سېلىنغان پەي قىستۇرۇلغان كۆن قاپنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ سەنەمگە تەڭلىدى. سەنەم كۆن قاپنى ئېلىپ ئىزمىسىنى يېشىپ ئىچىدىن تۇمارچە قاتلانغان خەتنى ئالدى ـ دە، ھۆرمەت بىلەن كۆكسىگە قويۇپ، سۆيۈپ، كۆزىنى يۇمۇپ يۇرىدى، ئۇنىڭ جۇپلەشكەن كىرپىكلىرى ئارىسىدىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى. ھېلىمخان موماي قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشارەتلەپ چىقىرىۋەتتى ـ دە، ئىشىكنى يېپىۋېتىپ دېدى:

— ۋەتەننىڭ قەدرىنى ۋەتەنسىزدىن سوراڭ، ئاتا ـ ئانىنىڭ قەدرىنى ئاتا ـ ئانىسى يوق يېتىمدىن سوراڭ دەپتىكەن. ئادەم ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خېتىنى ئازادە ئولتۇرۇپ ئوقۇپ قانغۇچە يىغلىۋالسا، ئىچىدىكى دەردۇپىغانلىرى چىقىپ يەڭگىللەپ قالىدۇ. تازا قانغۇچە يىغلىۋېلىڭ، قىزىم.

سەنەم خەتنى يەم بىلەن ئاچتى، خەتنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى سۇ تەگكەچكە تاراپ كەتكەنىدى. بۇ ئانىسى مېھرىبانۇ خانىشنىڭ خېتى ئىدى.

*«ئەسسالامۇئەلەيكۇم، جان ـ جىگەر قىزىم سەنەم، سىزنى بىر كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇپ، تولا يىغلاپ كۆز ياشلىرى قۇرىغان، يۈرەك باغرى ئۆرتىنىپ كاۋاپ بولۇپ، ئىچى لەختە ـ لەختە قان بولغان، بالىدىن تەلمىيى كەلمىگەن تەتۈر پېشانە ئانىڭىز مېھرىباتۇدىن سالام!*

قىزىم سەنەم، مەن بۇرۇن جاھاندا بىر تاللا قىزىم بار، جاھاندا بىر ئامراق ئادىمىم بولسىمۇ مۇشۇ، ئون ئامراق ئادىمىم بولسىمۇ مۇشۇ بىر تال قىزىم دەيتتىم. مەن پادىشاھنىڭ خانىشى بولغاچقا، دۇنيانىڭ نەرىگە قولۇمنى ئۇزاتسام شۇ يەرگە يېتىدۇ، ئەگەر مەلىكە قىزىم چوڭ بولۇپ، تىلى چىقىپ ئاسماندىكى ئاينى ئۈزۈپ بەر دېسىمۇ ئۈزۈپ بېرەرمەن، نېمە دېسە شۇنى ئېلىپ بېرەرمەن، قىزىمنىڭ ھەممە تەلىپىنى ئورۇندايمەن، دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە ئىشەنچ بىلەن ۋەدە بېرەتتىم. ئەمما، سىز چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاسماندىكى ئاينى ئۈزۈپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆيگەن يىگىتىڭىز بىلەن توي قىلىش تەلىپىڭىزنىمۇ ئورۇنداپ بېرەلمەي، ئۆزۈمنىڭ جاھاندىكى ئەڭ بىچارە، ئاجىز ئانا ئىكەنلىكىمنى ھەسرەت - نادامەت يۇتۇپ تۇرۇپ ھېس قىلدىم. سىز بىرىنچى قېتىم بىزنى تاشلاپ كەتكەندە مەن ھەسرەت - پىغان يۇتقان بولسامۇ، سىز خۇددى بىز بىلەن كىچىك چاغلىرىڭىزدىكىدەك مۆكۈ - مۆكۈلەڭ ئويناۋاتقاندەك، يېنىمىزدا ھېلى پەيدا بولىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، بەك ئېچىمگە ئېلىپ كەتمىگەنىكەنمەن. ئەمما، بۇ دورام سىزنىڭ بىزنى — ئۆز ئاتا - ئانىڭىزنى چۆلدە ئۇچرىغان قاراقچىدىنمۇ يامان كۆرۈپ، قاراقچى بىلەن قېچىشقا رازى بولغانلىقىڭىزنى ئۇقۇپ، ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتىم. ئۆتكەندە قاچقىنىڭىزدا شاھ ئاتىڭىز دەردىڭىزدە يىقىلىپ قالغان بولسا، بۇ قېتىم ماڭا قاتتىق ھار كەلدى. بىز نەزىرىڭىزدە شۇنچە ئەشەددىي دۈشمەنمۇ، ئالدىڭىزدا ئاشۇ قاراقچىنىڭكىچىلىك يۈزىمىز يوقمۇ؟ مۇشۇ سوئال توختىماي ئىچىمنى غاجىلاپ كېچىدە ئۇيقۇ يوق، يېگەن ئېشىم زەھەر، كىيگەن كىيىمىم كېپەن بولدى. ئۆتكەندە غېرىبتىن ئەنسىرەپ قاچقاندىڭىز، بۇ قېتىم بالىڭىزدىن ئەنسىرەپ قاچتىڭىز. مانا ئەمدى سىز بالىڭىزدىن ئەنسىرەپ ئۇياققا قاچقىنىڭىز بىلەن غېرىب كېلىپ يەنە شاھ ئاتىڭىزنىڭ قولىغا چۈشۈپ زىنداندا ياتىدۇ. سىز قايتىپ

*كەلمىگۈچە شاھ ئاتىڭىز ئۇنى زىنداندىن ئازاد قىلمايدۇ. دەرھال قايتىپ كېلىڭ، قىزىم! كېلىپ ئاشىقىڭىزنىڭ زىنداندىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇڭ. ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! مەن شاھ ئاتىڭىزغا يالۋۇرۇۋاتىمەن، كۆڭلىگە ئىنساپ تىلەپ دۇئا قىلىۋاتىمەن. ئۇ سىزنىڭ سالامەت يەڭگىشىڭىزگە بۇرۇنقىدەك جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرمايدىغان بولدى، خېلى يۇمشىدى. ئۇنىڭ سىزنى كۆرسە بوشاپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسىز. ئۇ سىزنى كۆرسە چوقۇم ئاچچىقىدىن يېنىپ، گېپىڭىزنى يېرمايدۇ. قىزىم، ھەممە ئاتا ئۆز قىزىغا ئامراق. ئەمما، شاھ ئاتىڭىزدەك قىزىغا ئامراق ئاتا جاھاندا يوقتۇ دەيمەن. ئۇ سىزنى ھەممە ئادەمدىن، ھەتتا مېنىڭدىنمۇ قىزغىنىدۇ. شۇڭا، ئۇ سىزنى ياخشى كۆرگەن غېرىبقا ھەممىدىن بەك ئۆچلۈك قىلىدۇ. يېنىمىزغا قايتىپ كېلىڭ، قىزىم. سىز كەلسىڭىز ئاتىڭىزنى ئىككىمىز تەڭ تۇرۇپ يۇمشىتايلى.*

*مەن بۇ خەتلەرنى يېزىۋاتقاندا، شاھ ئاتىڭىز كىچىك بالىدەك مۆرەمدىن مارىلاپ تۇرۇپ بۇ خەتلىرىمنى كۆردى.*

*سىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئانىڭىز مېھرىبانۇ.»*

سەنەم خەتتە يۈزىنى توسۇپ ئۆكسۈپ يىغلىدى.

— نېمانداق تەتۈر پېشانە تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن؟ باراي دېسەم قورسىقىمدىكى بالامغا خەتەر يېتىشتىن ئەنسىرەيمەن، بارماي دېسەم غېرىب ئۇ يەردە زىنداندا ئازاب تارتىۋاتسا. بۇ جېنىمنى قانچىگە بۆلەرمەن؟ غېرىب، سىز نەلەردە يۈرۈپ يەنە ئاتامنىڭ قولىغا چۈشۈپ زىندانغا بەند بولغانسىز؟ — دېدى سەنەم ئۆز - ئۆزىگە نالە قىلىپ يىغلاپ.

قاتمۇقات قۇرۇق تاغ ئارىسىدىكى جىلغا يولىنىڭ بويىدىكى بىر ئۆستەڭدە سۈپسۈزۈك سۇ شارقىراپ ئاقماقتا ئىدى. ئۆستەڭ بويىدا ئۇششاق تاللار، ھەر خىل ئوت - چۆپلەر ئۆسكەنىدى. ئىلياسلار شۇ ئۆستەڭنى بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ

باش ئۇستىدە شۇڭقار توختىماي سايرىغىنىچە ئەگىپ يۈرەتتى.

— بالام ئىلياس، ئاشۇ قۇش قۇملۇقتىمۇ بېشىمىز ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەنىدى، ماۋۇ تاغلىق ئارىسىدىمۇ ئەگىپ يۈرەمدۇ نېمە؟ — دېدى نىگارئايىم.

— بۇنداق نەرسىلەر چۆل - جەزىرە، تاغلاردا تولا، ئانا. سىلىگە شۇنداق بىلىنگەن گەپ، — دېدى ئىلياس.

— بالام، مەن سىلەر بىلەن ھېرات تەرەپكە كەتسەم، خۇددى ئوغلۇم غېرىبنى قايتا كۆرەلمەيدىغاندەك يۈرىكىم ئېغىپ تۇرىدۇ، — دېدى نىگارئايىم.

— بۇ غېرىبنىڭ ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىسى، ئانا، غېرىب ئۆزى ئۇزۇن قالماي ئارقىمىزدىن يېتىشىدىغانغا ۋەدە بەرگەن، — دېدى ئىلياس.

— ئۇ غېرىبنىڭ خىيالى. شاھ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ، بىلىپ بولمايدۇ.

شۇ چاغدا ئالدى تەرەپتىن بىر توپ ئاتلىق قوشۇن پەيدا بولدى. ئاسماندا ئەگىپ يۈرگەن شۇڭقار قوشۇننىڭ ئالدىدىكى ئادەمنىڭ قولىغا قوندى.

— راست دەپتىكەنلا، نىگارئاي ئانا، ئۇ دۈشمەننىڭ ئىزىمىزغا چۈشكەن پايلاقچىسى ئىكەن ئەمەسمۇ؟

ئىلياس شۇنداق دەپ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئالدىغا مېڭىشقا تەمشەلدىيۇ، ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ دېدى:

— بۇلار بىلەن ھەپىلەشمىسەك بولغۇدەك، كۆڭلۈم تارتمىدى، چېكىنەيلى.

نىگارئايىم تۆگىنىڭ بېشىنى بۇراپ بولغۇچە ئارقا تەرەپتىمۇ بىر توپ ئاتلىق لەشكەر پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ تۇردى.

— نېمە ئادەمسىلەر؟ ئالدىمىزنى توسۇپ نېمە ئىش قىلماقچى؟ — دېدى ئىلياس.

ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى بىرى ئېتىنى دېۋىتىپ ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلدى. ئىلياس قىلىچىنى سۇيۇپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالدىغا نەچچە قەدەم ماڭدى ـ دە، قارشى تەرەپنىڭ قولىغا ھېچ نەرسە ئالماي كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قىلىچىنى قىنىغا سالدى. قارشى تەرەپ يېقىنلاپ كېلىپ بېشىدىن قارا سەللىسىنى ئالدى. شۇئان قوندۇزدەك قاپقارا بوستان چاچلىرى چۇۋۇلۇپ يەلكىسىنى بىر ئالدى.

نىگارئايىم ئېچىگە تارتىپ قولىدا ئاغزىنى توسۇپ دېدى:

— ۋاي، بۇ مەلىكە بەرنا ئالىيلىرىغۇ؟!

— نىگارئايىم ئانا، مېنى تونۇدىلىمۇ؟ — سورىدى بەرنا.

— ۋاي تونۇمامدىغان، قىزىم، تونۇمامدىغان، ئۆزلىرىنى تونۇمىسام كۆزۈم كور بولۇپ كەتمەمدۇ بەرنا خېنىم؟

نىگارئايىم شۇنداق دەپ تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ تۆگىدىن ئالدىراپ چۈشتى، مەلىكە بەرنامۇ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ نىگارئايىم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ...

شاھ ھۆجرىسىدا ئىشىكئاغىسى ئابىلىز شەيتان بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— ئەمىر ئابىلىز، سەن نېمە ۋەجىدىن تۇيۇقسىز جەڭگاھنى تاشلاپ بىر توپ قوشۇننى باشلاپ ئوردابالىققا قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدىڭ؟ — سورىدى شاھ.

— شاھى جاھانىم، پېقىر ۋەزىرئەزەم جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بىرىنچىدىن، شەھىرى قارشى ھەم شەھىرى بەلخنى پەتھى قىلغانلىقىمىزدەك كاتتا غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، ئۆزلىرىدىن جەڭ مەيدانىدا كاتتا تۆھپە كۆرسەتكەن سەركەردە ـ سەرۋازلارغا ئىنئام، نامۇئەمەل بەرگەنلىك دەستەكلىرىنى ئالغىلى كەلدىم؛ ئىككىنچىدىن، ۋەزىرئەزەم جانابلىرى سەن بېرىپ شاھ ئالىيلىرىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى زادى نەدىن ـ نەگىچە ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ ماڭا مەلۇم قىل، شاھنىڭ ئەھۋالىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن دېگەچكە كەلدىم؛

ئۆچمىنچىدىن، شەھەرى قارشى ھەم شەھىرى بەلختىن قولغا چۈشكەن ئۆلجىلارنى شاھ ئالىيلىرىغا تاپشۇرۇشقا ئالدىراپ كەلدىم؛ تۆتىنچىدىن، ۋەزىرئەزەم جانابلىرى شاھ ئالىيلىرى ئوردا ئىشلىرىدا يالغۇزلۇق تارتىپ قىلىۋاتىدۇ، سەن ئوردىغا قايتىپ، شاھ ئالىيلىرىنىڭ يۆتىغا يۆت، قولىغا قول بولۇپ خىزمىتىنى قىل دەپ ئەۋەتتى، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— ۋەزىرئەزەم ئالدىراپ كېتىپتۇ. مەن بۇ يەردە ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن. ماڭا سوۋغا - سالام تەقدىم قىلىش، سەردار، سەرۋازلارغا مەرتىۋە - مەنسەپ، ئوتۇغات تەقدىم قىلىش دېگەنلەر جەڭ رەسمىي ئاخىرلاشقاندا بولىدىغان ئىشلار. ۋەزىرئەزەمنىڭ سېنى خىزمىتىمدە بولۇشقا ئەۋەتكىنىگە ھەشقاللا. ئوردىدا زىيادە ئىشلارمۇ يوق. بوپتۇ، ۋەزىرئەزەم مەندىن ھەم ئوردا ئىشلىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، جەڭگە ئوبدان باشچىلىق قىلىدىغان ئىش بولسا، سەن يېنىمدا تۇر، — دېدى شاھ.

ئابلىز شەيتاننىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ:

— شاھ ئالىيلىرىغا ۋەزىرئەزەم جانابلىرى ئەۋەتكەن سوۋغا - سالاملارنى ئەكىرىڭلار ! — دېدى.

مۇلازىملار ئارقا - ئارقىدىن يىگىرمىگە يېقىن ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ قاتار تىزىپ، ئاغزىنى ئاچتى. ئۇ ساندۇقلارغا تىللا، يامبۇ، ئۈنچە - مەرۋايىت ۋە توپ - توپ گەزلىمىلەر قاچىلانغانىدى.بۇلارنى كۆرۈپ، شاھنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. مۇلازىملار ساندۇقلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئابلىز شەيتان چاۋاك ئۇردى. قاۋۇل زەڭگىدىن تۆتى زور مىس لېگەن ئۈستىدە مىڭ خىل نازۇكەرەشمە بىلەن كۆز تاشلاپ، قاش ئېتىپ، يىلاندەك تولغىنىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر قىزنى كۆتۈرۈپ كىردى. قىزنىڭ گۈزەللىكىگە، نازۇكەرەشمىلىك ئۇسسۇلىغا ھەيرانۇھەس، مەپتۇن بولغان شاھنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى كاماردەك ئېچىلىپ

قالدى. زەڭگىلەر شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغان ھامان ئۇ قىز تولغان كۆكسىنى يېرىم يېپىپ تۇرغان باغمىرتاقىقا قىستۇرۇۋالغان قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىنى ئېلىپ شاھقا قارىتىپ يېنىك ئاتتى. قىزىلگۈل غۇنچىسى پېشانىسىگە تەگكەن شاھ چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى.

ئەمدى گەپنى سەنەمدىن ئاڭلايلى. سەنەم ئېغىر بويىنى سۆرەپ پەم بىلەن ھۇجرا ئىشىكىدىن چىقتى. ئىشىك ئالدىدا قول باغلاپ تۇرغان دېدەكلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، قانداق خىزمەتلىرى باركىن؟

— خىزمىتىڭلار كېرەك ئەمەس، ئۇخلىيالمىدىم، مەن چاھارباغنى ئايلىنىمەن. كەينىمگە كىرىۋالماڭلار، مېنى ئازادە ئايلانغىلى قويۇڭلار، — دېدى سەنەم.

— ھېلىمىخان بېگىم بىزگە ئۆزلىرىنى يالغۇز قالدۇرماڭلار دېگەن، — دېدى دېدەك.

— مېنىڭ گېپىم ھېساب، ئەگەر مېنى خاپا قىلساڭلار سىلەرنى بېگىڭلارغا چېقىپ قۇل بازىرىدا ساتقۇزۇۋېتىمەن، — دېدى سەنەم.

— بىزگە رەھىم ـ شەپقەت قىلغايلا، مەلىكە ئالىيلىرى، بىزگە ئىچىلىرى ئاغرىغاي، — دەپ ئۆتۈندى دېدەك.

— قاغىنىڭ قانىتىدەك بۇرۇتى بار سەھرالىق ئوتۇنچىلارغا خوتۇن بولغۇڭلار بارمۇ ياكى مۇشۇ ئوردىدا راھەت ـ پاراغەتتە ياشىغۇڭلار بارمۇ؟ — دېدى سەنەم.

— بىزنىڭ ئوردىدىن چىقىپ كەتكۈمىز يوق. مەلىكە ئايىم، بىزگە رەھىم قىلغايلا، — دەپ يالۋۇردى دېدەكلەر.

— ھە، ئۇنداق بولسا مېنى خاپا قىلماڭلار، مېنىڭ گېپىمدىن چىقماڭلار، — دېدى سەنەم.

— خوپ، مەلىكە ئالىيلىرى، گەپلىرىدىن چىقمايمىز.

سەنەم دېدەكلەردىن ئايرىلىپ چاھارباغقا چىقىپ، ئېگىز ئۆسكەن گۈللەر ئارىسىدىن بىر بوغچىنى ئالدى ـ دە، ئىچىدىن

ئەرەنچە كىيىملەرنى چىقىرىپ ئۈستىدىكى كىيىملەرنىڭ ئۈستىگە كىيدى. چاچلىرىنى تۈگۈپ، بېشىغا قارا رەختتىن سەللە ئورىدى. شەمشەرنى يېنىغا ئاستى، ئاندىن باغنىڭ ئىچكىرىسىگە ئىچكىرىلەپ بېرىپ باغنىڭ سۆڭگۈچىدىن پەم بىلەن سىرتقا چىقتى.

بۇ چاغدا مەلىكە بەرنا قاقاس تاغ ئارىسىدىكى جىلغىدا ئىدى. مەلىكە بەرنا ئۆزىگە ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ قالغان ئىلياسقا يۈزلىنىپ دېدى:

— ئىلياس دېگەن باھادىر يىگىت سىز ئىكەنسىز ـ دە، بىزنىڭ ئەللىك لەشكىرىمىزنى مۇشۇ ئىككى نۆكىرىڭىز بىلەن تىرىپىرەن قىلىۋەتتىڭىزمۇ؟

— بىز تىرىپىرەن قىلىۋەتمىدۇق، ئۇلار ئۆزى تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى، — دېدى ئىلياس.

— قانداق بولۇپ؟ — دېدى مەلىكە بەرنا.

— ئۇلاردا پىداكارلىق روھى كەم ئىكەن، جان پىدا قىلىپ جەڭگە كىرمەيدىكەن، بىرقانچىسى ئاتتىن غۇلىغان ھامان ھەممىسى تېنەپ ـ تەمتىرەپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ، جېنىنى ئېلىپ قېچىشنىڭ كويىغا چۈشىدىكەن. ئۇلار جەڭگە كىرەر ـ كىرمەيلا ئۆزلىرى پىتىراپ قېچىپ كەتتى، — دېدى ئىلياس.

— لەشكەرلەر قانداق بولغاندا جان پىدالىق بىلەن جەڭگە كىرىدۇ؟ — سورىدى بەرنا.

— ئۇ سەركەردىنىڭ دىتىغا باغلىق. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇزرۇكۇار بىر توپ ئىتقا بىر يولۋاس باش بولسا ھەممە ئىت يولۋاسقا ئايلىنىدۇ دېگەن، — دېدى ئىلياس.

— سىزمۇ غېرىبقا ئوخشاش پالۋانمۇ؟ — سورىدى بەرنا.

— جەڭ ماھارىتىدە غېرىب ماڭا يەتمەيدۇ، ئەقىل ـ پاراسەتتە مەن غېرىبقا يەتمەيمەن. ھە، نېمىدەپ غېرىب بىلەن مېنى سېلىشتۇرىسىز؟ سىز ئېزىتقۇ ئىكەنسىز، مەنمۇ نېمىدەپ سىزنىڭ بۇ چاكىنا سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىمەن؟ — دېدى

ئىلياس.

مەلىكە بەرنا جىلغىنى چاڭ كەلتۈرۈپ كۈلدى.

— مەن سىزنى قوشۇنلىرىمىزنىڭ باش مەشقاۋۇللۇقىغا تەكلىپ قىلاي دەيمەن، تەكلىپىمنى قوبۇل قىلامسىز؟ — دېدى مەلىكە بەرنا.

— مەن غېرىبنى دەپ جەڭگاھتىن ئۆز قوشۇنىمنى تاشلاپ چىققان تۇرسام نېمىدەپ سىزگە ھۈنىرىمنى سېتىپ يالىنىپ يۈرگۈدەكمەن؟ ئۇنداق قىلسام، ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تەگكەندەك ئىش قىلغان بولمامدىمەن؟

— سىز ئۆز قوشۇنىڭىز قاتارىدا جەڭ قىلىشتىن باشقا ئىشلارغا قىزىقمامسىز؟ — يەنە سورىدى بەرنا.

— خۇدا ئەر كىشىنى جەڭگە ياراتقان، ئەر كىشى ئۈچۈن باشقا ئىشلار ئادەتتىكى گەپ، غېرىبمۇ ئوخشاش، — دېدى ئىلياس.

— سىز بۇ گەپ بىلەن غېرىبنى نېمە دېمەكچى؟

— غېرىب ئەلنىڭ بەختى ئۈچۈن ئىچكى دۈشمەن بىلەن يېگانە جەڭ قىلىۋاتىدۇ، بىز ۋەتەننىڭ بەختى ئۈچۈن تاشقى دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىۋاتىمىز. بىزنىڭ نىشانىمىز بىر، ئۇ بولسىمۇ ئەل ـ ۋەتەننىڭ بەختى.

— پاھ، غېرىب ئۇستا غەزەلخان، سىز بولسىڭىز گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمايدىغان زۇۋاندار ئىكەنسىز، — دېدى بەرنا.

— بولدى، سىز بىلەن ئۇزاق سۆزلىشىشكە ۋاقتىمىز يوق، بىزگە يول بەرگەيسىز، مەلىكە، — دېدى ئىلياس.

— سىلەرنى تۇتۇپ قالالمايمەن. ئەمما، نىگارئايىم ئانام ئۈچۈن مېنىڭ ئوردام ئەڭ ئوبدان پاناھ جاي، — دېدى بەرنا.

— غېرىب ئانىسىنى بىزگە تاپشۇرغان، ئۇ مېنىڭمۇ ئانام، ئۇنى يات ئەلگە تاشلاپ كېتەلمەيمەن.

— نىگارئايىم ئۈچۈن مېنىڭ ئوردام يات ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەرنىڭ ئەتىۋارلىق مەلىكەڭلار سەنەم مېنىڭ

ئورادامدا سىلەرنىڭ ھەم غېرىبنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.
بەرنانىڭ گەپلىرىدىن نىگارئايىم ھەيران بولۇپ سورىدى:
— نېمە، مەلىكە سەنەم سىلىنىڭ ئوردىدا؟
— مەلىكە سەنەم سىزنىڭ ئوردىڭىزدا؟ — سورىدى ئىلياسمۇ.
— مەلىكە سەنەم ھازىر مېنىڭ ئوردامدا پاناھلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ سىلەرگە موھتاج، سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا تەقەززا، بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈڭلار يوقمۇ؟ — دېدى بەرنا.
— مەلىكە سەنەم قانداق بولۇپ سىزنىڭ ئوردىڭىزغا كېلىپ قالدى؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدى ئىلياس.
— ئۇ غېرىبنى قۇندۇز ئوردىسىدا دەپ ئاڭلاپ ئۇنى ئىزدەپ يولغا چىققانىكەن، يېرىم يولدا ماڭا يولۇقتى، خۇددى سىلەرگە ئوخشاش، — دەپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى بەرنا.
شاھ ئۆز خانىسىدا چىلىم تارتىقىنىچە، شاۋاز ئەۋەتكەن سەتەڭنىڭ ئۇسسۇلىغا مەپتۇن بولۇپ ياتاتتى. نەغمىچىلەر نەغمە قىلىۋاتاتتى، سەتەڭ قىز مىڭ خىل نازۇكەرەشمە بىلەن تولغىنىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى.

يولدا بىر رەنانى كۆردۈم، ئۆزگىچە رەپتارى بار،
باشىدا گۈلگىن جۇلاسى، ئۆشنىدە زۇننارى بار.
دەمبۇدەم ئۆرتەپ ۋۇجۇدۇم خامىنىم كۈل قىلغىلى،
ھەي - ھەي ئول قاتىلنىڭ ئىككى ئاتەشىن رۇخسارى بار.
شوخلۇقىدىن ئويىنىشىپ جان ئالسا ھەردەم كۆزلىرى،
غەم ئەمەستۇر، جان بېرۇردە لەئل شېكەر يارى بار.
سۆيگۇ ئىزدەپ كۆزلىرىم سورىسام ئاياغىن سۇنمىدى،
دېدى ئول بىرەھىم جادۇ مەھلىياسى نازى بار.
ئۆلسە مەندەك ئاجىزۇ مەھزۇن گادا پەرۋاسى يوق،
بىر قولىدا جامى مەي، بىر ئىلكىدە دەستارى بار.

شۇ چاغدا ھۇجرىغا ئۆڭسۈلى ئۆچكەن مېھربانۇ خانىش

بورانده‌ك كىرىپ شاھنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.
— شاھ ئالىيلىرى، ماڭا رەھىم قىلسىلا، ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، مەن چىدىيالمىدىم، مېنى قىزىمنىڭ يېنىغا يولغا سالسىلا، يۈرىكىم يېرىلىپ ئۆلەي دېدىم. مېنى قۇندۇزغا يولغا سالسىلا. مەن سىلىدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولاي.
شاھ غەزەپ بىلەن قولىنى شىلتىدى. پارپا نەغمىكەش، ئۇسسۇلچىلارنى ھەيدەپ چىقىپ كەتتى.
— قىزىڭ خەتنى كۆرۈپ غېرىبنىڭ مەشەدە ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇ يەردە بىردەم تۇرماي قايتىپ كېلىدۇ دېدىمغۇ! غېرىب قولىمىزدا بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم كېلىدۇ، — دېدى شاھ.
— ياق ... ياق ... قىزىمىز ھازىر بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئېغىربوي، ھازىر ئۇنىڭ بىردىنبىر ئويلايدىغىنى قورسىقىدىكى بالىسىنى ساق ـ سالامەت يەڭگىش. ئۇ غېرىبنى دېسە ئوردىغا قايتىپ كېلىدۇ، ئەمما قورسىقىدىكى بالىسىنى دېسە ھەرگىز كەلمەيدۇ، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.
— قاراپ تۇر، چوقۇم كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم غېرىب. ئۇ غېرىب ئۈچۈن قورسىقىدىكى بالىسىدىنمۇ، سەن بىلەن مەندىنمۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ كېچىدۇ.
— ياق، ياق، ئۇ بالىسىنى بىزنىڭ ئالدىمىزدا تىنچ ـ ئامان تۇغالماسلىقىدىن، تۇغىسىمۇ بۇ يەردە ساق ـ سالامەت باقالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ قاچتى، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.
— ياق ... ياق ... يېڭىلىشتىڭ، خوتۇن. ئۇ قورسىقىدىكى بالىسىنى باھانە قىلىپ، ئەمەلىيەتتە غېرىبنى ئىزدەپ قاچتى. مەن غېرىب ئۈچ يىل سۈرگۈندە تۇرسا ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چىرايلىق تويۇڭلارنى قىلىپ مۇراد ـ مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزەي دەپ شۇنچە چىرايلىق گەپ قىلسام ماقۇل بولغان ئادەم بىر ئاي ئاران چىداپ بالىسىنى باھانە قىلىپ قاچتى. غېرىبمۇ گۇندىپاينى ئۆلتۈرۈپ، سۈرگۈندىن قاچتى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى

كۆرمەي بىر ئاي چىدىيالمىدى. قاراپ تۇر، ھەپتە ـ ئون كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا سەنەمنىڭ ئالدىمىزدا پەيدا بولغىنىنى كۆرىسەن، ـــ دېدى شاھ.

مېھرىبانۇ خانىش يىغىسىنى توختىتالماي يەنە شاھقا يېلىنىپ دېدى:

ـــ ياق، ياق، مەن ھەپتە ـ ئون كۈن تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن. سەنەم بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئېغىربوي، ئۇ ئەمدى ئوغۇل باللاردەك ئاتقا مىنىپ چەۋەندازلىق قىلىپ، شوڭقاردەك ئۇچىدىغان سەنەم ئەمەس. ئاڭلىسام، قۇندۇز مەلىكىسىمۇ غېرىبقا ئاشىقمىش. ئۇ ئەركە ـ نايناق، كاللىسىنىڭ سۈيى بار، خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى قىلىدىغان بەڭۋاش مەلىكىمىش، بىزنىڭ مەلىكە سەنەمگە ھەسەت قىلارمىش. ئۇ ۋاقتى كەلگەندە مەلىكە سەنەمگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن يانمايدۇ، ـــ دېدى خانىش.

ـــ نېمە ئوغامنى قايىنىتىسەن؟ قۇندۇز مەلىكىسى غېرىب دېگەن گەدەنكەشكە ئاشىق ـ بىقارار بولغان بولسا ئۇنى ئاپىرىپ چېكىسىگە تاڭسۇن! ھەممىسى غېرىب بالاسىدا قاپتىمۇ ئەمدى؟ ئادەمنى خوتۇن باسسا پالاكەت باسقىنى شۇ. شۇڭا، ئۇ پالاندىنىڭ ھېچ ئىشى ئىلگىرى باسمايدىكەن ـ دە. شور پېشانىلىقىدىن ئىبىل ئاتىسى مۇشۇ تۇغۇلۇشىغا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. بولسا ئۇ كۆزۈمدىن يوقىلىپ، قۇندۇز مەلىكىسىگە قۇل بولسۇن. ھۇ خۇنپەر! غېرىب، غېرىب، ھەممىسى غېرىب دەپ قاپتىمۇ ئەمدى ئوغامنى قاينىتىپ؟ بۇ كاززاپنىڭ نەرىگە شۇنچە كۆيۈشىدۇ؟ ھۇ بەتبەخت! ـــ دېدى شاھ غەزەپ بىلەن.

ئەمدى گەپنى غېرىبتىن ئاڭلايلى. قاراڭغۇ زىندانىنىڭ تۈڭلۈكىدىن ئىنچىكە تانا بىلەن كىچىك سېۋەتتە قېتىپ قالغان ئىككى زاغرا بىلەن ئىككى قاچا ئۇماچ چۈشۈرۈلدى. غېرىب بىلەن رەھمەتۇللا يەركەندى ئىككى زاغرا بىلەن ئىككى قاچا ئۇماچقا بىرپەس كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ قاراپ تۇرغاندىن

كېيىن، بىر ـ بىرىگە قاراپ تەبەسسۇم قىلىشتى.
— خۇداغا يۈز مىڭ قەتلە شۈكۈر، بىر قاچا ئۈماچ بىلەن بىر زاغرىنى خاتىرجەم يەپ ـ ئىچىپ يېتىش دېگەن جاھاننىڭ كاتتا راھىتى جۇمۇ، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.
غېرىب بېشىنى چايقاپ قويۇپ دېدى:
— بەرگەننى يەپ يېتىش دېگەن تىرىك تاپ، قورقۇنچاق ئادەملەرنىڭ ئىشى. بۇ توغرا ئەمەس، ئۆزلىرىگە قىلچە ياراشمايدىغان گەپنى قىلىۋاتىدىلا، تەقسىر.
— جاھاننىڭ تالاشقۇچىلىكى يوق ئىكەن، ئۇكام. ھەممىدىن تاپقاننى يەپ ـ ئىچىپ، خاتىرجەم ياشىغان ياخشى ئىكەن، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.
— خۇدا بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى تالىشىپ، تارتىشىپ يېگەن، پايدىلانغان بەندىسىنى ياخشى كۆرەرمىش. سىلىدەك ھەممە نەرسىدىن رايى يېنىپ، تەركىي دۇنيا بولۇۋاتقان بەندىسىدىن خۇدانىڭمۇ رايى يېنىپ، ئۇنى تاشلىۋېتەرمىش. سىلىدە ئۈمىدۋار روھ بولمىسا بولمايدۇ. قەلەندەرچىلىك، تىرىك تاپلىق دېگەن ئارزۇلايدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى غېرىب.
— غېرىب ئوغلۇم، ئوغلۇم دېسەم خاپا بولمايدىغانسەن؟
— ياق ئەكسىچە، خۇشال بولىمەن. مەن كىچىكىمدىن ئاتا مېھرىگە قانماي چوڭ بولغان ئادەم، مېنى ھازىرغىچە ئۈچ ئادەم ئوغلۇم دەپ ئاتىدى: بىرىنچىسى، ئۇستازىم شەيخ جالالىدىن، ئىككىنچىسى، قۇرمىشئاتام مازىرىنىڭ شەيخى خوجا ئەسرار ھەزرىتىم، ئۈچىنچىسى ئۆزلىرى ... مەن ئاتا سۆيەت ئادەملەرنىڭ ئوغلۇم دەپ چاقىرىشىنى بەك ئارزۇ قىلىمەن. كىچىكىمدىنلا باشقىلارنىڭ ئاتا دەپ چاقىرغىنىنى ئاڭلىسام، جاھاندا ئۆزۈم بارمۇ، يوق بولۇپ كېتەتتىم. مېنىڭمۇ ئاتام بولغان بولسا، ئاتام مېنى ئوغلۇم دەپ چاقىرسا، مەنمۇ ئاتا دېگەن بولسام خۇشلۇقتا يۈرىكىم يېرىلىپ كېتەرمىدى دەيمەن، — دېدى غېرىب.
— ئوغلۇم غېرىب، ئۇنداق دېسەم كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن.

پادىشاھنىڭ مەلىكىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىڭ سىنى نۇرغۇن دەرد ـ مۇشەققەتكە مۇپتىلا قىلدى. سەندە پادىشاھقا كۈيئوغۇل بولۇپ، كەلگۈسىدە خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇش تەمەسى بارمۇ؟

— يوقسۇ، ھەزرىتىم. مېنىڭ خوتۇن خەقنىڭ سايىسىدە شان ـ شەرەپ قازىنىشتىن ئەسلا تەمەيىم يوق، — دېدى غېرىب.

— ئەمىسە مەلىكە سەنمگە ئاشىق ـ بىقارار بولۇشۇڭ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ، چۈنكى كېچە ـ كۈندۈز ئەس ـ يادىم شۇنىڭدا.

— بىر ئوغۇل بالىنىڭ بىر قىزغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىشى ئۇنىڭ سەۋدالىق، مەجنۇنلۇق خىلىتى ئېشىپ ئەقلى ـ ھوشىنىڭ كېسىلىپ كەتكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. ئەر كىشى خوتۇن خەققە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتسە، نەس ـ پالاكەتچىلىكتىن، بالا ـ قازادىن خالىي بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەقىل ـ ھوشىغا ئەمەس، ھېسسىياتىغا تايىنىپ ئىش قىلىدۇ. مەن سېنىڭ بىر ئامالىلار بىلەن ھېسسىياتىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ئەقلىڭنى تېپىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئەقلى ئويغاق ئادەم ھېسسىياتقا ئەسىر بولمايدۇ. ئەقىل بىلەن قىلغان ئىش خەيرلىك بولىدۇ. ئوغلۇم، خاپا بولماي ئۇماچنى ئىچىۋەتكىنە. گېپىم ساڭا ئېغىر كەلگەن بولسا مەن قېرىنىڭ كوت ـ كوتلۇقىنى ئەپۇ قىلغايسەن، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— ياق، تەقسىر، گەپلىرى ئورۇنلۇق. ئەمما، خۇدا سالغان بۇ سەۋدانى بەندىنىڭ دىلىمدىن كۆتۈرمىكى تەس ئوخشايدۇ. ئەقىل ـ ھوشۇمنى شۇ ئىشق ئوتى كۆيدۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى غېرىب.

غېرىب بىر قاچا ئۇماچنى ئىچىپ بېرىشىگە، رەھمىتۇللا يەركەندى سۇ ئىچكەندەك سومۇرۇپ ئىچىپ بولدى.

— سەنمۇ ئىچكىن، ئوغلۇم، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— ياق، ھازىرچە قورسىقىم ئاچقاندەك ئەمەس، گېلىمدىن

بىر نەرسە ئۆتمەيدۇ، — دېدى غېرىب.

— ئەمىسە ئۇماچنى مەنلا ئىچىۋېتەي، كۆڭلۈم تارتىۋاتىدۇ، ھېلى قورسىقىڭ ئاچسا ياش بولغاندىكىن زاغرىلارنى سەن يەرسەن، ئادەم قېرىغانسېرى سۈيۇق ـ سەلەڭ بىر غىزاغا ئامراق بولۇپ قالىدىكەن، — دېدى رەھمىتۇللا يەركەندى.

— بوپتۇ، ئىچكۈلىرى بولسا ئىچىۋەرسىلە. بۈگۈن گېلىمدىن بىرنەرسە ئۆتىدىغاندەك ئەمەس.

غېرىب يەنە بىر قاچا ئۇماچنىمۇ رەھمىتۇللا يەركەندىگە ئېلىپ بېرىپ، زىندان تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى.

بىر كەمدە غېرىب ناخشىدىن توختاپ سورىدى:

— ناخشام ئۆزلىرىگە ياقمايدۇ، چۈنكى مېنىڭ ناخشام سىلىنىڭ مەنتىقىلىرىگە چۈشمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

رەھمىتۇللا يەركەندىدىن سادا چىقمىدى. غېرىب كۆزىنى ئېچىپ رەھمىتۇللا يەركەندىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنى يۆلىدى.

— ھەزرىتىم ... ھەزرىتىم، نېمە بولدىلا؟ تېخى ھازىرلا ... ساپساق گەپ قىلىپ ئولتۇرغانىدىلىغۇ؟!

رەھمىتۇللا يەركەندى قېتىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى. غېرىب ۋارقىرىدى:

— ھۇ خۇنپەرلەر! نامەردلەر! بىزگە نېمە بەردىڭ، تاماق بەردىڭمۇ ياكى زەھەر بەردىڭمۇ؟ ! ھۇ لەنىتىلەر ! قىيامەت كۈنى گۆرۈڭدىن توڭگۇز قوپقۇرلار ! بىگۇناھ ئادەمنى مۇشۇنداق نامەردلەرچە ئۆلتۈرۈشەمسەن؟ !

ئەمدى گەپنى سەنەمدىن ئاڭلايلى. ئەرەنچە ياسانغان سەنەم چاھارباغنىڭ سۆڭگۈچىدىن ئۆمىلەپ چىقىشىغا چوڭقۇر خەندەككە چۈشۈپ كەتتى. خەندەك ئىچىدە ھەر خىل پىلەك غوللۇق سۇ ئۆسۈملۈكى، جامكا دېگەندەك نەرسىلەر پۇتلىرىغا يۆگىشىپ، ئۇنى سۇنىڭ ئاستىغا تارتقاندەك بولدى. سۇ خېلى

چوڭقۇر ئىدى، سۇدىن تىنغۇسىز بىر خىل سېسىق ھىد كېلىپ ئۇنىڭ تىنغۇدەكمۇ ھالىنى قويمىدى. پۇتلىرىغا ياماشقان جامكا، ئۇتلارنىڭ ئاستىغا تارتىشى بىلەن ئۇ بىرقانچە قېتىم سۇغا چۆكۈپ سېسىق سۇ ئىچىۋالدى. بىقىنىنى قانداقتۇر بىرنەرسە بىگىز تىققاندەك چېقىۋالدى، سەنەم ئاغرىققا چىدىماي چىرقىراپ بىقىنىنى تۇتتى، قولىغا قوڭغۇزدەك بىرنەرسىلەر چىقتى، ئۇ جان ئاچچىقىدا ئۇ نەرسىنى مىجىقلىۋەتتى، قولى شىلىمشىق بولدى. بارا - بارا ئۇنىڭ بەدىنىگە ھەرتەرەپتىن قانداقتۇر بىر نەرسىلەر توختىماي سانجىلىشقا باشلىدى. ئاغرىققا چىدىماي بار كۈچى بىلەن: «ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. دەل شۇ چاغدا يوغان بىر قول كېلىپ ئۇنى تونىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سۇدىن تارتىپ چىقاردى. سەنەم بۇ چاغدا ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ، ئۆلۈكتەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇ ئادەم يەردە دۈم ياتقۇزۇپ، ئىچىۋالغان سېسىق سۇنى قۇستۇرۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا سەنەمنىڭ بېشىدىكى سەللىسى چۈشۈپ كېتىپ ئۇزۇن بوستان چاچلىرى يېيىلدى. سەنەم بىرقانچىنى قېقىلىپ يۆتىلىپ ئاغزىدىن سۇ ياندۇردى - دە، يەنە بىھوش ھالەتتە ياتتى. «تۇۋا ... ماۋۇ ئىشنى، بايىقى قۇتقۇزۇڭلار دېگەن چىرقىراق ئاۋازدىن كىچىك بالىمىدۇ دېگەنىدىم، قاراڭ ماۋۇ ئىشنى، بىر چىرايلىق جۇۋان ئىكەنغۇ ... تۇۋا ... خۇدايىمنىڭ كارامەتلىرىنى ... نېمىدەپ ئوغۇل بالىدەك ياسىنىۋالغاندۇ؟ بۇ پادىشاھنىڭ چاھارباغنى ... ھە ... بۇ ئوردىدىن قېچىپ چىققان كېنىزەك ئىكەن - دە ... ھە ماڭا خۇدايىم بېرىپتۇ. ھە ... خۇدايىم پادىشاھقا قوشلاپ بېرىۋەرمەيدۇ ... ماڭا ئوخشاش قىرىق ياشقا كىرگۈچە خوتۇن ئالالمىغان بىچارە سۇچى تازغىمۇ بىرەرنى بېرىدىغان كۈن كېلىدۇ. خۇدايىمغا ئاھ - زارىم يەتكەن ئوخشايدۇ. پادىشاھنىڭ قاچقان كېنىزىكى دېگەن يوشۇرۇنۇپ يۈرمىسە، تۇتۇلۇپ قالسا كاللىسى ئېلىنىدۇ ... ھە ... تازا ئوبدان بولدى. خۇدا بەرگەن بۇ ئاق بېلىقنى ئەمدى گەمەگە سولاپ

خوتۇن قىلىدىغان بولدۇم.» سۆچى تاز ئۆز خىياللىرىدىن ھوزۇرلىنىپ ھوشسىز سەنەمنى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ كەتتى. ئۇ تازنىڭ ئىتى جاپپار ئىدى.

قاش قارايغان چاغ. قەسىر ئىچىدە ھېلىمخان موماي تۆت كېنىزەك، ئىككى نۆكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ھوجرىلارنى ئارىلاپ تەكشۈرمەكتە ئىدى. ئۇ سەنەمنىڭ ھوجرىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىك ئالدىدىكى دېدەكلەر قورقىنىدىن تىترەپ قورۇنۇپ تەزىم قىلدى. بىرىنىڭ ئەتلەس ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىدىن سۈيدۈك ئېقىپ چۈشتى. ھېلىمخان جىددىيلىشىپ ھوجرا ئىشىكىنى ئىچىپ ئالدىراپ كىرىپ تېز يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭغىچە دېدەك قىزلار تىزلىنىپ تەزىم قىلدى. ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتكىنى يىقىلىپ قالدى، دېدەكلەر يىغلاپ يالۋۇردى:

— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسىلە، بۇۋى ئانا ...

— مەلىكە سەنەم قېنى؟ چاققان دەڭلار! — دېدى ھېلىمخان موماي.

— ئۇخلىيالمىدىم، چاھارباغنى ئايلىنىمەن، كەينىمگە كىرىۋالساڭلار قول بازىرىدا ساتقۇزۇۋېتىمەن دېدى ... شۇڭا ... — دېدى بىرى.

— يۈرۈڭلار، ئىزدەڭلار ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ھېلىمخان.

نۆكەرلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ كەتتى. ھېلىمخان بىلەن دېدەكلەر نۆكەرلەرنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. تاراق - تۇرۇق، يۈگۈرگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ بىرمۇنچە نۆكەرلەر پەيدا بولۇپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ كەتتى.

چاھارباغدا ياساۋۇللار مەشئەل كۆتۈرۈپ قويۇق دەرەخلەر، چاتقاللار، ئېگىز ئۆسكەن چۆپلەر، قويۇق ئۆسكەن گۈللەر ئارىسىدىن سەنەمنى ئىزدەشمەكتە ئىدى. ھېلىمخان مومايىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، سولىشىپ كەتكەن ئېڭەك گۆشلىرى لىپىلداپ كەتتى. نۆكەر بېشى يۈگۈرۈپ كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— بۇۋى ئانا، چاھارباغنىڭ ھەممە يېرىنى ئالا قويماي

ئاختۇردۇق. ھېچ يەردە يوق.
— ئۇ ئېغىرئاياغ چوكاننىڭ قانتى بولمىسا، بىر ياققا ئۇچۇپ كېتەمدۇ؟ كۆزلىرىڭنى يوغان ئېچىپ ئوبدان قاراش! — دېدى ھېلىمخان.
— خوپ، بۇۋى ئانا ... يېڭىۋاشتىن قاتتىق ئاختۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىراپ باغنىڭ ئىچكىرىسىگە يۈگۈردى نۆكەر بېشى.
— ھەي سەرۋاز، توختا!
نۆكەر بېشى دەرھال يېنىپ كېلىپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تىك تۇردى.
— قۇللۇق، بۇۋى ھەزرىتىم. نېمە يولىيورۇقلىرى باركىن؟
— ئېغىرئاياغ چوكان چاھارباغ تېمىدىن سەكرەپ چىقىپ كېتەلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى ھېلىمخان.
— ياق، باغ تېمىدىن قىز - چوكانلار ئۇيياقتا تۇرسۇن، سەرخىل لەشكەرلەرمۇ چىقىپ كېتەلمەيدۇ، بۇۋى ئانا، — دەپ جاۋاب بەردى نۆكەر بېشى.
— ئۇنداقتا چاھارباغنىڭ باشقا يوچۇقلىرى بارمۇ؟
— يوق ... بىراق باغنىڭ سۇڭگۇچى بار ئىدى، ئۇ يەردىنمۇ چىقىپ كېتىشى تەس، — دېدى نۆكەر بېشى.
— تەس بولسىمۇ چىقىپ كېتىشى مۇمكىنغۇ؟ تەس - پەس دېگەننى قوي! ئۇ يەر ئوچۇقمۇ؟ — دېدى ھېلىمخان.
— ھەئە ... راست ... چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ... باغنىڭ سۇڭگۇچىنى ئاختۇرۇڭلار! — دېدى نۆكەربېشى.
— باغنىڭ سۇڭگۇچى ئارقىلىق چىقىپ پۈتۈن شەھەرنى ئاختۇرۇڭلار! تاڭ ئاتقۇچە سەنەمنى ئالدىمغا ھازىر قىلمايدىغان بولساڭلار، پەيمانى توشقان نەچچىڭنى باغنىڭ سۇڭگۇچىگە تىرىك كۆمۈمەن! — دېدى ھېلىمخان.
— خوپ بۇۋى، ئانا! — دېدى نۆكەر بېشى.
نۆكەر بېشى قۇيۇندەك تېز يۈگۈرۈپ كۆزدىن غايىب بولدى.
قاراڭغۇ گەمىدە جاپپار تاز ساپال چىراغنى ياقتى. ئۇنىڭ

تەلەتى ناھايىتى قوپال، بەتبەشىرە ئىدى. ئۇ چىراغنى سۆپىدىكى كىگىز ئۈستىدە قويۇپ بىھوش سوزۇلۇپ ياتقان، چىلىق - چىلىق كىيىملىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن سەنەمنىڭ چىرايلىق كۆكسىگە قاراپ، توڭكاي چىشلىرىنى چىقىرىپ غەلىتە ئاۋازدا كۈلدى.

— پاھ ... پاھ ... ئاسماندىن كۆچۈپ چۈشكەن ئاينىڭ ئۆزى ئىكەنغۇ بۇ ! ئاينىڭمۇ دېغى بار، لېكىن بۇ خېنىمنىڭ يۈزىدە چېكىتچىلىكمۇ خال يوق. ئاپئاق بوينىچۇ تېخى، پەرىزاتلار سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئاشۇ پەرىزات دەل مانا شۇ. قىرىق ياشقىچە سۆچىلىق قىلىپ ئەپكەش كۆتىرۈپ كىرمىگەن ئۆي، باي - بەگلەرنىڭ قەسىر - سارايلىرى قالمىدى، بەگ - بايلارنىڭ نى - نى خوتۇن، قىز - جۇۋانلىرىنى كۆردۈم، ئەمما بۇنداق چىرايلىق جۇۋاننى كۆرمىگەن. مېنى سۆچى تاز دەپ ھېچكىم ياراتمايدۇ، قىز بەرمەيدۇ، قىز تەگمەيدۇ. قىرىق ياشقىچە خوتۇن ئالالمىدىم، ئەي خۇدا، جاھاندا ھەممە نەرسىنى جۈپتى بىلەن يارىتىپ پەقەت مەن تازنىلا جۈپسىز ياراتقانسەنمۇ؟ ھەممە قىز - چوكان مەندىن سېسىق پۇرايسەن دەپ قاچىدۇ. ئەي شەپقەتلىك ئىگەم، مەندىن قاچمايدىغان خوتۇندىن بىرنى ياراتقان بولساڭ بەرگىن، مەن بۇ دۇنيادىن خوتۇنسىز ئۆلۈپ كەتمەي، دەپ خۇدادىن تىلىگەنىدىم. مانا خۇدا تىلىكىمنى ئىجابەت قىپتۇ. شۈكۈر، رەھمەت ئاللا، پادىشاھنى ياراتمىغان ھۆر - پەرىدىن بىرنى مەن تازغا نېسىپ قىپسەن، رەھمەت ... ۋاي بۇ چوكاننىڭ قورسىقىدا بارمۇ نېمە، قورسىقى يوغان تۇرىدىغۇ؟ بالىسى بولسا بولمامدۇ، ئىشقىلىپ، بۇ چىرايلىق جۇۋان ماڭا خوتۇن بولسىلا بولدى ...

جاپپار تاز ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دېگەچ كىيىملىرىنى سېلىپ يېرىم يالىڭاچ بولۇپ سەنەمنى سۆيگىلى ئاغزىنى يېقىن ئەكەلدى. سەنەم سېسىق ھىدتىن قېقىلىپ يۆتىلىپ ھوشىغا كەلدى. كۆزىنى ئېچىپلا چىرقىراپ جاپپار تازنىڭ كاچىتىغا

بىرنى سالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى. جاپپار تاز ئۇنى قولىلىرىدىن تۇتۇۋېلىپ يەرگە باستى.

— بايا سىبىسىق خەندەكتە تۇنجۇقۇپ ئۆلەي دەپ قاپتىكەنلا، خېنىم. ئۇ يەردىن قۇتقۇزسام ئاق بىلىقتەك سوزۇلۇپ ياتاتتىلا، مانا ئەمدى نېمانچە چىرقىرايلا، خۇدايىم بەرگەن ئاق بوتىلاق؟ — دېدى جاپپار تاز.

— ماڭا يېقىن كەلمە، بەتبۇي ئوغرى، سەن ئۇ خەندەكنىڭ سۈيىدىنمۇ ئېچىپ كېتىپسەن، مېنى قويۇۋەت، ماڭا چېقىلغۇچى بولما. مەن دېگەن ھامىلىدار ئايال، — دېدى سەنەم.

— مەن مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە خوتۇن خەق ياراتماي، خوتۇن قارىسى كۆرمەي خوتۇنسىراپ كەتكەن تازمەن. ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، ئاق جۇۋان، ماڭا رەھىم قىلسىلا، مەندىن قاچمىسىلا، خۇدايىم بەرگەن، — دېدى جاپپار تاز.

— ماڭا چېقىلما، مەن ئېغىرىبوي ئايالمەن، — دېدى سەنەم.

— ئېغىرئاياغ بولساڭ نېمە كارىم ! شاھنىڭ ئوردىسىدا ئېغىرئاياغ بولساڭ بالاڭنى مەن باقامدىم؟ جىم يات، ئىززىتىڭنى بىلمەيدىغان دېدەك ! سەن تېخى مېنى سىبىسىق ئەپكەشچى تاز دەپ ياراتمايۋاتامسەن؟ مەن ئەپكەشچى بولسامۇ ھۆر ئادەممەن. سەن نېمەڭگە مېنى ياراتمايسەن؟ ناھايىتى بىر دېدەكقۇ سەن ! سەندەك دېدەك، قۇللارنى كىممۇ ئادەم قاتارىدا كۆرىدىكەن؟ سېنى پادىشاھ خالىسا ئىشقا سالىدۇ، خالىسا كۆڭۈل ئاچىدۇ، خالىسا پاشا ـ چىۋىننىڭ ئورنىدا مىجىقلاپ ئۆلتۈرىدۇ. سەن مېنى ياراتمىساڭ مەنمۇ سېنى ياراتمايمەن.

جاپپار تاز شۇنداق دەپ ئەسكى تام يىقىلغاندەك سەنەمنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. سەنەم بىر چىرقىراپلا پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ جاپپار تازنىڭ چاتىرىقىغا تىزلىدى. جاپپار تاز: «ۋاي ... ۋاي ... ۋاي ... ۋايجان ... ئەركەكزەدەك قانجۇق !» دېگىنىچە چاترىقىنى چاڭگاللاپ گەمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈگۈلۈپ قالدى. كۆزى قاراڭغۇلاشقان سەنەم دەلدەڭلىگەن پېتى گەمىدىن چىقىپ،

ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قاچتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جاپپار تاز چاترىقنى چاڭگاللىغىنىچە ئېگىشىپ چىقىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي ئۆلگۈر دېدەك ... پاسكىنا قانجۇق ... توختا ... توختا دەيمەن ! تۇتۇۋالسام چاترىقىڭنى يىرىۋېتىمەن ! توختا ... ياخشىلىقچە توختا !

سەنەم يۇت ـ قولىدا دەرمان بولمىغاچ، ئىتتىك قاچالمىدى. جاپپار تاز ئۇنىڭغا يېتىشىۋالاي دەپ قالدى. سەنەم بولالماي ۋارقىرىدى:

— ئادەم بارمۇ ! قۇتقۇزۇڭلار ! ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار !

سەنەم ئاخىر ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. جاپپار تاز يېتىشىپ كېلىپ ئۇنى چاچلىرىدىن قاماللاپ تۇتۇپ، سۆرەپ قوپۇرۇپ كاچىتىغا تەستەك بىلەن سالدى. سەنەم:

— ئادەم بارمۇ؟! — دەپ يەنە بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى. شۇ چاغدا يان تەرەپتىكى كوچىدىن مەشئەل كۆتۈرگەن ئاتلىق ياساۋۇللار چىقىپ كەلدى.

— مېنى قۇتقۇزۇڭلار!

جاپپار تاز يوغان قوللىرى بىلەن سەنەمنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى تۇتۇۋالدى. سەنەم تېپىرلاپ ئاۋاز چىقىرالمىدى.

نۆكەر يېقىنلاپ كېلىپ سورىدى:

— ھەي نېمە ئادەمسەن؟

— جاپپار ئەپكەش.

— بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— خوتۇنۇم بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ كاچىتىغا بىر شاپىلاق سالسام، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ مېڭىپتۇ، شۇڭا ئۇنى تۇتۇۋالدىم، ئۆيگە ئەكېتىۋاتىمەن، — دېدى جاپپار تاز.

— ھەي تاز... سەن بويتاقتىڭ، قاچان ئۆيلەندىڭ؟ — دېدى نۆكەر.

— قول بازىرىدىن بىر دېدەك سېتىۋالغان، شۇنى خوتۇن قىلىۋاتىمەن، — دېدى جاپپار تاز.

— سەن خەقنىڭ ئۆيىگە سۇ توشۇپ يۈرۈپ، دېدەك سېتىۋالغۇدەك بولدۇڭما؟

— يەتمىگەنگە مەھەللە مەسچىتىنىڭ جامائىتى قېتىش قىلىپ بەردى، — دېدى جاپپار تاز.

— دېدەك دەپ بوزەك قىلماي، ئوبدان خوتۇن قىل، بولمىسا قىيامەتتە ئۇۋالىغا قالىسەن، — دېدى نۆكەر.

— خوپ، سەردارىم.

— ئالدىڭغا غەيرىي ئادەم ئۇچرىدىمۇ؟

— بايا سەللە ئورىغان بىر ياش بالا ئالدىراپ ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى جاپپار تاز.

— قايانغا كەتتى؟

— جانان كوچىسى تەرەپكە كەتتى.

— يۈرۈڭلار ...

نۆكەر ھەمراھلىرىنى باشلاپ ماڭماقچى بولغاندا سەنەم جاپپار تازنىڭ چاترىقىغا كەينىچە بىر تېپىپ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، كور نۆكەر ... مېنى قۇتقۇز ! سىلەر ئىزدەپ يۈرگەن مەلىكە سەنەم مانا مەن !

جاپپار سەنەمگە ئېسىلىپ بولغۇچە، نۆكەر ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى.

ئەمدى گەپنى غېرىب تەرەپتىن ئاڭلايلى. ئابلىز شەيتان بىر توپ نۆكەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يوغان قورساق زىندان بېگى نامان قۇلاقنىڭ باشلىشىدا غېرىب بىلەن رەھمىتۇللا يەركەندى تاشلانغان زىندان توڭلۈكىنىڭ بېشىغا كەلدى.

— ئۇلار مۇشۇ زىنداندا، ئەمىر جانابلىرى، — دېدى نامان قۇلاق.

— بىرەر شەپە بارمۇ؟ — سورىدى ئابلىز شەيتان.

— تۈنۈگۈن كەچ تاماق بەرگەندە غېرىب دېگەن سولتەك بىردەم ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، جىم بولغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن

مانا بىر كېچە ـ كۈندۈز بولدى، ھېچقانداق سادا يوق، جىمىپ كەتتى، ــــ دېدى نامان قۇلاق.

ــــ تاماق تاشلىدىڭلارمۇ؟ ــــ دېدى ئابلىز شەيتان.

ــــ تاشلىدۇق.

ــــ ئادەم چۈشۈردۈڭمۇ؟ ــــ دېدى ئابلىز شەيتان.

ــــ تۆت گۈندىپاي چۈشۈپ ئۇلارنى كۆرۈپ چىقتى، ــــ دېدى نامان قۇلاق.

ــــ ئىككىسى تام تۈۋىدە ئاغزى ـ بۇرنى ۋە قۇلاقلىرىدا قان قېتىپ قالغان ھالەتتە يېتىپتۇ، ــــ دېدى نامان قۇلاق.

ــــ ئۇلارنى جايىغا كۆمۈۋېتىڭلار، ــــ دېدى ئابلىز شەيتان.

ــــ خوپ ئەمىر، جانابلىرى، ــــ دېدى نامان قۇلاق.

ئابلىز شەيتان كەتكىلى بەش ـ ئون قەدەم ماڭدىيۇ، ئىزىدا توختاپ دېدى:

ــــ ئادەملىرىڭگە دە، ئۇلارنى تارتىپ ئېلىپ چىقسۇن ! غېرىب دېگەن تۇخۇمى بۇزۇقنىڭ ئۆلۈكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي، رەھمىتۇللا يەركەندى دېگەن قاپاق باشنىڭمۇ شۇ.

ــــ باش ئۈستىگە، ئەمىر جانابلىرى، ــــ دېدى نامان قۇلاق، ئاندىن گۈندىپايلارغا دېدى، ــــ تۆت ـ بەشىڭلار چۈشۈپ، زىنداندىكى ئىككى جەسەتنى تارتىپ چىقىڭلار.

ــــ خوپ !

گۈندىپايلار بەللىرىگە ئارغامچا باغلاپ زىندان تۈڭلۈكىدىن ساڭگىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى.

قۇندۇز ئوردىسىدىكى سەنەمنىڭ ھۇجرىسى. سەنەم چىرايى تامدەك تاتارغان ھالەتتە ھوشسىز ياتاتتى. ئوردىنىڭ قىرىق ياشلاردىكى ئايال تېۋىپى شېرىنبانۇ سەنەمنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، بىلەكلىرىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدىكى قىزىل ئىششىقلارنى ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ يېنىدا تۇرغان ھېلىمخانغا دېدى:

ــــ خەندەكتىكى سېسىق سۇدا بىر خىل سۇ چايىنى بار، ئۇ چاپلىشىۋالغان يەرنىڭ بىر قات تېرىسىنى يۇلۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ

زەھىرى يىلان ـ چايانلارنىڭكىگە يەتمىسىمۇ سىرىق ھەرىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. سەنەمنىڭ بەدىنىنى شۇلار چېقىۋاپتۇ. جاراھەتكە كونا خېمىرتۇرۇچ تېڭىپ زەھەرنى قايتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى ئوغلاقنىڭ تېرىسىگە ئالايلى، ئاندىن زەيتۇن يېغىدا ياغلايلى، قالغان شىپاسىنى ئاللادىن تىلەيلى.

— قورساقتىكى ھامىلىگە زىيان يەتمەس، — دەپ سورىدى ھېلىمخان.

— ھازىرچە بىرنەرسە دېمەك تەس. ئەگەر قىزىتمىسى زىيادە ئۆرلەپ كەتمىسىلا، ھامىلىگە تەسىر يەتمەيدۇ، — دېدى شېرىنبانۇ.

— ئۇھ، خۇداغا يۈز مىڭ شۈكۈر، مەلىكە سەنەمنى يىتتۇرۇپ قويسام ياكى ئۇنىڭغا بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىدىغان بولسا مەلىكە بەرنا مېنىڭ قېرى جېنىمنى ئامان قويمايدۇ. ئۇھ، مەن دەم ئالاي، ئۇردا ئىشلىرىدىن پارىغ بولاي، ياش چېغىمدا چىدىغان ئىشلار قېرىغاندا ئېغىر كېلىدىغان بولدى، — دېدى ھېلىمخان.

سەنەم بىردىنلا توۋلاپ كەتتى:

— ۋاي ... ۋايجان ... ۋاي قورسىقىم ... قورسىقىم ئاغرىپ كەتتى ... ۋاي قورسىقىم !

شېرىنبانۇ يوتقان ئىچىگە قولىنى تىقىپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ يوتقاندىن قولىنى چىقاردى. قولى قان يۇقى تۇراتتى. ئۇ يوتقاننى ئۆرۈدى.

— ئاپلا، ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى، بالا چاچراپ كېتىپتۇ، — دېدى شېرىنبانۇ.

ھەممەيلەن ئالاقزادە بولۇشتى.

ئەمدى غېرىب تەرەپكە كېلەيلى. گۈندىپايلار زىنداندىن بىر تاغارنى تارتىپ چىقاردى. ئابلىز شەيتان تاغارنىڭ بوغۇچىنى يېشىشنى ئىشارەت قىلدى. گۈندىپايلار تاغارنىڭ ئاغزىنى يەشتى، رەھمىتۇللا يەركەندىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇنىڭ چەكچەيگەن

كۆزلىرى تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ، ئابلىز شەيتان يانغا قارىۋېلىپ دەرھال يوقات دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. گۇندىپايلار تاغارنىڭ ئاغزىنى بوغۇپ ئېلىپ كەتتى.

— بۇلارنىڭ ئۆلگىنىنى ئىسۇجىن بىلمىسۇن. خەقلەر بۇلارنى زىنداندا دەپ ئويلاۋەرسۇن، كېيىنچە ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى سوراپ كەلسە، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىۋېرىڭلار. كۆرۈشتۇرمىسەڭلارلا بولدى، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— خوش، تەقسىر، — دېدى نامان قۇلاق.

ئۇنىڭغىچە گۇندىپايلار يەنە بىر تاغارنىمۇ تارتىپ چىقىرىپ ئاغزىنى ئاچتى، غېرىب كۆزىنى يۇمغان ھالدا تۇرۇۋالدى، ئابلىز شەيتان ئېگىشىپ سىنچىلاپ قارىدى.

— ئۇخلاۋاتقاندەك ياتىدۇغۇ بۇ پوتون خانلىقنى مالىماتاڭ قىلغان كىسپۇرۇش! يائاللا، بېشىمىزغا بالا بولغان بۇ ئاسىي خۇنپەردىن ئاخىر قۇتۇلدۇق. ۋەزىر ئەزەم جانابلىرىغا ھازىرلا چاپارمەن ماڭدۇراي، بىر دەقىقە بالدۇر بولسىمۇ كۆڭلى تىنغاي، ئارامىدا يۇت - قولىنى سۇنۇپ ئۇخلىغاي!

ئابلىز شەيتان شۇنداق دېيىشىگە غېرىب تاغاردىن ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنى بويىنىدىن قۇچاقلاپ ئۆگزىدىن پەسكە ئەسكى چاپاننى چۆرىگەندەك چۆرۈۋەتتى.

— ھازىرچە سەن خاتىرجەم پۇت - قولۇڭنى سۇنۇپ ئۇخلاپ تۇر، ۋەزىرئەزىمىڭنىڭ ئۇخلايدىغان ۋاقتى تېخى كەلمىدى، — دېدى غېرىب.

ياساۋۇل، گۇندىپايلار نېمە ئىش بولغىنىنى بىلىپ بولغۇچە غېرىب نامان قۇلاقنىڭ بوينىنى قولىدىكى زەنجىر بىلەن يۆگىۋالدى.

— ئادەملىرىڭگە دە، نېرى تۇرسۇن، بولمىسا بوينۇڭنى ئۈزۈۋېتىمەن.

نامان قۇلاق بوغۇلۇپ خىرقىراپ قالغانىدى.

— نېرى تۇرۇش ! مەندىن نېرى تۇرۇش دەيمەن !

قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ھۇجۇمغا ئۈتۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغان گۇندىپايلار كەينىگە بىرقانچە قەدەم داجىدى. ئابلىز شەيتاننىڭ ئۈچ نۆكىرى پەرۋا قىلماستىن ئۈچ تەرەپتىن ئېتىلىپ كەلدى. غېرىب نامان قۇلاقنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئالدىدىن كەلگەن نۆكەرنى قوش پەشۋا بىلەن ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى، ئاندىن ئىككى تەرىپىدىن كەلگەنلەرنى قولىنى بىر شىلتىپلا يىقىتىۋەتتى. بىر نۆكەرنىڭ قولىدىكى قىلىچ نامان قۇلاقنىڭ بىر پۇتىنى جىجاپ ئۈتۈپ كەتتى. نامان قۇلاق توڭگۇزدەك چىرقىراپ ۋايساپ كەتتى.

— ۋاي پۇتۇم ... ھۇ ئۆلگۈرلەر، پاچىقىمنى چېپىۋېتىشتىڭ ... ۋاي مەن ئۆلدۇم !

يىقىلغان نۆكەرلەر ئۈمىلەپ قوپۇپ غېرىبقا يەنە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى.

— ماۋۇ گەپ ئۇقماسلارنى تۇتۇڭلار!

نامان قۇلاقنىڭ گۇندىپايلىرى ئابلىز شەيتاننىڭ ئىككى نۆكىرىنى قىلىچۋازلىق قىلىپ بويسۇندۇردى.

— سېنىڭ كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆرگۈڭ بارمۇ ياكى ئابلىز شەيتاندەك بوينۇڭ سۇنۇپ ئۆلگۈڭ بارمۇ؟ — دېدى غېرىب.

— ماڭا ھەممىدىن بەك جان تاتلىق، ئۇكام، خوش بولاي، مېنى ئۆلتۈرمىسەڭ، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلاي.

— ئەمىسە گۇندىپايلىرىڭ قىلىچلىرىنى تاشلىسۇن ! — دېدى غېرىب.

— ھەممىڭ ياراغلىرىڭنى تاشلاش !

گۇندىپايلار قىلىچلىرىنى تاشلىدى.

— ئۇلارغا دە، بىر - بىرىنى باغلىسۇن، — دېدى غېرىب.

— بىر - بىرىڭنى باغلاش ! ئاۋۇال ئاۋۇ ناكەسلەرنى ! — دېدى نامان قۇلاق.

ئۇلار بىر - بىرىنى ياۋاشلىق بىلەن باغلىدى.

— ئەمدى تۆگىلۈكتىن زىندانغا سەكرىسۇن ! — دېدى غېرىب.

— تۆگىلۈكتىن زىندانغا سەكرەڭلار!

نامان قۇلاقنىڭ بۇيرۇقى بىلەن گۇندىپايلار بىر - بىرلەپ زىندانغا سەكرەشكە باشلىدى. ئاخىردىكىسىنى غېرىب توۋلىدى:

— سەن توختا !

گۇندىپاي توختىدى.

— سەن ئىزىڭدا جىم تۇر !

غېرىب نامان قۇلاقنىڭ يوغان بىلىگە ئېسىۋالغان ئاچقۇچلارنى ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ دېدى.

— پۇت - قولۇمدىكى زەنجىر - كىشەنلەرنى ئاچ !

نامان قۇلاق پۇتىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ۋايجانلىغىنىچە غېرىبنىڭ پۇت - قوللىرىدىكى كىشەننىڭ ئاچقۇچلىرىنى تەستە تېپىپ، ئاۋۋال غېرىبنىڭ قولىدىكى زەنجىرنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى.

— ھۇ ... ۋايجان، ۋاي خوتۇن تالاقلار، جىم تۇرغان بولسا پۇتۇم ساق تۇرار ئىدى. بىھۇدە باتۇرلۇق قىلىپ ساق تۇرغان پۇتۇمنى زىيدە قىلدى. ۋاي ئىست ... ۋايجان ... ۋاي پۇتۇم ... ۋاي پۇتۇم ... ۋايجان ... ئەمدى قانسىراپ ئۆلىدىغان بولدۇم ! — دېدى نامان قۇلاق.

— تولا كوتۇلدىماي بولە چاققان، ھۇ تەييارتاپ ! — دېدى غېرىب.

— ئوبدان ئۇكام ... مانا مۇشۇ ئاچقۇچ، ئۆزۈڭ ئاچە، مەن بولالمىدىم ... ۋايجان !

نامان قۇلاق شۇنداق دەپ گۇپ قىلىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى، غېرىب پۇتىدىكى ئىشكەلنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى - دە، تۆگىلۈك بېشىدا قىمىر قىلماي تۇرغان گۇندىپاينىڭ قولىنى يېشىپ بۇيرۇق قىلدى:

— سالە كىيىملىرىڭنى !

گۇندىپاي كۇساردىن باشقا كىيىملىرىنى سېلىۋەتتى. غېرىب ۋايساپ ياتقان نامان قولاقنىڭ ئىچ كۆڭلىكىنى يىرتىپ چىقىرىپ، گۇندىپايغا بەردى.

— مانىڭ پۇتىنى چىڭ تاڭ، قان توختىسۇن!

گۇندىپاي نامان قولاقنىڭ پۇتىنى تاڭدى. غېرىب يالىڭاچ گۇندىپاينىڭ قوللىرىنى باغلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تۇڭلۇكنى كۆرسىتىپ بۇيرۇق قىلدى:

— سەكرە!

گۇندىپاي ئۇندىمەستىن تۇڭلۇكتىن سەكرىدى. غېرىب ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، گۇندىپاينىڭ كىيىملىرىنى كىيدى. گۇندىپايچە ياسانغان غېرىب نامان قولاقنى يۆدۈپ زىندان كارىدورىغا چۈشۈپ تېز - تېز ماڭدى. غېرىب ئۇڭ قولىدىكى خەنجەرنىڭ ئۇچىنى نامان قولاقنىڭ ساغرىسىغا تىرىۋالغان بولۇپ، نامان قولاق توختىماي ۋايسايتتى.

— چاققان بولۇش، يولنى بوشىتىش، ماڭا پۇتلاشما ... بىر مۇناپىق پۇتۇمنى چېپىۋەتتى ... يولنى بوشات!

نامان قولاقنىڭ ۋارقىرىشىدىن كارىدوردا مەشئەل قادالغان تامنى بويلاپ تىك تۇرۇشقان قاراۋۇل - گۇندىپايلار قاتمۇقات تۆمۈر پەنجىر، ئىشىكلەرنى ئېچىپ غېرىبقا يول بەردى. غېرىب يۈگۈرگەن پېتى زىنداندىن چىقىپ كەتتى.

زىنداننىڭ تېمى تۆۋىدە ياتقان ئابلىز شەيتان هوشىغا كېلىپ ۋارقىرىدى:

— ئادەم بارمۇ؟ ... ۋايجان ... ئادەم بارمۇ ... ئادەم ئۆلدى، جىنايەتچى قاچتى!

يەتتە - سەككىز گۇندىپاي يىراقتىن قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئابلىز شەيتاننى يۆلىدى.

— غېرىب ... غېرىب قېنى ... غېرىب قاچتى ... غېرىبنى تۇتۇڭلار ... ۋاي ... ۋاي پۇتۇم ... ۋاي ... ۋاي قولۇم ... ۋاي ... ۋاي بوينۇم ... بوينۇمغا تېگىشمە ... ۋاي قوۋۇرغام ...

زىندان ھويلىسىدا غېرىب نامان قوْلاقنى مەپكە ياتقۇزۇپ، ئاتنى قامچىلاپ زىندان دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. نامان قولاق ۋارقىرىدى:

— ھو ھاڭۋاقتىلار، دەرۋازىنى ئېچىش! چاپسان بولۇش! پۇتۇم بەك ئاغرىپ كەتتى ... مەن ئۆلەي دېدىم ...

دەرۋازا قاراۋۇللىرى نامان قولاقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرۋازىنى ئالدىراپ - تېنەپ ئېچىشتى. غېرىب ئاتقا قامچا سېلىپ دەرۋازىدىن چىقىۋاتقاندا ئارقا تەرەپتىن گوندىپايلار ۋارقىرىشىپ كەلدى:

— ئوغرى قاچتى ... غېرىب قاچتى ... توساڭلار ... قاچۇرۇپ قويماڭلار!

دەرۋازىغا قاراۋاتقان قاراۋۇللار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇنىڭغىچە غېرىب ئاتنى بولۇشىغا قامچىلاپ چىقىپ كەتتى. غېرىبنى قوغلاپ كەلگەن گوندىپايلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

قۇندۇز ئوردىسى. چىرايى سامانىدەك سارغايغان سەنەم ھوجرىسىدا لايدەك ئېزىلىپ ياتاتتى. ھوجرىغا مەلىكە بەرنا، نىگارئايىم، گۇلجامال، ئىلياسلار كىرىپ كەلدى.

— مەلىكە سەنەم، قارىڭە، كىملەرنى باشلاپ كەلدىم؟ — دېدى بەرنا.

سەنەم كۆزلىرىنى خۇشياقار - خۇشياقماي ئاچتى.

— ئامراق قىزىم، سەنەم! — دېدى نىگارئايىم.

— نىگار ئانا ...

سەنەم ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. دېدەكلەر ئۇنى يۆلىدى. سەنەم غۇلىچىنى ئاچتى. نىگار ئايىم بېرىپ سەنەمنى ئاۋايلاپ قۇچاقلاپ، مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى. سەنەم ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. گۇلجامالمۇ بېرىپ ئۇلارنى قۇچاقلاپ يىغلىدى. مەلىكە بەرنا ھېلىمىخان موماي بىلەن دېدەكلەرنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەلىكە سەنەم، قۇندۇز ئوردىسىدا ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟ — دېدى ئىلياس.

— ئىلياس ... ئىلياسمۇ سەن؟ ... بۇ دۇنيادا هاياتمۇ سەن؟ ... يېقىن كەلگىن، مەن سېنى ئېنىق كۆرۈۋالاي، — دېدى سەنەم.

ئىلياس سەنەمگە يېقىن بېرىپ، قول باغلاپ تۇردى.

— ئەكەلگىنە قولۇڭنى ... قولۇڭنى تۇتۇۋالاي، قوللىرىڭغا سۆيەي ... مەن سىلەرنى بەك سېغىندىم.

ئىلياس خىجىل بولۇپ، قولۇمنى بېرەيمۇ - بەرمەيمۇ دەپ ئىككىلىنىپ نىگارئايىمغا قارىدى. گۈلجامال ئىلياسنىڭ قولىنى تارتىپ سەنەمگە تۇتقۇزۇپ قويدى. سەنەم ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆيۈپ، يۈراپ، كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، ياش بىلەن يۇيۇلغان مەڭزىگە بېسىپ جىممىدە تۇردى. ئىلياسنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياش تۆكۈلدى.

— ئۇستازىم تىنچلىقمۇ؟ — دەپ سورىدى سەنەم.

— ساقاللىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتتى، لېكىن ناهايىتى تىمەن، خۇددى بۇرۇنقىدەكلا.

— سىلەر غېرىب بىلەن ئىككىمىزنى تاشلىۋەتتىڭلار. سىلەرنى بەكمۇ سېغىندۇق، — دېدى سەنەم.

— ئاڭلىشىمىزچە، ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى شاۋاز بىلەن ئابدۇللانىڭ ئادەملىرى داڭقان چۆلدە ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ ... — دېدى ئىلياس.

— مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىغان، — دېدى سەنەم.

— ئىسىت رەھمەتلىك باللار ... ياتقان جايىڭلار جەننەتتە بولغاي ... ئاشۇ بىگۇناھ باللارنىڭ قىساسى تۇتۇپ، خۇدايىم شاۋاز، ئابدۇللا دېگەن مۇناپىقلارنىڭ جاجىسىنى بەرگەي، — دېدى نىگارئايىم.

غېرىب چوڭ يولدا مەيىنى شىددەت بىلەن ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان گۈندىپايىلار

ئۇنىڭغا بارغانچە يېقىنلىشىپ كەلدى. غېرىب مەيدىن ئاتنىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ خەنجەردە ئات بىلەن مەيىنى باغلاپ تۇرغان تاسمىنى كېسىۋەتتى. مەيە ئاتتىن ئاجراپ كەتتى. غېرىب ئاتنى شىددەت بىلەن چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى. مەيە يول چېتىدىكى سازلىقتا كىرىپ كەتتى. مەيدە دۈم يېتىۋالغان نامان قولاق ۋارقىراپ دادلىدى:

— ۋاي مەن ئۆلدۈم ... غېرىب دېگەن پالاندى قاچتى ... ۋاي مەن ئۆلدۈم ... ۋايجان، مېنى قۇتقۇزۇڭلار!

ئىككى گۇندىپاي غېرىبنىڭ كەينىدىن شىددەت بىلەن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ كەلگەن ئۈچ گۇندىپاي مەيىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاتلىرىدىن چۈشتى.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندى. خېلى ھالىغا كېلىپ قالغان سەنەم قۇندۇز ئوردىسىدىكى ھۇجرىسىدا نىگارئايىم، ئىلياس، گۈلجامالىلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— غېرىب مېنىڭ سىلەرنى ھېراتقا ئېلىپ كېتىشىمنى ئارزۇ قىلىدۇ. چۈنكى، غېرىب ئۆزۈنغا قالماي ئارقىمىزدىن يېتىپ بارىدۇ، — دېدى ئىلياس.

— ئوغلۇم ئىلياس، سەنەم ھېرات سەپىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، — دېدى نىگارئايىم.

— سەنەمنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغۇچە مەن ساقلاپ تۇرسام بولىدۇ، — دېدى ئىلياس.

— ئۇنىڭغىچە غېرىبتىن خەۋەر بولۇپ قالارمۇ؟ — دېدى سەنەم.

شۇ چاغدا ھېلىمخان كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— شاھ ئالىيلىرى مەلىكە ئايىمنى يوقلاپ كەلدى.

ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ تۇرۇشتى. سەئىد ئەخمەتخان ھۇجرىغا تەبەسسۇم بىلەن كىرىپ كەلدى، ئارقىسىدىن مەلىكە بەرنا كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.

— شاھ ئالىيلىرىغا سالام، شاھ ئالىيلىرىنىڭ تېنى سالامەت، كۆڭلىرى ئاسايىشلىق بولغاي!
— نىگارئايىم، باھادىر يىگىت ئىلياس، قۇتلۇق قەدىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.
سەنەمدىن باشقا ھەممەيلەن شاھنىڭ قولىغا سۆيدى. سەنەم ئورنىدىن تۇرالماي ئولتۇرغان جايىدا سالام بەردى.
— شاھ ئالىيلىرى، ئەدەپسىزلىكىمنى كەچۈرگەيلا، — دېدى سەنەم.
— ئۇنداق دېمەڭ، قىزىم. سىزگە مېنىڭ ئەدەپسىز پۇقرايىم ئەسكىلىك قىپتۇ، بۇنىڭدىن ئىنتايىن خىجىلمەن. شۇ تاپتا شاھى ئاباس ئالىيلىرىغا بۇ ئىشنى نېمىدەپ چۈشەندۈرۈشۈمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. بەڭۋاش قىزىم سىزنى باشلاپ كېلىپ بۇ يەردە بېشىڭىزغا بىرمۇنچە كۈلپەت سالدى، مەن بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.
— ھەرگىز ئۇنداق ئويلاردا بولمىغايلا شاھ ئالىيلىرى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈم سەۋەبكار. سىلەرنى پاراكەندە قىلغانلىقىمدىن خىجىلمەن، — دېدى سەنەم.
— بۇنداق ئاۋارە بولۇپ يۇرگۈچە غېرىبنىڭ يېنىغا بارىمەنلا دېگەن بولسىڭىز مەن سىزنى چىرايلىق ئېلىپ بارغان بولار ئىدىم، سەنەم، — دېدى مەلىكە بەرنا.
— ئۆزۈمچە غېرىبتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ قېشىغا قېچىپ بارغۇم كەلدى، — دېدى سەنەم.
— ئويلىمىغان يەردىن بىرمۇنچە كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ ئازاب نارتىۋالدىڭىز، — دېدى بەرنا.
— ھەرھالدا خۇداغا شۈكۈر، مەلىكە قىزىم بىلەن ساق - سالامەت دىدارلاشتۇق، — دېدى نىگارئايىم.
— ئوغلۇم ئىلياسخان، ئاتىڭىز مەۋلانە شەيخ جالالىدىن ھەزرەتلىرى سالامەت تۇرامدۇ؟ — دەپ سورىدى سەئىد ئەخمەتخان.

— خۇداغا شۈكۈر، شاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرى بىلەن دىدارلىشارىمنى بىلگەن بولسام ئاتام ئۆزلىرىگە چوقۇم مەكتۇپ يېزىپ بېرەتتى. ئۇ دائىم ئۆزلىرىنىڭ ناملىرىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ، ئېسىل پەزىلەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى، — دېدى ئىلياس.

سەئىد ئەخمەتخان شاھ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ دېدى:

— ئاتىڭىز كاتتا ئۆلىما ئىدى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئامالسىز قەلەمنى تاشلاپ، ئەلەم يولىغا ماڭدى. مەن شاھى ئاباس بىلەن ئاتىڭىزنى ئەپلەشتۈرۈشنىڭ ئامالى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىمەن.

ئوردابالىق. شاھ ھۇجرىسىدا مېھرىبانۇ خانىش بىلەن پاراڭلاشماقتا ئىدى.

— بىغەرەز خوتۇن، مېنىڭمۇ ھازىرلا قۇندۇز ئېلىپ بېرىپ قىزىمىز سەنەمنى كۆرگۈم بار. قۇندۇز خانى سەئىد ئەخمەتخان بىلەن كونا قەدىناسلاردىن بىز. ئارىمىزدا خېلى - خېلى ئىشلار بولسىمۇ بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ، يول قويۇشۇپ كەلگەن بىز. مېنىڭمۇ قۇندۇزنى كۆرگۈم بار. سەئىد ئەخمەتخان بىلەن دېيىشىدىغان نۇرغۇن كۆڭۈل سىرلىرىم بار. ئەمما، مەلىكە سەۋەبلىك ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن نومۇس قىلىمەن، — دېدى شاھ.

— ئەمىسە ئۆزۈم بارىمەن، مېنى يولغا سالسىلا. ئۇنى ئۆزۈم ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

— بوپتۇ، ئۆزۈڭ بارساڭ بار، — دېدى شاھ.

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

شاھى ئاببانىڭ چاھارباغدىكى راۋاق. شاھى ئابباس ئوردا تېۋىپى مۇسا خارەزىمى بىلەن شاھمات ئويناۋاتاتتى. بىر تەرەپتە ئوردىنىڭ پىشقەدەم مۇقامچىسى ساتار چېلىپ پەنجىگاھ مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېيتىۋاتاتتى.

شۇ چاغدا بويىنى گەج بىلەن قاتۇرۇلۇپ، پۇت ـ قوللىرى، تۇخۇم بىلەن تېڭىلىپ كۆلكىلىك ھالەتكە كېلىپ قالغان ئابلىز شەيتاننى تۆت چاكار زەمبىلدە كۆتۈرۈپ راۋاقنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ يەردە قويدى. شاھ پۈتۈن زېھنى بىلەن شاھمات ئويناۋاتاتتى. ئابلىز شەيتان نۆكىرىگە مۇقامچىنى توختىتىش ھەققىدە ئىشارەت قىلدى. نۆكەر ئاستا بېرىپ مۇقامچىنى توختاتتى. مۇقام توختىشى بىلەن تەڭ شاھ بېشىنى كۆتۈردى.

ئابلىز شەيتان يىغلىغىنىچە دېدى:

— داد، پادىشاھىئالەم، مېنىڭ دەردى ـ ھالىمنى سورىغايلا، ھالىمغا يەتكەيلا!

شاھ ئابلىز شەيتانغا قاراپ ھەيرانلىق ئىلكىدە بىرھازا تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، بىردىنلا تىزىغا شاپىلاقلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ، قورساقلىرىنى تۇتۇپ دېدى:

— ۋاي قورسىقىم، ساڭا قاراپ كۈلىمەن دەپ قورسىقىم سانجىق بولۇپ كەتتى، سەن ... سەن ئەمىر ئابلىزمۇ؟ نېمە بولدۇڭ، نېمىگە ئوخشاپ قالدىڭ؟ كىم سېنى شۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى؟ ھا ... ھا ... ھا ...

مويسىپىت تېۋىپ مۇسا خارەزىمىمۇ ئابلىز شەيتانغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ بىر ئېغىزلا گەپ قىلىپ ياقىسىنى

چىشلىدى:

— توۋا، ئەستاغپۇرۇللا شەيتان، توۋا قىلدىم.

— قارىسىلا، تېۋىپ ھەزرەتلىرى، ئىشىكئاغىسى ئابلىز نېمانداق كۆلكىلىك مەخلۇققا ئوخشاپ قالدى ... ئاتايىن بۇنداق ياساپ چىقىلىلى بولماس ... ھا ... ھا ... گەپ قىلە، بىچارە ئەمىرىم، بېشىڭغا نېمە مالامەتلەر كەلدى؟ — دېدى شاھ.

— داد، پادىشاھىئالەم، مېنى غېرىب دېگەن ئاسىي مۇناپىق مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— نېمە، غېرىب؟! غېرىب مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى دەمسەن؟

— ھەئە، شۇنداق، شاھى جاھان، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— بېشىڭغا ياغقان مالامەت تاشلىرىدىن كاللاڭ ئايلىنىپ قالدىمۇ ياكى مەن گېپىڭنى خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ؟ غېرىب دېگەن پۇت ـ قولىغا زەنجىر ـ كىشەنلەر سېلىنىپ زىندانغا بەند قىلىنغان تۇرسا، ئۇ قانداق قىلىپ سېنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ؟

— شاھ ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي ! ئۇ ئاسىي مۇناپىق رەھمىتۇللا يەركەندى بىلەن بىللە زىندانغا تاشلانغان ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئابلىز شەيتان.

— ھەئە، شۇنداق بولغان، — دېدى شاھ.

— رەھمىتۇللا يەركەندى مەلىكە ئالىيلىرى بىلەن غېرىبنى تۇتۇشنى باھانە قىلىپ خەزىنىدىن نۇرغۇن تىللا ئالغانىكەن، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— خەۋىرىم بار، — دېدى شاھ.

— مەن ئۇنىڭدىن ئاشۇ تىللالارنىڭ ھېسابىنى ئالاي دەپ زىندانغا بارسام غېرىب دېگەن بەتنىيەت رەھمىتۇللا يەركەندىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىمۇ ئۆلگەن قىياپەتكە كىرىپ يېتىۋاپتۇ.

— رەھمىتۇللا يەركەندى غېرىبقا چاپان ياپىمەن دەپ زىندانغا تاشلانغان ئەمەسمۇ؟ — دېدى شاھ.

— ۋاي شاھىم، ئىككى ئىتنىڭ دوستلۇقى دېگەن بىردەملىك ئىش. بۇ ئىككى پەسەندە زىنداندا ئۇماچ تالىشىپ بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشقان گەپ. شۇنىڭ بىلەن غېرىب دېگەن بەتنىيەت ئۇ رەھمەتلىك ئەخمەقنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئۇماچىنىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ ئۆلگەن قىياپەتكە كىرىۋالغان گەپ، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— تېۋىپ ھەزرەتلىرى، دەپ باقسىلا! غېرىب دېگەن بەتبەخت بىر قاچا ئۇماچنى دەپ ئۆزى ئۇچۇن مېنىڭ ئالدىمدا ياقا يىرتقان ئادەمنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويارمۇ؟ — دېدى شاھ.

مۇسا خارەزمى ساقىلىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ پەس ئاۋازدا دېدى:

— خەيرىيەت، رەھمىتۇللا يەركەندى ئۆلدى، كەتتى. ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئىشىكئاغىسىنىڭ گەپلىرى تازا چاك باسمايۋاتىدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى شاھ.

— قورساق دېگەن يامان نېمە، شاھ ئالىيلىرى، ئۇ مانا مەن دېگەن ئەۋلىيانىمۇ چوكولدىتىۋېتىدۇ. بۇ بىزنىڭ پەرىزىمىز، قالغىنىنى خۇدا بىلىدۇ. ئاندىن قالسا رەھمىتۇللا يەركەندى بىلەن غېرىب دېگەن تۇزكور بىلىدۇ، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— ھە بوپتۇ، ئۇغۇ شۇنداق بولسۇن، سەن زىنداندا غېرىبنىڭ يېنىدا نېمە قىلاتتىڭ؟ — دەپ سورىدى شاھ.

— ئۆلارنى زىنداندىن تارتىپ چىقىرىپ، راست ئۆلدىمۇ - يالغانمۇ، كۆرۈپ باقاي دەپ ئېڭىشسەم، غېرىب دېگەن مەلئۇن تاغاردىن مايمۇندەك ئېتىلىپ چىقىپ ماڭا كانىدەك چاپلىشىۋېلىپ، مۇشۇ بوينۇمنى چاپاننىڭ يېڭىنى تولغىغاندەك تولغىدى، قالغىنىنى بىلمەيمەن. ھوشۇمغا كەلسەم زىندان تېمىنىڭ تۈۋىدە ياتىمەن. خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ئابلىز شەيتان.

— سەن يالغۇز بارغانمۇ؟ — دېدى شاھ.

— يوقسۇ، ئالىيلىرى، يېنىمدا ئۈچ نۆكىرىم، ئاندىن زىندان

بىگى قاتارلىق ئالتە ـ يەتتە گۈندىپاي بار، — دېدى ئابلىز شەيتان.
— ئۇ نان قېپىلارچۇ؟ — دېدى شاھ.
— ئۇلار غېرىب بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەپتۇ، — دېدى ئابلىز شەيتان.
— غېرىبنىڭ پۇت ـ قولى بوشمىكەن؟
— ياق، پۇت ـ قولىدا زەنجىر ـ كىشەن بار، — دېدى ئابلىز شەيتان.
— ھۇ يارىماس، نان قېپىلار! قولىدا ياراغ تۇرۇپ، پۇت ـ قولىدا زەنجىر ـ كىشەن بار بىر ئادەمگە تاقابىل تۇرالمىغىنىنى! — دېدى شاھ.
— دەرەخنىڭ ياۋا شېخى، زىرائەتنىڭ دان بەرمەيدىغىنى جانلىق بولغاندەك ئۇ مۇناپىقمۇ قەبىھ يامان، ئالىيلىرى، — دېدى ئابلىز شەيتان.
— ئاخىرى قانداق بولدى؟ — دېدى شاھ.
— كېيىن ئۇ بەتبەخت قېچىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئابلىز شەيتان.
— ئەستاغپۇرۇللا ماۋۇ كېرەكسىز ناكەسلەرنى! ئاران تۇتقان بۇ بەتبەختنى قاچۇرۇپ قويۇشۇپسەن. ئەمدى مەلىكە سەنەمنى قانداق قىلىپ ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىمىز؟
شاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، ئالدىدىكى شاھماتنىڭ ئۇرۇقلىرىنى سىقىمداپ ئېلىپ ئابلىز شەيتاننىڭ يۈزىگە ئېتىپ ۋارقىرىدى:
— يوقال كۆزۈمدىن! ھۇ جىن ئۇرغۇر ئەبلەخ، يوقال! زەنمىنى ئۆرلەتمەي! ...
ئابلىز شەيتان شاھنىڭ غەزىپىدىن ساراسىمگە چۈشۈپ، چاكارلارغا ئۆزىنى كۆتۈرتۈپ بىردەمدە كۆزدىن غايىب بولدى.
قاقاس تاغ ئارىسىدا پۇت ـ قولى كىشەنلەنگەن نۇرغۇن مەھبۇسلار تاش چاقماقتا ئىدى. غېرىب تاغ ئۈستىدە ئاتلىق كېتىۋېتىپ بۇلارغا قارىدى. ئاتلىق گۈندىپاي سەپنىڭ كەينىدە تاش يۇدۇپ كېتىۋاتقان بىر بوۋاينىڭ باش ـ كۆزلىرىگە قامچا

بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئالدىدا تاش يۇدۇپ كېتىۋاتقان ياش بىر يىگىت كەينىگە يېنىپ كېلىپ بوۋاينى ئۆزىنىڭ دالىدىسىغا ئېلىپ قامچىغا ئۆزىنى تۇتۇپ بەردى ھەمدە باش ـ كۆزىگە تېگىۋاتقان قامچىغا چىداپ بوۋاينى يۆلەشتۇرۇپ سۆرەپ مېڭىپ، سەپكە يېتىشتۇرۇۋالدى. غېرىب ئۇ كىشىگە ئىنچىكىلەپ قاراپ ئۆز ـ ئۆزىگە دېدى:

— ۋوي ... بۇ ئەجەب تونۇش بوۋايغۇ؟ قورمىشئاتام مازىرىدىكى خوجا ئەسرار ھەزرەتلىرىمۇ نېمە؟ بۇ خىزىر سۈپەت كىشى بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ راست، ئاۋۇ ياش بالا ئۇ ئادەمنىڭ شاگىرتى، راست شۇ. بۇ ... بۇ توقساندىن ھالقىغان ئادەم قانداق قىلىپ مەھبۇس بولۇپ قالدى؟ ئۇنى نېمىشقا تاش كۆتۈرگىلى سالىدۇ؟

غېرىب تاشنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرۇپ، مەھبۇسلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى.

مېھرىبانۇ خانىشنىڭ قەسرى ئالدىدا شاھانە مەپە تەييار تۇراتتى، مەپىنىڭ ئەتراپىنى سەپراس ئاتلىق ياساۋۇللار قورشىغانىدى. سەپەر كىيىملىرى كىيگەن مېھرىبانۇ خانىش تۇران ئايلا باشلىق دېدەك ـ كېنىزەكلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قەسىردىن چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىرمۇنچە چاكار ـ دېدەكلەر ساندۇقلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھارۋىلارغا بېسىشتى. بىرمۇنچە تۆگە ـ قېچىرلارغا تاغارلار ئارتىلدى. مېھرىبانۇ خانىش مەپىگە چىقاي دەپ مەپە يېنىدا مۈرىسىنى چىقىرىپ تىزلىنىپ ئولتۇرغان چاكارنىڭ دۈمبىسىگە پۇتىنى ئېلىشىغا، شاھى ئاباس ئاتلىق يېتىپ كېلىپ، ئېتىنىڭ يۈگىنىنى قاتتىق تارتتى. ئات قاتتىق كىشنەپ ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چاپچىپ توختىدى. مېھرىبانۇ خانىش دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ شاھقا تەزىم قىلدى. ياساۋۇللارمۇ ئېتىدىن چۈشۈپ شاھقا تەزىم قىلدى. چاكار ـ دېدەكلەر ئۆز جايىدا تۇرۇپ شاھقا تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھىم، ئاۋارە بولۇپ ئالايىتەن ئۇزاتقىلى كەلمىسىلىمۇ مەن قەسرلىرىگە بېرىپ ئۆزلىرى

بىلەن خوشلىشىپ ماڭاتتىم. خۇدا بۇيرۇسا مەكتۇپلىرىنى قۇندۇز شاھىغا ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ قىزىمىزنى قايتىپ كېلىشكە كۆندۈرىمەن. سىلىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. ئۆزلىرىگە ئاگاھ ۋە دانا بولغايلا، ــ دېدى مېھرىبانۇ خانىش كۆزىگە ياش ئېلىپ.

ــ بولدى، بولدى بەس، بۇ گەپلىرىڭنى قوي!

مېھرىبانۇ خانىش كۆزلىرى چەكچىيىپ دېدى:

ــ نېمە، نېمە دەۋاتىدىغانلا، شاھ ئالىيلىرى؟

ــ سەن بارمايدىغان بولدۇڭ؟

مېھرىبانۇ يۈرىكىنى تۇتۇپ، ئۇھ تارتىپ سورىدى:

ــ نېمە، نېمە دەيدىغانلا، شاھ ئالىيلىرى، ماقۇل بولغانىدىلە، بىر كېچىدە يېنىۋالدىلىمۇ؟

ــ ياق، سېنى يالغۇز بارغۇزمايمەن، ــ دېدى شاھ.

ــ نېمىدەپ؟ مەن بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىقىپ بولدۇم، مېنى تىرىك ئۆلتۈرەي دەملا؟ مېنى سەپەردىن توسمىسىلا، ئالىيلىرى، ماڭا رەھىم ـ شەپقەت قىلغايلا، ماڭا ئىچلىرى ئاغرىغاي!

مېھرىبانۇ ھۆكۈرەپ يىغلىغىنىچە كېلىپ، شاھنىڭ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىسىگە ئېسىلىپ، شاھنىڭ پۇتىغا سۆيۈپ يىغلاپ يالۋۇردى.

ــ ئورنۇڭدىن تۇر، مەن سېنى سەپەردىن توسقىلى ئەمەس، سەن بىلەن بىللە سەپەر قىلغىلى كەلدىم.

قار ـ يامغۇر يىغلاۋاتقان مېھرىبانۇ خانىش شاققىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ شاھقا قارىدى.

ــ نېمە ... نېمە دېدىلە؟ ... سىلىمۇ بارىدىغان بولدىلىمۇ، شاھ ئالىيلىرى؟ مېنى بىردەم قاقشىتىپ، بىردەم خۇش قىلىپ يۈرىكىمنى ئاسقىتۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان بولدىلا.

ــ يۈرىكىڭ ئانچە ـ مۇنچە چۆچۈپ تۇرسا ياشىرىدۇ، خانىش، ھاياتتا ھەزىل ـ چاقچاق بولمىسىمۇ بولمايدۇ، ــ دېدى شاھ.

ــ رەھمەت سىلىگە، شاھى جاھانىم! ئۆزۈن ئۆمۈر

كۆرگەيلا ! دۆلەتلىرى تېخىمۇ زىيادە بولغاي ! ــ دېدى مېھرىبانۇ خانىش.

ــ ناغرا ـ سۇناي چېلىڭلار، سەپەرگە ئاتلاندۇق، ــ دېدى شاھ.

ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىپ، شاھ سەپىنىڭ ئالدىدا خۇشال ئات ئوينىتىپ ماڭدى. سول قول ۋەزىر راشىدىن ئەتتارى، شەيخۇلئىسلام جارۇپ مەۋلەۋى قاتارلىق ئەمىر ـ ۋەزىرلەر شاھنى تەزىم بىلەن ئۇزىتىپ ئارقىسىدىن ماڭدى.

ئەمدى گەپنى غېرىبتىن ئاڭلايمىز. غېرىب تاغنىڭ تۆپىسىدىن پەسكە ھەر خىل تاشلارنى دومىلىتىپ قويۇپ بەردى. بىر مەھبۇس ۋارقىرىدى:

ــ قېچىڭلار ... جېنىڭلارنى ئەپقېچىڭلار، تاغ سىيرىلىپ چۈشتى !

مەھبۇسلار پىتىراپ ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى، ئاتلىق گۇندىپايلارمۇ قاچقىلى تۇردى. بىر ئاتلىق گۇندىپاي تاش چۈشمىگەن يەردە تۇرۇپ تاغ ئۈستىدە تاش يۇمۇلىتىۋاتقان غېرىبنى كۆرۈپ قالدى.

ــ تاغ ئۈستىدە تاش يۇمۇلىتىۋاتقان ئادەم بار ئىكەن ! ــ دېدى گۇندىپاي.

گۇندىپايلار باشلىقى ئەشرەپخان تاغ ئۈستىدە تۇرغان غېرىبنى كۆرسىتىپ ۋارقىرىدى:

ــ قوغلاڭلار ... تۇتۇڭلار ئۇ بەتبەختنى ! خان بىلەن قارشىلىشىشقا پېتىنغان قانداق قاپ يۈرەك مەخلۇق ئىكەن ئۇ، مەن بىر كۆرەي ... يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ خام يېمەيدىغان بولسام، ھۇ خۇنپەر!

ئەشرەپخان ئۆزىمۇ نۆكىرى توقۇپ ئۆلگۈرتۈپ كەلگەن ئېتىغا مىندى ـ دە، بىر توپ ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ، قۇرۇق تاغقا قاراپ ئات سالدى. لەشكەرلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئات سېلىپ تاغ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. ئاز بىر قىسىم گۇندىپايلار جىلغىدا

ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن مەھبۇسلارنى ئاتلىق قوغلاپ يۈرۈپ، قامچىلاپ بىر يەرگە توپلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. شۇ چاغدا قارا سەللىسىنىڭ پەتلىسى بىلەن يۈزىنى يۆگىۋالغان غېرىب جىلغا ئىچىدىكى تاشلار ئارىسىدا ئىتىنى چاپتۇرۇپ پەيدا بولدى ـ دە، ئۈچ گۇندىپاينى خەنجەر ئېتىپ ئاتتىن موللاق ئاتقۇزدى، ئالدىغا ئېتىلىپ كەلگەن ئىككىسىنى ھېچقانچە كۆچىمەيلا قىلىچلاپ ئاتتىن يىقىتتى. ئۇ يەر چىشلەپ ياتقان گۇندىپايلارنىڭ بېلىدىكى ئاچقۇچلارنى ئېلىپ مەھبۇسلارغا قارىتىپ ئاتتى.

— ھەي ... ھەي ... زۇلۇم چەككەن بىچارىلار، ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار! — دېدى غېرىب.

مەھبۇسلار ئاچقۇچلارنى ئېلىپ پۇت ـ قوللىرىدىكى زەنجىر ـ كىشەنلەرنى ئاچالىغانلىرى ئېچىپ، ئاچالمىغانلار تاش چاقىدىغان يوغان بولقىلاردا ئۇرۇپ چېقىشقا باشلىدى. ئىشكەلدىن بۇرۇن قۇتۇلغانلار ئۆلگەن گۇندىپايلارنىڭ ئاتلىرىنى تۇتۇپ مىنىۋېلىپ، قوللىرىغا يوغان بولقا، مېتىنلەرنى ئېلىپ گۇندىپايلار بىلەن ئېلىشتى. مەھبۇسلارنىڭ كۆپ قىسمى قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈپ تاغنىڭ ھەر تەرىپىگە پىتىراپ قاچتى. غېرىب بەزىدە قېچىپ، بەزىدە قوغلاپ دېگەندەك گۇندىپايلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن قىلىچ بىلەن موللاق ئاتقۇزۇپ، مەھبۇسلار ئارىسىدىن خوجا ئەسرارنى ئىزدىدى. بوۋاي شاگىرتى بىلەن بىر تاشنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بولۇپ، شاگىرتى بوۋاينىڭ پۇتىدىكى ئىشكەلنى تاشقا قويۇپ بازغان بىلەن سوقۇپ ئۈزمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا بىر لەشكەر ئۇزۇن نەيزىسىنى غېرىبقا توغرىلاپ، نەرە تارتىپ ئېتىلىپ كەلدى. غېرىب چاققانلىق بىلەن ئاتنىڭ ئۈستىدە ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ نەيزە ئۇرغان لەشكەر ئۇدۇلىغا كېلىشكە ئۆرە بولۇپ، ئۇنى بىر كالتەك قويۇپ ئاتتىن ئۇچۇرۇۋەتتى، ئاندىن سالتاڭ ئاتنى تۇتۇپ كېلىپ خوجا ئەسرارنىڭ يېنىدا توختىدى.

— ئۇستاز، ئاتقا مىنەلەملا؟ — دېدى غېرىب.
— ئەلۋەتتە، ئات ئۇستىدە چوڭ بولغانمەن، — دېدى خوجا ئەسرار.
— ئۇستازنى ئاتقا مىندۈر!
خوجا ئەسرارنىڭ شاگىرتى ئۇنى ئاتقا مىندۈردى، ئۇنىڭغىچە يەنە بىر سالتاڭ ئات ئۇلارنىڭ يېنىدىن تېنەپ يورغىلاپ ئۆتتى. خوجا ئەسرارنىڭ شاگىرتى مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن ئۇ ئاتنى تۇتۇۋېلىپ مىنىۋالدى. تاغقا چىققان ئەشرەپخانلار جىلغىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرۈپ، ئاتلىرىنى تۆۋەنگە قارىتىپ چاپتۇردى، ئەمما ئاتلار قورام تاشلىق تىك تاغدىن تېز چۈشەلمىدى. مەھبۇسلاردىن قېچىشنى خالىمىغانلىرى تۇرغان جايىدا قىمىر قىلماستىن تۇرۇپ قالدى، قاچقانلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ قېچىپ غايىب بولدى. غېرىب، خوجا ئەسرار ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، جىلغا ئىچىدە توپا توزىتىپ قېچىپ كەتتى. تاغدىن بالدۇر چۈشكەن ئەشرەپخاننىڭ بىرقانچە ئاتلىق لەشكىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مېڭىپ چاڭ ـ توزانلار ئىچىدە كۆرۈنمەي قالدى.
ئەمدى سەنەم تەرەپكە كېلەيلى. زىندان كارىدورىدا بەرنا بىلەن سەنەم گۈندىپاي ـ نۆكەرلەرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىن قوغدىشى بىلەن كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېنىزەكلەر ئەگەشكەنىدى. زىندان ۋادەكلىرىگە چاپلىشىۋالغان مەھبۇسلار قىزلارغا تىلىنى چىقىرىپ، قاش ئېتىپ ئىسقىرتىشتى.
— ھەي ... ھەي ... بۈگۈن پادىشاھ ئالىيلىرى بىزگە شەپقەت قىلىپ سەتەڭلەرنى ئەۋەتىپتىمۇ نېمە؟ — دېدى بىر مەھبۇس.
— خان ئالىيلىرىغا ھەشقاللا ... بىزنى زېرىكىپ كەتتى دەپ بىر توپ قىزلارنى ئەۋەتىپتۇ ـ دە. شاھ ئالىيلىرىغا رەھمەت، شاھ ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىگە تېخىمۇ ئىنساپ تىلەيمىز، — دېدى قارا مەھبۇس.
— ھەي ... ھەي ... قىزلارنى بىزگە بەرمەي نەگە

ئاپىرىسىلەر؟ بىزگە بىرنى تاشلاپ كېتىڭلار، ھەي ... ھەي ... بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتتىڭلار ... — دېدى ئورۇق مەھبۇس.

گۇندىپايلار قامچا سېلىپ ئۇلارنى خەپشۇكلەپ ماڭدى.

مەلىكە بەرنا سەنەمگە ئېيتتى:

— مەلىكە سەنەم، نېمە قىلارسىز ئۇ بەتبەشىرە مەخلۇقنى قايتا كۆرۈپ؟ دەردىڭىز چىقمىسا ئۇنى دارغا ئاسساقمۇ ياكى چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرسەكمۇ بولىدۇ. بولمىسا مۇشۇ زىنداندا چىرىپ ئۆلسىمۇ بولىدۇ.

— بولمىسا ئۇنى سىرتقا ئاچىقىپ يورۇقتا كۆرەي، — دېدى سەنەم.

ئۇلار ئارقىسىغا يېنىپ چىقىپ كەتتى.

مەلىكە بەرنانىڭ قەسرى ئالدىدا جاپپار سۇچى پېشايۋان تۈۋرۈكىگە چەمبەرچاس باغلىنىۋېتىلگەن، قامچا - كالتەك زەربىسىدىن يۈز - كۆزلىرى ئىششىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. سەنەم، نىگارئايىم، ئىلياسلار پېشايۋان ئاستىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا يىراقتىن سەسكىنىپ قارىدى، سەنەم ئۇنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

— بەك سېسىق تاز ئىكەن، يېقىن بارماڭ، ئادەمنىڭ كۆڭلى ئېلىشقۇدەك، — دېدى مەلىكە بەرنا.

سەنەم ئۇندىمەستىن ئۇنىڭغا يېقىنلاپ باردى.

— ھەي ... ھەي ... مېنى تونۇدۇڭمۇ؟

جاپپار ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، سەنەمگە ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىدە مارىغاندەك قاراپ كۈلۈپ دېدى:

— ئۆزلىرىنى تونۇمامدىغان، خۇدايىم بەرگەن. قىرىق ياشقا كىرگەندە، يېرىم كېچىدە خۇدايىم ماڭا ئاسماندىن پەرىزات تاشلاپ بەرگەن ئوخشايدۇ دەپ خۇش بوپتىمەن. ئەسلىدە ماڭا پەرىزات ئەمەس بالا - قازا ئۇچراپتىكەن.

— ماڭا قىلغانلىرىڭنى بىلەمسەن؟ — دېدى سەنەم.

— ئەسلىدە ئاشۇ سېسىق خەندەكتىكى ۋاقتىڭىزدا كۆرمەيلا

ئۆتۈپ كەتكەن بولسام، بۇ راھەتنى كۆرمەس ئىدىم، — دېدى جاپپار تاز.

— مېنى قۇتقۇزغىنىڭ ئۈچۈن سېنى نىجاتكارىم دېگۈم كېلىدۇ. ئەمما، قىيناپ قورسىقىمدىكى بالىنىڭ بېشىغا چىققىنىڭ ئۈچۈن، سېنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، — دېدى سەنەم.

— بولسا جېنىمنى قىينىغۇچە ئۆز قولىڭىز بىلەن قارنىمنى چۇۋۇپ، جېنىمنى قىينىماي ئالغان بولسىڭىز، مەن سىزدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولار ئىدىم، — دېدى جاپپار تاز.

— مېنىڭ سېنى ئۇنداق رازى قىلغۇم يوق، — دېدى سەنەم.

— قىرىق ياشقىچە ئايال زاتىغا يېقىن يولىمىغانىدىم، قىرىق ياشقا كىرگەندە بىر چىرايلىق پەرىزاتنىڭ جازاسى بىلەن مۇكاپاتلىنىغىنىمغا يۈز مىڭ شۈكۈر، رەھمەت ئاللا، — دېدى جاپپار تاز.

سەنەم مەلىكە بەرنانىڭ يېنىغا بېرىپ پەس ئاۋازدا دېدى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، مۇمكىن بولسا ئۇنى ئۆيلەپ قويغان بولساق.

مەلىكە بەرنا ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— ھە ... نېمە، ئۇنى ئۆلتۈرمەمدۇق؟

— ياق، ئۇنى ئۆلتۈرسەك مەن بىر خىل تۇگىمەس ئازابتا قالغۇدەكمەن، ئۇنى ئۆيلەپ قويايلى، — دېدى سەنەم.

— ئۇ سېسىق تازغا كىممۇ خوتۇن بولار؟ — دېدى مەلىكە بەرنا.

— ئوردا تېۋىپلىرى ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىسا سېسىقى تۈگەر، — دېدى مەلىكە سەنەم.

— ئۇ سېسىق پۇرىمىسىلا ئوردىدىكى ھەرقانداق دېدەكنى ئېلىپ بەرسەك بولىدۇ، — دېدى مەلىكە بەرنا.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى سەنەم.

— بۇنى ئەكىرىپ ھاممامدا پاكىز يۇيۇندۇرۇڭلار، تېۋىپلار

ئۇنى داۋالاپ ساقايتسۇن ... ھەي، سەن مەلىكە سەنەمگە رەھمەت دە، ــ دېدى مەلىكە بەرنا.

ــ مەن ئاللاغا رەھمەت دەيمەن. ئۇ مەلىكە مېنى بىر قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرمەي، ئۆمۈر بويى قىيناپ ئۆلتۈرىدىغان بولدى. خەيرىيەت، پېشانەم شۇنداق ئىكەن، ــ دېدى جاپپار تاز.

ــ قاراڭ، تېخى بۇ پىتلىقنىڭ سىزگە ئاشىق بولغىنىنى، ھا ... ھا ... ھا ... ــ دەپ توختىماي كۈلدى مەلىكە بەرنا.

سەنەم بەرناغا ئالىيىپ قارىدى.

قاقاس تاغ ئارىسىدىكى يولدا غېرىب، خوجا ئەسرار ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ قېچىۋاتاتتى. ئەشرەپخان باشچىلىقىدىكى خان لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلەتتى. ئارىلىق بارغانچە يېقىنلاشماقتا ئىدى. تاغنىڭ تار قىسىلچىقىغا كەلگەندە غېرىب ۋارقىرىدى:

ــ سىلەر قېچىۋېرىڭلار، ئۇلارنى مەن توسۇۋالاي، يىراق جايلارغا قېچىڭلار!

ــ بۈگۈن قېچىپ قۇتۇلىدىغانلىقىمىز دىلىمدا ئايان بولغان، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم، ئوغلۇم.

خوجا ئەسرار شۇنداق دەپ شاگىرتى بىلەن ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە كېتىپ قالدى. غېرىب ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ بېلىدىن ئۈزۈن ئىنچىكە تانىنى يېشىۋېلىپ بىر ئۇچىنى زور بىر قورام تاشقا، يەنە بىر ئۇچىنى تاش ئارىسىدىن ئۆسۈپ چىققان قارا ياغاچقا باغلاپ ياندا مۆكۈنۈپ ياتتى. جىلغىدىكى قويۇق چاڭ ـ توزان ئارىسىدا قوغلاۋاتقان خان لەشكەرلىرى ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كەلدى. بىراق، ئاتلار ئۆتۈپ كېتىپ، لەشكەرلەر ئاتلارنىڭ ئۈستىدىن يەرگە ئۇڭدىسىغا چۈشتى. غېرىب ئېتىغا سەكرەپ مىندى ـ دە، لەشكەرلەرنىڭ سالتاڭ ئاتلىرىنى قوغلاپ كەتتى. يىقىلغان لەشكەرلەر يەردە يۇمىلاپ، ۋايساپ يېتىپ قالدى. ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئاتلىق خان لەشكەرلىرىمۇ توپا ـ چاڭ ئىچىدە ھېچنېمىنى كۆرمەي ئوخشاش ئاقىۋەتكە

دۇچار بولدى. كەينىدىن يېتىپ كەلگەن ئەشرەپخان ئاتنىڭ ئۈستىدە دۈم يېتىۋېلىپ تانا توساقتىن ئات بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ قۇلاق ئات سېلىپ كېلىۋاتقان ئىككى نۆكىرىمۇ شۇنداق قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار چاڭ ـ توزان ئىچىدە ھېچنېمىنى ئېنىق كۆرەلمەي ئالغا قاراپ شىددەت بىلەن چېپىپ كېتىۋاتقاندا، ئالدى تەرەپتىن بىر توپ سالتاڭ ئاتلار، ئۇلارنىڭ كەينىدىن يولغا پاتماي لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان سۇر ـ ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كەلدى. ئەشرەپخانلار تار جىلغىدا ئىككى يانغا ئۆزىنى قاچۇرىدىغان يەر تاپالماي ئارقىسىغا يېنىپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. سالتاڭ ئاتلارنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلغان شاخلار شامالدا يالقۇنجاپ كۆيگەنچە ئاتلار قىزىپ ھەم ئۈركۈپ قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ شىددەت بىلەن چاپاتتى. ئەشرەپخانلار ئالاقزادە بولۇپ ئالدى ـ كەينىگە قاراپ شىددەت بىلەن قاچتى. ئۇلار كەينىگە قاراپ قاچقاچقا يولدىكى تانىنى ئۇنتۇپ قېلىپ تانىغا ئىلىنىپ ئاتلىرىدىن ئۇچۇپ كەتتى.

غېرىب خوجا ئەسرار بىلەن شاگىرتىنىڭ كەينىدىن بىر يايلاققا كەلگەندە يېتىشىۋالغانىدى. ئۇچەيلەن يايلاقتا ئاتلىرىنى مېڭىشىغا قويۇۋېتىپ كېتىۋاتاتتى.

— ھەزرىتى خوجام، قانداق بولۇپ مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالغانلا؟ — دەپ سورىدى غېرىب.

— بىزنىڭ ئايماقنىڭ ئەمىرى شاھقا ياخشىچاق بولۇش نىيىتىدە مېنى مەلىكە ئالىيلىرى بىلەن قاچقۇن غېرىبنى نىكاھ قىلىپ قويۇپسەن دەپ قولغا ئالدى، بالام، — دېدى خوجا ئەسرار.

— يا سۇبھانالللا، ئۇلۇغ ئالالا، ماڭا سىلىنى مەھبۇسلۇقتىن ئۆز قولۇم بىلەن قۇتقۇزۇشنى نېسىپ قىپتۇ. بولمىسا مېنىڭ سەۋەبىمدىن مەھبۇسلۇقتا تاش ئاستىدا بىئەجەل ئۆلۈپ كېتەر ئىكەنلا، — دېدى غېرىب.

— ئىنساننىڭ كۆرىدىغان كۈنى، يەيدىغان رىزقى، نەگە

بېرىپ، نەدە تۇرۇشى پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، ئوغلۇم. ئەگەر مەھبۇسلۇق قىسمىتى بىلەن رىزقىم تۈگەپ ئەجىلىم توشقان بولسا شۇ يەردە ئۆلەر ئىدىم، ھەق ئىگىسى سېنى بۇ تاشلىقتا ئەۋەتمەس ئىدى، — دېدى خوجا ئەسرار.

— ئەمدى قۇرمىشئاتام مازىرىغا قايتا بېرىشلىرى يوق، مېنىڭ نىشانىم شەھىرى ھېرات. ئەگەر ئىختىيار قىلسىلا سىلىنى شەھىرى ھېراتقا ئەكېتىمەن، — دېدى غېرىب.

— يوقسۇ، ئوغلۇم، ئۈچ كۈن بۇرۇن ھەزرىتى بۇزرۇكۋار چۈشۈمدە ئايان بولۇپ، سېنىڭ كېلىپ مېنى ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىدىغانلىقىڭدىن بېشارەت بەرگەن. ئۇ يەنە مېنى بەيتۇل مۇقەددەسكە بۇيرۇدى. مەن شۇ تەرەپلەردە زىيارەتتە بولۇشنى نىيەت قىلدىم، — دېدى خوجا ئەسرار.

— مەن سىلىنى مۇقەددەس سەپەردىن توسۇۋالالمايمەن. ئەپسۇس، سىلىگە ھېچبىر يوللۇق تۇتالمايدىغان بولدۇم. ھە، توغرا، بولالمىغاندا ئۆتۈكنىڭ پاشنىسىنى ئاختۇر دەپتىكەن، يېقىندا زىنداندا بىللە ياتقان مەرھۇم رەھمەتۇللا يەركەندى ئۆتۈكنى ماڭا يالداما قىلغان، ئۇنىڭدا نېمە كارامەت باركىن؟

غېرىب ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ پۇتىدىكى ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈكنى سېلىپ پاشنىسىنى خەنجەر بىلەن چۇۋۇدى، ئاپقۇتى ئىچىدىن چۆجە تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتا بىر يېشىل گۆھەر چىقتى. يەنە بىرسىنى چۇۋۇغانىدى، ئۇنىڭدىن ئۇششاق جاۋاھىراتتىن توققۇز دانە چىقتى.

— ھەزرىتىم، بۇلار سىلىنىڭ مۇقەددەس ئۇزاق سەپەرلىرى ئۈستىدە ئاللا يولىدا خىراجەت بولغاي، قوبۇل كۆرگەيلا، — دېدى غېرىب.

— مەرد يىگىت، ئۆزۈڭمۇ ئۇزاق سەپەر ئۈستىدە، ساڭمۇ دەل مۇشۇ نەرسىلەر لازىمدۇر، — دېدى خوجا ئەسرار.

— مەن سەپەرلەردە پۇلسىز يۈرۈپ پىشىپ كەتتىم، قولۇمدا ياراغ بار، ئاچ قالمايمەن. ئۆزلىرى ياشىنىپ قالغان ئادەم،

سىلىڭگە بۇلار كېرەك، ــ دېدى غېرىب.
ــ ئۇنداقتا يېرىمىنى سەن ئالغىن، ئوغلۇم، ــ دېدى خوجا ئەسرار.
ــ بولىدى ، مەن ئالماي.
ــ رەھمەتلىك ھەمراھىڭ ئۈچۈن خاتىرە قىلىپ بولسىمۇ ئالغىن، ــ دېدى خوجا ئەسرار.
ــ بوپتۇ، ئۆزلىرىنىڭ لەۋزىلىرىنى يەردە قويماي، مەرھۇم رەھمىتۇللا يەركەندى ھەزرەتلىرىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بىر تال جاۋاھىرات ئالاي.
غېرىب بىر تال جاۋاھىراتنى ئايرىۋېلىپ، قالغىنىنى بەلۋاغقا ئوراپ خوجا ئەسرارغا ئىككى قوللاپ تۇتتى.
خوجا ئەسرار دۇئاغا قول كۆتۈردى:
ــ بۇيۇك تەڭرى مېنى قۇللۇقتىن قۇتقۇزغىنىڭ ئۈچۈن سېنى ھەر جايدا قۇتقۇزغاي، ساڭا ماڭا بەرگىنىڭنى ھەسسىلەپ بەرگەي، ئامىن.
ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.
ئەمدى سۆز غەزنەۋىلەرگە كەلدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى تەختىدە غەزەپ بىلەن سۈرلۈك ئۆرە تىنىپ ئولتۇردى. پەستە زەينىددىن بومىيانى تىزلىنىپ ئولتۇردى.
ــ راست گەپ قىلسىلا، زەينىددىن بومىيانى. سىلى ئاتامدىن قالغان ئەڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرىم ئىدىلە. مەن سىلىگە زور ئىشەنچ ھەم ئۈمىد باغلاپ كەلگەنىدىم. قاراخانىيلارغا قانچىلىك مال ـ دۇنياغا سېتىلىپ ماڭا خىيانەت قىلدىلا؟ ــ دېدى مەھمۇد غەزنەۋى.
ــ پېقىر ئاتىلىرىغا ئوتتۇز يىل، ئۆزلىرىگە ئون ئۈچ يىل خىزمەت قىلىش جەريانىدا قىلچە خىيانەتكارلىق قىلمىدىم. ۋەتىنىمنىڭ قىلچىلىك مەنپەئەتىنى پۇلغا ساتمىدىم. ماڭا بۇنداق ئاھانەت قىلغۇچە جېنىمنى ئالغانلىرى ئەۋزەل، ئالىيلىرى، ــ دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— قاراخانىيلار مەلىكىسىنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ دەپ، بىزنى غەپلەتتە قويۇپ قوشۇن باشلاپ كەلگەنلەرى ساتقۇنلۇق ئەمەسمۇ؟ — دېدى مەھمۇد غەزنەۋى.

— ئۇلار ھەقىقەتەن مەلىكە ئالىيلىرىنى ئۇزلىرىگە ياتلىق قىلىشقا قوشۇلغان. بىزگە قارشى قوشۇن تارتقىنى خانلىق قوشۇن ئەمەس، ئىسيان كۆتۈرگەن تاغلىقلىرى.

— ئەجەبا، ئىسيانچىلىرى شەھەرنى ئالسا، شاۋاز خوشاللىق بىلەن قوشۇن تارتىپ كەلدىغۇ؟! — دېدى مەھمۇد غەزنەۋى.

— مېنىڭ بىر يول تۇتۇشۇمغا ئىجازەت ھەم مۆھلەت بەرگەيلا، ئالىيلىرى، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— سىلىگە يەنە قانداق يول، يەنە قانداق پۇرسەتلەر كېرەك؟

— ياكى بىر قىلىچ بىلەن كاللامنى ئېلىپ خالاس تاپقايلا، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— شۇنچە بېشىمىزغا بالا - قازانى تېرىپ قويۇپ ئۇلۇپ قۇتۇلماقچىمۇ سىلى؟

— ئۇنداقتا مېنىڭ شەھىرى بەلخكە بېرىپ شاۋاز بىلەن يەنە بىر كۆرۈشۈشۈمگە ئىجازەت بەرگەيلا، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— ئۇ تۇتۇرۇقسىز ۋەزىرىنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن نېمە مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ؟ — دېدى مەھمۇد غەزنەۋى.

— ھېچبولمىغاندا، ئۇنىڭ ھازىرقى خىيالى نېمە، بىلىپ باقسام دەيمەن، سۇلتان ئالىيلىرى.

— بوپتۇ، سىلىگە يول بولسۇن، گۇناھلىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن سەپەر قىلىپ باقسىلا. سىلىنىڭ ئاغزىلىرىغا قاراپ غەپلەتتە قالماي، — دېدى مەھمۇد غەزنەۋى.

— سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ دېڭىزدەك كۆڭلى - كۆكسى مېنىڭ ھاياتلىق كېمەمنى پاچاقلىۋەتمەي، ماڭا يەنە پۇرسەت بەرگەنىكەن، مەن دېڭىزدا بېلىق تۇتۇشنى بىلىمەن، — دېدى

زەينمدىن بومياني. ئاندىن ئىجازەت سوراپ ئۆز خانىسىغا ياندى.
قۇندۇز ئوردىسىدىكى سەنەمنىڭ ھۇجرىسى. سەنەم، نىگارئايىم، ئىلياس، گۇلجامالالار پاراڭلاشماقتا ئىدى.
— غېرىب ماڭا نىگارئاي ئانام بىلەن گۇلجامالنى ئېلىپ ھېراتقا بېرىشنى تاپىلىغاندىكەن، مەلىكە سەنەم قوشۇلسا بىز بىلەن ماڭسا دەيمەن، — دېدى ئىلياس.
— ئوغلۇم غېرىب نېمە كۈنلەردە، نېمە كويلاردا بولۇۋاتقاندۇ؟ — دېدى نىگارئايىم.
— مېنىڭمۇ ئەس ـ يادىم غېرىبتا قالدى. ئۇنىڭدىن بىرەر ئۇچۇر بولسا بولاتتى. شۇ تاپتا قاياقتا مېڭىشىمنى بىلەلمەي بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى، — دېدى سەنەم.
— مېنىڭچە، شاھ ھەرگىز ئۇنىڭغا يۇمشاق قوللۇق قىلمايدۇ، لېكىن ئۇ ھامان بىر ئامالالار بىلەن ئارقىمىزدىن ھېراتقا بارىدۇ. شۇڭا، ياخشىسى مەن بىلەن ھېراتقا بارغىنىڭلار تۈزۈك، — دېدى ئىلياس.
— مەن شۇ تاپتا قاياقتا مېڭىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، بالام، — دېدى نىگارئايىم.
— كۆتەيلى، مەلىكە بەرنانىڭ ئادەملىرى كېلىدىغان چاغ بولدى، — دېدى سەنەم.
— خۇدايىم، ياخشى خەۋەر ئاڭلىغىلى نېسىپ قىلغايسەن، — دېدى گۇلجامال.
— ئەگەر شاھى ئابباس ئوغلۇمنى زىندانغا تاشلىغان بولسا مەن ئوردابالىقتا قايتىپ ئۇنىڭ بىلەن زىنداندا يېتىشقا رازىمەنكى، باشقا يەرگە بارمايمەن.
نىگارئايىم شۇنداق دەپ بوغۇلۇپ يىغلاپ كۆز ـ ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ ئۆلگۈرەلمىدى.
— ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا مەنمۇ ئوردابالىقتا قايتىمەن.
شۇ ئەسنادا مەلىكە بەرنا كىردى. ئۇنىڭ چىرايى تۈتۈلغانىدى.
— شاھى ئاببىس غېرىبنى زىندانغا تاشلاپتۇ، — دېدى ئۇ

يىغلامسىراپ.

— ئۇنداق بولسا ئىش چاتاق، شاۋازنىڭ جاسۇسلىرى، بولۇپمۇ ئابلىز شەيتان ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن، — دېدى ئىلياس.

— مەن ھازىرلا يولغا چىقىمەن، ئوردابالىقتا بارمىسام بولمايدۇ، — دېدى سەنەم.

— مەلىكە بەرنا ئالىيلىرى، بىزگە ئىجازەت بەرگەيلا، ئوغلۇمنى كۆرمەي كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ، — دېدى نىگارئايىم.

— مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە ئوردابالىققا يولغا چىقاي. مېنىڭ جەڭگاھتىن چىقىشىممۇ غېرىبنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىدى، — دېدى ئىلياس.

— ئەگەر قوشۇلساڭلار مەنمۇ سىلەر بىلەن سەپەرگە چىقىمەن، — دېدى مەلىكە بەرنا.

— ئۇنداق بولسىغۇ مۇشكۇلىمىز ئاسان بولار ئىدى، مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى نىگارئايىم مىننەتدار بولۇپ.

قۇندۇز شەھىرىنىڭ ھەيۋەتلىك سېپىل دەرۋازىسىدىن ئەرەنچە ياسانغان بەرنا، سەنەم ۋە ئىلياس قاتارلىقلار ئاتلىق چىقىپ كەلدى. ئۇلارغا ئەگىشىپ لەشكەرلەر، ئاندىن تۆگىگە مىنگەن نىگارئايىم، گۈلجامال، يەنە يۈك - تاق ئارتىلغان بىرقانچە تۆگە، قېچىر، ئۇلارنى قوغداپ ماڭغان قوشۇنلار سەپ تارتىپ چىقتى. ناغرا - سۇنايلار چېلىنىپ توپلاشقان خالايىقلار ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن چاچقۇلار چېچىپ، ئىسرىق سېلىپ، موماييلار ئارقىسىدىن باسقان ئىزلىرىغا سۇزۇك سۇلار چېچىپ قالدى.

ئېگىز سېپىلنىڭ كۇنگۇرىسىدە شاھ سەئىد ئەخمەتخان دۇئا قىلىپ ئۇلارغا ئاقيول تىلەپ قاراپ قالدى.

بۇ چاغدا شاھى ئاببا‌س باشلىغان چوڭ كارۋان قۇندۇز ئېلىگە قاراپ دەشت - چۆلدە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. شاھنىڭ ئەمىرلەشكىرى ئامىر سەئىد شاھنىڭ يېنىدا ھوشيارلىق بىلەن

ماڭماقتا. مېھرىبانۇ خانىش شاھانە مەيدە كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ تەسۋى سىيرىپ ماڭماقتا ئىدى.

ھېرات ئەتراپىدىكى شاۋازنىڭ چېدىرى. شاۋاز ئوغلى ئابدۇللا شاتىرى بىلەن مەخپىي سۆھبەتكە چۈشكەنىدى.

— ئوغلۇم، ئاتاڭ بىر ئۆمۈر كۈتكەن پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۈيۈك تەڭرى بىزگە قوشلاپ نۇسرەت ئاتا قىلىش ئالدىدا: بىرى، شاھى ئابباس شەھىرى ھېراتنى غەزنەۋىلەرگە تارتقۇزۇپ قويۇپ، ئەل ئىچىدە نومۇسقا قالغان، ئەمدى ئۇنىڭ بۇ نومۇسى يۇيۇلمىدىغان بولدى. بىز شەھىرى ھېرات قاتارلىق قاراخانىيلارنىڭ غەربىدىكى مۇھىم ئۈچ شەھەرنى قايتۇرۇۋالغۇچى سۈپىتىدە خانلىق ئالدىدا زور شان - شەرەپكە مۇيەسسەر بولىدىغان بولدۇق. يەنە بىرى، ئەزەلدىن مەلىكە سەنەمنى ساڭا ياتلىق قىلىپ سېنى ۋەلىئەھدى قىلىشقا مايىل شاھى ئابباسنىڭ خان جەمەتى ۋە خەلقئالەم ئالدىدا تىلى ئۈزىراپ، مەلىكىنى ساڭا ياتلىق قىلىشقا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ، خانغا بۇ ھەقتە ھۆرۈ - پۈرۈ دەيدىغانغا باھانە - سەۋەب قالمىدى. بۇ غەلىبە ئالدىدا غېرىب دېگەن نان قېپىنىڭ ساڭا پۈتلاشقۇدەك نوپۇزى قالمايدۇ، — دېدى شاۋاز.

— ئەمما، پىتنىخورلار ئۇرۇشنى تاغلىقلار قىلدى، خان لەشكەرلىرى تەييار شەھەرگە ئىگە بولدى، تاياقنى يېتىم يېدى، ھالۋىنى ھېكىم دېگەندەك ئىش بولۇۋاتىدۇ دېيىشىۋاتقۇدەك، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

شاۋاز سەل تۇرۇۋېلىپ دېدى:

— ئالدىرىما، ھازىر شەھىرى ھېراتنى ئېلىش ئۇرۇشى تاغ قاراقچىلىرىنى ھالسىرىتىپ، بېلىنى سۇندۇراي دەپ قالدى، غەزنەۋىلەرمۇ ئاران تۇرۇۋاتىدۇ. ئىككى قاغا پوق تالاشسا ئۈۋچى ھايان ئاپتۇ دېگەندەك، ھەر ئىككىسىنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كەلگەندە بىز كەلكۈندەك باستۇرۇپ بېرىپ قوغۇنلۇقتا ئوغرى كىرسە توك - پىششىق دەپ ئىلغىماي ھەممىنى ئۇرۇپ تۇ

دېگەندەك بۇ قوغۇنلۇقنى بىراقلا ۋاشاڭ قىلىممىز. مانا بۇ قار ياغقاندا قۇشقاچ تۇتۇش دېگەنلىك.

— ئەمما، غېرىب دېگەن سولتەك يەنىلا ھايات يۈرۈۋاتىدۇ، مەلىكىنىڭ بارغانسېرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوت - كاۋاپ بولۇشلىرى ئىچىمنى مۇشۈك تاتىلىغاندەك تاتىلاپ، خورلۇق تارتىۋاتىمەن، — دېدى ئابدۇللا.

— ئوغلۇم، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، ئاخىرقى ھۇجۇمغا ئوبدان ھازىرلىق قىل. غېرىبنىڭ ئىشى ھازىر بىز ئۈچۈن پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپ قالدى. ئابلىز شەيتان خەقلەر تەرىپىدىن بىكار شەيتان دەپ ئاتالمىغان. ئۇ غېرىبنىڭ ئىشىنى ئۆزى بىرقوللۇق بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئورداباللىقا قايتتى. ئۇزۇنغا بارماي ئۇنىڭ نۇسرەت خەۋىرى سېنى - مېنى بۇ غەمدىن بىراقلا خالاس قىلىپ، مەلىكە سەنەمنى ئېلىشىڭدىكى پۇتلىكاشاڭ پۈتۈنلەي دەپنە قىلىنىدۇ. شەھىرى ھېراتنى پەتھى قىلغان كۈندىن باشلاپ، سەن ئۆزۈڭنى مەلىكە سەنەمنىڭ ئېرى، خانلىقنىڭ ۋەلىئەھدى، كەلگۈسىدىكى قاراخانىيلار تەختىنىڭ پادىشاھى دەپ تونۇساڭ بولىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ مەنمۇ خاتىرجەم ئۇخلايدىغان بولىمەن، — دېدى شاۋاز.

شاۋاز ئابدۇللاغا خېلىغىچە يەل بەردى.

قاتمۇقات قارلىق تاغ يولىدا غېرىب ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تاغ ئارىسىدىكى شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتى.

شاۋازنىڭ چېدىرى. چىلىمنىڭ جوغىسىنى ئاغزىغا تىققان شاۋازنىڭ كۆزلىرى چىلىمغا ئوت يېقىپ بېرىۋاتقان چىرايلىق چوكاننىڭ تولغان كۆكسىگە تىكىلدى. ئۇ قوللىرى بىلەن چوكاننىڭ پاچاقلىرىنى سىلىدى، ئاندىن ساغرىسىدىن قۇچاقلاپ تارتتى. ئۇ سەتەڭ چوكان نازلىنىپ ئۆزىنى ئېلىپ قاچقان بولۇپ تولغىنىپ، شاۋازنىڭ قۇچىقىغا موك چۈشۈپ ياتتى. شاۋاز چوكاننىڭ تومشۇقىغا ساقاللىق ئاغزىنى ئەمدى ئەكېلىشىگە

ئالدىراپ كىرگەن چاپارمەن قوللىرى بىلەن يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ دېدى:

— پېقىر قۇللىرى ئۆلۈمگە لايىقمەن. ھۆرمەتلىك ۋەزىرئەزەم، جىددىي مەلۇمات، ئۆزلىرىنى بىسەرەمجان قىلدىم.

شاۋاز زەردە بىلەن قوچىقىدىكى چوكاننى ئىتتىرىۋېتىپ، تېرىكىپ سورىدى:

— گەپ قىلە، نان قېپى، نېمە جىددىي مەلۇمات؟

— غەزنەۋىلەردىن مەخپىي ئەلچى كەپتۇ، — دېدى مەلۇماتچى.

شاۋاز ھەيرانلىق بىلەن ساقىلىنى سىلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— نېمە؟ غەزنەۋىلەردىن مەخپىي ئەلچى كەپتۇ؟

— ئۇ ... ئۇ ... سىلىنى تونۇيدىكەن، جىددىي كۆرۈشمەن دەيدۇ، — دېدى مەلۇماتچى.

— ھىم ... ئۇ مېنى تونۇيدىكەن، نام ـ شەرىپى نېمە ئىكەن؟

— نام ـ شەرىپىنى مەۋلانا زەينىددىن بومىيانى دەيدۇ، — دېدى مەلۇماتچى.

— ھە ... زەينىددىن بومىيانى ... دە ... ئۇ تېخى ھايات ئىكەن ـ دە، غەزنەۋى سۇلتانى كەڭ قورساق ئادەم ئىكەن ـ دە، ئۇ ھايات ئىكەن دەڭلا، — دېدى شاۋاز.

شاۋاز ھەشەمەتلىك ياسالغان چېدىرىدىكى ئالتۇن يالىتىلغان ھەيۋەتلىك كۆرستا سۆر ـ ھەيۋە بىلەن ئولتۇردى. زەينىددىن بومىيانى ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۈيۈك قاراخانىيلارنىڭ ۋەزىرى شاۋاز ئالىيلىرى، ئۆزلىرىگە مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى زەينىددىن بومىيانىدىن سالام.

— سالاملىرى قوبۇل، زەينىددىن بومىيانى ھەزرەتلىرى. ئىجازەت، قېنى بەھوزۇر ئولتۇرغايلا، قورۇنمىغايلا، — دېدى شاۋاز.

— ئەسلىدە بىز شاھانە تويىنىڭ داستىخىنىدا بەھوزۇر

ئولتۇرۇپ، خۇشاللىق شارابىدىن يەتكۈچە كەيپ بولماقچىدۇق، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.
شاۋاز ئۆزى قول كۆتۈرۈپ پاتىھە ئوقۇدى.
— ئامىن ئاللاھۇئەكبەر، جانابىي بومىيانى، غومىلىرىنى تۆكۈشكە ئالدىراپ ئاددىي قائىدە ـ يوسۇنلارنىمۇ تەرك قىلغۇدەك دەرىجىگە يېتىپتۇ.
— ئىچىمگە پاتمايۋاتقان دەردۇغەم كاللامنى ئايلاندۇرۇۋەتتى، ۋەزىرئەزەم. شۇڭا، پېقىرنىڭ تەنتەكلىكىنى ئەپۇ قىلغايلا، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.
— شانۇ شەۋكەتلىك سۇلتان مەھمۇد ئالىيلىرى كۆڭلى ـ كۆكسىنى دېڭىزدەك كەڭ تۇتۇپ ئۆزلىرىنى ئەپۇ ھارۇسىغا ئولتۇرغۇزۇپ يەنە بىزگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكىنى ئالدىدا بۇنچىلىك ئەرزىمەس ئىشلارنى پېقىر كۆڭلى ـ كۆكسۇمگە سىغدۇرماي قالاتتىمۇ؟ — دېدى شاۋاز.
— مەن مۇشۇ ئۆمرۈمگىچە نۇرغۇن ئەللەرگە ئەلچى بولۇپ بارغانمەن. ئەمما، سىلەرنىڭ خانلىقىڭلاردىكىدەك بۇنداق شەرمسار، رەسۋايىئەزىم بولغان ئەمەسمەن. ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا دەپ، ئۆزلىرىنىڭ بىزنى تويغا باغلاپ قويۇپ ئاستىرتىن قوشۇن تارتىپ ئۇستىمىزگە باستۇرۇپ كەلگەنلىرى بىزنى كۆتۈرۈپ قويقۇسىز ئاھانەتلىك كۈنلەرگە مۇپتىلا قىلدى، — دېدى زەينىدىن بومىيانى ئاغرىنىش بىلەن.
— ھەممە ئىشتىن ئۆزلىرىنىڭ خەۋەرلىرى بار. بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىغا بىرنەرسە دەپ بولغىلى بولمايدىكەن. خانلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ئادەم بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان گەپ ئىكەن. بەزىدە بىر قولدا ئوت قويۇپ، يەنە بىر قولدىكى سۇ بىلەن ئۆچۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن، يەنە بەزىدە، بىر قولدا قىلىچ تۇتۇپ، يەنە بىر قولدا قالقان تۇتىدىغان ئىش ئىكەن، — دېدى شاۋاز.
— مەن ئۆزلىرىگە خۇددى ئۆز سۇلتانىمغا ئىشەنگەندەك

ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. بەك ساددا، بەك گول ئىكەنمەن. قىز ئېلىپ، توي تارتىپ كېلىۋاتقان ۋەزىرئەزەمنىڭ شەيتاننىڭ يىلان ئاغزىدىن كىرىپ ئىچىنى تېشىغا ئۆرۈپ جەننەتكە كىرىۋالغىنىغا ئوخشاش، بىر ئۆرۈلۈپلا لەشكەر تارتىپ ئۇرۇشقا ئاتلانغىنىدىن ھەيرانۇھەس قالدىم، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

شاۋازنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى تۇتۇلۇپ جىددىي تۈس ئالدى:

— بومىيانى ھەزرىتىم، ئۆزلىرىنى بىلىپ، دەڭسەپ بېقىپ گەپ قىلغايلا. سىلىگە كۆرسەتكەن ئىززەت ـ ھۆرمەت چېكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن شەيتانلىرى پېقىرنى كىچىك كۆرستىپ، ئۆزلىرىنى بۈيۈك خانلىقنىڭ ۋەزىرىدەك، ئەكسىچە پېقىرنى سۇلھى تەلەپ قىلىپ كەلگەن بىچارە ئەلچىدەك كۆرۈۋاتامىلا؟ ھازىر سىلىگە ناھايىتى ئېنىق دېدىم. خانلىق ئىشلىرىنى ئارتۇقۇۋاتقان ئادەم دۆلەت ھارۋىسىنى ئامان ـ ئېسەن ھەيدەش ئۈچۈن، ھەر ئىشلارنى قىلىپ، ھەر مۇقامدا يورغىلايدىغان گەپ. سىلەر كۆتۈڭلارنى يۇزۇڭلەرگە چاپلاپ تۇرۇپ زېمىنىمىزنى بېسىۋالساڭلار بولىدىيۇ، بىز زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قوشۇن تارتساق بولمامدۇ؟ سىلەر بىزنىڭ شۇنچە يايلاق، شەھەرلىرىمىزنى بېسىۋالغاننى ئاز دەپ، يەنە ئالدىمىزغا ئەتىۋارلىق مەلىكە ئالىيلىرىنى تۆتىنچى خانىشلىققا سوراپ كەلدىڭلار. سىلەردە نومۇس دېگەن نەرسە بارمۇ، يوق؟ سىلى ھە دېسە ئۈچ يۈز مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىمىز بار، ئاتلىرىمىزنى تارىم، ئىلى دەرياسىدا سۇغىرىمىز دەپ لاپ ئۇراتتىلىغۇ؟ مانا ئەمدى بىز سىلەردىن ئۆز زېمىنلىرىمىزنى قايتۇرۇۋالساق، تەپ تارتماي نومۇس داستىخىنىنى ئاچقىلى ئالدىمغا كەلدىلىمۇ؟ سىلى بۈگۈن ئالدىمغا شەھىرى ھېراتنى بىزگە تاپشۇرۇپ قوشۇنلىرىنى چېكىنىدۇرۇپ كەتكىلى كەلگەن بولسىلا خەيرىيەت، بولمىسا ئارتۇق گەپ ئېشەككە يۈك، — دېدى شاۋاز تېرىكىپ.

— پېقىرنىڭ بىئەدەپلىكى ۋە كاجلىقىنى كەچۈرگەيلا، جانابىي ۋەزىرئەزەم. سىلەردىكى ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما دېگەن ھېكمەتنىڭ مەنىسى بەك چوڭقۇر ئىكەن. مەن ئاڭلىماقتا ئاددىي بىلىنگەن شۇ سۆزنىڭ مەنىسىگە مانا ئەمدى يېتىۋاتىمەن. مەن بۇگۈن ئالدىلىرىغا ئارىمىزدىكى بۇزۇلغان ئەھدۇپەيمانىنىڭ دەۋاسىنى قىلىپ ئەمەس، ئۆزلىرىگىمۇ ھەم بىزگىمۇ قوش پايدا ئېلىپ كېلىدىغان مۇھىم بىر سودا ھەققىدە ئۆزلىرى بىلەن سۆزلەشكىلى كەلدىم، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

شاۋاز بىردىنلا خىرىلداپ كۈلۈپ، يۆتىلىپ قويۇپ دېدى:

— سىلىنى مەن بىر قېتىم پوقىقا دەسسەتتىم، ئەمدى سىلى ئۆچ ئېلىپ مېنى تۆشۈك كۆۋرۈككە سېپىلدۇرماقچى، شۇنداقمۇ؟

— بۇ كۆۋرۈك تۆشۈكمۇ، يوق، ئاۋۋال ئاڭلاپ باققايلا، ئۆزلىرى پەم - پاراسەت، ھىيلە - مىكىردە شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان ئادەم، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— قېنى سۆزلىسىلە، ئۇيقۇم قىستاپ كېتىۋاتىدۇ، مەن ئاڭلاپ باقاي.

— سىلىنىڭ ئەشەددىي رەقىبلىرى شەيخ جالالىددىن ھازىر شەھرى ھېراتنى بىزنىڭ قوشۇنلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالاي دەپ قالدى. ئۇ سىلەرنىڭ شەھەر - يايلىقىڭلارنى بىر - بىرلەپ بىزدىن تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇ بارغانچە ھۆرمەتلىك ھەم قۇدرەتلىك سەركەردىگە ئايلاندى. خەق ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، ھېلى رىۋايەتلەردىكى ئوغۇزخان، ئافراسىيابقا ئوخشاتسا، ھېلى ئاخىر زاماننىڭ ئادالەتچىسى ئىمام مەھدىگە ئوخشىتىپ، ئۇنى ناخشا - قوشاق، داستان توقۇپ مەدھىيىلىگىلى تۇردى. ئۇ شەھرى ھېراتنى ئېلىپ سىلىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن نەگە بارىدۇ؟ سىلەر ئۇنى نەگە قويماقچى؟ سىلى ئۇنى ئۆز ئورۇنلىرىغا دەسسەتمەكچىمۇ ياكى شاھى ئاباسىنىڭ ئورنىغا قويماقچىمۇ؟ خەققە قويۇپ بەرسەڭلار، ئۇنى

سىلىنىڭ شاھنىڭ ئورنىغا شاھ قىلىپ كۆتۈرمىگۈچە كۆڭلى تىنمايدۇ. ئۇنى زادى قانداق يىغىشتۇرماقچى؟ سىلى ئۇنى يىغىشتۇراملا ياكى ئۇ سىلىنى يىغىشتۇرامدۇ؟ سىلەردە ئىككى قوچقارنىڭ كاللىسى بىر قازاندا قاينىمايدۇ، دەيدىغان گەپ بار. سىلى بۇنى ئويلاپ كۆردىلىمۇ؟ — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— بولدى بەس! — دېدى شاۋاز.

بۇ چاغدا شەھىرى ھىراتنىڭ سېپىلى ئۈستىدە مەشئەل كۆتۈرگەن لەشكەرلەر ئاتلىق، پىيادە ھەر تەرەپكە ئالدىراش مېڭىشىپ يۈرەتتى. سېپىل تۈرلىرىدا ئاسمان ـ زېمىننى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ گۈلخانلار كۆيۈپ تۇراتتى، پەستە كەڭ بىر دەريا شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە نۇرغۇن چېدىرلار تىكىلگەن، چېدىرلارنىڭ يېنىدا گۈلخان يېقىلغان، گۈلخانلار ئەتراپىدا لەشكەرلەر ئوتىسىنىپ، كاۋاپ پىشۇرۇپ يەپ، مۈگدىشىپ، كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. مەشئەل كۆتۈرگەن ئاتلىق، لەشكەرلەر پىيادە توپ ـ توپ بولۇپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ ئەتراپنى كۆزەتمەكتە.

شەيخ جالالىددىننىڭ چېدىرى ئېگىز تۆپىلىككە جايلاشقانىدى. چېدىر ئالدىدىكى گۈلخاننىڭ يېنىدا شەيخ جالالىددىن، سادىق بىلال، سەپەر بايلار ئولتۇرۇپ گۈلخانغا پۈتۈن قاقلاپ پىشۇرۇلغان ياقلان كاۋىپىدىن خەنجەرلىرىدە كېسىپ يېمەكتە. بىر ياش دۇتارچى دۇتار بىلەن غەزەل ئوقۇماقتا ئىدى.

شەيخ جالالىددىن غەزەل ئاڭلىغاچ يىراقتىكى سېپىلغا نەزەر سېلىپ، قولىدىكى چىنىدىكى چاينى ئوتلاپ ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا پەستىن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈپ بىر توپ ئاتلىق چىقىپ كەلدى. بۇ يەردىكى گۈلخان ئەتراپىدىكى يىگىتلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ شەيخ جالالىددىننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تۇرۇشتى. ئاڭغىچە، تۆپىلىككە چىققانلار ئاتلىرىدىن بىرى ئاتتىن چۈشۈپ دېدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھەزرىتى جالالىددىن ئاتىمىزنى بىرى

ئىزدەيدىكەن. نامىشەرىپىم غېرىب دەيدۇ.

— غېرىب، قايسى غېرىب؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن ھاياجانلىنىپ.

لەشكەرلەر ئارىسىدىكى قولى باغلىنىپ، كۆزى تېڭىلغان غېرىب ۋارقىرىدى:

— ئۇستازىم، مەن غېرىب! مېنى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ ئۇستازىم! مەن غېرىب ئەس - يادىلىرىدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟

شەيخ جالالىدىن ئۆزىنى ھەم غېرىبنى ئورىۋالغان لەشكەرلەرنى يېرىپ ئۆتۈپ غېرىبنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— كۆزىنى ئېچىڭلار!

شەيخ جالالىدىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن لەشكەرلەر غېرىبنىڭ كۆزىنى تاڭغان قارا لاتىنى ئېلىۋەتتى. شەيخ جالالىدىن يېنىدىكى نۆكەرنىڭ قولىدىكى مەشئەلنى تارتىپ دېگۈدەك ئېلىپ غېرىبنىڭ يۈزىگە تۇتتى.

— ئۇستازىم، غەمگۇزارىم، مەن شاگىرتلىرى، ئوغۇللىرى غېرىبنى ئۇنتۇدىلىمۇ؟ — دېدى غېرىب.

شەيخ جالالىدىننىڭ قولىدىن مەشئەل چۈشۈپ كەتتى.

— ئوغلۇم غېرىب، ئوغلۇم! بۇ چۈشۈممۇ، ئوڭۇممۇ. قايسى شامال سېنى ماڭا ئۇچۇرۇپ ئەكېلىپ بەردى؟ يا ئاللا، سېنى كۆرىدىغان كۈنمۇ بار ئىكەن.

شەيخ جالالىدىن غېرىبنى قۇچاقلاپ باغرىغا باستى، ھەر ئىككىسى ھۆڭرەپ يىغلىشىپ كېتىشتى. غېرىبنى باغلاپ ئەكەلگەن لەشكەرلەر غېرىبنىڭ قولىنى يەشتى.

شاۋازنىڭ چېدىرى. شاۋاز بىلەن زەينىدىن بومىيانى ئالتۇن لېگەندىكى پولۇدىن يېگەچ پاراڭلاشماقتا. شاۋاز خىزمەتكە تەييار تۇرغان دېدەك ۋە چاكارنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. چاكار بىلەن دېدەك تەزىم قىلىپ چېدىردىن چىقىپ كەتتى.

— نۆكەر! — چاقىردى شاۋاز.

نۆكەر چېدىرغا كىردى - دە، ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە

قويۇپ بېشىنى ئېگىپ جاۋاب بەردى:
— لەببەي، ۋەزىرئەزەم، ئالىيلىرى.
— مېنىڭ چېدىرىم ئەتراپىدىكى بىر ئۇن يېتىم يەرگىچە بىرمۇ ئادەم يېقىن يولىمىسۇن، ھەممىنى نېرىغا قوغلا، — دېدى شاۋاز.
— باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى.
نۆكەر شۇنداق دەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شاۋاز گېپىنى باشلىدى:
— ھە ھەزرىتىم، گەپ قىلسىلا، كۇندۇزى گەپ قىلساڭ ئەتراپقا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاققىنى قۇلاققا ياق دەپتىكەن، بوشراق، مەن ئاڭلىغۇدەك گەپ قىلسىلا.
زەينىدىن بومىيانى قورۇق يۆتىلىپ، گېلىنى قىرىپ، چاينى بىر ئوتلاپ ئېغىز ئاچتى:
— ۋەزىرئەزەم جانابلىرى، غەپلەتتە قالمىغايلا. ھازىر بىزنىڭ سۇلتانىمىز مەھمۇد غەزنەۋى ئالىيلىرى ئارقا تەرەپتىن سەلجۇقىيلارنىڭ رۇم تۈركلىرى، ئالدى تەرەپتىن سىلەرنىڭ شەيخ جالالىدىن قوشۇنىنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالدى. شۇڭا، سۇلتانىمىز سىلەر بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، كۈچىنى يىغىپ سەلجۇقىيلارغا تاقابىل تۇرماقچى.
— شەھىرى ھېراتنى ماڭا تاپشۇرساڭلار سىلەر بىلەن ھازىرلا سۈلھى تۈزىمەن، سۈلھى تۈزۈشنىڭ شەرتى شۇ، — دېدى شاۋاز.
— سۇلتانىمىزنىڭ تەلىپى بويىچە ئىككى تەرەپتىن ماسلاشساق، سىلەر ئارقا تەرىپىدىن، بىز ئالدى تەرىپىدىن قىستاپ شەيخ جالالىدىننىڭ قاراقچىلىرىنى يوقاتساق، شەھىرى ھېراتنى ئۆزلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە، ئۇن يىلغىچە بىر - بىرىمىزگە ھۇجۇم قىلىشماسلىققا ئەھدى تۈزۈشكە تەييارمىز، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.
— ئون يىل بولمايدۇ، ئوتتۇز يىلغىچە، — دېدى شاۋاز.

— بىرلىشىپ شەيخ جالالىددىننىڭ قاراقچىلىرىغا قارشى جەڭ قىلىشقا، ئۇلارنى يوقىتىشقا قوشۇلساڭلار ئوتتۇز يىلغىچە بىر - بىرىمىز بىلەن يايلاق تالاشماسلىق، مال - چارۋىلىرىمىزنى ئۆزئارا بۇلىماسلىق، ئۆتۈشۈپ كەتسە قايتۇرۇپ بېرىش، دەريالارنى باغلىۋالماسلىق قاتارلىق شەرتلەرگە قوشۇلىمىز، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— ياق ... ياق ... ئەللىك يىل بولسۇن، — دېدى شاۋاز.

— بۇنىڭغىمۇ ماقۇل، بىزنىڭ بىرلا شەرتىمىز: شەيخ جالالىددىننىڭ ئادەملىرى سىلەردىن خاتىرجەم تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ئارقا تەرەپتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلسىلەر. ئاندىن بىز شەھەردىن چىقىپ ئۇلارغا تېگىش قىلىمىز - دە، ئۇلارنى تاغارغا قاچىلاپ تۇنجۇقتۇرىمىز، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— قاراقچىلارنى شەھەرگە ئالداپ ئەكىرىپ ئاندىن جايلايمىز دېمەكچىمۇ سىلى؟ — دېدى شاۋاز.

— ياق، ئۇلار ھازىر تۇرۇۋاتقان دەريا بويىدىن قوزغالماستا سىلى ئارقا تەرىپىدىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلسىلا، بىزنىڭكىلەر شەھەردىن چىقىپ تېگىش قىلسا، ئۇلارنى دەريا بويىدا قاپساپ يوقاتساق دېمەكچىمەن، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ، سىلەر شەھەرنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرەمسىلەر؟ — سورىدى شاۋاز.

— ھەئە، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— بۇنىڭغا كىم كاپالەتلىك قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى شاۋاز.

— مانا مەن كاپالەتلىك قىلىمەن، — دېدى زەينىددىن بومىيانى مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

شاۋاز چىلىمنى ئۆرۈۋېتىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ دېدى:

— بومىيانى ھەزرەتلىرى، سىلى مېنى قاپاقتا سېلىپ كولدۇرلاتقىلى كەلدىلىمۇ؟ ۋاقتى كەلگەندە سىلى نېمىگە ھېساب؟ ھە نېمىگە ئۆتۈلا؟ قاراقچىلار شەھەرنى سىلەردىن

تارتىۋالسا ماڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، بۇ دېگەن تاۋاقتىكى ئاشتەكلا ئىش. ئەمما، سىلەرچۇ، سىلەر شەھەرى ھېراتنى ئۇن بىر يىل بېسىپ ياتتىڭلار، ئۇ يەرگە كۆنۈپ قالدىڭلار. سىلى مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ قىلىچىدا ئەمەس، مېنىڭ قىلىچىمدا ئۆلۈپ، ئۆلۈكلىرىنى شۇنچە چوڭ شەھەرى ھېراتقا تېگىشمەكچىمۇ؟

شەيخ جالالىددىننىڭ چېدىرى. چېدىر ئىچىدە شەيخ جالالىدىن بىلەن غېرىب قىزغىن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. سادىق بىلال بىلەن سەپەر باي سۆھبەت داستىخىنىغا داخىل بولۇپ بىللە ئولتۇردى.

— خەۋىرىڭ بار، ئوغلۇم، تالاي قېتىم سېنى دوزاختىن قۇتقۇزۇشقا تىرىشىپ كۆرگەن بولساقمۇ ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولماي، ھەر قېتىم ساڭا بىرمۇنچە كۈلپەتلەرنى سالدۇق. ئاللانىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەيدىغانلىقى دەرھەقىقەت. ھەر ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى بار ئىكەن. ۋاقىت ـ سائىتى توشقاندا سەن تەقەززالىقتا بېشىڭنى تاشقا ئۇرۇپمۇ ئېرىشەلمىگەن نەرسەڭ ئۆز ئايىغى بىلەن ئالدىڭغا كېلىدىكەن، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ تەستىقلاشتى سەپەر باي، سادىق بىلاللار.

— نىگارئايىم بىلەن سىڭلىڭ ئوبدان تۇردىمۇ، ئوغلۇم؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— بىز چۆل بورىنىدا پالاكەتكە ئۇچراپ ئايرىلغانغا قەدەر ئوبدان تۇرغانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھالىنى بىلمىدىم. مەن تېخى بۇ كەمگىچە ئىلياس ئاللىقاچان ئانام بىلەن سىڭلىمنى ئېلىپ سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كېلىپ بولغاندۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئۇلارنىڭ تېخىچە كېلىپ بولالمىغىنىغا قاراپ بىرەر پالاكەتكە يولۇققانمىدۇ، دەپ ئىچىمگە يەنە بىر غەم چۈشتى، — دېدى غېرىب.

— ئۇلارنى ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلار، ئوغلۇم. ئىلياسنىڭ ھايالشىپ قېلىشىدا ياكى ئاناڭ بىلەن ھازىرغىچە ئۇچرىشالمىدى ۋە ياكى بىرەر ئىشقا بەند بولۇپ قالدى، — دېدى شەيخ

جالالىدىن.

— بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقۇپ قالمىسىلا بولاتتى، — دېدى غېرىب ئەندىشىسىنى بىلدۈرۈپ.

— بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇققان بولسا خەۋىرىنى ئالاتتۇق، — دېدى سادىق بىلال.

— مەلىكە سەنەم نەلەردە، نېمە كويلاردا يۈرگەندۇ ئەمدى؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— مەلىكە سەنەم مېنىڭ سۈرگۈن يولىدا غايىب بولغىنىمنى ئاڭلاپلا ئۇردىدىن قاچقانىكەن، ئارىلىقتا ئۇنى قۇندۇز مەلىكىسى ئالداپ ئېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردىن يەنە قېچىپ ھەر قايسىلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ، بۇ يەرگە ئۇدۇل كېلىشىم ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ بۇ يەرگە كەلمىگىنىگە قارىغاندا ئىش يەنە چىگىشلىشىپ كەتتى، — دېدى غېرىب.

ئولتۇرغانلار بىر ـ بىرلەپ ئۆز پەرەزلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، غېرىبقا تەسەللى بېرىشتى.

ئابدۇللا شاتىرنىڭ چېدىرى. ئۇ چالا مەست ھالدا ئىككى تىزىدا ئىككى سەتەڭنى ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ ئەركىلىتىۋاتاتتى. سەتەڭلەر قوللىرىدىكى كۈمۈش قەدەھتىكى مەينى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ ئابدۇللا شاتىرغا ئىچۈردى. دۇتارچى دۇتار بىلەن ناخشا باشلىدى. ئۇ ئىككى سەتەڭ ئابدۇللانى تاشلاپ، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ مىڭ خىل نازۇكەرەشمە بىلەن ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى:

كۆكتە تولۇن ئاي،
پىيالىدە چاي.
ئارماندا ئۆتكەن
ئۆمرۈمگە ۋاي ـ ۋاي.

ئاسماندا يۇلتۇز،
بوستاندا يالپۇز.
قاچانغىچە مەن
يېگانە، يالغۇز.

باغرىم يارادۇر،
بەختىم قارادۇر.
مەنزىل، ماكانىم
تاغۇ دالادۇر.

تۇتۇلدى ھاۋا،
بۇلبۇل بىناۋا.
كۆيگەن يۈرەككە
بارمىدۇ داۋا؟

چېدىرغا ئابدۇللا شاتىرىنىڭ خاس نۆكىرى — قىرىققا يېقىنلاشقان باست دورداي ئېگىلىپ كىرىپ كەلدى. بۇنىڭدىن ئابدۇللا شاتىرىنىڭ كەيپى ئۇچۇپ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ۋارقىرىدى:

— نېمانداق مېنى ئارامىمدا قويماي كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈپ، سامانلىقتا تەخەي كىرگەندەك ئۇسسۇپ كىرىۋېرىسەن؟

باست دورداي جىددىيلىشىپ دېدى:

— باشبۇغ ھەزرىتىم، جىددىي مەلۇمات، سىلى ۋاقتىدا خەۋەردار بولمىسىلا بولمايدۇ.

— نېمە، شەھىرى ھېرات پەتھى قىلىنىدىمۇ؟ — سورىدى ئابدۇللا شاتىرى.

— يوقسۇ، خۇش خەۋەر ئەمەس. پالاندى غېرىب كېلىپ قاراقچىلار سېپىگە قوشۇلۇپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى باست دورداي.

ئابدۇللا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، لېكىن دەلدۇگۇنۇپ

يىقىلىپ چۈشتى. سەتەڭلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى يۆلىدى، ئۇ سەتەڭلەرنى سىلكىپ:

— ئا ... ئابلىز شەيتان نەلەردە پاشا تۇتۇپ يۈرىدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئۇنى بىلمىدىم. تاغلىقلار ئارىسىدىكى ئادەملىرىمىز غېرىبىنىڭ تېخى بۈگۈن كەلگەنلىكىنى، شەيخ جالالىدىنىنىڭ خۇشال بولۇپ باشقىچە جانلىنىپ كەتكەنلىكىنى دەپ نامە ئەۋەتىپتۇ، — دېدى باسىت دورداي.

— ئۇ مەلئۇننىڭ بۇ يەرگە كەلگىنى يامان بوپتۇ ... ياق ... ياق ... ئوبدان بوپتۇ، تازا ئوبدان بوپتۇ. ئۇنى ئەجەلى سۆرەپ كەپتۇ. مەن شەھەرى ھېراتنىڭ سېپىلى تۈۋىگە ئۇنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرۇۋېتىپ، قوش نۇسرەت بىلەن ئوردابالىققا خاتىرجەم بېرىپ، باغرى تاش مەلىكىنىڭ باغرىنى ئېزىۋەتمەيدىغان بولسام ئادەم بولماي كېتەي! توۋا، ئادەمگە ئامەت كەلگەندە ئەجەب قوشلاپ كېلىدىكەن. غېرىبىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئېزىق چىشىمدا غۇچۇرلىتىپ چاينايدىغان كۈن كەپتۇ، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

قۇندۇز ئوردىسى. قېرى پادشاھ سەئىد ئەخمەتخان تەختىدە مۈگدەپ ئولتۇراتتى. سازەندىلەر نەغمە قىلىپ، ئۇسسۇلچى قىزلار ئۇسسۇل ئوينايتتى.

خەلق سۇلتانى بۆلەكتۇر، ئىشق شاھى ئۆزگىدۇر.
بۇ پەلەكتە تۇغمىغان، جان ئۇزرە ماھى ئۆزگىدۇر.
ئىشرەتى جەننەت تىلەپ، زاھىد چېكەر مىڭ دەردۇغەم،
كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزغان دادىخاھى ئۆزگەدۇر.
ھۆر ـ پەرى بولغان بىلەن كۆزىدە يوق جەزبى نەزەر،
بىر قاراشتا قۇل قىلۇر چەشمى سىياھى ئۆزگىدۇر.
سوپىلاردىن ئىشق ئەھلى ھەرگىزمۇ كۈتمەيدۇ پاناھ،
بۇ نەزەرباز ئەھلىنىڭ پۇشتى پاناھى ئۆزگىدۇر.

سەئىد ئەخمەتخان شاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى — ئاتمىش ياشلاردىكى قادىر سالىھخان ئاستا كېلىپ مۆگدەپ ئولتۇرغان شاھنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— شاھ ئالىيلىرى، قاراخانىيلار ھۆكۈمرانى شاھى ئاببىاس نامە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ھۇزۇرلىرىنى زىيارەت قىلمىلى كېلىۋېتىپتۇ. يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن يېتىپ كەلگۈدەك.

سەئىد ئەخمەتخان ئاق قاشلىرى ئاستىدىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى لاپپىدە ئېچىپ، رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ دېدى:

— نېمە، شاھى ئاببىاس ھۇزۇرۇمغا زىيارەتكە كېلىۋېتىپتۇمىش؟

— چاپارمەن ئەۋەتىپتۇ، يولدا كېلىۋاتقۇدەك، يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇندۇز شەھىرىگە قەدەم قويغۇدەك، — دېدى قادىر سالىھخان تەكرارلاپ.

— مەلىكىسىنى سالامەت يەتكۈزۈپ بەرگىنىمىزگە رەھمەت ئېيتمىش ئۈچۈن ئاتايىن ئۆزى كېلىپ يۈرمىسىمۇ بولاتتى، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان شاھ.

— ئەۋەتكەن نامىسىدىن قارىغاندا مەلىكە سەنەم بارمىغاندەك، مەلىكىسىنى قايتۇرۇپ كېتىشنى مەقسەت قىلغان زىيارەت ئىكەن، — دېدى قادىر سالىھخان.

— نېمە، نېمە دەيدىغانلا؟ مەلىكە سەنەملەرنى مەلىكە بەرنا ئېلىپ كەتمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى سەئىد ئەخمەتخان شاھ.

— ئۇلار يولدا ئۆتۈشۈپ كەتتىمىكىن دەپ پەرەز قىلىۋاتىمەن، — دېدى قادىر سالىھخان.

— ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى، شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ ئەمدى؟ ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرگۈلۈك، چۈشەندۈرسەك ئىشىنەمدۇ ئەمدى؟ — دەپ ئەنسىرەش بىلەن سورىدى سەئىد ئەخمەتخان.

— مەيلى قانداقلا بولمىسۇن شاھى ئابباس بوسۇغىمىزغا كېلىپ قاپتۇ، ھەرھالدا ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ ئۆز لايىقىدا قارشى ئالايلى، قالغان ئىشلار ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار، ئالىيلىرى، — دېدى قادىر سالىھخان.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. ئۇ مەن بىلەن زامانداش پادىشاھ، ئارىمىزدا ئۇزاق يىللىق دوستلۇق بار. تەييارلىنىڭلار، ھازىرلا ئىستىقبالغا بېرىپ شاھانە ھۆرمەت - ئىززىتىنى قىلايلى، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان شاھ.

— خوپ، ئالىيلىرى !

— پۈتۈن شەھەر زىننەتلىنىپ بايرام تۈسىگە كىرگەي ! شەھەر ئاھالىسىگە ئون كۈن مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەي، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.

— خوپ ! — دېدى قادىر سالىھخان.



## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

شەھىرى ھېرات سېپىلى سىرتىدىكى شاۋقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىغا چېدىرلار تىكىلگەن، بۇ يەردە لەشكەرلەر ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. سېپىل ئۈستىدىمۇ ئاندا ـ ساندا لەشكەرلەر يۈرۈشەتتى. دەريا بويىدىكى يايلاقتا مال ـ چارۋىلار بەخىرامان ئوتلىشىپ يۈرەتتى.

شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، سەپەر باي، غېرىبلار ئاتلىرىنى ئوتلاشقا قويۇپ بېرىپ پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— شەھىرى ھېراتنى قورشاپ ياتقىلى بىر ئاي بولاي دېدى، ھازىرغىچە غەزنەۋىلەر قوشۇنى بەش مەرتەم ئۈرۈشقا چىقىپ تالاپەت تارتقانلىقىياقى شەھەردىن چىققىلى ئۇنىماي يېتىۋالدى، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئۇستازىم، شەھىرى ھېرات ھامان بىر كۈنى پەتھى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلاي دەيلا؟ — دېدى غېرىب.

— سېنىڭچە قانداق قىلساق دۇرۇس ئىش قىلغان بولىمىز؟ — قايتۇرۇپ سورىدى شەيخ جالالىدىن.

— كۆڭۈللىرىدە چوقۇم سان بار، ئۇستازىم، — دېدى غېرىب.

— ھېراتنىمۇ بەلخ بىلەن قارشىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندەك شاۋازغا ئۆتكۈزۈپ بەرسەك بولارمۇ؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئۇ چاغدا ئۆزلىرى نەگە بارىلا؟ — سورىدى غېرىب.

— بىز شاھى ئاباسقا قورال تاپشۇرۇپ، ئاستانىگە بېرىپ تىنچ يۇقرادارچىلىق قىلساق بولارمۇ؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئۇنداق ئاسان ئىش بولماسمىكىن ئۇستاز؟

— قانداق دەيسەن؟

— چۈنكى، بىرىنچىدىن، شاھى ئاbbas سىلىدىن خاتىرجەم بولالمايدۇ، بۇرۇنمۇ خاتىرجەم بولالماي سىلىنى ھەرەمگە يولغا سالغان. سىلى ئەلەم يولىغا ماڭغاندىن كېيىن، خەلق ئىچىدىكى نوپۇزلىرى شاھى ئاbbasنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ، ئەمدىلىكتە قاراخانىيلار زېمىنىغا باشلىرى سىغماس بولدى. ئىككى سەركە ھەرگىز بىر قوتانغا پاتمايدۇ. ئىككىنچىدىن، شاۋاز ھاياتلا بولىدىكەن، سىلىنى تېخىمۇ پاتۇرمايدۇ، — دېدى غېرىب.

— ئۇنداقتا ھېچ يەرگە سىغماس بۇ بېشىمنى ئېلىپ نەگە باراي؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— مەيلى قەيەرگە بارسىلا، شاۋاز سىلىنى ئاراملىرىدا قويمايدۇ، ئۇستاز.

— ھارۇن رەشىد جاھاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئەتراپىغا توپلاپ، باغدادنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئوچىقىغا ئايلاندۇردى. شۇ يەرگە كېتىپ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى خاتىرجەم ئۆتكۈزسەم دەيمەن. بۇۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىيمۇ قاراخانىيلار تەۋەسىدە باش تىققۇدەك جاي تاپالماي باغدادتا پاناھلانغانىكەن، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— مەھمۇد كاشغەرىي ئون يەتتە يېشىدا ئوردىدىن يالغۇز قېچىپ چىقىپ، قىرغىندىن ئامان قالغان شاھزادە. ئۇ يالغۇز بېشىنى ئېلىپ بېرىپ باغدادقا سىغقان. ئەمما، سىلى زور بىر قوشۇننى باشلاپ ئۇرۇش قىلىۋاتىلا. بىرمۇنچە ئادەمنى ئوتقا باشلاپ كىرىپ، ئىش تۈگىگەندە ئۇلارنى تاشلاپ ئۆزلىرى باغدادقا كەتسىلە، سىلىگە ئەگىشىپ ئادالەت يولىدا قان تۆككەن شۇنچە ئادەم ئاخىرى بېرىپ نېمىگە ئېرىشىدۇ؟ شاھى ئاbbas بىلەن شاۋاز ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمىنى قىلىپ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تېرەككە مىخلاپ ياكى ياغ قايناۋاتقان قازانغا تاشلاپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ چاغدا سىلىنىڭ خەلقئالەم

ئارىسىدىكى تەگرى يولىنى تۇتقۇچى ئادالەت ھامىيسى دېگەن ناملىرى نەدە قالدۇ؟ — دېدى غېرىب.

— گەپ قىلە، ئوغلۇم! مەن ئەسلىدە ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سەرسان بولغۇچە، ۋەتىنىمنىڭ پۇت قويغۇدەك بىرەر يېرىدە تۇرۇپ، قالغان ئۆمرۈمنى ئىبادەت ھەم زاھىدلىق بىلەن ئۆتكۈزەي دېگەنىدىم. راستىنى دېسەم، ئىشلارنىڭ بۇنداق يوغىناپ كېتىشىنى ئويلىماپتىمەن، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ياق... ياق...ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي مەقسەتلىرى ئۇنداق ئەمەس. ئۆزلىرى مەرھۇم ئاتام ھەسەن ۋەزىر قاتارلىق ناھەق ئۆلۈپ كەتكەن بۇرادەرلىرىنىڭ شاۋازنىڭ گەدىنىدىكى قىساسىنى ئالماقچى، شاۋازنى جازالاپ، ئوردا ھەم خانلىقتا ئادالەت ئورناتماقچى. بۇنى مېنىڭ قولۇم ئارقىلىق ئورۇندىماقچىغۇ؟

— بۇ ئىشلارنى خۇدانىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرمىسام، مېنىڭ چامىم يەتمىگۇدەك، ئوغلۇم.

— شۇڭا، شەھىرى قارشى بىلەن شەھىرى بەلخنى جىمجىتقىنا شاۋازغا بېرىۋېتىپتىكەنلا ـ دە، — دېدى غېرىب.

— شۇنداق، بۇ قىلغىنىم خاتامۇ؟ — سورىدى شەيخ جالالىدىن.

— مەن تېخى ئىش كۆرمىگەن، ئەقلى توشمىغان بالا. سىلىدەك يىراقنى كۆرەلمەيمەن. شۇنداقتىمۇ شەھەرنى ئۇ تىرىكتاپلارغا بەرگەنلىرى خاتا، — دېدى غېرىب.

— ھېراتنىمۇ بەرمەكچىمەن، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئۆزلىرىگە تۆۋەنچىلىك بىلەن نەسىھەت قىلاي دېۋىدىم، — دېدى غېرىب.

— سېنىڭچە، ھېراتنى شاۋازغا تاپشۇرۇپ بەرمەمدۇق؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئوغلانلىرىمىزنى سىلىگە ئەگەشكىنى ئۈچۈن كۆيۈپ كەتمىسۇن دېسىلە، ئۆزلىرى شەھىرى ھېراتتا مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرسىلا. شۇنداق قىلسىلا، شاھى ئابباس بىلەن

سۆزلىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيلا ھەم ھېراتنى غەزنەۋىلەردىن ساقلاپ قالالايلا، — دېدى غېرىب.
— قانداقسىگە شۇنداق دەيسەن؟
— غەزنەۋىلەر شەھىرى ھېراتنى ئون نەچچە يىل بېسىپ يېتىپ، بۇ يەرنىڭ بايلىقىغا، سۇ، ھاۋاسىغا كۆنۈپ قالدى، شۇڭا ئۇلار بۇ شەھەرنى ئالدىراپ قاراخانىيلارغا بېرىۋەتمەيدۇ. سىلى ھېراتنى شاۋازغا ئۆتكۈزۈپ بەرسىلە، ئۇزاققا قالماي ئۇلار يەنە ھېراتنى شاۋازنىڭ تەييارتاپلىرىدىن تارتىۋالىدۇ. ئۇنى پەقەت سىلى سادىق بىلال، سەپەر بايلارغا ئوخشاش سەركەردىلەرگە تايىنىپ ساقلاپ قالالايدىلا. سىلى شاھى ئاباسنى ئۆزلىرىنى ھېراتنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەشكە مەجبۇرلاپ، مەشەدە مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرسىلا، شاۋازنىڭ ئوردابالىقتىكى ئۆۋىسىغا سۇ قۇيالايلا.
شەيخ جالالىدىن سادىق بىلال ۋە سەپەر بايلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى.
— نېمە، خاتا گەپ قىلدىممۇ؟ — دېدى غېرىب.
— ياق ئوغلۇم، سەن خۇددى بىزنىڭ بەلختىكى مەخپىي سۆھبىتىمىزگە داخىل بولغاندەكلا گەپ قىلىۋاتىسەن، — دېدى سەپەر باي.
— ئىلياس ساڭا بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلدىمۇيا؟ — دېدى سادىق بىلال.
— ئۇ شەھىرى بەلخ، شەھىرى قارشىنى شاۋازغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكلىرىنى، كېيىن ھېراتنىمۇ شۇنداق قىلىدىغانلىقلىرىنى، بۇ ئىشقا ئۆزىنىڭ نارازى ئىكەنلىكىنى، ھەرقانچە ئويلاپمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى، — دېدى غېرىب.
شۇ چاغدا يايلاقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىر توپ نۆكەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كۆرەڭلەپ تېرىسىگە پاتماي قالغان، ئىنتايىن سۆلەتلىك ئابدۇللا شاتىرى توغرىسىغا چىقىپ كەلدى. ھەر

ئىككى تەرەپنىڭ نۆكەرلىرى بىر ـ بىرىگە ھۆرپىيىشىپ قاراپ تۇرۇشتى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، چورۇقى يوغان تاغلىقلار! بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى تازا تېپىشىپسىلەر ـ دە، ــ دېدى ئابدۇللا شاتىرى غېرىبقا قاراپ قويۇپ.

ــ بىزنىڭ رۇخسىتىمىزسىز بىز تۇرغان دائىرە ئىچىگە كىرمە دەپ، سېنى نەچچە قېتىم ئاگاھلاندۇردۇق، بۇ يەرگە يەنە نېمەدەپ كەلدىڭ؟ ــ دېدى سادىق بىلال.

ــ قولۇڭلارغا چۈشكەن ئولجىنى خان لەشكەرلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدىكى كېلىشىم بويىچە يېنىمىزدىكى ئاۋۇ قاچقۇن پالاندىنى تاپشۇرۇۋالغىلى كەلدىم، ــ دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

ــ قايسى قاچقۇن پالاندىنى؟ ــ سورىدى سادىق بىلال.

ــ غېرىب دېگەن قاچقۇننىچۇ، ــ دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

ــ ئۇ قاچقۇن پالاندى ياكى ئولجا ئەمەس. ساڭا غېرىبنى ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز دەپ تىلخەت بەرمىگەنمىز. سەن بۇ يەردىن ئىززىتىڭ بىلەن كېتىۋال، ــ دېدى شەيخ جالالىدىن جىددىي تەرزدە.

ــ ئىككى شەھەرنى بىزگە چىرايلىقچە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن تۇرۇقلۇق مۇشۇ غېرىب دېگەن سولتەك سەۋەبىدىن ئارىمىز بۇزۇلسا بولماس، ــ دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

ــ بىز تاپقان نېمىمىزنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىۋېرىدىغان قاپاق باش ئەمەسمىز. بۇ يەردىن چاپسان يوقال، زېھنىمنى چاچماي ! ــ دېدى سادىق بىلال.

ئابدۇللا شاتىرى سادىق بىلالنىڭ سۆرلۈك ئەلپازىدىن ئەيمىنىپ ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا بۇراپ:

ــ ماقۇل مەن كېتىپ تۇراي، ئەمما سىلەر پۇشايمان قىلىسىلەر، ــ دېدى ـ دە، تىكىۋەتتى.

ئورداباللىقتىكى ئوردا دەرۋازىسى ئالدى. سەنەم بىلەن بەرنانىڭ

يارەنلىرى دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى، دەرۋازا ئالدىدىكى قاراۋۇللار دەرۋازىنى ئاچماستىن سەپراس بولۇپ قېتىپ تۇرۇشتى.

— مېنى تونۇمايۋاتامسىلەر؟ مەن مەلىكە سەنەم!

قاراۋۇللار باشلىقى ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ دېدى:

— ئۆزلىرى مەلىكە ئالىيلىرىمۇ ـ ئەمەسمۇ، مەن تازا پەرق ئېتەلمىدىم، مەن ئوردىغا خەۋەر قىلاي.

— ھۇ كۆزى ئوچۇق قارىغۇ، سەن پادىشاھنىڭ مەلىكىسىنى تونۇماي تۇرۇپ، بۇ يەردە نېمىگە قاراۋۇللۇق قىلىدىڭ؟

سەنەم شۇنداق دەپ بېشىدىكى سەللىنى ئالدى، بوستان چاچلىرى چۇۋۇلۇپ مۇرىسىگە چۈشتى. لېكىن، سەرۋاز گەپ قىلماستىن دەرۋازانىڭ كىچىك ئىشىكىدىن كىرىپ كەتتى.

بىر ئازدىن كېيىن سول قول ۋەزىر راشىدىن ئەتتارى بىرمۇنچە ئوردا ئەمىر ـ بەگلىرى بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ سەنەملەرنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەلىكە ئالىيلىرى، پېقىر قاتارلىق ئوردا ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرىدىن خەۋەرسىز قاپتۇق. ئەگەر ئالدىنئالا چاپارمەن ئەۋەتكەن بولسىلا ئۈچ كۈنلۈك يولغىچە ئالدىلىرىغا چىققان بولار ئىدۇق. غەپلەتتە قالغانلىق گۇناھىمىزنى كەچۈرگەيلا. قېنى مەرھەمەت، ئوردىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشقايلا.

سەنەملەر ئۇن ـ تىنسىز داغدام ئېچىلغان ئوردا دەرۋازىسىدىن كىردى.

شاۋاز چېدىرىدا زەينىدىن بومىيانى بىلەن پاراڭلاشماقتا ئىدى. شاۋاز يەي ياستۇققا يانپاشلاپ يېتىپ قاپىقىنى تۈرۈپ چىلىم تارتىپ، پۇرقىرىتىپ ئىس چىقاردى.

— ۋەزىرئەزەم، سۇلتان ئالىيلىرىدىن چاپارمەن كەلدى، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— پەرۋايىم پەلەك، يەنە شۇ كونا گەپنى يورغىلىتىلا. كونا سۆڭەكنى ئىت غاجىمايدۇ، — دېدى شاۋاز.

— سۇلتان ئالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرىگە پۈتۈنلەي قوشۇلۇپتۇ.

شاۋاز يۇمۇلغان كۆزلىرىنى لاپپىدە ئېچىپ قويۇق ئىس - تۈتەك ئارىسىدىن زەينىددىن بومىيانىغا گۇمان بىلەن قاراپ سورىدى:

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟

زەينىددىن بومىيانى قوينىدىن شاھانە مەكتۇپنى چىقىرىپ سۆيۈپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تەزىم بىلەن شاۋازغا بەردى. شاۋاز زەينىددىن بومىيانىغا بىردەم تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن، مەكتۇپقا ئارىسالدىلىق بىلەن قولىنى تەڭلەپ يەنە تارتىۋېلىپ، تەستە ئالدى.

شەيخ جالالىددىن چېدىرىدا غېرىب بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشمەكتە ئىدى. غېرىب سۆز باشلىدى:

— ئۇستازىم، ئەل ئىچىدە تەڭرى يولىنى تۇتقان ئادالەت ھامىيسى دېگەن نامغا ئېرىشكەن ئىكەنلا بۇ يولدىن ھەرگىز قايتقۇچى بولمىغايلا. باغدادقا بېرىپ ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش ھىدايەت يولىدا ھىممەت كۆرسىتىش ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، ئۆز ئېلى جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ، خەلقى ناھەق زۇلۇم تارتىۋاتقاندا ئۇلارنى ئادالەت يولىغا باشلاپ قويۇپ يېرىم يولدا توختاپ قېلىش زۇلۇمنى ھىمايە قىلغانلىق بولىدۇ. ئاللا «زۇلۇمنى ھىمايە قىلغۇچىلارغا ھەسسىلەپ زۇلۇم بېرىمەن» دەيدۇ. مېنىڭچە، سىلىنىڭ ۋەتەنلىرىنى، سىلىگە ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن تىكىلىپ تۇرغان خەلقلىرىنى زۇلۇم پاتقىقىغا تاشلاپ قويۇپ باغدادقا بېرىپ، ئىلىم - مەرىپەتچىلىك قىلغانلىرىنى ئاللا راۋا كۆرمەيدۇ. ئەڭ كاتتا ئىبادەت — خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇشتۇر. ساۋابنىڭ كاتتىسى باغدادتا ئەمەس، مۇشۇ دەسسەپ تۇرغان تۇپراقتا، ئۇستازىم. سىلى ھېراتتا پۇت دەسسەپ تۇرۇپ

شاھتىن تارتىپ گادايغىچە ھەممىنى ئادالەت يولىغا، ئاسايىشلىق تۇرمۇشقا باشلىغايلا !

شەيخ جالالىدىن غېرىبقا قاراپ پىسسىڭكىدە كۈلدى.

غېرىب خىجىللىق ئىلكىدە يەرگە قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— ئالدىلىرىدا بىلەرمەنلىك قىلىپ ساقال غېرىچلىغانلىقىمنى ئەپۇ قىلغايلا، ئۇستازىم.

— بارغانسېرى ئاتاڭنى تارتىپ چوڭ بولغىلى تۇرۇپسەن، — دېدى شەيخ جالالىدىن غېرىبقا مېھىر بىلەن قاراپ، — قىزىپ ھاياجانلىنىپ كېتىشلىرىڭ ۋە ئاۋازىڭدىن خۇددى مەرھۇم ھەسەن ۋەزىرنىڭ نەق ئۆزى ۋە ئۇ تىرىلىپ كېلىپ ماڭا گەپ قىلىۋاتقاندەك بولۇپ قېلىۋاتىمەن. سېنىڭ يېشىڭدا ئاتاڭ ھەسەن نەق مانا مۇشۇنداق ئىدى. بىر قېتىم گېپىمگە ئېرەن قىلماي ئۆز خىيالىم بىلەن تۇرسام، بوينۇمدىن تۇتقانچە يانپاشقا ئېلىپ يەرگە ئۇرغان...

— ئەپسۇس ئۇستازىم، مەن ئاتامنىڭ يۈزىنى كۆرمەي، بىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلاپ باقماي چوڭ بولدۇم، — دېدى غېرىب ئاھ ئۇرۇپ.

— تاشئەينەككە قارىساڭ ئاتاڭنى كۆرىسەن، ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ سۆزلىسەڭ ئاتاڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلايسەن، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— مەن ئاتامغا شۇنچە ئوخشامدىم؟ — سورىدى غېرىب.

— باسقان يولۇڭ بىلەن كۆرگەن كۈنلىرىڭ ئوخشىمايدۇ. يەنە بىر يېرىڭ ئوخشىمايدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— قەيېرىم؟

— مەلىكە سەنەمگە ئاشىق - بىقارار بولۇشۇڭ.

غېرىب خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ، پەس ئاۋازدا دېدى:

— مېنى ئەپۇ قىلغايلا، ئۇستازىم، خۇدا سالغان كويغا بەندىنىڭ ئامالى يوق ئىكەن.

— باسقان ئىزىڭ، توتقان يولۇڭ، كۆرگەن كۈنۈڭگە قارىغاندا ئۆمرۈڭ ئاتاڭغا ئوخشىمايدىغان چېغى. مەن بۇنىڭدىن خۇشال. ئاتاڭدەك بالدۇرلا ئاخىرەتكە سەپەر قىلساڭ ئەۋلادىڭ يامان كۈنگە قالىدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

شۇ چاغدا چېدىرغا سەپەر باي غەزەپتىن بوغۇلۇپ ھاسىراپ كىرىپ كەلدى.

— ھەزرىتىم... ماۋۇ مۇناپىقلارنىڭ قىلغىنىنى كۆردىلىمۇ؟ بىزگە ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئات ـ ئۇلاغلارغا بېدە ـ سامان توشۇيدىغان كارۋىنىمىزنى ئابدۇللا شاتىرى تۇتۇپ قاپتۇ. لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇقى، ئاتلارنىڭ بوغۇزى بولمىسا بىز دۈشمەن بىلەن قانداق جەڭ قىلىمىز؟

شەيخ جالالىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— كېلەر ـ كەلمەي ئايىغىم ياراشمىغلى تۇردى. مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئاراڭلارغا دەز كەتسە چوڭ ئىش بۇزۇلىدۇ، — دېدى غېرىب.

— ئوزۇق ـ تۈلۈك لازىم بولسا، غېرىبنى ئۇنىڭغا تاپشۇرارمىشمىز، — دېدى سەپەرباي.

— مەن ئانىلارنى تاپقۇچە بولسىمۇ بۇ يەردىن كېتىپ تۇرسام بولغۇدەك، ئۇستازىم، — دېدى غېرىب.

— سېنى كەتكۈزۈۋەتسەكمۇ بىز گۇناھكار بولارمىز؟ — دېدى سەپەر باي.

— ھۇ مۇناپىق مۇتتەھەم! ئانىسىنىڭ سوقۇۋالغان شەھىرىنىكەن بۇ؟ ئۆزىچە گېلىمىزنى ئىلىۋېلىپ بىزنى چوكۇلداتماقچىمىكەن؟ ئوزۇق ـ تۈلۈك بەرمىسە بىز ئاچ قالامدىكەنمىز؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— بۇ مۇتتەھەملەر رودۇپايدەك كەينىمىزدىن ئەگىشىپ يۈرىدۇ، جەڭدە يوق، ئوڭدا يېتىپ يەڭدە بار. نېمىدەپ بۇ تىرىكتاپلارنى قۇيرۇق قىلىپ كۆتىمىزگە ئېسىپ يۈرىمىز؟ بىز كەل دەپ چىللىمىغۇچە كەينىمىزگە كىرىۋالمىسۇن بىزگە

پۈتلىشىپ، — دېدى سەپەر باي تېرىكىپ.

— سەرخىل يىگىتلەرنى باشلاپ بېرىپ ئۇلارنى سۇر - توقاي قىلىپ قوغلىۋېتىڭلار ! — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— خوپ ھەزرىتىم، زادى شۇنداق قىلماي بولمىدى. بۇ ھاراماماقلار بېقىنمىزغا كېلىپ قىمار ئويناپ، نەشە چېكىپ، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، ئەتراپتىكى سەھرالاردىن خوتۇن - قىزلارنى بۇلاپ كېلىپ ئەيش - ئىشرەت قىلىۋاتىدۇ، بىزنىڭ لەشكەرلەرنى يامان يولغا باشلاۋاتىدۇ. بۇنىڭغا بىزنىڭ باللارنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، ئاران تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمدى قوپۇپ كېلىمىزدىن بوغۇۋالسا، ئالدىمىزدا يات دۈشمەن، كەينىمىزدىن دوست دۈشمەن قىسىپ ئۆلتۈرەمدۇ بىزنى؟ — دېدى سەپەر باي.

— بۇ تېرىكتاپلار كېچىچە ئەيش - ئىشرەت، قىمار بىلەن مەشغۇل بولۇپ سەھەردە غەپلەتكە پېتىپ ئۇخلايدۇ. بامدادتا ئەزان چىقىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى بارلىق نىمىسىدىن ئايرىپ يېرىم يالىڭاچ، يالاڭ ئاياغ، سالتاڭ قىلىپ قوغلىۋېتىڭلار. ئۇرۇش قىلمايدىغان لەشكەرگە ئات - ئۇلاغ، قورال - ياراغنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئۇلار ئاشۇ بۇزۇق خوتۇن، نەشە، ئوشۇقلىرىنى ئېلىپ سالتاڭ پېتى بەلخكە كەتسۇن، — دېدى شەيخ جالالىدىن پىغانى ئۆرلەپ.

— ھەببەللى، ھەپتە - ئون كۈننىڭ ياقى چىقارغان پەرمانلىرىنىڭ ئىچىدە ئوغۇل بالىغا خاس، ئەڭ كاتتا پەرمان مۇشۇ بولدى، — دېدى سەپەر باي.

بۇ چاغدا شاۋاز چېدىرىدا ئوڭدا يېتىپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى، بىر ئايال ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. سىرتتا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ ياساۋۇل يۈگۈرۈپ كىردى، شاۋاز چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ۋە ... ۋەزىرئەزەم ئىش چاتاق، ئىش چاتاق ! قاراقچىلار بىزگە ھۇجۇم قىلدى، قىر - چاپ قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، قاچمىساق بولمىدى !

— نېمە... نېمە دەيسەن، كالۋا؟ ئۇ ... ئۇلار نېمىدەپ بىزگە هۇجۇم...

شاۋازنىڭ گېپىنىڭ يېرىمى توگەپ بولغۇچە ئۇشقىرتقان، ۋارقىراشقان ئاۋاز بىلەن تەڭ بىر توپ ئاتلىق ئادەم كېلىپ چېدىرنى بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك قومۇرۇپلا ئېلىپ كېتىپ، يېرىم يالىڭاچ شاۋاز دالادا قالدى. كەلگەنلەر چېدىرنى ئاتقا سۆرەتكىنىچە كۆزدىن غايىب قىلدى، ھەممە چېدىرلار كۆيۈپ يالىڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ئادەملەر ئاللا ـ تۇۋا كۆتۈرۈشۈپ ھەر تەرەپكە قاچتى. ئاتلىق لەشكەرلەر سالتاڭ ئاتلارنى توپ ـ توپى بىلەن تۇتۇپ ھەر تەرەپكە ھەيدەپ كەتتى. شاۋازنىڭ قورقۇپ كەتكەن بىر توپ نۆكەرلىرى يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە داڭ قېتىپ قالغان شاۋازنى كۆتۈرۈپ ئاتقا مىندۈرۈپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا جەڭ كىيىمى كىيگەن سىدىق بەگ قارلۇق بىر توپ نۆكەر بىلەن كېلىپ:

— دەرھال قېچىپ جاننى ياقىغا ئالمىساق بولمىدى، ۋەزىرئەزەم، سىلىدىن ئەنسىرەپ كەلگەنىدىم، خۇداغا شۈكۈر، — دېدى ـ دە، شاۋازنى قورۇقداپ ماڭدى.

— ئابدۇللا ... ئابدۇللا ... قېنى؟ — دېدى شاۋاز يىغلامسىراپ.

— ئۇنى سورىمىسىلا، مۇشۇ ئىشنى تېرىغىنى ئابدۇللا بېگىم، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

— ئۇ نېمە ئىش قىلدى؟ — سورىدى شاۋاز.

— ھەرنىڭ ئۇۋىسىغا داڭگال ئاتتى، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

شاۋاز ئاچچىقلاپ كەتتى:

— ئالدىرىغاندا گەپ ئوينىتماي نەق گەپنى قىلسىلا !

ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ قاچقاچ سۆزلەشتى.

— باشبۇغ ئابدۇللا بېگىم تاغلىقلارنىڭ ئاش ـ ئوزۇق توشۇيدىغان كارۋىنىنى تۇتۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ چىشىغا

تەگدى، ــــ دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

ــــ ھۇ بەتبەخت! نېمىدەپ ئۇنداق قىلدۇ؟ ــــ دەپ ئاچچىقلاندى شاۋاز.

ــــ غېرىبنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار دېسە، ئۇلار ئۇنىماپتۇ. ــــ دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

ــــ نېمە، غېرىب؟ غېرىب ئۇلارنىڭ يېنىدىمىكەن؟ ــــ ھەيران بولۇپ سورىدى شاۋاز.

ــــ سىلى خەۋەر تاپمىدىلىمۇ؟ ئۇ تونۇگۈن ئۇلارنىڭ قېشىغا كەپتىكەن.

ــــ ھىم... ھۇ بەڭۋاش كىسپۇرۇش، ھەر ئىش بولسا با مەسلىھەت قىلماي، ھەممىشە ئىش بۇزۇپلا يۈرگەن. ماۋۇ رەسۋاچىلىقنى ئەمدى، ــــ دېدى شاۋاز.

شاۋازنىڭ لەشكەرلىرى تاشلاپ كەتكەن، ئۆرۈلگەن، چالا كۆيگەن چېدىرلار، ھارۋا - ھارۋا، تۆگە - قېچىرلاردىكى ئاش - ئوزۇقلارنى شەيخ جالالىدىنىنىڭ لەشكەرلىرى يىغىشتۇرماقتا ئىدى. شەيخ جالالىدىن، غېرىب، سادىق بىلاللار ئات بىلەن ئالدىرىماي مېڭىپ ئۇ نەرسىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتاتتى.

ــــ بۇ نان قېپىلارنى قوغلىۋېتىپ ئوبدان قىلدۇق، ــــ دېدى سادىق بىلال.

ــــ ئادەمنى بەزىدە سەگەك تۇرۇپ غەپلەت باسىدىكەن. شاۋازلار نەچچە ۋاقىتتىن تونخۇ يېگەن ئىتتەك تاپىنىمىزنى يۇراپ، كەينىمىزدىن سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرسە، كارىمىز بولماي يۈرۈۋېرىپتۇق. ئەمەلىيەتتە، تازا بىر سىقىنچىلىقتا قاپتىمىز. ھازىر ئېچىم بوشاپ، يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. بالام غېرىب، سەن ئوبدان چاغدا كېلىپ بىزنى غەپلەتتىن ئويغىتىپسەن. شۇنچە ئاسىمىنى كەڭرى يايلاقتىمۇ نېمانچە سىقىلغان بولغىيدۇق؟ ــــ دېدى شەيخ جالالىدىن.

ــــ بۇمۇ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى قارىسىلا، شاۋاز بىلەن غەزنەۋىلەرنىڭ رەسۋا ئەلچىسى زەيىنىدىن بومىيانى كېچە -

كۇندۇز بىللە ئىكەن ئەمەسمۇ، ــ دېدى سادىق بىلال.

شەيخ جالالىدىن ئەسىرگە چۈشكەن بىر توپ خان لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدىكى زەينىدىن بومىيانى بىلەن ئابدۇللا شاتىرىنى كۆردى. باشقا لەشكەرلەرگە ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ قوللىرى باغلىنىپ، ئاغزىغا ياغاچ سانجىلغان تېزەك چىشلىتىلگەنىدى.

ــ ھە، ئۇلار قانداق شۇملۇقلارنى پىلانلاۋاتقان بولغىيدى؟! ــ دېدى شەيخ جالالىدىن.

زەينىدىن بومىيانى گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئېچىشقا تېزەك ياغىچى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. قاراۋۇل قامچا بىلەن ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە بولۇشىغا سالدى. زەينىدىن بومىيانى دۇم يېتىپ بىر ئۇچى تېزەككە سانجىلغان ياغاچنى چىشلەپ ئالالماي تېزەكنىڭ ئۆزىنى چىشلەپ ئورنىدىن تەستە قوپتى. شۇ چاغدا قاراۋۇل ئۇنى قامچىلاشتىن توختىدى. زەينىدىن بومىيانى شەيخ جالالىدىننىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ تىزلاندى، قاراۋۇل قوغلاپ كېلىپ باش ـ كۆزىگە يەنە قامچىلىدى. بومىيانى ياش تۆكۈپ، كۆزلىرىدە يېلىندى.

ــ توختا ... ئۇنىڭ ئاغزىدىكى تېزەكنى ئېلىۋەت، مۇھىم گېپى باردەك قىلىدۇ، ــ دېدى شەيخ جالالىدىن.

ــ بۇ خىيانەتكار مۇناپىقنىڭ تېزەك چىشلىگەن سېسىق ئاغزىدىن گەپ ئاڭلاپ نېمە قىلىمىز، ئۇستازىم؟ ــ دېدى سادىق بىلال.

ــ ئەلچىنى خورلىماسلىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى، بۇ ئەڭگۈشتەرنى قەدىرلىسەك ئىشلىرىمىز خەيرلىك بولىدۇ، ــ دېدى شەيخ جالالىدىن.

ــ بۇ يا بىزگە كەلگەن ئەلچى بولمىسا، ــ دېدى سادىق بىلال.

ــ ئىجازەت قىلغايلا، شەيخ جالالىدىن ھەزرىتىم، ــ زەينىدىن بومىيانى يېلىندى.

— ئىجازەت، بومىيانى ھەزرەتلىرى، مەن سىلىنىڭ يەنە ئالدىمدا بۇنداق رەسۋا ھالەتتە بويۇن قىسىپ قېلىشلىرىنى خالىمايتتىم. سىلى شاۋاز بىلەن يەنە قانداق شۇملۇقلارنى قىلغىلى كەلگەن بولغىيدىلە؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— مەن ئۇرۇش توختىتىشنى ئىلتىماس قىلىپ كەلگەن، باشقا مەقسىتىم يوق، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— ئۇرۇشنى بىز قىلمۇاتساق، ئۇرۇش توختىتىشنى بىزدىن تەلەپ قىلماي، نېمىدەپ شاۋاز دېگەن تىرىكتاپتىن تەلەپ قىلىسەن؟ — دېدى سادىق بىلال.

ئابدۇللا شاتىرى ئاغزىدىكى تېزەكنى تاشلىۋېتىپ ۋارقىرىدى:

— ھۇ مۇناپىق، ئاسىي قاراقچى ! ...

قاراۋۇل ئابدۇللا شاتىرىنىڭ ئاغزىغا كاچات بىلەن سېلىپ تېزەكنى چىشلەتتى، ئابدۇللا شاتىرى تېزەكنى چىشلىگىلى ئۇنىمىدى. قاراۋۇل تېزەكنى ئۇنىڭ ئاغزىغا زورلاپ تىقىپ ئاغزىنى بەلۋاغ بىلەن تېڭىۋەتتى، ئۇ شۇنىڭدىمۇ جىم تۇرمىدى. قاراۋۇل تىرتەكلەپ تۇرماۋاتقان ئابدۇللانى تازا مۇشتلاپ، تېپىپ ياتقۇزۇۋەتتى.

— ئەسلىدە ئۇرۇش توختىتىشنى سىلەردىن تەلەپ قىلاي دېگەن، لېكىن ئۇنداق قىلمىدىم. چۈنكى بىرىنچىدىن، سىلەر شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن ھامان ۋەزىرئەزەمگە تاپشۇرۇپ بېرىدىكەنسىلەر؛ ئىككىنچىدىن، سىلەر بىلەن دىدارلىشىشتىن قورقتۇم، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— بىز نېمىدەپ ئۇرۇش توختاتقۇدەكمىز؟ — دېدى سادىق بىلال.

— چۈنكى، بىز شەھىرى ھېراتنى سىلەرگە تىنچ تاپشۇرۇپ بەرمەكچى، — دېدى زەينىدىن بومىيانى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ،

— نېمە شەرت بىلەن؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئۇرۇش توختىتىمىز، ئۇرۇش قىلمايمىز، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— ئۇرۇشمايدىغان ئادەم نېمىدەپ شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشمەيسەن؟ — سورىدى سادىق بىلال.

— سىلەرنى مۇھاسىرىنى بىنار قىلسىكەن، ئارقىمىزدىن قوغلاپ زەربە بەرمىسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمىز، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— ئوبدان گەپ قىلدىڭلا. سىلى هازىر ئارام ئېلىپ تۇرسىلا، — دېدى شەيخ جالالىدىن، ئاندىن نۆكەرلەرگە قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى، — بومىيانىنى ئوبدان كۈتۈپ ئارام ئالدۇرۇڭلار... ئابدۇللانى ئادەملىرى بىلەن ئاتىسىنىڭ كەينىدىن ھەيدىۋېتىڭلار، جەڭ مەيدانىدا ئۇخلىغانغا تويسۇن!

شەھەرى بەلخنىڭ سېپىلى ئۈستى. چىرايى غەزەپتىن تارتىشىپ كەتكەن شاۋاز پەسكە قارىدى. سېپىل سىرتىدا يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە قوللىرى چەمبەرچاس باغلانغان بىر توپ پىيادە خان لەشكەرلىرى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا قېرى ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ، يۈزىگە قارا سۈرتۈلۈپ، ئاغزى - بۇرنى تېگىۋېتىلىپ، پۇت - قوللىرى چەمبەرچاس قىلىپ باغلانغان ئابدۇللا شاتىرى تۇراتتى. بەلخ ھاكىمى مىرزا ياسىن شاۋازنىڭ يېنىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ دېدى:

— ۋەزىرئەزەم ئالىيلىرى، ئۇلار قاتتىق ئىسسىقتا ئاچ - توق، ھېرىپ - ئېچىپ كەلدى، ئۇلارغا ئىچىملىرى ئاغرىغاي، ئۇلارنى شەھەرگە كىرگۈزەيلى، ئەمر قىلغايلا، ئۇرۇش دېگەندە يېڭىش - يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ.

— مەن ئۇلارنى پاشىغا تالىتىپ، بىخۇدلۇق قىلغاننىڭ تەمىنى تېتىتاي دەيمەن. ھازىر ھەممىسىنى بىر چىشلەمدىن چىشلەپ ئۆلتۈرسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، — دېدى شاۋاز.

— پەيلى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ پىتىنىڭ ئاچچىقىدا شالۋۇرنى ئوتقا سالغىلى بولمايدۇ. ۋەزىرزادە ئابدۇللا باشبۇغ

چوڭ لەشكىرىي مەنسەپنى تۇتقىنى بىلەن جىق ئىش كۆرمىگەن. لەشكىرىي ئىشلاردا جىق خام. شۇڭا، ئۇنى تولا جازالاپ يۈرىكىنى زىدە قىلغاندا، كۆڭلىدە جانابلىرىغا نىسبەتەن غۇم پەيدا بولۇپ قالسا ئاقىۋىتى ئوبدان بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھازىر تارتىۋاتقان دەرد ـ ئەلەممۇ يېتىپ ئاشىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا جازادىن كۆرە تەسەللى، مەدەت بېرىش يولى بىلەن ئىش ئۆگەتمىسەك بولماس، ۋەزىرىئەزەم جانابلىرى. ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇ تولا تەسەللىگە موھتاج. ئۇ مۇشۇنداق ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىشقا پىشىۋالغۇچە سەۋر قىلايلى ئالىيلىرى، — دېدى مىرزا ياسىن.

— ئۇ پىشىپ بولغۇچە مەن يۈرەك كېسىلى بولۇپ ئۆلۈپ كېتىمدىغان ئوخشايمەن. نېمىدېگەن شەرمەندىچىلىك، ئىغىر خورلۇق بۇ؟! — دېدى شاۋاز.

— ئۆزلىرىگە ھاي بەرگەيلا، بەلكىم ئوبدان بىر ئۇخلىسىلا ئاچچىقلىرى چىقىپ قالار، — دېدى مىرزا ياسىن.

— ئۆزلىرى نېمە قىلسىلا قىلسىلا، مېنىڭ ھازىر ئۇنى كۆرە كۆزۈم يوق، ئۇ ماڭا بىرقانچە ۋاقىت كۆرۈنمىسۇن، — دېدى شاۋاز.

— ئۆزلىرى خاتىرجەم ئارام ئالغايلا، مەن سىلىنى سالقىن ئارام ئالسۇن دەپ نەزەرباغقا ئارامخانا راستلاپ قويدۇم، — دېدى مىرزا ياسىن.

شاۋاز سەل پەسكويىغا چۈشتى.

ھىرات شەھىرىنىڭ سىپىلى سىرتىدا ياراغسىز ئۈچ ئاتلىق دەريانىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زەينىدىن بومىيانى سېپىل ئۈستىگە قاراپ قولىنى كاناي قىلىپ تووۋلىدى:

— ھەي ... ھەي ... ئاگاھ ھەم دانا بولۇڭلار! ...مەن سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ قاراخانىيلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى زەينىدىن بومىيانى بولىمەن ! سۇلتان ئالىيلىرى تاپشۇرغان ئەلچىلىك

بۆرچۇمنى ئادا قىلىپ قايتىپ كەلدىم، مېنى كىرگۈزۈۋېتىڭلار!

سېپىل كۆنگۈرىسىدىن ماراپ تۇرغان لەشكەرلەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا زەن سېلىپ قارىدى. بىردەمدىن كېيىن بىر پېشقەدەم سەركەردە سېپىل كۆنگۈرىسىدىن قاراپ ۋارقىرىدى:

— سەل تەخىر قىلسىلا، بومىيانى ھەزرەتلىرى، بىز سىلىنى تونۇدۇق، ھازىر سېپىل دەرۋازىسىنى ئاچىمىز. ئاۋۇ ئىككەيلەن نېمە ئادەم؟ — دېدى سەركەردە.

— بۇلار مېنى قوغداپ كەلگەن نۆكەرلەر، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— ئۇنداق بولسا ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تامام، ئۇلار قايتىپ كەتسۇن، ئاندىن خەندەك كۆۋرۈكىنى چۈشۈرۈپ، دەرۋازىنى ئاچىمىز! — دېدى سەركەردە.

— رەھمەت سىلەرگە، — دېدى زەينىدىن بومىيانى يېنىدىكى ئىككى نۆكەرگە، — سىلەر مېنى ساق - سالامەت يەتكۈزدۇق دەپ مەۋلانا شەيخ جالالىدىن ھەم خەلىپە سادىق بىلالغا سالامىمنى يەتكۈزگەيسىلەر.

ئىككى نۆكەر ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ، باش ئېگىپ خوشلىشىپ قايتتى. شۇ چاغدا خەندەكنىڭ ئاسما كۆۋرۈكى چۈشۈرۈلۈپ، دەرۋازا قىيا ئېچىلدى، زەينىدىن بومىيانى ئېتىنى دېۋىتىپ دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى. ئېگىز تۆپىلىكتىكى دەل - دەرەخ ئارىسىدا ئاتلىق كۆزىتىپ تۇرغان شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، سەپەر باي، غېرىب ۋە بىرقانچە ئاتلىق نۆكەرلەر بۇلارنى كۆرۈپ تۇردى.

— ئويلىسام - ئويلىسام بۇ ئىشقا ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، ھۆرمەتلىك ئۇستاز. بىزنى بىرەر قىلتاققا دەسسەتمەكچىمۇ نېمە ئۇلار؟ — دېدى سادىق بىلال.

— ئاللا بىزنى دۇشمەننىڭ ھىيلە - مىكرى، تۇزاقلىرىدىن ساقلىغاي! — دېدى شەيخ جالالىدىن سېپىلغا قاراپ.

ئەمدى گەپنى سەنەمدىن ئاڭلايلى. شاھى ئابباسنىڭ ئوردىسى. كاتتا زىياپەت زالىدا سەنەم، مەلىكە بەرنا ۋە ئۇنىڭ

سەركەردىلىرى، نىگارئايىم، ئىلياسلار ئولتۇراتتى. داستىخانغا ھەرخىل نازۇنېمەتلەر تىزىلغانىدى. سول قول ۋەزىر راشىدىن ئەتتارى، جارۇپ مەۋلەۋى قاتارلىق ئوردا مۆتىۋەرلىرى پەگاھتا قول باغلاپ تۇراتتى.

— قېنى مەلىكە ئالىيلىرى، مېھمانلارنى بەھۇزۇر غىزاغا تەكلىپ قىلغايلا، مېھمانلار غىزاغا ئېغىز تەگكۈزسۇن، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— شاھ ئاتام ھېچ ۋاقىتتا خانىش ئانامنى ئېلىپ شىكارغا چىقمايتتى. بىرەر ئويۇن ئويناۋاتمىغانلا، ۋەزىر جانابلىرى، — دېدى سەنەم.

— ئۇنداق قىلىشقا ھەددىم ئەمەس، مەلىكە ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنى ئالداشقا بېشىم ئونمۇ؟ سىلىنىڭ دەرد ـ پىراقلىرىدا مېھرىبانۇ خانىش ئايىم تولا يىغلاپ ـ قاقشاپ، سىلىنى ئىزدەپ قۇندۇزغا بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. شاھ ئالىيلىرى بولسا، غېرىبنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىسا سەنەم چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ، ساقلاپ تۇرايلى دېدى. مېھرىبانۇ خانىش ئايىم ئوردىدا ئۆزلىرىگە تەقەززا بولۇپ تىپىرلاپ تۇرالمىغاندىن كېيىن شاھ ئالىيلىرى مەن بىلەن تاغ سەيلىسى قىلساڭ بېسىقمسەن دەپ، خانىش ئايىمنى ئۇنىمسا ئۇنىماي شىكارغا ئاچىقىپ كەتتى. چاپارمەن بۇ چاغقىچە يېتىپ بېرىپ خەۋەر قىلغان بولسا، چوقۇم يولدا كېلىۋاتىدۇ. يىراققا كەتمىدى. جىق بولسا ئۈچ كۈنلۈك، بولمىسا بىر يېرىم كۈنلۈك يولدا، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— ئەمىسە غېرىبجاننى نېمىشقا بۇ يەرگە ئاچىقىپ بىزگە كۆرسەتمەيدىلا؟ — سورىدى سەنەم.

— ئۇ بىر قېتىم زىندان بېگىنى، بىرمۇنچە گۇندىپاي، نۆكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ قاچقاچقا، شاھ ئالىيلىرى ئۇنى ناھايىتى قاتتىق سولاقتا بەند قىلدى. شاھ ئالىيلىرى ئۇنى ھەرقانداق كىشى زىنداندىن ئاچىقمىدىكەن كاللىسى ئېلىنىدۇ، دەپ ئەمىر قىلدى. شۇڭا، شاھ ئالىيلىرى كەلمىگۈچە ھېچكىم ئۇنى

ھېچكىم بىلەن كۆرۈشتۈرەلمەيدۇ. مانا ئىشىكئاغىسى ئابلىز جانابلىرى ئاشۇ قېتىم غېرىبنىڭ قولىدا مۇشۇ ھالغا چۈشكەنچە تېخى ساقىيىپ بولالمايۋاتىدۇ، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

ھەممەيلەن بوينى قاتۇرۇلغان ئەمىر ئابلىزغا قارىدى، ھەممىدىن بەكرەك ئىلياس گۇمان بىلەن تەكرار سىنچىلاپ قارىدى. ئۇ سەنەمگە يېقىنلىشىپ پىچىرلىدى: «بىز ئاشۇ شەيتان مۇناپىقنى شاۋاز غېرىبقا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن سۈيىقەستچى دەپ ئاڭلىغان». سەنەم نەپرەت كۆزى بىلەن ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلدى، ئەمىر ئابلىز سەنەمگە قاراشقا پېتىنالماي باشقا تەرەپكە قارىۋالدى.

— مەزەگە بېقىشماي ئولتۇرۇشىلىغۇ، قېنى مەرھەمەت، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

مەلىكە بەرنا چاينى ئېلىپ ئىچمەكچى بولدى، سەنەم ئۇنى توسۇپ قويدى.

— بىزنىڭ ئوردىنىڭ داستىخىنى ئوغا - زەھەر بىلەن تولغان. ۋەزىر راشىدىن جانابلىرى، بۇ نازۇ - نېمەتلەرگە ئاۋۋال سىلەر ئېغىز تېگىڭلار، شۇنىڭدىن كېيىن بىز ئېغىز تېگەيلى، — دېدى سەنەم.

راشىدىن ئەتتارى سەنەمگە بىردەم تىكىلىپ تۇرۇپ قېلىپ بېشىنى ئېگىپ دېدى:

— مەلىكە ئالىيلىرى، يات ئەلدىن كەلگەن مېھمانلار ئالدىدا ئۆز ئوردىلىرىغا بۇنداق ھاقارەت قىلىشلىرى كۆڭلىمىزنى بەك يېرىم قىلدى.

— كۆڭۈللىرى يېرىم بولمىسۇن. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ جانجىگەر كىشىلىرىم، — دېدى سەنەم.

— بىز ئۆزلىرىگە دۈشمەنمۇ؟ ئۆزلىرىنى بېقىپ ئۆستۈرگەن ئوردا سىلىگە دۈشمەنمىدۇ؟ — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— تولا تىللىرىنى چاينىماي مەن دېگەندەك قىلسىلا، شاھ ئاتام بىلەن خانىش ئانامغا ئىشىنەلمىگەن يەردە سىلى نېمىتىلە

مېنى سوراق قىلىدىغانغا؟ مەن دېگەندەك قىلىسىلا! بولمىسا كۆتۈرسىلە بۇ داستىخانلىرىنى! — دېدى سەنەم ئاچچىقى بىلەن.

— خوپ، بىئەدەپلىكىمنى كەچۈرگەيلا، مەلىكە ئالىيلىرى.

راشىدىن ئەتىتارى باشلىق ئوردا مۇتۇۋەرلىرى داستىخاندىكى چايدىن تارتىپ ھەممىنى بىر باشتىن تېتىپ چىقتى. سەنەم بىلەن ئىلياس ھەممىگە قاتتىق زەن سېلىپ چىقتى. ئاندىن مەلىكە بەرنا ھەممىدىن بۇرۇن نازۇ ـ نېمەتلەرگە قول سوزدى.

شەھىرى قۇندۇزنىڭ سېپىل دەرۋازىسى سىرتىدىكى چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھېيت ـ بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشكەن كىشىلەر قىستىلىشىپ قاتار تۇرۇشاتتى. ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىپ قىز ـ يىگىتلەر شادىيانە ئۇسسۇل ئوينىدى. ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سېلىنغان پاياندار ئۇستىدە شاھى ئابباس بىلەن سەئىد ئەخمەتخان قىزغىن پاراڭلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېھرىبانۇ خانىش بىلەن ھېلىمخان مومايلار كېلەتتى، ئۇلارغا ئەگىشىپ ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ سەردارلار ماڭغانىدى، بوۋايلار ئۇلارنىڭ بېشىدىن چاچقۇ ـ تەڭگىلەرنى چېچىپ، مومايلار ئىسرىق سالدى.

سەئىد ئەخمەتخان شاھنىڭ كاتتا زىياپەت زالى. داستىخانغا تۈمەن خىل نازۇنېمەتلەر تارتىلغان، شاھى ئابباسنىڭ مەھرەملىرى بىلەن سەئىد ئەخمەتخاننىڭ مەھرەملىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇدۇل قارىشىپ ئولتۇرۇپ نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تەگمەكتە ئىدى. ئاياللار داستىخىنى سورۇننىڭ يەنە بىر چېتىگە راسلانغان بولۇپ، مېھرىبانۇ خانىش باشلىق ئايال مېھمانلار بىلەن ھېلىمخان بۇۋى قاتارلىق ئايال ساھىبخانلار قارىشىپ ئولتۇرۇشتى. نەغمىچىلەر ئىشتەي نەغمىسى قىلدى. ئوتتۇرىدا ئۇسسۇلچى قىزلار ئۇسسۇل ئوينىدى. چاكار ـ دېدەكلەر ئالدىراش خىزمەت قىلدى.

شاھى ئالەم پېقىر ئەسلى
ئافراسىياب، ئوغۇز نەسلى.

ئىزدەپ كەلدىم دىلدار ۋەسلى،
يوقتۇر جاندىن تەشۋىشلەرى.

سورىسىڭىز، بىزنىڭ ئەلنىڭ
خۇش ئۆتىدۇ ياز ـ قىشلارى.
خانتەڭرىنىڭ قۇچاقىدا
ئوينايپ كۈلۈش ئىشلارى.

قوي ـ قوزىلار ئوتلاپ ياتۇر،
قىز ـ چوكانلار قوشاق قاتۇر.
يىگىتلەرى ئوقيا ئاتۇر،
راھەت ـ ھۇزۇر تۇرمۇشلارى.

چىرايلىقتۇر باھار ـ يازى،
شىرنە ـ شەربەت قىزلار نازى.
كۈمۈش قولدا ئالتۇن سازى،
بىللە تارى ئۇرۇشلارى.

ئاتلار يۈلتۈز كەبى ئاقار،
تۇياقىدىن چاقماق چاقار.
جانان قىزلار تەشنا باقار،
تاتلىق سۆيگۈ سىغىنىشلارى.

ئاق ئالتۇندۇر تاغ باشلارى،
گۆھەر ـ ياقۇت ھەر تاشلارى.
قېرىلىرى پاراسەتلىك،
ئاقىل، مەردانە ياشلارى.

شاھى ئابباس سەئىد ئەخمەتخانغا ئالتۇن قەدەھتە مەي تۇتۇپ
دېدى:

— ئۇزاق يىل كۆرۈشمىگەن سىرداش دوستۇم، بۈيۈك شاھ سەئىد ئەخمەتخان جانابلىرىنىڭ بىزنى بۇنچىۋالا ھەشەم - دەرھەم بىلەن كاتتا كۈتۈۋالغىنىدىن بېشىم كۆككە يەتتى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى قۇندۇز ئېلىنى زىيارەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولسامۇ، جاھاننىڭ تۈگىمەس ئىشلىرى بوسۇغا داۋاننى ئېگىز قىلىپ يول بولمىغانىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەلىكىمىز سەنەمنى جانابلىرىنىڭ ئەتىۋارلىق مەلىكىسى بەرنا خېنىم بىلەن قۇندۇز ئېلىدە سۈدىكى بېلىقتەك ئەركىن - ئازادە ياشاۋاتىدۇ دەپ ئاڭلاپ، ئاشۇ بىر تال قىزىمىزنىڭ دىدارىغا بولغان تەقەززالىق بىلەن ئالدىلىرىغا كەلدۇق. كاتتا كۈتۈشلىرىدىن دىلىمىز يايراپ، خۇشال بولدۇق. ئەمما، قىزىمىز نېمىدەپ بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كىرمەيدىغاندۇ دەپ ھەيران بولماقتىمىز. ئۇ ھەرقانچە بىزدىن رەنجىگەن بولسىمۇ قارىسىنى كۆرسەتسە بولار ئىدى. ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرىنىڭ بىر جۈپ مەلىكىنى كۆز ئالدىمىزدا ھازىر قىلىشلىرىنى تىلەيمىز.

سەئىد ئەخمەتخان ئالتۇن جامنى تۈتقىنىچە ئاغزىنى كاماردەك ئېچىپ، بىردەم ھاڭۋېقىپ قالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— شاھى ئابباس ھەزرىتىم، ئۆزلىرىنى كۆرۈپ خۇددى گىگانت خانتەڭرى چوققىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم، گەپلىرىنىڭ ئۇرانىدىن جانابىي خاقانىنىڭ چاقچاق قىلمايۋاتقانلىقلىرىنى بىلدىم. ئەمما، ھەيرانلىقىم ئاشتى. بۇنىڭدىن يىگىرمە كۈن مۇقەددەم مەلىكەم بەرنا ئۆزىنىڭ بىر توپ خاس نۆكەرلىرى بىلەن مەلىكە سەنەم ۋە ئۇنىڭ يارەنلىرى نىگارئايىم، قىزى، ئىلياس قاتارلىقلارنى ئېلىپ ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك دىيارلىرىغا قاراپ يولغا چىققان.

شاھى ئابباسنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— يولغا چىققان؟

سەئىد ئەخمەتخانمۇ ئورنىدىن تۇردى.

— مەن شاھ جانابلىرىنى تېخى ئىككى مەلىكىنىڭ ئىناقلىقىدىن شادلىنىپ ئىپلىمىزگە سەيلە ـ زىيارەتكە كەلدىمىكىن دەپتىمەن. بۇ گەپچە ئۇلار ئالدىلىرىغا بارماپتۇ ـ دە؟

— ياق، بارمىدى، — دېدى شاھى ئاببباس.

سەئىد ئەخمەتخاننىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى قادىر سالىھخان سۆز قىستۇردى:

— پەمىمچە، ئىككى كارۋان يولدا ئۆتۈشۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

— جانابىي شاھى جاھاننىڭ يولغا چىققىنىغا قانچە زامانلار بولدىكىن؟ — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.

— بۈگۈن بىلەن قوشقاندا ساق يىگىرمە كۈن بولدى، — دېدى شاھى ئاببباس.

— ماۋۇ ئاللانىڭ كارامىتىنى كۆرۈڭ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يولغا چىققان ۋاقتى ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئەمىسە ئۇلار ھازىر جانابلىرىنىڭ ئوردىسىدا بولۇۋېتىپتۇ ـ دە، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.

— ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى كۆر ئەمدى، — دېدى شاھى ئاببباس پېشانىسىنى سىلاپ.

— بۇمۇ ئاللانىڭ قىسمىتى. مەلىكىلەر بىلەن بۇ يەردە دىدارلىشىش سىلىگە نېسىپ بولمىغان گەپ. بۇمۇ ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر. نېمىشقا بۇنى كېلىشمەسلىك دەيدىلا؟ مېنىڭ مەلىكەممۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئەمەسمۇ، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.

— نىگارئايىم بىلەن ھېلىقى تۇزكور جالالىدىننىڭ ئوغلى ئىلياسنىڭ ئۇلار بىلەن ھەمسەپەر بولغىنىنى مېنى ئەنسىرىتىدۇ، — دېدى شاھى ئاببباس.

— مەلىكەم بەرنا جەڭ ماھارىتىدە پىشقان، نۆكەرلىرىمۇ ھەم شۇ، ئۇلاردىن ئەنسىرىمىگەيلا، ئالىيلىرى، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.

شۇنداقتىمۇ شاھى ئاببباس بىلەن مېھرىبانۇ خانىش خېلىلا

مەيۈسلەندى.

بۈك ـ باراقسان قارىغايلىق تاغ. شەيخ جالالىدىن ۋە غېرىب بىرقانچە نۆكەر بىلەن تاغ ئارىسىدا ئاتلىق شىكار قىلىۋاتاتتى. غېرىب ئاسماندا قاياقتىندۇر پەيدا بولغان قىرغاۋۇلغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. يا ئوقى تەگكەن قىرغاۋۇل كۆكتىن قارىغايلىق ئارىسىغا چۈشۈپ كەتتى. ئىككى نۆكەر ئېتىنى چاپتۇرۇپ قارىغايلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شۇ چاغدا چاپارمەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھەزرىتىم، خەلپىتىم ئۈزلىرىنى دەرھال قايتىپ كەلگەن بولسا دەيدۇ.

ئۇلار ئاتلىرىنى دېۋىتىپ بارگاھقا قايتىشتى.

سادىق بىلالنىڭ چېدىرىدا شاۋازنىڭ ئەمىرلەشكىرى سىدىق بەگ قارلۇق، بەلخ ھاكىمى مىرزا ياسىن، شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلاللار سۆرلۈك جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى.

— ئۆزلىرىنىڭ بىتۇيۇق تۇرغان خان لەشكەرلىرىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئابدۇللا باشبۇغ جانابلىرىنى شەرمەندە قىلىپ ئەسىر ئالغانلىرى تولىمۇ قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق سۆرلۈك تۇستە.

— ئۇ مۇتتەھەمنىڭ بىزنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم، بوغۇزلىرىمىزنى تۇتۇپ قېلىشقا نېمە ھەددى؟ بىز شامال يەپ ئۇرۇش قىلامدۇق؟ ئۆزلىرى بۇنى ئەجەب سۈرۈشتە قىلمايلىغۇ؟ كىم سىلەرنى كەينىمىزدىن تاپ باستۇرۇپ كېلىپ، دۈشمەنگە قارشى بىر مەرتەم ئۇرۇشقا قاتناشماي ياتسۇن دېدى. جەڭ مەيدانىنى ئىشرەتخانا ئورنىدا كۆرىدىغان ئادەم جەڭ مەيدانىدىن نېرى بېرىپ يېتىڭلار ! — دېدى سادىق بىلال غەزەپ بىلەن.

— بۇ ئىشقا ۋەزىرئەزەم ناھايىتى خاپا بولدى، ئۇنىڭ ...

مىرزا ياسىن شۇنداق دېيىشىگە شەيخ جالالىدىن:

— سۆزلەۋاتقان ئادەمنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋېتىش تولىمۇ بىئەدەپلىكتۇر. لېكىن، بەزىدە ئەخلاققا يات ئىشلارنى قىلىشقا

مەجبۇرمىز. جانابىي ئىككى مۆتىۋەر، سىلەر خانىدانلىقىمىزدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر ساناقلىق ئاقساقاللاردىن ھېسابلىنىسىلەر. شۇ سەۋەبتىن، مەن سىلەر بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتىمەن. بولمىسا ھازىر مېنىڭ زىيادە ۋاقتىم يوق ئىدى. ئارتۇق گەپ ئېشەككە يۈك. سىلەر بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىڭلارنى ئوچۇق ئېيتىڭلار. بۇ يەرگە ئىشىمىزنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئېيتىپ، بىزنى شاۋازدىن كەچۈرۈم سوراشقا ئۈندەپ كەلگەن بولساڭلار، يېڭىلىشكەن بولىسىلەر. ئۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىپ ئۆزۈڭلارنى لاۋزا قىلمىغۇچە، مەقسىتىڭلارنى ئوچۇق دېسەڭلار دىلىڭلار ئازار يېيىشتىن ساقلىنىپ قالىسىلەر. چۈنكى، شاۋاز مەن ئۆلۈپ بەرسەممۇ رازى بولمايدۇ، — دېدى.

— ئالدىمىزدا چوڭ دۈشمەن تۇرغان يەردە، ئۇلارغا تاماشا قىلىپ بەرمەي، ھەر ئىش بولسا ئۆز ئىچىمىزدە تۈگەتكىنىمىز خوپ، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

— قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە ئەمەسمۇ، — دېدى مىرزا ياسىن.

— ئۇستاز سىلەرگە نەق گەپنى دەڭلار دېسە، نېمانداق كەچكىچە لاتا چايناپ ئولتۇرىسىلەر؟ مەقسىتىڭلار زادى نېمە؟ — دېدى سادىق بىلال تاقەتسىزلىنىپ.

سىدىق بەگ قارلۇق قوينىدىن ئوراقلىق قەغەزنى چىقىرىپ شەيخ جالالىدىنغا تەڭلىدى:

— بۇ ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئۆزلىرىگە يازغان مەكتۇپى.

— ئەپۇ قىلغايلا، تەقسىر، مېنىڭ شاۋازنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇشقا رايىم يوق، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

سىدىق بەگ قارلۇق بوشلۇقتا تۇرۇپ قالغان قولىنى خىجىللىق ئىلكىدە تېزلا يىغىۋالدى ـ دە، دېدى:

— ئۇنداق بولسا ئۇدۇل دەۋېرەي، ۋەزىر ئەزەم ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن، غېرىبىنى بىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە يوليورۇق بېرىپ بىزنى ئەۋەتتى.

— سىلەر بېرىپ شاۋازغا دەڭلار، بىزنىڭ ئۇنىڭغا غېرىبنى

ئۆتكۈزۈپ بېرىش بۇرچىمىز يوق، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— دادا ـ بالا مۆتتەھەملەر غېرىبنى ئاپىرىپ تىرىك تۇرغۇزۇپ يېمەكچىمىدۇ؟ سىلەر بېرىپ ئۇ مۇناپىققا ئۇلار غېرىبنى سۆيىدىغانلىقىنى بىلەن ئۆلتۈرۈش پىلانىڭلارنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىنى بىلمىدىكەن، تولا دوپپىمىزغا جىگدە سالمىغان دېمەي ئىززىتىنى بىلىپ ئۆيىگە ئۇزۇتۇپ قويسىڭلار بولمىدىمۇ؟ دېمەي دەڭلار، — دېدى سادىق بىلال.

— پىتنە ـ پاسات توپىلى ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالمىغاي، غېرىبنى دەپ ئارا بۇزۇلۇپ چوڭ ئىشلار دەخلى ـ تەرۈزگە ئۇچراپ قالسا ئوبدان بولمايدۇ، — دېدى مىرزا ياسىن.

— گەپ تامام، ۋەسسالام. جان تىكىپ تالىشىدىغان، بوپتۇ دەپ بېرىدىغان نەرسە بار. بۇ ھەقتە سىلەر بىلەن ئۇزاق تالاشقۇم يوق. سىلەر ئەلچى، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق. شاۋاز غېرىب ھەققىدىكى بارلىق شۇم خىياللىرىدىن ۋاز كېچىپ بىز بىلەن بۇ توغرۇلۇق تالىشىمەن دەپ ئولتۇرمىسۇن، گەپ شۇ. ئىززەتلىرى بىلەن قايتىشۋالغايلا.

شەيخ جالالىدىن شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئاپلاھۇئەكبەر... بۇنداق كاجلىق قىلىشمىسىلا بولاتتى. ئارا بۇزۇلۇپ كەتسە چوڭ ئىشلار بۇزۇلۇپ، كېيىن قېلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. چىقمىدۇ. بۇنى ئوبدان ئويلايدىغان ئىش ئىدى، — دېدى مىرزا ياسىن.

— ئويلىشىدىغان ئىش يوق. قېنى، قايتىپ قالسىلا، — دېدى شەيخ جالالىدىن. ئەلچىلەر چىقىپ كەتتى.

شەيخ جالالىدىننىڭ چېھرى. شەيخ جالالىدىن بىلەن غېرىب جىددىي سۆھبەتلەشمەكتە ئىدى.

— ئۇستازىم، مېنىڭ غېرىب بېشىم بۇ يەرگىمۇ سىغمىدى. شۇ تاپتا مېنىڭ سەۋەبىمدىن دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلىنىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى غېرىب.

— ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ھامان يۇرچىقىمىز يىشمايدۇ، بۇ ئۇرۇش بولىۇشتىن ئاۋۋالمۇ بىز ئۇرۇشىۋاتاتتۇق. مېنىڭچە، دۈشمەن بىلەن بولغان ئۇرۇش ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ، كېيىنمۇ تالىشىدىغان نىشانىمىز سەن. ئۇلار سېنى يوقىتىمىز دەيدۇ، بىز سېنى قوغدايمىز دەيمىز. سەن ئەخمىقانە خىياللاردا بولما. بىز بۇ ئۇرۇشنى سېنى ئادالەت تۇغى قىلىپ تىكلەش ئۈچۈن قىلىۋاتىمىز، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئانام، سەنەم، ئىلياسلارنىڭ ئات - ئۇچۇرى بولمىغانچە كۆڭلۈمگە يەتمىگەن ئىشلار يېتىپ، چۈشلىرىم بۇزۇلۇپ، سول قاپىقىم توختىماي تارتىۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردە تۇرسام پايدام تەگمەكتە يوق، ئويلىمىغان زىيانلار بولۇۋاتىدۇ، — دېدى غېرىب.

— سەن بۇ يەردىن ئايرىلساڭ، خەتەرگە يولۇقۇشۇڭ مۇمكىن. ئەمدى سەن بۇ يەردىن كەت ياكى كەتمە، بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى. شۇڭا، سەن بىزدىن ئايرىلماسلىقىڭ كېرەك، — دېدى سادىق بىلال.

— ئوغلۇم، سەن بىلەن جەم بولمىقىمىز ناھايىتى مۇشكۈلگە توختىدى. ئاناڭ، سىڭلىڭ ھەم سەنەمنى ئاۋۋال خۇدايىم ساقلايدۇ، ئاندىن دوستۇڭ ئىلياس ساڭا ئوخشاشلا يۆلەك بولۇپ ئۇلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئىلياسقا ئىشىنىمەن، ئەمما مەن بۇ يەردە تۇرغىنىم بىلەن سىلەرگە ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمەيمەن.

— ئىش قىلىسەن، بىز ھازىر ئىككى ئىتنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك قىلىمىز. شاۋاز دۈشمەن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ بىزگە ئالدى - ئارقىمىزدىن تەڭ زەربە بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا، سەن بۇ يەردە بىزگە ئەڭ قىيىن كۈندە ئەسقېتىشىڭ مۇمكىن، — دېدى سادىق بىلال.

— شاۋاز دانا بولمىسىمۇ، ناھايىتى ھىيلىگەر، — دېدى

غېرىب، ــ ئۇ پىتنىڭ ئاچچىقىدا ئېگىنىنى ئوچاقتا سالمايدۇ. ئۇ سىلەر ھېراتنى پەتھى قىلىپ بولغۇچە ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، سەۋر قىلىپ تۇرىدۇ. سىلەر شەھەرنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن نېمە قىلىدىغانلىقىڭلار ھەققىدە شاۋازغا بىشارەت بەردىڭلارمۇ؟

ــ شاۋاز ئۇستازىمىز ۋە مەن قاتارلىق چوڭلارنى باغدادقا كېتىدۇ، قالغانلارنى خالىغان يەرلىرىگە تارقىلىپ كېتىدۇ ياكى خان لەشكەرلىرىگە قېتىلىپ كېتىدۇ دەپ بىلىمدۇ، ــ دېدى سادىق بىلال.

ــ سىلەر شۇنداق پۈتۈمگە كەلگەنمۇ؟ ــ سورىدى غېرىب.

ــ ئۇ ئۆزى مۇشۇ شەرتلەرنى قويۇپ مەكتۇپ ئەۋەتكەن. بىز ئۇنىڭ ئاۋارىچىلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماقۇل بولغان، ــ دېدى سادىق بىلال.

ــ ئۇ ئىشىنەمدۇ؟ ــ دېدى غېرىب.

ــ ئىككى شەھەر، توققۇز تاغ، شۇنچە يايلاقنى بىر ئېغىز سۆزسىز بەرگەندىكىن ئىشىنىپ كەلگەن، ــ دېدى سادىق بىلال.

ــ ئەمدى ئۇنىڭ ئىشەنچى تەۋرىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بىز سېنى بەرمىگەندىن كېيىن سەگەكلىشىدۇ. نېمە چوتلارنى سوقىدۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ھېچبولمىسا، بىز ھېراتنى ئالغۇچە سەۋر قىلىشى مۇمكىن، ــ دېدى شەيخ جالالىدىن.

چاپارمەن چېدىرغا كىرىپ ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ، باش ئېگىپ سالام بېرىپ مەلۇم قىلدى:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇستاز، خەلپەم، غەزنەۋىلەر ئەلچىسى زەينىدىن بومىيانى كەلدى.

ــ ئۇ ساقلاپ تۇرسۇن، بىز ھازىر مۇھىم ئىش ئۈستىدە كېڭىشىۋاتىمىز، ــ دېدى شەيخ جالالىدىن.

ــ خوپ، ــ دېدى چاپارمەن.

شاھى ئاباسنىڭ زىياپەت زالى. سەنەم، مەلىكە بەرنا، نىگارئايىم، گۈلجامال، ئىلياسلار نەغمە ئاڭلاپ، ئۇسسۇل كۆرۈپ

ئولتۇراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ھەممىسى ئۇيقۇسى كەلگەندەك بولۇپ كەينى ـ كەينىدىن يىقىلدى.
راشىدىن ئەتتارى قاتارلىق ۋەزىر، ئەمىرلەرمۇ مۇگدەپ يىقىلىشقا باشلىدى. مۇسا خارەزىمى قولىدا مىس چەينەك كۆتۈرۈپ كىلىپ، پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ، چاكار ـ دىدەكلەرگە بەردى. ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ بىرىپ چايلارنى راشىدىن ئەتتارى قاتارلىق ۋەزىر، ئەمىرلەرگە ئىچۈردى، ئۇلار كەينى ـ كەينىدىن ئىسىگە كىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. راشىدىن ئەتتارى قول ئىشارىتى قىلدى. نۆكەرلەر كىرىپ سەنەم، بەرنا، نىگارئايىم، ئىلياس ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنى باغلاپ كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كەتتى.
ياندىكى ئاددىي زىياپەت زالىدا بەرنانىڭ نۆكەرلىرى خاتىرجەم ئولتۇرۇپ مۇسەللەس ئىچىشىپ، دۇم ـ دۇم ئويناۋاتاتتى. نىياز ئەلەم باشلىغان لەشكەرلەر تۇيۇقسىز كىرىپلا ئۇلارنى تۇتۇپ باغلاپ، ئاغزىلىرىغا لاتا تىقىپ، كۆزلىرىنى تىڭىپ ئاچىقىپ كەتتى.
سەنەم زىندان ئىچىدە پۇت ـ قولى زەنجىرلەنگەن، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالەتتە چوڭقۇر خىياللارغا بەند بولۇپ ئولتۇراتتى. كۆزلىرىدىن توختىماي ياش قۇيۇلاتتى، يەنە بىر زىنداندا پۇت ـ قولىغا زەنجىر ـ كىشەنلەر سېلىنغان مەلىكە بەرنا زىندان تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ تامغا يۆلىنىپ ئۆزىچە كۈلدى. يەنە بىر زىندان ئىچىدە نىگارئايىم تامغا يۆلىنىپ دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇراتتى، گۈلجامال بولسا ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ زىندان تۈڭلۈكىدىن ئاسمانغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئىلياس بولسا يەنە بىر ئايرىم زىندانغا سولانغان، قول ـ پۇتلىرىغا زەنجىر ـ كىشەنلەر سېلىنىپ، زىندان بۇلۇڭىدىكى تۆمۈر قوزۇققا باغلاپ قويۇلغانىدى. ئۇنىمۇ تۈگىمەس خىياللار ئىلكىگە ئالغانىدى.
سول قول ۋەزىر راشىدىن ئەتتارىنىڭ خانىسى. راشىدىن ئەتتارى، جارۇپ مەۋلەۋى، بويىنىدىكى تېڭىقنى ئالمىغان ئابلىز

شەيتانلار قوغۇن يېگەچ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. جارۇپ مەۋلەۋى دېدى:

— جانابىي ۋەزىرئەزەم، مەلىكە سەنەم قانداقلا بولمىسۇن شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۆمرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ناھايىتى تەستە ئېرىشكەن ئەتىۋارلىق قىزى. شۇڭا، ئۇ قېرىپ قالغىنى، چۆل ئاپتىپىنىڭ يامانلىقىغا قارىماي، ئۇنى ئىزدەپ يىراق قۇندۇز خانلىقىغا كەتتى. مەلىكە بەرنامۇ قۇندۇز خانى سەئىد ئەخمەتخاننىڭ ئەتىۋارلىق مەلىكىسى...

— ئۇنىڭ تەۋەيىمىزگە بىسوراق كىرىپ، خان لەشكەرلىرىنى رەسۋا قىلىپ، مەلىكە سەنەمنى ئازدۇرۇپ كەتكەنلىك جىنايىتى بار، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— ئۇ ئۆز گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن مەلىكە سەنەمنى يەنە ئۆز قولى بىلەن ئوردىمىزغا ئېلىپ كەپتۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا بۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلساق بولمايدۇ. بۇ ئىش قۇندۇز خانىنىڭ قۇلىقىغا يەتسە خانلىق ئىشلىرىغا ناھايىتى ئېغىر زىيان يېتىدۇ، — دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.

— ھەر ئىككى مەلىكە جەڭ ماھارىتىدە كامالەتكە يەتكەن. ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن مېنىڭ مۇشۇنداق قىلماي باشقا ئامالىم يوق. مەن ئۇلارنى ئەتىۋارلىق مېھمان سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرسام شاھ ئالىيلىرى كەلگۈچە ئوردىنى ھەم پۈتۈن خانلىقنى مالىمان قىلىپ، ئىشلارنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. خانلىقنىڭ تىزگىنىنى شاھ ئالىيلىرى ماڭا تاپشۇرغانىكەن، ئالىيلىرى كەلگۈچە مەن بۇ ئامانەتنى تىنچ ـ ئامان ساقلاپ خان ئالىيلىرىغا چىرايلىق ئۆتكۈزۈپ بەرمىسەم، خان ئالدىدا ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىمەن، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— مەلىكە سەنەم ... — جارۇپ مەۋلەۋى ئەمدى گەپ باشلىشىغا، راشىدىن ئەتتارى گەپنى بۆلدى:

— ئەلنى ئىدارە قىلىپ، دۆلەتنى تىنچ ئامان ساقلاشنى خان مەلىكە ئالىيلىرىغا ئەمەس، ماڭا تاپشۇرغان. بۇ توغرۇلۇق ئارتۇق

گەپ قىلمىغايلا. ئۇلارنى سەل بوش قويۇۋەتسەم، خان ئالىيلىرى تۇتۇپ تۇرالمىغان مەلىكىنى مەن تۇتۇپ تۇرالامدىم؟ مەن ئۇنى مۇشۇ ھالەتتە تۇتۇپ تۇرۇپ خان ئالىيلىرى قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا ئامان ـ ئېسەن ئۆتكۈزۈپ بەرسەم، ئاندىن ئۇھ دەپ ھاردۇقۇم چىقىدۇ. ئۇ چاغدا خان مېنى گۇناھكار دەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلامدۇ ياكى ئەمىلىمدىن قالدۇرامدۇ ۋە ياكى قىلغان ئىشىمنى توغرا تاپامدۇ، خان ئۆزى ھۆكۈم قىلسۇن. شۇڭا، بۇ ئىشتا ماڭا ئىش ئۆگەتكۈچى بولمىغايلا.

— بوپتۇ، بۇ ئىشقۇ سىلى دېگەندەك بولسۇنمۇ دەيلى. ئەمما، قۇندۇز مەلىكىسىنى زىندانغا تاشلاشقا قانداق پېتىندىلا؟ شاھ ئالىيلىرى قۇندۇز خانلىقىدا تۇرسا، بۇ ئىش تاسادىپىي قۇندۇز خانىنىڭ قۇلىقىغا يەتسە شاھ ئالىيلىرىمۇ مۇشۇ كۈنگە قالسۇنمۇ ئەمدى؟ — دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.

— بۇ ئىنتايىن مەخپىي قىلىنغان ئىش. بۇ ئىش قانداقمۇ قۇندۇز خانىنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ؟ — دېدى راشىدىن ئەتتارى تەئەددى بىلەن.

— قۇندۇزنىڭ مىڭلاپ كۆز ـ قۇلاقلىرى ئوردابالىقتا تىمىسقىلاپ يۈرۈشىدۇ. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ قالسىلا، ئادەم ئويلاشتىن قورقىدىغان بالايىبەتتەر تېرىلىدۇ. سىلى شاھ ئالىيلىرىنىڭ ھاياتى ۋە خاندانلىقنىڭ ماماتى بىلەن ئوينىشىۋاتىدىلا. نادان باللاردەك ئىش قىلىۋاتىدىلا. غەزنەۋىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقىنىمىز يەتمىگەندەك، قۇندۇزلۇقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش خەۋپىنى تېرىۋاتىدىلا، — دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.

— ئەگەر ئوردا ئىچىدىكى بۇ مەخپىيەتلىك سىرتقا چىقىپ كېتىپ، مەن ئەۋەتكەن چاپارمەندىن بۇرۇن قۇندۇز خانىغا يېتىدىغان بولسا، مەن ئاۋۋال ئوردىدىكى بېشى ئاسمانغا تاقىشىدىغان ئادەمدىن تارتىپ، ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنىڭ ھەرقاندىقىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىمەن، ئاندىن بېشىمغا كەلگەننى كۆرىمەن، — دېدى راشىدىن ئەتتارى تەھدىت قىلىپ.

سورۇندىكى ھەممىسىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

قۇندۇز شاھىنىڭ چاھارىبېغى. ھەشەمەتلىك راۋاقتا سەئىد ئەخمەتخان بىلەن شاھى ئاباس پەي ياستۇققا يانپاشلاپ يېتىپ چىلىم تارتقاچ نەغمىچىلەرنىڭ نەغمىسىنى ئاڭلاپ، ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرمەكتە ئىدى.

باغدا ئېچىلدى بىر تۈپ قىزىلگۈل،
سايرىدى شاختا مەستانە بۇلبۇل.
باغدا قىزىلگۈل، ھەر جايدا بولماس،
ھەر جايدا بولسا، سېنىڭچە بولماس.

مەن سېنى كۆرۈپ ھەيرانە بولدۇم،
ئەقلى ـ ھوشۇمدىن بېگانە بولدۇم.
ھەيرانە قىلغان ئايدەك يۈزۈڭدۇر،
مەستانە قىلغان شېرىن سۆزۈڭدۇر.

شۇ چاغدا شاھى ئاباسنىڭ خاس نۆكىرى كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. نەغمە ـ ناۋاغا مەستانە بولغان شاھى ئاباس يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىنى لەپپىدە ئېچىپ ئىزىدا خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى.

— قانداق؟ يېڭى خەۋەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى سەئىد ئەخمەتخان.

— راستىنىلا بىر جۈپ مەلىكە بىزنىڭ ئوردابالىققا ساق ـ سالامەت يېتىپ بېرىپتۇ. جانابىي شاھى جاھان، ئىجازەت قىلسىلا، مەن ھازىرلا سەپەرگە چىقمىسام بولمىغۇدەك، — دېدى شاھى ئاباس.

— نېمىگە ئالدىرايلا، ئامان ـ ئېسەن بولغاندىكىن بۇ يەردە بىرقانچە زامان تۇرسىلا، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.

# ئوتتۇزىنچى باب

شەيخ جالالىددىن ئۆز چېدىرىدا غېرىب بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى.

— ئۇستازىم، مەن كېچىدىن يامان چۈش كۆرۈپ قالدىم ...

شۇ گەپ ئۈستىگە سادىق بىلال بىلەن سەپەر باي ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۇستازىم. غەزنەۋىلەر قوشۇنى ھېرات شەھىرىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ھازىر شەھىرى ھېراتنىڭ ھاكىمى غىياسىددىن بەكرى بىلەن شەيخۇلئىسلام مەۋلانا سەيپىددىن شەمسى ۋە ھېراتنىڭ مۆتىۋەرلىرى شەھەر دەرۋازىسىنى يوغان ئېچىپ خەندەك كۆۋرۈكىنى چۈشۈرۈپ، شەھەرنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى ئالتۇن پەتنۇسقا سېلىپ دەريا بويىدا ئۆزلىرىنى كۈتۈۋاتىدۇ، — دېدى سادىق بىلال.

بۇنى ئاڭلىغان شەيخ جالالىددىن ئورنىدىن دەس تۇردى:

— يا تەۋەككۇل، بىسمىللا، دەپ شەھىرى ھېراتقا كىرەيلى.

— مەن ئانام، سەنەم، ئىلياسلاردىن ئەنسىرەپ قالدىم، ماڭا ئىجازەت بەرسىلە ئۇستازىم. مەن ئۇلارنى ئېلىپ ئالدىلىرىغا خىزمەتكە كېلەي، — دېدى غېرىب.

— شەھىرى ھېراتقا كىرگەندىن كېيىن با مەسلىھەت ئىش قىلايلى، غېرىب، — دېدى سادىق بىلال.

— بوپتۇ، يول بولسۇن ئوغلۇم، ئاللاھ بىزنى شەھىرى ھېراتتا جەم بولۇشقا نېسىپ قىلغاي، ئامىن، — دېدى شەيخ جالالىددىن يول بېرىپ.

ھەممىسى پاتىھەگە قول كۆتۈردى.

شەيخ جالالىددىننىڭ چېدىرى ئالدىدا غېرىب شەيخ جالالىددىن،

سادىق بىلال، سەپەربايلار بىلەن بىرمۇبىر قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى ـ دە، ئېتىغا مىندى.

ـــ ئۇبدان چەۋەنداز دىن بىرقانچىنى ھەمراھ قىلىۋالامسەن؟ ـــ دېدى سادىق بىلال.

ـــ ياق، مېنىڭ ئىشىمغا كۆپ ئادەم كەتمەيدۇ. بۇ يەردىكى ئىشقا ئادەم قانچە كۆپ بولسىمۇ جىقلىق قىلمايدۇ.

غېرىب شۇنداق دەپ ئاتنى چاپتۇرۇپ كەتتى. شەيخ جالالىدىن باشلىق سەردارلارمۇ ئاتلىرىغا مىنىپ تاغدىن دەريا بويىغا قاراپ ئاتلاندى، توپ ـ توپ ئاتلىق لەشكەرلەر ئۇلارغا ئەگەشتى.

شەھىرى قۇندۇزنىڭ سىپىل دەرۋازىسى سىرتىدىكى يولغا پاياندازلار سېلىنغان، ناغرا ـ سۇنايلار چېلىنىپ، قىز ـ يىگىتلەر پاياندازنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى. خالايىقلار ھېيت ـ بايراملىق كىيىملەرنى كىيىشىپ، قىستىلىشىپ تەنتەنە قىلىشماقتا ئىدى. شاھى ئاbباسنىڭ سەپەر كارۋىنى يولغا چىقتى، شاھى ئاbباس بىلەن سەئىد ئەخمەتخان ئاتلىق ياندىشىپ مېڭىشتى. ئارقىسىدىن ھەر قايسىسىنىڭ ئەمىر ـ نۆكەرلىرى ماڭدى.

ـــ كەمىنىلىرى ئالىيلىرىنىڭ كاتتا ھۆرمەت ـ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ خۇشاللىقتىن بېشىم كۆككە يەتتى، ـــ دېدى شاھى ئاbباس.

ـــ ئۆمۈرلىرىدە بىزنىڭ نامىرات ھەم كىچىك ئېلىمىزغا ئاتايىن قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىدا لايىقلىرىدا خىزمەتلىرىدە بولارمىز دېسەك، كالتا پەم، كەم ئەقىللىقىمىزدىن لايىقلىرىدا ئالدىلىرىغا چىقالماي دىللىرىنى چىگىپ قويدۇقمۇ؟ تۇزۇك تۇرماي قايتىنىلا، كېلىشلىرىدىن كېتىشلىرى تېز بولۇپ كەتتى، ـــ دېدى سەئىد ئەخمەتخان.

ـــ ئۇنداق دەپ كەمىنىلىرىنى خىجىل قىلمىغايلا، ناھايىتىمۇ كاتتا كۈتتىلە، كۆپ جوۋىدىلا. بىر مەزگىل يانلىرىدا تۇرۇپ تەلىم ئېلىپ بىللە شىكار قىلىپ، كۆڭۈل سىرلىرىمىزنى

تۆكـۈشەرمىز دېگەن نىيـەتتە ئـىدىم. بىر تـەرەپتىن، بـالا دەردى بىزنى ۋەسۋەسىدىن تىنچىتمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شەھىرى ھېرات تەرەپتە غەزنـەۋىـلەر بىلـەن بولۇۋاتـقان ئۇرۇش بىـزنـى خاتىرجەم قىلمىدى. ئەگەر خالىسىلا قوتلۇق كۆنلـەردىن بىرىدە خانىدانىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلسىلا، خۇشاللىقتا بېشىم كۆككە يېتىپ، بىزنىڭ تاغ ـ يايلاقلاردا بىللە شىكار قىلىپ سىرداشساق دېگەن ئۈمىدىم بار، ــ دېدى شاھى ئاباس.

ــ ئـالـلا تېنـىمنى ئـامـان قىلسا، ئـاخـىرقى ئۆمـرۈمـدە ۋەتىنىمنىڭ تۇپرىقىنى يۈز ـ كۆزۈمگە بىر سۈرتۈپ، ھاۋاسىدىن قانغۇچە سۈمۈرۈپ كېلىش ئىستىكىم بار. ئاتا ـ بوۋامنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ بىر قېتىم خەتمىقۇرئان ئوقۇپ قايتىش ئاخىرقى نىيىتىمدۇر، ــ دېدى سەئىد ئەخمەتخان.

ــ بىز تەقەززالىق بىلەن يوللىرىغا قارايمىز.

شاھى ئـاباس شۇلارنى دەۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئـارقىسىدىن كېلىۋاتقان سەئىد ئـەخمەتخـاننىڭ ئـوڭ قول ۋەزىرى قـادىر سالىھخاننىڭ يېنىغا بىر چاپارمەن كېلىپ پىچىرلىدى. قادىر سالىھخاننىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ، دەرھال سەئىد ئەخمەتخاننىڭ يېنىغا ياندىشىپ بېرىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، چەكسىز تەبەسسۇم بىلەن مۇلايىم ياندىشىپ كېتىۋاتقان سەئىد ئەخمەتخاننىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئۆچۈپ جىددىي تۈسكە كىردى. ئۇ قادىر سالىھخاننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا:

ــ بۇ راستمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، راست، ــ دېدى قادىر سالىھخان.

ــ بىرەر مۆھىم ئىش يۈز بېرىپتىمۇ، ئالىيلىرى؟

شاھى ئاباسنىڭ چىرايىمۇ جىددىي تۈس ئېلىپ سورىدى ۋە لەشكىرىي سەركەردىسى ئامىر سەئىدكە قارىدى. ئامىر سەئىدمۇ شۇئان نۆكەرلىرىگە تىكىلدى، نۆكەرلەرمۇ جىددىيلىشىپ

قوللىرىنى قىلىچلىرىنىڭ سېپىگە ئاپاردى.
سەئىد ئەخمەتخان زورىغا قوروق يۆتىلىپ:
— ياق ... ياق ... ئانچىمۇ مۇھىم ئىش ئەمەس، ئانچىكى بىر ئىش، — دېدى.
شاھى ئابباس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.
— كەچۈرگەيلا ئالىيلىرى، ئەسلىدە مەن سىلىنى ئۈچ كۈنلۈك يولغىچە ئۇزىتىپ بېرىش نىيىتىدە سىلى بىلەن بىللە ماڭغان. ئەمما، ئاشۇ كىچىككىنە بىر ئىش مېنى ئوردىغا تارتىپ، پۇتۇمغا تاش ئېسىپ قويغاندەك باغلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن شۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلمىسام بولمىغۇدەك. شۇڭا، مەن سىلىنى ئۇزىتىپ بارالمىسام بىئەدەپلىك بولارمۇ؟ — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.
— ھېلىمۇ كۆپ كايىپ كەتتىلە، بولدى رەھمەت، يېتەر، ئەمدى ئۆز ھەلەكچىلىكلىرىدە بولغايلا، — دېدى شاھى ئابباس.
— ئەمىسە كەمىنىلىرىنىڭ بىئەدەپلىكىنى ئەپۇ قىلغايلا، خۇداغا ئامانەت، ئاقىۋەللىق بولغايلا، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.
— خوش، خۇداغا ئامانەت، ئۆزلىرىمۇ ئامان بولغايلا، — دېدى شاھى ئاببا.
سەئىد ئەخمەتخان قېلىپ، شاھى ئابباسلار يۈرۈپ كەتتى. غەزەپتىن گاڭگىراپ قالغان قادىر سالىھخان جىددىي تۇستە پەس ئاۋازدا سەئىد ئەخمەتخانغا دېدى:
— ئالىيلىرى، قول سالايلى، شاھى ئاببا سنى نېمىدەپ قويۇۋېتىمىز؟ ئۇلارنىڭ ئادەملىرى مەلىكە بەرنانى نەزەربەند قىلغاندىكىن، بىزمۇ ئۇلارنىڭ شاھىنى تۇتۇپ تۇرماي، نېمىدەپ قويۇۋېتىمىز؟
— يەڭگىلتەكلىك قىلمايلى. ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ، ئىش كۆرسەكمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.
— شاھى ئاببا خاندىن ئەندىشە قىلغان قاراخانىيلار نىياز ئەلەمنى زور قوشۇن بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ، بىزمۇ

ئۇلارغا ... — دېدى قادىر سالىھخان.
— ياق، ياق، يېڭىكلىك بىلەن ئىش قىلىشقا بولمايدۇ. پەممچە، مەلىكە بەرنانى نەزەربەند قىلغان شاھى ئابباس ئەمەس، ئۇنىڭ تەنتەك ۋەزىرى راشىدىن. بىز شاھى ئاببىاسنى چىرايلىق كۆتۈپ، چىرايلىق ئۇزاتتۇق. ئۇ تىنچ - ئامان ئۆردىسىغا بارسا، ئەھۋال ئۆزگىرىدۇ. ئۇ بىزنىڭ مەلىكىگە ھەم بىزگە يامان غەرەزدە ئەمەس، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.
— ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە ئالىيلىرى، شاھى ئاببىاس بىقارار، تۇراقسىزلىقى بىلەن داڭ چىقارغان، — دېدى قادىر سالىھخان.
— ياق ... ياق ... بىز ئالدىراقسان بولمايلى. سەۋر قىلساق غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.
ھېرات شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى دەريا بويى. شەيخ جالالىدىن باشلىغان ئاتلىق قوشۇن سۇر - ھەيۋە بىلەن دەريانىڭ ياغاچ كۆۋرۈكىنىڭ بويىغا كەلدى. كۆۋرۈك بېشىدا شەھىرى ھېراتنىڭ ھاكىمى غىياسىدىن بەكرى، شەيخۇلئىسلامى سەيپىدىن شەمسى ھەم ئەمىر - ئۆمەرا، قازى - قۇززات باشلىق مۆتىۋەرلەر ھازىر بولدى. ئۇلارغا ئەگەشكەن شەھەرنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاق پۇقرالىرى دەريا قىرغىقىدا ناغرا - سۇناي چېلىپ، قىمىز - يەگىتلەر بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ ئۇسسۇل ئويناشتى. غىياسىدىن بەكرى باشلىق جامائەت ئوڭ قوللىرىنى سول كۆكسىگە قويۇشۇپ شەيخ جالالىدىنغا سالام بەردى:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شانۇ شەۋكەتلىك مۆھتەرەم سەردار شەيخ جالالىدىن باشلىق بارلىق ئەزىز ۋەتەنداشلار، شەھىرى ھېرات پۇقرالىرىدىن دۇئايى سالام.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، شەھىرى ھېراتنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاق، دانىشمەن پۇقرالىرى، — دەپ سالام قايتۇردى شەيخ جالالىدىن.
غىياسىدىن بەكرى ئالتۇن پەتنۇسقا سېلىنغان ئالتۇن

ئاچقۇچىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئېگىلىپ تۇرۇپ، ئات ئۈستىدە تەمكىن ئولتۇرغان شەيخ جالالىدىننىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ دېدى:

— ھۆرمەتلىك سەردار، شەھىرى ھىراتنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، شەھەرگە مۇبارەك قەدەملىرىنى بېسىپ، ئۇنى ئۆز تەسەررۇپلىرىغا ئېلىپ، پۇقرايى جاھاننىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزغايلا.

— ئەتە ئاللا خالىسا ئۇلۇغ جۇمە كۇنىدۇر. بىز تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن كۇنلەر كەلدى. ئەتە جۇمە قۇتبىسىنى سۇلتانىمىز شاھى ئاتباس ئالىيلىرىنىڭ نامىغا ئوقۇيمىز، — دېدى سەيپىدىن شەمسى.

— شەيخۇلئىسلام ھەزرەتلىرى، بىز قۇتبىنى ھەزرىتى شەيخ جالالىدىن ھەزرەتلىرىنىڭ نامىغا ئوقۇشلىرىنى خالايمىز، — دېدى سادىق بىلال.

— ياق، خەپشۇك، مەۋلانا سەيپىدىن شەمسى جانابلىرىنىڭ ئارزۇسى بەرھەق، ئېلىمىزنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۇمرانى شاھى ئاتباستۇر. كىم شەھەرنى ئالسا قۇتبى شۇنىڭ نامىغا ئوقۇلسا ئەلدە بىرلىك بولمايدۇ. شەيخۇلئىسلام مەۋلانا سەيپىدىن شەمسى ھەزرىتىم، ئۆزلىرى دېگەن بويىچە ئىش قىلغايلا.

شەيخ جالالىدىن شۇنداق دەپ ئالتۇن پەتنۇستىكى ئالتۇن زەنجىرلىك ئالتۇن ئاچقۇچنى بويىنىغا ئاستى. شۇئان دەريا بويىدىكى خالايىق چۇقان كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلىشتى. شەيخ جالالىدىننىڭ كەينىدىكى ئاتلىق لەشكەرلەرمۇ قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، تەنتەنە قىلىشتى. شەيخ جالالىدىن باشلىق قوشۇن چۇقان ـ سۈرەن توۋلىغىنىچە ھەيۋەت بىلەن دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، شەھەر دەرۋازىسىدىن كىردى.

شاۋاز، ئابدۇللا شاتىرى، سىدىق بەگ قارلۇق، زەينىدىن بومىيانلار بوك ـ باراقسان قارىغايلىق تاغ چوققىسىدا ئات ئۈستىدە يىراقتىن يۇقىرىقى مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇردى.

— ھازىر قوشۇنغلار شەھىرى تەبىرىزدە تۇرۇۋاتامدۇ؟ — سورىدى شاۋاز زەينىددىن بومىيانىغا قاراپ.

— شۇنداق ۋەزىرئەزەم، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— ئۇنداق بولسا ئىشلار دېيىشكىنىمىز بويىچە بولسۇن. سىلى دەرھال قايتىپ ئىشلارنى شۇنداق روياپگەردى قىلغايلا، — دېدى شاۋاز.

— خوپ، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

قارىغايلىق تاغ ئارىسىغا ساناقسىز لەشكەرلەرنىڭ چېدىرى قۇرۇلغانىدى. ئوتتۇرىغا قۇرۇلغان ھەيۋەتلىك چېدىردا شاۋاز ساپال چىراغ يورۇقىدا يوغان كىتابنى بېرىلىپ ئوقۇماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا چېدىرغا سىدىق بەگ قارلۇق كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەزىرئەزەم. بىمەھەل كىرىپ، بىزەۋەتە قىلغىنىم ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن ئەپۇ سورايمەن.

— قارىسام، يېقىنىمىغىياقى دېيىشكە تېگىشلىك بىرەر گەپلىرى باردەك، لېكىن ئېغىزلىرىدىن ھېچ چىقىرالمايۋاتقاندەك كۆرۈنگەنتىلە. دېسىلە، نېمە گەپلىرى باركىن؟ — دېدى شاۋاز.

— جانابىي ۋەزىرئەزەم، مېنىڭچە، غەزنەۋىلەر بىلەن بىرلىشىپ شەھىرى ھېراتقا ھۇجۇم قىلىپ قاراقچىلارنى يوقىتىش چارىمىز تازا ئاقىل بولمىدىمىكىن دەيمەن، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

— ھە سۆزلىسىلە، قەيېرى ئاقىل بولمىدى؟ — دېدى شاۋاز.

— تاغ قاراقچىلىرى مىڭ قىلغان بىلەن ئۆز، غەزنەۋىلەر مىڭ قىلغان بىلەن دۈشمەن. قاراقچىلار قان كېچىپ جەڭ قىلىپ شەھىرى قارشى، شەھىرى بەلخنى پەتھى قىلىپ، بىزگە تاپشۇرۇپ بەردى. مانا، ئەمدىلىكتە ئوخشاشلا شەھىرى ھېراتنىمۇ بېرىدۇ. غەزنەۋىلەر بولسا يات دۈشمەن. ئۇلار بىز بىلەن بىرلىشىپ قاراقچىلارنى يوقاتقاندىن كېيىن، شەھىرى ھېراتنى قايتا ئىگىلەپ، شەھىرى بەلخ، شەھىرى قارشىنى بىزدىن تارتىۋېلىشقا ئاتلىنىدۇ، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

— ياق ... ياق ... ئۇلار ئەسلىدە قورقۇنچلۇق سۆلەت نېمىلەر ئىكەن. ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارغا قوشنا ئەللەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قىستاپ، دېمىنى ئالغۇدەك پۇرسەتمۇ بەرمەيۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمدى بىز بىلەن تۇتۇشقۇدەك ھالى يوق. ئەمما، قاراقچىلارنىڭ ئەلپازى يامان. ئۈچ شەھەرنى ئېلىپ خورىكى ئۆسۈپ، بېشى كۆككە تاقاشقۇدەك بولۇپ كەتتى. ئەمدى مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇلارنى يىغىشتۇرمىساق، بېشىمىزغا چىقىدىغان دۈشمەن غەزنەۋىلەر ئەمەس، مۇشۇ قاراقچىلار بولىدۇ، — دېدى شاۋاز.

— غەزنەۋىلەرنىڭ ھالى خاراب بولسا، ئەمىسە نېمىدەپ بىز بىلەن شەھىرى ھېراتقا قايتا ئۇرۇشقا كىرىدۇ؟ — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

— ئارىمىزدا كېلىشىم بار. بىز شەھىرى ھېراتنى ئالغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئەللىك يىلغىچە ئۇرۇش - جېدەل قىلىشماسلىققا، ئۇلارنىڭ سالجۇقىيلارغا قارشى ئۇرۇشىغا يىلدا تۈمەن تۇياق ئېسىل ئات ياردەم بېرىشكە كېلىشتۇق، ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇشقا كىرىدۇ، — دېدى شاۋاز.

— ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ ۋەزىرئەزەم، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

— ئەمىسە قاراقچىلارغا ئىشىنەمدۇق؟ ئالايلۇق، ئۇلار شەھىرى ھېراتنى بىزگە بەرسە ئۆزلىرى نەگە بارىدۇ؟ — دېدى شاۋاز.

— ئۇلار تارقىلىپ كېتىدىغان بولدى، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

— ياق، ياق، گۆدەكلىك قىلمىسىلا. ياشلىرى خېلى بىر يەرگە بارغان بىلەن نادان ئىكەنلا. ئۇلار ھەرگىز ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ غېرىبىنى بىزگە بەرمىگىنى ھەممىنى تاۋاقتىكى ئاشتەك كۆزىمىزگە كۆرسەتتى، — دېدى شاۋاز.

— غېرىبىنى بەرمىگەن بىلەن شەھىرى ھېراتنى بېرىدۇ، —

دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.
— ئۇلار شەھىرى ھېراتنى بىزگە بەرسە غېرىبنى ئېلىپ نەگە بارىدۇ، نەگە باش تىقىدۇ؟ كېسىپ ئېيتىمەنكى، شەھىرى ھېراتنى ئۇلار ئەمدى بىزگە بەرمەيدۇ.
— سىناپ باقايلى. ئۇلار بەرمىسە، شۇنىڭغا بېقىپ ئىش تۇتساقمۇ كېچىكمەيمىز.
— ماقۇل، سىلى بېرىپ باقسىلا، مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ راستلىقىغا شۇ چاغدا ئىشىنىدىلا.
— ئەگەر بېرىپ قالسىچۇ؟ — سورىدى سىدىق بەگ قارلۇق.
— ئۇلار شەھەرنى بەرگەن تەقدىردىمۇ مەن ئۇلارنى قوغلاپ يۈرۈپ، سۈر - توقاي قىلىپ يوقاتمىغۇچە تىنىم تاپمايمەن. بولۇپمۇ تۈزكور جالالىدىننى يوقاتمىغۇچە جەڭ تونۇمنى سالمايمەن، — دېدى شاۋاز قەتئىيلىك بىلەن.
— ئۇلار قورال تاشلىسىمۇ شۇنداق قىلامىلا ھەزرىتىم؟ — يەنە سورىدى سىدىق بەگ قارلۇق.
— بولدى بەس، ھەممە ئىشنىڭ ھېسابى بار. دۇنيادا ھېساباتى يوق نەرسە يوق. ھە دەپ قويسا ئەزۋەيلەۋېرىدىكەنلا! — دەپ چېچىلدى شاۋاز.
ئوردابالىق، شاھ ئوردىسى. زىندانغا سولانغان سەنەمنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن نازۇ نېمەتلەر قويۇلغان بولسىمۇ ئۇ ھېچقايسىسىغا نەزەر كۆزىنى سېلىپمۇ قويمىدى. نازۇ نېمەتلەر تىزىلغان پېتى تۇرۇۋەردى. سەنەم ھېچكىمگە گەپ قىلماستىن تەتۇر قارىۋالدى. شۇ ئارىدا زىندانغا سول قول ۋەزىر راشىدىن ئەتتارى كىرىپ كەلدى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەلىكە ئالىيلىرى. پېقىر يۈزسىزلىك بىلەن قىلغان قوپاللىقىم ئۈچۈن ئۆزرىلىكمەن. پادىشاھ ئالىيلىرى كەلگەندىن كېيىن مەن ئۆزلىرىنى شاھى جاھانغا تاپشۇرسام زىندانغا سالامىلا ياكى كاللامنى ئالامىلا، قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ ئەلھۆكمىلىللا دەپ قول باغلاپ تۇرىمەن.

— هۇ تۇزكور ئىپلاس، مۇناپىق ! سەن قايسى يۈزۈڭ، قايسى شەقىقە تىلىڭ بىلەن ماڭا گەپ قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى سەنەم.

— هەر قانچە تىللىسىلىمۇ مەن سەۋر - تاقەت بىلەن ئاڭلاشقا رازى. دەردلىرى چىققۇچە، ئىچىلىرى بوشىغۇچە تىللىۋالسىلا.ئەمما، بىر كۈنى مېنى چۈشىنىپ قالىلا، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— سەن بىر غالچا، سەن پەسەندە ئىتنى چۈشىنىپ نېمە قىلاي؟ ! خەپ سېنى، توغراپ قىيما قىلىپ قاغا - قۇزغۇنلارغا تاشلاپ بەرمەيدىغان بولسام، — دېدى سەنەم.

— ئۆزلىرىنى شاھ ئالىيلىرىغا ساق - سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن مېنى نېمە قىلسىلا مەن رازى.

— مەن ساڭا ئۆلۈپ بېرىمەن، — دېدى سەنەم.

— نادانلىق قىلمىسىلا، مەلىكە ئالىيلىرى، غېرىب هازىر قولىمىزدا. شاھ ئالىيلىرىدىن چاپارمەن كەلدى، شاھ ئالىيلىرى يولدا كېلىۋېتىپتۇ، ئۇ يېتىپ كەلگەن هامان ئىككىڭلارنىڭ كاتتا توينى قىلىپ مۇرات - مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزمەكچى، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

سەنەم لاپ قىلىپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، راشىدىن ئەتتارىغا گۇمانىي نەزەر بىلەن قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سېنىڭ يالغان - ياۋىداق گەپلىرىڭگە كىم ئىشىنىدۇ؟ سېنىڭ هىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىقتا شاۋازدىن قېلىشمايدىغان ئەپت - بەشىرەڭ ئاشكارىلاندى، — دېدى سەنەم.

— ئۆزلىرى ۋە قۇندۇز مەلىكىسىنى تۇتۇش مېنىڭ ئىرادەم ئەمەس، بەلكى شاھ ئالىيلىرىنىڭ يولىيورۇقى. سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا مەن بولغان بولسام ئۆزۈم ئۇچۇن ئەمەس، مېنىڭ ئۇچۇن جىق پىداكارلىق كۆرسەتكەن قۇندۇز مەلىكىسى بەرنا ئۇچۇن گەپ قىلاتتىم، ئەمما ئۆزلىرى بولسىلا ئۆزلىرىنىڭلا غېمىدە قالدىلا، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— ساڭا گەپ قىلىدىغان تىلىم، ئاغزىم يوق. يۈزى قېلىنلىقتا دۇنيادا تەڭدىشى يوق مەخلۇق ئىكەنسەن، — دېدى سەنەم.
— سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا مەن بولسام، مەلىكە بەرنانى زىنداندىن ئازاد قىلىپ، ئۇنىڭغا چىرايلىق ئۆزرىخاھلىق قىلىپ يولغا سېلىپ قويي دەيتتىم، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.
— ياخشىچاق بولۇپ، ئاغزىمغا ئېمىزگۇ سالىمەن دېمە، — دېدى سەنەم.
— ئەمىسە ئۇنى بىھۇدە، ئۇزاق ۋاقىت پىت ـ بۈرگىگە يەم قىلماقچىمۇ؟ — دېدى راشىدىن ئەتتارى.
— مەن دېسەم، سەن راستىنلا ئۇنى زىنداندىن ئازاد قىلىپ چىرايلىق ئۇزىتىپ قويامسەن؟ — دېدى سەنەم.
— ئەلۋەتتە، بۇ شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئىرادىسى.
— ئەمىسە شۇنداق قىل.
— بۇنىڭ بىر شەرتى بار، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.
— نېمە شەرت؟
— ئۆزلىرى قېيداپ ئولتۇرۇۋالمايلا، تاماق يەيلا. مەن سىلىنى يورۇق، ئازادە ئۆيگە قامايمەن. شۇ يەردە شاھ ئالىيلىرى كەلگۈچە خاپا قىلماي جىم تۇرىلا، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.
— بوپتۇ، بىز كېلىشكەن بولايلى، ئەمما سەن نىگارئايىم ئانام بىلەن قىزىنى، ئىلياسنى زىنداندىن بوشىتىۋېتىسەن.
— ئۆزلىرى دېگەندەك مەن شاھ ئالىيلىرىنىڭ سادىق مۇلازىمى. قولۇمدىن كېلىدىغان، شاھ ئالىيلىرى قىل دېگەن ئىشنى قىلالايمەن. نىگارئايىم بىلەن قىزىنى سىلىنىڭ يانلىرىغا ئاچىقالايمەن. ئىلياس بىلەن غېرىبقا قۇربىم يەتمەيدۇ. ئۇلارنى شاھ ئالىيلىرى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.
— بوپتۇ سادىق غالچا، سەن قولۇڭدىن كەلگەننى قىل ! — دېدى سەنەم.

مەلىكە بەرنا ۋە ئۇنىڭ بىر توپ نۆكەرلىرى ئورداباغلىقنىڭ سىپىل دەرۋازىسىدىن ئاتلىرىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ چىقىپ كەتتى. راشىدىن ئەتتارى باشلىق ۋەزىر - ئەمىرلەر كەينىدىن پىيادە چىقىپ ئۇزىتىشتى. خېلى ئارىلىق ئۇزىغاندىن كېيىن مەلىكە بەرنا تېز چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئاتنى قاڭقىرتتى. تېز چېپىۋاتقان ئات قاتتىق كىشنەپ ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ توختىدى. مەلىكە بەرنا قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى - دە، يىراقتا دۇئا قىلىۋاتقان راشىدىن ئەتتارىغا تەڭلەپ، قىلىچىنىڭ دەستىسىگە سۆيدى، بۇنى كۆرگەن راشىدىن ئەتتارى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى. مەلىكە بەرنا قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ، يەنە ئېتىنى ئۆز يولىغا بۇراپ قۇيۇندەك چاپتۇردى.

ھېراتنىڭ چېتىدىكى شاۋازنىڭ چېدىرى. شاۋاز پەي ياستۇققا يۆلىنىپ ئوڭدا يېتىپ چىلىم تارتىپ خىيال سۇرمەكتە ئىدى. شۇ ئارىدا مۇلازىم كىرىپ تەزىم قىلىپ:

— ۋەزىرئەزەم، ئابدۇللا باشبۇغ بېگىم جىددىي ئىش بىلەن كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ئۇ دەيۈزنى كۆرە كۆزۈم يوق، كىرمىسۇن، — دېدى شاۋاز.

— تولىمۇ جىددىي ئىش ئىكەن، ئاتام خەۋەر تاپمىسا بولمايدۇ دەيدۇ، — دېدى مۇلازىم.

شاۋاز كۆزىنى يۇمۇپ بىردەم جىم ياتقاندىن كېيىن:

— بوپتۇ، كىرسە كىرسۇن، — دېدى.

— خوش، ئالىيلىرى.

مۇلازىم تەزىم قىلىپ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي ئابدۇللا شاتىرى خۇشامەت بىلەن ھىجىيىپ، ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە قويۇپ كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەزىرئەزەم ئاتا.

شاۋاز جاۋابمۇ بەرمەستىن، كۆزىنىمۇ ئاچماستىن پەرۋاسىز

يېتىشۋەردى.

— مەن تولىمۇ مۇھىم، بىر مەخپىي ئۇچۇرغا ئېرىشتىم ئاتا، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

شاۋاز يەنە ئۇندىمەستىن ياتتى. ئابدۇللا شاتىرى بىردەم ئوڭايسىز قول باغلاپ تۇرۇپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۈگۈن تۆزكور تاغلىقلار غېرىب دېگەن ئاسىي مۇناپىقنى قاچۇرۇۋېتىپتۇ.

شاۋاز لاپپىدە كۆزىنى ئېچىپ، شاققىدە ئورنىدا ئولتۇرۇپ سورىدى:

— سەن قانداق بىلدىڭ؟

ئابدۇللا شاتىرى سەل جانلىنىپ دېدى:

— ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پايلاقچىلىرىمىزدىن مەلۇمات كەلدى.

— نەگە قېچىپتۇ؟ — سورىدى شاۋاز.

— ئۇنىڭ نىشانى ئوردابالىق تەرەپ ئوخشايدۇ، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— باشقا ئادەملەر بارمىكەن؟ — سورىدى شاۋاز.

— يالغۇز تىغ جېنىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— ئەمدى قالتىس يانپاشقا چىقىپتۇ، ئۇ ئاسانلا قولىمىزغا چۈشىدىغان بولدى، — دېدى شاۋاز.

— ئۆزۈم يولغا چىقىپ بولۇپ، ھەر ھالدا سىلىنىڭ سەمىلىرىگە سېلىپ بىر ئىش قىلاي دەپ توختاپ قالدىم، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— ماڭغان بولساڭ يەنە پايپاققا پوق ئۇسسۇيتتۇڭ، ئوبدان قىپسەن. سەن بىلەن بىزنىڭ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنى پايلاپ يۈرمىگىنىمىز تۈزۈك، ھەر ئىشنىڭ ئۆز يولى، ھەر قولۇپنىڭ ئۆز ئاچقۇچى بولىدۇ. سەن قاچان بىر ئىشنىڭ ئېپىنى دىتلاپ بىر ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقارسەن؟ بىر ئىشنى

قاملاشتۇرساڭ ئون ئىشنى بۇزسەن. قولىدىن ئىش كېلىدىغان نۆكەر ـ ياساۋۇللىرىڭ بارمۇ؟ — دېدى شاۋاز.

— بار، سەرخىللىرى بار.

— دەپ باقە.

— قول ئاستىمدا نۇرەك قاغا دەيدىغان بىرى بار، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— دىتى بار، قورقۇمسىز، قولىدىن ئىش كېلىدىغان چەۋەندازدىن ئونىنى شۇ نۇرەك قاغىغا قوشۇپ يولغا سال. ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ يەتكەن يەردە ئۇجۇقتۇرسۇن. كاللىسىنى ئېلىپ كېلىپ ئالدىمغا قويسا، ھەربىرىگە بىر ھەمياندىن ئالتۇن بېرىمەن. شەخسىيىتىڭ تۇتۇپ كېتىپ سەنمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالما. سېنىڭ بۇ يەردە چوڭ ئىشلىرىڭ بار، — دېدى شاۋاز.

— خوپ، مەن ھازىرلا ئېپىنى قىلاي، — دېدى ئابدۇللا.

بۇ چاغدا غېرىب ئېتىنى ئېگىز ـ پەس تاغ يولى بىلەن چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئابدۇللا شاتىرى چېدىرىدا غېرىبنى ئۇجۇقتۇرۇشقا ئەۋەتىدىغان چاپارمەنلىرىنى تەق قىلدى. ئۇلار چېدىر ئالدىغا چىقتى. قىرىق بەش ياشلاردىكى نۇرەك قاغا باشچىلىقىدىكى قارا سەللە ئوراپ، قارا تون كىيگەن ئون چەۋەنداز ئاتلىرىغا مىنىپ سەللىسىنىڭ پەتلىسى بىلەن يۈزلىرىنى ئورىدى. ئابدۇللا شاتىرى يېنىدىن شەمشىرىنى چىقىرىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى، ئاندىن شەمشەر تىغىنى سۆيدى، ئاتلىق چەۋەندازلارمۇ شۇنداق قىلدى. ئابدۇللا شاتىرى شەمشىرىنى قىنىغا سالدى. ئۇلارمۇ شۇنداق قىلىپ سەپراس تۇردى.

— قويۇندەك ئۇچۇپ بېرىپ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىشنى پۈتتۈرۈڭلار، نۇسرەت سىلەرگە يار بولغاي، يولغا چىقىڭلار! — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

ئاتلىقلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى.

غېرىب بولسا ئېتىنى چاپتۇرۇپ يېشىل يايلاققا كەلدى. تاڭ سوزۇلگەندى. ئۇ بىر كىچىك ئېقىننىڭ بويىغا كەلگەندە ئېتىدىن چۈشتى ــ دە، ئاتنى سۇۋۇتماقچى بولۇپ يېتىلىدى. بىراق ئات پۇشقىرىپ، كىشنەپ يەرنى چاپچىپ، يېتىلەككە ماڭماي تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. غېرىب سەگەكلىشىپ ئەتراپقا ھوشيارلىق بىلەن نەزەر سالدى، ھېچبىر شەپە بىلىنمىدى. ئات يەنىلا كاجلىق قىلىپ بىردەم ئالدىغا چاپچىپ، بىردەم ئارقىغا تىرەجەپ تۇرۇۋالدى، ئاخىر بولماي غېرىب ئاتقا سەكرەپ مىندى، شۇئان ئات شىددەت بىلەن دېۋىنىپ، قۇلىقىنى شىخلايتىپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئېقىن بويىدىكى قويۇق چاتقاللىق ئارىسىدىن نۇرەك قاغا باشلىق ئون ئاتلىق ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ چىقىپ غېرىبنىڭ كەينىدىن ئوقيا، خەنجەر ئاتتى. غېرىب ئاتنىڭ ئۈستىدە دۈم يېتىۋېلىپ ئېقىننى بويلاپ چېپىپ كەتتى.

شەيخ جالالىدىن ھېرات شەھرىدىكى سارىيىدا ھېرات شەھرىنىڭ ھاكىمى غىياسىدىن بەكرى، شەيخۇلئىسلامى سەيپىدىن شەمسى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرماقتا.

— شەھىرى ھېرات ئەللىك يەتتە كېچە ــ كۈندۈز مۇھاسىرىدە تۇرغاچقا شەھەردە ئاشلىق ــ يېمەكلىك كەمچىل بولۇپ، پۇقرالارنىڭ دان ساقلايدىغان سوكەن ــ باداڭلىرى، ئون ساقلايدىغان ساندۇقلىرىنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سامانىيلار شەھەرنى تىنچ بەردۇق دېگەن بىلەن خانلىق ئاشلىق ئامبارلىرىنى قۇرۇقداپ، بىر تال دان چاغلىق نەرسىنى قويماي ئەكېتىپتۇ. شەھەرگە سەھرا ــ دالالاردىن دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئەكىرىپ سېتىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلماق زۆرۈر، — دېدى غىياسىدىن بەكرى.

— بۇ تەخىرسىز ئىش ئىكەن، ھەممىدىن كۆرە ھازىر خەقنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلماق لازىمدۇر، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

شۇ چاغدا مەلۇماتچى كىرىپ مەلۇم قىلدى:
— مەۋلانا ھەزرىتىمگە مەلۇم بولغاي، سىدىق بەگ قارلۇق باشلىق توققۇز كىشلىك خانلىق ئەلچىلىرى كەپتۇ.
— ئۇلار نېمىگە ئەلچىلىككە كەپتۇ؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.
— ئۇلار پەرمان بويىچە شەھىرى ھېراتنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا كەپتۇ، — دېدى مەلۇماتچى.
— سەن ھازىرلا بېرىپ ئۇلارغا دە، مېنىڭ ھازىر ئۇلار بىلەن كۆرۈشكۈدەك ۋاقتىم يوق، بىز بۇ يىلقى قىشنى شەھىرى ھېراتتا ئۆتكۈزمەكچى. شۇڭا، شاۋاز باشلىق خان سىپاھلىرى ھازىرچە كۆڭۈللىرىنى توق تۇتۇپ، شەھىرى ھېراتنى ھازىرلا ئۆتكۈزۈۋېلىپ قاندۇرماقچى بولغان نەپسىنى يىغىۋالسۇن. بىز ئەتىيازغا چىقىپ شەھىرى ھېراتنى شاھى ئابباسقا تاپشۇرماقچى. شۇڭا، ئۇلار بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى چۈشىنىپ قايتىپ كەتكەي، گەپ شۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.
مەلۇماتچى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. شەيخ جالالىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ ساقىلىنى يېنىك سىلاپ خىيالغا چۆكتى.
شاۋاز چېدىرىدا چىلىم تارتىپ يانپاشلاپ يېتىپ ئالدىدىكى ئاق رەختكە سىزىلغان شەھىرى ھېراتنىڭ خەرىتىسىنى كۆرۈۋاتاتتى. مۇلازىم تەزىم بىلەن كىرىپ مەلۇم قىلدى:
— ۋەزىرئەزەم ئالىيلىرى، سىدىق بەگ قارلۇق قايتىپ كېلىپ ئۆزلىرىگە كۆرۈنۈش قىلىشنى ساقلاپ تۇرىدۇ.
شاۋاز باشلاپ كىر دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. مۇلازىم چىقىپ كېتىپ، ئارقىدىنلا سىدىق بەگ قارلۇق ئۆگسۈلى ئۆچكەن ھالدا كىرىپ كەلدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى غەزەپتىن قارىيىپ كەتكەنىدى، ئۇ كۈرسىغا لەسسىدە ئۆزىنى تاشلاپ، پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ سۆزلىدى:
— ۋەزىرئەزەم جانابلىرى، ئۆزلىرى راست دەپتىكەنلا ... مەن

تېخى ...
— بولدى سۆزلىمىسىلە. مانا تۇتسىلا، چىلىم تارتىپ ئوبدان قېنىپ بىر ئۇخلىسىلا ئىچىلىرىدىكى دەردۇپىغان بېسىقىپ قۇشتەك يەڭگىللەپ قالىلا، — دېدى شاۋاز.
— مەن ئەزەلدىن نەشە چەكمەيتتىم، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.
— مەنمۇ شۇنداق ئىدىم، بۇ قېتىمقى سەپەر مېنىمۇ ئوبدانلا بەڭگە قىلىپ قويدى، — دېدى شاۋاز.
شۇنىڭدىن كېيىن شاۋاز ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىشنى بۇيرۇدى.
شاھى ئاببىاسنىڭ كارۋىنى قاقاسلىق چۆل يولىدا توختىماي ئىلگىرىلەۋاتاتتى، ئۈچ چارلىغۇچى نۆكەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە، يەرگە چۈشۈپ شاھقا سالام بەردى:
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھى جاھان، زور بىر قوشۇن بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، قايسى قوشۇن ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىشقا بىر قانچە بۇرادەرنى قالدۇرۇپ قويدۇق. بىز ئالدىن مەلۇم قىلىش ئۈچۈن قايتىپ كەلدۇق، — دېدى بىر نۆكەر.
شاھ بېشىنى لىڭشىتىپ يېنىدىكى ئامىر سەئىدكە قارىدى. ئامىر سەئىد يېنىدىكى سەركەردىگە:
— بارلىق قوشۇن ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.
سەركەردە ماقۇللۇق بىلدۇرۇپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ سەپ بويلاپ ۋارقىرىدى:
— ئالدىمىزدا زور قوشۇن كۆرۈندى، ئۇرۇشقا ھازىرلىق كۆرۈڭلار!
شاھى ئاببىاسنىڭ كارۋىنى جىلغىدىكى يولنى تاشلاپ، قاقاس تاغ ئارىسىدىكى دالىدىغا يوشۇرۇندى. لەشكەرلەر تاغنىڭ ئىككى تەرىپىگە بۆكتۈرمە بولۇپ ياتتى. جىلغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە شاھى ئاببىاس، سول تەرىپىدە ئامىر سەئىد قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ جىلغا ئىچىگە دالىدىدا تۇرۇپ نەزەر سالدى. ئىككى ئاتلىق نۆكەر

جىلغا ئىچىگە ۋارقىرىغانچە ئات چاپتۇرۇپ كىردى.

— ئۆز قوشۇنىمىز، بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلگەن نىياز ئەلەم سەردارنىڭ قوشۇنى ئىكەن!

شاھى ئابباس بىلەن ئامىر سەئىد ئورۇنلىرىدىن تۇردى، نىياز ئەلەمنىڭ ئىسمى يېزىلغان تۇغنى قوشۇننىڭ بېشىدا كۆتۈرگەن ئاتلىق قوشۇن جىلغا ئىچىگە كىردى، نىياز ئەلەم قوشۇننىڭ ئالدىدا سۇر - ھەيۋە بىلەن كەلمەكتە ئىدى.

قۇندۇز شاھى سەئىد ئەخمەتخاننىڭ ئوردىسى. مەلىكە بەرنا سەئىد ئەخمەتخانغا ئۆزىنى تاشلاپ ھۆڭرەپ يىغلىدى.

— شۇنداقمۇ بىئەدەپ، باشباشتاق ۋەزىر بولامدۇ؟ ئۇ دېگەن جادۇگەر، ئالۋاستىنىڭ ئۆزى ئىكەن ... ماڭا بەك ئەلەم بولدى، ھار كەلدى ئاتا ...

— ھەر ھالدا خۇدايىم ساقلاپ ساق - سالامەت قايتىپ كەپسەن قىزىم، بىز بەك ئەنسىرىگەنىدۇق، — دېدى سەئىد ئەخمەتخان.

— ئۇ ئوردا ئەمەس، ئالۋاستى ئۇۋىسى ئىكەن. ئادەملەردە ئۆز ئارا ھۆرمەت، سەمىمىي مېھىر - مۇھەببەت يوق ئىكەن. ئۇلار بىر - بىرىگە ئىشەنمەسلىك، ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىكەن. ئىسىت، بىچارە سەنەمنىڭ جېنىغا ۋاي، ئۇ بىكار قاچماپتىكەن ئۇ دوزاختىن، — دېدى مەلىكە بەرنا.

سەئىد ئەخمەتخان قىزىغا كۆپ تەسەللى بەردى.

شەيخ جالالىدىننىڭ ھۇجرىسى. شەيخ جالالىدىن ئاق ماتا تون، تامبال، ئاق شاپاقدوپپا كىيگەن ھالدا جىنچىراغ يورۇقىدا كىتاب كۆرۈۋاتاتتى. سىرتتا ئۇشتۇمتۇت غوۋغا — ۋارقىراشقان، يۈگۈرۈشكەن، توۋلاشقان ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى، شەيخ جالالىدىن قولىدىكى كىتابنى ئاۋايلاپ يېپىپ قويۇپ، دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، ئۆيگە سادىق بىلال كىرىپ كەلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇستاز، ئاخىرى بىز مۆلچەر قىلغان ئىشلار يۈز بەردى.

— شاۋازلار ھۇجۇم قىلدىمۇ؟ — سورىدى شەيخ جالالىدىن.

— شەھەرنىڭ قۇم دەرۋازىسى تەرەپتىن شاۋازلار، جان قورغان تەرىپىدىن سامانىيلار ھۇجۇم قىلدى. پۈتۈن شەھەر قورشاۋدا قالدى، — دېدى سادىق بىلال.

— لەشكەرلەرگە دەڭلار، ھودۇقمىسۇن، ئۇلار ھېچنېمە قىلالمايدۇ، بولۇپمۇ شاۋازنىڭ نائقىپىلىرى ھېچنېمىگە يارىمايدۇ. ھىرات ھاكىمى غىياسىدىن بەكرى بىلەن شەيخۇلئىسلامى سەيپىدىن شەمسىگە چاپارمەن ئەۋەتىڭلار. ئۇلار شەھەر خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇپ، پۈتۈن خەلقنى سەپەرۋەر قىلسۇن. ھەممە ئادەم ئۆيلىرىدە، قازانلىرىدا تۇز قاينىتىپ سېپىل ئۈستىدىكى لەشكەرلەرگە يەتكۈزسۇن. سېپىل تۈۋىگە كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ بېشىغا قايناقسۇ چېچىپ ئۇلارنى سېپىل تۈۋىگە يېقىن يولىيالماس قىلسۇن! — دېدى شەيخ جالالىدىن.

ھىرات شەھىرىنىڭ سېپىلى. پەستە ساناقسىز ئوتقاش كۆتۈرگەن لەشكەرلەر چۇقان ـ سۈرەن توۋلاپ سېپىل تۈۋىگە يېقىنلاپ كەلدى. سېپىل ئۈستىدىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش خالايىق قوللىرىدا ھەر خىل داس، چېلەك، ئاياغ دېگەنلەر بىلەن سېپىل ئۈستىدە قاينىتىلىۋاتقان چوڭ ـ كىچىك داس، قازانلاردىن قايناقسۇ، ياغ، ئۇماچلارنى ئېلىپ سېپىل تۈۋىگە كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئۈستىگە چاچتى. شۇئان لەشكەرلەر قىيا ـ چىيا قىلىشىپ، ئاللا ـ كاللا توۋلىشىپ ھەرتەرەپكە پېتىراشتى. ئاتلىرىمۇ قاتتىق كىشنەپ تەرەپ ـ تەرەپكە چاپچىيتتى.

ئەمدى، سەنەم تەرەپتىن سۆز ئاڭلايلى. سەنەم، نىگار ئايىم، گۈلجامالىلار نەزەربەند قىلىنغان ئوردا ئىچىدىكى ھەشەمەتلىك ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە ھەر قەدەمدە بىر لەشكەر قويۇلغانىدى. سەنەم ئۆينىڭ دېرىزىسىنى ئاچتى، لەشكەر سەنەمنىڭ قوللىرىنى

سىلكىپ دېرىزىنى زەردە بىلەن ياپتى، سەنەم غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئىتىلماقچى بولۇۋىدى، نىگار ئايىم ئۇنى توسۇۋالدى.

— ھۇ غالچىلار، دېرىزىنىمۇ ئاچقىلى قويۇشمامسەن؟ — دېدى سەنەم.

— بۇلار بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچىلار، ئۇلاردا گۇناھ يوق قىزىم. ئۇلار بىلەن ئىتىشقاننىڭ پايدىسى يوق، شاھ ئالىيلىرىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. شۇ چاغقىچە سەۋر قىلايلى، — دېدى نىگار ئايىم.

— ساپ ھاۋادىن سۈمۈرگىلىمۇ بولمامدۇ ئەمدى؟ — دېدى سەنەم.

ئۆيگە راشىدىن ئەتتارى سۆزلىگىنىچە كىرىپ كەلدى:

— بىز ئاللىقاچان كېلىشىپ بولغان مەلىكە ئالىيلىرى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى شاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانى بويىچە بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، شاھ ئالىيلىرىنىڭ قەدىمى يەتسە، ئۆزلىرىنى شاھ ئالىيلىرىنىڭ قولىغا ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگۈچە ئارىلىقتا، ئۆزلىرىدىن ۋەدىلىرىدە تۇرۇشلىرىنى، بىزنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىقلىرىنى سورايمىز. شاھ ئالىيلىرى مۇشۇ ئىككى كۈن ئىچىدە يېتىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئىككى كۈن سەۋر قىلسىلا. بۇ كۈنلەرمۇ ئاخىرلىشىدۇ. بىزنىمۇ ئىچى سىقىلماي تۇرۇۋاتىدۇ دەملا؟ بىزمۇ كۈن ساناپ بۇ چاغلارنى ئاران ئۆتكۈزۈۋاتىمىز.

— ئويلاپ باقسىلا يوغانلاش ۋەزىر. نىگار ئانام، گۈلجامال سىڭلىم، غېرىبجان، ئىلياسلار سىلەرگە تۇتقۇن بولۇپ زىندانلاردا نەزەربەندتە تۇرسا، مەن نەگىمۇ قاچالارمەن؟ ئۇلارنى تاشلاپ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرارمەن؟ شۇڭا، بىزنى بۇنداق قاماپ تۇرۇۋالماي، چاھارباغقا ئانچە ـ مۇنچە چىقىپ ھاۋالىنىپ كىرىشىمىزگە رۇخسەت قىلسىلا، — دېدى سەنەم سەل يۇمشىغان ھالدا.

— شاھ ئالىيلىرى تۇتۇپ تۇرالمىغان، خىياللىرىغا كەلگەننى قىلىدىغان مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ بۇ گەپلىرىگە مەنلا ئەمەس، شاھ ئالىيلىرى، خانىش ئايىملارمۇ ئىشەنمەيدۇ. سىلىنى ئادەم خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىشلارنى تېرىمايدۇ دەپ ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ. شۇڭا، تەرسالىق قىلماي، ئاخىرقى ئىككى كۈن سەۋر قىلغايلا مەلىكە ئالىيلىرى، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— نىگارئاي ئانام بىلەن مېنى قاتمۇقات باغلاپ قەپەسكە سېلىپ ئايرىپ بولسىمۇ غېرىبجان بىلەن ئىلياسنى كۆرسەتكەن بولسىلا ۋەزىرئەزەم، — دېدى سەنەم.

— بۇنداق قىلالمايمەن، سىلى كاللامنى ئالسىلىمۇ رازىمەنكى، شاھ ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىغا خىلاپ ئىش قىلالمايمەن، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— ئۆردىدا ھەر بىر ئادەم شاھ ئاتامغا سەندەك سادىق بولسا كۈن مەغرىبتىن چىقارمىدىكىن؟ سەن شاھ ئاتامنىڭ ھەقىقىي چاپارمىنى ئىكەنسەن، — دېدى سەنەم يەنە «سەن»لەپ.

— نېمىدەپ تىللاپ ئىچىلىرىنى بوشىتىۋالسىلا مەن قول باغلاپ تۇرىمەن، مەلىكە ئالىيلىرى. ئەمما، سىلى ئەخلاق ـ پەزىلەت بابىدا ھۆسن ـ جامالىرىغا ئوخشاشلا گۈزەللىككە ئىگە. شۇڭا، قىلغان لەۋزىلىرىدە تۇرۇپ، ئاتا يوللۇق ئادەمنى سەت تىللار بىلەن ھاقارەتلەشتىن ھەزەر ئەيلىگەيلا. چۈنكى، ئېسىل سۈپەت مەلىكىنىڭ ئويماقتەك ئاغزىدىن سەت گەپلەر چىقسا سالاپەتىگە ياراشمايدىكەن، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— ھۇ داپ يۈز ئوغرى، يوقال كۆزۈمدىن! چىق ئۆيدىن! تىللايمەن، ئاغزىمدىن پوق ئېقىتىمەن! سېنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭ نېمە بولدى؟ مەلىكىگە قىلغان ھاقارەت، ئاھانەتلىرىڭ ئازمۇ، بىزگە ئەمەس، يەنە تېخى قۇندۇز مەلىكىسىگىمۇ ھاقارەت قىلغىنىڭ ئازمۇ؟ سەن تېخى ئەخلاق ـ پەزىلەت ھەققىدە ۋالاقلاپ، ماڭا ئۆگەتمەكچىمۇ؟ ئەخلاق ساڭا پايدىلىق بولسا پايدىلىنىدىغان، بەدەل تۆلەيدىغان چاغدا خەققە ئارتىپ قويىدىغان، يەنە زۆرۈر بولسا پايدىلىنىدىغان، يامغۇردا كىيىدىغان

ئەسكى چاپانمۇ؟ — دېدى سەنەم.

سەنەم يىغلىغانچە ئېتىلىپ كېلىپ راشىدىن ئەتتارىنىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالدى. راشىدىن ئەتتارى قول باغلاپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم تۇردى، سەنەمنىڭ تەستىكىدىن ئۇنىڭ سەللىسى سەل سىڭايان بولۇپ قالدى. نىگارئايىم كېلىپ سەنەمنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى. شۇ چاغدا، بىر نۆكەر ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ جىددىي مەلۇمات يەتكۈزدى:

— ۋەزىرئەزەم ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، مەھمۇد غەزنەۋى نامى پۈتۈلگەن غايەت زور تۇغنى قىرىق كالىلىق ھارۋىغا باغلىغان ساناقسىز غەزنەۋىلەر قوشۇنى ئوردابالىقنى قورشاپ ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولدى!

ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. راشىدىن ئەتتارىنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ، چار ساقاللىرى ئارىسىدىكى قېلىن كالپۇكلىرى تىترەپ ئاغزىغا گەپ كەلمەي قالدى.

— نى ... نى ... نېمە دەيدىغانسەن؟ خاتا ئىشتىۋاتامدىمەن؟

راشىدىن ئەتتارى كۆزلىرىنى يۇمۇپ كاللىسىنى قاتتىق سىلكىپ كۆزىنى ئاچتى، سەللىسى تېخىمۇ سىڭايان بولۇپ چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. يېنىدىكى نۆكىرى ئۇنىڭ سەللىسىنى تۇتۇۋېلىپ تۈزەپ كىيدۈرۈپ قويدى. مەلۇماتچى نۆكەر كۆزلىرىدىن ياش ئاققان، ئاۋازى بوغۇلغان ھالدا گېپىنى داۋام قىلدى:

— بېشىمىزغا ئەڭ ئېغىر كۈنلەر كەلدى، جانابىي ۋەزىرئەزەم، غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇد ئۆزى باشچىلىق قىلغان ھېسابسىز قوشۇن پايتەختىمىز ئوردابالىقنى غايەت زور سىرتماقتەك قورشاپ كەپتۇ. يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك، ئاسماندىن تۇيۇقسىز مۆلدۈر ياغقاندەك پەيدا بولدى ... مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق ھەددى ـ ھېسابسىز قوشۇننى كۆرۈپ باقمىغانمەن. ئۇلارنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرى قۇياشنى توسۇۋالغۇدەك

دەرىجىدە ئىكەن، ئاتلىرىنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزاندا ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باستى ...

— بولدى ... زۇۋانىڭنى ئۆچەر، ئەزۋەيلەپ تىلىڭنى چايناۋەرمەي، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

راشىدىن ئەتتارى جارۇپ مەۋلەۋى، قۇربانىنياز قازى قاتارلىق بىر مۇنچە ئوردا ئەمىر ـ ئەكابىر، سەركەردىلىرى بىلەن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ شەھەر سىرتىغا نەزەر سالدى. شەھەر سىرتىدىكى تاغ، تۈزلەڭلىك، ئېتىزلىق، دەريا بويى، ھەممە يەردە ئاتلىق، پىيادە سان ـ ساناقسىز لەشكەرلەر ئورماندەك تۈرۈپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرى قويۇق قارا تۇماندەك بوشلۇقنى قاپلىغانىدى. راشىدىن ئەتتارى قاتارلىق ھەممە ئەمىر ـ ۋەزىرلەرنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، يۈزلىرى تارتىشىپ، بىر ـ بىرىگە تەر باسقان ھالدا قارىشىپ، ھېچكىم نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. چوڭ بىر قوناقلىقنى پايخان قىلغان غايەت زور ھارۋا سۇپا ئۈستىدىكى چوڭ قارا تۇغقا «يەر يۈزىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋى» دېگەن ئالتۇن ھەللىك خەت كەشتىلەنگەنىدى. ئالتۇن رەڭ كۇنلۇك ئاستىدىكى ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرغان مەھمۇد غەزنەۋىنى بىر توپ كېنىزەك يەلپۈپ تۇراتتى. ئەتراپىدا نۆكەرلەر سەپراس تۇراتتى. ئالدىدىكى شىرەدە تۇرلۇك مېۋە ـ چېۋە، نازۇنېمەتلەر تىزىلغانىدى. كېنىزەكلەر داستىخاندىن ئۇنى ـ بۇنى ئېلىپ سۇلتاننىڭ ئاغزىغا سالاتتى. سۇپىنىڭ پەگاھى تەرىپىدە گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرغان سازەندىلەر نەغمە ـ ناۋا قىلىشاتتى. سۇپىلىق ھارۋىغا قىرىق بىر ئۆكۈز رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، ھارۋىنى ئاستا سۆرەپ كېلىشاتاتتى. ھارۋا بىر يەرگە كەلگەندە توختىدى. ئەتراپى، ئارقىسىدا ساناقسىز تۇغ ـ ئەلەم تۇتقان سەردار، لەشكەرلەر ئاتلىرىدا سۈر ـ ھەيۋە بىلەن ئولتۇراتتى.

راشىدىن ئەتتارى گەز باغلاپ بىر ـ بىرىگە يەملىشىپ قالغان كالپۇكىنى تەستە ئاجرىتىپ، يىغلىغاندەك بوغۇق ئاۋاز چىقىرىپ

پەس ئاۋازدا دېدى:

— يا پەرۋەردىگار، يا پاناھ، ئۆز پاناھىڭدا ساقلاپ، دۈشمەنگە خار قىلمىغايسەن. بىز يىراقتىكى شەھىرى ھېراتنىڭ غېمىدە يۈرۈپ، ئۆزىمىز دەسسەپ تۇرۇۋاتقان، ساپ ھاۋاسىدىن ئەركىن نەپەس ئېلىپ، نېنىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىۋاتقان ئوردابالىقنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز. بۇ مۇناپىقلارنى بىۋاسىتە ئوردابالىققا تېگىش قىلار دەپ خىيالىمىزغا كەلتۈرمەپتىمىز ... لاپ ئورۇۋاتىدۇ دەپتىمىز ... ئۇلار رىۋايەتلەردىكىدەك ئۇچار گىلەمگە ئولتۇرۇپ ئاسماندىن چۈشتىمۇ ياكى يەردىن ئۈنۈپ چىقتىمۇ؟

— بۇنداق ھەددىدىن زىيادە كۆپ لەشكەرنى مەدداھلارنىڭ ئاغزىدىكى جەڭنامىلەردىنمۇ ئاڭلاپ باقمىغان. ئۇلار لاپ ئۇرمىغانىكەن. ئۇلارنىڭ كېلىمىز، ئۇرۇش قىلىمىز دېگىنى راستىكەن، — دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.

— دۈشمەننىڭ سۈر - ھەيۋىسى ھەققىدە رىۋايەت سۆزلىشىپ تۇرماي، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىگە قانداق تاقابىل تۇرۇپ، سۈر - ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇش ھەققىدە چارە - تەدبىر كېڭەشەيلى، — دېدى قۇربانىياز قازى.

شۇ چاغدا غەزنەۋىلەر سېپىدىن ئاق ئاتلىق، ئاق ئەلەم كۆتۈرگەن ياراقسىز ئاق ساقاللىق بىر ئادەم چىقىپ سېپىل دەرۋازىسىغا يېقىن كېلىپ ۋارقىرىدى:

— ئەلچى ... ئەلچىگە ئۆلۈم يوق ... سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ مەكتۇپى! سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ مەكتۇپى! مەكتۇپقا ئۈچ كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرىلسۇن! ئادەم چىقىپ مەكتۇپنى ئالغاي!

راشىدىن ئەتارى يېنىدىكى نۆكەرگە مەكتۇپنى ئېلىش ئىشارىتى قىلدى، نۆكەر پەسكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— بىر ئادەم چىقىپ مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالسۇن!

سېپىل دەرۋازىسىنىڭ يان ئىشىكى ئېچىلىپ خەندەك ئاسما كۆۋرۈكى چۈشۈرۈلۈپ، بۇ تەرەپتىن ئاق ئەلەم كۆتۈرگەن ياراقسىز بىر ئاتلىق لەشكەر چىقىپ مەكتۇپنى ئالدى.

ئەمدى غېرىب توغرىسىدىكى بايانغا ئۆتەيلى. زېرەك غېرىب پايلاقچىلارنى بايقاپ قالدى. ئۇ قويۇق ئورمانلىق ئارىسىدا ئېتىنى قامچىلاپ چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، يوغان بىر قېرى دەرەخكە يامىشىۋالدى. غېرىبنىڭ ئېتى سالتاڭ چېپىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇزۇنغا قالماي نۆرەك قاغا باشلىق ئاتلىقلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ئىز قوغلاپ كەلدى. غېرىب دەرەخ ئۈستىدىن نۆرەك قاغىنىڭ ئۈستىگە ئەپچىللىك بىلەن سەكرىدى. ھەر ئىككىسى يەرگە يىقىلدى، غېرىب نۆرەك قاغىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەندە قولىدىكى خەنجەر ئاللىقاچان نۆرەك قاغىنىڭ بوغۇزىغا قادالغاچقا، ئۇ زۇۋان سۈرەلمەي ئۆجۈقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن چېپىپ كېلىۋاتقان نۆكەردىن بىرى غېرىبنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى، غېرىب بىر قولىدا قىلىچ، بىر قولىدا خەنجەرنى تۇتۇپ ئوڭدا ياتاتتى. نۆكەر ئۇنىڭ خەنجىرىگە مىخلىنىپ جىممىقتى. يەنە بىرى ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ بولغۇچە، غېرىب سەكرەپ قوپۇپ ئۆزىنى بىر دەرەخنىڭ دالدىسىغا ئالدى. نۆكەر قىلىچنى غېرىبقا تىقماقچى بولغاندا، غېرىب شەمشىرىنى بىر ئۇرۇپلا نۆكەرنىڭ قىلىچ تۇتقان قولىنى ئۈزۈۋەتتى. نۆكەر ۋايجانلاپ يەردە يۇمىلاپ دادلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن كەلگەن نۆكەر ئېتىنى قاتتىق يۈگەنلەپ توختاتتى - دە، ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ يۇمىلاۋاتقان نۆكەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى، دەرەخنىڭ دالدىسىدا پايلاپ تۇرغان غېرىب نۆكەرنىڭ سالتاڭ ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ ئاتتا دۈم يېتىپ قامچىلاپ چېپىپ كەتتى. ئارقىسىدىن كەلگەن ئاتلىق بەش نۆكەر غېرىبنى قوغلاپ كەتتى.

ئورداباللىقتىكى شاھى ئاببasنىڭ كېڭەشمە خانىسى. راشىدىن ئەتتارى جارۇپ مەۋلەۋى، ئابلىز شەيتان، قۇربانىنىياز قازى ھەم بىر مۇنچە ئەمىر - ئەكابىر، سەركەردىلەرنى يىغدى. ئۇلار ئۇن - تىن چىقارماي سۈرلۈك قىياپەتتە ئولتۇراتتى. راشىدىن ئەتتارى غەزنەۋىلەرنىڭ خېتىنى تۇتۇپ تىڭ تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈۋاتقان

ئوردا كاتىپقا ئىشارەت قىلدى، كاتىپ خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

*«يەتتە ئىقلىمنىڭ يېگانە سۇلتانلىقىنى بۈيۈك تەڭرى ئۆزىگە تۇتقۇزغان سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى قاراخانىيلار ھۆكۈمرانى شاھى ئاباسقا شۇنداق ئەمر قىلىدۇكى، شاھى ئاباس بوينىغا قارا قىل ئارغامچا سېلىپ، ئوردا دەرۋازىسىدىن تىزلىنىپ ماڭغانچە تۆتىنچى خانىش بولۇش شەرىپىدىن باش تارتقان مەلىكىسى سەنەمنى ئانىسىدىن تۇغما ھالەتتە ئالتۇن پەتنۇسقا ئولتۇرغۇزۇپ، تۆت قۇلغا بېشىدا كۆتۈرگۈزۈپ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغاي. ئۆزىنىڭ سۇلتانلىق تامغىسىنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ، ئوردابالىقىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى ئاغزىدا چىشلەپ، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئالدىدا باش ئۇرۇپ يىغلاپ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشنى تىلىگەي. شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ جېنى ھەم پۇقرالىرى قىلىچتىن ئۆتۈشتىن ئامان قالغاي. بولمىسا يەتتە ياشتىن - يەتمىش ياشقىچە جىمى ئاۋام قىرغىن قىلىنىپ، پۈتۈن شەھەر كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلى كۆككە سورۇلىدۇ. ئۈچ كۈن مۆھلەت ئىچىدە بۇ ئىشلار ئورۇندىلىپ پۈتكۈل قاراخانىيلار غەزنەۋىلەرگە بەيئەت قىلىپ، غەزنەۋىلەرنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتمەيدىكەن، قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى شەھەرلەر دوزاخقا ئايلىنىپ، دەريالىرى قانغا بويالغۇسىدۇر!*

*نامە يوللىغۇچى:*

*يەر يۈزىنىڭ سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋى.»*

ئوردا ئىچىنى تېخىمۇ سۈرلۈك جىمجىتلىق قاپلىدى. ھەممەيلەننىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ھېچكىم چوڭراق تىنىشقا، بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر - بىرىگە قاراشقا پېتىنالمىدى، چوڭراق يۆتىلىشكىمۇ مادارى يەتمىدى. چىپىلداپ تەرلەپ

بولالماي قالغان راشىدىن ئەتتارى سەللىسىنىڭ پەتلىسى بىلەن يۈز ـ كۆز، بويۇنلىرىدىكى تەرنى سۈرتۈپ، قۇرۇق يۆتىلىپ سۆز باشلىدى:

ــ مۆتىۋەر ئالىم، پازىل، دانالار، ئەمىر ـ ئەكابىر، سەردارلار! خانىدانىمىزنىڭ شاھى ۋە ئۇلۇغ قول ۋەزىرى، خىل سەركەردە، خىل لەشكەرلىرى ھەر تەرەپكە ھەر ئىش، ھەر كوي بىلەن كېتىپ قالغان پۇرسەتتە دۈشمەننىڭ ساناقسىز لەشكىرى ئاستانىمىزدا ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ، بىزنى قورشىۋالدى. بۈگۈنكى بۇ كۈن جاھان تارىخىدا ھېچبىر شاھ ياكى خانلىقنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەمەس. ئاقىللار ئەقلىنى، سەردارلار جەڭ ماھارىتىنى، جېنى بارلار جېنىنى، مېلى بارلار مېلىنى چىقىرىپ، ئاستانە، ۋەتىنىمىزنى جان تىكىپ قوغدايدىغان كۈن كەلدى. ھايات ـ ماماتىمىز قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى. سىلەر دانا ئەقىل كۆرسەتكەيسىلەر.

ھەممەيلەن شۈك ئولتۇردى، ھېچكىم نېمە دېيىشنى بىلمەي قالغانىدى.

ــ راست گەپنى قىلغاندا، سېپىل ئەتراپىدا ئورماندەك تۇرغان دۈشمەننى كۆرۈپ، مېنىڭ تاپىنىمدىن كىرگەن قورقۇنچ مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى. دېسەم ـ دېمىسەم ھەر قايسى ئەمىر ـ سەركەردىلەرمۇ شۇنداق ھال، شۇنداق تەرزدە. ھازىر شاۋاز ۋەزىرئەزەم زور قوشۇن بىلەن شەھىرى ھېراتتا، شاھ ئالىيلىرى بولسا قۇندۇز سەپىرىدە. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا بىز ناھايىتى يامان دۈشمەننىڭ يوغان بېشىغا توغرا كېلىپ قالدۇق. ئەمما، غەزنەۋىلەرنىڭ لەشكىرىنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسىدىن كۆرە، ئۆلارنىڭ خورلۇق، شەرمەندىلىك، ھاياسىزلىق بىلەن تولغان مەكتۇپى بىزگە ئۆلۈمدىن ئارتۇق كۈلپەت سالدى. ھەر بىرىمىز بۇ جاھانغا مەڭگۈ تۇۋرۇك بولمايمىز. مۇقەررەركى، بەزىمىز بالدۇر، بەزىمىز كېيىن ئۆلىمىز. غەزنەۋىلەرنىڭ جاھانغا پاتماي

قالغان سوْر ـ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ خورلۇق ھەم شەرمەندىلىك بىلەن ئۇنىڭ قوْللۇقىغا چۈشۈپ، نومۇسسىزلارچە ياشىغاندىن ئۆلۈم ئەۋزەلدۇر. شۇڭا، ھازىر قورقۇپ جېنى چىقىپ كەتكەن مۇردىدەك ئولتۇرغان ھەر قايسى ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلارنىڭ ھامان بىر ئۆلۈم دېگەن نىيەتنى ئۆزلىرىگە تاقاپ تۇرۇپ، پاراسەت بىلەن ئورداباللىقتىكى ھەر بىر تىرىك جاننى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشىنى، پادىشاھىمىز يوق ئەھۋالدا پادىشاھ ئالىيلىرىغا، خاندانلىقىمىزغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈشىنى سورايمەن، — دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.

— بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەر قايسى ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلار نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شاھ ئالىيلىرىنىڭ دارامەتلىرىنى خەجلەپ، كاتتا ئىلتىپاتلىرىنى، راھىتىنى كۆرۈپ كەلدۇق. پادىشاھ ئالىيلىرىغا تۇزىنى ياندۇرىدىغان، ساداقىتىمىزنى بىلدۈرىدىغان پەيت كەلدى. ۋەتەننى، ماكاننى قوغداش ھەممىمىزنىڭ بۇرچى. ئەگەر ئۇنى قوغداپ قالالماي ئۆلسەك ئەۋلادلار بىزدەك يارامسىز ئەجدادلىرىدىن ئېچىنىدۇ ھەم بىزنى قاغايدۇ. شۇڭا، دۈشمەن ھەر قانچە كۈچلۈك، سوْر ـ ھەيۋىلىك بولسىمۇ، روھىمىزنى چۈشۈرمەستىن، دۈشمەن بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشايلى. دۈشمەن ھەر قانچە كۈچلۈك، بىز ئاجىز بولساقمۇ، جەڭگىۋارلىق، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشساق، ئاللاھ بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. ھەر قانچە زور دۈشمەنمۇ بىزنى يېڭەلمەيدۇ، بىز دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىمىز، — دېدى قۇربانىنياز قازى.

— روھى چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئىتىمۇ چاپالمايدۇ. روھلارنى چۈشۈرمەڭلار، ھەر بىرىڭلار ئەل ـ جامائەتنىڭ يولباشچىسى، لەشكەرلەرنىڭ سەركەردىسى. سىلەر چۈشكۈن بولساڭلار ئەلنىڭ روھى چۈشىدۇ، لەشكەرنىڭ روھى چۈشىدۇ.

هازىردىن باشلاپ كىم چۈشكۈن ھەم قورقۇنچاق ھالدا كۆزۈمگە چېلىقىدىكەن، كاللىسىنى ئالىمەن ياكى زىندانغا بەند قىلىمەن، ـــ دېدى راشىدىن ئەتتارى.

ـــ ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىر ئامال بىلەن شاھ ئالىيلىرىغا ھەم ئۇنىڭ ئالدىغا قوشۇن باشلاپ كەتكەن نىياز ئەلەم سەردارغا، يىراق ھىرات ئۇرۇشىدىكى ۋەزىر ئەزەمگە، شۇنداقلا شەيخ جالالىدىنغا جىددىي مەلۇمات ئەۋەتەيلى. ئۇلار قىلىۋاتقان ئۇرۇشنى تاشلاپ، ئورداباللىقنى، شاھ ئالىيلىرىنى قوغداشقا قايتىپ كەلگەي، ـــ دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.

ـــ ھەرقايسىلىرىغا مەلۇم بولغاي، بۇ ئىشلار ئاللىقاچان ئۆز يولى بىلەن شاھ ئالىيلىرىغا ھەم ۋەزىر ئەزەملەرگە يوللىنىپ بولدى. بىز ئەمدى ئۆزىمىزنى، ئورداباللىقنى قوغداشنىڭ غېمىنى قىلساق بولىدۇ، ـــ دېدى راشىدىن ئەتتارى.

بۇ چاغدا شاھى ئاباس ئورداباللىقتا ئىككى كۈنلۈك يولدا ئىدى. دەريا بويىدا شاھى ئاباس بىلەن نىياز ئەلەم، ئامىر سەئىدلەر يۇلغۇن ئوتىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، يۇلغۇن ئوتىغا قاقلانغان قوينىڭ پۇتۇن كاۋىپىنى خەنجەر بىلەن كېسىپ يېگەچ پاراڭلاشماقتا ئىدى.

نىياز ئەلەم بىر قەدەھ مەينى شاھى ئاباسقا باش ئېگىپ تەڭلەپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

ـــ شاھى جاھانىم، ئۇلار مەلىكە سەنەم ۋە مەلىكە بەرنانى نەزەربەند قىلغاندىن كېيىن، ئوردىدىكى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈككە بولۇپ قويغان ـ تۇتقىنىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق.

ـــ تەمتىرەپ كەتكۈلۈك ئەمەس ئىدى. تاسادىپىي ئۇلار ئورداباللىقتا پەيدا بولسا زىندانغا تاشلاڭلار دەپ راشىدىن ئەتتارىغا مەخپىي پەرمان چۈشۈرگەنىدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ئىدى، راست شۇنداق بولغىنىنى كۆرمەمدىغان! ـــ دېدى شاھ.

— تاكى ئۆزلىرى بىلەن دىدار ـ مۇلاقاتتا بولمىغۇچە پېقىرنىڭ كۆڭلى ئارامغا چۈشمىدى، — دېدى نىياز ئەلەم.

— قۇندۇز شاھى سەئىد ئەخمەتخان كۆڭلى ـ كۆكسى دەرىيادەك كەڭ ئادەم ئىكەن. بىزنى ئۇزىتىۋاتقاندا مەلىكە بەرنانىڭ ئوردابالىقتا زىندانى بەند قىلىنغانلىق خەۋىرى ئۇنىڭغا يەتتى. ئەمما، ئۇ چاندۇرماستىن بىز بىلەن خوشلاشتى، — دېدى ئامىر سەئىد.

— مەلىكە بەرنانىڭ نەزەربەند قىلىنغانلىقىدىن ئاباباسخاننىڭ خەۋىرى يوق دەپ ئويلىدى ئېھتىمال، — دېدى شاھى ئاباباس.

— شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يىراقنى كۆرمىگەن بولسا شاھ ئالىيلىرىغا ئېغىز ئېچىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، شاھ ئالىيلىرىنىڭ بۇ ئىشنى ئاخىر ئوبدان ھەل قىلىدىغىنىغا كۆزى يەتكەن گەپ، — دېدى نىياز ئەلەم.

— ئۇ تەڭرىتاغ بويىدا تۇغۇلۇپ، مېنىڭ بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان قەدىناس دوستۇم بولغاچقا، يەنىلا ۋەتەنداشلىقىنىڭ، كونا قەدىناسلىقىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلدى. كۆڭلى ـ كۆكسى ھەقىقەتەن كەڭ، قەلبى دەريا ئادەم ـ دە، ئۇ. ئەپسۇس، ياشىنىپ قاپتۇ، — دېدى شاھى ئاباباس.

— خۇداغا يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر، شاھ ئالىيلىرى، ھەر ھالدا ساق بېرىپ سالامەت قايتىپ كەلدىلە. پېقىر بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، سۆيۈندۈم، — دېدى نىياز ئەلەم.

— تەڭرى ھەممىمىزنى ئامان قىلغاي. ۋەتىنىمىزنى، يىراق ھېراتتا ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىۋاتقان باھادىرلىرىمىزنى ئامان قىلغاي، ئۇلارغا نۇسرەت ئاتا قىلغاي، — دېدى شاھ.

ئۇلار ئالتۇن قەدەھلەردىكى مۇسەللەسلەرنى كۆتۈرۈشكە، مۇرىسىگە ئوقيا سانجىلغان، باش كۆزى قانغا بويالغان، ئاتتا ئىككى پۈكلىنىپ ئولتۇرغان بىر چاپارمەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ ئون قەدەم يەر قالغاندا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى ـ دە، يەنە ئۆمىلەپ ئالدىغا سىلجىدى، ئىككى لەشكەر يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. چاپارمەن ھاسىراپ دېدى:

— شاھ ... شاھ ئالىيلىرى ... ئاران، ئۆزلىرىنى ئاران تاپتىم ... يامان بولدى. بىشىمىزغا ئېغىر كۈن چۈشتى ... يامان كۈنگە قالدۇق ...

— نەق گەپنى قىل، نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ئامىر سەئىد.

— ما ... ماڭا سۇ ... بىر يۇتۇم سۇ ...

نۆكەرلەر ياردار چاپارمەننىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتتى، لەشكەر سۇنى تىنىماي ئىچىپ ئۇھ دەپ چوڭ بىر تىنغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك ... ناھايىتى تولا، غەزنەۋىلەر قوشۇنى ئاستانىمىز ئوردابالىقنى قورشىۋالدى.

— نېمە ... نېمە دېدىڭ؟ — دېدى شاھ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ.

باشقىلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. نىياز ئەلەم چاچراپ بېرىپ ئاران تۇرغان ياردار چاپارمەننىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ دەس تۇرغۇزۇپ، كاچىتىغا تەستەك بىلەن سالدى.

— تىلىڭنى چاينىماي تۈزۈك سۆزلە گاچا! ئەس - ھوشۇڭ جايىدىمۇ سېنىڭ؟ — دېدى نىياز ئەلەم.

چاپارمەن ئاران - تىنىپ ھۆكرەپ يىغلاپ، ياقىسىنى يىرتتى - دە، كىچىك بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ دېدى:

— بۇ ۋەزىرئەزەم راشىدىن ئەتتارىنىڭ شاھ ئالىيلىرىغا يازغان مەخپىي مەلۇماتنامىسى.

چاپارمەن شۇنداق دەپلا ھوشىدىن كەتتى، نىياز ئەلەم خەتنى ئەكېلىپ شاھى ئاباسقا بەردى. شاھى ئاباس گۈلخان يورۇقىغا يېقىن ئەكېلىپ زوڭ ئولتۇرۇپ خەتنى ئوقۇدى.

*«ئەسسالامۇئەلەيكۇم شاھى جاھانىم، سالامدىن سۇڭرە مەلۇم بولغايكى، ئوچۇق ئاسماندىن تۇيۇقسىز مۆلدۈر ياغقاندەك غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇت غەزنەۋى ئۆزى ناھايىتى زور قوشۇن*

*تارتىپ كېلىپ، ئاستانىمىز ئوردابالىقنى ئورماندەك قورشىۋالدى. ئاستانە خەۋپ ئىچىدە قالدى. ئۇ ئۆزلىرىنى چىقىپ تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ ئەلچى ئارقىلىق مەكتۇپ كىرگۈزدى. بىز شاھ ئالىيلىرىغا بولغان ساداقىتىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاستانىمىزنى ھەم مەلىكە ئالىيلىرىنى ئاخىرقى تىنىقىمىز قالغۇچە قوغداشقا بەل باغلىدۇق. ئالىيلىرىنىڭ ئاستانىغا كېلىۋاتقان يولىنى ئۆزگەرتىپ، نەدە تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى قانداق تەدبىرلەردە بولۇشنى قارار تېپىشلىرى ئۈچۈن بۇ مەخپىي مەلۇماتنى ئاللاغا تەۋەككۇل قىلىپ قورشاۋ ئىچىدىكى ئاستانىدىن چىقاردۇق. ئۇلۇغ پەرۋەردىگار مەكتۇپىمىزنى ساق ـ سالامەت قوللىرىغا يەتكۈزگىلى نېسىپ قىلغاي، ئامىن.*

*كەمىنە سول قول ۋەزىرلىرى: راشىدىن ئەتتارى.»*

شاھى ئاباس ئورنىدىن تۇرۇپ بىردەم جىممىدە تۇرۇۋالدى ـ دە، ئاۋۋال ئەتراپىدىكىلەرگە، ئاندىن ئاسمانغا قارىدى.



# ئوتتۇز بىرىنچى باب

ھىرات شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ئىگىز تۆپىلىك. شاۋاز، سىدىق بەگ قارلۇق، ئابدۇللا شاتىرىلار تۆپىلىكتىكى چېدىردىن چىقىپ شەھىرى ھىرات سېپىلىنىڭ ئۈستى ھەم ئەتراپىدا يېنىپ تۇرغان گۇلخان ۋە ئۇياق ـ بۇياققا يۇگۇرۇشۇپ يۈرگەن ئاتلىق، پىيادە لەشكەرلەرنىڭ قولىدىكى ئوتقاشلارغا نەزەر سالدى.

ـــ ئىككى تەرەپتىن شۇنچە قىستاپ زەربە بەرسەكمۇ بۇ قاراقچىلار تەسلىم بولاي دېمەيدىغۇ؟ ـــ دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

ـــ تۆزكور شەيخ، بىكارغا ئالغان شەھىرىنى خۇددى نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ قېنى بىلەن ئالغاندەك قىلىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان تېخى، ـــ دېدى شاۋاز.

ـــ بىلسەم، غەزنەۋىلەرنىڭ ئالىي سەركەردىسى زەينىدىن بومىيانى ئىكەن، ئۇ پۈتۈن ئۆمرى قەلەمدارلىق ھەم خەلقىئالەم ئارىسىدىكى كەلدى ـ باردى ئىشلار بىلەن ئۆتكەن، لەشكىرىي ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئادەممىش. ئۇ شەھەرنى ئېلىشتا بىز بىلەن قانچىلىك ھەمكارلىق قىلالار، ـــ دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

ـــ ئۇ كىشىنىڭ قاراقچىلارغا ئۆچمەنلىكى كۈچلۈك. بىرىنچىدىن، ئۇ ئاتام بىلەن بىللە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىككى خانلىق ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشتىن ساقلىنىشنىڭ ئامالىنى قىلسا، مۇشۇ قاراقچىلار ئىشنى بۇزۇپ، ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىپ ئۇ ئادەمنى غەزنەۋىلەر سۇلتانى ئالدىدا ئۆتمەس ماتا، رەسۋايىئالەم قىلدى. ئىككىنچىدىن، قاراقچىلار بۇ ئادەمنى يولدا

قاتتىق ئوسال قىلدى. ئۇ ئۇلارنىڭ گۆشىنى بىر چىشلەمدىن يېسىمۇ دەردى چىقمايدۇ، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

— ماقۇل، كۇنلەرنىڭ بىرىدە شەھىرى ھېراتنى پەتھى قىلساق، بۇ شەھەردىن بىر دۇشمەننى يوق قىلىپ، يەنە بىر دۇشمەننى باشلاپ كىرىدىغان ئىش بولىدۇ، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق، — يەنى بۆرىنى قوتانغا باشلاپ كىرگەندەك ئىش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلغۇلۇق؟

— ئارىمىزدا پۈتۈم بار. غەزنەۋىلەر ھېراتنى بىزگە بېرىپ، شەھىرى تەبرىزگە چېكىنىپ ئەللىك يىلغىچە بىز بىلەن ھۇجۇم قىلىشماسلىققا ۋەدە بەردى، — دېدى شاۋاز.

سىدىق بەگ قارلۇق ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— بومىيانى سۆزلەشكىلى، پۈتۈشۈشكىلى بولىدىغان دۈشمەن. تۆزكور شەيخ بولسا سۆزلەشكىلىمۇ بولمايدىغان ھەم پۈتۈشۈشكىلىمۇ بولمايدىغان دۈشمەن. بىزگە ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن غەزنەۋىلەر ئەمەس، تۆزكور شەيخنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان بىر توپ داردىن قاچقان يالاڭ تۆش قەلەندەرلەر. ھەر بالا كەلسە بىزگە شۇلاردىن كېلىدۇ، — دېدى شاۋاز.

شۇ پەيتتە ئاتلىق چاپارمەن كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— خان ئالىيلىرىدىن جىددىي پەرمان!

شاۋاز باشلىق ئەمىر ـ سەردارلار تىز چۆكۈپ تەزىم قىلىپ تۇردى، چاپارمەن ئاتتىن چۈشمەستىن تۇرۇپ خاننىڭ پەرمانىنى ئوقۇدى:

*«شەھىرى ھېرات بويىدا جەڭ قىلمىۋاتقان ۋەزىرئەزەم شاۋاز باشلىق بارلىق ۋەزىر، ئەمىر، سەركەردە، لەشكەرلەر ئاگاھ ھەم دانا بولغايكى، غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋى باشلىغان زور قوشۇن بىۋاستە بېسىپ كېلىپ ئاستانىمىز ئوردابالىقنى قورشىۋالدى. ئوردا جىددىي خەۋپ ئىچىدە قالدى. شۇڭا، شەھىرى*

*ھىرات بويىدا جەڭ قىلىۋاتقان ۋەزىرئەزەم شاۋازنىڭ بارلىق لەشكەرنى شەھىرى ھىراتتىن چېكىندۈرۈپ، كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ئاستانىگە قايتىشىنى، كۈچنى توپلاپ مۇھاسىرە قىلىۋاتقان دۈشمەنگە زەربە بېرىپ ئوردابالىقنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇشىنى بۇيرۇيمەن. پەرمان يەتكەن ھامان ئاتنىڭ بېشىنى ئاستانىگە قارىتىپ، ھايالشىماستىن زور دۈشمەنگە قارشى جەڭگە ئاتلانغايسىلەر. مەنمۇ نىياز ئەلەم، ئامىر سەئىد قاتارلىق سەركەردىلەر بىلەن ئوردابالىق سىرتىدا دۈشمەننىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ بىرلىكتە زەربە بېرىشكە تەييارلىنىۋاتىمەن. پەرمانغا بويسۇنغايسىلەر.*

*شاھى ئاببااس .»*

شاۋاز باشلىق يەك تىز بولۇپ ئولتۇرغانلار ئاغزىنى كامارده‌ك ئېچىپ داڭ قاتقانچە ئولتۇرۇپ قالدى.

سەنەم نەزەربەند قىلىنغان ئۆيدە نىگارئايىم سەنەمنىڭ چېچىنى تاراپ ئۆرۈۋاتاتتى. گۈلجامال سەنەمگە ئەينەك تۇتۇپ بېرىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئۆيگە جەڭ كىيىمى كىيگەن راشىدىن ئەتتارى كىرىپ كەلدى. سەنەم، نىگارئايىملار ئورنىدىن يېغىشتۇرۇپ ئۈلگۈرەلمەي خىجالەتچىلىكتە باش - كۆزىگە چۈمبەللىرىنى ئالدىراپ ئارتتى، راشىدىن ئەتتارى دېدى:

— مېنىڭ ئالدىن خەۋەر بەرمەي تۇيۇقسىز كەلگىنىمنى ئەپۇ قىلغايلا، مەلىكە ئالىيلىرى. بېشىمىزغا ئېغىر كۈن كەلدى. بىز جان تىكىپ ئېلىشىمىز. ئەمما، دۈشمەن قوشۇنى ھەددى - ھېسابسىز بولغاچقا، بىز شەھەرنى ساقلاپ بولالماسلىقىمىز مۇمكىن. شۇڭا مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن، دۈشمەن قورشاشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىنى مەخپىي ھالدا شەھەردىن چىقىرىۋەتمەكچىمىز.

— ۋەتەننىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە مەن نەگە باراتتىم، مەنمۇ تەييارلىنىۋاتىمەن. مەنمۇ جەڭ ماھارىتى،

لەشكىرىي ئىلىمدە يېتىشكەن. ھېچ يەرگە بارمايمەن، جەڭگە چۈشمەن. ئۆزلىرىگە دېمەكچىدىم. ھازىر شەھەردە لەشكەرلەر يېتىشمەيدىغان بولغاندىكىن. زىنداندىكى مەھبۇسلارنى زىنداندىن ئازاد قىلىپ ئۇلارنىمۇ شەھەرنى قوغداش جېڭىگە قاتناشتۇرايلى. شەھەرنى قوغداش جېڭىگە قاتناشقانلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلساق ئۇلارمۇ جان پىدا قىلىدۇ. غېرىبجان، ئىلياسلار بار. بولۇپمۇ. ئىلياس جەڭدە پىشقان سەركەردىدۇر، — دېدى سەنەم.

— بۇ ئىشلارنى ئاللىقاچان ئۆزلىرى دېگەندەك قىلدۇق. ئەمما، ئىلياسنى زىنداندىن چىقىرىشتا بىر قارارغا كېلەلمىدۇق، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— غېرىبجانچۇ؟ ئۇنى چىقارمامسىلەر؟ — سورىدى سەنەم.

— ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە سىلىگە راست گەپنى قىلماي بولمىدى. غېرىب سىلەر كېلىشتىن بۇرۇن زىنداندىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ سىلەرنى ئىزدەپ ھېراتقا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

سەنەمنىڭ بىردىنلا سەپرايى ئۆرلىدى:

— ھە ... نېمىشقا يالغان گەپ قىلىپ بىزنى ئالدايدىلا، نېمىشقا راست گەپ قىلمايلا؟

— سىلەرنى شاھ ئالىيلىرىغا ساق - سالامەت تاپشۇرۇپ بەرگۈچە ئوردىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ يالغان گەپنى قىلىشقا مەجبۇر بولغان بىز. — دەپ چۈشەندۈردى راشىدىن ئەتتارى.

— ئەمدى بىزنى بۇ شەھەردىن قوغلاش ئۈچۈن يەنە يالغان گەپ قىلىۋاتامدىلا؟ — دېدى سەنەم.

— بۇنىڭغا زىندان بېگى بىلەن ئىشىكئاغىسى ئابلىز بەگلەر گۇۋاھ. ئەگەر بۇنىمۇ يالغان دەپ ئىشەنمىسىلە، تەرەت ئېلىپ، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بېرىشكە رازىمەن. بىز ھازىرلا ئىلياسنى زىنداندىن ئازاد قىلىپ، سىلەر بىلەن بىللە مېڭىشقا، سىلەرنى قوغداشقا بۇيرۇيمىز. ئاختۇرۇپ كۆرەي دېسىلە ئاختۇرسىلا بولىدۇ. — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

بۇلارنى ئاڭلاپ نىگارئايىم جىددىيلىشىپ دېدى:

— ئەگەر ئوغلۇم غېرىب راستتىنلا بىزنى ئىزدەپ ھېراتقا كەتكەن بولسا ساق ـ سالامەت بولسىلا يەنە بىزنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىدۇ.

— قامالدا قالغان ئورداباللىق شەھەرىدە بىزنىڭ بارلىقىمىزنى بىلسە تېخىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، ئۇچۇپ بولسىمۇ كېلىدۇ، — دېدى سەنەم.

— بولدى، ئۇ گەپلەر تۇرۇپ تۇرسۇن. ھازىر سىلەرنىڭ شەھەردىن چىقىپ كېتىشىڭلار ھەممىدىن مۇھىم. بىز خىللانغان نۆكەرلەرنى تەق قىلدۇق. مەلىكە ئالىيلىرىنى ھەر قانداق قىلىپ بولسىمۇ شەھەردىن چىقىرىۋېتىمىز، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن. سىلەر بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىللە تۇرۇپ جەڭ قىلىمەن، غېرىبىمۇ چوقۇم كېلىدۇ، — دېدى سەنەم.

— ھازىر شەھەرنى قوغداپ قېلىشتىن كۆرە سىلىنى قوغداش ھەممىدىن مۇھىم. چۈنكى، غەزنەۋىلەرنىڭ مەقسىتى شاھ ئالىيلىرى بىلەن مەلىكە ئالىيلىرىنى خورلاش، ھاقارەتلەش ئارقىلىق خاندانىمىزنىڭ شانۇشۆھرىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ۋەتىنىمىزنى يۇتۇۋېلىشتۇر. ئۇلار شەھەرنى ئىگىلىۋالسا ئۇزاق پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئەمما، سىلىنى قولغا چۈشۈرۈۋالسا بىز مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەس، ئاقلاپ بولغىلى بولماس ئار ـ نومۇسقا قالىمىز. شۇڭا، بىز سىلىنى ئۇلار ھۇجۇم باشلاشتىن بۇرۇن شەھەردىن چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك. مەلىكە ئالىيلىرى ئاگاھ ھەم دانا بولغايكى، سىلى شەھەرنى قوغداش جېڭىگە ئەمەس، ئۆزلىرىنى قوغداش جېڭىگە كىرسىلە ۋەتەننى ئەڭ سۆيگەن بولىلا، بىز ھەم شۇ.

— بىز نەگە قاچىمىز، نەگە بارىمىز؟ — سورىدى سەنەم.

— مەلىكە ئالىيلىرىنى تۇتماق ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئالىي مەقسىتى. ھازىر شاھ ئالىيلىرى دۇشمەنىنىڭ ئارقا تەرىپىدە، دالادا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئاللانىڭ بىزگە قىلغان زور رەھمىتى.

سىلەر دۈشمەن قورشاۋىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتسەڭلارلا شاھ ئالىيلىرى ھەم خانىش ئايىم بىلەن ئۇچرىشىسىلەر. غېرىب بىلەنمۇ ئۇچرىشالايسىلەر.

راشىدىن ئەتتارىنىڭ گەپلىرىدىن ئەھۋاللارغا ئاز - تولا ئىشەنگەن سەنەم بىلەن نىگارئايىم بىر - بىرىگە قاراشتى.

— ئەمىسە بىزگە ئاۋۋال ئىلياسنى كۆرسەتسىلە، — دەپ شەرت قويدى سەنەم.

— ئۇنى ھازىرلا كۆرسىلەر، — دېدى راشىدىن ئەتتارى. ئاندىن، راشىدىن ئەتتارى نۆكەرنى چاقىردى.

شاھ تاغ ئارىسىدىكى چېدىردا جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى. مېھرىبانۇ خانىش بولسا جاينامازدا نىدا قىلىپ ئاللادىن تىلەك تىلەۋاتاتتى:

— ۋاي تەتۈر پېشانەم، ۋاي شور پېشانەم، ۋاي بىچارە قىزىم، ۋاي ئەتىۋارلىق قىزىم! ئەمدى دۈشمەن قورشاۋىدا قالغان قىزىم! ۋاي ئەمدى دوزاخ ئوتىدا كۆيەرسەنمۇ قىزىم؟ دۈشمەنلەر سېنى قانچىلىك خورلار ئەمدى قىزىم؟! ئى بۈيۈك ئاللا، بىر ئۆمۈر ئۆزۈڭدىن تىلەپ تەستە ئېرىشكەن شۇ بىر تال مەلىكە قىزىمنى دۈشمەننىڭ ئارىسىدا قويار دەپ ئويلىماپتىمەن. بۈيۈك ئاللا، شۇ بىر قىزىمنى ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن پاختىنىڭ ئارىسىدا چوغنى ساقلىغاندەك ساقلىغايسەن ...

شاھ كىتابنى قويۇپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ چېدىردىن سىرتقا چىقتى. چېدىر سىرتىدا نىياز ئەلەم، ئامىر سەئىد ۋە باشقا سەردارلار ساقلاپ تۇرۇشماقتا ئىدى، ئامىر سەئىد گەپ باشلىدى:

— شاھ ئالىيلىرى، بىز ھازىر دۈشمەننىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپتىمىز، ئۇلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشى بىلەن تەڭ بىز دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتەيلى. ئاندىن شەھەردىكىلەر ئىچى تەرەپتىن ماسلاشسا بىز ئۇلارنى قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق قوغلىۋېتەلەيمىز.

نىياز ئەلەممۇ ئۆز پىكرىنى قويدى:

— دۈشمەننىڭ نىيىتى يامان ھەم قوشۇنى زور، بىزنىڭ ھۇجۇمىمىز دۈشمەنگە پاشا چاققانچىلىك ئىش بولىدۇ ـ دە، ئۇلار شاھ ئالىيلىرىنىڭ بۇ يەردىلىكىنى ئاسانلا بايقاپ قالىدۇ. بىزگە ھازىرقى بىردىنبىر زۆرۈر ئىش شاھ ئالىيلىرىنى قوغداش. تاغدىن تاغقا يوشۇرۇنۇپ يۆتكىلىپ يۈرۈپ شاھ ئالىيلىرىنى قوغداپ، شاۋاز ۋەزىرئەزەمنىڭ چوڭ قوشۇنى يېتىپ كېلىشىنى ساقلاش ھەممىدىن ئاقىلانە چارە، — دېدى نىياز ئەلەم.

— مەلىكە ئالىيلىرىچۇ؟ چوڭ قوشۇن يېتىپ كەلگۈچە مەلىكە ئالىيلىرى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالسا ئۇ چاغدىكى خورلۇقنى قانداق كۆتۈرگۈلۈك؟ — دېدى ئامىر سەئىد.

— بىز مەخپىي ھالدا شاھ ئالىيلىرىنىڭ ۋەزىرئەزەم راشىددىن ئەتتارىغا قانداقلا بولمىسۇن مەلىكە ئالىيلىرىنى شەھەردىن چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇغان پەرمانىنى كىرگۈزدۇق، — دېدى نىياز ئەلەم.

— بىر قانچە كۈن تەخىر قىلىپ ساقلايلى، مەلىكىدىن خەۋەر بولۇپ قالار، — دېدى شاھ.

ئاخىر ئۇلار بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشنى لايىق كۆرۈشتى.

ئەمدى گەپنى غېرىبتىن ئاڭلايلى. ئابدۇللا شاتىرىنىڭ قوغلاپ كەلگەن چەۋەندازلىرىدىن قۇتۇلغان غېرىب ئاخىر قۇندۇز ئېلىگە يېتىپ باردى. مەلىكە بەرنا ئۇنى چەكسىز خۇشاللىق ئىلكىدە كۈتۈۋالدى. بۈگۈن مەلىكە بەرنا ھۇجرىسىدا غېرىب بىلەن ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭلاشماقتا ئىدى.

— بۇ يەرگە كەلگىنىڭىز ناھايىتىمۇ ئوبدان بوپتۇ غېرىبجان. خۇدايىم سىزدەك ئاق كۆڭۈل، پاك دىيانەتلىك ئىنسانىنى ھامان ھەر خىل بالا ـ قازا، ھىيلە ـ نەيرەڭلەردىن ساقلايدىكەن. ئاللانىڭ بۇ كاتتا ھېكمەتلىك تەڭشەشلىرىدىن ھەيران بولدۇم ھەم يۈزمىڭ شۈكۈرلەر دېدىم. مەن ئىزدىسەم سىزنى قەيەرلەردىن تاپار بولغىيدىم؟! مانا ئۆز ئايىغىڭىز بىلەن

كەپسىز. مانا بۇ ئاللانىڭ كاتتا ئىنايىتى، بىزگە قىلغان ئىنئام، رەھمىتى بولماي نېمە؟ — دېدى مەلىكە بەرنا.

— مەلىكە ئالىيلىرى، ماڭا نەق گەپنى قىلسىڭىز، ئانام، سىڭلىم، مەلىكە سەنەم، ئىلياسلار ھازىر زادى قەيەردە؟ — دەپ سورىدى غېرىب.

— سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا. ھەممىنى مەن بىلمەيمەن، مەندىن باشقا ئاسمانغا چىقمىدى. يەرنىڭ ئاستىغا كىرىش، ئۇلارنىڭ بار يېرىنى مەندىن باشقا ئىنس ـ جىن بىلمەيدۇ. كېلىڭ، مەن بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ ئىچىڭ. مەن بۇ مۇرەككەپ ھېكايىنى سىزگە بىر باشتىن ئالدىرىماي سۆزلەپ بەرمىسەم چىگىشلىشىپ ئاسانلا ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقىدۇ، — دېدى بەرنا.

— ماڭا ئانامنى، سەنەملەرنى كۆرۈش ھەممىدىن مۇھىم. ئاۋۋال ئۇلارنى كۆرسىتىڭ. ئاندىن گېپىڭىزنى قانچە كېچە ـ كۈندۈز سۆزلىسىڭىزمۇ شۇ چاغدا ئاڭلاي، ئۇلار نەدە؟ — دېدى غېرىب.

— سىز نى ـ نى ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈرگەن، يېتىملىكتە چوڭ بولغان، چىدامىلىق يىگىت سىز، شۇنداقمۇ؟

— جىق ئىشلارنى كۆرگەن، ئەمما ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك چىداملىقلىقىمنى بىلمەيمەن.

— كېلىڭ، بىر قەدەھتىن ئىچەيلى. ئاندىن سۆزلەيمەن، چىداپ ئولتۇرۇپ ئاڭلايسىز. ئاندىن قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز.

مەلىكە بەرنا ئالتۇن قەدەھنى غېرىبقا تەڭلىدى.

— مەن مەي ئىچمەيمەن، ئۆمرۈمدە مەي ئىچىپ باقمىغان، — دېدى غېرىب.

— ئاۋۋال بىرنى ئىچىسىز، ئاندىن بىر سىرنى دەيمەن، چىدايسىز. يەنە بىرنى ئىچىسىز، يەنە بىرنى دەيمەن. يەنە بىرنى ئىچىسىز، يەنە بىر سىرنى ئېيتىپ بېرىمەن. ئۈچ قەدەھ ئىچكەندىن كېيىن مەن زورلىمايمەن. ئىچمەن دېسىڭىز

ئۆزىڭىزنىڭ مەيلى، ئىچمەيمەن دېسىڭىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ مەيلى. لېكىن بىر شەرت: چىداملىق بولىسىز. چىدىماسلىق قىلىپ بىرەر ئىش تېرىپ قويماسلىقنا ۋەدە بېرىڭ، — دېدى بەرنا.

— نېمىدەپ ۋەدە بېرىمەن؟ — سورىدى غېرىب.

— بەرنانىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلاپ ئىش تېرىپ قويمايمەن، ئاخىرىغىچە چىداپ ئولتۇرۇپ ئاڭلايمەن دەپ ۋەدە بېرىڭ، — دېدى بەرنا.

— بولىدۇ، چىداپ ئولتۇرۇپ ئاڭلايمەن، ھېچ ئىش چىقارمايمەن، — دېدى غېرىب.

ئىككىسى قەدەھنى سوقۇشتۇرۇپ ئىچتى، مەلىكە بەرنا چاۋاك ئۇردى، سۇچى تاز كىردى. ئۇنىڭ باش - كۆزىدىكى تاز قوماقلىرى يوقالغان بولسىمۇ، يىرگىنچلىك تاز چىرايى ئۆزگەرمىگەنىدى.

— مانا بۇ بىزنىڭ قۇندۇز شەھىرىدە ئەپكەش بىلەن خەققە سۇ توشۇپ بېرىدىغان سۇچى تاز، — دېدى بەرنا.

— بۇ ئادەمنى نېمىدەپ ماڭا كۆرسىتىسىز؟

— چۈنكى ئۇ مەلىكە سەنەمنى خوتۇن قىلغان.

غېرىب ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، مەلىكە بەرنانىڭ ئاغزىغا كاچات بىلەن بىرنى سالدى.

— مەلىكە بەرنا، ئەس - ھوشىڭىز جايىدىمۇ ياكى قەستەن شۇنداق دەۋاتامسىز؟

مەلىكە بەرنا ئاغزىدىكى قاننى سۈرتۈپ سۆزلىدى:

— بوپتۇ ئەمىسە، بۇ ئىش مەشەدە قالسۇن. سىز سورىماڭ، مەن دېمەي.

— بۇ راست ... پالۋان يىگىت، — دېدى سۇچى تاز.

غېرىب ئېتىلىپ بېرىپ سۇچى تازنى بىر مۇشت قويۇپ ئوڭدا چۈشۈرۈۋەتتى.

— سىز نېمىدەپ گېپىڭىزدە تۇرمايسىز، چىداپ ئولتۇرۇپ ئاڭلايمەن، ھېچ ئىش چىقارمايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەن ئەمەسمۇ؟

بوپتۇ، بۇ ئىشنى دېمىسەملا بولمىدىمۇ. بولدى كېتىڭ ... مەلىكە سەنەمنى ئۆزىڭىز نەدىن تاپسىڭىز شۇ يەردىن تېپىڭ، بۇ يەردىن كېتىڭ ...

مەلىكە بەرنا يىغلامسىراپ ئاغزىدىكى قاننى سۈرتۈپ سۆزلىدى. غېرىب ھاسىراپ، بوغۇلۇپ بىردەم تۇرۇپ كومزەكنى كۆتۈردى ـ دە، شارابنى مەيدىسىگە تۆكۈپ تۇرۇپ ئىچىپ كومزەكنى يەرگە ئۇردى، كومزەك پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى.

— سەنەم، ئانام، سىڭلىم، ئىلياسلارنى مەشەدە دەپ ئاڭلاپ، بۇ يەرگە كېلىپ خاتا قىپتىمەن، كەلمىسەم بۇ ئاھانەتنى ئاڭلىماس ئىكەنمەن، سۆزلەڭ، ئۇلار نەدە؟

غېرىب شۇنداق دېدى ـ دە، لاسسىدە ئولتۇرۇپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. بەرنا قول باغلاپ تۇگۇلۇپ تۇرغان سۇچى تازنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. سۇچى تاز تەزىم قىلىپ چىقىپ كەتتى. مەلىكە بەرنا ئاستا كېلىپ باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ ھۆڭرەپ يىغلاۋاتقان غېرىبنىڭ بېشىنى سىلاپ ئاستا قۇچاقلىدى. شۇئان دەرپەردىنىڭ كەينىدىن ھېلىمخان موماي بىلەن ئوردا ئىمامى كىرىپ كەلدى، ھېلىمخان ئىمامغا ئىشارەت قىلدى.

— ئوغلۇم غېرىبجان، ھەقتائالانىڭ تەقدىر قىسمىتى بىلەن مەلىكە بەرنانى ھالال جۈپلۈككە قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىمام.

غېرىب بېشىنى شارتتىدە كۆتۈردى، بىردىنلا خىرىلداپ كۈلدى، ئاندىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. مەلىكە بەرنا ئۇنىڭ بېشىنى يۆلەپ قۇچىقىغا ئېلىۋالدى ۋە قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— قوبۇل قىلدىم دەڭ.

— قو ... بۇل ... قىلدىم ...

غېرىب كۆزىنى ئاچالماستىن مىڭ تەستە شۇنداق دېدى.

— مەلىكە بەرنا ئالىيلىرى، غېرىبنىڭ جۈپتى ھالاللىقىغا

ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن رازى بولدىلىمۇ؟ — سورىدى ئىمام.
— رازى بولدۇم، — دېدى مەلىكە بەرنا.
باشقىلار چىقىپ كېتىشتى. بەرنا غېرىبنىڭ لېۋىگە ئاستا سۆيدى ...
شاۋاز چېدىرىدا ساقىلىنى تۇتاملاپ، خەپلەپ، بىردەم ئولتۇرۇپ، بىردەم قوپۇپ سۆزلىمەكتە ئىدى:
— ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ قورسىقىدا ئويۇنى تولا غەزنەۋىلەرنى كۆرمەمدىغان، كىچىك تىلىنى بىلمەك تەس كىسپۇرۇچىلار ئىكەنغۇ بۇ. بىزنى ئالداپتۇ. پۇتىمىزغا ھۆل خىش قويۇپتۇ. بىزنى بۇ يەرگە باغلاپ قويۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئوردابالىقتا ھۇجۇم قىلغىنىنى كۆر ئەمدى، يامان بوپتۇ.
— شاھ ئالىيلىرىنىڭ جىددىي پەرمانىغا بىنائەن ھېراتنى تاشلاپ ئوردابالىققا قاراپ ئاتلىنامدۇق؟ — دەپ سورىدى ئابدۇللا شاتىرى.
— ياق ... ياق ... ئالدىرىما. شەھىرى ھېراتنىڭ ئىشى ھەل بولاي دەپ قالغاندا ئۇنى تاشلاپ كەتمەيمىز. قاراقچىلارنىڭ نەچچە كۈنلۈكى قالدى. بۇ قىممەتلىك پۇرسەتتە ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرۇش كېرەك، — دېدى شاۋاز.
— ۋەزىرئەزەم جانابلىرى! ئاستانە قورشاۋدا قېلىپ خانىدانلىق مۇنقەرز بولۇش خەۋپىدە تۇرۇۋاتسا، پادىشاھ ئالىيلىرى ھىمايىسىز قېلىۋاتسا، دۈشمەنلەر بىزنى ئالداپ زور كۈچىمىزنى يوقىلاڭ ئىشقا بەند قىلىپ قويۇپ خانىدانلىقنى يۇتۇۋالمەن دەۋاتسا، بىز مۇشۇ تۆت توك - توك قاراقچىغا باغلىنىپ ئولتۇرساق بولمايدۇ. بىز بۇ پايدىسىدىن زىيىنى جىق ئۇرۇشنى تاشلاپ دەرھال خان ئالىيلىرىنى ھەم ئاستانىنى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىغا ئاتلىنايلى، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.
— شاھ ئالىيلىرى ھازىر ئاستانىدە ئەمەس، بەلكى پىنھان تاغدا ئىكەن، پات پۇرسەتتە شەھىرى ھېراتنى پەتھى قىلىپ

ئاندىن قايتساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى شاۋاز.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ قول ئاستىمدىكىلەرنى ئېلىپ شاھ ئالىيلىرى بىلەن ئاستانىنى قوغدۇشقا ئاتلىنىشىمغا رۇخسەت قىلغايلا، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق قەتئىي ھالدا.

— قوشۇننى پارچىلاشقا بولمايدۇ، كۈچ چېچىلىپ كەتسە، پات يۇرسەتتە نۇسرەت قۇچۇش ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىغانلىق بولىدۇ، — دەپ رەت قىلدى شاۋاز.

— ئەمىسە بىز غەزنەۋىلەر بىلەن ئېلىشىشنى قاراقچىلارغا قالدۇرۇپ، ئاسنانىگە قايتايلى.

ئابدۇللا شاتىرىنىڭ گەپلىرىدىن رەنجىگەن شاۋاز ۋارقىرىدى:

— ئاغزىڭنى يۇم! قاراقچىلار نۇسرەت قازانسا ئۇنى يىغىشتۇرالمايمىز. غەزنەۋىلەر نۇسرەت قازانسا، ئۇلار ھامان سىرتتىن كەلگەن دۈشمەن، ئۇنى بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى قوغلىۋېتىمىز.

شۇ چاغدا بىر نۆكەر كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— شەھەر ئىچىدىن يا ئوقىغا باغلانغان بىر مەكتۇپ چىقىپتۇ. بۇ مەكتۇپنى قاراقچىلارنىڭ ئاقساقىلى شەيخ جالالىدىن جانابىي ۋەزىرئەزەمگە يازغانىكەن.

— ھىم، تۇزكور شەيخ ئەمدى كالتەككە مىنگەن چېغىدا ماڭا مەكتۇپ يازدىمۇ؟ ھىم سەن سېسىق قاراقچىنىڭ خېتىنى كىم قولىغا ئالغۇدەك، — دېدى شاۋاز.

سىدىق بەگ قارلۇق بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ ئۆز پىكرىنى ئېيتتى:

— ھەر ھالدا ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئاڭلاپ باققانىنىڭ يامىنى يوق ۋەزىرئەزەم. ھازىر ھالقىلىق پەيت، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقايلى.

شاۋاز سىدىق بەگ قارلۇققا يەۋەتكۇدەك چەكچىيىپ بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، كاتىپقا قولىنى سىلكىدى:

— ئۇنلۇك ئوقۇ!

كاتىپ مەكتۇپنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

*«خان لەشكەرلىرىنىڭ ئاتامانى شاۋازغا:*
*ئاستانىمىز ئوردابالىق غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قاپتۇ. خالىساڭ بىزگە يول بەر، شەھىرى ھىراتنى ساڭا بىكارلاپ بېرىپ، ئاستانىگە قاراپ يول ئالىمىز، ئاستانىنى خەۋپتىن قۇتقۇزىمىز. خالىساڭ ئۆزۈڭ ئاستانىگە ماڭ، بىز بۇ يەردە سامانىيلار بىلەن ئۇرۇشىمىز. دۈشمەن بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، ئۆز خەلقىڭگە خىيانەت قىلىدىغان ئۇرۇشنى توختاتقىن.*
*شەيخ جالالىدىن!»*

مەكتۇپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىدىق بەگ قارلۇق گەپ باشلىدى:

— خېلى ئورۇنلۇق گەپ قىپتۇ. خېلىلا ئوڭ گەپ.

شاۋاز بۇلارنى ئاڭلاپ يەنە چالۋاقاپ كەتتى:

— ھىم، باسقاق بەگنىڭ دەيدىغىنى، ئويلايدىغىنى قاراقچىلار بىلەن بىر يەردىن چىقمۋاتىدىغۇ؟ كاللىلىرىنى سىلكىۋېتىپ گەپ قىلىسىلا. قاراقچىلار يا ئاستانىگە بېرىپ غەزنەۋىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئەل قەلبىدىكى باھادىرغا ئايلانماقچى يا بولمىسا شەھىرى ھىراتنى ئۆزىگە قارا ئۇۋا قىلىپ مەشەدە ماكان تۇتۇپ بېكىنىپ، ئاتالمىش ئادالەت ھامىيسى بولۇپ، نادان خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئوتۇپ، قاراخانىيلاردا قوش ئاستانە، قوش ھاكىمىيەت پەيدا قىلماقچى. ئۇلارنىڭ مۇشۇ قارا نىيىتىنى بىلىپ يەتمىدىلە. سىلىدە ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى بارمۇ، يوق؟

— ھازىر بىزگە غەزنەۋىلەر دۈشمەن. شۇڭا، ئاۋۋال دۈشمەننى يوقاتماق كېرەك دەپ بىلىمەن، — دېدى سىدىق بەگ قارلۇق.

— سىلى يېقىندىن بېرى تولا ساقال غىرىچلايدىغان بولۇۋالدىلا، چوڭ ئىشلارغا ئاقساقاللىق قىلىمەن دەپ ئادەمنى ئېلىشتۇرماي، لەشكىري ئىشلار بىلەن بولسىلا. نېمە قىلىش

كېرەكلىكىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. بىز پات پۇرسەتتە قاراقچىلارنى يوقىتىپ ئاندىن ئاستانىگە يۈرۈش قىلىمىز، — دېدى شاۋاز.

ئەمدى گەپنى ئوردابالىق تەرەپتىن ئاڭلايلى. ئوردابالىقنىڭ سېپىلى ئۈستىدە ئوتقاش كۆتۈرگەن لەشكەرلەر ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشەتتى. ھەر ئون قەدەمدە بىر گۈلخان يېقىلغانىدى. راشىدىن ئەتتارى باشلىق ئاتلىق ۋەزىر، ئەمىر، سەردارلار سېپىل ئۈستىدە نۆكەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇ مەنزىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. شەھەر ئەتراپىدا ساناقسىز ئاق چېدىر ھەم گۈلخانلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

شاھى ئاباسىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ، بىر نۆكەر ئوتقاش كۆتۈرۈپ ئالدىدا يورۇتۇپ ماڭدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن راشىدىن ئەتتارى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەرەنچە ياسانغان سەنەم، نىگارئايىم، گۈلجامال، قوراللانغان ئىلياس، ئۇنىڭ ئىككى نۆكىرى ھەم يەتتە - سەككىز خان لەشكىرى ئوتقاش كۆتۈرۈپ ماڭدى. راشىدىن ئەتتارى نۆكەرگە ئىشارەت قىلدى، نۆكەر شاھى ئاباسىنىڭ تەختىنى مۆرىسى بىلەن ئىتتىرىپ بىر يانغا سۈردى، ئاندىن تەختنىڭ ئاستىدىكى گىلەمنى ئۆرۈۋىدى، تاختايلىق قاپقا كۆرۈندى. نۆكەر گىلەمنىڭ ئاستىدىن تاختاي قاپقىقىنى ئېچىۋىدى، ئاستىدىن يوغان بىر ئىشىك ئېچىلدى. ئاندىن پەلەمپەي كۆرۈندى. ئوتقاش كۆتۈرگەن نۆكەرلەر چۈشتى، نۆۋەت سەنەمگە كەلگەندە راشىدىن ئەتتارى دېدى:

— بۇ مەخپىي لەخمە يولى، شەھەر سىرتىدىكى ئىنىس - جىن بىلمەيدىغان تاغ ئۆڭكۈرىگە تۇتىشىدۇ. سىلەرنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. سىلەر چىقىپلا شاھ ئالىيلىرىنى ئىزدەپ تېپىڭلار، شاھ ئالىيلىرى بىلەن خانىش ئايىم مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ دەردىدە ئەس - ھوشىدىن كېتىپ قالمىسۇن. شاھ ئالىيلىرى بىلەن خانىش ئايىم ئۆزلىرىنى قانچىكى بالدۇر كۆرسە، ئۇلارنىڭ

كۆڭلى شۇنچە بالدۇر ئارام تاپىدۇ. بىزنىڭ سالىمىمىزنى شاھ ئالىيلىرىغا يەتكۈزگەيلا. بىز ئاخىرقى تىنىقىمىز قالغۇچە دۇشمەن بىلەن ئېلىشىپ شەھەرنى قوغدايمىز ... قېنى ماڭسىلا ... خۇداغا ئامانەت ...

— ئۆزلىرىنى خاتا چۈشىنىپتىمەن، قىلغان بىئەدەپلىكلىرىمدىن ئىنتايىن خىجىلمەن. مېنى ئەپۇ قىلىپ، مەندىن رازى بولغايلا ۋەزىرئەزەم.

سەنەم كۆز يېشىنى توختىتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ، ئاغزىنى تۇتقىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چۈشتى، ئەڭ ئاخىرىدا ئوتتۇز يەتتە ياشلىق سەرلەشكەر خالىد ئەكبەرگە نۆۋەت كەلگەندە، راشىدىن ئەتتارى ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ دېدى:

— مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ ئامان - ئېسەن پادىشاھ ئالىيلىرىغا يەتكۈزۈلۈشىنى ئاۋۋال ئاللاغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ساڭا تاپشۇردۇم. پادىشاھقا، ۋەتەنگە بولغان ساداقىتىڭنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت كەلدى، ئاللاغا ئىشىنىمەن، ساڭا ئىشىنىمەن.

— ۋەزىرئەزەم كۆڭۈللىرىنى توق تۇتقايلا، مەن جېنىمنى پىدا قىلىپ بولسىمۇ مەلىكە ئالىيلىرىنى شاھ ئالىيلىرىغا ساق - سالامەت يەتكۈزىمەن. ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز، ئۆلسەك قىيامەتتە كۆرۈشكەيمىز.

راشىدىن ئەتتارى خالىد ئەكبەر بىلەن قۇچاقلاشتى:

— خانىدانلىقنىڭ سەن قىلىدىغان ئىشلىرى تولا، پادىشاھ ئالىيلىرى ساڭا ئوخشاش ساداقەتمەن سەركەردىلەرگە موھتاج. شۇڭا سەن بىر ئىشنى قىلىپلا ئۆلسەڭ بولمايدۇ. سەن مەلىكە ئالىيلىرىنى ئامان - ئېسەن ئاپارغاندىن باشقا، شاھ ئالىيلىرىنىمۇ جان تىكىپ قوغداپ، خان جەمەتىنى دۇشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلا، — دېدى راشىدىن ئەتتارى.

— خوپ ئالىيلىرى، چۈشەندىم!

خالىد ئەكبەر ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە «گوپ» قىلىپ ئۇرۇپ تىك تۇرۇپ باش ئېگىپ سالام بەردى - دە، پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى. راشىدىن ئەتتارنىڭ يېنىدا تۇرغان نۆكەرلەر تەختنىڭ بۇرۇنقى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويدى.

ئەمدى غېرىبقا كېلەيلى. غېرىب قۇندۇز ئوردىسىدىكى مەلىكە بەرنانىڭ ھۇجرىسىدا بەرنا بىلەن بىر چىمىلدىقتا شېرىن ئۇيقۇدا ياتماقتا ئىدى. دېرىزە يېنىدىكى قونداقتا تۇرغان شاتۇتى ئېغىز ئاچتى:

— كۆن قىزارغىچە ئۇخلىسا ئۇيات بولىدۇ، كۆن قىزارغىچە جۇپلىشىپ ئۇخلىسا ئۇيات بولىدۇ، ھازىر جۇپلىشىپ ئۇخلىغان پاقىلارمۇ ئاجراپ بولدى، ئۇيات ... ئۇيات ...

غېرىب لاپپىدە كۆزىنى ئېچىپ يېنىدا كۆزىنى ئاچماستىن تەبەسسۇم بىلەن ياتقان مەلىكە بەرنانى كۆرۈپ چاچراپ ئولتۇردى. ئۇ ئەتراپقا چۆچۈپ قارىدى، يالىڭاچ بەدىنىگە يوتقاننى يۆگىدى، مەلىكە بەرنا كۆزىنى ئاچماستىن بەخت تەبەسسۇمى بىلەن ئۇيقۇلۇق ھالدا دېدى:

— ھۇ ... ئۆلگۈر شاتۇتى، ئاخشام يوقتى، نەدىن پەيدا بولدى؟ ... ئەجەب تاتلىق ئۇيقۇمنى بۇزدى ...غېرىبجان ... بىردەم يېتىڭ، بىردەم، نېمانداق تۇرۇۋالىسىز؟

— بۇ ... بۇ نېمە ئىش؟ ... بىز ... بىز نېمە ئىش قىلىپ قويدۇق؟ — سورىدى غېرىب ھەيرانلىق بىلەن.

— ھېچ ئىش قىلىپ قويمىدۇق، نېمانچە ھودۇقىسىز؟ بىز ھەممە ئادەم قىلىدىغان ئىشنى قىلدۇق، — دېدى بەرنا.

— بىز مۇسۇلمان بالىسى ئەمەسمۇ؟ — دېدى غېرىب.

— ھەئە، بىز مۇسۇلمان بالىسى. بىز ئاخشام چىرايلىق نىكاھ قىلدۇردۇق. ھەق نىكاھلىق ھالال جۈپ بولۇپ، ئاندىن بىر تەكىيىگە باش قويدۇق، — دېدى مەلىكە بەرنا.

— شۇنداق بولدىمۇ؟

— ھەئە.

— مەن چۈش كۆردۈممۇ ياكى ئۇخلىمىدىممۇ، ھېچ بىلەلمىدىم.
— سىز چۈش كۆرمىدىڭىز، ئۇ ئۇخلىمىدىڭىز. ئەمدى سىز مېنىڭ مۇرەببىيىم. مانا قاراڭ، مەن سىزنى چىمداپ سەگىتىمەن.

بەرنا غېرىبنىڭ بىقىنىنى چىمداپ، مۇرىسىنى يەڭگىل چىشلىدى، غېرىب ئۇنى سىلكىپ ئاچچىقلىدى:
— سىز ماڭا قانداق نەرسە ئىچۈردىڭىز؟
— شاھانە مۇسەللەس ئىچتۇق، مەن ئۆمرۈمدە بۇگۈنكىدەك راھەت ئۇخلىمىغان، سىزچۇ؟
— بۇ قىلىقىڭىز بولماپتۇ، سىز پادشاھنىڭ مەلىكىسى. مەلىكە بۇنداق بولماسلىقى كېرەك، — دېدى غېرىب.
— مەلىكە دېگەن ياخشى كۆرگەن ھەر قانداق ئىشنى قىلالىغاچقا ئۇ ئادەتتىكى پۇقرانىڭ قىزلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، — دېدى مەلىكە بەرنا.
— ئېيتىڭا، سەنەم ھەققىدە ماڭا نېمىلەرنى دېدىڭىز؟ — دېدى غېرىب.
— ناھايىتى ئاددىي، مەن سىزنىڭ ئانىڭىز بىلەن سىڭلىڭىزنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن چاغلاردا سەنەم بىزنىڭ ئوردىدا بىر ئوبدان قالغان. ئۇنىڭ بېشىغا قانداق جىن تەپتى، ئوردىدىن قېچىپ چىقىپ سېپىل تۈۋى خەندەكتىكى سېسىق سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. سۇدىن چىقالماي ئۆلۈپ كېتىشكە ئاز قالغاندا، ئەپكەشچى تاز قۇتقۇزۇۋاپتۇ. ئۇ يېتىم، نامرات تاز بولغاچقا، قىرىق ياشقىچە ئۆيلىنەلمەي خوتۇن قارىسى كۆرمىگەنكەن ...

غېرىب كاپ قىلىپ بەرنانىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋالدى، كۆزلىرىنى يۇمدى، چىشلىرى دەھشەتلىك كىرىشىپ كەتتى. ئۇ جالاقلاپ تىترەپ، بوغۇلۇپ گەپنى چىشلىرى ئارىسىدىن ئاران چىقىرىپ دېدى:
— بولدى ... مېنى ھايات قالسۇن دېسىڭىز، ئاخىرىنى دېمەڭ، مەن خوش بولاي ...

بەرنا غىرىبنىڭ باشلىرىنى سىلاپ بوينىغا ئېسىلدى.

قاقاس تاغ ئارىسىدىكى ئۆڭكۈرلەردە شاھى ئاببا سنىڭ مۇھاپىزەتچى لەشكەرلىرى تاغ ئۆڭكۈرلىرى، قىسىلچاق، تاشلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغانىدى. ئاتلارنىڭ بېشىغا تووۋرا تارتىپ، تۇياقلىرىغا كىگىز پايپاق كىيدۈرۈپ، ئۆڭكۈرلەرگە، دالدىلارغا يوشۇرۇپ قويغانىدى. نىياز ئەلەم بىلەن ئامىر سەئىد بىر قانچە نۆكەرلىرى بىلەن لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىنى ئارىلاپ ماڭماقتا. لەشكەرلەرنىڭ بەزىسى ئۇخلىماقتا، بەزىسى چىلىم تارتماقتا، بەزىسى توپلىشىپ ئۇن چىقارماي، يەرگە سىزىپ، قاتار ئوينىماقتا، يەنە بەزىسى توپلىشىپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ ئوشۇق ئوينىماقتا ئىدى.

شاھى ئاباس بىلەن مېھرىبانۇ خانىش ۋە ئوردىنىڭ مەھرەملىرى جايلاشقان ئۆڭكۈردە شاھى ئاباس گىلەم ئۈستىگە سېلىنغان پەي ياستۇققا يانپاشلاپ يېتىپ كۆزىنى يۇمۇپ چىلىم تارتىۋاتاتتى. تۇران ئايلا بىر تاۋاق شورپىنى پەتنۇسقا سېلىپ تەييار قىلدى ـ دە، شاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ تەگلىدى:

— شاھ ئالىيلىرى، يېڭى توشقان گۆشىدە شورپا قىلدىم، ناشتا قىلىۋالغايلا.

شاھ كۆزىنىمۇ ئاچماستىن بوش ئاۋازدا دېدى:

— قورسىقىم توق.

— ناشتىنى قورساق ئاچ ياكى توق دېمەستىن قىلغۇلۇق شاھ ئالىيلىرى، ناشتا قىلماستىن نەشە تارتىۋەرسىلە زىيىنى بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى تۇران ئايلا.

شاھنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ ۋارقىرىدى:

— يوقال كۆزۈمدىن كاپ ـ كاپ قانجۇق، ئەتىگەندە بېشىمغا كېلىپ ۋالاقلاپ ماڭا ئۆگەتمىسەڭمۇ بولىدۇ!

تۇران ئايلا قورقۇپ كەتكەنلىكتىن قولىدىكى پەتنۇس يەرگە چۈشۈپ تاۋاق چېقىلىپ كەتتى. بىر دېدەك ئالاقزادە بولۇپ،

ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ :

— شاھ ئالىيلىرى ... شاھ ئالىيلىرى ... خانىش ئايىم بولالمايۋاتىدۇ، — دېدى.

شاھ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىگە يۈگۈردى.

قۇندۇز ئوردىسىنىڭ مەلىكە بەرنا غىزالىنىدىغان خاس خانىسى. غېرىب بىلەن بەرنا ئىككىسىلا ھەشەمەتلىك داستىخاندا ناشتىلىقتا ئولتۇرغانىدى. ھېلىمخان ئايلا باشلىق كېنىزەك، دېدەكلەر ئەتراپتا قول باغلاپ تۇراتتى. غېرىب ھېچ نەرسىنى يېگۈسى كەلمەي مەيۈس، غەمكىن يەرگە قاراپ جىمىمىدە ئولتۇراتتى.

— ئېلىڭ، يەڭ. غىزالاردىن قايسىسىنى كۆڭلىڭىز تارتسا شۇنىڭدىن ئېلىپ ناشتا قىلمامسىز؟ — دېدى مەلىكە بەرنا.

غېرىب بەرناغا چوڭقۇر تىكىلىپ بىردەم قارىغاندىن كېيىن ئەتراپىدىكىلەرگە قارىدى.

— ھەممىڭلار چىقىپ كېتىڭلار!

مەلىكە بەرنانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھېلىمخان موماي باشلىق بارلىق دېدەك، مۇلازىملار تەزىم قىلىپ كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

— تارتىنماڭ، ئېلىڭ.

بەرنا سويۇلغان تۇخۇمنى غېرىبقا تەڭلىدى.

— گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيدۇ، سەنەم نېمىشقىمۇ قاچقاندۇ؟ سىېىق خەندەككە نېمىشقا سەكرىگەندۇ؟ — دېدى غېرىب ئاھ ئۇرۇپ.

بەرنا ۋىلىقلاپ كۈلدى.

— ھە گېلىڭىزدىن شۇڭا غىزا ئۆتمەپتۇ ـ دە، مەن ئەمدى راستىتىنى دەي. سۆچى تاز بىلەن سەنەم ئوتتۇرىسىدا سىز ئويلىغاندەك ئىش بولغىنى يوق. ئۇلار ئەر ـ خوتۇن بولغان ئەمەس.

غېرىب شارتتىمدە بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ياش سىرغىپ چىققان كۆزىنى ئۈمىدلىنىپ بەرناغا تىكتى.

— راستمۇ؟ نېمانداق كاللامنى قوچۇيدىغانسىز مەلىكە بەرنا.

— ئەمما، سۆچى تازنى ئۆلتۈرۈشمىزگە مەلىكە سەنەم يول قويمىدى. ئەكسىچە ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ئەتىۋارلاپ ناھايىتى ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. ئۇ بىر كوچىدا قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ يۈرگەن، ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان، سېسىق پۇراپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان تاز ئىدى. ئۇنى ئوردىدا داۋالاپ ساقايتىپ بىزنىڭ چاھارباغدا گۈلچى قىلىپ ئىشلەتسىڭىز دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چاھارباغنىڭ گۈلچىسى بولدى، — دەپ تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى بەرنا.

— بولدى ... بولدى ...

غېرىب ئالدىدىكى نازۇنېمەتلەرنى ئۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ياق ... ياق ... يالغان سۆزلەۋاتىسىز. سىز مېنى سەنەمدىن تەزدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلەۋاتىسىز، — دېدى غېرىب.

— بۇ ئىشنى قۇندۇز ئېلىدە بۆشۈكتىن ـ تۆشۈككىچە ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ھەتتا ئانىڭىز، سىڭلىڭىز، جانجىگەر دوستىڭىز ئىلياسمۇ بىلىدۇ. مەن ئۇلارنى ئوردىغا ئەكەلگەندە بۇ ئىش خەلقئالەمگە تاراپ، ھەممە ئادەم بىلىدىغان بىر ئىشقا ئايلانغانىكەن.

— بولدى سۆزلىمەڭ، قېنى ئاخشامقى ئىچىدىغان نەرسىڭىزنى ئېلىڭ، ئىچىمەن، — دېدى غېرىب.

— ناشتىدىلا ئىچەمسىز؟ — دېدى مەلىكە بەرنا.

— ھەئە، ناشتىدىلا ... ناشتىدىلا ...

بەرنا كومزەكتىكى مۇسەللەسنى ئالتۇن جامغا تولدۇرۇپ غېرىبقا ئىككى قوللاپ تۇتتى، غېرىب ئېلىپ غورتۇلدىتىپ ئىچتى. كەينى ـ كەينىدىن بەش قەدەھ ئىچىپ دەلدەڭشىپ

يىقىلدى، بەرنا بىرىپ يۆلىدى.
— ئېيتىڭا، بۇ دۇنيا نېمانداق ۋاپاسىز؟ مەن غېرىب نېمانداق شور پېشانە، بىتەلەي؟ مەن تۇغۇلۇشۇمدىنلا بىتەلەي ... ياق تۇغۇلماستىنلا بىتەلەي ... شور پېشانە، — دېدى غېرىب.
— ياق، بىتەلەي ئەمەسسىز، سىز دۇنيادىكى ئەڭ تەلەيلىك يىگىتسىز. چۈنكى سىز جاھاندا كەم ئۇچرايدىغان تەڭداشسىز گۈزەل ئىككى مەلىكە ياخشى كۆرۈپ، ئاشىق ـ بىقارار بولغان، تالاشتا قالغان يىگىت، — دېدى بەرنا.
— ئېيتىڭا ... مەن راستتىنلا تەلەيلىكمۇ؟ — دېدى غېرىب.
— ئاجايىب تەلەيلىك يىگىت سىز، — دېدى بەرنا.
— سەنەم مېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟
— ئەلۋەتتە ... جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ.
— ئەمىسە ئۇنىڭ نېمانداق كۆڭلى پەس، نېمىشقا ئادەم تېپىلمىغاندەك سۇچى تاز بىلەن تېپىشىپ قالىدۇ، — دېدى غېرىب.
— بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، — دېدى بەرنا.
— نېمانداق كاج تەقدىر بۇ؟ سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — سورىدى غېرىب.
— مەن سىزگە ئاشىق ـ بىقارارمەن غېرىب. مېنىڭ ئەركەك زاتى بىلەن خۇشۇم يوق، ئەر كىشىگە ئۆچ ئىدىم. مېنى ئانام رەھمەتتى ئەركەك ئالۋاستى چاپلىشىپ قاپتۇ، دەپ قىلمىغان ئىشى، ئوقۇتمىغان داخان قالمىغان. بىراق، ھېچبىر پايدىسى بولمىغان. تاسادىپىي سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مەن ئەركەك زاتىغا بۇنچىۋالا ئامراق بولۇپ قالارىمنى ئويلاپ باقمىغان، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، سىزنى كۆرگەن دەقىقىدىن باشلاپ مېنىڭدە ئۆمرۈمدە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر تاتلىق سېزىم پەيدا بولدى. مەن باشقا ئەرلەردىن بۇنى ھېس قىلمىدىم. پەقەت سىزدىنلا كۆردۈم، ھېس قىلدىم. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى كۆزۈمگە سىغمايدۇ، سېسىق پۇرايدۇ. جاھاندىكى خوتۇنلار نېمانداق ئەخمەق، بىچارە، ئاۋارە،

كالۋادۇر دەپ ئويلايتتىم ... ئۆزۈمنى ئەر كىشىمۇ، خوتۇن كىشىمۇ ئەمەستەك ھېس قىلاتتىم. مانا سىزنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ ئاياللىقىنى ھېس قىلدىم، — دېدى مەلىكە بەرنا.

— سىز ماڭا شۇنچە كۆيۈپ قالدىڭىزمۇ؟ — قايتىلاپ سورىدى غېرىب.

— ئۆزۈمدىكى كۆيۈك ئوتىنى دەپ بېرەلمەيمەن. شاھ ئاتام، پۈتكۈل ئوردام مېنىڭ بىر يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالغىنىمدىن خۇش بولۇپ كېتىشتى. شاھ ئاتام مېنىڭ قىزىم راستتىنلا قىز ئىكەن، ئۇنىڭغا ئەركەك جىن چاپلىشىۋالماپتۇ دەپ خۇشال بولۇپ، يىغلاپ خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇپ يۈرۈيدۇ. مەن سىزنى پۈتۈن جاھانغا تەڭ قىلمايمەن، تېگىشمەيمەن. مەن سىزگە شۇنچىلىك ئاشىق ـ بىقارارمەنكى، ئەگەر مېنى چىن ئىخلاسىڭىز بىلەن خوتۇنلۇققا ئالسىڭىز، ئاتام پۈتۈن تاجۇتەختىنى سىزگە تاپشۇرىدۇ، پادىشاھلىق سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ. مەن ئەلنىڭ پادىشاھلىقىنى سىزگە سۇنىمەن ...

بەرنا شۇنداق دەپلا غېرىبنى باغرىغا بېسىپ ھۆڭرەپ يىغلىدى.

— ماڭا ياقا يۇرتنىڭ سۇلتانلىقى كېرەك ئەمەس، — دېدى غېرىب.

— ماڭا سىز كېرەك ... مەن سىزگە كۆيۈك. ئەمدى ماڭا جاھاندا ئىككىنچى بىر ئەر كىشىنىڭ لازىمى يوق. ناۋادا سىز مېنى خوتۇنۇم دەپ قارىمىسىڭىزمۇ مېنىڭ يەنە بىر ئەرگە تېگىشىم مۇمكىن ئەمەس، ئۆلگۈچە ئەرسىز، بويتاق ئۆتۈپ كېتىمەن، — دېدى بەرنا.

— سەنەممۇ شۇنداق دېگەن، ئەمما ھېلىقى تازغا قانداق گىرىپتار بولدى؟ — دېدى غېرىب.

— خۇدا ئۇ كۈننى ماڭا كۆرسەتمىگەي ...

— خوتۇن خەقنىڭ ھەممىسى ئوخشاش.

— مەن ئوخشمايمەن.

بەرنا غېرىبقا چىرمىشىپ نۇرغۇن - نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدى.

سىدىق بەگ قارلۇق ئۆز چېدىرىدا ئۈچ سەركەردىسىگە پەس ئاۋازدا بۇيرۇق بەردى:

— ۋەزىرئەزەم شاۋاز ئابباس خانغا ھەم ئەلگە ئاسىيلىق قىلىپ، كۆپۈرانە يول تۇتتى. بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپ ئۆلسەك يەر قوينىغا ئالمايدىغان نا ئەھلى، مۇناپىققا ئايلىنىپ، قىيامەت كۈنى قارايۈز بولۇپ قوپىمىز. شۇڭا، ئەمدى كاللىمىزنى سىلكىۋېتىپ ھەق يولغا، تەڭرى يولىغا قايتىپ خاننى قوغداش، ئاستاننى قوغداش جېڭىگە ئاتلىنىمىز. شۇ سەۋەبتىن، ھەر قايسى سەركەردىلەر قول ئاستىڭلاردىكى لەشكەرلەرنى تەق قىلىپ باش ئەزان بىلەن تەڭ ئاتلىنىپ يولغا چىقىڭلار، ئۈچرىشىدىغان جايىمىز مۇرغاپ دەرياسى بويى.

سەركەردىلەر خوپ دەپ ماڭماڭچى بولدى، شۇئان چېدىرنىڭ ئۈستىدىكى تۈڭلۈكتىن يوغان بىر پارچە ئوت بېشىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ سۆزلىشىۋاتقان سىدىق بەگ قارلۇق بىلەن ئۈچ سەركەردىنىڭ بېشىغا چۈشتى. ئوت تېزلا تۆت ئادەمگە تۇتاشتى، ئۇلار ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ ئىشىككە ئۆزلىرىنى ئۇردى، ئىشىك سىرتىدىن يوغان ھارۋا بىلەن قاپلاپ قويۇلغان بولۇپ، چېدىر بىردىنلا يانغىنغا ئايلىنىپ كۆيدى. ئۈستۈېشىغا ئوت تۇتاشقانلار چېدىردىن ئېتىلىپ چىقتى. قاتمۇقات قورشاپ تۇرغان لەشكەرلەر يەردە يۇمىلاپ كۆيۈۋاتقان تۆت ئادەمنىڭ پاجىئەلىك ھالىغا قاراپ تۇردى. ئۇلاردىن بىرى جان ئاچچىقىدا كۆيگەن پېتى سەپنى يېرىپ ئۆتمەك بولۇپ سەپكە ئۆزىنى ئۇردى. ئەمما، قويۇق ئوراپ تۇرغان لەشكەرلەرنىڭ ئۇزۇن نەيزىسىگە مىخلىنىپ قېلىپ كۆيۈۋەردى ...

ئات ئۈستىدە بۇ تاماشانى كۆرۈپ تۇرغان شاۋاز بىلەن ئابدۇللا شاتىرى بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى.

— خىيانەتكار مۇناپىقلارنىڭ تەقدىرى مۇشۇنداق بولىدۇ، — دېدى شاۋاز.

بىر نۆكەر ئاتلىق كېلىپ سالام بېرىپ مەلۇم قىلدى:

— ۋەزىر ئەزەم ئالىيلىرى، خان ئالىيلىرىدىن چاپارمەن كەپتۇ.

— نەدە؟ — سورىدى شاۋاز.

— ئالىيلىرىنىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىدا قالدى.

شاۋاز چېدىر ئالدىدا تۇرغان تونۇش چىراي ئادەمگە سىنچىلاپ قارىدى.

— سەن ... ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ مەن بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن، تونۇش چىراي، ئەمما سەن خان ئالىيلىرىنىڭ چاپارمىنى ئەمەس.

بۇ زەينىدىن بومىيانىنىڭ خاس مەسلىھەتچىسى پاسار بەگ ئىدى. ئۇ تەزىم بىلەن سالام قىلىپ دېدى:

— جانابلىرىنىڭ ئېسىدە تۇرماسلىقى بەرھەق. مەن سىلىنىڭ كاتتا سۆھبەت ھەم مول نېمەتلىك داستىخانلىرىغا كۆپ نائىل بولغانمەن. مەن مەۋلانا زەينىدىن بومىيانى ھەزرەتلىرىنىڭ خاس مىرزىسى پاسار بەگ بولىمەن.

— ھە ... ھە ... ئېسىمگە كەلدى. ھە ... دۇرۇس. سىلى بومىيانى ھەزرەتنىڭ سايىسىدەك دائىم يېنىدا يۈرۈيدىغان مەھرەم بېگى ... ھە دۇرۇس، — دېدى شاۋاز.

— شۇنچە ئىشلارنىڭ غەمخانىسى تۇرۇپ، پېقىردەك مۇلازىمنى ئەسكە ئالالىغانلىقلىرى ئالەمچە ئىشتۇر. ئالىيلىرى، تولىمۇ سەگەك ھەم دانا ئىكەنلا، شۇڭا بىر ئەلنىڭ دانىشمەن ۋەزىرى - دە، سىلى، — دېدى پاساربەگ ماختاپ.

— ئۆزلىرىنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ بومىيانى ھەزرەت بىرەر ۋەجىدىن بۇ يەرگە ئەۋەتكەن بولمىسۇن يەنە، — دېدى شاۋاز.

— مەۋلانىمىز ئۆزلىرىگە خاس بىر مەخپىي مەكتۇپنى

ئەۋەتتى، مەكتۇپنى كۆرۈپ بولغان هامان كۆيدۈرۈۋەتكەنلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئاندىن قايتىشىمنى ئاتايىن بۇيرۇدى.

پاسار بەگ تونىنىڭ پېشىنى سۆكۈپ تۇمارچە قاتلانغان كىچىك بىر پارچە مەكتۇپنى چىقىرىپ، شاۋازغا سۇندى. شاۋاز مەكتۇپنى ئېچىپ ساپال چىراغنىڭ يورۇقىغا تۇتۇپ كۆردى، كۆرۈپلا چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈردى.

— بومىيانى هەزرەت ئەزەلدىن كۆڭلۈمنى چۈشىنىدۇ، مەن نېمىنى خىيال قىلسام ئۇ كۆڭلۈمدىكى گەپنى تېپىپ قىلىدۇ. بومىيانى هەزرەتكە مەندىن رەهمەت، دۇئايىسالام دېگەيلا. مەقسەت هاسىلكالام بولغاندا، بومىيانى هەزرەتنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقى، دانا تەدبىرى ئۈچۈن ئالاهىدە رەهمەت ئېيتىمەن. بېرىپ دېگەيلا، مەن مەۋلانا هەزرەتنىڭ دانا تەدبىرى بويىچە ئىش قىلىمەن، — دېدى شاۋاز.

— خوپ ئالىيلىرى، ئاللا مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەي، ئۆزلىرىنىڭ نۇسرەت، پاراغەتلىرىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن بېشىمىز كۆككە يەتكەي، غەلىبىنى بىللە تەنتەنە قىلىشقا نېسىپ بولغاي، — دېدى پاساربەگ.

ئوردابالىق شەهەر دەرۋازىسى سىرتى. سېپىل خەندىكىدىن ئۆن يېتىم يەردە قىرىق بىر ئۆيغا سۆرىتىپ كېلىپ توختاتقان تەخت سۇپىسىدا سۇلتان مەهمۇد غەزنەۋى هەيۋەت بىلەن ئولتۇرۇپ سازەندىلەرگە نەغمە قىلدۇرۇپ، ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرمەكتە ئىدى. نەغمە نەزمىسى:

ئىشقى ئوتۇڭدا كۆيگىلى كەلدىم،
ئايدەك يۈزۈڭنى كۆرگىلى كەلدىم.
سەۋدايى زۇلپۇڭ چۈشتى باشىمغا،
سەندىن داۋاسىن سورىغىلى كەلدىم.
بەهرەڭگە كىردىم غەۋۋاس بولاي دەپ،
گەۋهەرنى مەقسەت ئالغىلى كەلدىم.

مەندىن سورىساڭ ئەي گۈل ئۈزارىم،
ئاتەشخانەگدە قالغىلى كەلدىم.

كۆردۈم جامالىڭ، كەتتىم ھوشۇمدىن،
مەجنۇنى شەيدا بولغىلى كەلدىم.
رەھمەت ئىشكىن مەھمۇدقا ئاچقىن،
ئىشقىڭ كويىدا ئۆلگىلى كەلدىم.

شۇ چاغدا سىپىل دەرۋازىسىنىڭ يان ئىشىكى ئېچىلىپ، سىپىل خەندىكىنىڭ ئاسما كۆۋرۈكى چۇشۇرۇلۇپ، قېرىلىقتىن پېيى تارتىشىپ ئاران ماڭىدىغان، پاكار، يوغان يۆگىلۈق قورسىقى يەرگە تېگەي دەپ قالغان، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتقىلى ھالى يوق بىر قېرى ئېشەك ئاستا مېڭىپ نەغمە ـ ناۋا قايناۋاتقان شاھ سۇيىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ پۇشقىرتىپ سولتەك قۇيرۇقىدا چىۋىن قورۇپ تۇردى، ئاندىن كورتۇلدىتىپ ئوسۇرۇپ ھاڭىرىدى. پاكار، قېرى، جانسىزدەك كۆرۈنگەن ئېشەكنىڭ ھاڭىرىغان ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ چۈشۈپ، ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ناخشىچى، سازەندىلەرنىڭ نەغمە ـ ناۋاسى شۇئان توختىدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئەتراپ سۈرلۈك جىمجىتلىققا چۆكتى. ھېچكىم يوغانىراق تىنىشقا جۈرئەت قىلالماي چەكچىيىپ قېلىشتى. ئېشەكنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ مەيدىسىگە ساڭگىلىتىپ قويۇلغان تاختىغا يوغان قىلىپ «سۇلتان ئالىيلىرى مەن بىلەن نېمە توغرۇلۇق سودا قىلىلا؟» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. نەغمىچىلەر قورقۇنچتا تىنىشقا پېتىنالماي ئۈملىشىپ سۇپىدىن چۈشۈپ كېتىشتى. دەرپەردىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تۇتالماي، پىخىلداپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. غەزەپتىن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ، چىشلىرى كىرىشىپ، ساقاللىرى تىترەپ، بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى:

— پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار، ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇردابالىقنى ئېلىپ شاھى ئابباسنى مۇشۇ قوتۇر ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، مەلىكىسىنى ئاندىن تۇغما ھالەتتە ئالدىمغا ئېلىپ كەلمەيدىغان بولساڭلار مەندىن ياخشىلىق كۆرۈشمەيسەن !

پۈتۈن سەردار ـ سەركەردىلەر «خوپ!» دەپ ۋارقىراشتى، شەھەرنى قورشاپ تۇرغان لەشكەرلەر چۇقان ـ سۈرەن تۇۋلاپ، سەپ ـ سەپ بولۇپ شەھەر سېپىلىغا قاراپ ئېتىلدى.

ئىلياس، خالىد ئەكبەرلەر باشلاپ ماڭغان سەنەملەر ئۇردابالىقنىڭ تېگىدىكى لەخمە ئارقىلىق بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن تاغ باغرىغا چىقتى. تاغ باغرى ياپيېشىل چۆپلەر، گۈللەر ۋە ساناقسىز بۈك قارىغايلار بىلەن قاپلانغانىدى. تاغنىڭ يېشىل چۆپلىرى قويۇق ئۆسكەن جايدىن چۆپلەر قايرىلىپ، خالىد ئەكبەر ئاستا بېشىنى چىقاردى ـ دە، پەم بىلەن ئەتراپقا قارىدى. ئاندىن ئاستا سىرتقا چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىككى نۆكەر چىقىپ بىر قانچە قەدەمدىن مېڭىپ ئەتراپنى كۆزەتتى. ھېچقانداق شەپە بولمىغاندىن كېيىن چۆپلەر ئارىسىدىن ئۆڭكۈرگە كىرىپ ھەممەيلەننى باشلاپ چىقتى. ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىققاندىن كېيىن قارىغايلىق تاغقا قاراپ ماڭدى، نىگار ئايىم قىينىلىپ تەستە ماڭدى. پۈتلاشقان يەرلەردە بەزىدە سەنەم، بەزىدە ئىلياس يۆلەشتۈردى.

شاھى ئابباس بولسا قاقاس تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە ئۆڭكۈر تېمىغا يۆلىنىپ خورۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. شۇ ئارىدا ئۆڭكۈرگە نىياز ئەلەم بىلەن ئامىر سەئىد ئالدىراپ كىرىپ كەلدى، نىياز ئەلەم ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە ئۇرۇپ باش ئېگىپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھ ئالىيلىرى.

شاھ كۆزىنى يېرىم ئېچىپ گەپ قىلماستىن قارىدى، تۇران ئايلا ئاستا كىلىپ نىياز ئەلەم بىلەن ئامىر سەئىدكە پىچىرلىدى:

— سەردارلىرىم، شاھ ئالىيلىرى ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇخلىماي، غىزامۇ يېمەي، قاتتىق سەپرا بولۇۋالغاچقا ئاخىر بولماي مەجۇن يېگۈزدۇق. ھازىر ئاشۇنداق يېرىم ئۇيقۇلۇق، يېرىم ئويغاق دېگەندەك بىر خىل خامۇش بولۇپ قالدى.

نىياز ئەلەم نېمە قىلارىنى بىلمەي بىردەم ئىمىزىدا پىرقىرىغاندىن كېيىن ئامىر سەئىدكە يېقىن كېلىپ ئاستا دېدى:

— شاۋاز ۋەزىرئەزەمنى ساقلىساق، ئۇ كېلىپ بولغۇچە ئوردابالىق سامانىيلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. مەن قول ئاستىمدىكىلەر بىلەن دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننى قالايمىقان قىلاي، دۈشمەننىڭ ئوردابالىققا بولغان بېسىمى بىر ئاز بولسىمۇ يەڭگىللەپ شاۋاز ۋەزىرئەزەم كەلگۈچە ئوردابالىقنىڭ بەرداشلىق بېرىشىگە كېپىللىك قىلغىلى بولار. ئۆزلىرى بارچە ئاماللار بىلەن شاھ ئالىيلىرىنى قوغدىغايلا. ھەر كۈنى كېچىسى يۆتكىلىپ، ئامال بار ئوردابالىقتىن قانچىلىك يىراق كەتسەڭلار شۇنچە ياخشى. دۈشمەنگە تۇيدۇرماڭلار. ئىنس - جىن سەزمىسۇن. ئالسىمۇ بولىدىغان، ئالمىسىمۇ بولىدىغان ئېغىر - يېنىك نەرسىلەرنى تاشلاپ يەڭگىل مېڭىڭلار.

— شاھ ئالىيلىرىنى قوغداشتا كۈچىمىز بۆلۈنۈپ كەتمىسە ياخشى بولاتتى، — دېدى ئامىر سەئىد.

— شاھ ئالىيلىرىنى قوغداش بىلەن مەلىكە ئالىيلىرى ھەم ئوردابالىقنى قوغداش ئوخشاشلا مۇھىم. شاھ ئالىيلىرىنى قوغدىدۇق دەپ، مەلىكە ئالىيلىرى بىلەن ئوردابالىقنىڭ دۈشمەننىڭ ئاياغ ئاستىدا دەپسەندە بولۇشىغا يول قويساق، بۇمۇ بىز ئۈچۈن ئۆلۈمدىن ئارتۇق خورلۇق. ئۇ چاغدا ئىشتانباغقا ئېسىلىپ غىمقىقىدا ئۆلۈۋالغان بىلەنمۇ ئادەمنىڭ دەردى چىقمايدۇ، — دېدى نىياز ئەلەم.

— ئىشقىلىپ، شاھ ئالىيلىرىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈشكە

رازىمەن. ھاياتىم بىلەن پادىشاھ ئالىيلىرىغا سادىق بولىمەن، — دېدى ئامىر سەئىد.

— ئۆلۈش بىلەن ئىش تۈگىمەيدۇ. مەقسەت پادىشاھ ئالىيلىرى ۋە مەلىكە ئالىيلىرى ھەم ئورداباللىقنى مەيلى ھايات بولايلى ياكى ئۆلەيلى قوغداپ قېلىشتۇر. بولمىسا بىز مەڭگۈ دوزاختا كۆيىمىز، جەننەت يۈزى كۆرەلمەيمىز. بىزنىڭ ئۆلۈش - ئۆلمەسلىكىمىز بۇ ئىشنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، — دېدى نىياز ئەلەم.

— خوپ، چۈشەندىم ھەزرىتىم، سىلى خاتىرجەم ھۇجۇمغا ئۆتسىلە. مەن شاھ ئالىيلىرىنى ھەر باب بىلەن قوغدايمەن، — دېدى ئامىر سەئىد.

— يارايلا ئەزىمەت.

نىياز ئەلەم ئامىر سەئىد بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

— ياشلىق قىلىپ سىلىنى رەنجىتكەن يەرلىرىم تولا، تەنتەكلىكىمنى كۆڭۈللىرىدىن چىقىرىۋەتكەيلا ئۇستاز سەردار، — دېدى ئامىر سەئىد.

— ئارسلاندەك ئوغلۇم، ئۆلسەك شېھىت بولۇپ، قىيامەتتە كۆرۈشكەيمىز. ھايات قالساق يەنە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەيمىز. مەن سىلىدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى. شاھ ئالىيلىرىنى جانلىرى بىلەن قوغدىغايلا. خانىدانىمىزنىڭ ھايات - ماماتى شاھ ئالىيلىرىنىڭ ھاياتىغا باغلىق بولۇپ قالدى. ئەۋلادلار بىزنى قارغاپ قالدىغان نەس كۈننى خۇدا بىزگە كۆرسەتمىسۇن. شاھ ئالىيلىرى ھايات بولسىلا دۈشمەن بارلىق زېمىنىمىزنى بېسىۋالغان تەقدىردىمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ھامان قوغلىنىدۇ. ئەگەر شاھ ئالىيلىرىدىن ئايرىلىپ تۇغىمىز يىقىلسا، خەلقنى ئەتراپىغا يىغىدىغان غول تۈۋرۈكىمىزدىن ئايرىلىمىز، خەلقنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ھېچنېمىمىز قالمايدۇ. شاھ ئالىيلىرى ئەڭ زور تاغ. بۇ تاغنى ساقلاش سىلىگە قالدى ئوغلۇم، — دېدى نىياز ئەلەم.

— تەڭرى ماڭا بۇ تاغنى ساقلاش پۇرسىتىنى بەرگەنىكەن، مەن بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىمەن، — دېدى ئامىر سەئىد.

ئىككى سەركەردە چىڭ قول سىقىشىپ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈشكىنىچە خۇشال ئايرىلىشتى.

غېرىب بىلەن مەلىكە بەرنا چىمىلدىقتا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. غېرىب چۈش كۆردى: تال باراڭلىق ھويلىدا سەنەم بىر توپ ئۇسسۇلچى قىزلار بىلەن بىللە ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشىۋاتقۇدەك. قاتمۇقات زەنجىر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان غېرىبنى يۈزىگە قارا نىقاب تاقىۋالغان بىر توپ گۈندىپاي سۆرەپ ماڭغۇدەك. غېرىب تىرەجەپ ۋارقىرىسا ئۇنى چىقمىغۇدەك، سەنەم بولسا ئۇنى كۆرمەي خۇشال - خۇرام ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناۋەرگۈدەك. كېيىن بىردىنلا غېرىبنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلسا، ئۇنىمۇ بىر توپ قارا نىقابلىق ياساۋۇللار تۇتۇۋالغۇدەك. غېرىب سەنەمگە قاراپ تۇرۇپ قالغۇدەك. شۇ چاغدا بىردىنلا غايەت زور بىر قارا قول ئاسماندىن سوزۇلۇپ چۈشۈپ سەنەمنى چاڭگىلىغا ئېلىپ ئاسمانغا ئاچىقىپ كەتكۇدەك. ئاپئاق ساقاللىق شەيخ جالالىدىن پەيدا بولۇپ، قولىدىكى ھاسا بىلەن غېرىبنىڭ بېشىغا سالغۇدەك ...

غېرىب ۋارقىراپ ئويغىنىپ كەتتى، بەرنامۇ ئويغىنىپ غېرىبنىڭ مەيدىسى، مۇرە - قوللىرىنى سىلىدى.

— قارا بېسىپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى بەرنا.

— ياق ... ياق ... سىز مېنى ئالداپسىز ... مەن ھازىرلا ماڭىمەن ... ماڭا راست گەپ قىلىڭ ...

غېرىب شۇنداق دەپ ئورنىدىن تۇردى.

— بولىدۇ، مەن راست گەپنى قىلاي. سەنەم، ئانىڭىز، سىڭلىڭىز، دوستىڭىز ئىلياسلار ئورداباغدىكى زىنداندا بەند قىلىندى، — دېدى بەرنا.

— نېمىشقا؟ — دېدى غېرىب.

— شاھى ئابباس ئورداباغدىكى يېتىپ بارغۇچە ۋەزىر،

ئەمىرلەر ئۇلارنى شۇ تەرزدە تۇتۇپ تۇرماقچىكەن. ئەسلىدە مېنىمۇ زىندانغا بەند قىلغان، كېيىن مېنى قويۇۋېتىپ ئۇلارنى ئېلىپ قالدى، — دېدى بەرنا.

— بالدۇرراق دېسىڭىز بولماسمىدى.

— چۈنكى، تەشنالىقتىن چاك - چاك بولغان ئېتىزغا ئاسماندىن شىپالىق يامغۇر ياغقاندەك، ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولغان سىزدەك ئاشىقىمنىڭ ۋىسالىغا قاناي دېدىم. ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم. سىزنى يەنە تۇتۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. سىز قايتىپ كەلسىڭىز مەن سىزنى يەنە ئېرىم دەپ قارايمەن. بولمىسا بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق بويتاق ئۆتىمەن. خۇدانىڭ ماڭا رەھمى كەلسە سەنەمدەك مەنمۇ سىزدىن قورساق كۆتۈرۈپ پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغسام، مېنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك خۇشاللىقىم، تەختى - بەختىم شۇ. بولمىسا، خۇدانىڭ ئۆزىگە ئامانەت، — دېدى مەلىكە بەرنا.

— نېمە ... نېمە دەيسىز، سەنەم ھامىلىدارمىدى؟ — دەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى غېرىب.

— ئۇنىڭ سىزدىن بويىدا قالغانىكەن، ئەمما سېسىق سۇدا تۇنجۇقۇش، سۇچى تاز بىلەن ئېلىشىش جەريانىدا بويىدىن ئاجراپ بالا چاچراپ كەتتى. ئۇنى بىزنىڭ ئادەملەر تېزلا قۇتقۇزۇۋالدى. ئۇ پاك، سۇچى تاز بىلەن ھېچقانداق ئىش بولغىنى يوق. بېرىڭ، ئۇنى قۇتقۇزۇڭ، خالىسىڭىز مەنمۇ بارىمەن، — دېدى مەلىكە بەرنا.

— ياق ... ياق ... سىز بىلەن سەنەمنى بىر يەردە كۆرۈشنى خالىمايمەن، — دېدى غېرىب.

— مەن سىزدىن رازى، سىزنى خۇدايىم غايىبتىن ماڭا يەتكۈزۈپ، ماڭا بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك خۇشاللىق ئاتا قىلىپ، يەنە يېنىمدىن ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. خۇداغا يۈزمىڭ شۈكۈر. پەقەت سىز مېنى يۈرىكىڭىزدە مېنىڭ ئايالىم دەپ تونۇسىڭىزلا مەن شۇنىڭغا شۈكۈر دەيمەن. بېرىڭ، ئۇلار تېخىچە سەنەم ھەم

ئانىڭىزنى غېرىب بىزنىڭ زىنداندا دەپ ئالداۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئېسىڭىزگە چۈشۈپ قالسام، كەلسىڭىز ھەر قاچان سىزگە ئىشىكىم ئوچۇق. مېنىڭچە، غۇسۇل ـ تاھارەت بىلەن پاكىز يولغا چىقسىڭىز يولىڭىز ئوچۇق بولار. بولسا ئىككى رەكەت شۈكۈر نامىزى ئوقۇپ يولغا چىقىڭ. مەن بىر ئۆمۈر سىزگە دۇئا قىلىمەن. خۇدايىمدىن سىزنىڭ ئامانلىقىڭىزنى، ئىنساپىڭىزنى تىلەيمەن، — دېدى مەلىكە بەرنا كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— سىزنىڭ سەنەمنىڭ پاكلىقى توغرىسىدىكى گېپىڭىز راستمۇ؟ — سورىدى غېرىب.

— راست، ماڭا ئىشىنىڭ. ئۇ پاك، سۇچى تازمۇ ھازىر قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىشقا رازى.

غېرىب كېلىپ بەرنانى قۇچاقلىدى.

— بۇ تەڭرىنىڭ قىسمىتى، رەھمەت سىزگە بەرنا، — دېدى غېرىب.

— سىز غۇسۇل ـ تاھارەت ئالغۇچە، مەن سىز ئۈچۈن سەپەر تامىقى تەييارلاتقۇزاي، سەپەر جابدۇقى قىلدۇراي. سىز مېنىڭ ئاق تۇلپارىمنى مىنىپ يولغا چىقىڭ، — دېدى مەلىكە بەرنا.

— سىزمۇ ھەم غۇسۇل قىلىڭ، — دېدى غېرىب.

— مەن مەڭگۇ سىزنىڭ تەرىتىڭىز بىلەن ئۆتىمەن، — دېدى بەرنا.

شەھىرى قۇندۇزنىڭ سېپىل دەرۋازىسى ئېچىلىپ ئاق ئات مىنگەن غېرىب دەرۋازىدىن ئاتنى چاپتۇرۇپ چىقىپ كەتتى، سېپىل ئۈستىدە قاراپ تۇرغان مەلىكە بەرنا كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، دۇئا قىلىپ قاراپ قالدى. مەلىكە بەرنانىڭ دۇئا قىلغىنىنى كۆرگەن ھېلىمخان باشلىق دېدەك، كېنىزەك، نۆكەرلەرمۇ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

ئېگىز تاغ چوققىسىدىكى كەڭ كەتكەن كۆلنىڭ سۈيى دېڭىزدەك شاۋقۇن سېلىپ مەۋج ئۇرماقتا. شاۋاز بىلەن ئابدۇللا

شاتىرى كۆل بويىدا ئاتلىرىدا ئولتۇرۇپ پەستىكى ساناقسىز گۈلخان ھەم يۇلتۇزدەك ئوتقاشلارنىڭ يورۇقىدا سۇس كۆرۈنۈۋاتقان ھېرات شەھىرىنىڭ سېپىل، تۇرلىرى، شەھەر ئىچىدىكى قۇببىلىك مەسچىت مۇنارلىرىغا قارىدى.

— ئىسىت، شەھىرى ھېرات تولىمۇ گۈزەل، خۇش ھاۋالىق شەھەر ئىدى. ئەمدى ۋەيرانە سازلىققا ئايلىنىدىغان بولدى، قاراقچىلار بۇ كاتتا شەھەرنىڭ بېشىغا چىقتى.

شاۋاز شۇنداق دەپ قولىنى شىلتىدى، لەشكەرلەر دامبىنى بۇزدى. ئۇلۇغ سۇ دامبىنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن غايەت زور شارقىراتما ھاسىل قىلىپ پەسكە ئاقتى.

— تۇزكور شەيخ ئۇخلىغان پېتى سۇغا غەرق بولىدىغان بولدى ... ھى ... ھى ... ھى ... — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

دېڭىزغا ئايلانغان شەھەردە جەسەتلەر، ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرى، ساندۇق، نەرسە ـ كېرەكلەر لەيلىمەكتە ئىدى. مەسچىت مۇنارىنىڭ قۇببىسى، سېپىل ئۈستىدىكى تۇرنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ياغاچ ئىشىككە ئېسىلىۋالغان ئاندا ـ ساندا ئادەملەر سۇدا لەيلەپ يۈرمەكتە ئىدى. شاۋاز بىلەن ئابدۇللا شاتىرى تاغنىڭ چوققىسىدا دېڭىزدەك ئۇلۇغ سۇغا قاراپ تۇرۇشتى.

— بارلىق لەشكەرلەر جىددىي سەپەرگە تەييارلانسۇن. ئوردابالىققا قاراپ ئاتلىنىمىز، — دەپ بۇيرۇق قىلدى شاۋاز.

— خوپ، — دېدى ئابدۇللا شاتىرى.

شۇ چاغدا پەس تەرەپتىن بىر چاپارمەن قارا تەرگە چۆمگەن ھالدا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— چاتاق بولدى، ۋەزىر ئەزەم ئالىيلىرى ... چاتاق چىقتى !

— نېمە بولدى، قانداق چاتاق چىقتى؟ — جىددىي سورىدى شاۋاز.

— غەزنەۋىلەر لەشكەرلىرى بىزگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى !

شاۋازنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.
ئامىر سەئىد باشلىغان شاھ كارۋىنى تاغ ئارىسىدا ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە. خانىش ئولتۇرغان شاھانە ھارۋىدىكى ئاتلارنىڭ باش - بويۇنلىرىدىكى ئۇششاق قوڭغۇراقلار ئېلىنىۋېتىلدى، تاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چوققىلاردا خان لەشكەرلىرىنىڭ چارلىغۇچىلىرى مەخپىي چارلاپ كۆزىتىپ ماڭدى. ئامىر سەئىد بولسا قوشۇننىڭ ئالدىدا شاھقا ياندىشىپ ھەر تەرەپكە ھوشيارلىق بىلەن سەپسالدى. شۇ چاغدا، ئالدى تەرەپتىن بىر ئاتلىق چاپارمەن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ مەلۇم قىلدى:
— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئالدى تەرەپتە يىراقتىن زور بىر قوشۇننىڭ قارىسى كۆرۈندى.
— بىزنىڭ قوشۇنلارمىدۇ، شاۋازلارنىڭ قوشۇنى بولۇپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى شاھ.
— ئېنىق كۆرەلىدىڭلارمۇ؟ — سورىدى ئامىر سەئىد.
— ئالدى تەرىپىمىزدىن قوشۇن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا ئالدىن مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئارقامغا ياندىم، قالغان بۇرادەرلەر ئېنىق بىلىپ بېقىش ئۈچۈن چارلىغىلى كەتتى، — دېدى چاپارمەن.
— شاھ ئالىيلىرى، ھەر ھالدا بىز چوڭ يولدىن داجىپ تاغ ئارىسىغا كىرىپ كېتەيلى. بۇ يەردە ئىزىمىز قالمىسۇن! سەگەك بولغىنىمىز ياخشى، — دېدى ئامىر سەئىد.
— ھارۋىلارنى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى شاھ.
— ھارۋىنى يوشۇرۇپ قويايلى. خانىش ئايىم، كېنىزەك، دېدەكلەر ئاتلارغا مىنسۇن، باشقا ئامالىمىز يوق.
ئامىر سەئىدنىڭ تەكلىپىگە شاھ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.
— بوپتۇ، ئىشلارنى ئۆزىڭىز بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرۇڭ. سىز دېگەندەك بولسۇن! — دېدى شاھ.

— ھارۋىلارنى يولدىن يىراق يەرگە شەپە چىقارماي كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ يوشۇرۇڭلار. خانىش ئايىم باشلىق ھەرەمخانا ئەھلى ئاتقا مىنسۇن. ئالسىمۇ بولىدىغان، ئالمىسىمۇ بولىدىغان نەرسىلەرنى كۆمۈۋېتىڭلار، — دېدى ئامىر سەئىد.



# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

چاپارمەننىڭ مەلۇماتى شاۋازنى ئېغىر دەككە ـ دۇككىگە سالغانىدى. ئۇ تاغ باغرىدا ياساۋۇلىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئاتقا مىندى. ئابدۇللا تۆۋەنكى دۆڭدىن ئاتقا مىنگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ چېپىپ كەلدى.

— ئاتا، بىز غەزنەۋىلەرنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپتۇق. ئۇلار ئاللىقاچان بىزنى قورشاپ بوپتۇ. زەينىدىن بومىيانى دېگەن قارا يۈز بىزنى بابلاپتۇ! ئۇ بىزنى ئەل بولۇشقا ئۈندەۋاتىدۇ، ئەل بولساقلا جېنىمىز ئامان قالغۇدەك ...

شاۋاز غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھىم، ۋۇي ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ئەبلەخ! نېمىدەپ ئەل بولغۇدەكمىز، تۇتۇۋالسام تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن ... مەن بىلەن مېڭىش، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتەيلى ...

ئابدۇللا كېتمۇاتقان شاۋازنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ ماڭدى. غەزنەۋىلەرنىڭ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كەلكۈندەك ئېتىلىپ كەلدى.

بۇ چاغدا يەنە بىر تەرەپتە سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى جان ـ جەھلى بىلەن ئوردابالىققا تېگىش قىلغانىدى. ئوردابالىقنىڭ سېپىل دەرۋازىسى كۆيۈپ يىقىلدى، غەزنەۋىلەر لەشكەرلىرى چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ شەھەر ئىچىگە كەلكۈندەك باستۇرۇپ كىردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇلار پۈتكۈل شەھەرنى، ئوردىنى ئىشغال قىلدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى سەركەردىلەرنىڭ ھىمايىسىدە تەكەببۇرلۇق بىلەن ئاباباس شاھنىڭ شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. راشىدىن ئەتتارى قاتارلىق يەتتە ـ سەككىز كىشىنىڭ كاللىسى

ئېسىلغان قېرى ئېشەك ئوردىغا ھەيدەپ ئېلىپ كېلىندى.
— بۇ قېرى ئېشەكنى كوچىغا ئاچىقىپ خالايىققا سازايى قىلىڭلار، بىز بىلەن قارشىلاشقانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرسۇن! نېمە، ئاباس دېگەن بۇ قېرى ئەبلەخنى تېخى تونۇتالمىدىڭلارمۇ؟! ئۇنى تۇتۇپ، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، بۇ ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈڭلار! قىزىنى يالىڭاچ قىلىپ كوچىغا ئاچىقىپ سازايى قىلىڭلار! بۇ مېنىڭ مەقسىتىم، قېنى ئۇلار؟
مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ گېپى تۈگىشىگە باش سەركەردىسى ئىسمائىل ئۇنىڭغا قاراپ تەزىم قىلىپ دېدى:
— سۇلتان ئالىيلىرى، بارلىق بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى قېزىپ چىقتۇق، ئەمما ئۇلارنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى.
— پۈتۈن شەھەرنى ئۆچ كېچە - كۈندۈز قېزىپ، ھەممىنى قىرغىن قىلىڭلار، مەن ئۇلارنىڭ كاللىسىنى مۇنار قىلىپ دۆۋىلەيمەن، تاكى ئۇلار ئاباس شاھ ۋە مەلىكىنى يوشۇرۇۋالغىنىغا پۇشايمان قىلغانغا قەدەر توختىماڭلار!
مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا چەمبەرچاس باغلانغان جارۇپ مەۋلەۋى ۋە قۇربانىنىياز داموللا يالاپ ئېلىپ كېلىندى.
— ھاي، ھاي، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.
— كىم ئۇ «ھاي - ھاي» دەپ گېپىمگە قوشۇق سېلىپ، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ ئالدىمدا ئاتىكاچىلىق قىلىۋاتقان؟ — دېدى مەھمۇد غەزنەۋى.
— بۇ دۆلەتتىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئاقساقال، بۇ ئەلنىڭ شەيخۇلئىسلامى جارۇپ مەۋلەۋى بولىمەن، — دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.
— شەيخۇلئىسلامى بولساڭ «ھاي - ھاي»نى ماڭا دېمەي ئاباس شاھىڭغا دە! ئۇ ۋە ئۇنىڭ قىزى قايسى چاشقان كامىرىغا مۆكۈۋالغان بولسا، كامىردىن چىقىپ، چىرايلىقچە ماڭا باش ئەگسۇن! تىزلىنىپ پۇتۇمنى سۆيسۇن! ئۇنداق بولمايدىكەن،

سىلەرنىڭ بارلىق ئادىمىڭلارنى بىر يولىلا يوقىتىمەن، — دېدى مەھمۇد غەزنەۋى.

— سىلى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۆلتۈرۈۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزدۇر، بىگۇناھ مۇسۇلمانلاردىن قان ئاققۇزسىلا ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپتۇر! — دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.

— سىلەر ئون ئىككى ئىمامنى ئېتىراپ قىلماي تۇرۇپلا ئۆزۈڭلارنى مۇسۇلمان قاتارىدا كۆرسىلەر تېخى، بۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر. قېرى ئېشەكنى ئالدىمغا ئەكېلەلىگەن ئاباس ئەجەب مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە پېتىنالمايدىغۇ؟ نېمىشقا خوتۇن كىشىدەك مۆكۈۋالىدۇ؟ ئەگەر ئۇنىڭ پۇقرالارغا ئىچى ئاغرىسا، خەلقنى سۆيىدىغان پادىشاھ بولسا، ئالدىمغا چىقىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن! — دېدى مەھمۇد غەزنەۋى.

جارۇپ مەۋلەۋى «شاھى ئاباس جانابلىرى ...»دەپ ئەمدى گەپ باشلاي دەپ تۇرۇشىغا، جاللات ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر كاچات سالدى.

— نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟ قايسى شاھنى دەۋاتىسەن؟ ئۇ سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا پەقەتلا بىر قاچقۇن مەھبۇس، خالاس !

جارۇپ مەۋلەۋىنىڭ ئاغزىدىن قان سىرغىپ ساقىلىغا تامچىلىدى.

— سىلەر كېلىشتىن ئاۋۋال ئاستانىدە ئەمەس ئىدى ... — دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.

— يوق ئىدى؟ نەگە كەتكەن؟ — سورىدى مەھمۇد غەزنەۋى.

— مەلىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن قۇندۇز مەملىكىتىگە كەتكەن، ئۇ كەلمەي تۇرۇپلا، سىلەر باستۇرۇپ كەلدىڭلار، — دېدى جارۇپ مەۋلەۋى.

— بۇ قېرى ئىتنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ مۇنارغا ئېسىپ قويۇپ باشقىلارغا ئىبرەت قىلىڭلار، ئاۋۇ قېرىنىمۇ ئاچىقىپ كاللىسىنى ئېلىڭلار!

مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جاللات جارۇپ مەۋلەۋى ۋە قۇربانىنىيازنى يالاپ ئاچىقىپ كەتتى.

شاھى ئاباباس ۋە ئۇنىڭ كارۋىنى ھېلىھەم تاغ ئارىسىدا ئىدى. شاھى ئاباباس ۋە ئامىر سەئىد تاغدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ چىغىر يولدا كېتىۋاتقان قوشۇنغا نەزەر سالدى، غەزنەۋىلەرنىڭ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگەن بىر ئاتلىق قوشۇن چىغىر يولدىن ئۇلارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— ۋاي - ۋۇي، نېمانچە كۆپ ئادەم بۇ؟ — ھەيران قالدى شاھى ئاباباس.

— قارىغاندا ئۇلار مەھمۇدنىڭ ھەمدەمچى قوشۇنى ئوخشايدۇ، — دېدى ئامىر سەئىد.

— ئەگەر بىز بۇ يەردە ئۇچراشساق، بۇ جىلغا قان جىلغىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

— غەزنەۋىلەرنىڭ قېنى بىلەن بويىلىدۇ، شۇنداقمۇ، شاھ ئالىيلىرى؟

— بەلكىم قانلار بىر - بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كېتەر؟! — شاھى ئاباباس شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ، بىردىنلا ئامراق قىزى سەنەمنى ئەسلەپ قالدى. كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز تۆكۈلگەن ئىككى تامچە ياش مەڭزىدىن سىرغىپ ساقىلىغا چۈشتى.

سەنەم بولسا ئۇردابالىقتىن يىراقلاپ كەتكەنىدى. بۇك - باراقسان تاغ ئارىسىدا خالىد ئەكبەر، ئىلياس ۋە ئەرەنچە ياسانغان سەنەم قاتارلىقلار مېڭىش قىيىن بولغان تاغ يولىدا ئاۋايلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ماڭار - ماڭار تاغدىن ئېشىپ تۈپتۈز يايلاققا ئۇلاشتى. ياپيېشىل يايلاقتا خالىد ئەكبەر، ئىلياس، سەنەم قاتارلىقلار قاراقاپلان بەگنىڭ قەبىلىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— قەبىلىمىزدىكىلەر سىلەرنى قوغدايدۇ، ئەڭ ياخشىسى، سىلەر باشقا يەرگە بارماي مەشەدە تۇرۇڭلار. مۇمكىن بولسا، شاھ ئالىيلىرىنىمۇ ئەكېلىۋالايلى، قەبىلىمىز چوڭ بولمىغىنى بىلەن

يېرىمىز كەڭ. بىز جاپانى بىللە چېكىپ، قىيىن ئۆتكەلدىن بىرلىكتە ئۆتۈشكە رازى. بىز پۇقرالارنى بۇ يەرگە توپلاپ، غەزنەۋىلەرنى ئاخىرقى نۆۋەتتە بۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرايلى! — دېدى قاراقاپلان بەگ.

— ياخشى كۆڭۈللىرىڭگە چەكسىز تەشەككۇر، قاراقاپلان بەگ ئاتا. ھازىر بىزگە ئەڭ مۇھىمى شاھ ئاتام ۋە ئۇنىڭ چوڭ قوشۇنىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، شاھ ئاتامنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشتۇر، — دېدى سەنەم.

— ئەمىسە قەبىلىمىزدىكى ئەرلەر بىلەن شاھ ئاتىڭىزنى ئىزدەيلى، — دېدى قاراقاپلان بەگ.

— بىزگە يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ بەرگەن بولسىلىرى، شاھ ئالىيلىرى بىلەن تېپىشقاندىن كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ سىلىنى ئىزدەيلى، — دېدى خالىد.

— بىزدەك تاغ ئادەملىرىنى كۆزگە ئىلمايۋاتىلا شۇنداقمۇ؟ بوپتۇ! ئۇنتۇپ قالمىسىلا، بىزمۇ خېلى كۈچلۈك قەبىلىلەردىنمىز، ئاتلىق چەۋەندازلىرىمىز خۇددى توشقان تۇتقاندەك غەزنەۋىلەرنى تۇتىدۇ، — دېدى قاراقاپلان بەگ ماختىنىپ.

— بىز بۇ جەڭگە قاتناشمىساق ھەرگىز بولمايدۇ. سىلى بۇ ئاخىرقى ماكاننى ساقلاپ بىزنى كۈتۈپ تۇرغان بولسىلا، — دېدى سەنەم.

— ئاتلارنى خالىغانچە تاللاڭلار، ئوزۇق ۋە يەم - خەشەكلەرنى ئېلىپ كېتىڭلار، — دېدى قاراقاپلان بەگ.

ئاندىن ئۇلارنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئالدىغا تائام كەلتۇردى.

زەينىدىن بومىيانى قاغجىرىغان جاڭگالدا ھەيۋەتلىك قوشۇننى باشلاپ كېتىۋاتاتتى. بىر قانچە ئاتلىق ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقىنىچە كېلىپ ئىككى تاغارنى تاشلىدى.

— ئەمىر جانابلىرى، سىلىگە سوۋغا ئېلىپ كەلدۇق، تېزدىن سۆيۈنچە بەرگەيلا! — دېدى نۆكەر.

— ئاۋۋال سوۋغىنى كۆرەي، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

قاراۋۇللار تاغارلارنىڭ ئاغزىنى يەشتى، باش - كۆزى قان ۋە تەر بىلەن بۇلغانغان شاۋاز بىلەن ئابدۇللانىڭ باشلىرى كۆرۈندى، زەينىددىن ئاتتىن ئاستا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ۋەزىر جانابلىرى، نېمە بولدىلا، تاغارغا كىرىپ قاپتىلىغۇ؟ — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

شاۋاز زەينىددىنگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى، زەينىددىن يېقىن كېلىپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ دېدى:

— ۋەزىر جانابلىرىنىڭ بۇ خاراب ھالىتىنى كۆرۈپ، ئىچ - ئىچىمدىن خىجالەت بولۇۋاتىمەن، ئىلگىرى ئۇنىڭ كۆپ قېتىم قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا، ياردىمىگە ئېرىشكەندىم، ئۇنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمايمەن.

زەينىددىن بىر ھازا ئۇنىڭغا ئۇن - تىنسىز قاراپ تۇردى، شاۋازمۇ ئۇنىڭغا تىكىلدى. زەينىددىن ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچنېمىنى بىلەلمەي، قولىقىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى، شاۋاز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ قولىقىنى چىشلەپ ئۈزۈپ، چايناپ يۇتۇۋەتتى. زەينىددىن چىرقىراپ كەتتى، قان ئېقىۋاتقان قولىقىنى قولى بىلەن ئېتىپ، يىقىلىپ چىرقىرىغىنىچە يەردە دومىلىدى. قاراۋۇللار كېلىپ، شاۋازنى بولۇشىغا دەسسەپ تەپتى. ئابدۇللا بۇنى كۆرۈپ تاغارغا سولاقلىق پېتى ئۇياق - بۇياققا تېپىچەكلىدى، ئاغزىنى بۇزۇپ قاراۋۇللارنى تىللاشقا باشلىدى، قاراۋۇللار كېلىپ ئۇنىمۇ قوشۇپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

شاھى ئاباس ئوردىسىنىڭ ئىچى قالايمىقان قىلىۋېتىلگەنىدى، شاھ تەختى بىر ياققا ئۆرۈۋېتىلگەن، پۈتۈن يەر قالايمىقان تاشلانغان نەرسىلەرگە تولغان، تەخت ئاستىدىكى مەخپىي يولمۇ ئېچىۋېتىلگەنىدى. مەھمۇد غەزنەۋى يولنى كۆرۈپ ۋارقىراپ - جارقىرىغىنىچە پەلەمپەيدىن چۈشتى.

— ھۇ، قېرى ئىت ... بۇ قېرى ئىتنى تېزدىن تۇتۇپ ئېلىپ

چىقىڭلار، قېنى ئۇ بۇگۈن نەگە قاچالايدىكىن؟ — دېدى مەھمۇد غەزنەۋى.

ياساۋۇللار قوللىرىغا مەشئەل ئېلىشىپ، بىر - بىرلەپ يەر ئاستىغا چۈشتى. سەركەردە ئىسمائىل كېلىپ ئەھۋال مەلۇم قىلدى:

— هازىر ھېراتتىن كەلگەن مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالدۇق، شاۋاز ھېراتقا سۇ قويۇپ بېرىپ، پۈتۈن شەھەرنى سۇغا غەرق قىلىۋېتىپتۇ!

— ناھايىتى ياخشى! بۇ ئىتنىڭ بالىسى ھېراتنى سۇغا غەرق قىلغاچ تۇرسا، بىز ئۇنىڭ شەھىرىنى بەخىرامان ئۇتتا كۆيدۈرۈپ، قىرىپ تۈگىتىمىز ... مەن ئىنتىقام ئالىمەن، ئۆمرۈمدە بۇنداق ھاقارەتكە قالغان ئەمەسمەن. بۇ ئەبلەخنى تىرىك تۇتۇپ، مەلىكىسى بىلەن تەڭ ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، كاللىسىنى ئالمايدىغان بولسام مەھمۇد غەزنەۋى بولماي كېتەي! چاپسان ئاتىباسىنى تۇتۇپ كېلىش ! تۇتۇپ كېلىشمىسەڭ مەن بىلەن كۆرۈشمەن دېيىشمە! — دەپ بۇيرۇق قىلدى مەھمۇد غەزنەۋى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، بۇ يەردە ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيانى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان كىشىلەر ئاز ئەمەس. ئەگەر بىز پەرمان چىقىرىپ، ئاتىباسىنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەرگۈچىلەرگە بىر تىزىق تىللا ئىنئام قىلىمىز دېسەك، ئۇلارنى ئۆزىمىز ئىزدىگەندىكىدىنمۇ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىز، — دېدى ئىسمائىل.

— مەلىكىنى تۇتقانلارغىمۇ بىر تىزىق ... ياق ... ياق ... ئىككى تىزىق تىللا ئىنئام ... — دېدى مەھمۇد غەزنەۋى.

— ئادەمنى تۇتۇۋېلىپلا ئىنئام بەرمىسەك، نېمە قىلالايتتى؟ — دېدى ئىسمائىل مۇغەمبەرلىك بىلەن.

مەھمۇد غەزنەۋى مەنىلىك ھىجىيىپ دېدى:

— سەن كۆڭلۈمدىكىنىلا تاپتىڭ، مېنى بەك خۇش

قىلىۋەتتىڭغۇ؟! مەن تولىمۇ مەمنۇن بولدۇم. بۇ قېرى ئىتنىڭ ئوردىسىدا ئاڭلىغان مېنى ئەڭ مەمنۇن قىلغان گەپ بولدى بۇ! ئۇنى تۇتالماي غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدۇم، ئۇنىڭ ھاقارىتىگە ئەسلا چىدىيالمىدىم!

— قۇللىرى ئالىيلىرىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىمەن، مېنىڭچە، شەھەرنى كۆيدۈرمەي تۇرغىنىمىز ياخشىمىكىن، ئالىيلىرى، — دېدى ئىسمائىل.

— ياق ... ياق ... بۇ شەھەرنى كۆيدۈرمىگۈچە ھەرگىز بولدى قىلمايمەن! ھېراتتەك گۈزەل شەھەرنى غەرق قىپتۇ ئۇ ئەبلەخلەر، ئۇلارنىڭ ئاستانىسىنى قانداق كۆيدۈرگىنىمنى كۆرۈپ قويۇشسۇن! بىر تال پەيىنىمۇ قويماي كۆيدۈرۈڭلار! بولمىسا يۈرىكىمدىكى ئاچچىقنى قانداق چىقىرىمەن؟ چاپسان كۆيدۈرۈش! ھەممىنى قويماي كۆيدۈرۈش! — دېدى مەھمۇد غەزنەۋى.

ئىسمائىل ماقۇللۇق بىلدۈردى.

غەزنەۋىلەرنىڭ بىر توپ لەشكىرى تەخت ئاستىدىكى لەخمە بىلەن قاچقانلارنى قوغلاپ كەتكەنىدى. بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن شەرىپىدىن باشچىلىقىدىكى غەزنەۋىلەر نۆكەرلىرى ئۆڭكۈر ئاغزىدىن چىقتى. ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن تۆت ئەتراپقا سەپسالدى.

— ئىزچى، ئاياغ ئىزلىرىغا قارا! — دېدى شەرىپىدىن.

بىر قېرى ئىز تونۇغۇچى ئوت - چۆپلەرنى قايرىپ، بىر ئاز سىنچىلاپ ماڭغاندىن كېيىن دېدى:

— سەركەردە جانابلىرى، ئاياغ ئىزىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ياشانغان خوتۇن، بىر ئايال ۋە بىر قىزچاق بار ئىكەن.

— چوقۇم شۇ؟ ياشانغان ئايال چوقۇم ئاببىاسنىڭ خانىشى، قىزچاق چوقۇم مەلىكىسى. ئۇلار پىيادە مېڭىپتۇ، يىراققا بارالمايدۇ، قوغلاڭلار! — دېدى شەرىپىدىن.

— قېرى ئەر كىشىنىڭ ئىزىنى بايقىمىدىم، مېنىڭچە، شاھى

ئابباس ئۇلار بىلەن بىللە ئەمەس ... — دېدى ئىز تونۇغۇچى.

— پادىشاھنىڭ تەختى ئاستىدىكى مەخپىي يولنى خان جەمەتىدىكىلەر ئىشلەتمەي، باشقىلار ئىشلىتەرمۇ؟ كالۋا! قالايمىقان سۆزلىمە! تېز قوغلاڭلار! — دېدى شەرىپىدىن.

تاقىر تاغ ئارىسىدىكى تاغ يولىدا زەينىدىن بومىيانى باشچىلىقىدىكى غەزنەۋىلەر قوشۇنى ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. زەينىدىننىڭ ئوڭ قولىقى بېشى بىلەن يۆگەشتۈرۈلۈپ تېڭىلغانىدى، ئۇ پات ـ پات چوناق قولىقىنى سىلايتتى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان سەركەردە مۇزەپپەر توختىماي ئۇنىڭغا قاراپ ئەپسۇسلانغان قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتاتتى.

— شاۋاز دېگەن بۇ لەنىتىنىڭ قولىقىمنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىشىنى ئويلىماپتىكەنمەن، ھەي، قېرىغاندا بىر قولىقىمدىن ئايرىلدىم دېسە، — دېدى زەينىدىن بومىيانى ئاھ ئۇرۇپ.

— كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا جانابلىرى، سەللىنى سەل پەسرەك ئورىۋالسىلا، قۇلاقلىرى چىقىپ قالمايدۇ، — دەپ تەسەللى بەردى مۇزەپپەر.

— ئەستاغپۇرۇللا، مۇشۇ تومۇز ئىسسىقىدا يوغان سەللە يۆگەپ يۈرەرمەنمۇ؟ ھەي، بۇ قېرى تۈلكىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ!

زەينىدىن بومىيانى سۆزلىگەچ كەينىدە كېلىۋاتقان تۆگىلەرگە قارىدى، تۆگە ئۈستىدىكى ئىككى قەپەسنىڭ ئىچىدە يۈز ـ كۆزلىرى ئىششىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن، كىيىملىرى دىۋانىنىڭكىگە ئوخشاپ قالغان شاۋاز بىلەن ئابدۇللا سولغۇن قىياپەتتە ئولتۇراتتى. شاۋاز يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى، بىر نەرسىلەرنى تېپىپ ئاغزىغا سالاتتى، چاينايتتى، زەينىدىن ۋە مۇزەپپەرنىڭ ئىچى ئېلىشقىنىدىن ئالدىغا قارىۋالدى.

— شاۋاز ساراڭ بولغان ئوخشايدۇ، — دېدى مۇزەپپەر.

— ئۇنىڭ ئاۋۇ لەقۋا ئوغلى بوش تاياق يېمىدى، چوشقىغا ئوخشاش ئۇخلاپ كېتىپتۇ تېخى! — دېدى زەينىدىن بومىيانى.
— نېمىشقا ئۇلارنى بەلخ شەھىرىگە ئېلىپ بارىمىز، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ سۇلتان ئالىيلىرىغا تاپشۇرساقلا بولمىدىمۇ؟
— بۇنداق دېسەم كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، سەركەردە جانابلىرى، سىلى ئۇرۇش ئىلىملىرىدە كامالەتكە يەتكەن بولسىلىمۇ، ھاكىمىيەتنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىلا. سىرتتىن قارىغاندا، بۇ ئىككىسىنىڭ ھېچقانداق رولى قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قاراخانىيلار زېمىنىدا قالتىس ۋەزىپىلىرى بار. بىرى خانىدانلىقنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىغا ئىگە، قەبىھ نىيەتلىك كىشى، يەنە بىرى گەرچە يارىماس، ھاكاۋۇر بولسىمۇ، خانلىقنىڭ چوڭ سەركەردىسى، ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ بىر نېمە. مەن بۇ لەنىتىلەرنى بەلخ، سەمەرقەند، بۇخارا، ئەنجان، مەرغىلان، بالاساغۇن، كەشمىر، يەتتە دەريا ۋە پۈتۈن قاراخانىيلار زېمىنىدا نامىنى سېسىتىپ، ۋەزىر ۋە چوڭ ھەربىي سەركەردىنىڭ بىزگە ئەسىر بولغانلىقىنى جاكارلايمەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارغا بىزنىڭ نەقەدەر قالتىس ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قەلئەلىرىنى بارا ـ بارا ئىشغال قىلىمىز. شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا قىلغان قىرغىنچىلىقلىرىنىڭ قان قىساسىنى ئېلىپ، يۈرەكتىكى قىساس ئوتىنى پەسەيتىمىز. ئۇلار بىزنىڭ زېمىنىمىزدا قانچىلىك رەھىمسىزلىكلەرنى قىلمىغان؟ بىزمۇ ئۇلارنىڭ زېمىنىدا قان قىساسىمىزنى ھەسسىلەپ ئېلىشىمىز كېرەك، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.
— ئۇ ئۇزاق ئۆتمۈشنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلىلا، جانابلىرى؟ — دېدى مۇزەپپەر.
— سەركەردە مۇزەپپەر شىرازى جانابلىرى، سىلىنىڭ يۇرتلىرى ئەلگە مەشھۇر، پەم ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن كىشىلەر كۆپ چىققان جاي، ئەمما سىلىدەك بىلىمسىز، نادان كىشى مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئەلنىڭ ئىسمىنى تەخەللۇس قىلىپتىلا.

بۇ مېنى ھەيران قالدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى نومۇس قىلدۇرۇۋاتىدۇ.

زەينىدىننىڭ گەپلىرىدىن مۇزەپپەر شىرازى شۇئان ھۇپپىدە قىزاردى ھەم دەرھال غەزىپىنى بېسىۋېلىپ دېدى:

— سىلىچە ئۇرۇش ئىلمى ئىلىم ئەمەسمىكەن، سىلى ئېيتقاندەك ئەتىدىن ـ كەچكىچە بېشىغا سەللە يۆگەپ، يېپچى خوتۇندەك توختىماي كوتۇلدايدىغان كىشى بىلىملىك بولىدىكەن ـ دە؟ خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇپ، ۋەتەننى قوغدىغانلار قان كېچىپ، تىغمۇتىغ كۈرەش قىلىغان لەشكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ يولباشچىسى بولماستىن، بەلكى سىلىدەك ۋات ـ ۋات، گەپ ساتىدىغان كىشى ئىكەن ـ دە؟ مۇشۇمۇ ئىشمۇ؟ سىلىمۇ كىمگە قاراپ گەپ قىلىۋاتقانلىرىنى بىلىپ سۆزلىمەيدىكەنلا. ئاچچىقىمنى بېسىۋالمىغان بولسام، تىللىرىنى ئاللىقاچان كېسىپ گاچا قىلىپ، سۇلتانىمىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ گۇناھلىرىنى تۆكەتتىم. غەلىتە ئىش، خۇددى تۆگىنى ئېشەككە يېتىلىتىپ قويغاندەك، سۇلتانىمىز سىلىنى ماڭا باش قىلىپ قويغىنىنى دېسە!

زەينىدىن دەرھال گەپنى بۇراپ، مىيىقىدا كۈلۈپ دېدى:

— سەركەردە جانابلىرى، پەقەت ئاللالا ئازمايدۇ، كىشى قانچە پاراسەتلىك بولسىمۇ، خاتالىق سادىر قىلماي، خاتا سۆزلىمەي قالمايدۇ. سىلىنى قەستەن خاپا قىلىغۇم يوق. تولا گەپ قىلىپ كۆڭۈللىرىنى خاپا قىلغىنىمدىن ئەپۇ سورايمەن، سىلى ئۇرۇش ئىلمىنىڭ نوپۇزىغا ۋەكىللىك قىلىدىلا. مەن پەقەت ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى ۋە تارىخىنى بىلىشى زۆرۈرلۈكىنى، ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇماسلىقىنى چۈشەندۈرمەكچىمەن، ھەتتا مەيلى ئەپسانە، رىۋايەت ياكى چۆچەكلەرگە ئايلانسۇن، تارىخنى ھامان بىلىشىمىز لازىم. ئۆتمۈشنى بىلگەندىلا كەلگۈسىدە قايسى يولدا مېڭىش كېرەكلىكىنى بىلگىلى، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ.

ئۆتمۈشنى بىلمىگەن كىشى كۆزى ئوچۇق قارىغۇغا ئايلىنىپ، دوست ـ دۈشمەننى ئايرىيالماي قالىدۇ.

— ئۇزاق ئۆتمۈش ۋە بۈرۈنقى قىساسنى دەپ كۆزى باغلانغان ئادەمنىڭ ئۆزىدىن باشقا ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى بولمايدۇ، ئۇ شۇ ئارزۇسىدىن باشقا ھېچنېمىنى خالىمايدۇ. بۇ خىل نەپسانىيەتچى ئادەم ئاقىۋەتتە ئاللانىڭ غەزىپىنى قوزغىماي قالمايدۇ، قانداق؟ بۇنداق چوڭ قائىدىنى مەنمۇ مەدرىسىدىن ئۆگەنگەنمەن، — دېدى مۆزەپپەر، ئاندىن ئاتنى قامچىلاپ، ئالدىراپ ماڭدى. زەينىدىن ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ قالدى:

— ھىم، سەن مەنمەنچى تومپاي نېمىنى بىلەتتىڭ؟ گېپىڭنىڭ سېسىقلىقىنى بۇنىڭ، ھۇ قارا قورساق ...

مۆزەپپەر خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدى.

ئاستانە ئىچىدە غەزنەۋىلەر ئات چاپتۇرۇپ، شەھەرنى تالان ـ تاراج قىلىپ، رەستىلەرگە، ئىمارەتلەرگە يول بويى ئوت قويۇپ مېڭىۋاتاتتى. كىشىلەر ئۆي ـ ئۆيلەردىن چىقىپ تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشىۋاتاتتى. ھەممە يەر جەسەت بىلەن تولغان بولۇپ، باللار جەسەت دۆۋىسى، دەريا بولۇپ ئاققان قانلار ئارىسىدا ئېچىنىشلىق چىرقىراپ يىغلاۋاتاتتى. پۈتكۈل شەھەر ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە قالغانىدى، غەزنەۋىلەر ئۆيمۇئۆي كىرىپ مال ـ ۋاران، ئات ـ ئۇلاغلارنى ھەيدەپ، ئاشلىقلارنى ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى مۈرىسىگە ئارتىپ ئېلىپ چىقىۋاتاتتى. چىرقىرىغان، ۋايىسىغان ئاۋازلار ئۇزۇلمەي ئاڭلىناتتى ئىدى ...

مەسچىت ئالدىدىكى مەيداندا غەزنەۋىلەر چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش ھەممىنى مەيدانغا يالاپ كەلدى. مەھمۇد غەزنەۋى ياۋۇز قىياپەتتە مەسچىتنىڭ ئەزان ئوقۇيدىغان مۇنارىدا تۇرۇپ ئاۋامغا تىكىلدى. مەھمۇد ئىسمائىلغا شەرەت قىلدى. ئىسمائىل يۇقىرى ئاۋازدا دېدى:

— قاراخانىيلار ئاستانىسىدىكى بارلىق ئاۋام ـ پۇقرالار، سۇلتان يارلىق چۈشۈردىكى، كىمدە كىم ئاباس ۋە ئۇنىڭ

مەلىكىسى يوشۇرۇنغان جاينى ئېيتىپ بېرەلىسە، بىر ئادەم ئۇچۇن بىر تىزىق تىللا ئىنئام قىلىنىدۇ، ئىككىنى ئېيتىپ بەرسە ئىككى تىزىق ئىنئام بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يوشۇرۇنغان جايىنى بىلىدىغانلار هازىر ئېيتقايسىلەر! قېنى مەرهەمەت، كىم بىلىدۇ؟

ئاۋام ئۈن ـ تىن چىقارماي، سۈكۈتتە تۇردى. بۇ چاغدا ئالتە ـ يەتتە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئالدىغا بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ، سۇلتان مەهمۇدقا تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، هېچ زۇۋان سۈرمەستىن ئىشتىنىنى سېلىپ، سۇلتانغا قارىتىپ ئاۋازلىق ئۇسسۇردى، سۈكۈتتىكى ئاۋام شۇئان قاقاقلاپ كۈلۈشتى. سۇلتان مەهمۇد ۋارقىراپ بۇيرۇق قىلدى:

— قەتل قىلىڭلار!

ئاۋامنى ئاتلىق قورشاپ تۇرغان لەشكەرلەر دەرهال قوللىرىدىكى ئوقيانى چەللىدى، ۋارقىراپ ـ جارقىراشقان ئاۋام ئارقا ـ ئارقىدىن يەرگە تاشلاندى، يا ئوقى يامغۇردەك چۈشۈشكە باشلىدى، نەيزە، قىلىچلار قانغا بويالدى، قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى. جەسەتلەر دۆۋىلەندى ...

ئەمدى گەپنى سەنەملەرنى قوغلاپ كەتكەن نۆكەرلەردىن ئاڭلايلى. شەرىپىدىن باشچىلىقىدىكى غەزنەۋىلەر قوشۇنى پايانسىز جاڭگالدىكى قاغجىرىغان كەنتكە يېتىپ كېلىشتى. شەرىپىدىن مەجنۇنتال سايىسى ئاستىغا كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ سايىدىدى. چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان بىر بوۋاي بىلەن بەللىرى مۈكچەيگەن، قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەيدىغان موماي بەش ياشلاردىكى نەۋرە قىزىنى هاپاش قىلغىنىچە ئۆيىدىن چىقىپ ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشتى. هويلىدا بىر ئالا كۈچۈك توختىماستىن ئۇلارغا قاراپ قاۋاپ كەتتى.

— هەي قېرى، ئاۋۇ كاسكا ئىتىڭنىڭ ئۈنىنى ئۆچەر، ئەجەب ئىچىمنى سىقتى، — دېدى شەرىپىدىن.

— ياتۋاش كىشىنى كۆرسىلا قاۋايدۇ، سىلەر كەلمىگەن

بولساڭلار ئۇمۇ قاۋىمايتتى، سىلەر كەتسەڭلارلا ئۇمۇ قاۋىمايدۇ، — دېدى بوۋاي.

— ئىتىڭنى تېز يىراق قىل، ھۇ قېرى ئالۋاستى! — دەپ ۋارقىرىدى شەرىپىدىن.

— ئۇنى نەگىمۇ قوغلىۋېتەرمەن؟ ناتونۇش كىشىلەرنى كۆرگەندە قاۋاش ئۇنىڭ ئادىتى. شۇڭا مەن ئۇنى باقىمەن، ئۇنىڭ تۇرىدىغان يېرى مۇشۇ تۇرسا، نەگىمۇ قوغلىۋېتەرمەن؟

— ھەي كاج قېرى، بىز ئۇسساپ ئۆلەي دېدۇق، سەن بىلەن بىلجىرلىشىدىغانغا ۋاقتىمىز يوق، سەن ئىتىڭدىنمۇ بەك ۋالاقشىيدىغان بىر نېمە ئىكەنسەن، ئاز بىلجىرلا، تېز ماڭ، سۇ ئېلىپ كەل!

— قېپقالغان سۇ پەقەت ئۆزىمىزگىلا يېتىدۇ، ئارتۇق سۇ يوق، — دېدى بوۋاي.

— نان بارمۇ؟ — يەنە سورىدى شەرىپىدىن.

— نان يوق.

— تېز، كىرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار! بۇ قېرى ئالۋاستىنىڭ ئۆيىدە نان - سۇ يوقلۇقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن!

شەرىپىدىن شۇنداق دېيىشىگە نۆكەرلەر ئۇۋۇدىن چىققان ھەرىدەك ئېتىلىشىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى. ھويلىدىكى ئىت تېخىمۇ كۈچلۈك قاۋاشقا باشلىدى. ئۇلار خەنجەر ۋە نەيزە بىلەن ئىتنى قوغلىدى، ئىت سەل نېرىغا بېرىپلا يەنە قاۋاشقا باشلىدى. لەشكەرلەر ئۆي ئىچىدىن بىر ئىدىش سۇ ۋە داستىخانغا ئورالغان ناننى كۆتۈرۈپ چىقتى - دە، «تۇڭ» قىلىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا قويدى.

— ھەي قېرى، يالغان ئېيتىشقا پېتىنىپسەن! بۇ نان، سۇ بولماي نېمە؟ — دېدى شەرىپىدىن.

— مەن دېمىدىممۇ، نان، سۇ پەقەت ئۆزىمىزگىلا يېتىدۇ، سىلەرگە بېرىۋەتسەم بىز نېمە يەيمىز؟ — دېدى بوۋاي.

— تولا كاپشىما، تەرسا قېرى! — دېدى شەرىپىدىن.

لەشكەرلەر نان بىلەن سۇنى ئىچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك تالىشىپ يېيىشتى، ئىچىشتى. بىر نەچچە نۆكەر ئوتتۇز ـ قىرىقچە قوي ۋە بىر ئىشەكنى بوۋاينىڭ قوتىنىدىن ھەيدەپ چىقتى. ئىككى بوۋاي ـ موماي ۋە قىزچاقنى ئۆيگە ھەيدەپ ئەكىرىپ، ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلىۋەتكەندىن كېيىن، سامانغا ئوت تۇتاشتۇردى. شۇئان يۇرقىراپ ئىس كۆتۈرۈلدى.

قاغجىرىغان جاڭگالدا شەرىپىدىن ئېشەككە مىندى، لەشكەرلىرى كەينىدىن قويلارنى ھەيدىگەچ يېتىشىپ ماڭدى. بۇ چاغدا شەرىپىدىن قورسىقىنىڭ چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى ۋە دەرھال ئېشەكتىن چۈشۈپ تەرەت قىلغىلى يەر ئىزدىدى. باشقىلارمۇ قورسىقى ئاغرىۋاتقانلىقىنى سېزىشتى ـ دە، قورساقلىرىنى تۇتۇشۇپ پاتىپاراق بولۇشتى. بەزىلەر قۇسۇشقا، بەزىلەر ئاغرىققا چىدىماي چىرقىراشقا، يەردە دومىلاشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا، ئاق تۇلپارغا مىنگەن غېرىب يېتىپ كەلدى. ئۇ سەللىسىنىڭ بىر تەرىپى بىلەن يۈزىنى يۆگىۋالغان، پەقەت بىر جۈپ كۆزىنىلا ئوچۇق قويغانىدى. ئولتۇرۇپ تەرەت قىلىۋاتقان نۆكەرلەر بىر قولىدا قورساقلىرىنى، بىر قولىدا ئىشتىنىنى تۇتقىنىچە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىشتى، بىردەمدىن كېيىن ئۇلار ئادىتى بويىچە غېرىبقا ئېتىلماقچى بولدىيۇ، ئورنىدىن تۇرۇپلا يەنە سەنتۈرۈلۈپ جايىغا يىقىلدى. شەرىپىدىن ئىشتىنىنى كۆتۈرگىنىچە تەزىم بىلەن غېرىبتىن يالدەم تىلەپ:

— ھەي ... ناتونۇش كىشى! مەن غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇد ئالىيلىرىنىڭ چوڭ سەركەردىسى شەرىپىدىن بولىمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، ئېتىڭىزغا مىندۈرۈپ ئاستانىگە سۇلتان قېشىغا ئاپىرىپ قويغان بولسىڭىز، سىزگە ئاتنىڭ بېشىدەك ئالتۇن ئىنئام قىلغان بولاتتىم!

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى غېرىب.

— بىر قېرى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ سۇغا زەھەر

سىلىپ ھەممىمىزنى زەھەرلىدى، زەھىرى كۈچلۈك ئەمەس ئىكەن، بىزنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرەلمىدى، ئەمما قورسىقىمىز چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۈچىيىم ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەكلا ئاغرىۋاتىدۇ، چىديالمايۋاتىمەن! باشقىلار بىلەن كارىم يوق، سىز پەقەت مېنى ئېتىڭىزغا مىندۈرۈپ سۇلتاننىڭ قېشىغا ئاپارسىڭىزلا قۇتۇلۇپ قالىمەن، سىزمۇ چوڭ ئىنئامغا ئېرىشىسىز، — دېدى شەرىپىدىن.

— ھېلى ئۆزلىرىنى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ چوڭ سەركەردىسى دېدىلە، ئەمما، بىر نەچچىلا لەشكەرنى باشلاپ بۇ جاڭگالدا نېمە قىلىلا؟ — دەپ سورىدى غېرىب.

— ۋايىيەي ... مېنىڭ قورسىقىم ... بىز ئاستانە ئوردابالىقنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شاھى ئابباس، مەلىكىسى ھەم باشقا مۇھىم ئوردا ئەركانلىرىنىڭ يەر ئاستىدىكى مەخپىي يول بىلەن شەھەر سىرتىغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۇق. بىز شاھلىق تەختى ئاستىدىكى مەخپىي يولدىن چىقىپ، ماڭە، ماڭە بۇ ئىنس - جىن يوق جاڭگالغا كېلىپ قالدۇق. بۇ يەردە تېنەپ - تەمتىرەپ قېلىشىمىزنى كىم بىلسۇن؟ — دېدى شەرىپىدىن.

— ئۇنداقتا سىلەر ئۇلارنى تاپالىدىڭلارمۇ؟ — دېدى غېرىب.

— ھەي ... ئۇلارنى تېپىش تۇگۇل، ئەكسىچە يول ئۇستىدە بۇ كېلىشمەسلىككە يولۇقتۇق، — دېدى شەرىپىدىن.

— سىلەرنىڭ سۇلتانىڭلارنىڭ پەرمانى بويىچە ئاbbاس شاھ ۋە ئۇنىڭ مەلىكىسىنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە ئىككى تىزىق تىللا ئىنئام قىلىنىدىغانلىقى راستمۇ؟ — دېدى غېرىب.

— بۇ راست ... راست ! سىز ئۇلارنىڭ قاچقان جايىنى بىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟ ... ۋايىيەي ... ۋايجان ... ئاۋۋال مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، گەپنى ئاندىن دېيىشەيلى ...

شەرىپىدىن شۇنداق دەۋاتقاندا توساتتىن يىراقتىن كېلىۋاتقان بىر ئاتلىق قوشۇن غۇۋۋا كۆرۈندى. شەرىپىدىن ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى:

— سەن ياۋاشلىقچە ئاتتىن چۈشۈپ، بىزگە تەسلىم بول! چوڭ قوشۇنىمىز يېتىپ كەلدى! سەن ئاتىباسىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى بىلىدىغان ئوخشايسەن، سەن بىزنى ئېلىپ بارساڭلا ئىككى تىزىق تىللا ۋە كاتتا ئىمارەتلەرگە ئېرىشىسەن. بولمىسا ھەرگىز ياخشى كۈن كۆرمەيسەن؟

— ئەسلىي سېنى قوتقوزاي دېگەن نىيەتتە ئىدىم، ئەمدى ۋاز كەچتىم، سېنى ئاشۇ لەشكەرلەر كېلىپ قوتقوزسۇن! — غېرىب شونداق دەپلا ئېتىنى بوراپ تاغ ئىچىگە قاراپ يوروپ كەتتى.

— ھۇ لەنىتى ئەبلەخ! ھەي قېرى! ... بىرىڭلارمۇ ياخشى نېمە ئەمەس ئىكەنسىلەر، قاراپ تۇرۇش، سىلەرنى قاندۇق يىغىشتۇرىمەنكىن! قاراپ تۇرۇش، سىلەرگىمۇ زەھەرلىك سۇنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويىمىسام! ھەي، نادان جاڭگال قاراقچىسى، ئىككى تىزىق تىللادىن ئۈمىدىڭنى ئۈز! — دەپ ۋارقىرىدى شەرىپىمدىن.

زەينىدىن بومىيانىنىڭ ئادەملىرى بەلخ شەھىرىنى قورشاپ بولغانىدى. بەلخ ھاكىمى مىرزا ياسىن دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيىپ سېپىل ئۈستىدە تۇراتتى. سېپىل ئاستىدىكى زەينىدىن بومىيانى ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

— ھاي ـ ھاي، نادان بەلخ ھاكىمى مىرزا ياسىن، ئىلگىرى سەن بەلخ شەھىرىنى ياۋاشلىقچە تاپشۇرماي ئاستانىدىكى ئاتىباسىنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتكەنىدىڭ، ئەمدى نەگە قاچالايسەنكىن قېنى؟ ئۇنتۇپ قالما، سىلەرنىڭ ئاستانەڭلارمۇ بىزنىڭ ئىلكىمىزدە. پادشاھىڭلار تاغدا يوشۇرۇنغىلى يەر تاپالماي چاشقاندەك قېچىپلا يۈرۈيدۇ. ئەمدى سىلەرنىڭ يۆلەنچۈكۈڭلار سۇندى. شۇڭا، سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، ئەگەر جەددى ـ جەمەتىڭ بىلەن بىرنەچچە كۈن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرەي دېسەڭ، ياۋاشلىقچە ئالدىمدا تىزلىنىپ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كېچىشىمنى تىلەپ، بەلخنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى ماڭا چىرايلىقچە تاپشۇر! — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— ئۇخلاپ چۈشۈڭ ! نومۇسسىز، مۇناپىق ! ساڭا تىزلىنىپ يالۋۇرىدىغان مىرزا ياسىن تېخى تۇغۇلغىنى يوق ! بەلخنىڭ بىر تال ئوت ـ چۆپىگە ئىگە بولغىنىڭنى قېنى بىر كۆرەي ! — دېدى مىرزا ياسىن.

— كۆرمىدىڭمۇ؟ سىلەرنىڭ ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان شاۋاز ۋەزىرىڭلارمۇ قولىمىزغا تىرىك چۈشتى، يەنە سىلەرنىڭ سۆلەتۋاز بايۋەچچەڭلار ئابدۇللامۇ بار. بۇ ناكەسلەرنىڭ ھازىر ئىتچىلىكمۇ ھالى قالمىدى، — زەينىدىن شۇنداق دېگەچ شاۋاز ۋە ئابدۇللا سولانغان قەپەس قويۇلغان تۆگىلەرنى ئالدىغا ھەيدەپ، مىرزا ياسىنغا كۆرسەتتى. شاۋازنىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ رەسۋا بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇ توختىماي يىرتىق كىيىملىرى ئارىسىدىن پىت تۇتۇپ ئاغزىغا سالاتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تۆت ئەتراپقا قاراپ ساراڭلارچە كۈلەتتى. يەنە بىر قەپەستە ئابدۇللا ئۇۋاق نانلارنى تېرىپ يەۋاتاتتى. ياندىكى بىر لەشكەر بىر پارچە ناننى ياغاچقا ئۆتكۈزۈپ، ئابدۇللاغا سۇندى. ئابدۇللا ئەمدى قولىنى ئاپىرىشىغا لەشكەر ناننى تارتىۋالدى، ھەممەيلەن كۈلۈشتى. قولى يەتمىگەن ئابدۇللا توختىماي لەشكەرلەرگە قاراپ تەزىم قىلىپ يالۋۇردى. بۇنى كۆرگەن مىرزا ياسىن ۋارقىراپ تىل سالدى:

— ھۇ قارا يۈز، ياخشىلىققا يامانلىق قىلىدىغان نومۇسسىز غالچىلار! ئۇ ئىككىسى سەن رەسۋالار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشكەن ئاسىي، مۇناپىقلار! بۇ ئىككىسى سىلەرنىڭ قولۇڭلار ئارقىلىق ئاۋامغا ئاسىيلىق قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتىدۇ! بەلخنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھالىغا قالغاندىن كۆرە، سەن ياۋۇزلار بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلغان مىڭ ئەۋزەل !

— ھەي، زەينىدىن جانابلىرى، سىلى مانا ئەڭ ياخشى جاۋابقا ئېرىشتىلە. مانا ئوبدان بولدىمۇ، بۇ يېتىم قالغان ئىككى ئىتنى ئېلىپ قاراخانىيلار ئېلىدە مۇشۇنداق جاۋابقا ئېرىشتىلە، — دېدى مۇزەپپەر.

— ئۇلاردا «ئىككى تونۇردىن چىققان نان بىر ـ بىرىگە ئوخشىماس» دەيدىغان گەپ بار. ئۇلارنىڭ باتۇرلىرى ئىچىدە جاھانغا تونۇلغان ئۇلۇغ كىشىلەرمۇ بار. مۇنۇ ئىككى لەنتىدىنمۇ ئۆتە نومۇسسىز كىشىلەرمۇ بار. بۇ يەردە مىرزا ياسىن بىز بىلەن تىركىشىشكە جۈرئەت قىلالىغىنى بىلەن، باشقا جايدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلالمايدۇ، — دېدى زەينىدىن بومىيانى.

— بولىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز. ھازىر ئۇلار بىلەن كېڭىشىمىزمۇ ياكى ياراغ كۆتۈرۈپ، جەڭ قىلىمىزمۇ؟ — دېدى مۇزەپپەر.

— ياراغلارنى ئىشقا سېلىڭلار، بىرمۇ ئەركىشى ساق قالمىسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى زەينىدىن بومىيانى.

غەزنەۋىلەر لەشكەرلىرى سېپىلغا قاراپ ئېتىلدى.

تاقىر تاغ ئارىسىدا تاغقا مۆكتۈرۈلگەن بىر ئات ئۇركۇگىنىچە شاھى ئاباسلار مۆكۈنۈپ تۇرغان تاغ تۆپىسىدىن غەزنەۋىلەرنىڭ قوشۇنى تەرەپكە چاپتى. غەزنەۋىلەر ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپلا دەرھال يۈرۈشنى توختاتتى، ئىككى لەشكەر كىشنىگەن ئاتنى توسىدى، ئاتنىڭ بېشىدىكى يوپۇق توساتتىن ئاتنىڭ بوينىغا چۈشۈپ قالدى، غەزنەۋىلەر دەرھال ھوشيارلاندى.

— بۇ جەڭ ئېتى ئىكەن، قارىسىلا، بېشىغا يوپۇق، پۇتىغا پايپاق كىيگۈزۈلۈپتۇ، تاغدا ئادەم بار ئىكەن، چوقۇم قاراخانىيلارنىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى، — دېدى لەشكەر.

قوشۇن سەركەردىسى رۇستەم قىلىچىنى سۇغۇرۇپ مەنلىك كۆلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇ ئادەتتىكى سەرۋازلارنىڭ ئېتى ئەمەس، بەلكى خان ئوردىسىدىكىلەر مىنىدىغان ئېسىل نەسىللىك جەڭ ئېتى. ئاللا ئاباسنى تۇتىدىغان بۇ شەرەپنى ماڭا نېسىپ قىلغان ئوخشايدۇ، مېنىڭ باتۇرلىرىم ئاڭلاپ تۇرۇڭلار! قاراخانىيلارنىڭ ئەڭ چوڭ

خانى ۋە ئۇنىڭ مەلىكىسى مۇشۇ تاغنىڭ چوققىسىغا يوشۇرۇنغان، كىم ئۇنى تۇتالىسا، بىر ئۆمۈر تۈگىمەس بايلىققا ئېرىشىدۇ، ئەۋلادلارغا مىراس قالىدىغان خەجلەپ تۈگىتەلمىگۈدەك بايلىق ۋە شانۇشەۋكەت بىزنى كۈتمەكتە، تاغقا ئاتلىنىڭلار!

رۇستەم شەمشىرىنى ئوينىتىپ چاپتۇردى، بارلىق لەشكەرلەر كەينىدىن چۇقان سېلىپ تاغ باغرىغا قاراپ ئات سالدى.

شاھى ئاباس بولسا خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ قول ئاستىدىكىلەرگە قاراپ تولغىدى:

— ئەمدى تەقدىرىمىزنى بەلگىلەيدىغان پەيت يېتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، ئاللا بىزنى بۇ ئەبلەخلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىغاي. باتۇرلىرىم، باللىرىم، جەڭگە تەييارلىنىڭلار!

— ئالىيلىرى، بۇ يەردىكى ھەممە ئىشلارغا مەن تاقابىل تۇراي، سىلى خانىش ئالىيلىرىنى ئېلىپ تاغ ئىچىگە چېكىنگەيلا! — دېدى ئامىر سەئىد.

— ياق، مەن مۆكۈپ يۈرۈيدىغان بۇنداق تۇرمۇشتىن خويمۇ تويدۇم، بۇ يەردە ئۆلۈش پېشانەمگە پۈتۈلگەن بولسا، بۇنىڭغا ھەرگىز ئامال يوق. بۇ ھايات ـ ماماتلىق جەڭ، مېنى ئۇلار بىلەن تىركەشكىلى قويماي، تىت ـ تىت بولۇپ ئۆلسۇن دەمسىلەر؟ — دېدى شاھ.

ئامىر سەئىد كۆزىگە ياش ئېلىپ دېدى:

— ئالىيلىرى، سىلى ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، سىلى بىر دۆلەتنىڭ خانى، سىلى ھالاك بولسىلا ھەرگىز بولمايدۇ. ناۋادا ۋاپات قىلسىلا، دۆلەت خانسىز قېلىپ، ئاۋام خەلق چېچىلىپ كېتىدۇ. خۇددى يولدىن ئازغان قوزىلاردەك تۆت ئەتراپتا سەرسان بولىدۇ. پۈتمەس ـ تۈگىمەس بالايىئاپەتلەرگە، بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرايدۇ، سىلى پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئويلىماي، خەلقنىڭ كەلگۈسىنى ئويلاشلىرى زۆرۈر...

— دۆلىتىمىز ئاللىقاچان گۇمران بولدى، غەزنەۋىلەر تۆمۈر تاپىنى بىلەن پۈتۈن قاراخانىيلار ئېلىنى دەپسەندە قىلىشتى، ياشىغىنىمىنىڭ ئەمدى نېمە ئەھمىيىتى؟! — دېدى شاھى ئاباس.

— ياق، ياق شاھ ئالىيلىرى، بىزنىڭ ھايات ـ ماماتىمىز پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭ ھايات قېلىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھازىر رەقىبلەر ئېلىمىزنى بېسىۋالدى، ئاۋام نېمە ئىش بولغىنىنى تېخى ئاڭقىرغۇدەك بولمىدى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ خەقلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقلىرىنى بىلسىلا، قوللىرىغا قوراللىرىنى ئېلىشىپ، دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار سىلىنى ياد ئېتىشىدۇ، سىلىنى ئىزدەيدۇ. ئۇلار ئۈيۈشۈشقا، قەلبىدىكى يۈلەنچۈككە ۋە تۈۋرۈكىگە موھتاج. خەلقنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشەلەيدىغان كىشى دەل ئۆزلىرى. سىلىدىن ئايرىلىپ قالساق، زېمىنىمىز پارچىلىنىپ كېتىدۇ. غەزنەۋىلەرنىڭ ئۇدۇل ئاستانىنى قورشاپ سىلىنى تىرىك تۇتماقچى بولۇشىدىكى سەۋەبمۇ دەل مۇشۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى دەل خانىدانلىقنى ۋە سىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئەڭ مۇھىمى ئۆزلىرىنى يوقىتىش. ئۇلارنىڭ سىلىنى يوقاتقانلىقى خانىدانلىقنى يوقاتقانغا باراۋەر، سىلىدىن باشقا ھېچكىممۇ خەلقنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئىستىبلاغا قارشى تۇرالمايدۇ، خەلقنى ئۇيۇشتۇرالمايدۇ. ئەل ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئويدان ئويلانغايلا، خەلقنى خانسىز قالدۇرمىغايلا !

ئامىر سەئىد شاھنىڭ ئىككى پۇتىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، شاھمۇ ئويلىنىش ئىچىدە سۈكۈتكە چۆمدى. ئامىر سەئىد دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سەركەردىلەرگە پەرمان چۈشۈردى.

— سالاھىدىن !

— خوش، سەركەردە ئالىيلىرى ! — دەپ تەييار تۇردى سالاھىدىن.

— سەن ئاتمىش نەپەر چەۋەندازنى باشلاپ، شاھ ئالىيلىرىنى

قوغداپ تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە چېكىنىڭىن، ھەرگىز توختاپ قالما! جىنىڭلارنى پەيدا قىلىپ بولسىمۇ، شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداڭلار، مەن بۇ يەردە قېلىپ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى توسىمەن، — دېدى ئامىر سەئىد.

— قۇللۇق!

سالاھىدىن ئاتمىش چەۋەندازنى باشلاپ، خان ۋە خانىشنى مۇھاپىزەت قىلىپ تاغ ئىچكىرىسىگە قاراپ چېكىندى. ئامىر سەئىد ۋە بىر قىسىم سەركەردە ـ سەرۋازلار ئەپلىك ئورۇننى ئىگىلەپ تۇردى. تاشلارنى تەييارلاپ، ئادەم كاللىسى چوڭلۇقىدىكى تاشلارنى رۇستەمنىڭ قوشۇنىغا قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. ھەر يوغان تاشلار دومىلاپ چۈشۈپ، يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقان غەزنەۋىلەرنىڭ سېپىنى قالايمىقان قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلىشى ئاستىلىدى.

سەنەملەر شاھ ئاتىسى قاتارلىقلار سەل ئىلگىرى پاناھلانغان تاقىر تاغ باغرىدىكى ئۆڭكۈرگە يېتىپ كېلىشتى. خالىد ئەكبەر، ئىلياس، سەنەملەر ئۆڭكۈر ئىچىگە سەپسېلىپ قاراشتى.

— قارىغاندا تېخى يېقىندىلا خېلى كۆپ كىشىلەر كېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، قاراڭلار، ئۆڭكۈر ئىچىدە قىغ ۋە كۈللەر تۇرىدۇ، تېخى يېڭى ئىكەن، — دېدى خالىد.

سەنەم ئۆڭكۈر ئىچىدىن سۇنغان جانان چىنىنىڭ پارچىلىرىنى تېرىپ كەلدى.

— شۇنداق، شاھ ئاتاملار بۇ يەرگە كېلىپتۇ، بۇ خانىش ئانامنىڭ سەپەردە يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان ئامراق چىنىسى ئىدى، — سەنەم كۆزلىرىگە ياش ئالدى ۋە ئۇنى خالىدقا تەڭلىدى، خالىد ئۇنى ئېلىپ، سىنچىلاپ قارىدى.

— ئۇلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭساق ئۇلارنى چوقۇم تاپالايمىز!

سەنەم چىنە پارچىسىنى ياغلىقىغا ئوراپ قوينىغا سېلىۋالدى.

قۇرۇق تاغ ئارىسىدا ئاتلار پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ

مېڭىۋاتاتتى. تىك تاغ قىيالىرى، خەتەرلىك جىلغىلار، قورقۇنچلۇق تاغ جىنسلىرى ئۇچراپ تۇراتتى. سالاھىدىن مۇداپىئەسى ئاستىدىكى شاھ ۋە خانىش ئات ئۇستىدە ھېرىپ ھالىدىن كەتتى. بولۇپمۇ، خانىش ئات ئۇستىدە تىك ئولتۇرالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئىككى تەرىپىدە تۇران ئايلا ۋە بىر نۆكەر ئۇنى يۆلەپ ماڭدى. ئەتراپ قاراڭغۇ، تاغ يولى ئەگرى ـ توقاي بولغاچقا، ئۇلار ناھايىتى ئاستا ئىلگىرىلىدى. توساتتىن، تاغ ئارىسىغا مۆكۈپ تۇرغان غەزنەۋىلەر قولىدا مەشئەل كۆتۈرگەن پېتى ئۇلارغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئۇلار چۇقان ـ سۈرەن سالغىنىچە شاھقا بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ئوتنىڭ يورۇقىدا رۇستەم نەيزىگە ئۆتكۈزۈلگەن ئامىر سەئىدنىڭ قان تەپچىپ تۇرغان كاللىسىنى شاھى ئابباسنىڭ ئالدىغا تاشلىدى ـ دە، ۋارقىرىدى:

— قاراپ باقە، مانا بۇ سېنىڭ جېنىڭنى ساقلاپ قالىمەن دېگەن پالۋاننىڭ كاللىسى ! تېزدىن ماڭا تىزلان ! سەن ھېراتقا ئەۋەتكەن ۋەزىر شاۋاز بىزگە تۇتقۇن بولۇپ، زەيىنىدىن بوميانىنىڭ قەپىسىدە ئاللىقاچان سارالڭ بولدى، ئوغلى ئابدۇللامۇ قەپەس ئىچىدە بىر پارچە نان ئۈچۈن نالە قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ ! ئاتا ـ بالا ئىككىسى خۇددى تۇگۇلۇپ قالغان تۇلكىدەك قەپەستە سولاقلىق، ئۇلار بىلەن پات ئارىدا دىدارلىشىسەن ! سەن بىر مەزگىل سەلتەنەت سۈرگەن خانىدانلىق بۈگۈن كەچ دەپنە قىلىنىدۇ! بۈگۈنكى كۈنگە قېلىشىڭنى خىيالىڭغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان بولغىيدىڭ ! تېز ئاتتىن چۈش !

— ئاغزىڭنى يۇم ئەبلەخ ! سېنى قاراخانىيلار خانىدانلىقىنى دەپنە قىلىدۇ دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ بوش كۆرەڭلە، يۈرىكىڭ بولسا ئالدىمغا چىق !

سالاھىدىن شۇنداق دەۋاتقاندا رۇستەم چۇقان سالغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. سالاھىدىن بەش قەدەم ماڭار ـ ماڭماي ئۇچۇپ كەلگەن يا ئوقى سانجىلىپ، ئاتتىن يىقىلدى.

غەزنەۋىلەر چۇقان كۆتۈرگىنىچە ئۇلارنى قورشاپ كەلدى. شاھى ئابباس زۇلپىقارنى ئوينىتىپ خانىشنىڭ ئالدىغا كېلىپ سىپايىلىك بىلەن دېدى:

— ئاغىچام، پېشانەمنىڭ تەتۈرلۈكىدىن بوگۇنكىدەك كۈنگە چۈشۈپ قالدۇق، سىلىنى بەختلىك قىلالمىدىم. دۈشمەننىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ كەتكەندىن كۆرە ئۆلگىنىمىز تۈزۈك! پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئىكەن، مەن ئاۋۋال ئۆز قولۇم بىلەن ئۆزلىرىنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويسام رازى بولارلىمۇ؟

خانىش شاھقا تىكىلىپ:

— ئالىيلىرى، ئەگەر مۇشۇنداق قارارغا كەلگەن بولسىلىرى، پەقەت ئۆزلىرى مەندىن رازى بولغان بولسىلا، مەن سىلىدىن ئىككى دۇنيالىق رازى، — دېدى.

— مەن سىلىدىن رازى، ئۇلار سىلى ۋە مېنى تىرىك تۇتماقچى، بىز ئۇلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشۈپ قالساق بولمايدۇ! — شاھى ئابباس شۇنداق دېگىنىچە زۇلپىقارنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى، مېھرىبانۇ خانىش كۆزىنى چىڭ يۇمغىنىچە سۈرە ئوقۇشقا باشلىدى. قىلىچ چۈشكەن شۇ دەقىقىدە بىر كۈچلۈك قول شاھنىڭ بىغىشىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، شاھ كۆزىنى يوغان ئېچىپ قاتتىق ھەيران بولغان ھالدا يانغا قارىدى.

— غېرىب! — دېدى شاھ ھەيرانلىق ئىلكىدە.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شاھ ئاتا، خانىش ئانا، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بارغۇ ؟! — دېدى غېرىب.

— سەن غېرىبقا ئوخشايدىغان كىشىمۇ ياكى جىنمۇ؟ — دېدى ھەيرانلىق بىلەن شاھى ئابباس.

— مەن غېرىب، شاھ ئاتا، سىلەرنى ئىزدىگىنىمگە ئون كۈن بولدى. پۈتۈن تاغ، ئورمانلارنى قېزىپ چىقتىم ... — غېرىب سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ، قولىدا ئارغامچا ئېلىپ سوغۇق كۈلگىنىچە چېپىپ كېلىۋاتقان قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدىكى رۇستەمگە قارىتىپ خەنجەر ئاتتى. خەنجەر بېرىپ دەل

روستەمنىڭ پېشانىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا تەگدى، ئۇ چىرقىرىغىنىچە ئاتتىن يىقىلدى. غېرىب چاققانلىق بىلەن شاھ ۋە خانىشنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، يوغان تاشنىڭ كەينىگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ توۋلىدى:

— ئېتىڭلار!

قورام تاشنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ئوۋچى، چەۋەندازلار غەزنەۋىلەرگە قارىتىپ يا ئوقىنى يامغۇردەك ياغدۇردى، دۈشمەنلەر كەينىگە چېكىندى. غېرىب شاھى ئاببىاسلارغا غارنى كۆرسەتتى. شاھ خانىشنى ئېلىپ غارغا قاراپ يۈگۈردى، تۇران ئايلا قاتارلىقلارمۇ يەتتە ـ سەككىز چەۋەندازنىڭ قوغدىشى ئاستىدا كەينىدىن يېتىشتى، ئۇلار غار ئىچىگە كىرىپ كەتتى. غېرىبنىڭ قالغان لەشكەرلىرى رەقىبلەر بىلەن ئېلىشتى. غېرىب ئارقا ـ ئارقىدىن نەچچە دۈشمەننى يىقىتتى. بىر نەچچە غەزنەۋى نۆكىرى ئۇنى قورشاپ ئېتىلىپ كەلدى. غېرىب قەيسەرلىك بىلەن بىر نەچچىسىنى چاناپ تاشلىدى. غېرىبنىڭ بىر ئىسقىرتىشى بىلەن ئاق تۇلپار شۇئان ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. غېرىب دەرھال ئاتقا مىندى ـ دە، قۇيۇندەك چاپتۇرۇپ غارغا كىرىپ كەتتى. چەۋەنداز، ئوۋچىلارمۇ قىستىلىشىپ، غارغا كىرىشتى، كۆپلىگەن كىشىلەر غار ئاغزىدا ئۆلۈپ كەتتى. غېرىب غار ئېغىزىدا تۇرۇپ، قولىنى غار ئاغزىغا سوزغان نۇرغۇن غەزنەۋىلەرنى ئۆلتۈردى. جەسەتلەر غار ئاغزىدا تاغدەك دۆۋىلەندى. غېرىب ئىككى ئوۋچىنى غار ئاغزىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى شاھى ئابباس، مېھرىبانۇ خانىش، تۇران ئايلا ۋە ئالتە نۆكەرنى ئېلىپ غارنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، غېرىب شاھ ۋە خانىشنى تۇلپارىغا مىندۈردى.

— شاھ ئاتا، خانىش ئانا، ئالدىمىزدىكى يول شۇنچە زۇلمەت ۋە قورقۇنچلۇق، خەتەر چىقماسلىقى ئۈچۈن كۆزۈڭلارنى تېڭىپ قويىمەن، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت تەخىر قىلساڭلار، ئاندىن

تېڭىقنى ئېلىۋېتەي، — دېدى غېرىب.

شاھ ۋە خانىش بىر - بىرىگە قارىۋەتكەندىن كېيىن تەڭلا غېرىبقا يۈزلەندى. غېرىب بەلۋېغىدىن ئىككى پارچە لاتا يىرتىپ، شاھ ۋە خانىشنىڭ كۆزىنى باغلاپ قويدى، ئاندىن ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى. سەل ئۆتۈپلا شاۋقۇن سېلىپ ئاققان سۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، غېرىب ھەممەيلەنگە مەشئەل يېقىپ بەردى. ئالدىدىكى جىلغا ناھايىتى چوڭقۇر ۋە تىك ئىدى، غارنىڭ چىقىش ئېغىزى تىك قىيا، ئىككى چوققا بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان جىلغا بولۇپ، قىيانىڭ يان تەرىپىدە ئەگرى كەتكەن، پەقەت بىرلا كىشى مېڭىشقا بولىدىغان قىيا يولى كۆرۈندى. سەللا ھوشيار بولمىسىلا چوڭقۇر قىياغا چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. غېرىب ئاتنى يېتىلەپ ئېھتىيات بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى، تۇران ئايلا كەينىدىنلا يېتىشىپ ماڭدى. ئەمدى بۇ ياقتىكى غەزنەۋىلەر غار ئاغزىغا توپلىنىشتى. غارنىڭ ئاغزى جەسەتكە توشۇپ كەتكەچكە غەزنەۋىلەر بىرنەچچە جەسەتنى بىر ياققا ئېلىپ قويۇپ، غارنىڭ ئاغزىغا ئوت تۇتاشتۇردى، غارنىڭ ئاغزى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. غېرىب قالدۇرۇپ قويغان ئىككى ئوۋچى غەزنەۋىلەرنىڭ قورقۇپ كىرەلمەيدىغىنىنى پەملەپ مەشئەل ياندۇرۇپ، غېرىبقا يېتىشىۋېلىشقا ئاتلاندى.

زۇلمەت غار ئىچىدە مەشئەلنى ئېگىز كۆتۈرگەن غەزنەۋى لەشكەرلىرى غار تېمىغا سۈركىلىپ قورقۇنچ بىلەن ئاستا ئىلگىرىلىدى. ئۇلار ئەگىلىدىغان يەرگە كەلگەندە، دالدىدىكى غېرىب ئۇشتۇمتۇت قاتتىق توۋلىدى. شۇئان ئۈچ غەزنەۋى لەشكىرى ئالاقزادە بولۇپ چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى جىلغىنى زىلزىلىگە سالدى، غار تېمىغا چاپلىشىپ تۇرغان باشقا لەشكەرلەر قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، پۇتلىرى دىر - دىر تىترەپ تۇرۇپ قېلىشتى. غېرىب قول ئاستىدىكىلەردىن ئۇچقۇر پىچاقنى ئېلىپ، بەلۋېغىنى

پىچاقنىڭ ئۇچىغا يۆگەپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ غار تېمىدىكى غەزنەۋىلەرگە قارىتىپ ئاتتى، غەزنەۋىلەر جىددىيلىشىپ قېچىشتى، قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا بىر نەچچىسى هاڭغا چۈشۈپ كەتتى. غېرىب قىستاپ كېلىپ، قالغانلىرىغا قارىتىپ ئوت چاچراتتى. قورقۇپ ئالاقزادە بولغان دۈشمەنلەر ئارقا ـ ئارقىدىن هاڭغا سەكرەشتى، قالغانلىرى كەينىگە چېكىنىشتى. غېرىب ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى يول بويى يار يولىغا پالتا، پىچاقلارنى ئورنىتىپ توسالغۇ قىلدى. پالتا بىلەن مۇرە كەڭلىكىدە ئېرىقچە قازدى. دۈشمەنلەرنىڭ يولى شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەگىدىغان يەرگىچە يوللار چوڭ ـ كىچىك تاشلار بىلەن تولدى، دۈشمەنگە چېكىنىشتىن باشقا يول قالمىدى.

تاغ باغرىدىكى قىرغاقلىرىدا هەرخىل گۈل ـ گىياهلار بولۇق ئۆسكەن دەريا بويى. دەريا سۈيى شاۋقۇن سېلىپ ئاقماقتا. ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈۋالغان غېرىب سەكرەپ يۈرۈپ، نەيزە سانجىپ بېلىق تۇتۇۋاتاتتى. قىرغاقتىكى گۈلخاندا يۈلغۇن شېخىغا ئۆتكۈزۈلگەن بېلىق كاۋىپى «پىژ ـ پىژ» قىلىپ پىشماقتا ئىدى. تۇران ئايلا ئۈچ تاشقا ئېسىلغان تۆمۈر قازاندىكى بېلىق شورپىسىنى ياغاچ ئاياقتا ئۇسۇپ، خان ۋە خانىشقا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بېلىق شورپىسىنىڭ تەمىنى تېتىغاچ، بېلىق تۇتۇۋاتقان غېرىبقا تەڭلا قاراشتى. بۇ چاغدا شاهى ئاباسنىڭ كۆز ئالدىدا ئەينى ۋاقىتتىكى هەسەن ۋەزىرنىڭ بېلىق تۇتۇۋاتقان هالىتى زاهىر بولدى. خانىش بىلەن تۇران ئايلا شاهنىڭ غېرىبقا تىكىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بىر ـ بىرىگە قاراپ مەنىلىك كۈلۈمسىرەشتى. شاه بۇنى كۆرۈپ دەرهال باشقا ياققا قارىۋالدى. سەككىز ياش ئۇۋۇچى ئۇلارنى ئوراپ مۇهاسىرىدە تۇرۇپ، ئەتراپنى هوشيارلىق بىلەن كۆزەتتى. غېرىب سۇ كېچىپ قىرغاققا چىقتى.

ــ شاه ئاتا، خانىش ئانا، يەنە بىردەم ئۇخلىۋالغان بولساڭلار ياخشى بولاتتى. ئەمما، دۈشمەنلەر يەنە كېلىشى مۇمكىن، ئۇلار

بىزنى كۆرۈپ قالسا ئاسانلىقچە قويۇۋەتمەيدۇ، شۇڭا سىلەر يەنە بىر ئاز يولغا چىدىغايسىلەر، شۇندىلا بىز تىنچ بىر جايغا بارالىشىمىز مۇمكىن، ــ دېدى غېرىب.

ــ بولىدۇ، بىز ماقۇلمىز، ــ دېدى شاھى ئاباس.

ــ غېرىب بالام، بىزنى نەگە ئېلىپ بارىسىز؟ قارىغاندا بۇ ھاياتىمدا ئەمدى مەلىكە سەنەمنى كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن، ــ دېدى خانىش كۆز يېشى قىلىپ.

ــ سىلەرنى دۈشمەندىن يىراق، تىنچ يەرگە ئاپىرىپ قويۇپلا سەنەمنى ئىزدەيمەن، ــ دېدى غېرىب.

ــ ئۇ ... قىزىم تېخى ھاياتمىدۇ؟ ــ سورىدى شاھ.

ــ خاتىرجەم بولغايلا شاھ ئاتا، ئۇلار تېخى ھايات، مەن يولدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىدىم، ــ دېدى غېرىب.

ــ بالام، سىز قانداق بىلدىڭىز؟ ــ سورىدى خانىش.

ــ سەنەملەر شاھ ئاتامنىڭ تەختى ئاستىدىكى مەخپىي يول بىلەن قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ، بۇنى مەن ئۇلارنى قوغلاپ ماڭغان غەزنەۋىلەر قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ئاڭلىغان.

ــ ھە ... تەخت ئاستىدىكى مەخپىي يولنى پەقەت راشىدىن ئەتتارىلا بىلەتتى، ئۇنىڭ كارغا كېلىشىنى ئويلىماپتىكەنمەن، ئاللاغا مىڭ شۈكۈرا ــ دېدى شاھ قوللىرىنى كۆتۈرۈپ.

ــ قىزىم نەلەردە سەرسان بولۇپ يۈرگەندۇ؟ ــ دېدى خانىش خاۋاتىرلىنىپ.

ــ مەلىكە ئۆزى يالغۇز ئەمەس، ئانام، سىڭلىم، ئىلياسلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى قوغدايدۇ، ــ دېدى غېرىب ئىشەنچ بىلەن.

ــ سەن ئۇلارنىڭ ئوردابالىققا بارغىنىنى قانداق بىلدىڭ؟ ــ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى شاھ.

ــ مەن قۇندۇز ئوردىسى بەرگەن خەۋەردىن ئاڭلىدىم، ــ دېدى غېرىب.

ــ نېمە؟ سەن ئۇ يەرگە بارغانمىدىڭ؟ ــ شاھ ئەجەبلەندى.

— مەن ھېراتتىن ئانام ۋە سىڭلىمنىڭ دېرىكىنى ئالالماي قوندۇز دۆلىتىگە بارغانىدىم. ئۇلاردىن مەلىكە سەنەم، ئانام، سىڭلىم، ئىلياسلارنىڭ ئورداباللىققا قايتقىنىنى ئاڭلاپ، ئاستانىگە قايتىپ كەلگەنىدىم، — دېدى غېرىب.

— ئاھ، جېنىم بالام، ئىلاھىم دېگەنلىرىڭىز راستتۇر، قىزىم بىلەن دىدارلىشىشتىن باشقا بۇ دۇنيادا تىلىگۈدەك ئارزۇيۇم قالمىدى، — دېدى خانىش.

— يولغا چىقايلى، ھازىرچە بىرلا ئېتىمىز بار. يولدا ئېتىمىزنىڭ سانى كۆپىيىپ قالار.

غېرىب شاھ ۋە خانىشنى ئاتقا يۆلەپ مىندۇردى، قالغانلار ئاتقا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار دەرياني بويلىغىنىچە قويۇق ئوت ـ چۆپلۈككە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئەمدى، شەيخ جالالىدىنلار توغرىسىدىكى بايانلارغا نەزەر سالايلى. ئۇلار شاۋازنىڭ ھېراتنى سۇغا غەرق قىلىش غەرىزىنى پەملىگەنىدى. شۇڭا، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئىلاج بار كۆپرەك ھېرەت ئاھالىسىنى قىبلە تاغقا باشلاپ چىقىپ قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇلار يايلاقنى ماكان قىلدى. ياپيېشىل يايلاقتا كالا ـ قويلار توپلىشىپ، ئەركىن ئوتلىشىپ يۈرەتتى. شەيخ جالالىدىن تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى. شۇ ئارىدا سادىق ۋە ئىككى لەشكەر ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى، شەيخ جالالىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، كىتابىنى ئاۋايلاپ يېپىپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇستاز.

— ئاخىر ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كەلدىڭ، ئەجەبمۇ ئەنسىرەتتىڭ مېنى! بۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتا نەگە كەتتىڭلار؟ — شەيخ جالالىدىن سادىق ۋە ئىككى لەشكەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، زەيندىن بومياني بەلخ، قارشى

شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، سەمەرقەندكە قاراپ يۈرۈش قىپتۇ. ھازىرغا كەلگۈچە ئۇلارغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك ئەزىمەت چىقماپتۇ. بارغانلا يېرىدە ئۇلار شاۋاز ۋە ئابدۇللا سولانغان قەپەسنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ، كىشىلەرگە سازايى قىپتۇدەك، دەرۋازىدىن كىرىپ - چىققانلار بۇ ئىككى ئىتنىڭ بالىسىغا تۇكۇرۇپ ئۆتىدىكەن. ئاڭلىسام، شاۋاز قەپەستە ئۆزىنىڭ ئىككى مۈرىسى ۋە بىلەكلىرىدىكى گۆشلەرنى غاجاپ يەپتۇ، سۆڭەكلا قاپتۇدەك، چىشلەپ يىرتقان يەرلەر سېسىپ، زېمىننى بىر ئاپتۇدەك، ھەتتا كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدىن ئېغىز - بۇرۇنلىرىنى توسۇپ ئۆتكۈدەك ... — دەپ سۆزلەپ بەردى سادىق.

— تېخى ئۆلمەپتۇمۇ ئۇ لەنىتى؟ — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— بۇ ئالۋاستىنىڭ جېنى ئىتتىنمۇ چىڭ ئوخشايدۇ، شۇنچە بەتتەر بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا ئۆلمەپتۇ. مېنىڭچە، غەزنەۋىلەر ئۇنى ئاستا - ئاستا چىرىپ ئۆلسۇن دەيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى سادىق.

— ئاللا ئۇنىڭ جېنىنى ئالمىسا، ئۇمۇ ئۆلمەن دەپ ئۆلۈۋالمايدۇ، بىراق شەرمەندە بولغۇچە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرسا بوپتىكەن. ئۇنىڭدا ۋىجدان يوق - تە، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— ئەمىسە، بىز ئىشنى قاياقتىن باشلىساق بولار؟ — سورىدى سادىق.

— قارىغاندا بىز ئاستانىگە قايتىپ، قايتىدىن كۈچ توپلاپ، پادىشاھىمىزنى قوغدىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ. بىز شاھنى قوغداپ قالالىساقلا، غەزنەۋىلەر پۈتۈن ۋىلايەت، پۈتۈن يايلاقلىرىمىزنى ئىگىلىۋالسىمۇ، خەلق ئۈمىدىنى يەنىلا پادىشاھقا باغلايدۇ، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن شاھنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، قۇدرەتلىك كۈچ شەكىللەندۈرىدۇ، بىزمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— شاھ بىزنى قوبۇل قىلارمۇ؟ — سورىدى سادىق.

— ئۇ ھەر قانچە نادان بولسىمۇ، كۆز ئالدىدىكى ھەقىقەت ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، دوست - دۈشمەننى تونۇتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ نادانلىق، زالىملىق قاپلىغان ئوردىسى كۆيۈپ كۇل بولغان بولسا، بارلىق نەرسىلەر شۇنىڭ بىلەن بىللە يوقىلىدۇ، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

قۇرۇق تاغدىكى غار ئاغزىدا جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلەنگەنىدى. خالىد ئەكبەر سەنەملەرنى باشلاپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار قالايمىقان ياتقان جەسەتلەرنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىلكىدە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قالدى.

— بۇ يەردە دەھشەتلىك ئۇرۇش بولغان ئوخشايدۇ، — دېدى خالىد ئەكبەر.

— يەنە تېخى كۆيگەن ئادەمنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى سەنەم.

— سەردار جانابلىرى، بۇ يەردە كېسىۋېتىلگەن ئادەم كاللىسى تۇرىدۇ، چىرايى ناھايىتى تونۇشتەك.

لەشكەرنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان خالىد ئەكبەر دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ، نۆكەرنىڭ قولىدىن كاللىنى ئېلىپ، سىنچىلاپ قارىدى - دە، بىردىنلا يىغلاپ نالە قىلدى:

— بۇ ئالىي سەركەردىمىز ئامىر سەئىدنىڭ كاللىسى ئەمەسمۇ؟ ئۇ شاھ ئالىيلىرى بىلەن قۇندۇز دۆلىتىگە كەتكەن ئەمەسمىدى؟

— سەركەردەم، بۇ يەردە تېخى مەخپىي غار بار ئىكەن، — دېدى لەشكەر. خالىد ئەكبەر يۈگۈرۈپ بېرىپ غار ئاغزىغا سەپسالدى، جەسەتلەر غار ئاغزىدا توغرىسىغا ياتقۇزۇلغان، ھەتتا بەزىلىرى كۆيۈپ كۇل بولغانىدى.

— ئوت يېقىڭلار! — خالىدنىڭ بۇيرۇقى بىلەن لەشكەرلەر مەشئەل ياقتى، ئاندىن جەسەتلەرنى قايرىپ ئۆتۈپ غارغا قاراپ ماڭدى.

— مەلىكە ئالىيلىرى، سىلەر كىرمەي تۇرۇڭلار! سىلەر ئۇچىڭلار مەن بىلەن مېڭىڭلار! بىز ئاۋۋال ئىچىنى كۆرۈپ چىقايلى. ئىلياس، سىلى مەلىكىنى قوغداپ تۇرسىلا ! — دېدى خالىد ئەكبەر.

— خوپ، — دېدى ئىلياس. خالىد ئەكبەر ۋە ئۈچ نۆكەر غارغا كىردى. سەنەم يىغىسىنى ئاران بېسىپ دېدى:

— ئىلياس، بۇ جەسەتلەرگە ئۇبدانراق قاراپ بېقىڭ، بولۇپمۇ كۆيۈپ كەتكەنلىرىگە، مېنىڭ شاھ ئاتام، خانىش ئانام ...

سەنەم گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي ئېسەدەپ كەتتى. نىگارئايىم سەنەمگە تەسەللى بەردى:

— بالام، بۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىلا، بۇنداق بولمايدۇ!

— ئاۋۇ جەسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى شاھ ئاتام ۋە خان ئانامنىڭ سارىيىدىكى كېنىزەك، مۇلازىملار، — دېدى سەنەم جەسەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— ئۇلار شاھ ئالىيلىرىنى قوغداش يولىدا جان پىدا قىپتۇ، — دېدى ئىلياس.

— مەن ئاشۇ غار ئاغزىدىكى كۆيدۈرۈلگەن جەسەتلەرنىڭ ئارىسىدىن شاھ ئاتام ۋە خانىش ئانامنىڭ چىقىپ قېلىشىدىن بەك قورقىمەن، بەكلا قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى سەنەم.

— غەزنەۋىلەرنىڭ مەقسىتى شاھ ئالىيلىرى ۋە خانىشنى تىرىك تۇتۇپ خالايىق ئالدىدا سازايى قىلىش، ئاندىن قىيناپ ئۆلتۈرۈش. ئەگەر ئۇلارنى بۇ يەردە ئۆلتۈرۈۋەتسە، باشقىلارنىڭ ئىشەنمەسلىكىدىن ئەنسىرەيدۇ ئەمەسمۇ. خاتىرجەم بولسىلا، شاھ بىلەن خانىش تېخى هايات، — دېدى ئىلياس.

توساتتىن پېشانىسى ۋە بىر كۆزىنى يۆگىۋالغان رۇستەم باشچىلىقىدىكى بىر بۆلۈك غەزنەۋى لەشكەرلىرى تاغ ئۈستىدە پەيدا بولۇپ، يوغان بىر تورنى سەنەمگە قارىتىپ تاشلىدى. گەرچە ئىلياس توختىماي شەمشىرى بىلەن تورنى كېسىپ قۇتۇلماقچى بولغان بولسىمۇ، دۈشمەن يەر ـ زېمىننى قاپلاپ

يوپۇرۇلۇپ كەلگەچكە قوتۇلالمىدى. ئاخىر لەشكەرلەر سەنەم، ئىلياس، گۈلجامال ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرىنى تورغا سولىۋالدى.

ئەمدى شاھى ئابباس توغرىسىدا سۆز ئاچايلى. قارىغايلىق تاغنىڭ تۆۋەنكى تەرىپى ياپيېشىل يۇلتۇز يايلىقى ئىدى. غېرىب تونۇش ماكاننى كۆرۈپ سۆيۈندى. ئۇ ھەمراھلىرىنى باشلاپ يىراقتىكى ئايئاق ئۆيلەرگە قاراپ ئات سالدى. شاھى ئاببا غېرىبنىڭ ئاق تۇلپارىغا مىنىۋالغان بولۇپ، كەينىدىن خانىشمۇ بىر ئاتقا مىنگەن ھالدا ئەگىشىپ كەلدى. قاراقاپلان بەگ باشچىلىقىدىكى قەبىلىدىكى چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش ھەممىسى ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، نەغمە ـ ناۋا قىلىشىپ پادىشاھنىڭ كەلگىنىنى قارشى ئالدى. قاراقاپلان بەگ ئاتتىن چۈشۈپ، يىراقتىن شاھنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

ــ قاراقاپلان بەگ ۋە ئۇنىڭ قەبىلىسىدىكى بارلىق ئاۋام قاراخانىيلار پادىشاھى ئابباس خانغا ئەڭ يۈكسەك سالىمىمىزنى بىلدۈرىمىز. جاپا تارتتىلا، ئالىيلىرى! يۇلتۇز يايلىقىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقلىرىدىن سۆيۈنىمىز!

قاراقاپلاننىڭ تۆت ئايالى ئالدى بىلەن ئات ئۈستىدىكى شاھنىڭ پۇتى ۋە قوللىرىغا سۆيدى، ئاندىن ئۇنىڭ يىگىرمە ئۈچ ئوغلى، كېلىنلىرى ۋە نەۋرە ـ چەۋرىلىرى بىردىن ـ بىردىن كېلىپ شاھنىڭ قولى ۋە ئاتنىڭ بىقىنىدا تۇرغان پۇتىنى سۆيۈشتى. ئاندىن خانىشنىڭ پۇتىنى سۆيدى. ئارقىدىنلا قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە چوڭلىرى بىر ـ بىرلەپ خاننى سۆيۈپ كۆرۈشتى. مۇلازىملار بىر پۇتىنى ئېگىپ تۇرۇپ، شاھ ۋە خانىشنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ ئاق كىگىز پاياندار ئۈستىدە ماڭدۇردى. قىرىق بىر يىگىت پاياندازنى بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈپ توختىماي « خۇش كەپتىلا ! » دەپ توۋلىدى ۋە ئۇلارنى قاراقاپلاننىڭ كاتتا، ئازادە كىگىز ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، تۆردە

ئولتۇرغۇزدى. كۆپچىلىك ئۇلارغا تەزىم بەجا كەلتۈردى. قەبىلىدىكى بارلىق قۇرامىغا يەتكەن ئايال كىشىلەر بىرلەپ ـ بىرلەپ كومزەكتە قىمىز كۆتۈرۈپ كېلىپ شاھ ۋە خانىشقا سۇندى.

ــ شاھ ئالىيلىرى، قەبىلىمىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە، قەبىلىمىزدىكى بارلىق ئاياللار يىراقتىن كەلگەن ئېسىل مېھمانغا قىمىز سۇنۇشى كېرەك. بۇ قەبىلىمىزنىڭ مېھمانلارغا بولغان ياخشى تىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، شاھ ۋە خانىش ئالىيلىرى، ئېتىپ كۆرۈشكەيلا، ــ دېدى قاراقاپلان بەگ.

ــ ئېسىل يوسۇن ئىكەن!

ئاغزى قۇرۇپ، كالپۇكلىرى يېرىلىپ كەتكەن شاھى ئاببااس قارا قاپلاننىڭ خوتۇنى ئەكەلگەن بىر كومزەك قىمىزنى ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىشى بىلەن يېنىدىكى غېرىب ئاستا خانغا پىچىرلىدى:

ــ شاھ ئاتا، خانىش ئانا، بىر قەبىلىدىكى بارلىق ئاياللار ئەكەلگەن قىمىزنىڭ ھەممىنى ئىچىپ بولۇش ئاسان ئەمەس. شۇڭا بەك كۆپ ئىچىۋەتمىگەيسىلەر. ھەربىرى ئەكەلگەن قىمىزدىن ئازراق ئېتىپ باقسىلا كۇپايە. ھەممىنى ئىچسە قورساققا ھەرگىز سىغمايدۇ.

شاھ ۋە خانىش مەنىلىك كۈلۈمسىرىگىنىچە قىمىزدىن ئازراقلا ئېتىپ باقتى.

ــ بۇ مۇشكۇل ئىش ئىكەنغۇ؟ ــ دېدى شاھ.

ــ ئەمما، سىلى چوقۇم ھەممە ئايال ئېلىپ كەلگەن قىمىزدىن ئېتىپ بېقىشلىرى، بىرىنىمۇ قالدۇرۇپ قويماسلىقلىرى كېرەك، بولمىسا ئۇلار خاپا بولىدۇ. ئەگەر سىلى ئېتىمىسىلا، مېنى كۆزگە ئىلماپتۇ دەپ، ئويلۇپ ئۆلۈۋېلىشىمۇ مۇمكىن. سىلى قىمىز ئېتىتغان رەت بويىچە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارىلا، بايلىرى بىر تۆگە، ئوتتۇراھاللىرى بىر كالا، كەمبەغەللىرى بىر قوي سويۇپ ئۆزلىرىنى كىگىز ئۆيىگە

ئاپىرىپ كۆتۈۋالدى، ــ دەپ ئالدىنئالا چۈشەندۈرۈپ قويدى غېرىب.

ــ ۋاي خۇدا! بۇ يايلاق قالتىس ئۆزگىچە ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى شاھ.

ــ بالام، غېرىب سىز بۇ يوسۇنلارنى قانداق بىلىۋالدىڭىز؟ ــ دەپ سورىدى خانىش.

ــ مەن ئىلگىرى ئانام، مەلىكە سەنەم، سىڭلىملار بىلەن بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرغان.

غېرىب پەس ئاۋازدا شۇنداق دېدى، خانىش دەرھال ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ، قولياغلىقى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ، ئاغزىنى ئېتىپ ئۆكسۈپ كەتتى:

ــ ئاھ ... مېنىڭ بىچارە مەلىكەم ... سىز مۇشۇ يەرگىمۇ كەلگەن بولغىيمىدىڭىز ... قەدەم ئىزلىرىڭىزنى بىر پۇرىۋالسام قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە!

ــ بولدى قىل، پۇقرالار ئارىسىدا مۇنداق كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلساڭ قاملاشمىدۇ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ــ دېدى شاھ.

ــ خانىش ئايىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بىر ئىش ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى قاراقاپلان بەگ.

ــ نېمە ئىش؟ ــ دەپ سورىدى شاھ.

ــ ئىككى ھەپتە ئىلگىرىكى ئىش. مەلىكە سەنەم، نىگارئايىم، غېرىبنىڭ سىڭلىسى، يەنە خالىد ئەكبەر، ئىلياس قاتارلىق كىشىلەر بىر توپ نۆكەرلەر بىلەن بىللە بىزنىڭ قەبىلىمىزگە كەلگەن، بۇ يەردىن ئاتقا مىنىپ سىلەرنى ئىزدەپ كەتكەنىدى، سىلەرگە ئۇچرىمىدىمۇ؟ ــ دېدى قاراقاپلان بەگ.

ــ ھە! ــ دېدى شاھى ئابباس ھەيرانلىق بىلەن.

ئوردابالىق، شاھى ئابباسنىڭ ئوردىسى. سۇلتان مەھمۇد ئىككى كىشى يۆلىۋالغان، يىغلامسىرىغان شەرىپىدىننى كۆرۈپ دەرھال تەختتىن تۇردى، ھەيرانلىق بىلەن شەرىپىدىننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟ نېمە ئاۋارىچىلىككە يولۇقتۇڭ؟

شەرىپىدىن نالە قىلىپ دېدى:

— سۇلتانىم ... بى ... بىزنى ... تېز ... بىزنى قۇتقۇزۇۋالسىلا ... — سۆزى ئاياغلاشمايلا شەرىپىدىن ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە، قان قۇسۇپ تىنىقتىن توختىدى، ئاغزىدىن چاچراپ چىققان قان سۇلتاننىڭ شاھانە كىيىمىگە چاچرىدى. مەھمۇد غەزنەۋى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— بۇ سېسىق ئوردىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىڭلار ! ھۇ ئابباس دېگەن توخۇ يۈرەك ! قېنى سېنى بىر تۇتۇۋالاي قېنى، قانداق قىلمەنكىن ! سەن ئەڭ سادىق سەركەردەمگە زىيانكەشلىك قىلدىڭ، قاراپ تۇر، مەن ساڭا ھەسسىلەپ بەدەل تۆلىتىمەن !



# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

يېشىل تۆپىلىكنىڭ تۆۋىنى خارابىلىككە ئايلانغان، ئىس ـ تۈتەكلەر تېخى تارالمىغان، ئاستانىدە قەبرىستانغا ئوخشاش جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۆلۈكلەرنى يەپ تويغان قاغىلار ھۇرۇنلۇق بىلەن جەسەت دۆۋىسىدە دەم ئالماقتا، بىرنەچچە لالما ئىت ئۇيان ـ بۇيان يۈگۈرۈپ، تىمىسقىلىشىپ يۈرمەكتە. سۇلتان مەھمۇد ئىسمائىل قاتارلىق ئوڭ ـ سول قول ۋەزىر، سەركەردىلىرى بىلەن تۆپىلىك ئۈستىدە تۇرۇپ، كۆيۈپ ۋەيران بولغان شەھەرگە سەپسالماقتا.

— ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنەتلىك قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاستانىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكى تارىختا ياۋايى ئافراسىيابلارنىڭ شەھىرىمىزنى كۆيدۈرگەنلىكىگە بەرگەن ئەڭ ياخشى جازاسى، — دېدى ئىسمائىل.

— شۇنىسى، ئافراسىيابلار سۇلتانىمىزنى ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرگەن، ئەمما مۇشۇ كەمگىچە ئۇلارنىڭ خانى ئابباسنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرگىنىم يوق! — دېدى مەھمۇد غەزنەۋى ئەپسۇسلىنىپ.

— سۇلتانىم، خاتىرجەم بولسىلا، ئاللا ياراتقان بۇ ئالەم سەۋەب ـ نەتىجە ۋە قىلغان ـ ئەتكەننىڭ جازاسىنى تارتىش بىلەن تەڭشىلىدىغان جاھان. ئاتىسىنىڭ جازاسى ئۈچۈن بالىسى، ئەجدادلىرىنىڭ خاتالىقى ئۈچۈن ئەۋلادلىرى جازاغا تارتىلماي قالمايدۇ. ئافراسىيابلار ئەجدادلىرىمىز قۇرغان ئاستانىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلغان، مىڭ يىلدىن كېيىن سىلى ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئاستانىسىنى كۈل قىلدىلا، بۇ ئۇلارنىڭ جازاغا ئۇچرىغىنى ئەمەسمۇ؟ شاۋاز ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ رەسۋالارچە ئاقىۋىتى دەل بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى بولالايدۇ، — دېدى

ئىسمائىل.

— بۇمۇ دەل ئۆزىنىڭ مەملىكىتى، قەبىلە ۋە ئۇرۇقلىرىغا ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىغا ئاچچىق ساۋاق بولىدۇ. مېنىڭ قانداق ۋەھشىي رەقىبىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئۆز قەبىلىسى ۋە دۆلىتىگە ئاسىيلىق قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئۆز دۆلىتى ۋە قەبىلىسىگە ساتقۇنلۇق قىلغانلار ئاللانىڭمۇ دۈشمىنى، بۇنداق كىشىلەر ئۆزىنىڭ شەخسىي غەرىزىنى دەپ ئاللاغىمۇ ئاسىيلىق قىلماي قالمايدۇ، شۇڭا ئاللامۇ بۇنداق كىشىلەرنى ياقتۇرمايدۇ، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— شەيتانمۇ شۇنداق، ئۇ ئەسلىي ئاللانىڭ ئەڭ يېقىنى، ناھايىتى بىلىملىك، تالانتلىق كىشى ئىكەن، شۇڭا ئۇ پەرىشتىلەرگە دەرسمۇ ئۆتكەن. ئەمما ئۆزىگە چوڭ ئەمەل بەرگەن ئاللاغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئاخىرىدا ئاللانىڭ شەپقەتسىزلەرچە تاشلىۋېتىشىگە ئۇچراپ، ئاللانىڭ قېشىدىن، جەننەتتىن قوغلاندى بولغان، — ئىسمايىل شۇنداق دەۋاتقاندا بىر لەشكەر كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— سۇلتان ئالىيلىرىغا خۇش خەۋەر، رۇستەم سەردار ئابباس شاھنىڭ مەلىكىسى قاتارلىق بىرنەچچە كىشىنى تۇتۇۋاپتۇ، ھازىر قايتىش يولىدا ئىكەن.

سۇلتان مەھمۇدنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى:

— ھىم ... قېنى، ئاببانىڭ ماڭا ياتلىق بولۇشقا ئۇنىمىغان مەلىكىسى قانداقراق نېمىكىن، بىر كۆرۈپ باقاي! ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمەنكىن قېنى؟ ئۇنى ئاۋۋال تازغا گىرىپتار بولغان بىر ھايۋانغا خوتۇن قىلىپ، نامىنى بولۇشىغا سېسىتىپ، ئىتتىن بەتتەر ھالغا چۈشۈرىمەن. ھازىردىن باشلاپ ئەڭ سەت، يىرگىنچلىك بىماردىن بىرىنى تېپىپ كېلىڭلار، مەن ئاببانىڭ گۆھەر مەلىكىسى ئۈچۈن لايىق تاللايمەن!

شۇنىڭدىن كېيىن، سۇلتان مەھمۇد ئورداباشلىقىنىڭ

سىرتىدىكى ياپيېشىل تاغنىڭ ئۈستىگە بارگاھ تىكتۈرۈپ، شاھى ئاپباسنىڭ ئوردىسىنى تاشلاپ، شۇ تاغقا جايلاشتى.

قاراقاپلان بەگنىڭ كىگىز ئۆيىدە شاھى ئاببىاس، خانىش، غېرىبلار پاراڭلاشماقتا ئىدى.

— شاھ ئاتا، خانىش ئانا، يولغا چىقىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر. مەھمۇد غەزنەۋى خۇددى قىيامەتنىڭ ئالۋاستىسىدەك ئۈستى كالپۇكى ئاسمانغا، ئاستى كالپۇكى يەرگە تاقىشىپ، قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىۋاتىدۇ. پۈتكۈل قاراخانىيلار ئېلى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالدى، مەن مەلىكە سەنەم بىلەن ئانامدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، دەرھال يولغا چىقىپ ئۇلارنى تېپىپ، يانلىرىغا ساق ـ سالامەت ئېلىپ كېلەي دەيمەن، — دېدى غېرىب.

— شۇنداق بولغاي، بالام. مەنمۇ ئىزتىراپ ئىچىدە، مەلىكىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. مەلىكىنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ دەپ قورقىمەن، ئۇنى كۆرەلىسەملا سىزدىن بۇ دۇنيا ـ ئۇ دۇنيا رازى بولغان بولاتتىم بالام! — دېدى خانىش كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— بالام، ساڭا قانچىلىك ئادەم، قانچىلىك ئات لازىم بولسا بىزدىن شۇنچىلىك تاللىۋال، — دېدى قاراقاپلان بەگ.

— ياق، ھازىر ئۇلارنىڭ ئادىمى ناھايىتى كۆپ، ئۇلارغا ئاسان چېلىقىپ قالىمىز. ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈم يالغۇز باراي، — دېدى غېرىب.

— ئۆزۈڭ يالغۇز يېتىشەلەرسەنمۇ بالام؟ — سورىدى قاراقاپلان بەگ ئەندىشە بىلەن.

غېرىب ئورنىدىن تۇرۇپ قاراقاپلان بەگكە تەزىم قىلىپ دېدى:

— ئاكا، شاھ ئاتام بىلەن خانىش ئاتامنى ئاللاغا تاپشۇرغاندىن باشقا، ئۇلارنى ئاتايىن ئۆزلىرىگە تاپشۇرغىلى كەلگەنىدىم. كۆز قارىچۇقلىرىنى ئاسرىغاندەك ئاسرىغايلا، ئۇلاردىن ئايرىلىپ

قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، بۇ سىلىدىن ئۆتۈنىدىغان ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم! بولمىسا قاراخانىيلار ئېلىدىكى بارلىق قەبىلىلەر زاۋال تاپىدۇ، شاھ ئاتامدىن باشقا ھېچقانداق تۈغ كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرالمايدۇ. پەقەت شاھ ئاتامنى قوغداپ قالساقلا قاراخانىيلار ئېلىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئەۋلادلار سىلىنىڭ ئەلنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقلىرى ئۈچۈن مەڭگۈ سىلىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ئەگەر شاھ ئاتامنىڭ، خانىش ئانامنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قالالمىساق، چوقۇم ئەۋلادلارنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس لەنەت - نەپرىتىگە قالىمىز.

قاراقاپلان بەگ پىچىقنى چىقىرىپ ئالىقىنىنى كېسىپ ئەھدى قىلىپ:

— بالام غېرىب، بۇ ياشقا كەلگۈچە ئاللا مېنى راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئىگە قىلدى، ماڭا يۈكسەك ئابرۇي ئاتا قىلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاغا مىڭ شۈكۈر. بۇ ياشقا يەتكەندە ئاللا مېنى ئۇنداق يۈزۈمگە داغ تېگىدىغان نومۇستىن ساقلىغاي! كەل بالام، قولۇڭنى ماڭا بەر! مەن پۈتۈن تاغ - دەريا، يايلاقلىرىم، قەبىلەم ۋە چارۋىلىرىم نامىدىن قەسەم قىلىمەنكى، قەبىلىمىزدىكى بارلىق ئەر - ئايال شاھ ئائىلىسىنى ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە جان تىكىپ قوغدايمىز، خاتىرجەم يولغا چىقىۋەرگىن! — دېدى غېرىبنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ.

— ھازىر غەزنەۋىلەر پۈتۈن يەرنى قاپلاپ، كىرمىگەن تۆشۈكلىرى قالمىدى، ئۇلارنى بۇ تىنىچ، جىمجىت يۇلتۇز يايلىقىنى پاراكەندە قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، سىلىدىن شاھ ئاتام ۋە خانىش ئانامنى ئېلىپ تاغدىكى ئورمانلىققا كىرىپ پاناھلىنىشلىرىنى ئۆتۈنىمەن، — دېدى غېرىب.

— شاھ ئائىلىسىنى ئېلىپ مۇزلۇق تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتسەملا، غەزنەۋىلەر ئىزدىسىمۇ ئۇ يەرنى مەڭگۈ تاپالمايدۇ. بىز ۋە ئۇچار قۇشتىن باشقا ھېچكىم ئۇ يەردىن ئۆتەلمەيدۇ، — دېدى قاراقاپلان بەگ.

— ئۇھ، كۆڭلۇم ئاخىر جايىغا چۈشىدىغان بولدى، قاچان كۆچمەكچى بولدىڭىز؟ — سورىدى غېرىب.

— ھازىر كۆچ دېسەڭ، ھازىرلا يولغا چىقىمىز. بىز سىلەر تاماق يېگەندەكلا كۆچمەنلىككە كۆنۈپ قالغان خەق! — دېدى قاراقاپلان بەگ.

— مېنى بەكلا خۇش قىلىۋەتتىڭىز، ئەڭ ياخشىسى ھازىرلا بولسۇن، — دېدى غېرىب.

— شاھ ئائىلىلىرى نېمە دەركىن؟ — دېدى قاراقاپلان بەگ.

— سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارچە بولسۇن، — دېدى شاھ.

— ئەمىسە مۇشۇنداق كېلىشتۇق! — دېدى قاراقاپلان بەگ.

— سىلەر يولغا چىققاندىن كېيىن ئاندىن ماڭاي، — دېدى غېرىب.

يۇلتۇز يايلىقىدا قاراقاپلان قەبىلىسىدىكى چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش تۆگە، ئات، خېچىرلارغا يۆگەلگەن كىگىز ئۆيلىرىنى بېسىپ كۆچتى. قوي - كالىلار مەرىشىپ، تۆگە، ئات، خېچىرلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئالدى - كەينى كۆرۈنمەيدىغان سەپ ھاسىل قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. شاھى ئابباس ۋە خانىش يۇڭلۇق جۇۋىلارنى كىيگەن پېتى سەككىز ياساۋۇلنىڭ قوغدىشىدا قاراقاپلاننىڭ ئېتىنى مىنىپ ئالدىرىماي سىلجىدى. غېرىب ئۇلار بىلەن بىللە ماڭغاچ دېدى:

— سىلەر سەككىز ئەزىمەتنىڭ بۇرچى مۇشكۈل، زىممەڭلەردە شاھ ۋە خانىشنى قوغدايدىغان ئېغىر ۋەزىپە بار.

— بىز خان ئائىلىرى ۋە خانىش ئائىلىرىنى قوغداش يولىدا جېنىمىزدىن كېچىشكە رازى! — دېدى يىگىتلەر ۋارقىراپ.

— سىلەر شاھ ۋە خانىش بىلەن ھايات - ماماتتا بىللە بولىسىلەر، كىمنى قوشۇننىڭ سەركەردىسى قىلىپ تاللىدىڭلار؟ — دېدى غېرىب.

ئارىدىن بىر نۆكەر چىقىپ:

— ئارىپ پالۋان بىزگە باش بولسۇن! — دېدى.
— ئارىپ پالۋان قايسىڭلار؟ — سورىدى غېرىب.
— مەن بولىمەن! — دەپ ئالدىغا چىقتى ئارىپ.
— بۇرچنى ئادا قىلالارسەنمۇ؟
— قىلالايمەن! — دېدى ئارىپ.
— شاھ ئاتام ۋە خانىش ئانامنىڭ ئامانلىقىنى سىلەر سەككىز ئەزىمەتكە تاپشۇردۇم ئەمەسمە، — دېدى غېرىب.
— بىزنىڭ نىشانىمىز ئۆلۈپ كېتىش ئەمەس، بەلكى خان ئائىلىلىرى ۋە خانىش ئائىلىلىرىنى جان تىكىپ قوغداش. سىلەرنىڭ ئامان قايتىپ كېلىشلىرىنى كۈتىمىز، — دېدى ئارىپ.
— ئانام ۋە مەلىكە سەنەملەرنى تاپالىساملا، ھايالشىماي قايتىپ كېلىمەن. چوقۇم كېچە - كۈندۈز مۇھاپىزەتتە تۇرۇڭلار، ھەرگىز بىخەستەلىك قىلماڭلار، — دەپ جېكىلىدى غېرىب.
— خوپ ! — دېدى ئارىپ.
غېرىب شاھ ۋە خانىشنىڭ ئېتىغا يېقىنلىشىپ دېدى:
— شاھ ئاتا، خانىش ئانا، سىلەرنى ئاللاغا تاپشۇرغاندىن سىرت، قاراقاپلان ئاتىغا تاپشۇردۇم. ماڭا ئامەت تىلىگەيسىلەر، مەن بارلىق ئامالىم بىلەن مەلىكە سەنەمنى تېپىپ، تېزلا سىلەر بىلەن ئامان - ئېسەن يۈز كۆرۈشتۇرىمەن!
خانىش كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ دېدى:
— مېنىڭ ئۈمىدىم، ئىشەنچىم، تاغدەك يۆلەنچۈكۈم، غېرىب بالام! سىزنى خاتا ئەيىبلىگەنلىرىمىزنى ئەپۇ قىلارسىز، ئوغلۇم!
شاھمۇ كۆزلىرىگە ياش تولغان ھالدا:
— بۇياققا كەل، ئوغلۇم، سېنى سۆيۈپ قوياي! — دېدى.
غېرىب شاھقا يېقىنلىشىپ بېشىنى سەل ئەگدى، شاھ غېرىبنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى ۋە ئۇنى قۇچاقلىغىنىچە مىڭ پۇشايمان ئىلكىدە ئۇزاققىچە سۆز قىلالماي تۇرۇپ قالدى، ئاندىن خىجىللىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يولۇڭغا قارايمەن، ئوغلۇم. ئاقيوللۇق بول، سەن قانچە بالدۇر يېنىمغا قايتىپ كەلسەڭ، كۆڭلۈم شۇنچە بالدۇر ئارامىغا چۈشىدۇ، ئوغلۇم ... سېنى كۈلپەت ۋە ئازابقا قويدۇم، ئوغلۇم ... سەن مېنىڭ تىلتۇمارىم ... سەن بولمىساڭ ھەممىدىن ئايرىلىمەن.

— شاھ ئاتا، مېنى ئۆزلىرى بېقىپ چوڭ قىلدىلا، سىلى ئۆز ئاتامدەك، نادانلىقىمدىن سىلىنى ئازابقا قويدۇم، مېنى ئەپۇ قىلسىلا! — دېدى غېرىب. شاھ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.

— ئامىن، ئامان ـ ئېسەن بولغايسەن! ئامان ـ ئېسەن قايتىش نېسىپ بولغاي، ئوغلۇم!

شاھنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق لەشكەرلەرمۇ تەڭ دۇئا قىلىپ، غېرىب بىلەن خوشلاشتى. ئۇزۇن سەپ، سانسىزلىغان مەشئەللەر قارلىق تاغقا قاراپ ئىلگىرىلىدى، غېرىب ئېتىنى بۇراپ تاغدىكى ئورمان ئارىسىغا كىرىپ قاراڭغۇلۇقتا كۆزدىن غايىب بولدى.

دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپ بىلەن پۈركەنگەن ئېگىز تاغ. رەڭگارەڭ تۇغلار قاپلىغان كاتتا بارگاھ ئالدىدا سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى سۇر بىلەن ئولتۇرماقتا. ئىككى تەرەپتە ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىر ـ بىرىدىن ياۋۇز قىياپەتتە تىزىلىپ تۇراتتى. چەمبەرچاس باغلانغان سەنەم، خالىد ئەكبەر، ئىلياس، نىگارئايىم، گۈلجامال ۋە باشقا مۇلازىملار بىر رەت بولۇپ، ئۇلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. سەنەم قاتارلىقلارنىڭ كۆزلىرى ئېتىلگەنىدى. يەكچەشمە رۇستەم سەركەردە مەھمۇد غەزنەۋىگە تەزىم بەجا كەلتۇرۇپ دېدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قەدىرلىك سۇلتان ئالىيلىرى! ئاباس دېگەن ئۇ ئالۋاستىنى تۇتايلا دەپ قالغانىدۇق، بىر ئاق تۇلپارغا مىنگەن ئېجىمەل ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ، كۆزۈمگە خەنجەر ئۇرۇپ مېنى بىر كېچە ـ كۈندۈز ھوشۇمدىن كەتكۈزدى، بىر كۆزۈمدىن ئايرىلدى. ھوشۇمغا كەلگەندە ئۇ

هارامىلىقىنىڭ مەخپىي غار بىلەن ئاپباسنى ئېلىپ قاچقانلىقىنى ئۇقتۇم. غارنىڭ ئاغزىغا مۆكۈپ تۇرغىنىمىزدا، ئۇنىڭ بۇ مەلىكىسى بىزگە ئۇچراپ قالدى.

— ھىم! قاراپ تۇر، كىم مېنىڭ ئامىراق سەركەردەمنى كۆزىدىن ئايرىغان بولسا، مەنمۇ ئۇنى كۆزىدىن ئايرىيمەن! بۇ سېسىق مەلىكىنى دەپ سادىق سەركەردەم شەرىپىدىن جېنىدىن ئايرىلدى. قېنى كۆرۈپ باقاي، بۇلار كىملەركىن؟ — دېدى مەھمۇد غەزنەۋى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ. لەشكەرلەر سەنەم قاتارلىقلارنىڭ كۆزلىرىدىكى لاتىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارنى تىزلاندۇردى. سەنەم تىزلانغىلى ئۇنىمىغانىدى، بىرنەچچە لەشكەر ئۇنى ئۇرۇپ، تەپتى ۋە مورىسىنى بېسىپ تۇرۇپ قوپقىلى قويمىدى.

— ھۆرمەتلىك سۇلتان ئالىيلىرى ھەرقايسىڭ بىلەن كۆرۈشىدۇ، تىزلىنىپ تۇرۇش! — دەپ قوپاللىق بىلەن ۋارقىرىدى نۆكەر.

— سېنىڭ سۇلتانىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم؟ ئۆزۈڭ تىزلىنىپ كۆرۈشۈۋال! — دېدى سەنەم.

نۆكەر قامچا بىلەن ئۇنى ئۇرماقچى بولۇۋىدى، سەنەم چاققانلىق بىلەن مورىسىنى باسقان نۆكەردىن ئۆزىنى تارتىپ چىقىرىۋالدى ـ دە، نۆكەرنىڭ قورسىقىغا ئۇستى. نۆكەر يىقىلىپ تۆت پۇتى ئاسمانغا قاراپ قالدى. باشقا نۆكەرلەر ئېتىلىپ كېلىپ سەنەمنى بېسىپ تىزلاندۇردى. سۇلتان مەھمۇد قولىنى شىلتىپ دېدى:

— بولدى، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار! قېنى بۇ كۆندۈرۈلمىگەن تاينى بىر كۆرۈپ باقاي ! — سۇلتان مەھمۇد سەنەمگە يېقىن كەلدى. ئۇنىڭغا باشتىن ـ ئاخىر سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. بىلىپ ـ بىلمەيلا ئۇنى ئايلىنىپ نەچچىنى چۆرگىلىۋەتتى. مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ گېپىنى داۋام قىلدى:

— هاي ... هاي ... راستتىنلا چىرايلىق ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ كاساپەت! قالتىس! ماختاشقا ئەرزىگۈدەك! قاراخانىيلاردا مۇنداق ئايدەك ساھىبجامال بولۇشنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن! ئەقلىم زادى يەتمەيۋاتىدۇ! هاي ... هاي ... ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپلا تازىغا خوتۇن قىلىپ بەرگىلى تاس قاپتىمەن ئەمەسمۇ ... ئۇنداقتا قاتتىق پۇشايماندا قالار ئىكەنمەن ... ياخشى بولدى، مەن ئەسلىي خىيالىمدىن كەچتىم، ئۆزۈملا بۇ ساھىبجامالنى كۆندۈرەي، ئۇنى يېشىڭلار.

رۇستەم سۇلتان مەھمۇدقا يېقىن كېلىپ دېدى:

— بۇ ياۋايى مەلىكە ئەلەمگە قالتىس ماھىر، ئۇنى قويۇۋەتسەك خەتەر چىقارمىكىن، سۇلتان ئالىيلىرى!

— ھىم، بۇ سۇلتانىڭنى بوش چاغلىغىنىڭ ئەمەسمۇ؟ قانچىلىگەن ياۋا ئات، جاھىل ئاتلارنى ئۆزۈمگە بويسۇندۇرغانمەن، مۇشۇ ئاجىز ئايالنى بويسۇندۇرالماسمەنمۇ؟ مەن بۇنى كىچىك خوتۇن قىلىمەن، قالغانلىرىنىڭ ئەمدى كېرىكى قالمىدى، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى. قاراۋۇللار خالىد ئەكبەر، ئىلياس، نىگارئايىم قاتارلىقلارنى يالاپ ئېلىپ ماڭدى. سەنەم بوشىتىۋېتىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇشتۇمتۇت ئېتىلىپ بېرىپ، سۇلتان مەھمۇدنىڭ كانىيىنى چىڭ سىقىۋالدى ۋە دەرھال ئۇنىڭ شەمشىرىنى چىقىرىپ بويىنىغا تەڭلەپ ۋارقىرىدى:

— ئۇلارنى ئۆلتۈرەي دېسەڭ، ئالدى بىلەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

سۇلتان مەھمۇدنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمىدى، زۇۋانىمۇ سۇرەلمىدى. ئەتراپتىكى ۋەزىر - ۋۇزرالار ئالاقزادە بولۇپ كەتتى، دەرھال قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇشۇپ سەنەمگە تەڭلەشتى. ئوقياچى، قىلىچۋاز، جاللاتلار تۇشمۇتۇشتىن سەنەمگە يېقىنلاشتى.

— ئەمدى يېقىنلاشساڭ بۇ غالجىر ئىتنىڭ كاللىسىنى

چىپىپ تاشلايمەن! ـــ دېدى سەنەم. خالىد ئەكبەر بىر ۋارقىراپلا ئۇنى تۇتۇپ تۇرغان قاراۋۇلنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ سەنەمگە ئېتىلدى. سانسىزلىغان يا ئوقى، پىچاقلار ئۇنىڭغا سانجىلدى، ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئاچقان پېتى يەرگە يىقىلدى. قىلىچ ۋە خەنجەرلەر ئىلياسنىڭ بوينى ۋە بەدەنلىرىگە تەڭلەندى.

ـــ ئۇلارنى قويۇۋېتىش ... بولمىسا ...

سەنەم سۆزىنى تۈگەتمەستىنلا، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئۇنىڭ قىلىچ تۇتقان قولىنىڭ بېغىشىنى چىڭ سىقىۋالدى. چىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ سەنەمنىڭ قولىدىكى قىلىچ چۈشۈپ كەتتى. سۇلتان مەھمۇد «هاھ ـ هاھ» قىلىپ كۈلۈپ كەتتى. ئالاقزادە بولغان ۋەزىر ـ ۋۇزرالارمۇ ئۇھ دېيىشىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلۈشتى.

ـــ دېمىدىممۇ، ئۇنىڭغا ئوخشاش گىجىگىلىقتا ئۆچىغا چىققان، يۈرىكى قاپتەك تايلاردىن قانچىنى كۆرمىگەنمەن، ئالدىرىماي ئۆزۈمگە قارىتىمەن ئۇنى ... ياۋا ئاتنى ئوبدان كۆندۈرگەن يەردە، بۇ كىچىك نېمىنى ئۆزۈمگە بېقىندىغان قىلىۋېتەلمەمتىم ! ـــ دېدى سۇلتان مەھمۇد.

ـــ هىم، سەن سۇلتان ئىكەنسەن ـ ھە! كىچىككىنە قىزنى كۆندۈرەلەيمەن دەپ خۇشال بولۇپ ئاغزى ـ قۇلىقىڭ ئاسمانغا تاقاشتى. ئەسلىدە شۇنچىلىكلا ئىكەنسەنغۇ!

ئىلياس شۇنداق دېيىشىگە قىلىچۋاز كېلىپ ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا بىرنى سالدى، ئىلياسنىڭ ئاغزىدىن ئوقتەك قان كەتتى.

ـــ هاي ... ئۇرماي تۇرۇڭلار، بۇ گەدەنكەشنىڭ ئاغزى خېلى قاتتىق ئىكەنغۇ؟! ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، ماڭا شەمشەر بېرىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بىر ماھارەت سىنىشىپ باقاي، ـــ دېدى سۇلتان مەھمۇد.

ـــ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىسىلا ئالىيلىرى، ئۇ بىر چەۋەنداز، ھۈنىرىمۇ ئادەتتىكىچە قىلمايدۇ، ـــ دېدى رۇستەم.

— ياق، ياق، شۇنچە يىراقتىن بۇ قاراخانىيلار زېمىنىگە كېلىپ، تېخى زۇلپىقارىمنى سوغۇرۇپ باقمىدىم. قاراخانىيلار ئاستانىسىنى ئىشغال قىلغان ۋاقتىمدا كۆرسەتمىگەن ھۈنىرىمنى كۆرسىتىدىغان پەيتمۇ كېلىپ قاپتۇ، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— سۇلتان ئالىيلىرى، سىلىنىڭ ھېچقانداق نام - شۆھرىتى يوق بىر يالاڭ تۆش بىلەن ھۈنەر سىنىششىلىرىنىڭ ھېچ ھاجىتى يوقتۇ، بۇ ئىش ئۇتسىلا - ئۇتمىسىلىرىمۇ ھېچقانداق شەرەپ ياكى نومۇس ئەكېلەلمەيدىغۇ؟ — دېدى ئىسمائىل.

— ۋەزىر ئالىيلىرى توغرا ئېيتتى، سىلى يەڭگەن تەقدىردىمۇ مەلىكىنىڭ بىر قاراۋۇلىنىلا ئۇتقان بولىلا! — دېدى رۇستەم. بۇ چاغدا ئىلياس:

— ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان كالۋا نېمىلەر ئىكەنسىلەر! سىلەرگە ئېيتىپ قوياي، مەن مەلىكىنىڭ قاراۋۇلى ئەمەس، سەندەك سانسىزلىغان يارىماس غەزنەۋىلەرنىڭ كاللىسىنى سامانىنى كەسكەندەك كېسىۋەتكەن، قارشى، بەلخ شەھەرلىرىنى قايتۇرۇۋالغان تاغ تۇرادىكى ئەزىمەتلەرنىڭ سەردارى «قارابوران» ئىلياس جاللاتدىن بولىمەن. مەلىكىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئالايىتەن ھىراتتىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنمەن. قېنى كىمنىڭ جۈرئىتى بولسا چىقسۇن، قېنى كۆرۈپ باقاي، سەنلەر مەن بىلەن بىر قەپەس ئېلىششقا جۈرئەت قىلىشالامسەن؟ — دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگە قىلىچۋاز يەنە كېلىپ ئىلياسنىڭ ئاغزىغا كاچاتلىدى.

— بولدى، بولدى! مەن گېپىمدە تۇرىمەن! بۇ چىشى تايچاقنى ئەكېتىپ پاكىز يۇيۇندۇرۇپ تاراپ جابدۇڭلار. بۇگۈن كەچ مەن خۇددى قاراخانىيلارنىڭ يايلاقلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلغىنىمدەك، ئۇنىڭ بەدىنىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، پەيزىنى سۈرىمەن! — سۇلتان شۇنداق دېگەچ دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى يېشىپ، قىلىچلىرىنى ئويناتقىنىچە مەيدانغا چۈشتى. قاراۋۇللار سەنەمنى ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي باشتىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ

ماڭدى، سەنەم توختىماي چىرقىرىدى، قاراۋۇللار ئۇنىڭ ئاغزىغا لاتا تىقىپ زۇۋانىنى ئۆچۈردى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، پەخەس بولسىلا! قارىغاندا بۇ ئەبلەخنىڭ خېلى ھۈنىرى بار ئوخشايدۇ، ئۇ قەستەن سىلىنىڭ ئاچچىقلىرىنى كەلتۈرۈپ، سىلىنى رەللە قىلىپ مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ تىلىنى كېسىپ زۇۋانىنى ئېتىۋەتسەك بولارمىكىن؟ — دېدى ئىسمائىل.

— ئۇ قانچىلىك بىرنېمىتى؟ بىر دورامدىلا يىقىلىپ تۇرۇۋەتسەك بولمىدىمۇ؟ — دېدى رۇستەم.

— ياق ... ياق ... ئۇ بىزنىڭ نۆكەرلىرىمىزنىڭ كالللىسىنى سامانىنى كەسكەندەك كېسىپتۇ، بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزنى قارشى، بەلخ شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. مېنىڭ بۇرۇنلا قاراخانىيلارنىڭ مۇشۇنداق چەۋەندازى بىلەن ئېلىشىپ باققۇم بار ئىدى، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— سۇلتان ئالىيلىرى، ئەمىسە ئالدى بىلەن مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ باقاي، ئۇنىڭ قانچىلىك ھۈنىرى بار، كۆرۈپ باقايلى، ئاندىن سىلى چۈشىسىلىمۇ كېچىكمەيلىغۇ؟ — دېدى رۇستەم.

— رۇستەم توغرا ئېيتىدۇ، ئالىيلىرى! ئاۋۋال ئۇ كۈچ سىنىشىپ باقسۇن! ئۇنىڭغا شەمشەر بېرىپ سىلى بىلەن يالغۇز ئۇرۇشقا سېلىپ قويساق ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇ ئۆلگۈر ناۋادا سىلىنى زەخىملەندۈرۈپ قويسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئىسمائىل.

— سىلى سالاپەتلىك سۇلتان تۇرسىلا، ئۇنداق بىر ئەرزىمەس بىرنېمە بىلەن كۈچ سىنىشىشلىرى توغرا كەلمەيدۇ! مەنلا ئۇنى يىقىتۇرۇۋېتەي!

رۇستەمنىڭ گەپلىرىدىن سۇلتان مەھمۇد سەل ئىككىلەندى.

— بەدىنىگە ئېقىۋاتقىنى ئىككى خىل قان بولغاچقا، شالغۇتلۇقىنى چاندۇرۇپ قويدۇق ـ ھە! — دېدى ئىلياس.

— ھۇ، ئىتنىڭ بالىسى! — دەپ ۋارقىرىدى سۇلتان مەھمۇد ئاچچىقلىنىپ. قاراۋۇللار يەنە ئىلياسقا ئېتىلىپ ئۇنى ئۇرۇپ تېپىپ، يۈز - كۆزىنى ئىششىتىپ، بۇرۇنلىرىنى قان قىلىۋەتتى.

— ئۇنى قويۇۋېتىڭلار، ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن، — سۇلتان مەھمۇد ۋارقىرىغىنىچە قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىلياسقا ئېتىلدى، لەشكەرلەر ئىلياسنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ئۇنى مىدىر - سىدىر قىلغىلى قويمىدى.

— كېلە قېنى، گېپىدە تۇرمايدىغان ئىتنىڭ بالىسى! — دەپ ۋارقىرىدى ئىلياس. سۇلتان قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە جايىدا تۇرۇپ قالدى، چىرايى دەرھال ئۆزگىرىپ تاتىرىپ كەتتى.

— بۇ ۋاقىتەگىكۇرنى قويۇۋەت دەۋاتىمەن، ئۇنىڭغا قىلىچ بىرىش، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىمەن! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئۇنى بوشىتىڭلار، قىلىچ بەرمەڭلار! سۇلتان بىلەن قورۇق قول ئېلىشسۇن!

ئىسمايىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن لەشكەرلەر ئىلياسنى بوشاتتى، ئىلياس يۈت - قوللىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە سۇلتانغا قاراپ مەنسىتمەسلىك بىلەن كۈلۈپ دېدى:

— ھەرنېمە بولسا گېپىڭنى چالا - بۇلا بەجا كەلتۈرۈشتى، شەمشىرىڭ بىر تىرنىقىمغىمۇ يارىمايدۇ، مەن قورۇق قولمۇ سەن بىلەن سورۇنغا چۈشۈۋېرىمەن، كېلە، چانىماي قاراپ تۇرىسەنغۇ؟!

سۇلتان مەھمۇد قىلىچىنى تاشلىۋېتىپ ئىلياسقا بىر مۇشت ئاتتى، ئىلياس ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. غەزنەۋىلەر خۇشال بولۇشۇپ سۇلتاننى تەبرىكلىشىپ توۋلاشتى. يان تەرەپتە ئارغامچا بىلەن چىڭ باغلانغان نىگارئايىم يۈز - كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا توختىماي ئايەت ئوقۇپ تۇردى. غەزنەۋىلەر چۇقان سالغاچ ھوشيارلىق بىلەن ئىلياسقا سەپسېلىشىپ تۇردى. ئىلياس سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ سۇلتان مەھمۇدقا مۇشت

ئاتتى، سۇلتان مەھمۇد ئەپچىللىك بىلەن ئۆتتۈۋالدى. ئىلياس تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالماي ئۇنىڭ قۇچىقىغا شۇڭغۇدى. سۇلتان مەھمۇد پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىلياسنى بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈپ، ئىككىنى پىرقىرىتىپ يەرگە تاشلىدى. غەزنەۋىلەر يەنە توۋلىشىپ كەتتى، ئىلياس ئورنىدىن تۇرالماي قالدى.

— قوپە! بىز غەزنەۋىلەرنىڭ كاللىسىنى سامانىنى كەسكەندەك كەسكەن، قارشى ۋە بەلخنى قايتۇرۇۋالغان قاراخان باتۇرى! — دېدى سۇلتان مەھمۇد مەسخىرىلىك كۈلۈپ. ھەممەيلەن ئەگىشىپ كۈلۈشتى، مەسخىرە كۆتۈرۈلدى. ئىلياس ئاستا ئورنىدىن تۇردى - دە، سۇلتان مەھمۇدنىڭ بېلىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. سۇلتانمۇ ئىلياسنىڭ بېلىنى قاماللىدى. ئۇشتۇمتۇت ئىلياس سۇلتاننى يەردىن يۇلۇۋېلىپ تۇپىغا شىددەت بىلەن تاشلىدى، ئۆزىمۇ سۇلتاننىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشتى. چۇقان سېلىۋاتقان قاراۋۇللار دەرھال ئىلياسقا ئېتىلىپ، ئۇنى تارتىۋېلىپ سۇلتاننى يۆلىۋالدى.

— ھە، ئېلىشىش ھۈنىرىم بار دېگىن، ئۇنى قويۇۋەت! — دېدى سۇلتان مەھمۇد. قاراۋۇل ئۇنى قويۇۋەتتى، ئۇ سۇلتانغا ئېتىلىشى بىلەن تەڭ سۇلتان مەھمۇد ئۇنىڭ بېلىدىن قاماللاپ تۇرۇپ ئۇنى يەنە بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈپ يەرگە ئاتتى. كۆپچىلىك يەنە سۇلتان مەھمۇد ئۇچۇن تەنتەنە قىلىشتى. ئىلياس ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇشىغا يەنە بىر مۇشت يەپ يەردە يېتىپ قالدى.

— بۇ چېلىشىش ھەم مۇشتلىشىش بولدى، يۇخادىن راسا چىقتىم! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

ئىلياس تەستە ئورنىدىن تۇرۇشىغا سۇلتان مەھمۇد ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ قورسىقىغا قاتتىق بىر مۇشت سالدى، ئىلياس ئاغرىقتىن قورسىقىنى تۇتۇپ توگۈلۈپ قالدى. سۇلتان مەھمۇد بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئۇنىڭغا يەنە بىر مۇشت سالدى.

توساتتىن ئىلياس چۆچۈپ ئويغانغان ئاسلاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ـ دە، سۇلتاننىڭ يۈزىگە قاتتىق بىر مۇشت سالدى، ئاندىن تېزى بىلەن ساغرىسىنى تىزلىدى. سۇلتان مەھمۇد «ۋايجان!» دەپلا ئورنىدىن قوپالماي قالدى. ساغرىسىنى تۇتۇپ يەردە دومىلاپ كەتتى. ئاۋازى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كەتتى. رۇستەم قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئىلياسقا ئېتىلمۇدى، سۇلتان ساغرىسىنى تۇتقىنىچە تولۇلدى:

ـــ ھاي ... ھاي ... ئۇنى چاپما ... قولۇڭنى تارت ... مەن تېخى ... ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشمەن ... ئالدىرىما ... ۋايجان ... ۋاييەي!

رۇستەم قىلىچنى يىغىشتۇردى، سۇلتان مەھمۇد يەردە دومىلاپ ساغرىسىنى تۇتقىنىچە توختىماي تولۇلايتتى. قاراۋۇللار ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنى بارگاھ ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتى، ئىلياس يەنە چەمبەرچاس باغلىنىپ يالاپ ئېلىپ مېڭىلدى.

كەڭتاشا كىگىز ئۆي ئىچىدە بىر نوپ كېنىزەكلەر يوغان ياغاچ داسقا ئىسسىق سۇ قۇيۇشتى، ئىچىگە ئەتىرگۈل بەرگىنى تاشلاشتى، سەنەمنىڭ كىيىملىرىنى يېشىپ، ئۇنى يۇيۇندۇرماقچى بولۇشتى. توساتتىن سەنەم چۆچۈپ ھوشىغا كەلدى ـ دە، ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى يېشىۋاتقان كېنىزەكنى قاتتىق كاچاتلىدى، كېنىزەكلەرنىڭ غوجىدارى تىلى يۇمشاق، كوت ـ كوت سەئىدە ئالدىراپ ـ تېنەپ يېتىپ كېلىپ سەنەمگە دېدى:

ـــ مەلىكە بالام، مەيلى سىلى خالىسىلا ـ خالىمىسىلا سۇلتان ئالىيلىرى سىلى بىلەن پاراڭلاشماقچى. سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ مىجەزى چۇس، كەسكىن ئادەم، قارشىلاشسىلا، قوبۇل قىلمىسىلا ھېچقانداق پايدىسى يوق، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇنىڭغا ئاجىز كېلىلا، ئۇ بارىچە ئامالىلارنى ئىشلىتىپ سىلىنى بويسۇندۇرىدۇ. مېنىڭچە، سىلى ئۇنىڭ بىلەن سىلىق پاراڭلاشسىلا، ھەرگىز ئويلاپ باقمىغان، قارشىلىشىپ، قان ئاققۇزۇپمۇ ئېرىشەلمەيدىغان

نەتىجىگە ئېرىشەلەيلا. بارلىق تۈگىمەي كەتكەن جەڭ، قالايمىقانچىلىقلار مۇشۇنىڭ بىلەن تىنچ - ئامان ئاخىرلىششى مۇمكىن. يېغىدا سانسىزلىغان لەشكەرلەرنىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئېقىپمۇ ھەل بولمىغان ئىشلار سۇلتانىنىڭ بىر ئېغىز پەرمانى بىلەنلا ھەل بولىدۇ. ئۆزلىرى ئەقىللىق مەلىكە، ئۆزلىرىنى تونۇۋېلىشلىرى لازىم. جاھىللىق نادان كىشىلەرنىڭ ئىش قىلىش ئۇسۇلى. يۇقىرى مەرتىۋىلىك، يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەم كۆپىنچە ئورۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى تىنچ ئولتۇرۇپ كېڭىشىش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. مېنىڭچە، چىرايلىق يۇيۇنۇپ - تارىنىپ، سۇلتان بىلەن بىر ئوبدان پاراڭلاشسىلىرى، سىلىگە زىيىنى يوقكى، پايدىسى زور بولىدۇ.

سەنەم بۇلارنى ئاڭلاپ سەل ئويلىنىپ قالدى ۋە سەئىدەگە قارىغىنىچە زوۋان سۈرەلمەي قالدى. سەئىدە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— كېيىن نېمە ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يۇيۇنۇپ - تارىنىۋالسىلىرى ئۆزلىرىگە ياخشى ئەمەسمۇ، قارشىلىق كۆرسەتسىلىرىمۇ ھامان يۇيۇنۇپ - تارىنىلا.

— يۇيۇنۇپ راھەتلىنىش پەقەت زېھنىمنى تورمۇزلاپ، ئىرادەمنى بوشىتىدۇ، خالاس، — دېدى سەنەم.

— بۇ ھەر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق. ئەمما، باشقىلارنىڭ ئىرادىسى ئۆزىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەندە، پەم - پاراسەت بىلەن ئىرادىنى چېنىقتۇرۇش ئاقىللارنىڭ ئىشى، — دېدى سەئىدە.

— ماقۇل، يۇيۇنسام يۇيۇناي، ئەمما بىر تەلىپىم بار، — دېدى سەنەم.

— ئەمدى سىلىنىڭ ھېچقانداق تەلەپ قويغۇدەك ھوقۇقلىرى قالمىدى، ئەمما چامامنىڭ يېتىشىچە سىلىگە ياردەم قىلىشنى خالايمەن، — دېدى سەئىدە.

— مېنى ئاتاق ئانام يۇيۇندۇرۇشى شەرت، ئانام بىلەن

سىڭلىم يۆيۈندۈرسىمۇ بولىدۇ. بولمىسا بۇ يەردە ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن، مەن ئۆلۈشتىن ئىلگىرى سىلەرمۇ مېنى يۆيۈندۈرمىز دەپ خام خىيال قىلماڭلار! — دېدى سەنەم.

سەئىدە ئازراق ئويلانغاندىن كېيىن:

— بۇ ئىشنى ئاۋۋال ۋەزىر ئالىيلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي، ئۇ قوشۇلارمىكىن؟ ئەمما زور ئۈمىد باغلاپ كەتمىسىلە، — دېدى.

ياغاچلار بىلەن ۋاقىتلىق ياسالغان ئۈستى ئوچۇق زىنداننىڭ ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان، يېقىن ئەتراپتا گۈلخان يېقىلغان، ئۇنىڭ نۇرى بۇ يەرنى يورۇتۇپ تۇراتتى. قولىغا مەشئەل ئالغان قاراۋۇللار مېڭىپ يۈرۈپ قاراۋۇللۇق قىلماقتا ئىدى. سولانغان ئەرلەر پۇتۇنلەي تۆمۈر بىلەن كىشەنلەنگەن، كىشەننىڭ بىر تەرىپى چوڭ قىيا تاشقا چىگىلگەن. ئىلياس باش - كۆزى قان، يۈز - كۆزى ئىششىغان پېتى يەردە ھوشسىز ياتاتتى. كىشەنلەنمىگەن نىگارئايىم ياش تۆكۈپ، قولياغلىقى بىلەن ئىلياسنىڭ باش - كۆزىدىكى قاننى سۈرتۈۋاتاتتى. گۈلجامال ئانىسىنىڭ بىقىنىغا يۆلىنىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئىككى قاراۋۇل مەشئەل كۆتۈرگىنىچە كىرىپ، گۈلجامال بىلەن نىگارئايىمنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى تۇرالغۇسىدىكى سۇپىدا ئۇزۇپ - ئۇزۇپ توۋلاپ ياتاتتى. ئوردا تېۋىپى جۇنەيدىدىن باغدادى چەكمەن چاپاننى سۇلتانغا يېپىپ قويدى.

— تېۋىپ جانابلىرى، ئالىيلىرىنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دېدى ئىسمائىل.

— ئالىيلىرىنىڭ چات تەرىپى ئىششىپ كېتىپتۇ، سىرتىدىن مەلھەم، ئىچىدىن دورا قىلساق ئاستا - ئاستا ياخشى بولۇپ كېتەر، — دېدى جۇنەيدىدىن.

— تولا كوتۇلدىماي ئاغرىقىمنى توختاتسىلا تېۋىپ ھەزرەت، خۇددى يىڭنە سانجىغاندەك چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، —

دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— بۇ كىچىك تەرەتنىڭ توسۇلغانلىقىدىن بولغان، — دېدى جۇنەيدىدىن.

— ئامال قىلىپ تەرەتنى راۋانلاشتۇرمامىلا! — ئاچچىقلىدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئالىيلىرى، سىلى بايا ئىچكەنلىرى ئىششىقنى ياندۇرۇپ تەرەتنى راۋانلاشتۇرىدىغان دورا، دورا تەسىرىنى كۆرسەتكەندە تەرەتلىرى راۋانلىشىدۇ، تەرەت قىلالىسىلا، بۇ ئاغرىقلار ئۆزلۈكىدىن پەسىيىدۇ، — دېدى جۇنەيدىدىن.

— ۋايجان، ئەجەبمۇ بىئارام بولدۇم! ھۇ ئاناڭنى! ئۇنىڭ تىزى تاشتىنمۇ قاتتىقكىنا! — دېدى سۇلتان مەھمۇد ۋايساپ.

جۇنەيدىدىن ئىسمائىلغا پىچىرلاپ دېدى:

— ئالىيلىرىنىڭ كېسىلىگە بىر دورا بار، ئەمما ئالىيلىرىغا دېيىش ئەپسىز ...

— قانداق دورا؟ ئالىيلىرىنى ساقايتالىسىلا بولاتتى، — دېدى ئىسمائىل.

— ئالىيلىرىغا يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچۈرسەكلا تېزدىن ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولاتتى، — دېدى جۇنەيدىدىن ئېھتىيات بىلەن.

— ئەبلەخ تېۋىپ ... سەن ماڭا سۈيدۈك ئىچۈرمەكچىمۇ؟ كۆزۈمدىن يوقال! كۆڭلۈمنى ئاز ئېلىشتۇرۇ! — دەپ ۋارقىرىدى سۇلتان مەھمۇد.

سەنەمنى يۇيۇندۇرۇشقا تەييارلىغان چېدىرغا نىگارئايىم، گۈلجامالالار كىردى. سەنەم نىگارئايىمنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە گۈلجامالنىمۇ قۇچاقلاپ ئۇلار بىلەن تەڭ يىغلاپ كەتتى.

غېرىب بولسا سەنەملەرنى ئىزدىمەكتە. كېچە، ئېگىز تاغلار ئارىسىدا ئاق تۇلپارغا مىنگەن غېرىب خارابىلىككە ئايلانغان ئاستانىگە نەزەر سالدى. شەھەر ئىچىدە ئاندا ـ ساندا چىراغ نۇرى چاقناپ تۇراتتى. شەھەر سىرتى چوڭ يايلاق بولۇپ، ئېگىزلىككە

جايلاشقان سانسىزلىغان چوڭ ـ كىچىك بارگاھ ۋە چېدىرلار، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېشىپ تۇرغان گۈلخانلار، قولىغا مەشئەل كۆتۈرۈپ ئاتقا مىنىپ، ئەتراپنى چارلاپ يۈرگەن غەزنەۋى لەشكەرلىرى غېرىبنىڭ كۆزىگە چېلىقتى. غېرىب ئۇزۇن ئارغامچىنى سۆرىگەچ پەسكە چۈشتى.

سۇلتان مەھمۇد بارگاھىدىكى سۇپىدا دومىلاپ توختىماي ئىڭرىماقتا ئىدى.

— ۋايجان، ۋايىيەي! ... خۇددى يىڭنە سانجىۋەتكەندەك ئاغرىپ كەتتى! ۋايجانەي، ئاغرىقتىن ئۆلىدىغان ئوخشايمەن! تېز مېنى قۇتقۇزۇڭلار! ماڭا ئىچكىلار ئاغرىسۇن! ئۆلىدىغان بولدۇم!

ئىسمايىل قاتارلىق ۋەزىرلەر نېمە قىلارنى بىلەلمەي بارماقلىرىنى چىشلەپ قالدى. سۇلتان مەھمۇد تۇرۇپ چۈشەكنى قاماللاپ ئورنىدىن تۇرسا، تۇرۇپ يەردە دومىلاپ ۋارقىرايتتى:

— ھەممىڭ نان قېپىلار! كالۋالار! نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن؟ تاماشا كۆرۈۋاتقان ئوخشىمامسىلەر؟ مەن ئۆلسەم ئۇسسۇلغا چۈشۈپ تەبرىكلىشىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ ئەگەر مەن ئۆلسەم، ھەممىڭ قارغىشقا قېلىشىسەن، قاغىلار ئاغزىڭغا سىيىپ ـ چىچىشسۇن ئىلاھىم! بۇ خانلىقنى، بۇ سۇلتانلىق ئورنىنى ئاللا ماڭا نېسىپ قىلغان، ھەممىڭ مېنىڭ قانىتىم ئاستىدا، ھالاۋىتىمدە ياشايدىغان نان قېپىلار! ئەگەر مەن ئۆلسەم، ئاللا ئاتا قىلغان بارلىق ھوزۇر ـ ھالاۋىتىنى ئېلىپ كېتىدۇ، سىلەرگە بىرىنىمۇ قويمايدۇ! قورسىقىڭلاردا جىن، ساختا نىيەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاللا سىلەرگە قويمايدۇ، سىلەرگە بالايىئاپەت ياغىدۇ، ھەممىڭ قۇل بولۇشۇپ ئۆتۈشىسەن، ھەتتا كوچىغا چىقىپ تىلەمچى بولۇشىسەن! لالما ئىتچىلىكمۇ ھالىڭلار قالمايدۇ! ۋايجان، ئاۋۇ يارىماس تېۋىپنى تېز چاقىرىپ كېلىش! ۋايىيەي، ئۇنى تېز چاقىرىپ كېلىش دەۋاتىمەن، ئۇ بىر ئامال قىلسۇن ... بوپتۇ ... ئادەمنىڭ سۈيدۈكى بولسىمۇ ئىچەي ... ۋايجان ... ئاغرىق توختايدىغانلا

بولسا، زەھەر بولسىمۇ ئىچىمەن ... تېز تېپىپ كېلىڭ ... چاپسان!

ئىسمائىل رۇستەمگە قاراپ:

— تېز، نەدىن بولسۇن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ سۈيدۈكىنى تېپىپ كېلىڭلار! — دېدى.

— قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى! — دېدى جۇنەيدىدىن.

— ئاستانىدىكى بارلىق ئاۋام خەلق تاغقا ھەيدەلدى، ئۇلار ئۇ يەردىكى ئۇن نەچچە قوتانغا قاماقلىق، پەقەت ئاشۇ يەردىنلا ئۇ نەرسىنى تېپىش مۇمكىن، — دېدى رۇستەم.

— تېز! قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى! — دېدى ئىسمائىل.

— قۇللۇق ! — دەپ يولغا تەييارلاندى رۇستەم.

— ۋايجان ... نان قېپىپ تېۋىپ ... ۋايجان ... ئۇ ئىتتىنىڭ بالىلىرىنىڭ سۈيدۈكى كەلگۈچە، سېنىڭ باشقا ئازراق بولسىمۇ پايدا قىلىدىغان دوراڭ يوقمۇ؟ — دېدى سۇلتان مەھمۇد ئىنجىقلاپ.

— ئەگەر خالىسىلا، مۇزدەك سۇغا چىلىنىپ تۇرسىلا، — دېدى جۇنەيدىدىن.

— تېز ... ئەبلەخ ... مەن پەقەت چىدىيالمىدىم ... ۋاييەي ... مېنىڭ جېنىم ... مەن ئۆلەيلا دېدىم !

سەنەملەر تۇرۇۋاتقان چېدىر. سەنەم نىگارئايىمنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۆكسۈپ يىغلىماقتا.

— جان ئانا، مەن بۇ نومۇسقا قانداق چىدايمەن! مەن يۇيۇنۇپ - تارانغاندىن كېيىن ئۇلار مېنى ... ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ! ئانا، بۇنداق نومۇسقا زادى چىدىيالمايمەن.

نىگارئايىم كۆز يېشى قىلىپ سەنەمگە تەسەللى بەردى:

— يىغلىمىسىلا قىزىم، بۇ پەقەت سىلىنىڭ باشلىرىغىلا كەلگەن بالايىئاپەت ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئاۋام - خەلق ۋە خانىدانلىقنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەت، بىزنىڭ پۇقرالىرىمىز غەزنەۋىلەرنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا بىزگە ئوخشاشلا ئازاب -

ئوقۇبەت ۋە خورلۇق، نومۇسسىز ئىشلارغا ئۇچرىماقتا. ئۆلۈغ ئاللا قوتقۇزغۇچى ئەۋەتىپ بىزنى قۇتقۇزمىسا، بۇ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلىدىغانغا ھېچ ئامالىمىز يوق، پاختا ئارىسىدا چوغ ساقلىغان ئاللا بەلكىم بىزگىمۇ ھاياتلىق يولى بېرەر.

— سىلىگە قەسەم قىلاي ئانا، مەن پاكلىقىمنى ساقلايمەن، پەقەت ئاللالا پاكلىقىمغا ئىسپات بولالايدۇ! — دېدى سەنەم.

— ئۆزۈمگە ئىشەنگىنىمدەك، سىلىگە پۈتۈنلەي ئىشىنىمەن. ئاۋۋال يۈيۈنىۋالسىلا، قېنى ئۇ سىلى بىلەن نېمە توغرۇلۇق پاراڭلىشاركىن، ئالدىراپ ئۆلۈۋېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ، — دېدى نىگارئايىم.

— ئانا، بۇنداق شەرمەندە ئىشقا ئۇچراپ ياشىغاندىن ئۆلگىنىم تۈزۈك. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق ئىش يۈز بەرسە، مەن ياشىمايمەن؛ بەلكىم ئاللامۇ مېنىڭ بۇنداق ئاياغ ئاستى قىلىنىپ ئۆلگىنىمدىن، پاك - پاكىز ئۆلۈشۈمنى راۋا كۆرەر. بەلكىم، بۇمۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەندۇ، بالىلىرىنى ئەپۇ قىلارلا، ئانا! — دېدى سەنەم.

— بالام، مېنىڭ ئوبدان بالام، بۇ ئالەمدە سىلىدىن مېنىڭ مەرتەم رازىمەن، سىلى مېنىڭ كۆزقارىچۇقۇمدەك ئەزىز قىزىم، سىلى مېنىڭ شانۇشەۋكىتىم، پەخرىم! كېلىڭ قىزىم، ئۆز قولۇم بىلەن سىلىنى يۇيۇندۇراي، تاراندۇراي، — دېدى نىگارئايىم.

ئۈستى ئوچۇق قوتاندەك ياسالغان كەڭ قومۇش زىنداندا قىستىلىشىپ يېتىشىمىغان ئايال ۋە بالىلار قالايمىقان يېتىشقىنىچە ئۇخلىماقتا. مەشئەل ياندۇرغان غەزنەۋىلەر ياۋۇزلۇق بىلەن بېسىپ كىرىپ، توۋلاپ كىشىلەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. چۆچۈگەن ئايال بالىلىرىنى قۇچاقلاپ، يېتىلەپ قاتار بولۇشتى، بەزىلەر بوۋاقلىرىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، قورقۇنچتا ئۆكسۈپ يىغلىغىنى تۇردى.

— ئېمىتىۋاتقان بالىسى بار ئايال ئالدىدا تۇرۇڭلار! — دېدى لەشكەر. قورقۇپ تاتىرىپ كەتكەن ئايال بالىلىرىنى

دەرھال يوشۇردى، ھەممىسى قورققىنىدىن دىر ـ دىر تىترىگىلى تۇردى. ئارىدا بىر ئايال ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى ۋە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، نالە قىلدى:

— ئاھ، ئۇلۇغ ئاللا ! بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، بىزنى غەزنەۋىلەرنىڭ ۋەھشىيانە ئاياغ ئاستى قىلىشىدىن قۇتۇلدۇرغايسەن! مەن ئۇلارنىڭ بارلىق ئوغۇل بالىلارنى قويماي ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى، ھەتتا بوۋاقلارنىمۇ قالدۇرمايدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ئاللا بىزگە شەپقەت قىلغايسەن، بىزنى قۇتۇلدۇرغايسەن! ئى، شەپقەتلىك ئاللا ...

ئاياللار بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ھاڭۋېقىپ قېلىشتى، لەشكەرلەر بوۋنقى بار ئاياللارنى زورلاپ تارتىپ چىقتى.

يەنە بىر ئۈستى ئوچۇق قوتاندەك ياسالغان غايەت زور قومۇش زىندان ئىچىگە پۇتۇنلەي ئەرلەر قامالغان بولۇپ، ئەتراپ قاتتىق مۇھاسىرە ۋە كۆزەت قىلىنماقتا ئىدى، ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەر چارلاپ يۈرەتتى. غېرىب ئاق تۇلپارىنى بىر يوغان تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇپ، ئاۋايلاپ بىر قومۇش تامنىڭ يېنىغا كەلدى. يوچۇقتىن پۇت ـ قولىغا كىشەن سېلىنغان، ئۇخلىسىغا ياتقۇزۇلغان ئەرلەرنى كۆردى. قولىدا مەشئەل تۇتقان بىر قاراۋۇل ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. يەردە دۈم يېتىۋالغان غېرىب تۇيۇقسىز قاراۋۇلنى قۇچاقلىۋېلىپ ئاغزىنى ئېتىۋالدى ـ دە، ئۇنىڭ بېلىگە خەنجەر سانجىدى، ئاندىن مەشئەلنى ئېلىپ قومۇشقا ئوت تۇتاشتۇردى. جەسەتنى تاشنىڭ كەينىگە سۆرەپ ئاپىرىپ، يوشۇرۇپ قويۇپ، كىيىمىنى كىيىۋالدى. ۋارقىراشقان ئاۋازلار، شاۋقۇن ـ سۈرەن ۋە ئۇلۇغ كۆيۈۋاتقان ئوت بىرلىشىپ كەتتى. قاراۋۇللار چۇقان سالغىنىچە كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولۇشتى. غېرىب قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئاق ئېتىغا مىنىپ، غەزنەۋىلەرنىڭ كىگىز ئۆيلىرىگە بىر ـ بىرلەپ ئوت قويدى. قالايمىقانچىلىق، ئالاقزادىلىك ئىچىدە لەشكەرلەر

جېنىنى ئەپقېچىشنىلا ئويلاپ، غېرىبنى سېزەلمىدى. يېرىم يالىڭاچ غەزنەۋى لەشكەرلىرى ئاق كىگىز ئۆيدىن قېچىپ چىقىشىپ، چۇرقىرىشىپ كەتتى. ئۇلۇغ كۆيۈۋاتقان كىگىز ئۆيلەر غەزنەۋىلەرنىڭ بارگاھىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى. لەشكەرلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئۇياق ـ بۇياققا چېپىشتى.

غېرىب لەشكەرلەرنىڭ كىگىز ئۆيگە ئوخشىمايدىغان، تولىمۇ ئاددىي بىر ئۆيگە ئوت قويۇشى بىلەن ئىچىدىن ئاياللارنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاۋۋال سەنەم، ئارقىدىنلا نىگارئايىم، گۈلجامال ۋە بىر توپ كېنىزەكلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. غېرىب خۇشاللىقتىن ئاتنى چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە، سەكرەپ چۈشۈپلا ئۇلارنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى.

— ئانا ... سەنەم ... تېز ئاتقا مىنگىشىڭلار! — دېدى غېرىب.

سەنەم خۇشاللىق ئىلكىدە ئۇنى چاقىردى، نىگارئايىممۇ خۇشاللىق بىلەن بالىسىغا تەلمۈرۈپ چاقىردى.

— گەپ قىلغۇدەك ۋاقىت يوق، تېز ئاتقا مىنىڭلار!

غېرىب شۇنداق دېگىنىچە ئاۋۋال سەنەمنى ئاتقا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئانىسىنى يۆلەپ، سەنەمنىڭ كەينىدە ئولتۇرغۇزدى. گۈلجامالغا ئانىسىنىڭ بېلىنى چىڭ تۇتقۇزۇپ قويدى. ئەمما غېرىبقا قىيمىغان سەنەم سەكرەپلا چۈشۈۋالدى. بۇ چاغدا ئاتلىق بىر قاراۋۇل ئۇزۇن نەيزە بىلەن غېرىبقا قاراپ چېپىپ كەلدى. غېرىب ئۇنى نەيزىسىدىن تۇتقىنىچە ئاتتىن تارتىپ چۈشۈردى ۋە ئۆزى ئاتقا چاققانلىق بىلەن مىنىۋالدى. ئاندىن سەنەمنى لىككىدە ئالدىغا ئېلىۋالدى. ئەتراپ دۈشمەنلەرنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ، ئۆتكىلى بولمايدىغان توسۇققا ئايلاندى. غېرىب ۋە سەنەم كۆيۈۋاتقان ئۆينى بىر ئايلىنىپ چىقتى، ئەمما دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىدىن چىقالمىدى. ئۇ كىگىزگە نەيزىنى سانجىپ، چاققانلىق بىلەن يۆگىدى ـ دە، ئۇنىڭغا ئوت تۇتاشتۇردى. بىردىنلا يوغان ئوت

شارچىسى ھاسىل بولدى. ئۇ تۇۋلىغىنىچە دۈشمەن مۇھاسىرىسىگە قاراپ ئېتىلدى. ئوتتىن قورقۇپ كەتكەن دۈشمەنلەر ئالدىراپ ئۆزىنى قاچۇرۇشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر يول ئېچىلدى. ئۇلار مۇھاسىرىدىن چىقىپ كەتتى. ئات ئۇلارنى ئېلىپ يايلاقتا چېپىۋاتقىنىدا، نىگارئايىمنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان گۈلجامالنىڭ دۈمبىسىگە بىر يا ئوقى سانجىلدى. گۈلجامال ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى، قوغلاپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەر ھەربىدەك ئېتىلىپ كېلىشتى.

— ۋايىەي ... مېنىڭ قىزىم ... قىزىم ئاتتىن چۈشۈپ كەتتى!

— تېز قېچىڭلار! يۇلتۇز يايلىقىغا قاراپ قېچىڭلار، شاھ ئاتام سىلەرنى كۈتۈۋاتىدۇ ... سىڭلىمغا مەن قارايمەن! — دېدى غېرىب ۋە سەنەمنى ئاپىسىنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى.

— ئىلياسلارمۇ بۇ يەردە! — دېدى سەنەم.

غېرىب قويىنىدىن زەھەر يالىتىلغان خەنجەرنى چىقىرىپ دۈشمەنگە قارىتىپ ئاتتى. ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان دۈشمەن «ئاھ» دەپلا يۈزىنى تۆتقىنىچە ئاتتىن يىقىلدى. غېرىب چاققانلىق بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ يەردە ياتقان سىڭلىسىنى قۇچاقلاپ كۆتۈردى. گۈلجامال ھوشىدىن كەتكەن ھالدا غېرىبنىڭ قوينىدا ياتاتتى. بۇ چاغدا يەنە بىر توپ دۈشمەن غېرىبقا ئېتىلدى. غېرىب تىزلىنىپ تۇرۇپ دۈشمەن ئاتلىرىنىڭ پۇتىغا نەيزە بىلەن ئۇردى. شۇئان ئاتلار ۋە ئۈستىدىكى ئادەملەر بىراقلا يىقىلدى. غېرىب چاققانلىق بىلەن ئاتقا مىنىپ، سەنەملەرگە ئەگەشتى. دۈشمەنلەرمۇ ئىز قوغلاپ كېلىۋەردى. دەريا بويىدىكى قومۇشلۇققا كەلگەندە، غېرىب ئۇچىسىدىكى قاراۋۇلىنىڭ كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، ئوت تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن قومۇشلۇققا تاشلىدى. قومۇشلۇق دەرھال ئوت ئېلىپ چارسىلداپ كۆيۈپ، پۇرقىراپ قويۇق ئىس كۆتۈرۈلدى. غېرىبلار ئات بىلەن دەريانى كەچتى. دۈشمەن ئاتلىرى ئىس قاپلىغان قومۇشلۇق ئارىسىدا ئالدى پۇتىنى ئېگىز

كۆتۈرۈپ كىشنەپ ئۆتۈشكە پېتىنالماي دەريا بويىدا قىپقالدى. غېرىب ۋە سەنەم مىنگەن ئاتلار دەريادىن بېشىنى چىقاردى. دەريا سۈيى ئاتلارنى تۆۋەن ئېقىنغا ئىتتىرسىمۇ، ئاتلار يەنىلا ئۇدۇل قىرغاققا قاراپ سىلجىدى. نىگارئايىم سەنەمنىڭ بېلىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى، غېرىب ئۇيان ـ بۇيانغا سەپسالغاچ سەنەملەرنىڭ ئېتىنى ھەيدەپ قىرغاققا ئاچىقتى.

— غېرىب بالام! سېنى كۆرۈپ ناھايىتى خوش بولدۇم، ئەمما قىزىمدىن ئايرىلدىم، — دەپ كۆز يېشى قىلدى نىگارئايىم.

— ئانا ... سەنەمگە مەھكەم ئېسىلىڭ ... ئاللا سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ. سىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مەن گۈلجامال ۋە ئىلياسلارنى ئېلىپ كېلىمەن، — دېدى غېرىب.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بارگاھىدا ساغرىسىنى ياغاچ چېلەكتىكى مۇزدەك سۇغا چىلاپ ئولتۇرۇپ، ئوغۇل بوۋاقنىڭ بىر چىنە سۈيدۈكىنى ئىچمۇەتتى ۋە ياغاچ چىنىنى بىر ياققا ئېتىۋەتتى.

— بىز كالۋا كىشىلەرنى ئېشەك سۈيدۈكى ئىچكەن دېيىشىمىز، سەن نان قېپى تېۋىپ ماڭا ئادەم سۈيدۈكى ئىچۈردۈڭ، ئەگەر مەنمۇ دۆت بولۇپ قالسام، ئالدى بىلەن سېنىڭ جېنىڭنى ئالىمەن! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

شۇ چاغدا ئىسمائىل ئالدىراپ ـ تېنەپ كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— ئالىيلىرى، ئاق ئاتقا مىنگەن بىرى بارگاھىمىزدا پەيدا بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلىرىمىزگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ، يەنە تېخى مە ... مەلىكىنى ئېلىپ قېچىپتۇ ...

— ھۇ، يارىماس ! نان قېپىلار! بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا سىلەر ئۇ ئاق ئاتلىق ئادەم ئابباسنى ئېلىپ قاچتى دېيىشكەنتىڭلارغۇ! شۇنچىۋالا ئادەم تۇرۇپ ئاشۇ بىر ئاتلىق

ئادەمگە تەڭ كېلىشەلمىدىكەنمۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئاشۇ ئاق ئاتلىق خۇنپەر ئۇڭ كۆزۈمنى قارىغۇ قىلغان. ئۇ كۇنىمۇ ئۇ ئوت قويۇپ قېچىپ كەتكەن. بۇگۇنمۇ ئوت قويۇپ دەريادىن قېچىپتۇ! ھىم، ئەمدى ئۇنى ئۇچرىتىپ قالسام ھەرگىز ئالىقىنىمدىن قېچىپ قۇتۇلالمەن دەپ خام خىيال ئەيلىمىسۇن، مەن ئۇنى قىلتاقتا چۇشۇرىمەن! — دېدى رۇستەم.

— ئۇنى تاپالىساقلا ئابباس ۋە مەلىكىمۇ تېپىلىدۇ، — دېدى ئىسمائىل.

— ئەگەر ئۇنى تىرىك تۇتۇپ ئالدىلىرىغا ئەكېلەلمىسەم، ئالدىلىرىغا ھەرگىزمۇ تىرىك قايتىپ كەلمەيمەن، سۇلتان ئالىيلىرى! — دەپ ۋەدە بەردى رۇستەم.

— ۋايجان ... ئەجەب يىگىنە سانجىغاندەك ئاغرىيدۇغۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى سۇلتان مەھمۇد يەنە.

غېرىب، سەنەم ۋە نىگارئايىملار ئەگرى - توقاي سوزۇلغان كىچىك دەريا بويىدىكى دەرەخ ئاستىدا ئولتۇردى. ئاتلار بىر ياقتا سالقىنلاپ ئارام ئالماقتا. غېرىب بەلۋېغىنى يېشىپ، ئوت - چۆپنىڭ ئۇستىگە قويۇپ، تولۇمدىكى سۇنى ئىچكەچ، قېتىپ كەتكەن ناننى يېدى. نىگارئايىم بىر بۇردا ناننى ئاغزىغا سېلىپلا ھەسرەتلىنىپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى:

— گۇلجامال نېمە كۇننى كۆرۈۋاتقاندۇ؟ ئۇلار چوقۇم ئىلياسنى ئۆلتۇرۇۋېتىدۇ.

— مەن بۇ يەردە ئانامغا قاراپ تۇرسام، يەنە بىر بېرىپ گۇلجامال بىلەن ئىلياسنى ئېلىپ كېلەلەرسىزمۇ؟ — دېدى سەنەم.

— مېنىڭغۇ بەكلا شۇنداق قىلغۇم بار، بىراق بۇ يەردە كۆپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، چوقۇم يۇلتۇز يايلىقىغا بېرىۋېلىشىڭلار كېرەك. شاھ ئاتام ۋە خانىش ئانام بىزنى تۆت كۆزى بىلەن كۇتمەكتە. بىز تېخى خەتەردىن قۇتۇلغىنىمىز يوق، بۇ يەر بەك

خەتەرلىك، قۇتۇلۇپ چىقىش ناھايىتى مۇشكۇل، — دەپ چۈشەندۈردى غېرىب.
— مېنىڭ ئاتقا مىنىپ چاپقۇدەك مادارىم قالمىدى بالام، قىزىم بىلەن ئەلىياسنى كۆرمىسەم ئالدىمغا بىر قەدەممۇ ماڭالمايدىغان ئوخشايمەن. ئەڭ ياخشىسى، مەن بۇ يەردىكى بىر غاردا قالاي، سەنەم يۇلتۇز يايلىقىغا كېتىۋەرسۇن، سەن سىڭلىڭ بىلەن ئەلىياسنى تېپىپ كەلسەڭ، ئاللا پۇت - قولۇمغا ماغدۇر ئاتا قىلسىلا سىلەر بىلەن يۇلتۇز يايلىقىغا باراي، — دېدى نىگارئايىم ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ.
— ياق، مەن يالغۇز ماڭسام بولمايدۇ، ئانامنى بۇ يەردە يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. مەن بۇ يەردە ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاي، سىز سىڭلىڭىز ۋە ئەلىياسنى تېپىپ كەلگەندە، ئانام مادارىغا كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، — دېدى سەنەم.
— قانداقلا بولمىسۇن ھەممىسى خەتەرلىك، ئەلىياسنى قۇتۇلدۇرۇش سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇشقا قارىغاندا ئاسانراق، بىراق سىلەرنى تاشلاپ كېتىپ قالسام ھەرگىز خاتىرجەم بولالمايمەن، — دېدى غېرىب.
ئەمدى شاۋاز توغرۇلۇق سۆزلەيمىز. قارشى شەھىرىدىكى بىر كاتتا مەسچىت ئالدىدىكى مەيداندا، كىشىلەر مىغ - مىغ توپلىشىپ كەتكەندى. غەزنەۋىلەر لەشكەرلىرى توپلاشقان ئادەملەرنى ئىتتىرىپ، ئۇلارنى مەيدان ئالدىغا يېقىن يولاتمىدى. مەسچىت ئالدىدىكى مەيداننىڭ سۇپىسى ئالدىدا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئورۇندۇقتا زەيىنىدىن بومىيانى ۋە مۇزەپپەر شىرازى سالاپەت بىلەن ئولتۇراتتى. ئېشەككە تەتۈر مىندۇرۇلۇپ، يۈزىگە قارا سۈرتۈلگەن شاۋاز ۋە ئابدۇللا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. كىشىلەر ئۇلارغا ئاندا - ساندا شاپاق ۋە چالما ئېتىشىپ تۇردى. كىيىمى يىرتىلىپ تۇگىشىپ كەتكەن شاۋاز ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى غاجىلىماقچى بولدى. ئەمما، بويىنىغا كىشەن سېلىنغان، كىشەننىڭ بىر ئۇچىنى بىر

لەشكەر چىڭ تۇتۇۋالغاچقا، ئۇ ئاغزىنى بەدىنىنىڭ ھېچ يېرىگە يېقىن ئەكېلەلمىدى. ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسى، ھەتتا بىلەكلىرى، قول بارماقلىرىدىكى گۆشلەر غاجىلانغانىدى. ئابدۇللا بولسا كىيىملىرى ئارىسىدىن پىت تېپىپ ئاغزىغا تاشلىماقتا، ئۇستۇۋېشىدىكى تۇخۇملار ئۇنىڭ بەدىنىدىكى سېسىق پۇراق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ قوللىرى ۋە بارماقلىرىنى يالاپ، ئېقىپ چىققان شۆلگەينى ئاغزىغا سۈرتمەكتە، تۈرۈپ - تۈرۈپ ساراڭلارچە كۈلمەكتە ئىدى. لەشكەرلەر ئۇلارنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپ زەينىدىن بومىيانىنىڭ ئالدىدا تىزلاندۇردى. زەينىدىن بومىيانى ئابدۇللانى سوتلىدى:

— يېنىڭدىكى مەخلۇقنى تونۇمسەن؟

— تونۇيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئابدۇللا.

— ئۇ كىم؟

— ئۇ ساراڭ.

— نېمىشقا ئۇنى ساراڭ دەيسەن؟ — سورىدى زەينىدىن بومىيانى.

— ئۇ ساراڭ بولمىسا ئۆزىنىڭ گۆشىنى غاجىلامتى؟ — دېدى ئابدۇللا.

— ئەمىسە سەن كىم بولىسەن؟

— مەن ... مەن ... كىم؟ بىلمەيمەن.

— بۇ ساراڭ سېنىڭ نېمەڭ؟

— بۇ ساراڭ ئەسلىدە ئاتام ئىدى.

— ھازىرچۇ؟

— ھازىر ئەمەس.

— سەن ئۇنى ئۆلتۈرەلەمسەن؟

— ماڭا بىر پارچە نان بەرسەڭلار، ئۇنى ئۆلتۈرىمەن.

— ئۇنىڭغا بىر پارچە نان بېرىڭلار!

لەشكەر بىر پارچە نان ئەكەلدى، زەينىدىن بومىيانى ناننى شەمشىرىگە سانجىپ، ئابدۇللاغا تەڭلىدى. ئابدۇللا ئاچ كۆزلۈك

ۋە ئالدىراقسانلىق بىلەن نانغا قوش قولىنى سوزدى، ئەمما زەينىدىن بومىيانى قەستەن ناننى تارتىۋالدى.

— ئاۋۋال ئاتاڭنى ئۆلتۈرۈۋەت، ئاندىن بېرىمەن.

— قانداق ئۆلتۈرىمەن؟

— قانداق ئۆلتۈرگۈڭ كەلسە شۇنداق ئۆلتۈرمەمسەن؟ بىز ئۆلتۈرۈشۈڭنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز.

— ماڭا قىلىچ بېرىڭلار، مەن قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن، — دېدى ئابدۇللا.

— ياق ... ياق ... ساڭا قىلىچ بەرسەك بولمايدۇ، سەن ئىككى قولۇڭغا ۋە كاللاڭغا تايانغىن.

— خوپ! — دېدى ئابدۇللا. لەشكەر ئابدۇللانى بوشاتتى. شاۋاز بەدىنىگە يۆگەلگەن يىرتىق رەختىنى چىشلەش بىلەن بولۇپ، ئابدۇللاغا قىلچە پەرۋا قىلمىدى. ئابدۇللا شاۋازنىڭ بوينىنى ئىككى قولى بىلەن قاتتىق سىقتى، شاۋاز كۆلگىنىچە قىلچە قارشىلىق قىلمىدى، پەقەت پۇتىنى تولغاپ قويدى ۋە تېزلا تىنىقىدىن قالدى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىشىپ ئابدۇللانى تىللاشتى، بەزىلەر ئابدۇللاغا چالما ئاتتى. ئابدۇللانىڭ قىلچە كارى بولماستىن قىلىچنىڭ ئۇچىدىكى ناننى قولىغا ئالدى ـ دە، يالماپ يۇتقىلى تۇردى. ناننى ئاغزىغا پۈتۈنلا تىققاچقا، گېلىدە تۇرۇپ قېلىپ، قۇسۇۋەتتى، ئاندىن ناننى شۆلگەيلىرى بىلەن يەنە ئاغزىغا تىققىلى تۇردى. مۇزەپپەر شىرازنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، باشقا ياققا قاراپ دېدى:

— راستتىنلا تولىمۇ قەبىھ، تولىمۇ يىرگىنچلىك قىلمىش بولدى. ئالەمدە بۇنىڭدىنمۇ قەبىھ، بۇنىڭدىنمۇ ئازابلىق خارلىنىش بولمىسا كېرەك. زەينىدىن ئالىيلىرى، پەقەت سىلىلا مۇشۇنداق ئالامۇ راۋا كۆرمەيدىغان ئىشنى تاپىلا.

زەينىدىن بومىيانى بېشىنى بۇراپ دېدى:

— بۇلارنى مۇشۇنداق جازالاشتىن سەۋەب، مۇنۇ ئىككى

مەقسەتنى كۆزلەپ بولدى، بىرى، ئۇلارنى خەلقىگە كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۇنتۇماي، ئەۋلادمۇئەۋلاد ھېكايە قىلىشى ئۈچۈن.

— يەنە بىر مۇددىئاچۇ؟ — سورىدى مۇزەپپەر.

— يەنە بىرى، ئۆز ۋەتىنى، ئۆز خەلقىگە ساتقۇنلۇق قىلغانىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش. يەنى ئۇلارنىڭ بۇ خورلۇققا قالغان ئاقىۋىتى ئارقىلىق بەزىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشكەندە ئادىمىيلىكىنى يوقىتىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆز نەپسى ئۈچۈن، ئاتا - بالا ئارىسىدىمۇ ھېچنېمىگە قارىماي بىر - بىرىنى سېتىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىگىمۇ زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكچىمەن، — دېدى زەينىددىن بومياني.

— سىلىنىڭ بۇ قىلغانلىرى قىساسنى دۈشمەنىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغانلىقلىرى ئەمەسمۇ؟

— تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، بىز ئۇلار بىلەن بىر يىلتىز، بىر ئۇرۇقتىن. شۇڭا ئۇلارنىڭ سەمىگە سالماقچىمەنكى، مەيلى قايسى قەبىلىدىن بولمىسۇن، ئۆز خەلقىگە، ئۆز يولباشچىسىغا سادىق بولىدىغان ئىسىل پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈشى زۆرۈر!

— ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ، سىلىنى چۈشەنمەك نېمىدېگەن قىيىن.

مۇزەپپەر شىرازى شۇنداق دېگەچ ئۈچمەنلىك بىلەن ئابدۇللاغا تىكىلدى، ئابدۇللا يېنىغا تاشلانغان شاپاقلارنى مەززە قىلىپ چاينىماقتا. ئېشەكنىڭ ئاغزىدىمۇ شاپاق بار ئىدى، ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ، ئېشەكنىڭ ئاغزىدىن تالىشىپ ئېلىپ ئاغزىغا سالماقتا.

ئەمدى سۇلتان مەھمۇد تەرەپكە كېلەيلى. غەزنەۋىلەر بارگاھ قۇرغان تۆپىلىكتىكى يايلاقتا ئىلياس قاتارلىق ئەرلەر تۆمۈر زەنجىر بىلەن كىشەنلىنىپ، چوڭقۇر كولانغان ئورەككە سېلىندى. ئورەكنىڭ تۆت ئەتراپى ئۈچلانغان ياغاچ بىلەن

چۆرىدەلگەنىدى. چوڭ مەشئەل ئازگال ئىچىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. قاراۋۇللار بولسا ھەرۋاقىت ئازگال ئىچىدىكى تۇتقۇنلارنى كۆرۈپ تۇراتتى.

سۇلتان مەھمۇدنىڭ چىدىرى. ئۇ ئاغرىققا ئاران چىداپ ياغاچ چېلەكنىڭ يېنىغا كەلدى، قارا تەرگە چۆمۈلگەن سۇلتان مەھمۇد چاترىقىنى كېرىپ، چېلەك ئۈستىدە ئاران ئولتۇردى.

— ھەربىر كىچىك تەرەت قىلسام، چىدىغۇسىز ئاغرىقنى باشتىن كەچۈرىمەن ... ۋايجان ... ۋايجان ... ئاللا ... بۇ ئازابتىن قاچانمۇ قۇتۇلارمەن؟ — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

جۇنەيدىدىن سۇلتاننىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ چېلەك ئىچىگە بىر قارىۋېتىپ دېدى:

— كۆپ بولسا بىر ھەپتە، بولمىسا ئۈچ ـ تۆت كۈندىلا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدىلا ئالىيلىرى!

— ۋاييەي، مەن بىر ھەپتە بۇنىڭ ئازابىنى تارتىدىكەنمەن ـ دە! ئەجەبا، تېزرەك ساقىيىدىغان ئامال يوقمۇ؟ خەتنىسى قىلىنغان كىچىك بالىمۇ ئۈچ ـ تۆت كۈندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئوينايدۇغۇ ! ھەي ھېلىقى ئەبلەخ تىزىغا تاش ئورنىتىۋالغان بولمىسۇن يەنە؟ قاراپ تۇرسۇن، ئۇمۇ چاترىققا تىزلىغاننىڭ تەمىنى تېتىيدۇ! ۋاي، مەن بۇ يەردە بۇنداق يېتىۋەرسەم بولمايدۇ! ئاباس دېگەن قورقۇنچاق ۋە ئۇنىڭ مەلىكىسىنى يوقىتىپ قويدۇق. ئەمدى ئۇلارنىڭ كەتكەن يېرىنى ئېنىقلاپ، تېزرەك قولغا چۈشۈرمىسەك بولمايدۇ، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئالىيلىرى! مەن ئاباسنى تۇتۇپ ئالدىلىرىغا يالاپ ئېلىپ كېلىشكە كاپالەت بېرىمەن. سىلى ئاۋۋال ئۇلارنىڭ يەنە بىر ئاستانىسىگە يۈرۈش قىلىۋەرسىلە، ئىسسىقكۆلدە ئارام ئالغاچ، بىزنىڭ غەلىبە خەۋىرىمىزنى كۈتكەيلا، — دېدى رۇستەم.

— ياق ... ياق ... مەن ئاباس ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنى ئۆز قولۇم بىلەن يوقاتمىسام بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئوردابالىق ئاستانىسىنى خارابىلىككە ئايلاندۇرغىنىمىزدەك، سەلتەنەتلىك قاراخانىيلار خانىدانلىقىنى ئۇزۇل - كېسىل بىتچىت قىلىمەن. ئۇلارنىڭ يوقالغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، خەلقىئالەمگە بۇ زېمىندا غەزنەۋىلەرنىڭ يىمىرىلمەس ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلايمەن، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئالىيلىرى، بىر قىسىم قوشۇننى باشلاپ، قەشقەر ئوردىسىنى ئۆزۈم ئىستېلا قىلغاچ تۇراي بولمىسا، — دېدى رۇستەم.

— بۇ يەرگە كەلگۈچە شەرىپىدىندەك باتۇر سەركەردەمدىن ئايرىلدىم، سەن بىر كۆزۈڭدىن ئايرىلىپ يەكچەشمە بولۇپ قالدىڭ. ئەمما، سەن يەنىلا قوشۇنىمنىڭ ئوڭ - سول بىلىكى، مېنىڭ غوللۇق تايانچىم، مەندىن ئايرىلساڭ بولمايدۇ. گەرچە ئابباس چاشقاندەك ئۇ غاردىن - بۇ غارغا قېچىپ يۈرگەن تىنىقىدىن قالاي دېگەن قېرى بولسىمۇ، قاراخانىيلار ئۆز شاھىغا چەكسىز چوقۇنىدۇ. ئۇلار پات پۇرسەتتە بۇ ئۆلەي دەپ قالغان ئابباسنىڭ يېنىغا ئۇلىشىدۇ - دە، سەل قارىغىلى بولمايدىغان بىر كۈچكە ئايلىنىدۇ. ئەمما، شاھىدىن ئايرىلسىلا ئۇلارنى ھېچقانداق كۈچ بىر تۇغ ئاستىغا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. دانا شاھى بولسىلا ئۇلارنى يىغىشتۇرۇش تەسكە توختايدۇ. شۇڭا ئۇلارنى قىرغىن قىلغۇچە، شاھىنى يوقىتىش تېخىمۇ مۇھىمدۇر. بىزنىڭ ئۇدۇللا ئۇلارنىڭ ئاستانىسىگە ھۇجۇم قىلغىنىمىز ئاقىلانىلىكتۇر. پۈتۈن قاراخانىيلار ئېلىنى بويسۇندۇرغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ خانىنى يوقاتمىساق، غەلىبە قىلدۇق دېيەلمەيمىز، ئەكسىچە مەغلۇپ بولغان بولىمىز، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— سۇلتان ئالىيلىرى ... — دەپ ئىسمائىل ئەمدى گەپ باشلىشىغا، سۇلتان مەھمۇد قولىنى شىلتىپ يەنە ئېغىز ئاچتى:

— بولدى ... ئەمدى دەۋرمەڭلار. ئاللا ھەممىمىزگە ئاتا

قىلغان ئاجىزلىق ئەلۋەتتە سەندىمۇ بار، سەن باشقىلارنىڭ ئالدىدىلا سېنى ماختىشنى ياقتۇرمايسەن، ئەمما سەن مېنىڭ ئىككىنچى كاللام، نۇرغۇن تەدبىرلەر سېنىڭ قولۇڭدا، سەن ئۇنى ياخشى ئىشلىتىشىڭ كېرەك. پەقەت سىلەر ئىككىڭلار يېنىمدا بولساڭلارلا مەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق سۇلتان مەھمۇد بولالايمەن.

غەزنەۋىلەرنىڭ ئاتلىرى دەريا بويىدا ئەركىن ئوتلاشماقتا، مىراخور تۆپىلىكتە ئولتۇرۇپ مۇگدىمەكتە. غېرىبىنىڭ ئاق تولپارى دەريادىن بېشىنى چىقىرىپ ئاستا ـ ئاستا قىرغاققا چىقىپ ئات توپىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئاتلارنى تۆپىلىككە قاراپ ھەيدىدى. ئاتلار ئاستا ـ ئاستا مىراخور ۋە غەزنەۋىلەرنىڭ تۇرارگاھىغا يېقىنلاشتى. مىراخور شەپىدىن ئويغىنىپ، پۇتىغا چىگىلگەن چۇلۇۋۇرنى يېشىپ سەكرەپ ئاتقا مىندى ـ دە، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئالدىدىكى ئاتنىڭ يولىنى توستى ۋە تۆۋەنگە ھەيدىدى. ئۇ توساتتىن بىر ئاق تولپارنى بايقاپ قالدى. كۆزلىرىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن ئاتلارنى ساندى. بۇ چاغدا غېرىب مىراخورنىڭ تەييارلىقسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ بىلىنى ئېگىپ تۇرۇپ، مىراخورغا قارىتىپ نەشتەر پۇۋلىدى. نەشتەر ئۇدۇل بېرىپ مىراخورنىڭ يۈزىگە سانجىلدى. مىراخور «ئاھ» دېگىنىچە ئاتتىن يىقىلدى. غېرىب مىراخورنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ شۇئان مىراخورنىڭ كىيىملىرىنى كىيىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئېتىغا مىنىۋالدى. ئاق ئات كەينىدىنلا ماڭدى. غېرىب ئاتلارنى ھەيدەپ تۆپىلىككە چىقىپ كەتتى. يىراقتىكى ئېگىز قاراۋۇل مۇنارىدا مەشئەل يېقىقلىق، مەشئەل ئەتراپىنى يورۇتۇۋەتكەنىدى. تۆت ئەتراپ قاشا تام ئىدى. غېرىب ئاتلارنى مۇشۇ يەرگە ھەيدىدى. قاشا تامغا يېقىنلاشقاندا، مۇناردىكى قاراۋۇل ھوشيارلىق بىلەن ئات توپىغا سەپسېلىپ ۋارقىرىدى:

— ھاي ... ھاي ... مىراخور ... بۇ سېنىڭ نېمە

قىلغىنىڭ ...ئاتلارنى نېمىشقا بۇ يەرگە ھەيدەپ كېلىسەن؟ تېز تۇسۇۋال، ئۇلارنى بۇ يەرگە يېقىن يولاتما، تېزدىن تۇسۇۋال ! ...

غېرىب ئاتلارنى تۇسۇماقچى بولدى.

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

قارشى شەھىرىدىكى كاتتا، ھەشەمەتلىك قەسىر. قاشتېشى تۇۋرۇكلەر ئالتۇندەك ۋال - ۋۇل چاقناپ، بېزەلگەن سەرەمجانلار كۆزگە ئالاھىدە تاشلىناتتى. زەينىددىن بومىيانى ماموق ياستۇققا يۆلىنىپ، يەتتە قات كۆرپە ئۈستىدە سىڭار يان يېتىپ، ئەركىن - ئازادە چىلىم تارتماقتا. ئىپىسىل كىيىنگەن ساھىبجاماللار ئۇنى كۈتۈپ، پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ ئۇۋۇلىماقتا. سازەندىلەر شوخ مۇزىكىلارنى ئورۇندىماقتا. قېنىق گىرىملەر، چىرايلىق كىيىملەر بىلەن ياسانغان كېنىزەكلەر ئۇسسۇل ئوينىماقتا.

بۇ چاغدا ساقىيىپ ئەسلىگە كەلگەن ئابدۇللا شاتىرى ئىككى قاراۋۇلنىڭ ھەمراھلىقىدا بىر چىرايلىق قىزنى قۇچاقلىغىنىچە كېلىپ، ئاۋايلاپ زەينىددىن بومىيانىنىڭ قوينىغا ئىتتىرىپ بەردى. ئاندىن زەينىددىن بومىيانىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ھۆرمەتلىك ئالىيلىرى، بۇ قارشى شەھىرىنىڭ ھاكىمى ھاپىز تۆرىنىڭ ئامراق قىزى ماھىبەدەر خانقىز بولىدۇ، مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئۇنى سىلىگە كېنىزەك قىلىپ قوش قوللاپ تۇتتۇم.

— ھاكىمنىڭ ئامراق قىزى ماڭا كېنىزەك بولۇشنى خالارمۇ؟ — دېدى زەينىددىن ھەييارلىق بىلەن.

— بىز ئۇنى سىلىنىڭ سادىق قۇللىرى بولۇشقا قايىل قىلدۇق؟ — دېدى ئابدۇللا.

— قانداق قايىل قىلدىڭلار؟ — سورىدى زەينىددىن بومىيانى.

— ئۇ ئۇنىڭ ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرمەي،

ئۇلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسەملا، بارلىق شەرتىمگە ماقۇل بولۇشقا كۆندى. ئۆزىڭىز دەڭ خانقىز! ـــ دېدى ئابدۇللا.

ـــ مەن ئۆمۈر بويى سىلىنىڭ كېنىزەكلىرى بولۇشقا رازى ئالىيلىرى، ـــ دېدى ماھىبەدەر.

ـــ نېمە بىلەن كاپالەت بېرىسەن؟ ـــ سورىدى زەينىددىن بومياني.

ـــ بىزنىڭ شەھىرىمىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە، ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۆزىنى ئاتىغان قىز ئىگىسىنىڭ ئاغزىغا قەنت سالىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىگىسىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، سىلىنىڭ ئاغزىلىرىغا قەنت سېلىشىمغا رۇخسەت قىلسىلا ئالىيلىرى.

ماھىبەدەر قىزچاق شۇنداق دېگەچ قويىنىدىن كەشتىلەنگەن قولياغلىقنى چىقىرىپ، يۆگەلگەن بىر تال چاقماق قەنتنى ئالدى ۋە زەينىددىننىڭ ئاغزىغا سالماقچى بولۇپ يېقىن ئەكەلدى. زەينىددىن ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭ قولىدىكى قەنتنى يەرگە چۆشۈرۈۋېتىپ ۋارقىرىدى:

ـــ يوقال، جىننتەك ! سەن مېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، خانلىقنىڭ ئۇچۇن قىساس ئالماقچىمۇ؟

قىزچاق قورققىنىدىن يۇكۇنۇپ يالۋۇردى:

ـــ ئاللا گۇۋاھ بولسۇن، مېنىڭ ئەسلا ئۇنداق نىيىتىم يوق، ئەگەر شۇنداق نىيىتىم بولسا، ئاللا مېنى ئەتىلا ئىككى پارچە قىلىۋەتسۇن !

ـــ يەنە بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر جازا بولامدۇ ! سىلەر ئاللاغا ئاسىيلىق قىلغۇچىلار، سىلەر ئاللاغا ئاسىيلىق قىلدىڭلار، شۇنىڭ ئۇچۇن ئاللا مېنى ئەۋەتىپ سىلەرنى جازالاشقا بۇيرۇدى. سىلەرنى بىزگە قۇل قىلىپ بەردى. قاراڭلار، سىلەر ھەممىڭلار ئەسلىي شۇنچە ئەزىز ئىدىڭلار، بىرىڭلار خان ئوردىسىنىڭ ۋەزىرى، بىرىڭلار يۇقىرى تەبىقىلىق قىز ئىدىڭلارغۇ؟ ئاللا سىلەرنى ـــ غەزىپى تولۇپ تاشقان كىشىلەرنى بىزگە قۇل

قىلىش ئارقىلىق جازالىدى، بۇ ئالالانىڭ سىلەرگە بەرگەن ئەڭ چوڭ جازاسى ... ھەي، قىزچاق، ئۆزۈڭنى بەك ئەقىللىق چاغلاپ كەتمە. سىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىڭلار بويىچە ئاغزىمىغا قەنت سالغاندىن كۆرە، بىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىمىز بويىچە، ماڭا ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يۈزۈڭنى ئىگەڭنىڭ پۇتىغا سۈۋاپ، تىلىڭ بىلەن پۇتىنىڭ ئالىقىنىنى يالايسەن، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— مېنىڭ ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىمنى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە قىلسىلا، مەن شۇنداق قىلىشنى خالايمەن، — دېدى ماھىبەدەر.

— بولىدۇ، ئەمىسە قېنى كەلگىن! — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

ماھىبەدەر زەينىددىنىنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئالىقىنىنى يالىدى.

— ھەي ئابدۇللا، بۈگۈن كېچە سەن بىزگە ھەمراھ بولغىن، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— خوپ ئالىيلىرى! — دېدى ئابدۇللا.

— ئەتە ئەتىگەن سېنى سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن.

— قۇللۇق، ئالىيلىرى!

— سەن ئاباس شاھنىڭ نەگە يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىمەن دەيسەن، بۇ دېگىنىڭ راستمۇ؟

— بۇ راست، ئالىيلىرى! مەن ئۇنىڭ نەگە يوشۇرۇندىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن، يوشۇرۇنۇشى مۇمكىن بولغان بارلىق جايلارغا ئۆزلىرىنى ئاپىراي، — دېدى ئابدۇللا.

— ئەگەر سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى چۈشۈرىدىغان بولساڭ، ئىككى كۆزۈڭگە يىڭنە سانجىۋېتىمەن!

— ئۇن جېنىم بولسىمۇ، ھەددىم ئەمەس، ئالىيلىرى!

— مۇشۇ قىزنى ئالدىمغا ئەكېلەلىگىنىڭدەك، ئاۋۇ

سەنەمنىمۇ سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئاپىرسەن، چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم، ئالىيلىرى!

— شۇندىلا سۇلتاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشەلەيسەن، شۇ چاغدا سېنىڭ ئۆز دۆلىتىڭدە شاھتىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئوردا ساھىبى بولۇشىڭغا ياردەم قىلالايمەن، — دېدى زەينىدىن.

ئابدۇللا ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم ئېگىلىپ تەزىم قىلدى:

— مەن ئالىيلىرىنىڭ ماڭا قىلغان بۇ ياخشىلىقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، ئۆز ھاياتىم ئارقىلىق ئالىيلىرىنىڭ شەپقەت - ھىممىتىنى قايتۇرىمەن.

— ئەگەر بىزنى سۇلتانغا بولغان ساداقەتمەنلىكىڭگە ئىشەندۈرەلىسەڭ، چوقۇم ساڭا چوڭ شانۇشەۋكەت ۋە راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇش ئاتا قىلىمىز، — دېدى زەينىدىن بومياني.

ئاستانە ئەتراپىدىكى ئېگىز تۆپىلىككە جايلاشقان غەزنەۋىلەرنىڭ بارگاھى. غېرىب قاراۋۇلنىڭ تۇۋلىغىنىنى ئاڭلاپ ئاتلارنى تۇسۇغان بولۇۋالدى ۋە ئىتتىك قاراۋۇل مۇنارىنىڭ ئاستىغا كېلىۋالدى. ئۇ چۈشۈۋاتقان قاراۋۇلغا زەھەرلىك نەشتەر ئاتتى. قاراۋۇل «ئاھ» قىلغىنىچە ئىلياسلار سولانغان ئازگال ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. باشقا قاراۋۇللار ئىنكاس قىلىپ بولغۇچە، غېرىب قاراۋۇل مۇنارلىرىغا بېرىپ قاراۋۇللارغا نەشتەر يۇۋلىدى. ئەتراپنى چارلاۋاتقان قاراۋۇللار ئاتنى تۇسۇش ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ، بۇ ئەھۋاللارنى بايقىيالماي قالدى. غېرىب ئات ئۈستىدىن ئارغامچىنى ئېلىپ، بىر ئۇچىنى قوزۇقۇقا مەھكەم باغلىدى، يەنە بىر ئۇچىنى ئازگالغا تاشلاپ، ئارغامچا بىلەن پەسكە سىيرىلىپ چۈشتى. ئازگال ئىچىدىن ئىلياسنى تاپتىيۇ، كەينىگە ياندى. چۈنكى، ئازگالدىكىلەر زەنجىر بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇلغان ھەم تۆمۈر كىشەن سېلىنغان بولغاچقا، ئىلياسنى قۇتۇلدۇرۇش تەس ئىدى. غېرىب يامىشىپ ئۈستىگە چىقىپ، يېقىن ئەتراپتىكى ئاق كىگىز ئۆينىڭ يېنىغا بېرىپ

ئىچىنى مارىلىدى. يېرىم يالىڭاچ بىر سىمىز خورۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى، غېرىب نەشتەرنى يوچۇقتىن پۇۋلىدى، نەشتەر بېرىپ سىمىزنىڭ قورسىقىغا سانجىلدى. سىمىز «ھىم» قىلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپلا يەنە يېتىپ قالدى. غېرىب دەرھال ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭ بەلۋېغىدىن زەنجىرلەنگەن بىر تۇتام ئاچقۇچنى ئالدى. توساتتىن، بىر لەشكەر ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىپ كەلدى ـ دە، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. غېرىب چاققانلىق بىلەن قېچىپ، ئۇچلۇق ياغاچلار بىلەن چىتىلانغان ئازگال قېشىغا كەلدى. كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن لەشكەر ئۆزىنى باشقۇرالماي قوزۇقنا يىقىلىپ ئايانچلىق ئاۋاز چىقىرىپ جىمىپ قالدى. غېرىب ئارغامچىغا ئېسىلىپ ئازگالغا سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇ بىر باشتىن كىشەنلەرنى ئېچىپ چىقتى. شۇ چاغدا بىر توپ ئاتلىق لەشكەر ئازگالنىڭ ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. ئىلياسلار دەرھال ئازگالغا چاپلىشىپ قىمىر قىلماي يېتىۋالدى، غېرىبمۇ يۇزلىرىگە ۋە بەدەنلىرىگە لايلارنى سۈرتۈپ بۇ يەردىكى تۇتقۇنلار ئارىسىغا كىرىۋالدى، لەشكەرلەر پاتقاق ئازگالدىكى مەھبۇسلارغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، قاراۋۇل مۇنارىغا قاراپ باقتى.

ــ ھاي ... ھاي ... ئۇخلاپ قېلىشما، ئورنىڭدىن تۇرۇشە !

لەشكەرلەر ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى سەزدى. ئىككى ئادەم ئازگال يېنىدا قالدى، باشقا ئادەملەر ئاتتىن چۈشۈپ قاراۋۇل مۇنارىغا ياماشتى. غېرىب قېلىپ قالغان ئىككى لەشكەرنىڭ مۇنارغا قاراۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا نەشتەر پۇۋلىدى، ئىككىيلەن ئاتتىن يىقىلدى. غېرىب ئازگالدىن يامىشىپ چىقتى ـ دە، يوگۇرۇشۇپ كېلىۋاتقان ئىككى لەشكەرگە نەشتەر پۇۋلەپ، ئۇ ئىككىسىنىمۇ يىقىتتى. بۇ چاغدا ئىلياس قاتارلىق تۇتقۇنلار بىر ـ بىرلەپ يامىشىپ چىقىپ، ئىگىسىز ئاتلارغا مىنىشىپ ئېگىز تۆپىلىككە قاراپ چاپتى. گۈلخان ئەتراپىدا مۈگدەۋاتقان قاراۋۇللار ئويغىنىپ ۋارقىراپ كېتىشتى:

— ئوغرى ... ئوغرى ... ئوغرىنى تۇتۇڭلار!
شۇئان، لەشكەرلەر ئاتقا مىنىشىپ ئارقىدىن قوغلاشتى.
يالىڭاچ قاچقۇنلار ئاتنىڭ ئۈستىگە چاپلىشىپ قىچىشماقتا، لەشكەرلەر توختىماي قوغلاشماقتا. قاچقۇنلار بىر ئېگىزلىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر تاغ جىلغىسىغا قاراپ چېپىشتى. بىر يەردىن ئۆتكەندە ئالدىدا بىر كىگىز ئۆي كۆرۈندى. غېرىب ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ كىگىز ئۆيگە كىردى. قالغانلارمۇ بىر - بىرلەپ ئۆيگە كىردى. شاپىلاقلانغان ئاتلار ئالدىغا قاراپ چېپىۋەردى. ئۆي ئىچىدە يەتتە - سەككىز غەزنەۋى لەشكىرى تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇلار ئادەم كىرگىنىنى تۇيۇپ، قوپۇپ قارشىلاشماقچى بولغىنىدا غېرىب تەرىپىدىن بىر - بىرلەپ يىقىتىلدى. قوغلاۋاتقان لەشكەرلەر ياندىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىشتى. غېرىبلار ئۆي ئىچىدە غەزنەۋى لەشكەرلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىشتى - دە، ئۇلارنىڭ يەم يەۋاتقان ئاتلىرىغا مىنىشىپ باشقا ياققا چېپىپ كېتىشتى.
ئەمدى سەنەم تەرەپكە كېلىمىز. سەنەم ۋە نىگارئايىم غار ئىچىدە ئىدى، نىگارئايىمنىڭ پۈتۈن بەدىنى قىزىپ كەتكەن، توختىماي جۆيلۈيتتى.
— گۈلجامال ... مېنىڭ قىزىم ... غېرىب ... سىڭلىڭنى تاپتىڭمۇ؟ ... سىڭلىڭنى تاپتىڭمۇ؟ ...
سەنەم ئۈستىدىكى يېپىنچىسىنى يېشىپ قىزىۋاتقان نىگارئايىمنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى، سەنەمنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. ئۇ نىگارئايىمنى ئاستا قۇچاقلىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ ئىلىندى.
سەنەم ۋە نىگارئايىم بىر - بىرىگە چىرمىشىپ تۈگۈلۈشۈپ ئۇخلاشماقتا. بىر چاغدا غار ئىچىدىكى ياۋا كەپتەرنىڭ «غۇر - غۇر» قىلغان ئاۋازى سەنەمنى ئويغىتىۋەتتى.
— ئانا، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىلىمۇ؟ — سورىدى سەنەم.
— بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ بالام، غېرىب تېخى

قايتىپ كەلمەيدىغۇ؟

— بەلكىم، سەل تۇرۇپ قايتىپ كېلەر، ئانا.

— بىچارە بالام، دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماس ـ هە !

— ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي ! — دېدى سەنەم.

— ئۇسساپ كەتتىم، ئاغزىم قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، يەيدىغان نەرسە تاپالارمىزمۇ؟ — سورىدى نىگارئايىم.

— ئاۋۇ ياۋا كەپتەرلەرنىڭ ئۇۋىسىدا تۇخۇم بارمىكىن، — دېدى سەنەم.

— بىراق قولىمىز يەتمەيدۇ ـ دە، بەك ئېگىز ئىكەن.

— مەن ئامال تاپاي.

— ياق ... ياق ... بالام، ھەرگىز قوپمىسىلا، يەنە بىر دەم تەخىر قىلايلى، — دېدى نىگارئايىم.

سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەھۋالى بىر ئاز ياخشىلانغانىدى. ئۇ چاتىرىقىنى تۇتۇپ ئاۋايلاپ قەدەملىرىنى يۆتكەپ، ئاچچىقلىنىپ ۋارقىرىدى:

— ئەجەبا، قاراخانىيلارنىڭ شۇنچە كۆپ زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ، ئاباس شاھنى نەگە مۆكۈشنى بىلەلمەيدىغان قىلىۋەتكەن ئادەملەر شۇ نەچچە توك ـ توك لەشكەرنىمۇ توسۇۋېلىشالمىدىمۇ؟ سىلەر توسۇۋالالمىغان ئاشۇ كىشىلەر زادى كىملەر؟ بىر دە كېلىپ مەلىكىنى ئېلىپ قاچسا، بىر دە كېلىپ بۇرادىرىنى ئېلىپ قاچسا، ئەجەبا تۆگە سويىدىغان قاساپ قۇشقاچ سويغاندەك ئاسان ئىشمۇ بۇ، بۇ ئەرۋاھنىڭ سايىسىدەك ئادەم زادى كىم؟

— سەردار رۇستەم قەسەم قىلدى، ئەگەر ئۇ ئەرۋاھ قۇيۇندەك پەيدا بولسا، سېھىرلىك قوتىغا بەند قىلغاندەك ئۇنى قوتىغا قاچىلاپ سىلى بىلەن كۆرۈشىدىغان، بولمىسا ھەرگىز سىلى بىلەن كۆرۈشمەيدىغان بولدى، ئالىيلىرى ! — دېدى ئىسمائىل.

— سەن نېمىشقا ئۇنى توسمايسەن؟ بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۇ نەچچە توك ـ توك لەشكەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئەمەس، بەلكى

ئابباس دېگەن بۇ قېرى تۈلكىنى ئەدەپلەش. كىچىكىنى دەپ چوڭىدىن ئايرىلساق بولمايدۇ، بىرنەچچە پىتنىنى دەپ، شەرىپىمىزدىن ئايرىلغاندەك، ئەمدى روستەمدەك باتۇر ئەزىمەتتىن ئايرىلىپ قالساق بولمايدۇ، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— قارىغاندا بۇ مەلىكە ھېلىقى قۇيۇندەك پەيدا بولۇپ يوقاپ كېتىمىدىغان ئەرۋاھ ئۈچۈن بەك مۇھىمدەك قىلىدۇ، — دېدى ئىسمائىل.

— دەل مۇشۇ ئۆلگۈر ئالۋاستى قولىمىزغا چۈشۈپ بولغان ئابباسنى روستەمنىڭ قولىدىن يۇلۇپ قاچتى. قاراخانىيلار دۆلىتىدە ھېچكىممۇ بىزنى ئۇ ئالۋاستىغا ئوخشاش ئەخمەق قىلىپ باقمىدى. ھىم، ئەگەر ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالساق، ئۇنىڭ يۈرىكىنى خام يەۋېتىمەن! ھىم، ئۇ قارىغاندا مېنى مەسخىرە قىلىپ، مېنىڭ چاتىرىقىمنى تىزلاپ، مېنى سىيەلمەس قىلىپ قويغان ھېلىقى ئىتنىڭ بالىسىنى تارتۇۋالاۋاتقان ئوخشايدۇ، ھەتتا ئۇنىمۇ مېنىڭ بۇرنۇمنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ قېچىپ كەتتى دېسە ... بۇ چاتىرىقىمغا يەنە بىرنى تىزلىغانغا باراۋەر ئەمەسمۇ! — دېدى سۇلتان مەھمۇد. بۇ چاغدا چاپارمەن كىرىپ مەلۇم قىلدى:

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، زەيىندىن بومىيانى جانابلىرى بىزگە قارشى شەھىرىدىن ئەۋەتىپتۇ. قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ ۋەزىرى شاۋازنىڭ ئوغلى، باشبوغ ئابدۇللا سۇلتان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

— نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۇدەكمەن؟ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كاللىسىنى ئۆزىگە كەسكۈزۈپ، قۇۋۇققا ئېسىپ قويساڭلار بولمىدىمۇ؟ — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— سۇلتان ئالىيلىرى، زەيىندىن بومىيانى جانابلىرىنىڭ دېيىشىچە، بۇ كالۋا سەركەردە بىزگە ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىش ئۈچۈن، پۈتكۈل خالايىقنىڭ ئالدىدا ئۆز قولى بىلەن ئاتىسى شاۋازنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، — دېدى ئىسمائىل.

— بۇ ئاسىي ئاتىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەندە، بىرەر شەرت قويۇپتۇمۇ؟ — سورىدى سۇلتان مەھمۇد.

— قويغان ئەڭ چوڭ شەرتى پەقەت بىر نان ئىكەن. شۇ چاغدا ئۇ پەقەت بىر پارچە ناننى بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ، — دېدى ئىسمائىل.

— بىر پارچە نان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاتىسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ؟ راستىنلا نومۇسسىز نېمە ئىكەن! نېمىشقا بۇنداق نومۇسسىز ئەبلەخنى مەن بىلەن كۆرۈشتۈرىسىلەر؟ بۇنداق نومۇسسىز ئەبلەخ بىلەن كۆرۈشكۈم يوق! بۇنداق نېمىنى كۆرسەم كۆڭلۈم ئېلىشىدۇ، ئۇنى تېزدىن ئاچىقىپ، قوزۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ كاللىسىنى ئېلىڭلار! ئۆز ئاتىسىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان بىرنېمە ماڭا نېمە پايدا بېرەر ئەمدى؟ — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— زەينىمدىن بوميانىنىڭ دېيىشىچە، بىز ئۇنىڭدىن ئىت - ئېشەكنىڭ ئورنىدا پايدىلانساق بولىدىكەن، — دېدى ئىسمائىل.

— بۇ نومۇسسىز ئىت - ئېشەكچىلىكمۇ بولالمايدۇ! ئەمدى ئۇنداق نېمىنى تىلغا ئالمىسىلا، مەن بۇنداق ئىت - ئېشەكتىنمۇ بەتتەر نېمىدىن يىرگىنىمەن! ئۇنى ئىت - ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئىشلەتسەك، ئىت - ئېشەكلەرگە ئۇۋال قىلغان بولمامدۇق؟!

— ئاڭلىشىمچە، بۇ نومۇسسىز ئەبلەخ ئابباس يوشۇرۇنغان يەرنى بىلىدىكەن.

— مۇنداقمىدى ... ئۇنى ئۇۋ ئىتى قىلىپ بىر قېتىم ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، قوشىغا قايناق سۇ قۇيۇپ ئۆلتۈرۈڭلار. ئاڭلىشىمچە، كىمكى مۇنداق نېمىنىڭ چىرايىغا بىر قاراپلا قويسا، شۇ كىشى مۇنداق نومۇسسىز نېمىنىڭ شۇملۇقىدىن بۇلغىنىدىكەن. شۇڭا، بۇنداق نېمىنى بوسۇغىدىن ئاتلىتىشقا بولمايدۇ. ئاللا بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، ئارىمىزدىن شۇنداق نومۇسسىز نېمىلەر چىقىپ قالمىغاي. سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇن قەدەم يىراقلىقتا تۇرۇپ گېپىنى

ئاڭلاپ باق، ئۇ نېمە دەيدىكىن؟
سۇلتان مەھمۇدنىڭ گەپلىرىگە ئىسمائىل كۈلۈپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.
غەزنەۋىلەرنىڭ ئاستانە چېتىدىكى تۆپىلىككە ئورۇنلاشقان بارگاھى. ئىسمائىل قاراۋۇللارنىڭ ھەمراھلىقىدا تۆپىلىكتە تۇرۇپ، قوشۇمىسىنى چىڭ تۈرگىنىچە ئالدىدىكى چۆپلۈكتە يۈكۈنۈپ تۇرغان ئابدۇللاغا تىكىلدى.
ئابدۇللا تاقەتسىزلىك بىلەن:
— سۇلتان ئالىيلىرىغا ... — دېيىشىگە، ئىسمائىل دېدى:
— مەن سۇلتان ئالىيلىرى ئەمەس، سېنىڭ سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈشكە شەرتىڭ توشامدۇ؟
— شۇنداق، جانابلىرى ... قۇللىرىنىڭ ئىسمى ...
— ئاغزىڭنى يۇم ! سەن ئىسمىم قويۇشقا لايىق ئەمەسسەن، سەن بىر لالما ئىت، بىز سېنىڭ ئىگىسىنى ئالدايدىغان قېرى تۈلكە ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان بىلىمىز، قېنى ئېيتقىن، — دېدى ئىسمائىل.
— شۇنداق، جانابلىرى ... زەيىندىن بومىيانى جانابلىرى ئالايىتەن مېنى ئەۋەتىپ، سۇلتان ئالىيلىرى ئۈچۈن ساداقەتمەنلىكىمنى ئىپادىلىشىمنى بۇيرۇغان، — دېدى ئابدۇللا.
— ھەي، لالما ئىت، سەن بىزگە قانداق ساداقەتمەنلىك كۆرسەتمەكچىسەن؟
ئابدۇللا ئەمدى گەپ باشلاپ «قۇللىرى» دېيىشىگە، ئىسمائىل ۋارقىراپ كەتتى:
— گەپنى تولا ئەگىتمەي تېز دە ! نېمە دېمەكچىسەن؟!
— مەن ئاباس شاھنىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى بىلىمەن، — دېدى ئابدۇللا.
— ئۇ قەيەردە؟
— ئۇ يولتۇز يايلىقىدا، قاراقاپلاننىڭ قەبىلىسىگە يوشۇرۇنۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، — دېدى ئابدۇللا.

— نېمە ئاساسىڭ بار؟ — سورىدى ئىسمائىل.

— بۇ قاراخانىيلارنىڭ بىر قەبىلىسى، ئۇلار ئەزەلدىن قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنماي كەلگەن. ئەمما، ئوردا ئەھلى قىيىنچىلىقتا يولۇققىنىدا، ئۇلار دائىم مەيدىسىنى كېرىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خان ئوردىسىدىكىلەرنى قوغدايتتى، بۇمۇ مۇشۇ قەبىلىنىڭ بىر يوسۇنى، — دېدى ئابدۇللا.

— بۇنى سەن قاپاق كاللا قوڭقۇغا ئۇرۇپلا ئويدۇرۇپ چىقارغانسەن؟

— ياق، جانابىلىرى، بۇ ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان يوسۇنى، ئاباسىنىڭ شۇ يەردە پاناھلىنىشتىن باشقا بارار جايى يوق، — دېدى ئابدۇللا.

— سەن بايا نەنى دېدىڭ؟

— يۇلتۇز يايلىقى.

— سەن ئۇ يەرنى بىلەمسەن؟ — سورىدى ئىسمائىل.

— بىلىمەن.

— سەن بۇ ئىشلارنى قىلىش بەدىلىگە بىزدىن نېمىگە ئېرىشەي دەيسەن؟

— زېمىندىن بومىيانى جانابىلىرىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە ... — ئابدۇللا شۇنداق دېيىشىگە، ئىسمائىل ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— تولا ئەگىتمەي، كۆڭلۈڭدىكىنى دېمەمسەن؟

— مېنىڭ بۇ ئەلنىڭ ۋەلىئەھدى بولغۇم بار، — دېدى ئابدۇللا.

— ھىم، سەن لالمىنىڭ ئىشتىھاسى كىچىك ئەمەس ئىكەن تېخى! بوپتۇ، ھازىرچە كۈتۈپ تۇر، بىز سېنىڭ نەپسىڭنى قانداق قاندۇرۇشنى ئويلىشىمىز، — دېدى ئىسمائىل.

— خوپ، جانابىلىرى! — دېدى ئابدۇللا يۈكۈنۈپ يەرنى ئۆپۈپ تۇرۇپ.

سەنەملەر مۆكـۈنۈپ تۇرغان غـارنىڭ ئالـدى بۇك ـ باراقسـان تېرەكلىك ئىدى. سەنەم غارنىڭ ئاغزىغا ئۆمىلەپ بېرىپ ئەتراپنى كۆزەتتى، يىراقتىن شىلدىرلاپ ئاققان تاغ سۇلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ ھوشيارلىق بىلەن تېرەكلىكنى كېسىپ ئۆتۈپ تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى. بىر توشقان بۇرنىنى ئالدى قولى بىلەن قاشلاپ تۇراتتى، سەنەم ئەتراپقا قاراپ ئىشلىتىدىغانغا نەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يېنىدا بىر كىچىك خەنجەر بارلىقى ئېسىگە كېلىپ، توشقانغا قارىتىپ ئاتتى. خەنجەر بېرىپ توشقاننىڭ ئالدىدىكى توپىغا سانجىلدى، توشقان چۆچۈپ قېچىپ كەتتى، سەنەم يۈگۈرۈپ كېلىپ خەنجىرىنى ئېلىپ، تۆۋەنگە قېچىپ كېتىۋاتقان توشقاننى قوغلىدى.

دەل ـ دەرەخلەرگە تولغان ھەيۋەتلىك تاغلار بىر ـ بىرىگە ئۇلاشقان، سۇلار ئۇلۇغ ئېقىپ شارقىراتمىغا ئايلانغان، ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر، ياۋا گۈل ـ گىياھلار بولۇق ئۆسكەنىدى. سەنەم ئەتراپقا خورسىنىپ قارىدى. زېمىن تىپتىنچ ئىدى. سەنەم تاشلار ئارىسىدىن ئېقىۋاتقان ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ چوقچىيىپ چىقىپ قالغان تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، مۇزدەك سۇدا يۈزىنى يۇدى. توساتتىن، ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان رۇستەم باشچىلىقىدىكى غەزنەۋىلەر لەشكەرلىرى سەنەمنى قاتمۇقات ئورىۋېلىشتى، سەنەم چۆچۈپ ئۆزى كەلگەن تەرەپكە قارىدى، ئوخشاشلا غەزنەۋىلەر لەشكەرلىرى بىلەن لىق تولغانىدى. لەشكەرلەر چۆپلۈكتە بىر رەت بولۇشۇپ ئۇنى زىچ ئوراپ تۇرۇشتى. ئۇلار خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن يولۋاستەك سەنەمگە تىكىلدى. ھېچ يول تاپالمىغان سەنەم سۇغا سەكرەپ، تېز ئېقىندا ئېقىپ كەتتى، ئەمما بىر تار ئېغىزدا لەشكەرلەر ئۇچلۇق نەيزىلىرىنى سۇغا تىقىپ، سەنەمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. سەنەم جېنىنىڭ بارىچە تاشقا ياماشتى، ئەمما تاش سىلىق بولغاچقا، تاشنى تۇتالماي يەنە سۇدا ئاقتى. ئاخىر ئۇ غەزنەۋىلەر نەيزىلىرىنى سىلىپ، توسۇپ تۇرغان تار ئۆتكەلگە ئېقىپ

باردى ...

نىگارئايىم غار ئاغزىدا ئەنسىرەپ سىرتقا قارىماقتا ئىدى. بىردىنلا ئاتىنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە، پۈتۈن بەدىنى تەرگە چۆمۈلگەن، يۈز ـ كۆزى لايغا مىلەنگەن غېرىب ۋە ئىلياس غارغا كىرىپ كەلدى.

— ئانا ... سەنەم قېنى؟ ... تېز ... بۇ يەر خەتەرلىك ... چاپسان ! — دېدى غېرىب.

— سەن ... بالام ... ئىلياس ...

ئىلياس بىلەن نىگارئايىم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— سەنەم هازىرلا قايتىپ كېلىمەن دېگەنىدى، سىرتقا چىقىپ كەتكىلى بىر ئاش پىشىم ۋاقىت بولدى، تېخى قايتىپ كەلمىدى، ئادەمنى بەكلا تەقەززا قىلدى، — دېدى نىگارئايىم.

— ۋاي، چاتاق بوپتۇ! — دېدى غېرىب.

— سەن نىگار ئانامنى ئېلىپ ماڭغاچ تۇر، مەن سەنەمنى ئىزدەي، — دېدى ئىلياس.

— ياق، سەن ئانامنى ۋە بۇرادەرلەرنى ئېلىپ بىللە مېڭىڭلار، مەن سەنەمنى تېپىپلا سىلەرگە يېتىشىۋالىمەن!

غېرىب شۇنداق دېگىنىچە ئىلياسنىڭ گەپلىرىگە ئۇنىماي، ئۇلارنى ئالدىرىتىپ غار ئېغىزى ئالدىغا چىقتى ۋە ئانىسىنى يۆلەپ ئاتقا مىندۇردى، ئۇنى ئىلياس بىلەن بىللە ماڭغۇزۇپ، ئۆزى ئاق ئېتىغا مىنىپ باشقا تەرەپكە قاراپ چېپىپ كەتتى.

يەكچەشمە رۇستەم چەمبەرچاس قىلىنىپ باغلانغان، ئۇستۇېشى هۆل بولۇپ كەتكەن سەنەمنى ئېتىنىڭ ئالدىغا توغرىسىغا ياتقۇزۇپ لەشكەرلەر بىلەن خۇشال ـ خۇرام قايتتى. يىراقتا غېرىب چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، چۆپلۈكتە مۆكۈنۈپ ئۇلارنىڭ هەرىكىتىنى ماراپ تۇردى. رۇستەم توختىماي ۋالاقلاپ كەلمەكتە ئىدى.

— هەي، تىنىمسىز ئەرۋاھ، يۈرىكىڭ بولسا بۇياققا چىق ! سېنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان بىلىمەن، نوچى

بولساڭ قولۇمدىكى كەكلىكنى يۇلۇپ ئەكەتمەمسەن ! يىگىت بولساڭ بۇياققا چىق !

شۇ پەيتتە، رۇستەمگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئىككى لەشكەرگە يا ئوقى تېگىپ يىقىلدى، رۇستەم ھوشيارلىنىپ ۋارقىرىدى:

— ئەرۋاھ ئۇ يەردىكەن! تېز قوغلاڭلار !

لەشكەرلەر چۇقان سېلىشىپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا قاراپ چېپىشتى ۋە شارىلداپ ئېقىۋاتقان دەريادىن كېچىپ ئۆتتى، غېرىب قويۇق تېرەكلىكلىككە قاراپ چاپتى، لەشكەرلەر غېرىبنىڭ كەينىدىنلا چېپىشتى.

— بۇ ئەرۋاھ ئۇ يەردىن شەپە بېرىپ، بۇ يەردىن ئۇنۇپ چىقىشى مۇمكىن، يالغاندىن ئۇ تەرەپكە قاراپ قاچقان بولۇپ، قېشىمىزدىنلا چىقىشى مۇمكىن، بىخەستەلىك قىلماي، ھوشيار تۇرۇڭلار! — دېدى رۇستەم.

لەشكەرلەر چۇقان سېلىشىپ رۇستەمنىڭ ئوڭ - سول ۋە ئالدى - كەينىنى ئوراپ تۇرۇشتى.

قويۇق ئورماندىكى تاغ يولىدا ئىلياس بىرقانچە بۇرادەرلىرى بىلەن نىگارئايىمنى قورۇقداپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. نىگارئايىم ئات ئۈستىدە ئىلياسقا قارىدى، ئىلياس ئورۇقلاپ سارغىيىپ كەتكەن، ناھايىتى ھارغىن، يۈز - كۆزى لاي ۋە قان ئىزى بىلەن تولغانىدى.

— بالام ئىلياس ... مېنىڭ قىزىم ... مېنىڭ قىزىم گۈلجامالچۇ؟ سىلەر ئۇنى نەگە تاشلاپ قويدۇڭلار؟ — دېدى نىگارئايىم.

— ئانا، غېرىب سىلىگە ئېيتمىدىمۇ؟ ئۇ ئاللىبۇرۇن ...

ئىلياس غېرىبتىن گۈلجامالنىڭ يا ئوقى تېگىپ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ھاياتىدىن ئايرىلغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى.

— ئاھ ! — نىگارئايىم ئاتتىن يىقىلدى، ئەمما ئىلياس ئۇنىڭ

يېنىدىلا بولغاچقا نىگارئايىمنى تونتۇۋالدى ۋە تىزگىنىنى تارتىپ ئاتنى توختاتتى. ئۇلار ئۆستەڭ يېنىدىكى چۆپلوككە نىگارئايىمنى ياتقۇزدى، ئىلياس نىگارئايىمنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى.

— نىگار ئانا ... نىگار ئانا ... تېزدىن كۆزلىرىنى ئاچقايلا ! — دېدى ئىلياس.

بېشىنى ئىلياسنىڭ قوينىغا قويغان نىگارئايىم ئاستا ـ ئاستا كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە يەنە يىغا سالدى:

— ۋاي خۇدا، ئون گۈلىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان بالام ! مېنى ئازابقا تاشلاپ كەتكەن بالام ! سەن ئۆلگۈچە مەن ئۆلسەم بولمامدۇ بالام ! مېنىڭ ئوبدان ھەمراھىم بالام ! سېنىڭ جەسىتىڭنى دۇشمەننىڭ ئاتلىرى چەيلەپ تاشلىغانمىدۇ بالام ! سېنىڭ جەسىتىڭ سايدا ئوچۇق قالغانمىدۇ بالام ! ئىلياس بالام، مېنى پاتراق بالامنى ئۆلتۈرگەن دۇشمەنلەرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ بېرىڭ، مەن ئۆز قولۇم بىلەن بىچارە قىزىمنى يەرلىككە قوياي، دۇشمەنلەر مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ مەيلى ... تېز ... مېنى قىزىمنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىڭلار ... تېز، بالام !

— سەۋر قىلسىلا ئانا، ئەھۋالنى تېخى ئېنىق بىلەلمىدۇق. گۈلجامالنىڭ بۇ دۇنيادا يەنە يەيدىغان رىزقى بولسا، ھايات قالار، ئاللا، كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلار. غېرىب بىزنىڭ يولتۇز ياپلىقىغا بېرىپ ئاباباس شاھ بىلەن جەم بولۇشىمىزنى تاپىلىدى، — دېدى ئىلياس.

— قىزىمدىن ئايرىلىپ، ئوغلۇم بىلەن سەنەمنى دۇشمەننىڭ ئالىقىنىدا قويۇپ، قانداقمۇ شاھنىڭ قېشىغا باراي؟ بالىلىرىم بۇ يەردە قالدى، مېنىڭ ياشىغىنىمنىڭ ئەمدى نېمە مەنىسى قالدى؟ يۈرىكىمدە بىر پارچە ئوت يېنىپ تۇرىدۇ! — دېدى نىگارئايىم.

— غېرىب سەنەمنى تېپىپلا بىزگە يېتىشىدۇ، — دېدى ئىلياس.

— ئىشەنمەيمەن، كۆڭلۈم تويۇپلا تۇرىدۇ، ئەمدى ئوغلۇمنى ھەرگىز كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن !

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئانا ...
— مەن يۇلتۇز يايلىقىغا بارمايمەن، مېنى ئاتىڭىز شەيخ جالالىدىنىنىڭ يېنىغا ئاپىرىڭ، مېنى ھېراتقا ئېلىپ بېرىڭ! غېرىب بىلەن سەنەمدىن ئايرىلىپ، يۇلتۇز يايلىقىغا بېرىپ شاھ بىلەن جەم بولغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى! مەن ئۆلسەم، ئاتىڭىز بىلەن بىللە مېنى دەپنە قىلىڭ، مەنمۇ ئۇزۇن ياشىيالمايمەن، — دېدى نىگارئايىم.
— ئاڭلىسام، ھېراتنى شاۋاز سۇ قويۇپ بېرىپ غەرق قىلىۋېتىپتۇ، شەھەردىكى خەلقلەرنىڭ تولىسى سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپتۇ. ئاتام تىرىكمۇ ياكى ئۆلۈكمۇ تېخى ھېچقانداق خەۋەر يوق. يۇلتۇز يايلىقىدىن بۆلەك بىزنىڭ پاناھلىنىدىغان يېرىمىز قالمىدى. غېرىب بىزگە سىلى ۋە ئاباس شاھنى جان تىكىپ قوغداشنى تاپىلىدى. شۇڭا، مەن غېرىبنىڭ تاپىلىغىنىدەك بېجىرمىسەم بولمايدۇ، ئاللاغا ئىشەنگەندىن تاشقىرى مەن غېرىبقىلا ئىشىنىمەن، ئۇ چوقۇم سەنەمنى تېپىپ كېلەلەيدۇ، نىگارئايىم ئانا، سەل سەۋر قىلسىلا.
لەشكەرلەر بىلەن ئىلياس نىگارئايىمنى ئاستا يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئاتقا مىندۈردى ۋە تاغ يولىنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى.
ئىسمائىل بارگاھىدا ماھۇق ياستۇققا يۆلىنىپ چىلىم چەكمەكتە. كېنىزەكلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە. ئابدۇللا ئۇنىڭ ئايىغىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى.
— ۋەزىر جانابلىرى، ئۇ تۇرۇپ يوقاپ، تۇرۇپ پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئەرۋاھ دەل ئاباسنىڭ مەلىكىسى سەنەمنىڭ ئاشىقى غېرىب بولىدۇ، — دېدى ئابدۇللا. ئىسمائىل كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ سورىدى:
— سەن ئۇ ئىككەيلەننى قانداق بىلىسەن؟
— بۇ بەتبەخت بىزنى ئۇزاقتىن بۇيان ئاز ئاۋارە قىلمىدى. ئۇ ئىككىسى ئاشىق - مەشۇق، غېرىب دېگەن بۇ سارائ كۈن

بويى مەلىكىدىن نېرى كەتمەيدۇ، ئىككىسىدىن بىرىنى تۇتۇۋالساقلا، يەنە بىرى پەرۋانە ئۆزىنى چىراغقا ئۇرغاندەك پەيدا بولىدۇ، — دېدى ئابدۇللا.

— ھە، ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن ـ دە، لالما ئىت ! بىزنىڭ رۇستەمنى قارىغۇ قىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن ئاتىباسىنى ئېلىپ قاچقان ئەرۋاھ ئەسلى شۇ ئىكەن ـ دە !

— ئەگەر سەنەمنى تۇتۇۋالساق، غېرىب ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىلا قولغا چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەتتا ئاتىباسىنى سېتىۋېتىشى مۇمكىن، — دېدى ئابدۇللا.

— بۇ گېپىڭ ئورۇنلۇق ! — دېدى ئىسمائىل.

بىر توپ غەزنەۋى لەشكەرلىرى دۇمبىسىگە يا ئوقى سانجىلغان گۈلجامالنى سەئىدەنىڭ كىگىز ئۆيىگە ئەكىردى.

— ئاڭلىساق، بۇ قىزچاق ھېلىقى غېرىب دېگەن ئەرۋاھنىڭ سىڭلىسى ئىكەن، تېخى تىنىقى تۇرىدۇ، ئەگەر ئۇنى قۇتۇلدۇرالىساق، چوڭ بىلىمىقتىن بىرنى قارماققا ئىلىندۇرالايمىز، — دېدى لەشكەر بېشى.

— تېز، جۇنەيدىدىن تېۋىپنى تېپىپ كېلىڭلار، ئۇنى ئۇ كىشى قۇتۇلدۇرالىشى مۇمكىن. ھەي، كىچىككىنە قىزمۇ بۇنداق ئوقۇۋەتكە قالامدۇ؟ تېز، ئۇنى ياتقۇزۇڭلار! — دېدى سەئىدە.

سۇلتان مەھمۇد ئۆز چېدىرىدا چاتىرقىنى كېرىپ قىينىلىپ تۇرۇپ ماڭماقتا:

— قايسى ۋاقىت بولۇپ كەتتى، تېخىچە ئاتىباسىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمىدىم. ھەي، نان قېپىلار، ۋاقىت ئۆزارسا بۇ جاڭگال تۇركلىرىنىڭ شاھقا بولغان ئىشەنچى بارغانسېرى ئېشىپ، بارغانسېرى كۈچىگە كېلىپ بىزگە قارشى ھۇجۇم قوزغايدۇ. ئۇنىڭ كاللىسىنى بالدۇرراق ئېلىپ، ئۆز ئېلىدە سازايى قىلالمىغىنىمىزنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز. تېز ئېيتىڭلارچۇ، ۋەزىرلىرىم، ئەجەبا سىلەرنىڭ مېنى خۇش قىلغۇدەك بىرەر تەدبىرىڭلار يوقمۇ؟

— سۇلتان ئالىيلىرى، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز رۇستەمنىڭ سەنەمنى قولغا چۈشۈرۈش - چۈشۈرەلمەسلىكىدە قالدى، — دېدى ئىسمائىل.
— قانداقسىگە؟ — سورىدى سۇلتان مەھمۇد.
— ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئاباباسىنىڭ ئۇ مەلىكىسى غېرىب ئىسىملىك بىر چەۋەنداز بىلەن ئاشىق - مەشۇق ئىكەن. ئۇلار ھەتتا بىر - بىرى ئۈچۈن قۇربان بېرىدىغان دەرىجىگە يېتىپتۇمىش. ئەسلىدە شاۋاز مەلىكىنى ئوغلى ئابدۇللاغا ئېلىپ بەرمەكچىكەن، ئەمما غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ پىراقى بۇنىڭغا توسقۇنلۇق بوپتۇ، ھەتتا غېرىب بىلەن سەنەمنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسى بۇ ئەلدە كەڭ تارقىلىپ، ھەممە كىشىنىڭ ئاغزىدا داستانغا ئايلىنىپتۇدەك، — دېدى ئىسمائىل.
— بولدى، بولدى ... ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ بىزگە نېمە ئەھمىيىتى، قاراخانىيلار ئېلىدە مۇنداق ئىشلار سامانىدەك، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.
— سۇلتان ئالىيلىرى، سىلى بەك تەقەززالىنىپ، بەك رەللە بولغاچقا، ئۆزلىرىنى ئاچچىق ئېلىپ قويۇپتۇ، كاللىلىرىنى سەگەكلەشتۈرگەيلا. پەقەت رۇستەم سەردار مەلىكىنى تۇتۇپ كېلەلىسىلا، ئاباسنى تۇتالماسلىقلىرىدىن ئەنسىرىمىسىلە ! — دېدى ئىسمائىل. سۇلتان مەھمۇد ئاڭقىرالماي ئاغزىنى ئېچىپ قېلىپ سورىدى:
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— ۋاقتى كەلگەندە مەلىكىنىڭ ئاشىقى غېرىب كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزماي قالمايدۇ، ئەمدى ئۇ ئەرۋاھقا مەلىكىنى ئېلىپ قاچقىلى قويمىساق بولىدۇ. ئۇنى تۇتىۋالساقلا، ئۇنى بىز بىلەن سودىلىشىشقا مەجبۇر قىلالايمىز، — دېدى ئىسمائىل.
— قانداق سودا ئۇ؟ — سورىدى سۇلتان مەھمۇد.
— غېرىب دېگەن بۇ ئەرۋاھ بىزنىڭ رۇستەمنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ ئاباسنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ قېچىپ كەتكەن،

ئاندىن ئۇنى يوشۇرۇپ قويغان. ئۇ مەشۇقىغا ئىبرىشىمەن دېسە، ئاتباسنى بىزگە تاپشۇرۇشى لازىم، — دېدى ئىسمائىل.

— ئەگەر مەلىكىنى تۇتۇۋالىدىغان بولسام، ئۇنى ھايالشىماي كىچىك خوتۇنلۇققا ئالىمەن. ئۇ ئىتتىنىڭ بالىسى بىلەن سودىلىشىپ قولغا چۈشكەن قىزنى خەققە بېرىۋېتىدىغان مەھمۇد غەزنەۋى يوق. مەيلى ئاتباس ياكى ئۇنىڭ مەلىكىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ سېسىق نامىنى پۈر كەتكۈزۈپ، بېشىنى كۆتۈرگۈسىز قىلىپ، ئاخىر تاپىنىم ئاستىدا چەيلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز، سۇلتان ئالىيلىرى، ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئاتباسنى تاپقۇزۇپ، قالغان ئىشلارنى شۇ ۋاقىتتا بىر نېمە دېمەمدۇق! — دېدى ئىسمائىل.

— بىز ھېچكىم بىلەن سودىلاشمايلا قاراخانىيلار ئېلىنىڭ شۇنچە كۆپ شەھەر، يايلاق، كەنتلىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدۇق. ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، ئەجەبا بىز ئاشۇ بىر سولتەك بىلەن سودىلىشارمىزمۇ؟

— سۇلتان ئالىيلىرى، بەزى چاغلاردا تىلەمچىدىن تىلەشنىڭ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەسلىكىنى بىلىشلىرى كېرەك.

— ئاڭلىسام ئۇ ئەرۋاھنى پادىشاھقا بەك سادىق، ئۇنى ئاتباس بېقىپ چوڭ قىلغان دېيىشىدۇ، بۇنداق سودىدا كېلىشكىلى بولارمۇ؟ — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ، — دېدى ئىسمائىل.

— نېمە ئامال بار؟ — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئابدۇللا دېگەن بۇ لالما ئىتتىنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ يۇلتۇز يايلىقىدا قاراقاپلان دەپ بىر قەبىلە بار ئىكەن. بۇ ئاتباسنىڭ قەبىلە ئۇرۇقىغا تەئەللۇق بىر قەبىلىسى ئىكەن. بۇ قەبىلە نامىدا ئاتىغان قاراشەھەر دەپ بىر شەھەر بار ئىكەن. ئاتباس ھېچ يەردە بولمىسا، ئۇ ھالدا ئاشۇ قاراقاپلاننىڭ قەبىلىسىگە يوشۇرۇنغان بولىدىكەن، — دەپ چۈشەندۈردى

ئىسمائىل.

— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — سورىدى سۇلتان مەھمۇد.

— بۇ پەقەت ئابدۇللا دېگەن ئىتنىڭ ئويلىغىنى، — دېدى ئىسمائىل.

— مۇشۇنداق گەپنىمۇ ماڭا بالدۇر ئېيتماي تىلىنى چاپاپ تۇرۇشقىنىنى؟

— سۇلتان ئالىيلىرى، سىلى ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتىلا، زېھنىلىرى چېچىلىپ كەتمىسۇن دېگەنىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پەقەت ئابدۇللانىڭ پەرىزى، خالاس. ئاباس شاھنى ھېلىقى ئەرۋاھ ئالىقىنىمىزدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپ چوقۇم بىر يەرگە تىقىپ قويدى. مېنىڭچە، بىز مەلىكە ۋە غېرىبنى ھېچ يەردىن ئىزدەپ تاپالمىغاندا مۇشۇ ئامالنى قوللىنىپ، يۇلتۇز يايلىقىغا يۇرۇش قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى ئىسمائىل.

— گېپىڭنىڭ ئاساسى بار، ئاباسنى غېرىب قولاق تۈۋىمىزدىن ئەكەتكەن ۋە ئۇنى يوشۇرۇپ قويغان. بۇنىسى ئېنىق. ئەگەر رۇستەم مەلىكىنى قولغا چۈشۈرەلمىسە، غېرىب دېگەن ئەرۋاھنىمۇ قولغا چۈشۈرگىلى بولمايدۇ، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— بۇ ئەرۋاھ يەنە كېلىشى مۇمكىن، — دېدى ئىسمائىل.

— ئۇنىڭ سىڭلىسى يارىلىنىپ قولىمىزغا چۈشتى. ئۇمۇ غېرىبنى قارماقتا ئىلىندۇرىدىغان بىر يەمچۈك. ئۇ چوقۇم كېلىپ سىڭلىسىنى قۇتقۇزماي قالمايدۇ، — سۇلتان مەھمۇد شۇنداق دەۋاتقاندا پۇتۇن بەدىنى تەرگە چۆمۈلۈپ، لايغا مىلىنىپ كەتكەن رۇستەم خۇشاللىق بىلەن كىرىپ دېدى:

— ئەسسالام، ھۆرمەتلىك سۇلتان ئالىيلىرى، ئاللا مەلىكە سەنەمنى يەنە سىلىگە نېسىپ قىلدى، مەن ئۇنى ئەكەلدىم!

سۇلتان مەھمۇد بۇنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن ئېغىز - ئېغىزىغا تەگمەي رۇستەمنى ماختاپ كەتتى:

— ھاي ... ھاي ... بارىكاللا ! يارايسەن ! رۇستەمى داستان !

مېنىڭ ئوبدان ئوغلۇم ! مېنىڭ يېڭىلمەس باتۇرۇم ! مەن مەلىكىنىڭ مۇھەببەت ھېكايىسىدىن مەست بولۇپ، ئۇنى ئويلاپ ساراڭ بولاي دېگىنىمدە، سەن ئۇنى يەنە ئەكەپسەن. ساڭا كاتتا ئىنئام بېرىمەن، مېنىڭ پالۋىنىم ! سەن مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭ، سېنىڭدىن ئەڭ رازىمەن. بۈگۈن ئاشۇ تەشنا بولغان مەشۇقنىڭ پەيزىنى راسا سۈرىمەن. بۇنىڭ بىلەن غېرىب دېگەن ئەرۋاھنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن زىيىنىنى ۋە ئازابلىرىنى تۆلىتىۋالىمەن. تېز تەييارلىق قىلىڭلار! — سۇلتان خۇشاللىقتىن رۇستەمنى چىڭ قۇچاقلىدى، ھەتتا چاترىقىدىكى ئاغرىقنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

— ئاغرىقلىرى سەللىمازا ساقايغاندىن كېيىن ... — ئىسمائىل گېپىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا سۇلتان مەھمۇد دېدى:

— ئۇ ئاجايىپ چىرايلىقكەن. ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار، قانغۇچە كۆرەي !

سەئىدەنىڭ كىگىز ئۆيىدە گۈلجامال ھوشىغا كېلىپ كۆزلىرىنى ئاچتى. سەئىدە ياغاچ قوشۇق بىلەن ئۇنىڭغا ھالۋا يېدۈردى. گۈلجامال سەئىدەگە تىكىلگەچ ھالۋىنى ئاستا ـ ئاستا يۇتماقتا ئىدى.

— ئوبدان بالام، مېنىڭ ياخشى قىزىم، گۆھىرىم، بۇ ھالۋىنى يەپ بولسىڭىز تېزلا ساقىيىپ كېتىسىز، پات ئارىدا ئانىڭىز ۋە ئاكىڭىز بىلەن كۆرۈشىسىز ... ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشىڭىز ئۈچۈن بار كۈچۈم بىلەن سىزگە ياردەم قىلىمەن. سىز بالا بولغاچقا، چوڭ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىڭىز يوق، سۇلتانىمىز سىزنى ئۆز بالىسىغا كۆيگەندەك ئاسرايدۇ، مەنمۇ سىزنى ئۆز بالامدەك كۆرۈپ، سىزنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسرايمەن، — دېدى سەئىدە. بۇ چاغدا بىر كېنىزەك كىرىپ سەئىدەگە پىچىرلىدى، سەئىدە شارتتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن گۈلجامالنىڭ پېشانىسىگە سۆيگەندىن كېيىن دېدى:

— بالام، بۇ ئاچاش سىزگە ھالۋا يېدۇرۇپ، ھېكايە ئېيتىپ بېرىدۇ. مېنىڭ ئىشىم بار، چىقىپلا كىرىمەن. قالايمىقان خىيالدا بولماي ئاچچىغىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاڭ، ئوبدان بالام.

سەئىدە گېپىنى تۈگىتىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ چىقىپ كەتتى.

كېچە، كەڭتاشا كىگىز ئۆيدە سەنەم تۈۋرۈككە چەمبەرچاس باغلانغانىدى، سەئىدە كىرىپلا سەنەمنىڭ قېشىغا ماڭدى.

— ۋايىيەي، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، نازۇك بىر قىزچاقنى بۇنداقمۇ چەمبەرچاس باغلىغان نەدە بار؟ بولدى، ھەممىڭلار چىقىپ كېتىڭلار، پەقەت مەنلا مەلىكە بىلەن سۆزلىشەلەيمەن، مەلىكىنىڭ يۇمران بىلەكلىرىنى مۇشۇنداقمۇ باغلىۋەتكەن بارمۇ؟ نېمىشقا ئەمدى؟ بىزنىڭ سۇلتانىمىزنىڭ لەشكەرلىرى قومدەك جىق تۇرسا، شامالمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان تۇرسا، نېمدەپ قاچقۇدەك؟ سۇلتان بىلەن بىر ئوبدان پاراڭلىشىپ، تەقدىرگە تەن بەرگىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ ھەممىڭلار چىقىپ كېتىڭلار! ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى بولىدۇ، چىقىپ كېتىڭلار! — دېدى سەئىدە. لەشكەرلەر ئۇن ـ تىن چىقارماي قاتتۇرۇپ قويغاندەك تۇرۇشتى، باغلاقتىن يېشىلگەن سەنەم تۇيۇقسىز سەئىدەنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى قايرىۋېلىپ توۋلىدى:

— ماڭا يول بوشىتىپ بېرىش ! بولمىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن !

گەپ ئاياغلاشماي تۇرۇپ، سەنەمنى لەشكەرلەر قۇچاقلىۋېلىپ سەئىدەنى ئاجرىتىۋالدى. سەنەم جېنىنىڭ بارىچە تىركەشتى.

— سەئىدە خېنىم، بۇ جاھىل مەلىكە بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ياۋاشلىقچە سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تىنچلاندۇرۇش دورىسى ئىچۈرەيلى! — دېدى لەشكەر.

— ماقۇل، شۇنداق قىلمىساقمۇ بولمىغۇدەك.

سەئىدە سۆزلىگەچ قويىنىدىن ناسۋال قاپىقىنى چىقىرىپ،

توختىماي ئىركىشىۋاتقان سەنەمنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى، شۇئان سەنەم ھالى قالمىغاندەك بولۇپلا لەشكەرنىڭ قوينىغا يىقىلدى.
— بولدى، ئۇنى ئۆزۈم يىغىشتۇراي، ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن يۇيۇندۇرۇپ، ياساندۇرغاندىن كېيىن سۇلتان ئالىيلىرىنىڭ قېشىغا ئاپىراي. كېلىڭلار، كېنىزەكلىرىم.
بىرمۇنچە كېنىزەكلەر كېلىپ، ئۇيقۇغا كەتكەن سەنەمنى كۆتۈرۈپ سۇپىدا ياتقۇزۇپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇشقا تەييارلاندى.
سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بولسا بارگاھىدا ماموق ياستۇققا يۆلىنىپ، يەتتە قات كۆرپە ئۈستىدە سىگار يان يېتىپ نەشە چەكمەكتە ئىدى. كېنىزەكلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئالدىراش يۈرۈشەتتى، بەزىلەر يەلپۈگۈچتە يەلپۈسە، بەزىلەر ئۇنىڭ بەدىنىنى ئۇۋۇلايتتى. بۇ چاغدا ياساۋۇلچە كىيىنگەن ئابدۇللا قەددىنى رۇس تۇتۇپ، بەدىنى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان شايى كىيىم كىيدۈرۈلگەن سەنەمنى كۆتۈرۈپ كىردى - دە، سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئالدىغا ئاۋايلاپ قويدى. قولىدا قىلىچ تۇتقان ئىككى قاراۋۇل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلدى. ئابدۇللا سۇلتانغا ئۈچ قەدەم يىراقلىقتا تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى:
— سۇلتان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، مەن ئەسلىي قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي سەركەردىسى ئىدىم. جېنىمنى تىلمۇۋېلىش ۋە سۇلتاننىڭ پاناھىدا بولۇش ئۈچۈن، قاراخانىيلار پادىشاھىنىڭ مەلىكىسىنى سىلىگە خۇرسەنلىك ئىلكىدە قوش قوللاپ سۇندۇم، ئىلتىپات كۆرسىتىپ قوبۇل ئەتكەيلا.
سۇلتان مەھمۇد كۆزىنى يېرىم ئېچىپ دېدى:
— سەن لالما، بۇ گەپلەرنى ئۆزۈڭنىڭ سېسىق جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دەۋاتامسەن ياكى يۈرىكىڭدىن چىقىرىپ دەۋاتامسەن؟
— قەدىرلىك سۇلتان ئالىيلىرى، بۇ يۈرىكىمدىن چىققان

گەپلەر، — دېدى ئابدۇللا قورقۇمسىراپ.
— مېنى قانداق ئىشەندۈرمەكچى سەن؟ — دېدى سۇلتان مەھمۇد.
— ئۇخلاۋاتقان بۇ مەلىكە ناھايىتى ھاكاۋۇر. ئۇ ئەزەلدىن مېنى كۆزىگە ئىلمايدۇ، ھەمىشە مېنى تۆۋەن كۆرىدۇ. ئىلگىرى مېنى شۇنداق ئازابلىغانىدى. ئاتام دېگەن ئالۋاستى مېنى ئۇنى ئېلىشقا زورلىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى ئەمرىمگە ئالسام، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ شاھلىقىغا ئىگە بولالايدىكەنمەن، ئۇ غېرىب بىلەن قانداق يېقىنلىشىشتىن قەتئىينەزەر، چوقۇم چىداپ تۇرۇشۇم كېرەك ئىكەن. مەن ئۇنىڭ غېرىب بىلەن بولغان ئوتتەك مۇھەببىتىگە چىداپ تۇرغاندىن باشقا ھېچنېمە قىلالمىدىم، ئەسلى مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدىغان كىشىنىڭ باشقا يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىشىگە قاراپ تۇردۇم. شۇڭا، قاتتىق ھەسەت قىلدىم. بۇ ئىش ماڭا قاتتىق ھار كەلدى.
— ئەمىسە ھازىرچۇ؟ ئەسلى خوتۇنۇڭ بولىدىغان قىزنى ماڭا قوش قوللاپ تۇتتۇۋاتسەن، بۇ ساڭا ھار كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلتان مەھمۇد.
— مۇشۇ دەقىقىدە مەن چەكسىز خۇشاللىق ھېس قىلىۋاتىمەن، ئۇنى سىلىنىڭ قوللىرىغا تاپشۇرغىنىمدىن كۆڭلۈم چەكسىز يايراپ كېتىۋاتىدۇ. ئىلگىرى تارتقان ئازابلىرىم بۇلۇتتا ئوخشاش تارقاپ كەتكەندەك، ئۆزۈمنى ناھايىتى ئازادە ھېس قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۇچۇن تارتقان ئازابلىرىم مېنى ئاللىبۇرۇن ئۇنىمۇ شۇنداق ئازابلارنى تارتقۇزۇش نىيىتىگە كەلتۈرگەنىدى. ھازىر ئۇنى ئالدىلىرىغا ئەكېلىپ، بۇ ئاچچىقلىرىم چىققاندەك بولدى. قىساسىنىمۇ ئالغاندەك بولدۇم.
— دېمەك، مەن ھازىر سەن ئۇچۇن قىساس ئېلىپ بېرىۋېتىپتىمەن ـ دە؟ مۇشۇنداق بولسا رازى بولامسەن؟ ئۇنداق بولسا، ئۇنى قوينۇمغا سال، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.
ئابدۇللا سەنەمنى مەھمۇدنىڭ يېنىغا قويدى، تەزىم بەجا

كەلتۈرگەندىن كېيىن كەينىگە ئۈچ قەدەم ياندى. سۇلتان مەھمۇد رەسىمدەك گۈزەل ۋە سۈزۈك سەنەمگە قاراپ شەھۋانىيلەرچە كۈلدى.
— ئالدىنقى قېتىم ئۇ بۈگۈنكىدەك بۇنچىۋالا گۈزەل تۇيۇلمىغانىدى. بۈگۈن ئۇنى ئىلگىرىكىدىن گۈزەل كۆردۈم. پاھ، پاھ، پەرىزاتنىڭ ئۆزى ئىكەن، ئىچكەن سۈيى بوغۇزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بوينى ئاق قۇنىڭ بوينىدەك، سىياقى قاشتېشىدەك سۈزۈك.
سۇلتان مەھمۇد سۆزلىگەچ ئاغزىنى سەنەمنىڭ چىڭ يۇمۇلغان كۆزىگە ئاپاردى. ئۇخلاۋاتقاندەك بولۇۋالغان سەنەم شارتتىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، سۇلتان مەھمۇدنىڭ بېلىدىكى ئالماس قويدۇرۇلغان خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋالدى، ئاندىن چاققانلىق بىلەن بىرىنى تىزلىنىپ تۇرغان ئابدۇللانىڭ قورسىقىغا تىقتى. ئابدۇللا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ پىچاق يېدى ـ دە، شۇئان كۆزىنى چەكچەيتىپ پالاققىدە جايىغا يىقىلىپ قالدى.
— ۋاپاغا جاپا قىلدىغان ئۆلگۈر ئەبلەخ! قىساس دېگەن مانا شۇ، ئەمدى ئاچچىقىڭ بېسىقىپ راھەت ھېس قىلغانسەن؟ ھايۋاندىنمۇ بەتتەر مۇناپىق!
سەنەم سۇلتانغا تېخى ئېتىلمايلا، لەشكەرلەر ئۇنى قورشاپ بىر قامچا بىلەن قولىدىكى خەنجەرنى چۈشۈرۈۋەتتى، بىرنەچچە لەشكەر ئۇنىڭغا تەگلا ئېتىلىپ يەرگە يىقىتتى. ئابدۇللا شاتىرى بىر قانچە قېتىم تىترەكلەپ جان ئۈزدى.
كېچە، سانسىزلىغان ئاق كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئەتراپى گۈلخان بىلەن يورۇتۇۋېتىلگەن، قولىدا مەشئەل كۆتۈرگەن غەزنەۋى لەشكەرلىرى ئەتراپتىكى شەپىلەرگە ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلىشىپ تۇراتتى. تۇساتتىن ئاق ئاتقا مىنگەن غېرىب قاتتىق مۇھاپىزەت ئاستىدىكى لەشكەرلەر ئارىسىدىن سۈركىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما، لەشكەرلەر قىلچە پەرۋا قىلمىدى. غېرىب بىر قاتار ئاق كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، ئاق ئات

قاتتىق كىشنەپ لەشكەرلەرنىڭ تۈزىقىغا چۈشتى. سانسىزلىغان لەشكەرلەر كېلىپ تۈزاقنى ئورىۋالدى ـ دە، تور تاشلىدى. غېرىب تورلارنى قىلىچى بىلەن كېسىپ، ئات ئۈستىدە ئۇلتۇرۇپ تورنى تارتقىنىچە تۈزاقتىن سەكرەپ چىقتى. بۇ چاغدا لەشكەرلەر غېرىبقا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى ـ دە، ئۇنىڭ بىلەن يەردە يوملاقلىشىپ كېتىشتى. غېرىب پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لەشكەرلەرنىڭ دۇبۇلغىسىنى كىيىۋېلىپ، ئۇلارغا ئارىلىشىپ كەتتى. بىر چاغدا يوملاقلىشىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ چىقىۋالدى. لەشكەرلەر تۈزاققا چۈشكەن ئاق ئاتنى ئورىۋېلىشىپ، غېرىبقا زەن سېلىشىمىدى. يوملاقلىشىۋاتقان لەشكەرلەر ئاستا ـ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇشۇپ غېرىبنىڭ يوقلۇقىنى سېزىشتى ـ دە، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشتى. تېزلا دۆۋە ـ دۆۋە ئوتلار پۈتۈن ئېگىزلىكنى قاپلىدى، قاتار كەتكەن ئاق كىگىز ئۆيلەرگە ئوت تۇتاشتى. پارسىلدىغان ئوتلار ۋە قويۇق ئىسلار پۈتۈن ئېگىزلىككە تارىدى. خۇددى پۈتى باردەك، ئوتلار چېدىر ۋە كىگىز ئۆيلەرگە شىددەت بىلەن تۇتاشتى. بىر پۈتۈن كىگىز ئۆيلەر كۆيۈپ كۆلگە ئايلاندى. ئەمما، لەشكەرلەر قىلچە ھودۇقماي، قاتار ـ قاتار سەپ تۈزۈپ، سۇلتان مەھمۇد قاتارلىق ئالىي ئەمەلدارلارنىڭ چېدىرلىرىنى مۇداپىئەگە ئالدى. بەدىنىگە ئوت تۇتاشقان چاشقانلار چىرسىلداپ، لەشكەرلەر ئارىسىدا قالايمىقان چېپىشتى. ئەمما، لەشكەرلەر قىلچە ھودۇقماستىن، ھۆل كىگىز بىلەن ئوت تۇتاشقان چاشقانلارنى بېسىپ، چاشقانلارنى سەپ ـ سەپ بولغان ئادەم تاملىرىدىن ئۆتكۈزمىدى، رۇستەم ھۆل كىگىز بىلەن بىر چاشقاننى تۇتۇۋېلىپ يېقىن ئەكېلىپ قارىدى:

— ھىم، نېمىدېگەن كۆپ چاشقان بۇ! غېرىب دېگەن ئەرۋاھ بۇنچە كۆپ چاشقاننى نەدىن تاپتىكىنە؟ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ياغ تۆكۈپ ئوت تۇتاشتۇرۇپتۇ، ئاتاڭنى، ئەجەب يامانكىنە!

سۇلتان مەھمۇد بارگاھىدا سەنەمنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان

ئالماس قۇيۇلغان خەنجەرگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سەپسالدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە دېدى:

— ھەي، مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، گۆش كېسىپ يەيدىغان پىچىقىم ئىدى، ھېلىقى لالما ئىتنىڭ قېنىغا بويالدى. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن گۆش كېسىپ يېيەلمەيدىغان بولدۇم.

سۇلتان شۇنداق دېگىنىچە غەزەپ بىلەن خەنجەرنى يەرگە ئاتتى.

— ھېلىمۇ ياخشى، سىلىنى خۇدا ساقلاپتۇ، ئالىيلىرى، ئەگەر ئۇ ساراڭ مەلىكە خەنجەرنى سىلىگە سانجىغان بولسا، بىز سىلىدەك نىجات يۇلتۇزىمىزدىن ئايرىلىپ قالماسمىدۇق، سۇلتان ئالىيلىرى؟ — دېدى ئىسمائىل.

— بەلكىم، ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بار ئوخشايدۇ. ئەمما، ئاللا ھەرگىز مېنى خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. قانچىلىك ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگىنىمنى بىلمەيمەن. قانچىلىك ئۆلۈم ـ كۆرۈمنى كۆرۈپ، قانچىلىك باتۇر ئەزىمەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانمەن. ئاللا ھەممىدە مېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغان. ئەگەر، مۇشۇ يەردە بىر ئايال تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلسەم، قانچىلىك ئار ـ نومۇسقا قالغان بولاتتىم ـ ھە! ئاللانىڭ شەپقىتىگە رەھمەت! ھەي، پەقەت ئۆزۈمنىڭ خەنجىرىگىلا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئۇ ئىلگىرى ماڭا يىگىرمە يىل ھەمراھ بولغان، ناھايىتى ئىتتىك، ئۆزۈمگە باب خەنجەر ئىدى، ئۇ ئىلگىرى ماڭا ئامەت ۋە خاتىرجەملىك ئېلىپ كەلگەنىدى، — دېدى سۇلتان مەھمۇد خورسىنىپ.

— تۆمۈرچىگە ئاپىرىپ چوغدا بىر قىزىتىۋېتەيلى، ئوت بىلەن سۇ ھەرقانداق پاسكىنىچىلىقنى چىقىرىۋېتەلەيدۇ ئەمەسمۇ، سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى ئىسمائىل.

— ياق، ياق، كۆڭلۈم بەكلا سوۋۇپ كەتتى، ئەمدى ئاسىي ساتقۇننىڭ قېنى بىلەن بويالغان خەنجەردە گۆش كېسىپ

يېيەلمەيمەن. كۆڭۈلدىكى شەكنى ئوت، سۇ بىلەن يۇيۇپ بولغىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇنى ئەمدى ئىشلەتسەم بولمايدۇ، ئۇنى ئاشۇ لالما بىلەن بىللە كۆمۈپ تاشلاڭلار! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— كىشىنىڭ ئۆزىگە بەخت ۋە ئامەت ئېلىپ كېلەلەيدىغان بىر تىلتۇمارى بولىدۇ، بۇنداق ئالدىراپلا ئۇنى تاشلىۋەتسەڭ بولمايدۇ، سۇلتان ئالىيلىرى، — دېدى ئىسمائىل.

— بولدى، ئەمدى سۆزلىمە. ھېلىقى سارالڭ مەلىكىنىمۇ ئەمدى ئەكېلىپ ماڭا كۆرۈشتۈرمە، ئۇنىڭدىن خويمۇ تويدۇم. ئۇ ماڭا ساھىبجامال قىزنىڭ راھىتىنى ئەكەلمەكتە يوق، قەلبىمدە گۈزەل پەرىشتىنىڭ يېپىنچىسىنى يېپىنىۋالغان زەھەرلىك ئالۋاستىدەك تەسىر قالدۇردى. ئەمدى ئۇنى كۆرسەم، بۇنىڭدىن كېيىن ئاياللاردىن ھېچقانداق بەھرە ئالالمايدىغان بولۇپ قالغۇدەكمەن، ئۇنى يەمچۈك قىلىپ، ئاشىقىنى قارماققا ئىلىندۇرايلى! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

ئەتىسى ياپيېشىل تۈپىلىكتىكى ياغاچ مۇنار چوققىسىدا قاغىنىڭ بېشى چىقىپ قالغىنىغا ئوخشاش توغرىسىغا قويۇلغان ئىككى ياغاچ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ياغاچنىڭ ئۈستىدە سەنەم بىلەن گۈلجامال چەمبەرچاس باغلانغان، ئۇلارنىڭ ئاستىدا ۋاراقشىپ ياغ قايناۋاتقان داش قازان قويۇلغان، لەشكەرلەر مۇنار ئەتراپىدا ئۈچ رەت قېلىن تام بولۇپ ئۇلارنى قورشاپ تۇراتتى.

— غېرىب دېگەن ئەرۋاھ، قەيەردە سەن؟ ئەجەب كېلىپ مەشۇقۇڭ ۋە سىڭلىڭنى قۇتقۇزاي دېمەيسەنغۇ؟ يۈرىكىڭ قاپتەك بولسا كەلمەمسەن؟ سەن شاھنى قۇتقۇزغىنىڭ ۋە ئۇنى تىقىپ قويالىغىنىڭ بىلەن مەشۇقۇڭ ۋە سىڭلىڭنى قۇتقۇزىمەن دەپ خام خىيال ئەيلىمە! سەن مەلىكىگە ئەمەس، شاھلىق ئورنىغا ئاشىق بوپسەن!

رۇستەمنىڭ تۈۋلاشلىرى ھېچقانداق شەپە ئېلىپ كېلەلمىدى، رۇستەم باشچىلىقىدىكى بارلىق سەركەردە - سەرۋازلار تۆت ئەتراپنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىۋاتاتتى.

تۆپىلىكتىكى ھەربىر دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەر سەل ـ پەللا مىدىرلىسا، ئۇلار شۇ ياققا دەررۇ قارايتتى. بىردىنلا ئاتلار چېپىشىپ، چارۋىلار بىر تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى، رۇستەم بىر نىمە سەزگەندەك شۇ تەرەپكە قارىدى. چىپ ـ چىپ تەرلەر ئۇنىڭ قاشلىرىدىن كۆزلىرىگە ئاقماقتا ئىدى. ئۇ ئېتىدىن چۈشۈپ سۇلتاننىڭ بارگاھىغا قاراپ ماڭدى.

سۇلتان مەھمۇد بارگاھىدا ماموق ياستۇققا يۆلىنىپ، يەتتە قات كۆرپە ئۈستىدە چىلىم چېكىۋاتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يېرىم ئاچقاچ نەغمىچىلەرنىڭ ناخشا ـ سازلىرى ۋە ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ئۇسسۇلىدىن ھۇزۇر ئالماقتا.

رۇستەمنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن سۇلتان كۆزلىرىنى ئاچتى. رۇستەم ئالدىرىماي كېلىپ ئىسمائىلنىڭ قارشى تەرىپىدە ئولتۇردى. ئۇ قەدەھنى مەيگە توشقۇزۇپ ئۇن ـ تىن چىقارماي ئىچىۋەتتى، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قەدەھ كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، پۈتۈن قوي تونۇر كاۋىپىنى پىچاقتا كېسىپ يېيىشكە باشلىدى. سۇلتان ئىسمائىلغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن كۆزىنى يەنە يۇمۇۋالدى. ئىسمائىل ئىشارەت قىلىپ سازەندە ـ ئۇسسۇلچىلارنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى، ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىسمائىل قورۇق يۆتىلىپ قويۇپ:

ـــ سەركەردە جانابلىرى، سىلىنىڭ ئېيتقانلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس ئىكەن. غېرىب ئاستانە ئەتراپىدىكى غارنىڭ ئاغزىدا ئاباسىنى قوللىرىدىن ئېلىپ قاچقان ۋە تېزلا غار ئىچىدە ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغان شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاباسنى قانداقمۇ يولتۇز يايلىقىغا ئاپىرىپ، قاراقاپىلان قەبىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەلەيدۇ؟ شۇنداق قىلىشقا ئۈلگۈرەلەمدۇ؟ مېنىڭچە، ئاباس مۇشۇ يېقىن ئەتراپتىلا، يىراققا بارالمايدۇ، ـــ دېدى ئىسمائىل.

ـــ ھۆرمەتلىك ۋەزىر جانابلىرى، سىلى كۆن بويى كىگىز

ئۆيدىن چىقماي، خاتىرجەم يەپ ـ ئىچىپ، ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقىنىنى بىلمەيدىكەنلا. قارىغاندا سىلى قاراخانىيلارنىڭ مەيلىرىدىن مەست بولۇپ، هوشلىرىنى يوقىتىپ قويۇپلا. سىلى قاچانقى ئىشنى دەۋاتىلا! بەلكىم غېرىب دېگەن بۇ ئەرۋاھ هازىر ئۇچقۇر ئېتى ئۈستىدە يۇلتۇز يايلىقىدىن يېنىپ، توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ بىزنى تۇتماقچى بولۇۋاتقاندۇ! — دېدى رۇستەم زەردە بىلەن.

— سىلى نېمىشقا يۇلتۇز يايلىقىغا شۇنچە ئامراق بولۇپ قالغانلا ! دۈشمەن بۇرنىمىزنىڭ ئاستىدىلا تۇرسا، ئۇلارنى تاشلاپ، يۇلتۇز يايلىقىغا بېرىپ نېمىمۇ قىلالا؟ يېقىن ئەتراپ ياكى يۇلتۇز يايلىقىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئابباسنى يوشۇرغان ئادەم غېرىب، غېرىبنى تۇتۇۋالساقلا، ئابباس ئاسمانغا چىقىپ كەتسىمۇ، ئۇنى قۇيرۇقىدىن تارتىپ يەرگە چۈشۈرەلەيمىز، — دېدى ئىسمائىل.

بۇ چاغدا چېدىر ئۈستىگە يوشۇرۇنغان غېرىب قاتتىق توۋلىدى: «مانا مەن غېرىب، قېنى قۇيرۇقىمدىن تارتىڭلار!» ئۇ ئارقىدىنلا ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى.



## ئوتتۇز بەشىنچى باب

سۇلتان مەھمۇد قاتارلىقلار ئىنكاس قىلىپ بولغۇچە، غېرىبنىڭ پىچىرلىغىنىڭ قوپۇپ مۇشۇ كەتكەنلىگى قولىنىڭ سايرىغا سىكرەپ چۈشتى. سۇلتان مەھمۇد، رۇستەم، ئىسمائىل قاتارلىقلار دەررۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى ـ دە، چىرايى تاتىرىشقىنىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي جايىدا تۇرۇپ قېلىشتى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ساقاللىرى تىترەپ كەتتى، ھەيرانلىقتىن ئىسمائىلنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. رۇستەم قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ غېرىبقا قاراپ بىر قەدەم ئالدى. تۇيۇقسىز ئۆينىڭ تۆت تەرىپىدىن قولىغا ئاي شەكىللىك شەمشەر تۇتقان سۇلتاننىڭ تۆت نەپەر ئەڭ يېقىن قوغدىغۇچىسى پەيدا بولۇپ، غېرىبقا ۋەھشىيلەرچە ھەملە قىلىپ تۇردى.

— سەن ئەسلىي قاراخانىيلارنىڭ مەرد ئەزىمىتى بولغاندىكىن، گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ غايىب بولۇپ يۈرمىسەڭ بولاتتى. كېلە قېنى، ئەزىمەت بولساڭ قىلىچىڭنى سۇغۇرۇۋال! سىلەر داۋاملىق مەردنى مەيداندا سىنا دېيىشەتتىڭلارغۇ! ياخشى بولدى! ئېلىشقاننىڭ پەيزىنى راسا سۈرىدىغان بولدۇم، — دېدى رۇستەم.

— مەن ئېلىشقىلى كەلمىدىم، سىلەر بىلەن يۈزتۇرا سۆزلەشكىلى كەلدىم.

غېرىبنىڭ گەپلىرىدىن سۇلتان مەھمۇدنىڭ چىرايى سارغىيىپ، تاتىرىپ كەتتى، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ كېكەچلەپ تۇرۇپ دېدى:

— نى ... نى ... نېمە گەپ؟ سودىلىشامدۇق؟

— شۇنداق، بىز سودىلىشايلى، — دېدى غېرىب.
— قانداق سودىلىشىمىز؟ — دېدى سۇلتان مەھمۇد.
— ئالدىنقى شەرتى سەنەم ۋە سىڭلىمنى قويۇۋېتىسىلەر.
— ئۇنداق قىلمىساقچۇ؟
— ئۆزۈملا سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا كەلدىمغۇ؟ ئۆلتۈرەمسىلەر، چاپامسىلەر ئىختىيارىڭلار.
— ئەرۋاھتەك بىردەم پەيدا بولۇپ، بىردەم يوقاپ كېتىدىغان ئادەم ئەجەب تۇيۇقسىز ئەزىمەتكە ئوخشاپ قالدىڭغۇ، يىگىت؟ — دېدى رۇستەم.
— ئەگەر سەن مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟ — دەپ سورىدى غېرىب.
— ھىم، جېنىمنىڭ ئاخىرىغىچە تىركىشەتتىم، ھەرگىز تىز پۈكمەيتتىم، ئەۋلادلار ئۈچۈن ياخشى نام قالدۇراتتىم، — دېدى رۇستەم.
— مېنىڭ مەشۇقۇم بىلەن جەم بولۇپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگۈم بار، — دېدى غېرىب.
— قارىغاندا سودىمىز باشقا چىققۇدەك، يەنە قانداق شەرتىڭ بار، قېنى ئېيتقىن! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.
— ئەگەر سەنەم بىلەن سىڭلىمنى قېشىمغا ئەكەلمىسەڭلار باشقا گەپ قىلمايمەن، — دېدى غېرىب.
— بولىدۇ، ئاۋۋال قوراللىرىڭنى تاپشۇر، سېنى باغلاپ قويغاندىن كېيىن ئاندىن تەلىپىڭنى قاندۇراي، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.
غېرىب بەلۋېغىنى يېشىپ، يېنىدىكى ئوقيا، بېلىدىكى قىلىچ، خەنجەرلەرنى، قوينىدىكى نەشتەر پۈۋەكچىنى بىر - بىرلەپ سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.
— ھەممە كىيىملىرىڭنى سېلىۋەت! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.
— سەنەم بىلەن سىڭلىمنىڭ ئالدىدا قىپيالىڭاچ

تۇرغىنىمدىن ئۆلۈۋالغىنىم ياخشى!
— سەن پۇشايمان قىلمامسەن؟ بىز سېنى ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزۈپلا كاللاڭنى ئالىمىز! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.
— ئۆلۈمدىن قورقۇقان بولسام، سىلەر بىلەن كۆرۈشمەيتتىم، بۇ يەرگە كېلىشتىن ئاۋۋاللا ئۆلۈمگە تەييارلىق كۆرۈپ قويغانمەن، — دېدى غېرىب.
— بىز سېنىڭ كىيىملىرىڭدىن قورققىنىمىز يوق، پەقەت ھەربىر تۈكلىرىڭغىچە ئەندىشە قىلىمىز، سەن كىيىملىرىڭنى سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ساڭا بىزنىڭ كىيىملىرىمىزنى بېرىمىز، شۇندىلا سەندىن ئەندىشە قىلغۇدەك يېرىمىز قالمايدۇ، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.
— بولىدۇ، مېنى يالىڭاچ قويمىساڭلارلا مەيلى، — دېدى غېرىب.
— ھىم، بوپتۇ، ساڭا ئېگىن بېرىمىز، كىيىمىڭنى سال! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.
— مەن ھەممە قوراللىرىمنى تاپشۇرىدىغان شەرتىڭگە ماقۇل بولدۇم، ئەمما سەن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، تېخى بىرمۇ شەرتىمگە ماقۇل بولمىدىڭ! — دېدى غېرىب.
— مەلىكىلەرنى باغلاقتىن يېشىڭلار، ئۇلار پەسكە چۈشسۇن! — دېدى سۇلتان مەھمۇد نۆكەرلىرىگە.
بىر قاراۋۇل چىقىپ كەتتى، غېرىپ كىيىملىرىنى سالغاچ سۇلتان مەھمۇدتىن سورىدى:
— مېنىڭ ئالماشتۇرىدىغان كىيىملىرىمچۇ؟
— كىيىمنى ئەكېلىڭلار!
— خوپ! — دېدى قاراۋۇل.
— كىيىم چوڭراق بولسۇن، — دېدى غېرىپ.
غەزنەۋى لەشكەرلىرى ئېگىز مۇنار ئۈستىدىكى ياغاچقا باغلانغان سەنەم ۋە گۈلجامالالارنى ئاستا چۈشۈردى. ئۇلار ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ، ئۇن - تىن قىلالماي يەردە

تۆرگىنىمدىن ئۆلۈۋالغىنىم ياخشى!
— سەن پۇشايمان قىلمامسەن؟ بىز سېنى ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزۈپلا كاللاڭنى ئالىمىز! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.
— ئۆلۈمدىن قورققان بولسام، سىلەر بىلەن كۆرۈشمەيتتىم، بۇ يەرگە كېلىشتىن ئاۋۋاللا ئۆلۈمگە تەييارلىق كۆرۈپ قويغانمەن، — دېدى غېرىب.
— بىز سېنىڭ كىيىملىرىڭدىن قورققىنىمىز يوق، پەقەت ھەربىر تۈكلىرىڭغىچە ئەندىشە قىلىمىز، سەن كىيىملىرىڭنى سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ساڭا بىزنىڭ كىيىملىرىمىزنى بېرىمىز، شۇندىلا سەندىن ئەندىشە قىلغۇدەك يېرىمىز قالمايدۇ، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.
— بولىدۇ، مېنى يالىڭاچ قويمىساڭلارلا مەيلى، — دېدى غېرىب.
— ھىم، بوپتۇ، ساڭا ئېگىن بېرىمىز، كىيىمىڭنى سال! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.
— مەن ھەممە قوراللىرىمنى تاپشۇرىدىغان شەرتىڭگە ماقۇل بولدۇم، ئەمما سەن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، تېخى بىرمۇ شەرتىمگە ماقۇل بولمىدىڭ! — دېدى غېرىب.
— مەلىكىلەرنى باغلاقتىن يېشىڭلار، ئۇلار پەسكە چۈشسۇن! — دېدى سۇلتان مەھمۇد نۆكەرلىرىگە.
بىر قاراۋۇل چىقىپ كەتتى، غېرىپ كىيىملىرىنى سالغاچ سۇلتان مەھمۇدتىن سورىدى:
— مېنىڭ ئالماشتۇرىدىغان كىيىملىرىمچۇ؟
— كىيىمنى ئەكېلىڭلار!
— خوپ! — دېدى قاراۋۇل.
— كىيىم چوڭراق بولسۇن، — دېدى غېرىپ.
غەزنەۋى لەشكەرلىرى ئېگىز مۇنار ئۈستىدىكى ياغاچقا باغلانغان سەنەم ۋە گۈلجامالللارنى ئاستا چۈشۈردى. ئۇلار ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ، ئۇن - تىن قىلالماي يەردە

ياتاتتى. لەشكەرلەر ئۇلارنى كۆتۈرۈپ چېدىرغا ئەكىردى.

بۇ چاغدا، غېرىب چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەنىدى. ئۇلارنى كۆرگەن غېرىبنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى.

— سەنەم ... سەنەم ... گۈلجامال ... بۇ مەن ... مەن غېرىب ...كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار... — كۆز يېشى ئۇنىڭ قويۇق كىرپىكلىرى ئارىسىدىن يۈزلىرىگە سىرغىپ چۈشتى، — مەن بەك يارىماس ئىكەنمەن، سىلەرنى مۇشۇنداق ئازابقا قويدۇم، مەن يارىماس، — دېدى غېرىب.

سەنەم قۇرۇپ يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى سەل - پەل مىدىرلاتتى، ئۇ چىرايىدا قان يوق، خۇددى بىر ھەيكەلدەك يەردە تۈپتۈز ياتاتتى.

— سەنەم ... تېز كۆزىڭىزنى ئاچسىڭىزچۇ؟

غېرىب يەنە كۆز يېشى قىلدى.

— بىزنىڭ تېۋىپلىرىمىز ۋە دورىلىرىمىز ئۆلۈكنىمۇ تىرىلدۈرەلەيدۇ، قارىغاندا سەن مەرد ۋە ۋىجدانلىق يىگىت ئىكەنسەن، مېنى تەسىرلەندۈردۈڭ. ئۇلارنى ھازىرلا داۋالاپ، تېزدىن ھوشىغا كەلتۈرىمىز. كېلىڭلار! ئۇلارنى ئاچىقىپ تېۋىپقا ياخشى داۋالىتىپ، تېزدىن ھوشىغا كەلتۈرۈڭلار!

— قۇللۇق، ئالىيلىرى!

بىرنەچچە قاراۋۇل سەنەم ۋە گۈلجاماللارنى كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ كەتتى، غېرىبمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭماقچى بولدى، ئەمما لەشكەرلەر ئۇنى توسۇۋالدى.

— خاتىرجەم بول، ئۇلارنى ئەمدى ئېسىپ قويمايمەن، مەن گېپىمدە تۇرىمەن، سېنى ھەرگىز ئۇمىدسىزلەندۈرمەيمەن، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— خالىساڭ، ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ھوشىغا كېلىشىنى كۈتەي! — دېدى غېرىب.

— ئەگەر ئۇنىمىسامچۇ؟

قاندۇرمايمىز؟ — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— مېنىڭ ئوڭ كۆزۈمنى قويۇۋەتكەن، قولۇمدىن ئاتامنى ئېلىپ قاچقان بۇ ئەرۋاھنىڭ بېزنى ئەخمەق قىلىدىغان يەنە قانداق ھىيلە - نەيرەڭلىرى باركىن؟ مېنى گاڭگىرىتىپلا قويدى! — دېدى رۇستەم.

— ئۇ ئەمدى ئاسانلىقچە ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتەلمەيدۇ، ئەتراپنى بىزنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىمىز قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان تۇرسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلگەن، بەدەنلىرى باغلاقلىق تۇرسا، يەنە نېمە قىلالايتتى؟ — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئالىيلىرى، ئۇ مۇشۇكتەكلا يېنىمىزغا سەكرەپ چۈشكەندە، ئەتراپمۇ قاتتىق مۇھاپىزەتتە ئەمەسمىدى؟ سىلى ئۇنىڭ قانداقلارچە بىزنىڭ شۇنچە لەشكەرلىرىمىزنىڭ مۇھاپىزىتىدىن ئۆتۈپ، بارگاھلىرىنىڭ چوققىسىغا چىققانلىقىنى ئويلاپ كۆردىلىمۇ؟

سۇلتان رۇستەمنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئازراق ئويلانغاندىن كېيىن ساقاللىرىنى سىلاپ قويدى.

سەنەم ۋە گۈلجاماللار ياتقۇزۇلغان ئۆيدە ئۇلار خۇددى ئۇخلاۋاتقاندەك تىپتىنچ يېتىشماقتا. پۇت - قوللىرى كېسىلگەن غېرىب ئۇلارنىڭ يېنىدا مۈگدەپ قالدى. بىر چاغدا گۈلجامال كۆزلىرىنى ئازراق ئاچتى - دە، ئاكىسىنىڭ ھارغىن چىرايىغا ئۇزاقتىن - ئۇزاق قارىدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇ تولۇق ھوشىغا كەلدى. ياندىكى سەنەمنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان بولۇپ، لەۋلىرى سەل - پەل مىدىرلىدى. شۇ تاپتا ئۇ چۈش كۆرۈۋاتاتتى.

— سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ... ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ... نومۇسسىز ... ئالۋاستى ... خائىن ...

غېرىب چۆچۈپ ئويغاندى، سەنەممۇ ئولتۇردى، تۇيۇقسىز ئالدىدا غېرىب ئولتۇرغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭغا بىر ھازا

تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، غېرىبنىڭ قوچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپ كەتتى.
— بۇ سىزمۇ؟ بۇ چۈشۈممۇ ياكى ئوڭۇممۇ؟ غېرىبجان راستىنلا سىزمۇ؟ سىز قانداق كەلدىڭىز؟ ئۇچۇپ كەلدىڭىزمۇ؟
— بۇ مەن، راستىنلا مەن، مەلىكەم! بۇ چۈش ئەمەس، ئەمەلىيەت. ئاسماندىن چۈشكىنىم يوق، مەن بەك يارىماس ئىكەنمەن، سىز، سىڭلىم ھەممىڭلار جاپا چەكتىڭلار، سىلەرنى شۇنچە ئازابقا قويدۇم، سىلەرنى قۇتقۇزالمىدىم، — دېدى غېرىب.
— بۇ تۇگىمەس جاپالارنىڭ ھەممىنى مەن ئېلىپ كەلدىم، — دېدى سەنەم.
— بۇنداق دېمەڭ، ئاللا خالىسا بۇ مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلۇپ كېتىمىز.
— شۇنداق بولسىدى ئىلاھىم.
گۈلجامال تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ئاكا، ئانامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دېدى ـ دە، سەكرەپ تۇرۇپ غېرىبنىڭ قوينىغا ئېتىلدى.
— شۇنداق، بىچارە ئانامچۇ؟ — سورىدى سەنەممۇ.
— خاتىرجەم بولۇڭلار، ئىلياس ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ.
— ئاھ ... ئانامدىن بەك ئەنسىرىگەنىدىم، ئىلياس ئاكام قېشىدىلا بولىدىكەن، مەن خاتىرجەم بولىمەن، — دېدى گۈلجامال.
— ئانام سىزنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ قالدى، ئازابتىن دىللىرى سۇندى، تېخى ھاياتلىقىڭىزنى بىلمىدىغان بولسا قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر ـ ھە. مەنمۇ سىزنى ئۆلۈپ كەتتىمىكىن دەپتىكەنمەن، — دېدى غېرىب.
— ئاللا مېنىڭ جېنىمنى ئالمىدى، قارىغاندا ياشايدىغانغا ھەققىم بار ئىكەن، مەن تېخى ھايات.
گۈلجامال شۇنداق دەۋاتقاندا لەشكەرلەر كىرىپ غېرىبنى

ئېلىپ ماڭدى.

— مەلىكە بىلەن سىڭلىڭ ھوشىغا كەلدى، ئەمدى ماڭمىساڭ بولمايدۇ. سۇلتان ئالىيلىرى سەن بىلەن سۆزلىشىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— تاڭ ئاتقاندىن كېيىن سۆزلەشسەكمۇ كېچىكمەيمىزغۇ! — دېدى غېرىب.

— ئۆزۈڭ سۇلتان ئالىيلىرىغا ماقۇل بولغان، سۇلتان تۆت كۆزى بىلەن سېنى كۈتۈۋاتىدۇ، — دېدى لەشكەر.

— نېمىنى سۆزلىشىسىلەر؟ — سورىدى سەنەم.

— سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن سىلەرگە ئېيتىپ بېرىمەن.

سەنەم بىلەن گۈلجامال ئاڭقىرالماستىن بىر - بىرىگە قاراشتى، لەشكەرلەر غېرىبنى سۆرىگىنىچە ئاچىقىپ كەتتى.

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ چېدىرى. سۇلتان مەھمۇد، رۇستەم قاتارلىقلار سۇر بىلەن ئولتۇرماقتا، لەشكەرلەر پۇت - قولىغا كىشەن سېلىنغان غېرىبنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— ئۇلار تېخى ھازىرلا ھوشىغا كەلدى، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن سۆزلەشسەك بولمامدۇ؟ — دېدى غېرىب.

— بىزگە نىسبەتەن كېچە - كۈندۈزنىڭ پەرقى قالمىدى، سەن بىلەن بۇ سودىدا قانچە تېز پۈتۈشسەك بىزگە شۇنچە ياخشى، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئۇلار تېخى بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمىدى.

— سەن قەستەن ۋاقىتنى سوزۇپ، بىزنى دامىڭغا چۈشسۇن دەمسەن؟ — دېدى رۇستەم.

— بولىدۇ، سىلەر ئالدىرىساڭلار، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئالدىرايمەن، سۆزلەشسەك سۆزلىشەيلى، — دېدى غېرىب.

— سەن مەشۇقۇڭ بىلەن سىڭلىڭنى قۇتقۇزغىلى بۇ يەرگە كەلدىڭ، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى سۇلتان مەھمۇد.

— شۇنداق.

— بەكلا ئاسان، پەقەت سەن ئاببىاسنى بىزگە تاپشۇرساڭلا، مەشۇقۇڭ بىلەن سىڭلىڭنى ساڭا قايتۇرۇپ بېرىمىز، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئەگەر بۇ ئىلگىرىكى ۋاقىت بولسا، مەسىلەن، مەن ئۇنى رۇستەمنىڭ قولىدىن ئەپقاچقان چاغ بولغان بولسا، بىزنىڭ بۇ سودىنى قىلىشىمىز بەك ئاسان بولاتتى. ئەمما، ھازىر ئۇ غايەت زور قوشۇننىڭ پاناھىغا ئېرىشتى، شۇڭا مېنىڭ ئۇنى تۇتۇپ سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا تاپشۇرغۇدەك ئۇنچە زور كۈچۈم يوق، مەن پەقەت تەنھا بىر ئادەم، — دېدى غېرىب.

— سېنىڭ ئادەملىرىڭچۇ؟ — دېدى رۇستەم.

— مېنىڭ ئەزەلدىن ئادەملىرىم يوق، بار دېسەكمۇ بۇرۇن شەيخ جالالىدىننىڭ قوشۇنى مېنى پاناھىغا ئالغان، ئەمما ئۇلار شاۋاز تەرىپىدىن ھېراتتا سۇدا تۇنجۇقتۇرۇلدى، — دېدى غېرىب.

— ئەمىسە ھازىر سەن نېمە قىلماقچى؟ — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— مەلىكە سەنەم ۋە سىڭلىمنى قويۇۋەتسەڭلارلا، سىلەرنى شاھى ئاببىاس تۇرغان جايغا ئېلىپ بارىمەن، — دېدى غېرىب.

— ئەگەر سەنەم بىلەن سىڭلىڭنى قويۇۋەتمىسەك، سەن بىزنى ئاببىاسنى تۇتقىلى ئېلىپ بارمامسەن؟

— ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!

— بىز سېنى بېرىشقا زورلايمىز، — دېدى ئىسمائىل.

— مېنىڭ مەقسىتىم مەشۇقۇم سەنەمگە ئېرىشىش، بۇ مەقسىتىمگە يەتكۈزمىسەڭلار، شاھى ئاببىاسنى تۇتىمەن دەپ خام خىيال قىلماڭلار، ئۇنى تۇتۇشۇڭلار كۆپۈككە ئايلىنىدۇ!

— بىز سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمىز! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— مەشۇقۇم بىللە تۇرمىغۇش كەچۈرەلمىگەندىن ئۆلگىنىم تۈزۈك! — دېدى غېرىب.

— سىلەر خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك،

سىلەرنى تۇتۇپ تۇغرا قىپتىمىز، — دېدى ئىسمائىل.

— ئۆلتۈرگۈڭلار كەلسە ئۆلتۈرۈۋېرىڭلار، مەن ھەرۋاقىت تەييار، — دېدى غېرىب.

— بىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق نىشانىمىز سەن ئەمەس، بەلكى ئاباس، پەقەت ئاباسنى تۇتۇپ بىزگە تاپشۇرۇپ بەرسەڭلا، مەلىكە ۋە سىڭلىڭنى ساڭا تاپشۇرۇپ بېرىمىز، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئۇنى تۇتۇپ، ساڭا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، مەن پەقەتلا سىلەرنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بارالايمەن، ھەتتا ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپمۇ بېرەلەيمەن، ئەمما سىلەر چوقۇم ھازىرلا سەنەم ۋە سىڭلىمنى قويۇۋېتىسىلەر، — دېدى غېرىب.

— ئاندىنچۇ؟ — سورىدى رۇستەم.

— بىز ئارزۇيىمىزغا يەتكەندىن كېيىن، يىراق ئەللەر، ياقا - يۇرتلارغا بېرىپ سەرگەردانلىق تۇرمۇشى كەچۈرۈشكە رازى. شۇڭا، سىلەر بىزگە تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان ھوقۇق بېرىشىڭلار كېرەك، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى غېرىب.

— سېنىڭ تەلىپىڭگە ماقۇل بولاي، ئەمما مەشۇقۇڭ ۋە سىڭلىڭ بىز بىلەن بىللە تۇرۇشى كېرەك، ئاباسنى تۇتقاندىن كېيىن، مەن مەشۇقۇڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشىڭگە قوشۇلىمەن. ئەمما، ياقا - يۇرتلارغا بېرىشىڭغا رۇخسەت يوق، سېنى ئاباسنىڭ تەختىدە ئولتۇرغۇزىمەن، سەن قاراخانىيلار ئېلىگە ھۆكۈمران بولىسەن، بىزنىڭ پاناھىمىز ئاستىدىكى ھاكىمىيەت يۇرگۈزگۈچى شاھ بولۇپ قاراخانىيلارغا پادىشاھ بولىسەن، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— بۇمۇ مېنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان ئەمەلگە ئاشماي كەلگەن ئارزۇيۇم. رەھمەتلىك ئاتام ھەسەن ۋەزىر ۋە شەيخ جالالىدىننىڭ مەقسىتىمۇ شۇ ئىدى. سىلەر ئەگەر راستىنلا ۋەدەڭلەردە تۇرۇپ، مېنى قاراخانىيلارنىڭ شاھى قىلساڭلار سىلەرنى ئاباسنى تۇتۇشقا باشلاپ بارىمەن، — دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردى

غېرىب.

بۇ چاغدا، كىمگىز ئۆيدە سەنەم ۋە گۈلجامال بىر ـ بىرىگە چىڭ ئېسىلىپ ئولتۇراتتى، داستىخاندىكى نەرسىلەر ئۇلارنىڭ كېلىدىن ئۆتمىدى. بىر چاغدا پۈت ـ قولى كىشەنلەنگەن غېرىب ئېگىز، بەستلىك بىر چەۋەنداز تەرىپىدىن ئەكېلىنىدى، كىشەننىڭ بىر ئۇچى چەۋەندازنىڭ بېلىگە باغلانغانىدى. سەنەم ۋە گۈلجامال تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ غېرىبقا ئېتىلىشتى.

— غېرىب ...

— ئاكا ...

— ئاللا ئىشىمىزنى ئوڭ قىلىپ راۋانلاشتۇردى. ئىشنىڭ بۇنچە ئاسانلىقىنى بىلگەن بولسام، مەنمۇ بۇنچە كۆپ جاپا ۋە مۇشەققەتلەرگە ئۇچراپ يۈرمەيتتىم. مەن ئۇلار بىلەن سودىدا كېلىشتىم، — دېدى غېرىب.

— سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى بىزنىڭ توي ئىشىمىزغا، بىزنىڭ بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزگە قوشۇلدىمۇ؟ — دېدى سەنەم.

— ھەئە، قوشۇلدى.

— نېمە ... نېمە دېدىڭ ئاكا؟

— ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئاسانلا شەرتىمىزگە ماقۇل بولدى؟ — دەپ سورىدى سەنەم ئەجەبلىنىپ.

— مەن شاھ ئاتىمىزنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدۇم.

«چاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ سەنەم غېرىبقا بىر كاچات سالدى، غېرىب كۈلۈپ زوۋان سۈرمەي يۈزىنى سىلىدى.

— ماۋۇ تەرىپىمگىمۇ بىر كاچات سالمامسىز؟

— ھۇ نومۇسسىز! ئاتامنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە مېنى خوتۇن قىلماقچىمۇ سىز؟ ئۇخلاپ چۈشىڭىز! — دېدى سەنەم.

— بۇمۇ باشقا ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن بولدى، ئۇلار توگىشىپ كېتەي دېگەن قاراخانىيلار ئېلىنى ئىشغال قىلىۋالدى،

ھېچكىممۇ چىقىپ غەزنەۋىلەرغا قارشى تۇرالمىدى. ئۇستاز شەيخ جاالالىددىننىڭ قوشۇنى ھېراتتا سۇغا غەرق بولۇپ يوقالدى. سىزنى قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن، كالالمىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكۈچە ئويلاندىم، كۆپ ئامالالرنى ئويلاپ چىققان بولسامۇ، ئۇالرغا تەڭ كەلگىلى بولمىدى. ياشاش ئۈچۈن، مەقسىتىمىزگە يېتىش ئۈچۈن، ئۇالرغا باش ئېگىشتىن باشقا يول قالمىدى. بولمىسا ئۇالر سىزنى تېخىمۇ ئازابلىق ئالۋاستى غارىغا ئەكىرىپ كېتىدۇ، ھەتتا سىزنى غەزنەۋىلەرنىڭ بوزەك قىلىشى ۋە ئاياغ ئاستى قىلىشىغا قويۇپ بېرىدۇ، ئاخىرىدا سىزنى قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇنداق خارلىق ۋە قىيناشقا ئۇچرىغاندىن كۆرە باشقا نەرسە بىلەن ئۇالرنى خۇش قىلىپ، بۇ رەھىمسىز ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىاليلى. بۇمۇ بىزنىڭ مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يېتىشىمىزنىڭ بىردىنبىر يولى، — دېدى غېرىب.

— سىز راستىنال ئۇالرغا تىز پۈكتىڭىزمۇ؟ — سورىدى سەنەم غېرىبقا تىكىلىپ.

— بۇ تىز پۈكۈش ئەمەس. بىز قەدىمكىلەرنىڭ «زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق» دېگەن ساۋىقىنى قوبۇل قىلىپ، كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە بارلىق ئاماللارنى ئىشلەتكەن بولساقمۇ، ئۇالرغا تەڭ كېلەلمىدۇق. شۇڭا، بۇ گۇمران بوالي دېگەن خاندانلىقتىن ئۈمىد كۈتمەي، ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ئىشىمىزنى روياپقا چىقىرىپ، خاتىرجەم بىر ئائىلىمىزنى قۇرۇۋااليلى دېدىم، — دېدى غېرىب.

— نومۇسسىز، مۇناپىق، مۇشۇنىڭ ئۈچۈنال خان ئاتامغا ساتقۇنلۇق قىلدىڭمۇ؟

غەزىپى تاشقان سەنەم غېرىبقا يەنە بىر كاچات سالدى، كېلىپ يەنە بىرنى ئۇرماقچى بولغىنىدا، غېرىب ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— ھۇ تاش يۈرەك، ۋاپاسىز، ۋىجدانسىز مەخلۇق! شاۋاز بىلەن ئابدۇلالدىن قېلىشمايدىغان نومۇسسىز ئەبلەخ! كۆزۈم كور

ئىكەن، سىنى ئەخلاقلىق، ھايالىق، تەگدىشى يوق مەرد ئەزىمەتمىكىن دېسەم، يۈزى قېلىن، ئالدامچى، نامەرد ئىكەنسەن! سەن ھىيلىگەر ئالدامچىنىڭ ئۇستاز شەيخ جالالىدىن ۋە مېنىڭ ئىشەنچىمگە ئېرىشەلىگىنىڭگە ھەرگىز ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى سەنەم.

غېرىب سەنەمگە ۋارقىراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇلار شاھ ئاتامغا زىيانكەشلىك قىلمايدىغان، تويىمىزغا قوشۇلىدىغان بولۇشتى. مەن شاھلىق تەختىدە ئولتۇرىدىغان، شاھ ئاتام، خانىش ئانام، ئانام ۋە سىڭلىم ھەممىسى بىز بىلەن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولىدى. بىز غەزنەۋىلەرنىڭ پاناھىدا بولۇپ، ھەر يىلى ئۇلارغا باج ناپشۇرساقلا بولىدىغان بولىدى. خەققە تەڭ كېلەلمىگەندىكىن، خورلۇق تارتقۇچە، ئۇلار بىلەن تىپتىنچ ئۆتۈپ، جان باققان ياخشى. ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغان رەھمىتى يەتمەمدۇ؟ بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە نېمىگە ئېرىشەلەيمىز؟ بىز پەقەتلا ئۇلارنىڭ پاناھىدا، ھەر يىلى تۆت تومەن تىللا ۋە تومەن تۇياق چارۋا - مال تاپشۇرساقلا، ئۇلار بىزنىڭ قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمرانى ئىكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولۇشتى. شۇندىلا بىزمۇ ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ۋەھىمىسىدىن قورقماي خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلەيمىز.

— ھىم، نومۇسسىز ساتقۇن! بۇ راستتىنلا «ئادەم بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى قان ئېتەر، ھايۋان بالىسىنى باقساڭ ئاغزى - بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر» دېگەندەكلا بوپتۇ! سېنى ئاتام ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ بېقىپ چوڭ قىلغان، پەقەتلا ئۇنىڭ مېنى ساڭا ياتلىق قىلىشقا قوشۇلمىغىنىنى دەپلا مۇشۇنداق ۋاپاغا جاپا قىلىپ يۈز ئۆرۈمسەن؟

— مېنىڭ مەقسىتىم سىزگىمۇ، خانلىق ئورنىغىمۇ ئېرىشىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن يانمايمەن.

— ئۇخلاپ چۈشۈڭ! شاھ ئاتامنى تۇتۇش ئۈچۈن، ئۇلار سېنى

ئالدىدى، شاھ ئاتامنى تۇتۇۋېلىپلا ئۇلار بىزنى قىرغىن قىلمىدۇ. ئەمما، پەقەت سەنلا پاك ئۆلمەيسەن، سېسىق نامىڭ ھەممە ياققا پۇر كېتىدۇ، خائىنلىق كېپىنىگە ئورىلىسەن. ئەۋلادلار سېنىڭ نومۇسسىز قىلمىشىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ سائىا ئاھانەت قىلىشىدۇ، ئىچ ئاغرىتىش ئىلكىدە ئالدانغان، نادان مەلىكىنى ياد ئېتىشىدۇ. سەن خائىن ۋە نومۇسسىز كىشى قاتارىدا ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايسەن! ھەم! ... نېمىشقا بۇ قارا نىيىتىڭنى بالدۇرلا بايقىمىغان بولغىيدىم!

— سىزگە نەسىھەت قىلىپ قويay، ئەڭ ياخشىسى كاللىڭىزنى ئوبدان ئىشلىتىڭ. سىزنىڭچە، مەن ئۆلۈشكە تېگىشلىكمۇ؟ خەققە تېتىيالمىغاندىكىن، ئۆزۈم تورغا چۈشۈپ ئۆلۈمگە مەھكۇم بولارمەنمۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ شەرتىگە ماقۇل بولمىسام، مېنى قارىتىپ قويۇپ سىزنى ۋە سىڭلىمنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ. مېنىڭ بۇنداق ھاقارەتكە ئۇچراپ تۇرۇپ قەھرىمان بولغۇم يوق. مېنىڭ سىز بىلەن بالدۇرراق جەم بولۇپ، ئائىلە قۇرۇپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگۈم بار.

— يالغان! سەن يەنە ئالدامچىلىق قىلىۋاتىسەن! سەن غېرىب ئەمەس! غېرىبنىڭ تېرىسىگە ئورىلىۋالغان ئالۋاستى! سەن غېرىب ئەمەس!

سەنەم غېرىبنى مۇشتلىدى ۋە توختىماي ۋارقىرىدى. غېرىب سەنەمنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— ياق ... ياق ... سەنەم، كاللىڭىزنى ئىشلىتىڭ، ئۇنداق كاجلىق قىلماڭ، خالىغىنىڭىزچە ئىش قىلماڭ، بولامدۇ؟ بىز چوقۇم ياشىشىمىز كېرەك، بىز ئاللانىڭ بۇ رەھىمسىز ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشىمىز، ئاللاغا ھەشقاللا ئېيتىشىمىز كېرەك! بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق يولىمىز يوق.

غېرىب شۇنداق دەپ سەنەمنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ تاشلىدى. سەنەم غېرىبنىڭ قوينىدىن چىقىشقا كۆچى يەتمەي، ئاستا ـ ئاستا تىنچلىنىپ يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئەجەبا، بىز مۇشۇنداق نومۇسسىزلارچە ياشايمىزمۇ؟ بۇنداق پاسكىنىچىلىقتا ياشىغاندىن بىللە ئۆلگىنىمىز تۈزۈك!

— ياق... ياق... سۆيۈملۈكۈم... بىز ئۆلسەك بولمايدۇ. بىز تارىخىمىزدا ئاسايىشلىق ۋە پاراغەتلىك ۋاقىتلارنى باشتىن كەچۈرۈشىمىز، شۇنداقلا ھازىرقىدەك ئېچىنىشلىق ۋە ئازابلىق ۋاقىتلارنىمۇ باشتىن كەچۈرۈپ، جاپادا بىللە بولۇپ، خاندانلىقىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. ئەۋلادلار ئاخىر بىر كۈن بىزنىڭ مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىمىزنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. بىز مۇشۇنداق بالايىئاپەتلىك ئېغىر كۈنلەردە، خاندانلىقنى ساقلاپ قېلىپ، جاپالىق ۋاقىتلاردىن ئۆتۈپ كەتسەك، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ دەۋرىگە بارغاندا، ئىشلار ياخشىلىققا ئۆرۈلۈپ، ئامەت يۇلتۇزى پارلىغاندا، بەلكىم بىزنىڭ تۇغىمىز قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، قايتىدىن خاندانلىقىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى كۈتۈۋالارمىز. ئەسلىي مەۋجۇت بولمىغان نەرسىنى يارىتىش ناھايىتى قىيىن، پەقەت ئاللالا ئەسلىي مەۋجۇت ئەمەس نەرسىنى يارىتالايدۇ، بىزنىڭ خاندانلىقىمىز ساقلاپ قېلىنىدىكەن، نامدا ساقلىنىپ قالسىمۇ مەيلى، ئاخىر بىر كۈن كىشىلەر ئۇنى پاكلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ شانىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدىراپ جېنىمىزدىن ئايرىلساق بولمايدۇ، — دېدى غېرىب.

— ئۇلار سىزگە بىر نەرسە ئىچۈرۈۋەتكەن ئوخشايدۇ، سىزنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈۋاپتۇ. ئۇلارغا ھەرگىز ئىشەنسەك بولمايدۇ، سىز ئەجەب مۇنچە نادان ۋە كالۋا بولۇپ قاپسىزغۇ؟ ئۇلار سىزگە قىلغان ۋەدىسىدە ھەرگىز تۇرمايدۇ، ئەكسىچە سىزنى ئالداپ ئاخىر ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى سەنەم.

— بىزنىڭ ئەمدى باشقا يولىمىز قالمىدى، ئۇلارنىڭمۇ ماڭغۇدەك باشقا يولى يوق. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئەلدە پۇت تىرەپ تۇرۇپ، قاراخانىيلار خاندانلىقىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى

ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مېنى تەختتە ئولتۇرغۇزمىسا ئاخىرقى مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئەگەر بىزنى كۆرۈنۈشكە بولسىمۇ شاھ قىلىپ تىكلىمىسە، ئۆزىنىڭ مۇستەھكەم تۇرالمايدىغانلىقىنى، پاتقاقتا پېتىپ قېلىپ چىقالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىلەن بىز ئۆزئارا بىر - بىرىمىزدىن پايدىلىنىدىغان رەقىب ھەم دوست، — دېدى غېرىب.

ئۇ تەرەپتە سۇلتان مەھمۇد بارگاھىدا ئىسمائىل ۋە رۇستەملەر بىلەن پاراڭلاشماقتا.

— سۇلتان ئالىيلىرى، مېنىڭچە، غېرىب بىزگە تۇزاق قۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ گەپلىرى ئىشەنچسىز، — دېدى رۇستەم.

— ئۇ ھازىر قىيىن ئەھۋالدا، قېرى شاھقا ساتقۇنلۇق قىلىپ ئۇنىڭ مەلىكىسىنى خوتۇنلۇققا ئالماقچى، ئاندىن شاھلىق تەختىگە ئولتۇرماقچى. بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر ماڭار يولى، ئۇ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغاچقا، بىز بىلەن مۇشۇنداق سودىلاشتى، — دېدى ئىسمائىل.

— سىلى ئۇنىڭغا ئىشەندىلە، — دېدى رۇستەم.

— ئۇنىڭغا ئىشەنمىگۈدەك ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق، — دېدى ئىسمائىل.

— مېنىڭچە، ئەڭ ياخشى چارە ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولماستىن، ئۇدۇل قاراقاپلان قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىشتۇر، — دېدى رۇستەم.

— ھازىر قولىمىزغا چۈشكەن ئۈچ ئەسىر ناھايىتى يېتەرلىك. ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرۇپ، قاچۇرۇۋەتمىسەكلا باشقا ئىشلاردىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز. ئاۋۋال بىز غېرىبنى ئاباسنى تۇتۇشقا ئاپارغۇزايلى. ئەگەر ئۇ بىزنى ئالدىسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئۇدۇل يولتۇز يايلىقىدىكى قاراقاپلان قەبىلىسىگە يۈرۈش قىلىمىز، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئالىيلىرى، مېنىڭ قوشۇن باشلاپ يۇلتۇز يايلىقىغا يۈرۈش قىلىشىمغا رۇخسەت بەرگەيلا، — دېدى رۇستەم چىڭ

تۇرۇپ.

— ياق! ياق! كۆچمىزنى چېچىۋەتسەك بولمايدۇ، خۇسۇسەن رۇستەم سەن يېنىمدا تۇرۇپ مېنى مۇھاپىزەت قىلىشىڭ كېرەك. سەن مېنىڭ قولۇم، بىلىكىم، سەندىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ. ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، سىرتماقتىن قېچىپ چىققانلار ئابباسنىڭ ئەتراپىغا ئۇلاشقان ئوخشايدۇ، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

سەمەرقەند شەھىرىنىڭ ئەمىر ئوردىسى. زەينىددىن بومىيانى ماموق ياستۇققا يۆلىنىپ، چىلىم چەكمەكتە، كېنىزەكلەر ئەتراپتا ئالدىراش خىزمەت قىلماقتا، سازلار ياڭراپ، ئۇسسۇللار ئوينالماقتا.

شۇ چاغدا بىر ياساۋۇل ئالدىراش كىرىپ كېلىپ، ساز ۋە ئۇسسۇللاردىن مەستخۇش بولۇپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ تۇرغان زەينىددىن بومىيانىنىڭ يېنىغا كېلىپ، قۇلىقىغا پىچىرلىدى، زەينىددىن كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى ـ دە، ياساۋۇلغا تىكىلىپ:

— نېمە تىلىڭنى چاينايسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— مۆزەپپەر شىرازى ھازىر شەھەر سېپىلىنىڭ كارىدورىدا ... — دەپ تىلىنى چاينىدى ياساۋۇل.

سەمەرقەند شەھەر سېپىلىنىڭ ئۈستىدە غىزنەۋىلەر سېپىلنى توساق قىلىپ سېپىل ئاستىدىكى شەپىنى مەخپىي كۆزىتىشمەكتە ئىدى. مۆزەپپەر شىرازى بىرنەچچە قاراۋۇلنىڭ ھەمراھلىقىدا ساقاللىرىنى سىلىغاچ، سېپىل سىرتىغا نەزەر سالدى.

سېپىل سىرتىدىكى يېشىل يايلاقتا قاپقارا بىر توپ ئادەم پەيدا بولدى. شەيخ جالالىددىن، سادىق بىلال، سەپەرباي قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى قاراخانىيلار ئەزىمەتلىرىدىن تەشكىللەنگەن چوڭ قوشۇن ئۇرۇش دۇمبىقىنى چېلىشىپ، چۇقان سېلىشىپ غەزنەۋىلەرغا جەڭ ئېلان قىلىۋاتاتتى. زەينىددىن بومىيانى بىر

نەچچە چاكار بىلەن سېپىل ئۆستىدىكى مۆزەپپەر شىرازىنىڭ قېشىغا كېلىپ سورىدى:

— بۇلار نېمە ئادەملەر؟ نەدىن كەلگەن ئىسيانچىلار ئەمدى؟

— سىلى كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۇلارغا ئوبدان قاراپ باقسىلا ... ھەممىسىنى تونۇيلا ... قارىسىلا، ئۇلار ھاماقەت شاۋازلارغا ئوخشايدىغان ئادەملەرمىكەن؟

زەينىددىن بومىيانى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قارىدى ـ دە، دىر ـ دىر تىترەپ كەتتى.

— ئۇ شەيخ جالالىددىن ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئەجەب ھايات تۇرىدىغۇ؟

— سىلى ئىلگىرى ئۇلارنى ھېرات شەھىرىدە سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلدى دېمىگەنمىدىلە، ئەجەبا، ئۇلارنىڭ روھلىرى تىرىلىپ كەلدىمۇ؟ ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ! — دېدى مۆزەپپەر.

— بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئاھ، خۇدا! — دېدى زەينىددىن بومىيانى ھەيرانلىق بىلەن.

— بۇ دۇنيا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان سىرلار بىلەن تولغان، — دېدى مۆزەپپەر.

سېپىل ئاستىدا قاراخانىيلار لەشكەرلىرىنىڭ تەللاپ توۋلىغان سادالىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— ھوي، زەينىددىن! ئىككى يۈزلۈك ساختىپەز، ئالۋاستى ! ئەركەك بولساڭ بۇياققا چىق، خوتۇن كىشىدەك يوشۇرۇنۇۋالما! سەن يەنە شاۋازغا ئوخشاش سارائىغا موھتاجمۇ؟ جۈرئىتىڭ بولسا بۇياققا كەلمەمسەن؟! بەك يۈرىكىڭ يوغان ئىدىغۇ؟ جەڭگە ئەجەب چىقمايسەنغۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى نۆكەر.

زەينىددىن بومىيانى مۆزەپپەرگە قاراپ:

— قارىغاندا ھەممىسى بىزنىڭ دار، سىرتماقلىرىمىزدىن قېچىپ چىققانلار ئوخشايدۇ، ھەممىسى شەيخ جالالىددىننىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان پارچە ـ پۇرات قاچقۇنلار، ئۇلارنى پاختا ئاتقاندەكلا ھايالشىماي يىغىشتۇرۇۋېتىش كېرەك!

— سىلى ئېيتقاندەك شۇنداق ئاددىي بولسا ياخشى بولاتتى، مېنىڭچە، ھېراتتىكى كەلگۈندىن ئامان قېلىپ، شۇ بالايىئاپەتتە ئۆلمىگەن كىشىلەر ھەرگىز ئاددىي كىشىلەر ئەمەس، — دېدى مۇزەپپەر.

— بۇ بىر توپ قاغا - قۇزغۇنلار دەل ۋاقتىدا كەپتۇ، ئۇلارنى ۋاقتىدا يىغىشتۇرمىساق ئاقىۋىتى بىزگە يامان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار مەقسىتىگە يېتىپ، «شەيخ جالالىدىننىڭ ئادەملىرى سەمەرقەندتە زەينىددىن بومىيانى ۋە مۇزەپپەر شىرازىنى قورشىۋاپتۇ» دېگەن خەۋەر پۈتكۈل قاراخانىيلار ئېلىگە پۇر كەتسە، مۇنۇ يالاڭ تۆش چەۋەندازلار، بۇلاڭچىلىقتا ئۇستا جاڭگال تۈركلىرى يوپۇرماقتا چۈشكەن يېشىل پىتتەك تۆت ئەتراپتىن يىغىلىشىپ، تەسىر كۈچىنى بارغانسېرى زورايتىدۇ - دە، يىغىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئېقىنغا ئايلىنىدۇ. ئۇ چاغدا بىز ئوسال ھالغا چۈشۈپ قالىمىز، — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

— بۇمۇ دەل مېنىڭ ئويلىغانلىرىم، مەن ئاۋۋال شەھەردىن چىقىپ ئۇلارنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن بىر گەپ بولسۇن، — دېدى مۇزەپپەر.

— بارىكاللا سەركەردە، ھۈنەرنى كۆرسىتىدىغان ۋاقىت كەلدى، مەن شەھەردە ئۇلار ئۈچۈن قەبرە تەييارلاي! — دېدى زەينىددىن بومىيانى.

ئىلياس قاتارلىقلار تاقىرتاغ ئارىسىدا ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىۋاتقان نىگارئايىم تۇيۇقسىز ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى، ئىلياس جىددىيلىك بىلەن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، دەررۇ ئۇنىڭ بېشىدىن يۆلىدى، قالغان يىگىتلەرمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى. نىگارئايىم قاتتىق بىرنى يۆتىلىپ، لىققىدە قويۇق قان تۈكۈردى.

— نىگار ئانا ... نىگار ئانا ... سىلى نېمە بولدىلا؟ — دېدى ئىلياس.

— بالام ... ئىلياس ... مەن بولالمىدىم ... ئاتىمىزغا

ۋەسىيىتىمنى يەتكۈزۈڭ ... ئوغلۇم ۋە قىزىمنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم... سىزدىن ئۆتۈنەي ...

نىگارئايىم شۇنداق دەپلا يەنە بىرنى يۆتىلىپ، ئىلياسنىڭ قۇچىقىدا تىنىقىدىن توختىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ئوچۇق ئىدى. ئىلياس ھۆكرەپ يىغلاپ، تەستە ئۆزىنى توختىتىپ، لەۋلىرىنى چىشلىدى، قوللىرى بىلەن نىگارئايىمنىڭ كۆزلىرىنى يۇمدۇردى، ئەمما بىر كۆزى ئېتىلمىدى، ئىلياس ئۇنىڭ كۆزلىرىنى سىلىدى.

— ئوغۇللىرىنى كەچۈرگەيلا، ئوغۇللىرى ۋە قىزلىرىدىن ئەندىشە قىلمىسىلا، كۆزلىرىنى خاتىرجەم يۇمغايلا، ئانا! مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ھەرگىز ئوغۇللىرى غېرىب، قىزلىرى گۈلجامال، كېلىنلىرى سەنەمنى دۈشمەنىنىڭ قولىغا تاشلاپ قويمايمەن، چوقۇم ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىمەن ...

ئىلياس يىغلاۋېتىپ يۇمۇلمىغان كۆزلەرنى سىلىغاندىن كېيىن، نىگارئايىمنىڭ كۆزلىرى پۈتۈنلەي يۇمۇلدى.

تېرەك قاپلىغان تاغ يولىدا غەزنەۋىلەرنىڭ قوشۇنى ئىلگىرىلىمەكتە. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى، ئىسمائىل، رۇستەم ئاتلىرىغا مىنىشكەن ھالدا بىللە مېڭىشتى. قۇيرۇقنى كۆرۈپ بولالمىغۇدەك زور ئاتلىق قوشۇن ئۇلارنىڭ كەينىدىلا كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەپەس ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى ئات ھارۋىسى بار بولۇپ، بىر قەپەستە پۇت ـ قوللىرى كىشەنلەنگەن غېرىب، يەنە بىرىدە ھېچقانداق باغلانمىغان سەنەم ۋە گۈلجامال قامالغانىدى. غېرىب ئالدىدىكى مەھبۇس ھارۋىسىدا تۇرۇپ سەنەمنى چاقىردى:

— سەنەم! ... سەنەم!...

سەنەم جاۋاب بەرمەي، يۈزىنى كەينىگە ئۆرۈۋالدى، گۈلجامال بىردەم ئاكىسىغا، بىردەم ئاچىسىغا قاراپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي سۆكۈتتە بېشىنى تۆۋەن سالدى. غېرىب سىڭلىسىنى چاقىردى:

— گۈلجامال! ... مېنىڭ ئوبدان سىڭلىم!...

گۇلجامال بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاكىسىغا قارىدى، كۆز يېشى ئۇنىڭ بۇلاقتەك يوغان كۆزلىرىدىن سىرغىپ مەڭزىگە چۈشتى.

— ئاكا ... نېمە دېمەكچى سەن؟

— بايا ...بايا ئانامنى چۈشەپ قاپتىمەن ...

— ساڭا قارىسام پەقەت ئۇخلىغاندەك قىلمىدىڭغۇ، ئاكا؟

— ئازراقلا مۈگدىدىم، ئانام خۇددى يېنىمىزدا پەيدا بولغاندەكلا كۆز ئالدىمدا كۆرۈندى، — دېدى غېرىب.

— چۈشۈڭدە نېمىنى كۆرۈپسەن؟ — سورىدى گۈلجامال.

— دېيىشتىن قورقۇۋاتىمەن. دېسەم يۈرىكىم ئېچىشىدۇ ... ئانامدىن ئەنسىرەۋاتىمەن ... — دېدى غېرىب.

— ئىلياس ئاكام بار، بىرەر ئىش چىقمايدۇ، ئاللا ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ. بەلكىم ئۇ بىزدىن ئەنسىرەۋاتقان بولسا كېرەك، مېنىڭ قاپىقىممۇ توختىماي تارتىۋاتىدۇ، — دېدى گۈلجامال.

— بەلكىم ياخشىلىقنىڭ بېشارىتىمدۇ، سىڭلىم.

— چۈشۈڭ ياخشى چۈش بولغاي ئىلاھىم، خىزىر ساڭا ھەمراھ بولغاي، ئاكا.

— يۈرىكىم توختىماي ئېغىپ تۇرۇۋاتىدۇ ... ئانامغا ... بىرەر ئىش بولدىمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، ھەي ... بىچارە ئانام! — دېدى غېرىب ئاپانچلىق ھالدا.

شۇ چاغدا غېرىبقا قارىماي كېلىۋاتقان سەنەم يۈز ـ كۆزلىرى ياش ھالدا غېرىبقا بۇرۇلدى.

— مۇناپىقمۇ ئانىغا موھتاجمۇ؟ ئانىنى تىلغا ئېلىشقا شەرتىڭ تۇشامدۇ؟ ھازىر ئۇ سېنىڭ ئاناڭ ئەمەس، ئەگەر ئۇ سېنىڭ مۇناپىق ئىكەنلىكىڭنى بىلگەن بولسا، سەندەك بالىسىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايتتى! ئۇ سېنى ئۆمۈرۋايەت ئۆچ كۆرەتتى! سەن ھازىر ئاناڭنى ئويلىماي، غەزنەۋىلەر ساڭا ئاتا قىلىدىغان شاھلىق تەختىنى ئويلىغىن! سەن تۆت ئەتراپىڭ قورشاۋغا

چۈشكەن، ئۇڭ ـ سولدا زەھەرلىك ئوقيا، قىلىچلار تەڭلەنگەن، بوينۇڭ ئىنچىكە ئارغامچا بىلەن بوغۇلغان، شاھلىق تەختىڭ ئوتتا كۆيۈۋاتقان، بىر ئىتچىلىك بولالمىغان نومۇسسىز جىنىڭنى ئويلا! — دېدى سەنەم غەزەپ بىلەن.

غېرىپ ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— تىللاۋېرىڭ! سىز قانچە بەك تىللىغانسېرى، كۆڭلىڭىز راھەتلىنىپ قالار. قانچە بەك تىللاپ، قانچە بەك ئاچچىقلانغانسېرى، كۆزۈمگە تېخىمۇ بەك چىرايلىق، تېخىمۇ جەلپكار، تېخىمۇ نۇرانە بولۇپ كۆرۈنىدىكەنسىز. مەن سىزنىڭ بۇنداق ئاچچىق بىلەن ئادەم تىللىغىنىڭىزنى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، ئادەم تىللىغان چاغدىكى قىياپىتىڭىز ۋە چىرايىڭىزنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، بۇنداق گۈزەل قىياپىتىڭىزنىڭ ئەبەدىي يوقالماسلىقىنى تىلەيمەن.

— ياق ... ياق ... سەن غېرىپ ئەمەس! غېرىبىنىڭ تېرىسىگە ئورۇنىۋالغان ئالۋاستى، قان شورىغۇچى، كىشىگە زىيان سالىدىغان جىن! ھەقىقىي غېرىپ دېگەن ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق، غەيرەت ـ شىجائەتتە تەڭدىشى يوق ئادەم. ئەمما، سەن دېگەن بىر نومۇسسىز مەخلۇق ئىكەنسەن، — دېدى سەنەم.

— تىللاڭ، قانغۇچە تىللاڭ ! سىز مېنى قانچە تىللىسىڭىز، مەن شۇنچە راھەت، شۇنچە خۇشال بولىدىكەنمەن. سىزنىڭ گەپلىرىڭىز خۇددى ئىللىق شامال يۈزلىرىمنى سىيپاپ ئۆتكەندەك ھۇزۇر بېرىدىكەن، — دېدى غېرىپ.

— ھىم، كىم سەندەك نومۇسسىز ئەبلەخكە گەپ قىلىدى! ئاغزىڭنى يۇم!

سەنەم شۇنداق دېگىنىچە بېشىنى يەنە ئارقىغا بۇراپ، ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تاشلىدى.

— ئاكا... بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ مۇشۇنداق ۋاقىتتىمۇ سەنەم ئاچامنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرەمسەن؟ — دېدى گۈلجامال تېرىكىپ.

— سەنەم ئاچاڭ ئاچچىقلانغاندا، مەن بىر غەزەل ئېيتىپ بەرسەملا ئۇ خۇش بولۇپ كېتىدۇ، مەن سىلەرگە بىر غەزەل ئېيتىپ بېرەي، — دېدى غېرىب.

— «ئېشەك ئۆلسە، قۇيرۇقى غېجەك تارتىپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلمىغىنا ئاكا؟ ئەجەب بارغانسېرى كالۋالىشىپ قىلىۋاتىسەنغۇ؟

— سەن بىلمەيسەن سىڭلىم، بىز ئەزەلدىن بېشىمىزغا كەلگەن بالايىئاپەت ۋە قايغۇ - ھەسرەتلەرنى نەغمە - ناۋالار بىلەن كۆتۈرۈۋېتىدىغان خەلق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھازىر بەكلا خۇشال، — دېدى غېرىب.

— نېمىگە شۇنچە خۇشال سەن؟ — سورىدى گۈلجامال.

— چۈنكى، قىيىنچىلىق ۋە قايغۇ - ھەسرەتتىن قۇتۇلىدىغان يولنى تاپتىم. خاتىرجەم تۇرمۇش پاتلا يېتىپ كېلىدۇ! — دېدى غېرىب.

— شەرمەندىلەرچە ئېرىشكەن خاتىرجەم تۇرمۇش ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتامسەن؟! — دېدى گۈلجامال.

— ئادەم نومۇسسىز بولغاندىلا، تۇرمۇش ئاندىن ئاسانلىشىدىكەن سىڭلىم، بۇرۇن بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ يەتمەي بىكاردىن - بىكار شۇنچىۋالا قىيىنچىلىق ۋە ئازابلارنى تارتقىنىمغا پۇشايمەن قىلىمەن.

غېرىبنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ سەنەم بېشىنى ئىتتىك ئۇنىڭغا بۇراپ دېدى:

— سەن نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەچكە، ھەقىقىي ئادەم ھېسابلىناتتىڭ، ئەمما سەن ھازىر ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئۇنتۇدۇڭ، قانداق نەرسىگە ئايلىنىپ قالدىڭكىنتاڭ؟

— مېنى ئىتقا ئايلىنىپ قاپتۇ دەڭ، سۆيۈملۈك مەلىكەم، — دېدى غېرىب.

— ئەگەر سېنى ئىتقا ئوخشاتسام ئىتقا ئۇۋال قىلغان بولىمەن، ئىت دېگەن ئىگىسىگە سادىق بولىدۇ، ھەرگىزمۇ

سەندەك ۋاپاغا جاپا قىلمايدۇ.
— جاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بەزىدە قېچىر گۆشى، ئېشەك گۆشى يېيىشمۇ دۇرۇس بولىدۇ.
— سەن ئۆلمەي تۇرۇپلا سېسىق نامىڭ يىراقلارغا تارالغان، خەقلەر تۇكۇرىدىغان لەنەتگەردى بىچارىگە ئايلىنىسەن، ئەۋلادلار سەندەك ئاسىينى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ!
— مەن سېسىپ، چىرىپ كەتكەن گۆشكە ئايلىنىپ كەتسەممۇ، سىزنىڭ پاكلىقىڭىزنى ۋە نامىڭىزنى قوغدىشىم لازىم. مەن قوغداپ بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن، سىز بىر پىچاق بىلەنلا مېنى ئۆلتۇرۇۋەتسىڭىز زىياندىشنى يوقاتقان باتۇر مەلىكە بولىسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟
— ھىم! شەرمەندە غالچا!
— قانداق؟ كۆڭلىڭىزدە نېمە ئۈي ئويلاۋاتقىنىڭىزنى بىلمۇاپتىمەنمۇ، شۇڭا ئاچچىقىڭىز كېلىۋاتىدىغۇ دەيمەن؟ سىزنىڭ قولىڭىزدا ئۆلسەم، جەننەتكە كىرگەندىنمۇ بەك راھەتلىنىمەن.
— كىم سەندەك نومۇسسىز ئەبلەخكە گەپ قىپتۇ؟ ئاغزىڭنى يۇم!
— سىز بايىمۇ مۇشۇنداق دېگەن، بوپتۇ، مەن بىر غەزەل ئېيتاي، خالىسىڭىز مەن بىلەن قوشۇلۇپ ئېيتىڭ.
غېرىب غەزەل ئېيتتى. لەشكەرلەردىن بەزىلەر مازاق قىلىپ كۈلۈشتى، بەزىلەر ھەيران قېلىپ، پات ـ پات قاراپ قويۇپ، غەزەل تىڭشىدى. سەنەم قۇلاقلىرىنى قوللىرى بىلەن چىڭ ئېتىپ، بېشىنى باشقا ياققا بۇراپ، كۆز يېشى قىلدى. گۈلجامال خىجىللىقتىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈن ـ تىن چىقارمىدى.
تاقىر تاغ ئارىسىدىكى تۆپىلىكتە ئىلياس قاتارلىقلار يېڭى قوپۇرۇلغان بىر قەبرە ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتى. ئىلياس يۇقىرى ئاۋاز بىلەن قىرائەت قىلغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن دۇئا قىلىپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئىلياسنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ

كەتكەندى. ئۇ ئۆزىلا ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا پىچىرلىدى: «نىگارئاي ئانا، مېنىڭ تىنىقىملا بولىدىكەن، بالىلىرىنى قوغداش ئۈچۈن جېنىمدىن كېچىشكە رازىمەن. غېرىب ئىلگىرى سىلىنى ماڭا تاپشۇرغانىدى، ئەمما ئاللا ئۆزى ئاتا قىلغان جاننى يەنە ئۆزى ئېلىپ كەتتى، ئاللانىڭ ئالدىدا كۈچۈم ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، ئامالسىزمەن. ئىش ئۇققىنىمدىن بېرى، سىلى غېرىبنىڭ يالغۇز قالغانلىقى ئۈچۈن ئازابلىناتتىلا. ئۆمۈر بويى غېرىب ئۈچۈن چەكمىگەن رىيازەتلىرى قالماي، ياشلىرىمۇ قۇرۇپ كەتتى. ئاخىر بىر كۈنمۇ خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك كۆرەلمەي بۇ دۇنيادىن ئايرىلدىلا. خاتىرجەم ياتقايلا، نىگارئاي ئانا!»

ئۇلار قەبرىدىن ئايرىلىپ يەنە يولغا چىقتى.

— ئاغىنىلەر، بىز قاياققا ماڭساق بولار؟ ئۇدۇل يۇلتۇز يايلىقىغا، شاھنىڭ قېشىغا بارايلىمۇ ياكى غېرىبنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى قوغلاۋاتقان دۈشمەنلەرنى كۈتۈۋالىمىزمۇ؟ — دېدى ئىلياس.

— غېرىبنىڭ ھازىرغىچە بىزگە يېتىشەلمىگىنىدىن قارىغاندا، ئۇ سەنەمنى قۇتقۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ. بىز دەررۇ غېرىبنى ئىزدەيلى. ئۇنىڭ بىلەن سەنەمنى دۈشمەننىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقايلى، — دېدى لەشكەرلەردىن بىرى.

— غېرىب بىزنىڭ يۇلتۇز يايلىقىغا بېرىپ، شاھنى قوغدىشىمىزنى تاپىلىغان، مېنىڭچە، ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلايلى، — دېدى ئېگىز لەشكەر.

— بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەسلىدىنلا مەلىكە سەنەمنى مۇھاپىزەت قىلىش، شۇڭا ئالدى بىلەن مەلىكىنى قۇتقۇزغاندىن كېيىن يۇلتۇز يايلىقىغا بارايلى، — دېدى يەنە بىر لەشكەر.

— ئىلياس، سىزنىڭچە، بىز قاياققا بارساق بولار؟ بۇنى ئەڭ ياخشىسى سىز بەلگىلەڭ! ھەممىمىز سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلايمىز، — دېدى يەنە بىر لەشكەر.

— ھازىر شاھ يۇلتۇز يايلىقىدىكى قاراقاپلان قەبىلىسىنىڭ مۇھاپىزىتىدە، ئۇنىڭغا ھېچقانداق خەتەر يوق. ئەمما، مەلىكە سەنەم دۈشمەننىڭ قولىدا، ئۇنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى خەتەرلىك. مېنىڭچە، ئاۋۋال غېرىبنىڭ ئىزىغا ئەگىشىپ، غېرىب ۋە سەنەملەرنى دۈشمەننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقايلى، ئاندىن بېرىپ شاھنى قوغدايلى. شۇندىلا شاھنىڭ ئالدىدا يۈرچىمىزنى ئادا قىلالىغان بولىمىز، شاھنىڭ ئالدىدىمۇ يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ. ھازىر قۇرۇق قول بېرىپ شاھ بىلەن كۆرۈشكەننىڭ پايدىسى يوق، — دېدى ئىلياس.

— گېپىڭىز ئورۇنلۇق، شۇنداق قىلايلى، — دېدى بىر لەشكەر.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى! — دېيىشتى كۆپچىلىك.

ئىلياس باشچىلىقىدىكى سەككىز يىگىت ئاتلىرىغا سەكرەپ مىنىشتى ـ دە، چېپىپ كېتىشتى. ئاتلىق يىگىتلەر تېزلا چاڭ ـ توزان ئىچىدە غايىب بولدى.

بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىدا مەھمۇد غەزنەۋى باشچىلىقىدىكى غەزنەۋىلەر قوشۇنى ناھايىتى ئۇزۇن سەپ شەكىللەندۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. غېرىب، سەنەم ۋە گۈلجاماللار قامالغان قەپەس ھارۋىسى قۇمغا پېتىپ قالدى، لەشكەرلەر كەينىدىن ئىتتىرىشىپ مېڭىشتى، ئاتلار قۇملۇقتا تەستە يۈرۈش قىلىشتى. شۇ ئەسنادا، بىر لەشكەر ئېتىنى چاپتۇرۇپ سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەلۇم قىلدى:

— ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، قەپەس ھارۋىسى قۇمغا پېتىپ قېلىپ ئىلگىرىلىيەلمەيۋاتىدۇ.

سۇلتان يېنىدا بىللە مېڭىۋاتقان ۋەزىر ئىسمائىل ۋە رۇستەمگە قارىدى. رۇستەم قېيىدىغاندەك باشقا ياققا قاراپ نارازىلىق بىلەن دېدى:

— مېنىڭچە، بىز ئادەمنى ئېزىقتۇرىدىغان خەتەرلىك يولدا كېتىپ بارىمىز، غېرىب بىزنى ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ.

— قەپەسنى تاشلىۋېتىپ، مەھبۇسلارنى ئاتنىڭ دۈمبىسىگە باغلاپ ئېلىپ مېڭىڭلار. ئالىمادىس بىرەر ئىش بولماسلىقى ئۈچۈن، ئاتنىڭ كۆزىنى ئېتىۋېتىپ، بىزنىڭ لەشكەرلەرگە ئاتنى يېتىلىتىڭلار، ئالدى ـ كەينىگە قاراۋۇل ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياخشى مۇھاپىزەت قىلىڭلار! — دېدى ئىسمائىل.

— شۇنداق بولسۇن! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— قوللۇق! — دېدى لەشكەر.

— تەكلىماكان قۇملۇقى بىر بىپايان، كۆز يەتكۈسىز ئوكيانىڭ ئۆزى، ئەجەبا غېرىب ئاباسنى مۇشۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويغاندىمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇ بىزنى ئازدۇرۋاتىدۇ، — دېدى رۇستەم.

— بىزنى ئازدۇرۇپ ئۇ نېمىگىمۇ ئېرىشەلەيتتى؟ پەقەت ئۆلۈم، خالاس! سەنەم بىلەن توي قىلىش، شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈنلا، ئۇ مۇشۇنداق كۈچەيدۇ. ئۇنىڭ سەنەم بىلەن بولغان گەپلىرىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتىكى، ئۇ بۇ سودىدىن ناھايىتى رازى. ئۇ مەلىكىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ بەرمىگەن، ئۇنى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە قويغان شاھقا چىش ـ تىرنىغىچە ئۆچ. بۇمۇ دەل ئۇنىڭ مەلىكىنى ئەمرىگە ئېلىپ، شاھلىق تەختىگە چىقىپ، ئاباسنىڭ ئۆچىنى ئېلىۋالىدىغان كاتتا پۇرسىتىدۇر، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— گەپلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق، دانا پىكىر بولدى، ئىش شەك ـ شۈبھىسىز مۇشۇنداق، — دېدى ئىسمائىل.

— كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى تۇيۇپ تۇرىدۇ، — دېدى رۇستەم يەنىلا نارازى بولۇپ، — نېمىلا بولمىسۇن بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. مېنىڭچە، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە ماڭمايلى، قايتىپ كەتسەكمۇ ئۈلگۈرەلەيمىز.

— ياق، قايتمىشقا بولمايدۇ، رۇستەمى داستان يىگىت، سەن مېنىڭ ئىشەنچلىك ۋە ساداقەتمەن سەركەردەم، سەن بۇ ئىشتا مېنىڭ بىلەن تىوختىماي تالىشىۋاتىسەن، مەنمۇ ھازىرغىچە يۈزۈڭنى قىلىپ ئارتۇق گەپ قىلمايۋاتىمەن، ئەمدى يەنە مۇشۇ

ئىش ئۈچۈن مېنى نارازى قىلساڭ، يۈز ـ خاتىر قىلمايمەن جۇمۇ، ــ دېدى سۇلتان مەھمۇد ئاچچىقلاپ.
ــ قۇللۇق، ئالىيلىرى! سۇلتانىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشكە ھەددىمىۇ! ــ دېدى رۇستەم.
سەمەرقەند سېپىلى ئاستىدا قاراخانىيلارنىڭ سانسىزلىغان ئاتلىق چەۋەندازلىرى، پىيادە لەشكەرلىرى ۋە ئاۋام پۇقرالار ناغرا ـ سۇناي ئاۋازلىرى ئارىسىدا توختىماي چۇقان ـ سۈرەن توۋلاپ، ھەيۋە كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئېگىز تىكلەپ قويۇلغان خادىدا مۇزەپپەر شىرازىنىڭ كاللىسى ئېسىلغانىدى.
ــ زەيىندىن بومىيانى، ئەبلەخ! يۈرىكىڭ بولسا قېنى شەھەر ئىچىدىن چىقمامسەن! ئەگەر بىز بىلەن ئۇرۇشقۇڭ بولمىسا، قارا ئارغامچا بىلەن بويىنۇڭنى باغلاپ ئېشەككە تەتۈر مىنىپ چىقىپ، بىزدىن بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلە! بىز سېنى ئېشەككە مىندۈرۈپ، غەزنەۋىگە قايتۇرۇۋېتىمىز! ــ دېيىشتى لەشكەرلەر.
سېپىل ئۈستىدىكى زەيىندىن بومىيانى سەل ئالاقزادە بولغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ پەسكە قاراپ قويدى ـ دە، قولى بىلەن يۈزلىرى ۋە بۇرنىنىڭ ئۈچىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتكەچ سۆزلىدى:
ــ ئەزان ئاۋازى چىقىشى بىلەنلا، ئۇلار تېخى ئويغانمىغان يۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلار بىلەن ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىڭلار! بارلىق ئامالىلارنى قىلىپ، سۇلتان مەھمۇد ئالىيلىرىغا ئادەم ئەۋەتىپ، بىزنى تېزدىن سەمەرقەند شەھىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشقا ياردەمچى قوشۇن ئەكېلىڭلار!
ــ خوپ، جانابلىرى!
تەكلىماكان قۇملۇقىدا ئۆتتەك قۇياش غەزنەۋى لەشكەرلىرى ۋە ئاتلىرىنى بولۇشىغا چېقىپ، ئۇلارنىڭ قەدەملىرىنى قىينىلاشتۇرۇپ، كۆچ ـ مادارىنى خورىتىۋەتكەنىدى. ھەربىر ئادەم قاتتىق ھارغان، ئېغىزلىرى قۇرۇپ، قۇياشنىڭ چوغدەك قىزدۇرۇشىدا تەرلەر تاراملاپ ئاقماقتا. لەشكەرلەر قۇرۇق

ئىسسىققا چىدىماي كىيىملىرىنى سېلىشىپ يېرىم يالىڭاچ بولۇشقانىدى. تۈرلۈك - تۈرلۈك بۆرۈنلىرىدىن قان ئاققان ئاتلار تۆيۇقسىز ئورنىدا يىقىلىپ قوپالماي قالاتتى. بەزى لەشكەرلەر قۇمدا قوپماي يېتىۋېلىشقان بولۇپ، تۇلۇمدىكى سۇ بارغانسېرى ئازلىماقتا ئىدى. لەشكەرلەر ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۇنى تالىشىپ ئىچەتتى، باشلىرىغا سۇ قۇيۇشاتتى.

— سۇلتان ئالىيلىرى، بىر ھەپتە يۈرۈش قىلىشقا تەييارلىغان سۇ تۈگەي دەپ قالدى، ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا، لەشكەرلەر چىدىيالماي سۇنى ئىچىپ تۈگەتكىلى تۇردى، — دېدى تۇرشاۋۇل بەگ.

— غېرىب دېگەن ئەبلەخنى يالاپ ئەكېلىڭلار!

سۇلتان مەھمۇدنىڭ بۇيرۇقى بىلەن لەشكەرلەر چەمبەرچاس باغلانغان غېرىب ئارتىلغان ئاتنى يېتىلەپ سۇلتاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

— ھەي، تېجىمەل ئەبلەخ! نىشانغا يېقىنلاشتۇقمۇ؟ — سورىدى سۇلتان مەھمۇد.

— يەنە بىر كۈنلۈك يولغا چىدىساقلا، بىز ئابباس شاھ يوشۇرۇنغان كەندىرقان دېگەن قەدىمىي شەھەر خارابىلىكىگە يېتىپ بارىمىز، ئۇ ئەنە شۇ خارابىلىككە يوشۇرۇنغان، ئالىيلىرى، — دېدى غېرىب.

— ئەگەر بىزنى ئالدايدىغان بولساڭ، سېنى مۇشۇ چۆلدە ئاتقا سۆرىتىمەن! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— مېنىڭ بۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلگۈم يوق، مەن پەقەت سىلىنىڭ سايىلىرى ئاستىدا ئارزۇيۇمنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزگۈچى شاھ بولماقچىمەن، ئالىيلىرى، — دېدى غېرىب.

— ھازىر لەشكەرلەر ئىچىدىغان سۇ تۈگەي دېدى، — دېدى ۋەزىر ئىسمائىل دادلاپ.

— يەنە يېرىم كۈن تەخىر قىلساقلا، — دېدى غېرىب، —

بىز قۇرۇق بۇلاق دەيدىغان يەرگە يېتىپ بارىمىز. ئۇ يەرگە بارغاندا قۇم توپىنى سەل قازساقلا سۇ چىقىدۇ، ئۇ يەردە سۇ دېگەن قانچىلىك ئىچسەڭ شۇنچىلىك بار.

— ھېلىمۇ خېلى كۆپ ئادەمگە ئىسسىق ئۆتۈپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلدى، يەنە بەزىلەر ئاغرىپ قالدى، جەڭ ئاتلىرىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئىشتىھاسى تۇتۇلسىمۇ، ئۇلارغا زورلاپ يېگۈزۈش كېرەك، ئالىيلىرى! — دېدى غېرىب.

ئىلياسلار غەزنەۋىلەر بارگاھ قۇرغان ئوردابالىق ئەتراپىدىكى يېشىل تۆپىلىككە كەلدى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ۋەيران قىلىۋېتىلگەنىدى. ئىلياسلار ئاياغ ئىزلىرىغا سىنچىلاپ قارىدى.

تېرەكلىك بىلەن قاپلانغان يولدا ئىلياس قاتارلىقلار غەزنەۋىلەرنىڭ ئاياغ ئىزى ۋە ئات تېزەكلىرىگە ئەگىشىپ توختىماي ئىلگىرىلىمەكتە.

تەكلىماكان چۆللۈكىدە غەزنەۋىلەرنىڭ قوشۇنى پىژغىرىم ئىسسىقنىڭ دەستىدە سەپلىرى قالايمىقانلىشىپ، لەشكەر ۋە ئاتلار ئۇ يەردە بىر، بۇ يەردە بىر بولۇپ چېچىلىشقان، بەزىلەر يەرگە يىقىلىشقان، بەزىلەر ھەتتا ئۆمىلەپ مېڭىۋاتقان، ھەممە قاتتىق ھارغان، ھالىدىن كەتكەنىدى. سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر، سەركەردىلىرى ئاغزىلىرى قۇرۇپ يېرىلغان ھالدا ئاستا - ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە.

— ھەي، غېرىبنى يالاپ ئېلىپ كەل! — دەپ بۇيرۇق قىلدى سۇلتان مەھمۇد.

— قۇللۇق! — دېدى لەشكەر.

قەدەملىرىنى ئېغىر يۆتكەپ كېتىۋاتقان ئاتلار «گۇپ - گۇپ» قىلىپ بىر - بىرلەپ يىقىلىپ قوپالماي قالدى، غېرىبنىڭ ئېتى يىقىلىشى بىلەن غېرىبمۇ تەڭ يىقىلدى، لەشكەرلەر ئۇنى يۆلىدى.

— سەن ئېيتقان ھېلىقى كولىسىلا سۇ چىقىدىغان

ئاللىقانداق بىرنېمە بولاقتا يېتىپ كەلدۇقمۇ؟ — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

غېرىب ئەتراپقا بىر سەپسېلىۋەتكەندىن كېيىن:

— مۇشۇ يەردەك قىلىدۇ، — دېدى.

— سەن بېرىپ سۇ ئىزدە! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— خوپ، ئالىيلىرى! بىراق مەن قانداق كولىيالايمەن؟ — دېدى غېرىب باغلاقنى كۆرسىتىپ.

— ئۇنى بوشىتىڭلار!

— ئۇ سۇنىڭ ئورنىنى كۆرسەتسۇن، بىز نىڭ ئادەملىرىمىز كولىسۇن، — دېدى رۇستەم.

— مۇشۇ يەرنى كولايلى!

غېرىب شۇنداق دەپلا تۇرغان يېرىدە يىقىلىپ قالدى. لەشكەرلەر جانسىز قوللىرى بىلەن قۇم توپىنى كولاشتى، ئەمما ھەرقانچە كولىسىمۇ سۇ چىقماي، ئەكسىچە قۇم جايىغا سىرغىپ چۈشۈپ كەتتى.

— غېرىبنى بوشىتىۋېتىڭلار! ئۇ ئۆزى كولىسۇن! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

— ئۇنىڭدىن پەخەس بولۇش كېرەك، بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ!

شۇنداق دەۋاتقاندا، رۇستەمنىڭ ئېتى تۇيۇقسىز يىقىلدى - دە، ئۇنىڭ بىر پۇتىنى بېسىۋالدى، ئات بىردەم جان تالىشىپ بېقىپ جان ئۈزدى. لەشكەرلەر تەسلىكتە ئۇنىڭ پۇتىنى ئاتنىڭ قورسىقى ئاستىدىن تارتىپ چىقاردى. غېرىب باغلاقتىن يېشىۋېتىلدى، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىنى لەشكەرلەر ئوراپ تۇردى، ئۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بىر جۈپ قولى بىلەن قۇملارنى كولاشقا باشلىدى. سۇنىڭ چىقىشىغا تەقەززا بولغان لەشكەرلەر قورۇپ يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىشىپ قۇم ئازگىلىغا تىكىلىپ تۇردى. غېرىب كولىغاچ دېدى:

— مەن بىر ئادەم كولاپ چىقارغان سۇ ھەممەيلەننىڭ

ئىچمىشىگە يەتمەيدۇ، ھەربىر ئادەم ئۆزى تۇرغان يېرىنى كولىسۇن!

سۇلتان مەھمۇد بىلەن ئىسمائىل بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— ھەي ... زادى سۇ بارمۇ، يوق؟ — دېدى ئىسمائىل.

— سۇ بار، مانا ئاز قالدى، قۇمنىڭ ئارىسىدا ھۆل قۇم كۆرۈنۈۋاتىدۇ، سەل تەخىر قىلساقلا، ھۆل قۇم بار يەردىن سۇ چىقىدۇ، — دېدى غېرىب.

يەنە بىر توپ لەشكەر ۋە ئاتلار پىژغىرىم ئىسسىقتا ئىسسىق ئۆتۈپ، چاڭقاپ كەتكەنلىكتىن يىقىلدى.

— ھەممىڭلار جايىڭلاردا كولاڭلار! — دېدى سۇلتان مەھمۇد.

بىر توپ لەشكەر دەررۇ جايىدا يۈكۈنۈشۈپ قۇملارنى كولاشقا باشلىدى. سۇلتان مەھمۇد ۋە ۋەزىر ئىسمائىللارنىڭ بېشىدا سايىۋەنى بولغىنى بىلەن، ئۇلارمۇ قۇياشنىڭ چوغدەك تەپتىدە چاڭقاپ، بىردەم ـ بىردەم تۈلۈمدىكى سۇنى ئىچىشمەكتە. ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن رۇستەم لەشكەرنىڭ يۈلۈۋېلىشى بىلەن سۇلتاننىڭ يېنىغا كېلىپ سايىۋەن ئاستىدا يېتىۋالدى. قۇمنى كولاۋاتقان لەشكەرلەر قالايمىقان ئۆرۈلۈشۈپ، قۇمدا يېتىپ قوپالمىدى. سەنەم بىلەن گۈلجامال ئىككىيلەن ئات ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە دۈمبىسىنى قىلىپ باغلاپ قويۇلغانىدى، ئۇلارمۇ ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي غېرىبقا قاراپ تەلمۈرۈشتى، گۈلجامال ئاغزىنى سەنەمنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ بىر ـ نېمىلەرنى پىچىرلىدى.

— سەنەم ئاچا ... ئاكام ئەسلىدە ...

سەنەم پەس ئاۋازدا دېدى:

— بولدى ئېيتماڭ ... مەن چۈشەندىم ... ئۇ خۇددى ئەۋلىيادەك دۈشمەننى قانداق ھالاك قىلىشنى بىلىدىكەن ...

بۇ چاغدا سەنەمنىڭ ئېتىمۇ يىقىلدى، ئۇلارمۇ تەڭلا يەرگە يىقىلىپ چۈشتى.

— ئۆلسەممۇ رازىمەن، ئۇنىڭغا مېنىڭ مەرتەم رازىمەن ...

غېرىبنى خاتا چۈشىنىپ قاپتىكەنمەن ... ئۇ ئەسلىدە ئۇلۇغ ئادەم ئىكەن ... خىزىر ئىكەن ... — دېدى سەنەم.

— قاراڭا ئاچا! ئاكام راستتىنلا بىر خاسىيەتلىك ئادەم، خىزىر ئىكەن، دۈشمەنلەر بىر - بىرلەپ يىقىلىۋاتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپمۇ باقمىدى ... ھە، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق ... ئاكامغا بەكلا قايىل بولدۇم، — دېدى گۈلجامال.

سەنەم بىلەن گۈلجامال غېرىبقا تەلمۈرۈپ قاراشتى.

بىر چاغدا غېرىب كولىغان چوڭقۇر ئورەكتە سۈپسۈزۈك سۇ پەيدا بولدى. چاڭقاپ بولالماي قالغان غەزنەۋىلەر ھېچنېمىگە قارىماي غېرىبقا قاراپ ئېتىلىپ كېلىشتى - دە، ئۇنىڭغا ياغاچ قاچا ۋە تۇلۇملارنى تەڭلەشتى. غېرىب ئىككى بىلەك چوڭقۇرلۇقتىكى ئورەكتىن ئاسنا - ئاستا سۇ ئۇستى، سۇ ئاز بولغاچقا بىر چىنە سۇ چىقىشى ئۈچۈن بىردەم تەخىر قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

— ئالدىرىماڭلار، قىستاشماڭلار، سۇ ئاستا - ئاستا يىغىلىدۇ، تالاشماڭلار!

بۇ چاغدا، رۇستەم ئىككى قاراۋۇلنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن قۇرۇق تۇلۇمنى غېرىبنىڭ بېشىغا ئاتتى.

— بۇ ئالەمنى كېزىپ ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدىغان سېھىرگەر، چوڭ ئالدامچى، بىزنى ھالاكەت دېڭىزىغا ئالداپ ئېلىپ كەپسەن، جېنىمىزنى ئالىدىغان ئوخشايسەن! — دېدى رۇستەم.

— سەن باشتىن - ئاخىر ماڭا ئىشەنمىدىڭ، يەنە يېرىم كۈن يول ماڭساقلا، كەندىرقان قەدىمىي شەھىرىگە يېتىپ بارىمىز، مەن ئاباس شاھنى شۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويغانمەن، ئىشەنمىسەڭ ۋاقتى كەلگەندە كۆرەيلى، — دېدى غېرىب.

— سەن ... سەن ... يەنە كونا گەپنى قىلىۋاتىسەن، بىزنى ئالداۋاتىسەن! بوپتۇ، ئاۋۋال بۇ تۇلۇمغا سۇ تولدۇر، سۇلتان ئالىيلىرى ئىچىدۇ، — دېدى رۇستەم.

غېرىب ياغاچ قاچا بىلەن تۇلۇمغا سۇ قاچىلىغاندىن كېيىن، تۇلۇمنى ئېلىپ بەردى. ھۆرۈنلۈق قىلىپ پۇت - قوللىرىنى قۇمغا كەڭتاشا سۇنۇپ ياتقان سۇلتان مەھمۇد ۋە ئىسمائىل سۇنى ئىچىشكەندىن كېيىن جانلىنىپ قېلىشتى. رۇستەممۇ قاچىسىدا سۇ ئىچتى، لەشكەرلەر ئۈچ - تۆتى بىر توپ بولۇشۇپ ئازگالدىن سۇ ئۇسۇشۇپ ئىچىشتى ۋە بەدەنلىرىگە ئازراق جان كىرگەندەك بولۇشتى.

غېرىب ئازگالدا تۇرۇپ دېدى:

— مەن سىلەر شۇنچىۋالا ئادەمگە سۇ قېزىپ بېرىپ ھالىمدىن كەتتىم، ھازىر زادى بەرداشلىق بېرەلمىدىم، بىر ئادەم كېلىپ ئاستىمدىن سۇ ئالسۇن، مەن ئازراق ئارام ئېلىۋالاي.

— سەن قېچىپ كەتمەكچى! — دېدى لەشكەر.

— مېنىڭ پەقەتلا ماغدۇرەك ھالىم قالمىدى، يەنە كېلىپ مەن نەگىمۇ قاچالايمەن؟ ئەگەر مەن ئۆلسەم، كەندىرقان قەدىمى شەھىرىگە بېرىش تۇگۇل، قۇملۇقتىنمۇ چىقىپ كېتەلمەيسىلەر.

غېرىب شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا سۇ ئاستىغا يىقىلدى، ئىككى لەشكەر غېرىبنى تارتىپ ئاچىقتى - دە، قۇمغا ياتقۇزدى. بۇ چاغدا، سۇ ئىچكەن لەشكەردىن بىرى «ۋاي قورسىقىم» دەپ تولۇلدى، بەزىلەر قورساقلىرىنى تۇتۇپ قۇمدا دوملاشتى، بەزىلەر قۇسۇشقا، بەزىلەرنىڭ ئىچى سۈرۈشكە باشلىدى. يىغلىغان، ئاللا - تۇۋا كۆتۈرگەن ئاۋاز قۇملۇقنى بىر ئالدى. سۇلتان مەھمۇد، ئىسمائىل، رۇستەم قاتارلىقلارمۇ قورساقلىرىنى تۇتۇپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە قۇمدا دوملىدى، ئارقىدىنلا قۇسۇپ، ئىچى سۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ساراسىمىگە چۈشتى، ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماي قالدى.

— بىز تۇزاققا چۈشۈپتۇق... ۋايىەي ... بۇ ئىبلىس ... بىزنى ئالداپتۇ ... ۋايجان ... مېنىڭ قورسىقىم ... — دەپ نالە قىلدى سۇلتان مەھمۇد.

بۇ چاغدا، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى، لەشكەرلەر قورساقلىرىنى تۇتۇشۇپ قۇمدا بولۇشىغا دومىلاشتى، بىرەيلەنمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى. غېرىب ئاستا ـ ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ۋارقىراپ ـ جارقىرىشىۋاتقان، ئارقا ـ ئارقىدىن قۇمغا يىقىلىۋاتقان غەزنەۋىلەرگە قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى. ئاندىن يېنىدا يىقىلىپ ياتقان لەشكەرنىڭ قولىدىن تۇلۇمنى ئالدى ـ دە، كىيىمىنىڭ يېڭىنى يىرتىپ، تالقاندەك نەرسىنى تۇلۇمغا قويۇپ، كۈچەپ قوچۇۋەتكەندىن كېيىن سۇنى تويغۇچە ئىچىۋالدى. غېرىب ئۆلۈپ قالغان لەشكەرنىڭ ئۇزۇن قىلىچىنى ئېلىپ، ئاللىبۇرۇن ھوشىدىن كەتكەن سەنەم ۋە گۈلجامالنىڭ قېشىغا ئۆمىلەپ باردى، ئاندىن نۆۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتتى. بۇ چاغدا سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىدىن تارتىپ سۇ ئىچكەن بارلىق غەزنەۋى لەشكەرلىرى جاڭگالدىكى تۇخۇم تاشلاردەك يەردە سۇنايلىنىپ يېتىپ كەتكەن بولۇپ، قۇملۇق غەزنەۋىلەرنىڭ ئۆلۈكى ۋە ئاتلارنىڭ جەسىتىگە تولغانىدى. سەنەم ۋە گۈلجامال قاقشال دەرەخ باھار بىلەن ئۇچراشقىنىدەك، سۇ ئاغزىغا كىرگەندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا كۆزلىرىنى ئېچىشتى.

گۇگۇم پەيتى، تەكلىماكان چۆللۈكىدە غېرىب بىر قولىدا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن سەنەمنى، يەنە بىر قولىدا سىڭلىسى گۈلجامالنى قولتۇقلاپ تەستە مېڭىۋاتاتتى، يىراقتا ئوتنىڭ يورۇقى كۆرۈندى، ئىلياس قاتارلىقلار ئات چاپتۇرۇپ كېلىمەكتە ئىدى. غېرىب ئۇلارنى بىر كۆرۈپلا تونۇۋالدى. غېرىب بار كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى:

ــــ ئىلياس! ئىلياس!

غېرىب، سەنەم ۋە گۈلجامال ھەممىسى تەڭلا يەرگە يىقىلدى، ئىلياس ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۇلارغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى ...

ياپيېشىل يۇلتۇز يايلىقى. شاھى ئاباس نۆۋەت بىلەن غېرىب ۋە سەنەمنىڭ پېشانىلىرىگە سۆيدى، مەلىكىسىنى چىڭ

قوچاقلىۋالغان خانىشىنىڭ خۇشاللىقىدىن كۆز يېشى توختىماي تاراملاپ ئاقتى.

— بۈگۈن يۇلتۇز يايلىقىدا ناھايىتى كاتتا قوش مەرىكە ئۆتكۈزىمەن، بىرى، باللىرىمنىڭ توينى قىلىپ بېرىمەن، يەنە بىرى، ئەلنىڭ ھۆرلۈك مۇراسىمى ئۆتكۈزىمەن، — دېدى ئاباس شاھ.

شۇئان ئۈزۈن سۇنايلار ئاسمانغا قارىتىلىپ تەڭلا چېلىندى، ناغرىلار ئاسمان - زېمىننى زىلزىلىگە سالدى، بۇ يەر ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان، تەنتەنىلەر ياڭرىغان، ياش ئەر - ئاياللار ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى. بۇ چاغدا، بىر زور قوشۇن يىراقتىن تەنتەنە قىلىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ كېلىۋاتاتتى، ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان شەيخ جالالىدىن، سادىق بىلال، سەپەرباي قاتارلىقلار شاھى ئاباسقا ئون قەدەمچە قالغاندا ئاتتىن چۈشۈپ، بىر - بىرلەپ تەزىم بەجا كەلتۈردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! ھۆرمەتلىك شاھىمىز ئاباس ئالىيلىرى! بىز غەزنەۋىلەر ئىشغال قىلغان بارلىق شەھەر - بازارلارنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن سىلىگە سالامغا كەلدۇق، سالىمىمىزنى قوبۇل ئەتكەيلا! — دېدى شەيخ جالالىدىن.

شاھى ئاباس ھەم خۇشاللىق، ھەم ھەسرەت ئىچىدە شەيخ جالالىدىنغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ بىلەن چىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ دېدى:

— مېنىڭ قايمۇقۇش ئىچىدە ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىمنى ئەپۇ قىلسىلا، شەيخ جالالىدىن ھەزرەتلىرى.

— پەقەت ئاللالا ئازمايدۇ، شاھ ئالىيلىرى، — دېدى شەيخ جالالىدىن.

— شۇنى جاكارلايمەنكى، ھازىردىن باشلاپ مەن قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ شاھلىق ئورنىنى غېرىبقا تاپشۇرۇپ بېرىمەن! غېرىب بىزنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك پادىشاھىمىز بولىدۇ. مەن خاتىرجەم ھالدا باللىرىمنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن

تىلاۋەت قىلىمەن!

كۆپچىلىك شۇئان ھاياجاندىن تـوۋلاپ چۇقان سېلىشىپ كەتتى. ھەممەيلەن بىردەك غېرىب بىلەن سەنەمگە تەزىم قىلىشىپ تەبرىكلەشتى. خۇشال تەنتەنە ئىچىدە، غېرىب ئاتلىنىشقا تەييارلىنىپ سەپراس تۇرغان قوشۇنغا قاراپ قولىنى شىلتىدى:

— بارلىق ئەزىمەتلەر غەزنەۋىلەرنىڭ كونا ئۇۋىسىغا قاراپ ئاتلانسۇن! ئۇلارنىڭ ئاستانىسىنى بۇزۇپ تاشلايلى!

2008 ـ يىلى 4 ـ ئاي، ئۈرۈمچى.

# غېرىب - سەنەم (رومان)


ئاپتورى: ئەختەم ئۆمەر

مەسئۇل مۇھەررىرى: بارىجان زەپەر

مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۇل ئابلىمىت، ئارزۇگۇل كېرەم

مۇقاۋا رەسىمنى سىزغۇچى: غازى ئەھمەد

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر

تېلېفون: 0991 - 2827472

پوچتا نومۇرى: 830001

ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 36.625

نەشرى: 2009 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى

باسمىسى: 2013 - يىلى 11 - ئاي 2 - بېسىلىشى

تىراژى: 5001 — 8000

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 11824 - 3

باھاسى: (ئىككى قىسىم) 90.00 يۈەن

## ئەختەم ئۆمەر ئەسەرلىرى

غېرىب ـ سەنەم (1)

غېرىب ـ سەنەم (2)

باياۋاننىڭ سىرى

چۈمبەللىك ساھىبجامال

دېلىغۇللۇقتىكى سۆيگۈ

ئاھ، رەھىمسىز دەريا

قۇملۇق تىترەۋاتىدۇ

يىگانە ئارال

ISBN 978-7-228-11824-3

9 787228 118243 >

总定价：（上，下）90.00元